ماقالە، نەسىر يېزىقچىلىقى ۋە ئۆرنەكلەر(2)

مەھمۇت سىدىق

# نەسىر يېزىقچىلىقى ۋە ئۆرنەكلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەھمۇت سدىق

ماقالە ـ نەسر يېزىقچىلىقى ۋە ئۈرنەكلەر ( 2 )

# نەسر يېزىقچىلىقى ۋە ئۈرنەكلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

散文写作知识与实例:维吾尔文/马合木提编著。—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.10
ISBN7—228—06025—3
1.散... Ⅱ.马... Ⅲ.散文—创作方法—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.1056
中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第69861号

散文写作知识与实例(2) (维吾尔文)
马合木提 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
新疆铁四中印刷厂印刷
850×1168毫米 1/32开本 14.5 印张2 插页
2000年9月第1版 2000年9月第1次印刷
印数:1—3,700

ISBN7—228—06025—3/I·2205
总定价:30.00元 单价:15.00元

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

ماقالە ، نەسر يېزىقچىلىقى ۋە ئۆرنەكلەر ( 2 )

# نەسر يېزىقچىلىقى ۋە ئۆرنەكلەر

## مەھمۇت سىدىق

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ تۆمۈريول 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168×850 مىللىمېتىر 32 / 1
باسما تاۋىقى : 14.5 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2000 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 3,700 — 1
ISBN7—228—06025—3/I • 2205
ئومۇمىي باھاسى : 30.00 يۈەن
يەككە باھاسى : 15.00 يۈەن

# مۇندەرىجە

**بىرىنچى باب** نەسىر يېزىقچىلىقى ھەققىدە ........................ 1
1 . نەسىرنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە تۈرلىرى ...................... 1
2 . لىرىك نەسىر ھەققىدە.................................... 4
ئۆرنەكلەر ................................................ 10
3 .ئېپىك ( بايانىي ) نەسىر ھەققىدە ........................ 80
ئۆرنەكلەر................................................ 83
4 . مۇھاكىمىلىك نەسىر ھەققىدە ........................... 165
ئۆرنەكلەر................................................ 169
5 . نەسىر يېزىقچىلىقى قائىدىلىرىگە زۆرۈر ئىزاھات ........... 228
ئۆرنەكلەر ................................................ 230

**ئىككىنچى باب** يېزىقچىلىق ماھارىتىنىڭ يېتىلىشىگە ئاساس سالىدىغان
بىر قىسىم مەشىق ئۇسۇللىرى ............................. 239
1 . دىئالوگ بەلگىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تىنىش بەلگىلىرىنى
ئىشلىتىشنى ئۆگىتىش ، ئۆگىنىش مەشىقى ...................... 241
ئۆرنەك ۋە مەشىقلەر.................................... 257
2 . ئابزاسلارغا ئايرىشنى ئۆگىتىش ،ئۆگىنىش مەشىقى .......... 259
ئۆرنەك ۋە مەشىقلەر.................................... 274
3 . بايان ماقالىسى يېزىش مەشىقى ............................ 282
ئۆرنەكلەر ............................................. 292
ئۆرنەك ۋە مەشىقلەر ...................................... 307
4 . چۈشەندۈرۈش ماقالىسى يېزىش مەشىقى ...................... 315
ئۆرنەك ۋە مەشىقلەر ...................................... 333

5 . مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىش مەشقى ........................ 356
ئۆرنەك ۋە مەشقلەر ................................................ 369
6 . نەسر يېزىش مەشقى .......................................... 383
ئۆرنەك ۋە مەشقلەر.................................................... 402
7 . ھەر قايسى ژانىرلارغا باب كېلىدىغان يەنە بىر قىسىم
مەشقلەر ............................................................ 407

ئۆرنەك ۋە مەشقلەر ( 1 ) 409
ئۆرنەك ۋە مەشقلەر ( 2 ) 416
ئۆرنەك ۋەمەشقلەر ( 3 ) 431

قوشۇمچە :
ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئىمتىھان سوئاللىرىدىكى ماقالە ـ
نەسر يېزىش تېمىلىرى ۋە تەلەپلەر ............................ 444

# بىرىنچى باب

# نەسر يېزىقچىلىقى ھەققىدە

## 1 . نەسرنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە تۈرلىرى

مەزكۇر كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ بىرىنچى بابى، 3 ـ بۆلىكىدە ماقالىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىنى، نەسرىي ئەسەر ئۇقۇمىنىڭ ھەجىم دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈرىيىتى تۇپەيلىدىن، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىمىزدىكى بارلىق ئەسەرلەرنى ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە بەدىئىي ئەسەرلەر دېگەن ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىغان ھەم بۇ ئەسەرلەرنى ژانىر جەھەتتىن شېئىرىي ئەسەرلەر ( پوئېزىيە )، ئېپىك ئەسەرلەر ( پروزا )، سەھنە ئەسەرلىرى، كىنو سىنارىيىسى، تېلېۋىزىيە سىنارىيىسى، نەسرىي ئەسەرلەردىن ئىبارەت ئالتە ژانىرغا بۆلگەنىدۇق. بۇ ئالتە ژانىر ئىچىدىكى ئالدىنقى بەشى يازما ئەدەبىياتتىكى بەدىئىي ئەسەرلەر ژانىرىدۇر. « نەسرىي ئەسەرلەر » ژانىرى بولسا ھەم ئەدەبىي ئەسەرلەر، ھەم بەدىئىي ئەسەرلەر ژانىرى بولۇپ، ئۇ — بۈگۈنكى يازما ئەدەبىياتىمىزدىكى بايان، چۈشەندۈرۈش، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەرلەر، خەت ـ چەكلەر قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، ھەمدە بەدىئىي ئەسەرلەردىن نەسرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي ئەسەرلەرگە تەۋە بۇ « نەسر » دېگەن ئۇقۇمنىڭ دائىرىسى — بەدىئىي تۇقۇلما قىلىنغان، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئەركىن، ئوبرازلىق ھەم لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان، بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ باشقا ژانىرلىرى يەنى شېئىرىيەت، ئېپىك

ئەسەرلەر ، سەھنە ئەسەرلىرى ، كىنو ۋە تېلېۋىزىيە سىنارىيىلىرى تەۋە-لىكىگە كىرگۈزۈشكە بولمايدىغان بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

نەسىرنىڭ باشقا ژانىردىكى بەدىئىي ئەسەرلەر ۋە ئەدەبىي ئەسە-لەردىن پەرقلىنىدىغان مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە :

1 ) نەسىردە مۇكەممەل ۋەقەلىك بىلەن گەۋدىلىك پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلماسلىق لازىم ، نەسىر كۆپ ھاللاردا مە-لۇم تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ مەلۇم ئۆزۈندىلىرىنىڭ تەسۋىرى ئارقىلىق ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرىش ئالاھىدى-لىكىگە ئىگە .

2 ) ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئەركىن بولۇپ ، بىر پارچە نەسىردە بايان ، تەسۋىر ، لىرىكا ، مۇھاكىمە ھەم چۈشەندۈرۈشتىن ئىبا-رەت ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ خالىغانلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ قوللىنىش ئارقىلىق « ئوبرازلىق بولۇش ، لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇش » نى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ .

3 ) نەسىر — باشقا ھەرقانداق ژانىردىكى بەدىئىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا ھەجىم جەھەتتىن قىسقا ، شەكىل جەھەتتىن ئەركىن بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە . يەنە ئۇنىڭدا شېئىرلاردىكىدەك قاپىيە ، رىتىم ، تۇراقلار ، ئېپىك ئەسەرلەردىكىدەك سۇژىت بۆلەكلىرى ، سەھنە ئەسەر-لىرىدىكىدەك پەردە كۆرۈنۈش ، كىنو ۋە تېلېۋىزىيە سىنارىيىلىرىدىكىدەك سىرىيە ، چاس ، قىسىملارنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنمايدۇ . ئاپتور مەلۇم بىر ئىدىيىنى مەركەز قىلغان ئاساستا ئوي - پىكىرىنى كۆز ئالدىدىكى ۋە تەسەۋۋۇردىكى بىپايان دۇنيادا ئەركىن قانات يايدۇرۇدۇ . شۇنىڭ ئۈ-چۈن نەسىرنىڭ يەنە بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتى : « شەكىل جەھەتتىن ئەركىن ، ئۆزگىرىشچان ، مەزمۇنى يىغىنچاق بولۇش » تىن ئىبارەت .

4 ) ھەرقانداق نەسىر — لىرىكىلىق تىل ، قايناق ھېسسىيات ئۇستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ . نەسىردىكى ئوبرازلار يەنى ئادەملەر ، مەنزى-رىلەر ، ھادىسىلەر ، ۋەقە ياكى ۋەقە پارچىلىرى ، ھاشاراتلار ، گۈل —

گىياھلار ... ئىشقىلىپ تۈرلۈك - تۈمەن شەيئىلەرنىڭ جانلىق كۆرۈنۈشلىرى مانا شۇ كۈچلۈك لىرىك تىل ، ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان بولىدۇ .

مانا بۇلار نەسرنىڭ باشقا بەدىئىي ئەسەرلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردىن پەرقلىنىدىغان تۈپكى ئالاھىدىلىكلىرىدۇر .

بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە ئەدەبىيات نەزەرىيىلىرىمىزنى تەدبىقلىغاندا نەسر — مەزمۇنى ( خاراكتېرى ) ۋە ئومۇمىي سەھىپە جەھەتتىكى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ پەرقلىق بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن لىرىك نەسر ، ئېپىك ( بايانىي ) نەسر ، مۇھاكىمىلىك نەسر ، فېليەتون ، ئەبجەش خاتىرە قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ . نەسرنىڭ بۇ تۈرلىرى بىر - بىرىگە تەۋە بولمىغان ، تەڭ دەرىجىلىك ئايرىم - ئايرىم تۈرلەردۇر .

بۈگۈنكى مەتبۇئاتىمىزدا نەسرنىڭ فېليەتون ۋە ئەبجەش خاتىرىلەردىن باشقا ئۈچ تۈرى بىرلەشتۈرۈلۈپ « نەسر » دېگەن نام بىلەنلا ئاتىلىدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى گېزىت - ژۇرناللاردا مەلۇم بىر ئاپتورنىڭ مەلۇم چوڭ سەرلەۋھە ئاستىدىكى بىر يۈرۈش نەسرلىرى ئېلان قىلىندى دېسەك ، بۇلارنىڭ بىر نەچچىسى لىرىك ، بىر نەچچىسى ئېپىك ياكى مۇھاكىمىلىك نەسر بولۇشى مۇمكىن ، مەلۇم بىر نەسرلەر توپلىمىدىكى نەسرلەرنىڭ نەچچە ئونى لىرىك ، نەچچە ئونى مۇھاكىمىلىك ياكى ئېپىك نەسر بولۇشى مۇمكىن . شۇ سەۋەبتىن ھازىرقى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان نەسرلەرنىڭ بۇ ئۈچ تۈرى « نەسر » دەپلا ئاتىلىدۇ ، كونكرېتنى تۈرلەرگە ئايرىلمايدۇ .

تۆۋەندە ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ ، نەسرنىڭ بۇ ئۈچ تۈرى ھەققىدە ئايرىم - ئايرىم توختىلىپ ، ئايرىم - ئايرىم ئۈلگە كۆرسىتىمىز .

## 2 . لىرىك نەسر ھەققىدە

ئاپتورنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى كۆزىتىش ، تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق ھاسىل بولغان لىرىك ھېسسىياتىنى كونكرېتنى ، ئوبرازلىق ، جانلىق ئىزھار قىلىشنى ئاساس قىلىپ ، مەلۇم ئىدىيىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان نەسرلەر لىرىك ( لىرىكىلىق ) نەسر دەپ ئاتىلىدۇ .

تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى تەبىئىيلىك ۋە ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بارلىق مىكرو ۋە ماكرو شەيئىلەر ، ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى لىرىك نەسرنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى بولالايدۇ . ئۇنىڭدا مانا مۇشۇ شەيئىلەر ، ھادىسىلەر ئاپتور قەلبىدە پەيدا بولغان تەسىراتنى يەنى لىرىك ھېسسىياتنى يېزىشنى تەلەپ قىلغاچقا رېئاللىق بىلەن تەسەۋۋۇر ، گۈل ـ گىياھ ، ئۇچار ـ قانات ، ھاشارات ، دەل ـ دەرەخ ... قاتارلىق شەيئىلەرنىڭ تەسۋىرى بىلەن لىرىكا ۋە ھەرخىل بەدىئىي ۋاسىتىلەر گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ . لىرىك نەسردە ، ئېپىك نەسردىكىدەك مەلۇم ۋەقەلىك بولمايدۇ . لېكىن ، تەبىئەت ئالىمىدىكى خالىغان جانلىق ياكى جانسىز شەيئىلەرنىڭ كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئوبرازى سۈرەتلىنىدۇ .

لىرىك نەسر يېزىقچىلىقى — ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى ، تەپەككۇر ئالاھىدىلىكىگە ئەڭ ماس كېلىدىغان ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنى ، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ، ئىجتىمائىي جۇغلانمىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ، چوڭقۇر ـ تېيىزلىقىنى سىناپ كۆرۈشكە باب كېلىدىغان يېزىقچىلىق تۈرلىرىنىڭ بىرى بولغاچقا ، ئادەتتىكى يېزىقچىلىق مەشقى ۋاقىتلىرىدا ، شۇنىڭدەك تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىدىن ئېلىنغان ئىمتىھانلاردا كۆپرەك يازدۇرۇلىدۇ . شۇڭلاشقا ، ئوقۇغۇچىلار بىرقەدەر تەلەپكە يەتكەن لىرىك نەسر يېزىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا دىققەت قىلىشى كېرەك .

1 ) ئەكس ئەتتۈرۈلۈۋاتقان شەيئى ، ھادىسىنىڭ ماھىيەتلىك

ئالاھىدىلىكىنى ، ئۆزىگە خاس بەلگىلىرىنى كۆزىتىشكە ، ئەكس ئەتتۈ-رۈشكە ئەھمىيەت بېرىش ، تىلىنىڭ ئوبرازلىق ، لىرىك ھېسسىياتقا باي بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر .

بۇ دېگەنلىك لىرىك نەسىر يازغاندا زۆرۈرىيىتى يوق جايلاردىمۇ ئۇندەش سۆزلەرنى كۆپ ئىشلىتىپ ، ئۇندەش ، سوراق بەلگىلىرىنى قا-تىرىسىغا قويۇۋېتىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس ، بەلكى شەيئى ، ھادىسى-لەرنى سۈرەتلىگەندە ، لىرىك ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەندە دەبدەبىلىك ، يالتىراق سۆز ـ جۈملىلەرنى ئازراق ئىشلىتىپ ، كۆز ئالدىمىزدىكى شۇ شەيئى ، شۇ كۆرۈنۈشنىڭ ئاشۇ چاغدىكى ھالىتىنى ، شۇ شەيئى ، شۇ كۆرۈنۈش ھەققىدىكى لىرىك ھېسسىياتىمىزنى ئەينەن ، چىن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ، شەيئىلەرنىڭ ، ھادىسىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈ-نۈشىلا ئەمەس ، شۇ تاشقى كۆرۈنۈش ئىچىگە ماھىيەتنى سىڭدۈرۈپ سۈرەتلەشكە تىرىشىش ، ئومۇمىيلىق بىلەن ئالاھىدىلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ، يەنى بىر ئورمانزارلىقنى يازغاندا ئۇنىڭ ئو-مۇمىي مەنزىرىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ سۈرەتلەش بىلەن بىرگە ، شۇ ئور-مانزارلىقنىڭ باشقا ئورمانزارلىقلاردا بولمىغان ئالاھىدىلىكىنى ، بەلگىلى-رىنى جانلىق سۈرەتلەشنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق ، ئەكس ئەت-تۈرۈلۈۋاتقان شەيئىنىڭ ئۆزگىچە ، ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ، ئومۇ-مىيلىق ئىچىدە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش دېگەنلىكتۇر . مەسىلەن ، تۆۋەندە ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن لىرىك نەسىرلەردىن « چېچەك پەسلىدىكى خىياللار » دېگەن لىرىك نەسىرنى ئالساق ، ئاپتور بۇ نەسىردە قەشقەر دىيارىنىڭ چېچەك پەسلىنى ئومۇملاشتۇرۇپ سۈرەتلەش بىلەن كونك-رېتنى سۈرەتلەشنى بىرلەشتۈرگەن . چېچەكنى قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق مەد-ھىيىلىمەي ، رەڭگى ، خىسلىتى ، پۇرىقىنى كۆز ئالدىمىزدىكى جانلىق ، كونكرېتنى ئوبراز — ئانىنىڭ خاراكتېرىگە ، مەردانە كىشىلەرنىڭ خىس-لىتىگە سىمۋول قىلىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن چېچەكنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، چېچەكتەك خاراكتېرگە ، خىسلەتكە ئىگە ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى يورۇتۇشتىن ئىبا-

رەت قوش مەقسەتكە يەتكەن. نەسرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بۇ يۇرتتىكى باھارنىڭ كىشىلەرگە ئەڭ دەسلەپ سوۋغا قىلىدىغان نېمەتلىرىدىن بىرى «بىدە چۆچۈرىسى» نى ئالايىتەن تىلغا ئېلىش ئارقىلىق، بۇ يۇرتتىكى باھار پەسلىنىڭ، باشقا جايلاردىكى باھار پەسلىدىن پەرقلىق بولغان خاسلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

2) تەبىئەت مەنزىرىسىنى سۈرەتلەش ئاساس قىلىنغان لىرىك نەسرلەرنى يازغاندا، بۇ خىل لىرىك نەسرلەرنى ھادىسە تىزمىسى بىلەن توشقۇزۇۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ساۋاقداشلار ئادەتتە «باھار»، «ئالتۇن كۈز»، «گۈزەل يۇرتۇم»، «قار» ... دېگەنگە ئوخشاش ماۋزۇلاردا لىرىك نەسر يېزىشقا بەكرەك قىزىقىدۇ ھەم بۇ خىل ماۋزۇلاردا لىرىك نەسر يېزىش ئاساندەك تۇيۇلىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ماۋزۇلار ئاستىدا بولىدىغان تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرى ئۇلارغا بىرقەدەر تونۇشلۇق. مەسىلەن، «باھار» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا لىرىك نەسر يازماقچى بولسا، باھار يېتىپ كەلگەندە قار ـ مۇزلار ئېرىيدۇ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە ئەگىز سۈيى ئاقىدۇ، قۇرت ـ قوڭغۇزلار، ئۇچار قۇشلار ئۆچەكتىن چىقىدۇ، ئىسسىق بەلۋاغلاردىن ئۇچۇپ كېلىدۇ. دەل ـ دەرەخلەر بىخ چىقىرىدۇ، كىشىلەر قىشلىق قېلىن كىيىملىرىنى تاشلاپ، يېنىك كىيىملىرىنى كىيىدۇ، دېھقانلار يەر تېرىشقا تەرەددۇت قىلىدۇ ... دېگەنگە ئوخشاش ھادىسىلەرنى بارلىق ئوقۇغۇچىلار دېگۈدەك يازالايدۇ. ئەمما، بىر قىسىم ساۋاقداشلار ( بۇ ھادىسىلەرنى ئابستراكتنى ھالدا سۈرەتلەپ: «ئەنە قاراڭ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە ئەگىز سۈلىرى ئاقماقتا»، «پاھ، باھارنىڭ ئەلچىسى بولغان قارلىغاچ چاڭىلداپ سايرىماقتا»، «ئىخ باھار، سەن نېمىدېگەن گۈزەلسەن ـ ھە، سەن پەسىللەرنىڭ رەناسى، شادلىق ئەلچىسى ...» دېگەنگە ئوخشاش سۆز ـ جۈملىلەر بىلەن ھېلىقى ھادىسىلەرگە رەڭ بېرىپ «لىرىك نەسر» نى پۈتكۈزۈۋېتىدۇ. بۇنداق ھادىسە تىزمىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن لىرىك نەسرلەردە بىرەر كونكرېتنى دەرەخ، ئۇچار قۇش، ئادەم تەسۋىرلەنمىگەچكە، ئۆز ئەتراپىدىكى كونكرېتنى، ئايرىم

شەيئىلەرنىڭ ئوبرازلىق ھالىتى ھەم چىن ھېسسىيات ئەكس ئەتتۈرۈلمە-
گەچكە كىشى قەلبىگە تەسىر قىلمايدۇ. شۇڭا، بۇ خىل نەسرلەردە،
تەسۋىرلەنگەن مەنزىرىلەر، كۆرۈنۈشلەر ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئوبرازلىق
سۈرەتلىنىشى، چىن ھېسسىياتنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، ئابستراكتنى
تەسۋىرلەر ئىچىگە كونكرېتنى كۆرۈنۈشلەرمۇ كىرگۈزۈلۈشى، مەنزىرە
بىلەن ئادەم بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك.

3) ساۋاقداشلار لىرىك نەسىر يېزىش ۋە گېزىت ـ ژۇرناللاردىن
لىرىك نەسرلەرنى تاللاپ ئوقۇش، يېزىش ماھارىتىنى ئۆگىنىش جەريا-
نىدا، لىرىك نەسىر بىلەن نەسرىي شېئىرلارنى پەرق ئېتىشنى ئۆگىنىۋې-
لىشى كېرەك. تەرجىمە ئىشلىرىدا بەزى لىرىك نەسرلەر، نەسرىي شېئىر
شەكلىدە، بەزى نەسرىي شېئىرلار لىرىك نەسىر شەكلىدە تەرجىمە قى-
لىنىدىغان، نامىمۇ شۇنداق ئاتىلىدىغان ئەھۋاللار بار. بىزنىڭ ئىجادىيەت
ئەمەلىيىتىمىزدىكى لىرىك نەسرلەر بىلەن نەسرىي شېئىرلار ئوتتۇرىسى-
دىكى شەكىل جەھەتتىكى تۈپكى پەرق تىل قۇرۇلمىسىدا ئىپادىلىنىدۇ.
لىرىك نەسردە سۆز ـ جۈملىلەر قاپىيىسىز ئەسەرلەردىكىدەك، يەنى ئە-
دەبىي تىلىمىزدىكى جۈملە شەكلىدە يېزىلىدۇ. نەسرىي شېئىرلاردا شې-
ئىرىي قاپىيە، نۇتۇق ئاھاڭدارلىقى ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن سۆز ـ جۈملە-
لەر شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ تىل تەلىپى بويىچە يېزىلىدۇ. مىسال ئۈچۈن
تۆۋەندىكى نەسرىي شېئىرنى كۆرۈپ باقايلى:

## ئىلىم، ئۇستاز ۋە مەن

(نەسرىي شېئىر)

ئۆمەر ئوسمان شىپاھى

دۇنيادا تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە مەنىۋى بايلىق ـــ ئى-
لىم ـ ھېكمەت ئاتا قىلغۇچىدۇر. ئۇ ئىنسان روھىيىتىگە جان، جەسۇرانە
ھىممەت، ئالتۇن ئاچقۇچتۇر. تىلسىملار سىرىنى ئۆز كارامىتى بىلەن

ئاچقۇچى ، خۇنۇك دىل ئالىمگە پاتماس قۇياشنەك نۇرلار چاچقۇچى . شۇ ئەمەسمۇ ـ ھە ، تۆمۈرنى پەلەكتە پەرۋاز قىلدۇرغان ، بىپايان دېڭىز ـ ئوكيانلاردا كاراپىتەك بىمالال ئۈزدۈرگەن . ئاجايىپ خىسلىتى بىلەن ئادەمزاتنى پىلانېتلارغا چىقارغان ، نەچچە ئون يىللىق ئۇزۇن مۇساپىنى شۇنچە قىسقارتقان ! ...

ئېھ ئىلىم ! سەن ھەر قاچان ھەر ماكاندا كېرەكلىكسەنكى ، بولىسەن داناغا سۆز ، ئەماغا كۆز ، توكۇرغا ئاياغ ، نادانغا ساۋاق . يورۇتقۇچى جاھالەت زۇلمىتىنى ۋە تورۇتقۇچى « كۆزى ئوچۇق قارىغۇ » لۇق ئىللىتىنى ، قازسا تۈگىمەس كاندۇرسەنكى ، دۇرى ـ گۆھەرلەرگە تولغان ، شۇڭلاشقىمۇ مەن كۆيۈپ ئىشقىڭدا پەرۋانە بولغان !...

پېتىنالماس ئالەمشۇمۇل تۆھپەڭنى قىلىشقا ئىنكار ئەقىل ـ ھوشى جايىدا مەخلۇقات ، قۇچالماس قۇت ئەبەدى سېنىڭسىز كۆللى مەۋجۇدات . جەۋھىرىسەن مۇتەپەككۇرلار ئەقىل ـ پاراستىنىڭ . بەخش ئەتكەن ئالىملارغىمۇ قۇربەتىنى ئىرپان كەۋسىرى بەرھەق ، شۇ تۈپەيلى ئۇلار « ئۇستاز » لىق ماقامىغا بولغان مۇۋەپپەق . چۈشەندىمكى ، ئۇستاز ـ دانىشمەنلەر خىزىرى . ئىلمۇ تالىپ ، تالىبەلەرنىڭ رەھنەماسى ـ پىرى ؛ مەرىپەت بېغىنىڭ پاسىبانى ، خاتىرجەملىك ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ ئىستىھكامى ، خالىس پەرۋىشكاركى ئۇ ھەربىر كۆچەتكە قان ـ تەر سىڭدۈرۈپ ، تۈۋىنى ئوتاپ ، ھارام شاخلىرىنى پۇتاپ ، سورتلۇق كۆزلەرنى تاللاپ قويغۇچى ؛ زامانىۋىلىشىش مىمارلىرىنىڭ دىلىغا « جاھاننامە » ئەندازلىرىدىن ئۆرنەك خىللاپ نەقىش قويغۇچى .

ئېھ ئۇستاز ! سەن مېنىڭ ھىمايىچىم ، يېتەكچىم ، پەرىشتەم ؛ چېكىلگەندۇر شۇڭا قەلبىڭگە مەڭگۈ يېشىلمەس دىل رىشتىم . چۈنكى ، مەنمۇ كېلىچەككە ئىنتىلگۈچى تىرىك ئادەم ؛ ئىپتىدائىي ، نادان ، گالۇس ئادەم ئەمەس ، بەلكى زېھنى جۇشقۇن ، تېنى ساغلام ، تەسەۋۋۇرى كەڭ ، تەپەككۇرى ئۆچقۇر ، ھېسسىياتلىق يىرىك ئادەم !

مېنىڭ ئويلايدىغىنىم شۇكى ، ھەممىشەم : بولىسكەن ئۇستاز بولۇپ ياشاش نېسىۋەم . ئەپسۇس ، تۆمەن مىڭ ئەپسۇسكى ، يوق ئىكەن ئويـ

لىسام مەندە ئارمانغا تولۇق دەرمان ؛ ھېس قىلىمەن ھەر لىكسىيەمدە بىلىمىمنىڭ يېتەرسىزلىكىنى چەندان !...

شىجائەت چاقمىقىنى چېقىپ ، غەيلەت ئۇيقۇسىغا ئوت يېقىپ ؛ قانائەت شەيتىنىنىڭ كۆزىنى ئويۇپ ، شۆھرەتپەرەسلىك شۇمبۇيىسىنى يىلتىزىدىن يۇلۇپ ؛ ئىرپان دېڭىزىغا غەۋۋاستەك ئۆزۈمنى ئېتىپ ، جاۋاھىراتلار خەزىنىسىنى تېپىپ ؛ ئۇستازلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشسەم دەيمەن ، كېچە ـ كۈندۈز ئاھ دەيمەن ، يەنىلا شۇ غەمنى يەيمەن ، ھەر دەقىقە ئۆمىدلىك كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرغان كۆز ئالدىمدىكى ئوقۇغۇچىلارنى ، چېچەكلەپ مېۋە بېرىشكە تەييارلىنىۋاتقان يۇمران نوتىلارنى ئەسلەيمەن . ئۇلار ھەر قەدىمىمگە پىشاڭ ـ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ، سېزىمەن كۆزلىرىدىن داۋاتقاندەك ؛ ئۇستازىم ، ھالال ئەجرىڭدىن زەپەر قۇچ !

ئىشىنىمەنكى يېتىمەن ، يېتەلەيمەن چوقۇم مەقسىتىمگە ، ئىگىمەن ئۆز ئىقبالىم ـ تەقدىرىمگە .

نىدايىم شۇكى جەزمەن :

ئېھ ئىلىم ! ئېھ ئۇستاز ! ئاھ ، مەن !

(« شىنجاڭ مائارىپى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

بۇ نەسرىي شېئىرنى ئوقۇش ئارقىلىق بىز لىرىك نەسر بىلەن نەسرىي شېئىرنىڭ شەكىل جەھەتتىكى پەرقىنى بىلىۋالالايمىز .

يۇقىرىقىلار لىرىك نەسر يېزىش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلار دىققەت قىلىش زۆرۈر دەپ قارالغان نۇقتىلاردىن ئىبارەت . تۆۋەندە ھەر خىل بىلىم قۇرۇلمىسىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەمدە ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى بىرقىسىم يازغۇچىلارنىڭ ، بىر قىسىم لىرىك نەسرلىرى ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلدى . ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىغا ماس كەلگەنلىرىنى تاللاپ ئۆرنەك قىلسا بولىدۇ .

ئۆرنەكلەر

# ئەخمەت ئىمىننىڭ لىرىك نەسرلىرىدىن

## غۇنچە ناخشىسى

زېمىن مېنى تاتلىق شەربىتى بىلەن باققاندا ، قۇياش ماڭلىيىمغا ئىسسىق قوللىرىنى ياققاندا ، شامال چاچلىرىمنى يۇمشاق ئەركىلىتىپ ، بوغۇن – كېپىنەكلەر مەڭزىمنى چىمدىپ قاچقاندا ، مەن كۈلىمەن ، جىلمىيىپ كۈلىمەن ، سۆيۈنۈپ كۈلىمەن .

مېنىڭ كۈلكەمگە قاراپ زېمىن كۈلىدۇ ، ئاسمان كۈلىدۇ ، جىمى جاھان كۈلىدۇ .

بەزەن بەرگىمدە شەبنەم ئۈنچىسى يالتىرايدۇ . ئۇ مېنىڭ مەڭزىمدە پارىلدىغان ياش . سەن ئۇنى كۆرگەندە مېنى كۆڭلى بۇزۇلۇۋاتسا كېرەك ، دەپ ئويلايسەن ؟ ياق ، ئۇ مېنىڭ خۇشاللىق كۆز يېشىم ، ۋاي ، راست ، ئۇ باھارنىڭ شادلىق كۆز يېشى . كۆكلەمنىڭ سۇبھى تاڭلىرى مېنى مېھرى بىلەن سۆيگەندە ئۇنىڭ قەلب دېڭىزىدىن ئوقچۇغان بۇژغۇن مېنىڭ گۈزەل بەرگىمدە ئاشۇنداق پارلايدۇ . ئۇ مېنىڭ زىننىتىم ، مەن باھارنىڭ زىننىتى .

كۈيچى قۇشلار بېشىمدا توختىماي ناخشا ئېيتىدۇ ، شۇ ناخشا بىلەن ماڭا گۈزەللىك تۈيغۇسىنى سىڭدۈرىدۇ . مەن گۈزەللىكنى پەرق ئېتىمەن ، گۈزەللىككە ئىنتىلىمەن ، گۈزەللىكنى قەدىرلەيمەن . چۈنكى ، ئالەم گۈزەل ، ھاياتلىق گۈزەل ! مەن گۈزەللىكتىن يارالغان ھەم گۈزەللىك يارىتىمەن . بۇ يولنى ماڭا كۈيچى قۇشلار ئۆگەتكەن .

بوستانلىق باغلار ، چىمەنزار تاغلار مېنىڭ ماكانىم . لېكىن ، ئې-

رىق ياقىسى ، ساي قويىنى ھەتتا دەشت ـ چۆللەرمۇ ماڭا يات ئەمەس . چۈنكى ، ماڭا ھەممىلا يەردە ئىللىق مېھىر بار . ھەممىلا يەر مېنىڭ ئالتۇن بۆشۈكۈم .

قۇملار ئۇچۇپ كۆزلىرىمگە كىرىپ كەتسە ، مەيىن شامال پۇۋلەپ چىقىرىۋېتىدۇ ؛ توپىلار پۈركىراپ ئۈستىۋېشىمنى چاڭ قىلىۋەتسە ، يامغۇر ـ يېشىن پاكىز يۇيۇپ قويىدۇ . قۇم ـ توپىلار مەن ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ، ئەنە ئىھاتە ئورمان ئۇنى توسۇپ تۇرىدۇ .

مەن نازۇك ، مەن يۇمران ، لېكىن ئانا تۇپراق ماڭا قۇۋۋەت بې- رىدۇ ، مەن ئاخىر ئۆسۈپ يېتىلىمەن ، بىر كۈنى مەنمۇ تۇپرىقىمغا كۈچ بولۇپ قېتىلىمەن .

مەن غۇنچە ، تېخى ئېچىلمىغان غۇنچە ، لېكىن ھامان بىر كۈنى بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىمەن ، دىيارىمغا ئىپار بولۇپ چېچىلىمەن .

بۇ مېنىڭ ناخشام ، بۇ تارىم غۇنچىسىنىڭ جاھانغا ياڭرىتىدىغان ئىپتىخار ناخشىسى .

## توغراق

ساڭا باغ ـ گۈلىستانلاردىن ئورۇن بېرىلگەن ئەمەس ، توغراق . ھېچكىممۇ سېنى زەمزەم سۇلار بىلەن سۇغارمايدۇ . ئەتلىك تۇپراق بىلەن يۆلىمەيدۇ . گۈللەرنىڭ خۇشپۇرىقى بىلەن تولغان نەمخۇش ھاۋامۇ ساڭا نېسىپ بولغان ئەمەس .

سېنىڭ ماكانىڭ چۆل ـ باياۋان ، ئىچىدىغىنىڭ قىرتاق سۇ ، تو- پاڭمۇ شورلۇق ، نەپەسلىنىدىغان ھاۋايىڭمۇ قۇرغاق ھاۋا .

مۇدھىش بورانلار قۇملارنى ئۇچۇرتۇپ كېلىپ ئەتىيازدا يۈزلى- رىڭگە كاچاتلىسا ، كۈز كۈنلىرىدە چاچلىرىڭنى يۇلىدۇ . يازدا دەشت ھارارىتى گېلىڭنى بوغسا ، قىشتا ئاياز دەھشىتى يۈرىكىڭنى مۇجۇيدۇ .

سەن ھەقىقەتەن مۇشەققەت تارتىشنىلا بىلىدىغان ، لېكىن مۇ-

شەققەتتىن زارلىنىشنى بىلمەيدىغان جاپاكەش .

كۆكرىكىگە ئۇرۇلغان دولقۇنلاردىن خۇددى ئۆز مەيدىسىنى مۇشتلىغان نوچىلاردەك يايراپ كېتىدىغان تارىم دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرى سىڭرى سەنمۇ قۇترىغان بورانلاردىن ئۆزۈڭنى رەنج كۆرمىگەندەك ھېس قىلىسەن ، چۈنكى سەن ۋولقاندەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان قۇملارغا مەيدەڭنى قالقاندەك تۇتۇپ بېرىشنى ئۆزۈڭنىڭ بۇرچۇڭ ھېسابلايسەن .

قۇم - بوراننىڭ زەربىسىدىن ئاجىز مايسىلار كۆمۈلۈپ قۇرۇپ كەتمىسە ، زىلۋا سۆۋادانلار بېلىدىن سۇنۇپ ئۆلۈپ كەتمىسە ، سەن مەقسىتىڭگە يەتكەندەك بولىسەن . زېمىنغا زىننەت بەرگۈچى گۈل - چېچەكلەر كۈلدەك توزۇمىسىلا ، خىلمۇ خىل جەننەت مېۋىلىرى مۆلدۈردەكلا تۆكۈلمىسىلا ، سەن ئەجرىڭنىڭ مەھسۇلىنى كۆرگەندەك بولىسەن . قىسقىسى ، سەن ئۆي - ماكانلار ۋەيرانە ، بوستانلىقلار خارابە بولمايدىغانلا ئىش بولسا ، ھەرقانداق جاپاغا بەرداشلىق بېرىشكە رازى .

سەن قەدىم زامانلاردا يارالغانىدىڭ ، ھېلىھەم ياشاپ كېلىۋاتىسەن . چۈنكى ، سەن ياشاشنى بىلىسەن ، ئۆز - ئۆزۈڭنى ياشنىتىشنى بىلىسەن ، ئۆزۈڭدە چىدام ، مەتانەت ، غەيرەت - شىجائەت ۋە ھاياتىي قۇدرەت يارىتىشنى بىلىسەن .

ئەي جاپاغا يارالغان ، جاپادىن يارالغان توغراق !

سەن جاپاغا يارىلىش شورلۇقلۇق ئەمەس پەقەت جاپادىن يارىلىشنى بىلمەسلىكلا شورلۇقلۇق ، دېگەن ھەقىقەتنى نەقەدەر ئوبدان چۈشىنىسەن - ھە !

راست ، سەن ھەرگىز شورلۇق ئەمەس ، سەن بەختلىك . .

لېكىن ، سەندىكى بەخت باغ - ۋارانلاردا بەھۇزۇر ياشاشقا نېسىپ بولغانلارنىڭ بەختى ئەمەس .

سەندىكى بەخت ئەينەك ماكانلاردا باشقىلارنىڭ قۇۋۋەت بېرىشىگە تەلمۈرۈپ تۇرىدىغان ، سۈيىنى تارتىۋەتسە سولىشىپ ، ئۇزۇقنى قىسىۋەتسە پۇرلىشىپ كېتىدىغانلارنىڭ بەختى ئەمەس .

سەندىكى بەخت چۆل - باياۋاندىمۇ خۇددى گۈلىستان قوينىدى-

كىدەك ياشاشنى بىلەلەيدىغانلارنىڭ بەختى ..

سەندىكى بەخت ھېچكىمگە دىۋانىدەك تەلمۈرمەي ، شاھانە كۆڭۈل ، مەردانە خىسلەت بىلەن ئۆز ـ ئۆزىنى ياشنىتىشنى بىلەلەيدىغانلارنىڭ بەختى .

ئوزۇقلىنىش ئۈچۈن ئېتىكىڭگە ئولىشىۋالغان جان - جانىۋارلارنى ھەربىر كۆرگىنىمدە سېنى خۇددى باللىرىنى مېھرىلىك باغرىدا يايرىتىۋاتقان ئۇلۇغ ئانىغا ئوخشاتقۇم كېلىدۇ . قوۋزاقلىرىڭدا ئۆرلەپ تۇرغان ئاپئاق شورلىرىڭنى ئۆزۈمچە شۇ ئانىنىڭ ئاق سۈتىگە تەڭلەشتۈرىمەن .

بەزىلەر ئۇ شورلىرىڭنى سېنىڭ كۆز يېشىڭغا ئوخشىتىدىكەن . ئۇلارمۇ بەلكىم سېنىڭ يۈرىكىڭنى چۈشەنگەچكە شۇنداق ئوخشاتقاندۇ . سەن ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭ ئۈچۈن يىغلىمايسەن ، قۇم ھۇجۇمىنىڭ ئالدىدا بارغانسېرى چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇۋاتقان بوستانلىقلار ئۈچۈن يىغلايسەن ؛ ئۆز نەپسى ئۈچۈن يېشىل رەڭ قوۋم ـ قېرىنداشلىرىڭنى جاندىن جۇدا قىلىۋاتقان ئىنسانىنىڭ ھاماقەتلىكى ئۈچۈن يىغلايسەن ؛ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ، تارىم خەلقىگە ھامان بىر كۈن كېلىدىغان ئاپەتلىك تەقدىر ئۈچۈن يىغلايسەن .

« سىلەر ئۈچۈن تۆت كۈن بولسىمۇ ئۇزاقراق ياشىمىسام بولمايدۇ » دەيدۇ ھامان نارەسىدە باللىرىغا قاراپ كۆيۈمچان ئاتا . ئەي ، توغراق ، سەندىمۇ خۇددى ئۆز بۇرچىنى چۈشەنگەن شۇ كۆيۈمچان ئاتىغا ئوخشاش خىسلەتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمەن . سېنىڭ مىڭ يىللاپ كۆكلۈرۈپ تۇرۇشۇڭمۇ بىز ئۈچۈن ؛ قۇرۇپ كەتكىنىڭدە مىڭ يىللاپ ئۆرە تۇرۇشۇڭمۇ بىز ئۈچۈن ؛ يىقىلغاندا مىڭ يىللاپ چىرىمەسلىكىڭمۇ بىز ئۈچۈن .

سەن بىزگە بېشىڭ كۆككە يەتكەندىمۇ غەمخانە ، بېشىڭ يەرگە تەگكەندىمۇ غەمخانە .

پەزىلىتىڭ شۇنچە كۆپ ، توغراق ، ھىممەتلىرىڭ كۆپ ، لېكىن قىلچە مىننىتىڭ يوق ، خۇددى مىننەتسىز ، سېخىي تەبىئەتنىڭ پۈتكۈل خىسلىتى بىر ساڭىلا مۇجەسسەم قىلىنغاندەك .

ياپراقلىرىڭنىڭ شىلدىرلاشلىرىدا بىرلا سۆزنى — بۇ دۇنيادا يا-شىغانىكەنسەن ، مۇشۇنداق ياشاش كېرەك ، پەقەت مۇشۇنداقلا دېگەن بىرلا ھېكمەتنى پىچىرلايسەن .

ئەجرىڭ شۇنچە كۆپ ، توغراق ، تۆھپىلىرىڭ كۆپ ، لېكىن ھېچقانداق غەرىزىڭ يوق ، تەمەيىڭمۇ يوق ، خۇددى بۇ دۇنيانىڭ گۈ-لىستانلىرى سەن ئۈچۈن يارالمىغاندەك .

لېكىن ، بۇ دۇنيادا ھالال ئەجرىڭ مۇناسىپ مۇكاپاتى بولماي قالمايدۇ .

سەن باغ - گۈلىستانىدىن ئورۇن ئالمىغان بىلەن ، ئىنسانىنىڭ قەلب گۈلىستانىدىن ئورۇن ئالغان .

مەن ساڭا تەقلىد قىلىمەن ، توغراق !

## چېچەك پەسلىدىكى خىياللار

يۇر ، دوستۇم ،يۇر ، باھارنىڭ گۈل پەسلى يېتىپ كەلدى ، بىز كۆكلەم كۈلگەن باغقا بارايلى .

ئاپئاق ئېچىلىپ كەتكەن چېچەكلەرگە قاراپ كۆز ئالدىڭغانىمە كېلىۋاتىدىغاندۇ ؟ قىشتىكى پاك ، تازا قارلارمۇ ياكى ئاسماندىكى پاختى-دەك ئاق بۇلۇتلارمۇ ؟ غوزا يېرىپ چىققان كېۋەزلەر خۇددى بۇ باغقا كۆچۈپ كېلىۋالىدىغاندەك بىر تەسىراتلارغىمۇ چۆمۈۋاتامدىغانسەن ؟ ! قەشقىرىمىنىڭ ئۆرۈك ، جىنەستە ، گىلاس ، ئامۇت چېچەكلىرىنىڭ ئاق-لىقى ساڭا ئانىمىزنىڭ ئاق سۈتىنىمۇ ئەسلىتىۋاتامدۇ ؟ ... مەن نۇرغۇن نەرسىلەردىن ئانامنىڭ سۈپەتلىرىنى كۆرىمەن . شۇ تاپتا باغنى ، يوللارنى ، مەكتىپىمنى ، ئۆيۈمنى ، ئىشقىلىپ ھەممىنى ئۆز قۇچىقىدا ياي-رىتىۋاتقان گۈزەل باھار ئىللىق مېھرى بىلەن ئانامغىلا ئوخشايدۇ . مەيىن شامال ماڭلىيىمدىن سۆيگەندە ، مەن خۇددى ئانام سۆيگەندەكلا خۇش بولىمەن . چېچەك يۇپراقلىرى دىمىغىمغا ئۇرۇلسا ، مەن خۇددى ئانامنىڭ

خوش بويىنى ھىدلىغاندەك زوقلىنىمەن. شۇ تاپتا بۇ چېچەك ئاچقان باغ — بۇ يېقىملىق ئاق دۇنيا ماڭا ئانامنىڭ بىغۇبار ئاق كۆڭلىنىڭ سۈرىتىدەكلا بىلىنىدۇ. ئۇ ئۆز مېۋىسى ئۈچۈن چېچەكلەيدۇ، ئۆز مېۋىسى ئۈچۈن تۆكۈلىدۇ.

ۋاھ، دوستۇم، قارا، قارا! ئۆرۈك، ئامۇتلارغا جاھاندىكى ھەممە ئاق كېپىنەكلەر ئۇچۇپ كېلىۋالغاندەك بىر خىيالغىمۇ كېلىۋاتامسەن؟ كېپىنەكمۇ ئەڭ گۈزەل باغقا ئىنتىلسە كېرەك - ھە! شۇ تاپتا ھويلا - ئاراملىرىمنىڭ ھەممىسى بۈككىدە چېچەكلەپ كەتكەن قەشقىرىم، دىيارىمىزنىڭ ئەڭ گۈزەل باغچىسى ئەمەسمۇ؟ بىز مۇشۇ باغدا تۇغۇلدۇق، مۇشۇ باغدا چوڭ بولدۇق. بۇ بېغىمىزنىڭ سۈپىتى بىزنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزغا سىڭگەن؛ مەڭزىلىرىمىز ئانارغا ئوخشايدۇ، قاپاقلىرىمىز بادامغا ئوخشايدۇ، يۈزلىرىمىز توغاچتەك، لەۋلىرىمىز گىلاستەك، تىللىرىمىز ئەنجۈردەك تاتلىق، دىلىمىزدا ھەمىشە شادلىق.

سەن يەردە قاردەك ياتقان چېچەكلەرگە قاراپ، ھەي ياز پەسلىنى كۆرمەي بالدۇرلا تۆكۈلگەن چېچەكلەر، دەپ نالە قىلمايۋاتقانسەن. ئۇلارنىڭ ھەربىر تۆكۈلگەن ئىزىدا شېرىن مېۋىلىرىنىڭ ئۈندۈرمىسى قالغان. ئۇلارنىڭ خىسلىتى مەردانە ئىپتىخار ناخشىسىنى ئېيتىپ بۇ جاھاندىن خوشلاشقان ئەزىزلىرىمىزنىڭ روھىغىلا ئوخشايدۇ. بىز مۇشۇ چېچەكلەرگە رەڭداش ئاپئاق دەپتەرلىرىمىزگە ئۇلارنىڭ تۆھپىسىنى پۈتۈپ قويايلى. ئۇ بىزگە ياشاشنىڭ قىممىتىنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. يىلتىزلىرى بىلەن بىرمۇنچە دەرەخنى تۇتاشتۇرۇپ ھېلىھەم مېۋىلىرى بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىپ تۇرغان ئاۋۇ قەدىمكى ياڭاق دەرەخلىرىگە قاراپ ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمنى ئەسلىگۈم كېلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرىدەك بوۋىلىرىمنىڭ روھىغا سىغىنغۇم، ئاشۇلاردەك ياشاپ، ئاشۇلاردەك جاھاندىن ئۆتكۈم كېلىدۇ. ياش كۆچەتلەرمۇ مېۋىلىك باراقسان دەرەخ بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، مەنمۇ قەشقەر گۈلىستانىدىكى بىر كۆچەتقۇ!

دوستۇم، يۈر، بىز بۇ كۆچەتلەردىن ئاجايىپ بەھر ئالدۇق،

ئەمدى بىرنى بىدە تىرنۋالايلى. ئانىلىرىمىز ئۇنى تۇگۇپ، مۇشۇ چىچەكتەك ئاپئاق داستىخانغا بىدە چۆچۈرىسى ئەكەلگەندە، بىز بۇ خىيالىلىرىمىزنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىمىز. ئۇلار چوقۇم بىزنى سۆيۈپ ـ سۆيۈپ قويىدۇ. ئۇلار كۈلگەندە بىزمۇ ئارزۇلىرىمىز كۈلگەندەك شادلىققا چۆمىمىز. يۈر!

## قارلىق دالىدىكى خىياللار

زېمىننىڭ چىرايىنى سارغىيىپ كېتىپتۇ دەپ، ئاقارتىپ قويغىلى ئۇپا تۆككىنىڭمۇ بۇ، ئاسمان؟

ئادەملەرنى ئاشىسىز قاپتۇ دەپ، تويغۇزۇپ قويغىلى ئۇن تۆككىنىڭمۇ بۇ، ئاسمان؟

ياكى يالىڭاچ يەرنى ئىسسىق ياتسۇن دەپ، مامۇق تاشلىغىنىڭمۇ بۇ، ئاسمان؟

يا، يېشىلزارلىقنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ، كېپەن تاشلىغىنىڭمۇ بۇ، ئاسمان؟

قوينۇڭدىن ئۇچۇپ چۈشتى سانسىز ئاق كېپىنەك لەيلەپ، يەردىكى ھەربىر كىشى كۆزۈڭگە گۈل كۆرۈندىمۇ، ئاسمان؟

* * *

چاتقاللىرىڭنىڭ بېشىدا ئاق شاپاق دوپپا، مەجنۇنتاللىرىڭنىڭكىدە ئاق سارغۇچ، سۈۋادانلىرىڭنىڭكىدە سۈت رەڭ بانتىك، شەمشادلىرىڭنىڭكىدە ئۆك تۇماق ... ھەممىسىدىلا ئاق باش كىيىم!

دەرەخلىرىڭنى سىلىكىپ ئىرغىتسام، ماڭىمۇ ئاق بۆك تاشلاپ بېرەرسەنمۇ، ئورمان؟

* * *

باشلىرىڭغا ئاپئاق سەللە ئورالغان، ئۇچاڭدا ئاق يەكتەك، قۇياش نۇرىدا پۇتۇن ئۇستۇبىشىڭ ئۇنچە باسقاندەك يالتىراپ تۇرىدۇ، ئاستىڭدا بوزرەڭ كىگىز...

مومامنىڭ دېيىشىچە، قەدىمكى زاماندا پادىشاھ بولىدىغانلارنى ئاق كىگىزگە سېلىپ كۆتۈرەركەن، قارىغاندا سەنمۇ شاھ بولىدىغان ئوخشىمامسەن، ئورمان؟

* * *

دالاغا ئاپئاق داستىخان راسلاپسەن، ئاسمان. ئەمدى ئۇنىڭغا نېمە تىزىدىغانسەن؟

باللار قۇرۇق داستىخانغا تەلمۈرۈۋېرىپ زېرىكتى، ئۇلار ئاق داستىخاننىڭ ئۇستىدە سەكرىگىلى، موللاق ئاتقىلى، يۇگۈرگىلى تۇرغاندا، سەن ئۇلارنى ئەدەبسىز دەپ ئەيىبلىيەلەرسەنمۇ؟

* * *

ئاق چۈشەككە پۈركۈنۈپ ئۇخلايسەن، زېمىن!

لېكىن، سىنىڭ باللىرىڭ ئويغانغىلى نېكەم. ئۇلار ئاپئاق يوتقانلىرىڭنى چەيلەپ بىر يەرگە ئاپاردى، لېكىن سېنىڭ ياتقىنىڭ ياتقان.

تاشلاپ كەتتى ،دەپ باھار ئاچامغا قېيداپ يىتۇالغىنىڭمۇ بۇ؟

ھەي، تېزرەك باھار ئاچام كېلىپ يوتقىنىڭنى ئېچىۋەتكەن بولسا ـ ھە!

( بۇ نەسرلەر، يازغۇچىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 3 ـ سانى ۋە 1998 ـ يىللىق 2 ـ ، 3 ـ قوشما سانلىرىدا «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق 12 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان بىر يۈرۈش نەسرلىرى ئىچىدىن ئېلىندى ).

# ھۆرمەت ساليوتى

نۇرمۇھەممەت توختى

## 1

بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ، تولىمۇ باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ كاتتا چىنار بار . ئۇ ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك قامىتى بىلەن كۆك ئاسمانىنىڭ تۈۋ-رۈكىدەك قەد كۆتۈرۈپ ، بىپايان ئۈپۈقنى يۆلەپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ . ئۇنىڭ ھەر يىلى قوۋزاق تاشلاپ تۇرىدىغان غولى ياش نوتىدەك سىلىق ۋە زۇمرەتتەك يېشىل بولۇپ ، كىشىگە گۈزەللىك ۋە مەڭگۈ سۇلماس ياشلىق تەسىراتى بەخش ئېتىدۇ . بىزنىڭ بۇ دىياردا ئۇنىڭدەك ھەيۋەت-لىك ، ئۇنىڭدەك كاتتا دەرەخ زادىلا يوق . پەرەز قىلىنىشىچە : ئۇنىڭ يىللار ۋە ئەسىرلەرنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىغا كۆكرەك كېرىپ كۆكلەپ تۇرغىنىغا بەش يۈز يىلدىن ئاشقانمىش ...

مەن ئۇنىڭ ئون قەۋەت ئىمارەتتەك ئاشۇ ئېگىز قامىتىگە ھەر قې-تىم نەزەر سالغىنىمدا ، پەلەكتىن ئاشقان غۇرۇر ۋە مەڭگۈلۈك سۇباتنىڭ سىمۋولىنى كۆرگەندەك بولىمەن . ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ ھاياتىي كۈچكە ، سولماس ياشلىققا ۋە پولاتتەك چىدامەتكە ھەيران بولىمەن . ئۇ بۇنداق زور قۇدرەتنى ، بۇنداق زور سالاپەتنى نەدىن ئالغاندۇ ؟ ئۇنىڭغا بۇنداق سولماس ياشلىق خىسلەتنى كىم بەخش ئەتكەندۇ ؟ دەپ خىيال سۈرى-مەن . كۆز ئالدىمغا ئۇنىڭ ئانا تۇپراقنى قۇچاقلاپ ياتقان يىلتىزلىرى كېلىدۇ . راست ، ئۇ ھەممىنى ئەنە شۇ يىلتىزلىرى ئارقىلىق ئانا تۇپراق-تىن ئالغان ، ئەلۋەتتە . ئەگەر ئۇنىڭ ئەنە شۇ يىلتىزلىرى بولمىسا ، ئۇ-نىڭ ھەيۋەتلىك قامىتىمۇ ، ئۇنىڭدىكى مەڭگۈلۈك ياشلىقمۇ ۋە يېڭىلمەس چىدامەتمۇ بولمىغان بولاتتى . چىنارنى چىنار قىلىپ تۇرغان ئۇنىڭ يىل-

تىزى !

مەن ھەممىگە قاراپ خىتاب قىلدىم : چىناردەك سالاپەتلىك ئا-لىملار ، چىناردەك قامەتــلىك گېنېراللار ، چىــناردەك شۆھرەتــلىك ياز-غۇچى ـ شائىرلار ، چىناردەك چىدامىلىق باتۇر ـ پالۋانلار ، سىلەر ئۆ-زۈڭلەردىكى ئەقىل ـ پاراسەتنى ، كۈچ ـ قۇدرەتنى ، چىدامەت ۋە ماھا-رەتنى نەدىن ئالدىڭلار ؟ سىلەرنىڭ يىلتىزىڭلار قايسى ؟

ھەممە بىردەك ھۆرمەت بىلەن جاۋاب بەردى :

ـــ ئۇ ـــ ئوقۇتقۇچى ! ئۇ ـــ ئۇستاز !

## 2

گۈل بەرگىنىڭ رەڭگى يېشىل ، لېكىن زۇمرەتنىڭ رەڭگىدەك ئۇنچىۋالا چاقناق ئەمەس . ئۇ چىنار شاخلىرىدەك بەھەيۋەت بولمىسىمۇ ، لېكىن جۇدۇن ـ چاپقۇنلارغا بىمالال بەرداشلىق بېرەلەيدۇ . ئۇنىڭ بويى ئانچە ئېگىزئۆسمىگەن بولۇپ ، ئۆزىنى پىنھان تۇتۇشنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ . داغدۇغىسىز ، تەنتەنىسىز ھالەتتە ياپراق ۋە گۈللەرنىڭ ئارىسىدا كۆرۈنمەي ياشايدۇ . ئۇ ئەنە شۇنداق ئاددىي ـ ساددا ۋە كەم دىدار .

ۋەھــالەنكى ، ئەنە شۇ ئاددىي ۋە كەم دىدار گۈل بەرگىنىڭ تۆھ-پىسىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ . مەن ئۇنىڭ قانچە باھارلارغا تاج كىيدۈرگەنلىكىنى ، قانچە تاغلارغا ناخشا ـ ناۋا ئېيتقۇزغانلىقىنى ، قانچە باغ ـ دالالارنى خۇشپۇراقلار بىلەن راھەتلەندۈرگەنلىكىنى ساناپ تۈگى-تەلمەيمەن . جاھانغا ئۈمىد ۋە ئارمان بەخش ئەتكەن غۇنچىلار ، ھاياتقا گۈزەللىك ۋە مۇھەببەت تارتۇق قىلغان تولۇن گۈل ـ پورەكلەر ، قەلبى-لەرگە مۇقەددەس تۇيغۇ ۋە مەزمۇن ئاتا قىلغان خۇش ھىدلار .... ھەم-مــىسى ئۇنىڭ ئەنە شۇ ئاددىي بەرگىدە يېتىشىپ چىققان ، ھەممىسى ئۇ-نىڭ ۋۇجۇدىدىن قۇۋۋەت ئالغان .

مەن ئەنە شۇ ئاددىي گۈل بەرگىگە ھەر قېتىم نەزەر سالغىنىمدا چوڭقۇر خىيالغا چۆكىمەن . كۆز ئالدىمدا ئاددىي ئەمما يېقىملىق بىر

ئوبراز گەۋدىلەنگەندەك بولىدۇ . مەن ئەنە شۇ غايىبانە ئوبرازنىڭ تاغدەك
يۈكسەك سىيماسىغا ، نۇردەك يىللىق چىرايىغا ، مۇزىكىدەك جۇشقۇن بې-
قىشلىرىغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلگەن چېغىمدا ، ئۇنى دەرھال تو-
نۇۋالىمەن :
— ئۇ — ئوقۇتقۇچى ! ئۇ — مېنىڭ ئۇستازىم !

## 3

قولۇمدا رەڭمۇ رەڭ گۈللەردىن تىزىلغان بىردەستە گۈل ، ئۇنىڭ
ئوتتۇرىسىغا قىزغىنلىق ۋە ئالەمچە ھۆرمەتنى ئىپادىلەيدىغان قىزىلگۈل
قويۇلغان . ئۇنىڭ ئەتراپىدا گۈزەللىك ۋە بەختنى بېشارەت قىلغۇچى
مودەنگۈل ، خۇشاللىق ۋە شادىيانىلىقنى ئەسلەتكۈچى سېرىق سەبدە ،
باھار ۋە ئۇلۇغۋارلىقتىن دېرەك بەرگۈچى ئاق لەيلى رەت بويىچە تىزىلىپ
تۇرۇپتۇ . ياق ، بۇ يەردە ئۇلارلا ئەمەس ، مۇھەببەت جاكارچىسى بولغان
ناماز شامگۈل بىلەن ھەشقىپىچەك ، سۇبات ۋە چىدامەتنىڭ سىمۋولى
بولغان قار لەيلىسى ، ھاياتنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەر-
گۈچى نۇر رەڭلىك ئالتۇنگۈل ، تىنچلىق ۋە ئىناقلىقنىڭ بەلگىسى بولغان
زەيتۇن شېخى ... ھەممىسى خۇددى ھۆرمەت قاراۋۇللىرىدەك تىزىلىپ ،
مانا شۇ بىر دەستە گۈلنى ھاسىل قىلغان . راست ، بۇ گۈللەرنىڭ ھەر
بىر دانىسى بىر ھۆرمەت قاراۋۇلىغا ، بىر مۇھەببەت پەرىشتىسىگە ، بىر ئا-
پىرىن ئەلچىسىگە ئوخشىشىدۇ . بۇ بىر دەستە گۈلنىڭ نازاكەتلىك
تۇرقىدىن ئۆچمەس مۇھەببەت ، گۈل تاجىلىرى ئارىسىدىن ئالەمچە
ھۆرمەت ، خۇش پۇراقلىرى ئارىسىدىن تۈگىمەس رەھمەت ئۇرغۇپ
تۇرىدۇ ...

رەڭمۇرەڭ گۈللەردىن تىزىلغان بىر دەستە گۈل ، ياق ، بۇ يەردە
تىزىلغىنى گۈللەرلا ئەمەس ، ئۇنىڭ ئىچىگە داھىيلارنىڭ يالقۇنلۇق ئىس-
كىلىتلىرى ، ئالىملارنىڭ ئالەمشۇمۇل ئۇتۇق قازانغان چاغدىكى بارىكاللا-
لىرى ، شائىرلارنىڭ بىر ئۆمۈر كۈيلىگەن ئالقىشلىرى ۋە ئاددىي كىشى-
لەرنىڭ پاك رەھمەتلىرى قوشۇپ تىزىلغان . ئۇنىڭغا يۈرەكلەرنىڭ ئەڭ

چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئەڭ سەممىي تۇيغۇلار مۇجەسسەملەنگەن . ئۇ يالقۇنلۇق تىلەك ۋە قىزغىن مۇبارەكنىڭ سىمۋولى .

مەن ئەنە شۇ بىر دەستە گۈلنى كۆتۈرۈپ گۈل بەرگىدەك ئاددىي ۋە چىناردەك خىسلەتلىك بىر ئادەمنىڭ — جاھاندا ھەممىدىن بەكرەك تۆھپىكار بولغان ، ئۆتمۈشنىڭ ئۇتۇقلىرى ، بۈگۈننىڭ غەلبىلىرى ۋە كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدىم ۋە گۈل دەستىنى ئۇنىڭغا تۇتتۇم :

— ئۇ — ئوقۇتقۇچى . ئۇ — مېنىڭ ئۇستازىم ئىدى .

( يازغۇچىنىڭ « كۈلۈپ كۆرگەنلەر ۋە كۆرۈپ كۈلگەنلەر » ناملىق نەسرلەر توپلىمىدىن ئېلىندى ) .

## يوللار تىلسىمى

ئەنۋەر تاشتۆمۈر

### 1

يول يۈرۈۋاتىمەن ، ئېھتىمال قايمۇقۇش ئىچىدە ئېزىپ - ئادىشىپ كېتىۋاتقاندىمەن ... نۇرغۇن نەرسىلەر خاتىرەمگە بىلىندۈرمەي سىڭىپ كەتتى . بىر كۈنلەر ، مەن مېڭىشتىن توختاپ ئاراملانغاندا ياكى يوللارنىڭ تىلسىملىق دوقمۇشلىرىغا يەتكەندە ، خاتىرەمگە سىڭىپ كىرىپ ماڭا تەئەللۇق بولۇپ قالغان ئاشۇ نەرسىلەر بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ ، كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ سېھىرلىك تۇيغۇلار دۇنياسىنى كەڭ يايىدۇ .

مەن يول يۈرۈشۈم كېرەك ! پىنھانلىقتىكى پەرۋازلىرىم قوينىدا ئاپىرىدىلەنگەن شەكىلسىز خاسىيەتلىرىم ماڭا ھەقىقەتلەر ھەققىدە توختاۋسىز ھېكايە سۆزلەيدۇ . كۈنلەرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ھاياتبەخش ئىستەكلەر ھەم ئىشەنچلەر سەزگۈلىرىمنى قورشاپ بارىدۇ .

مەن يول يۈرۈشۈم كېرەك . مەنىلەر توختاۋسىز شىۋىرلايدۇ ،

كىرپىك ئۇقلىرىمدىن ياشلىق رىۋايەتلىرى چېچىلغاندەك ھەم قەدەملىرىم ۋەزنىلىرىدە تۇغۇلۇپ بارغىنىمدەك !

يوللار بەھرىدە ھەم قەھرىدە چېچەكلىگەن ئىستەكلىرىم يۈركىمدە، يۈرىكىمدەك يۈرەكلەردە جاراڭلاپ، چەكسىز ئۇچقۇر يوللار ھەم كۈيلەر ساماسى تۈزىدۇ ...

مەن يول يۈرۈشۈم كېرەك ! مەڭگۈلۈك مۇھەببەت، چاڭقىغان يېشىللىق پىنھانلىرىدىن كۆز ئاچىدۇ . كۆزلىرىمدە مەيلى ياش، مەيلى كۈلكە شولىلار تاشلىسۇن، ئۇ يوللار تىلسىمىنىڭ خاس قونالغۇسىدا ئۆزگىچە ۋىسال تاپىدۇ !

## 2

ھەر كۈنى سەھەر قۇشلار ناۋاسىدىن ئويغىنىپ شېرىن چۈشلىرىمنى ئەسلەيمەن، چۈشلىرىم ئۆزىنىڭ سىرلىق بېشارەتلىرى بىلەن مېنى ھاياتلىقنىڭ تىنچسىز چىغىر يوللىرىغا باشلاپ كېتىدۇ . سۇلارغا تىكىلىپ سۈزۈلگەندەك بولىمەن، قۇشلار ناۋاسىغا زەن سېلىپ ئۆزۈممۇ ئويلاپ يەتمىگەن يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتىپ كېتىمەن . ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئاتەش قەدەملىرىدىن مەستخۇش بولۇپ، كەلگۈسىم پىنھانلىرىدىن خۇپىيانە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بىر ئۇتلۇق ياشلىقنىڭ گىرىمسەن يوللىرىنى دىرەكلەيمەن ...

خىياللىرىمنى ئاپىرىدىلىگەن يوللار خىياللىرىمدىن قايتا ئاپىرىدىلەنگەن چاغدا، ئېھتىمال يوللارنىڭ چېكى بولمايدۇ . ھەربىر سېھىرلىك دوقمۇشتا مەن ئۇلارنىڭ چېكىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ بارىمەن، يوللار يېڭى سەھىپىلەر ئۈچۈن يىراق - يىراقلاردىن، بۇلۇڭ - پىنھانلاردىن يېڭى - يېڭى ناخشىلارنى ئېيتىپ لەرزان تولغىنىپ كېلىدۇ . سۆيۈملۈك پىنھانلىرىمدا ئېچىلغان رەڭدار چېچەكلەرنى ئاڭا زوقمەنلىك ئىلكىدە چاچقۇ قىلىمەن، بىر پۈتۈن شەكىللىك ھەم شەكىلسىز خاسىيەتلەر رەڭلەر جىلۋىسىدە تاتلىققىنا كۈلۈمسىرەيدۇ .

# 3

تىزىلىپ ئۆتكەن كۆنلەردىن قايتىلانماس يوچۇن بىر سادا كې-
لىدۇ . مەن كۆنلەرنى ئۇزىتىش ھەم كۈتۈۋېلىش ئارىلىقىدىكى ئويچان ،
مەزمۇندار سىلكىنىشلىرىمدە ئاۋۇنۇپ ، ئاتەشلىنىپ بارىمەن ، ئەپسۇس ،
يوللار رەستىسىدە روھىمدىن تاشقىرى تېپىشماقسىمان ياشلىق ھەم ھايات-
لىق رىۋايەتلەر پىنھان ۋە سىر بولۇپ قالىدۇ ... مەن گاھى يوچۇن پىن-
ھانلاردىن ، سۈكۈتلەر بوشلۇقىدىن ، بۇ كۆنلەرنىڭ تۈنۈگۈنكى گىرىم-
سەن خاتىرىلىرى ھەم ئەتىكى سۈزۈك ئۈمىدلىرى قېتىدىن دېرەكلەر دى-
رەكلەيمەن ، قونالغۇ ئۆتەك ئىزدەيمەن .

# 4

بالىلىقىمنىڭ سىرلىق دۇنياسىدىن ئاللىبۇرۇن چىقىپ كەتكەنى-
دىم . ئەمما ، ئۇنىڭ ھاياتىمنىڭ باشلىنىشى سۈپىتىدە ماڭا مەڭگۈ يار
بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ، ئۇچقۇر يوللىرىمدا گويا سىرلىق چۈشتەك يېشى-
لىدىغانلىقىنى ، كۆنلىرىمگە مەزمۇن ، تەم ھەم رەڭدارلىق بەخش ئېتىپ
بارىدىغانلىقىنى يوللار تىلسىمىدىن چۈشەندىم .

بالىلىق ، سېنىڭ كەپسىز قىلىقلىرىڭدىن تارتىپ چۈچۈك تىللى-
رىڭغىچە ھەممىسى كەلگۈسىگە تەئەللۇق سىر ، ۋەھى ، رىۋايەت ھەم
بىۋاستە ئىدراك تۈيغۇلىرى ئىكەن ! مەن سېنىڭ ئۆزۈڭدىن ھالقىپ
كەتكەن قىسمىتىڭ ، دۇنيانىڭ سىرتىدا قالغان ساختا شەكلىڭ . سە-
ۋەبى ، دۇنيا سېنىڭدىن ھالقىغان ئەمەس ، ئۇ تۈيغۇ ئۇپۇقلىرىنىڭ ئى-
چىدە تال ـ تال چىغىر يوللار بىلەن تىلسىملانغان ، ئۇ ھېلىغىچە ساڭا ،
سېنىڭ خۇلقى تەبىئەتلىرىڭگە ، ئەسلى ۋەسلىڭگە ، سىرلىق چۈچۈك
تىللىرىڭغا تەبىر بېرىپ كېلىۋاتىدۇ . مەن ئېھتىمال ئاخىر ساڭا قايتىمەن ،
گويا سەندىن تۆرەلگەندەك .

بالىلىق ـــ سەن ئادەم ئاتىنىڭ بېھىشتىكى ئەسلى ، ھاۋا ئانىدىكى

ۋەسلى، مەن سەندىن باشلانغان سىنى ئىزدەيدىغان يەنە ساڭا قايتىپ كېتىدىغان سېھىرلىك، رەڭدار سەرسانە يول.

## 5

يوللار گاھى سىنىڭ ئالدىڭدىن ئۇچۇپ كېتىدۇ، خۇددى جىمىكى نەرسە بىرلا كۆز يۇمۇش بىلەن تەڭ بىراقلا غايىب بولغاندەك، سەندە قالىدىغىنى يوچۇنلۇقتا يۈزلەنگەن ئەسلىمە ۋە ئۇنىڭدىكى گىرىمسەن ئوبرازلاردىن ھېس قايناملىرىڭدا تەنھا قايمۇقۇش. ئەمما، شۇ مىنۇتلاردا ئۆز-ئۆزۈڭگە چىنلىق مەۋقەسىدىكى ھۆرلۈك بېرىپ غەيرەتلىنىپ قارىساڭ، ئۆزۈڭنىڭ ئاياغلىرىڭ ئاستىدا سوزۇلۇپ ياتقان يوللار دوقمۇشىدا ئىككەنلىكىڭنى بايقايسەن. ئارمانلىرىڭ ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭ تۇپەيلى سۇلمىغان بولسا، غازاڭ پەسلىدىمۇ كۆكلەم يېشىللىقىنى ساقلىغان بولسا، يوللىرىڭ ھەمىشە كۆكىرىپ تۇرىدۇ ھەم دوقمۇشلاردىن مۇناسىپ نۇرلاردا جىمىرلاپ كېلىدۇ.

يوللار گاھى سىنى ئۆزۈڭگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ، ۋاھالەنكى قايتىش بەختىنى بىلگەن ياشلىق ئۇزاقتا كېتىۋاتقان كۈنلەر ئۇچۇن پەرياد چەكمەيدۇ. قايتىش — ئۇچرىشىش دېمەكتۇر. ئۇ ئېھتىمال بىر تۈرلۈك باشلىنىش.

قايتىش تاماملانغان شۇ سېھرىي ئەسنالاردا ھەممىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئۇلۇغ بىر سۈكۈنات گويا مۇزىكا تىمسالىدا كەڭ يېيىلىدۇ. مۇزىكىغا ئېچىرقىغان ئادەم ھەم ئالەم روھى ئاڭا زەن سالىدۇ. ئاراملىنىش ھەم ئۆز-ئۆزۈڭ بىلەن قايتا ئۇچرىشىش چارچىغان ئىستەكلىرىڭگە ھاياتى مادار ئېلىپ كېلىدۇ، ھالسىرىغان پەرۋازلىرىڭغا جۇشقۇن سۇبات بەخش ئېتىدۇ. ھاياتلىقتىكى باشلىنىشلارغا نەزەر سالساڭ، يوللارنىڭ سەندىن يىراقلارغا ئۇزاپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرىسەن، ماھىيەتتە بىز ئۆزىمىزنى ساقلاش ھەم ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا يولار رەستىسىدىكى چاڭ-توزانلاردىن، تۇمان-مانانلاردىن سۈزۈلۈپ، پاكلىنىپ بارىمىز. يوللار ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ.

# 6

قانداقتۇر بىر يەردە كۆلۈمسىرەپ ئۆتۈپ كەتكەن سەنمىدىڭ گۈزەل قىز !؟

... بەلكى مېنىڭ ئاپتوبۇس بېكىتىدە تەنها تۇرغانلىقىمنى يىراقتىن كۆرگەنسەن ۋە ياكى سېنى ئېلىپ كېتىۋاتقان تاكسىنىڭ رەڭدار ئەينە-كىدىن غىلپال كۆرۈپ قالغانسەن ، مەن ھەر كۈنى شۇ بېكەتتە ئۆيۈمگە قايتىش ئۈچۈن سۈكۈتتە تۇرىمەن . يەنە كىملەرنىدۇر ، نېمىلەرنىدۇر ئىزدىگەندەك ، دەم ئادەملەرگە ، دەم تاشقىنلىق ئاسفالت يولغا تىكىلە-مەن . بىر نەرسە مېنى ئارامسىزلاندۇرىدۇ ، ئۇ ئېھتىمال مېنى بۇ يوللارغا مەھكەم باغلىۋەتكەن ئۈمىدلەرنىڭ سۆرۈن تەشۋىشى بولسا كېرەك .

سېنى ئەسلىيەلمەيمەن ، سەن كۈلۈمسىرەپ ئۆتكەن ئاشۇ غىلپال ئىزگۇ دەقىقە ئاللىبۇرۇن ۋاقىتنىڭ ھېسابسىز دۆۋىلىرى ئارىسىدا كۆمۈ-لۈپ قالغاندۇر ۋە ياكى كۇرمىڭلىغان ئادەملەرنىڭ پەرقسىز بېقىشلىرى قاتارىدا خاتىرەمنىڭ قېلىن بەتلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەندۇر ، مەنمۇ ئۇنى تامام ئۇنتۇپ كەتكەندىمەن ، ئېھتىمال بىزنىڭ يەنە بىر نەچچە قې-تىملىق يولۇققان ۋە بىرگە تۇرغان چاغلىرىمىزمۇ باردۇر .

بىز بارچە ئادەملەرگە ئوخشاشلا قېلىن ـ قېلىن ھېسسىي خاتى-رىلەرنىڭ قاينامىلىرىدا ئېزىپ ـ ئادىشىپ يۈرگەندىمىز ...

ئەي ، تونۇش ھەم ناتونۇش گۈزەل قىز ، سېنى ئىزدىشىم ھاجەت ئەمەس ، سەن ئېھتىمال مەندە ياشاپ كېلىۋاتقانسەن ! مەن ۋىسال تاڭلى-رىغا زارىقىش مەۋقەسىدە كۈيلەر ساماسى تۈزدۈم . سەھىرىڭدە كۈيلە-رىمنىڭ رەڭدار نۇرلىرى بىلەن يۇيۇنۇپ يولغا چىقىۋەر . مۇڭلىرىڭنىڭ كۆل رەڭ كۆلەڭگۈسى يېشىل ئۈمىدلىرىمدىن ئۈنگەن تاتلىق قۇدرەت ئەۋجىدە سۈبھىدىكى غېرىبانە چۈشتەك توزۇپ تۈگەيدۇ . بىز يوللار تىلسىمىدا گىرەلىشىپ بارىمىز ، يوللارنىڭ سېھىرلىك دوقمۇشىدا تاسادى-پىي ئۇچرىشىپ قالىمىز . مەن بىر چاغلاردا ئەستىلىكلىرىمدە مەڭگۈلۈك بولۇپ قالغان ئاشۇ تونۇش كۈلۈمسىرەشلىرىڭ بىلەن قىزغىن سالاملار

قايتۇرىمەن ، يوقاتقانلىرىمىز ، ياق ، بەلكى قاراڭغۇ پىنھانلىرىمىزدا ساقلانغان دېرەكسىز ئامانەتلىرىمىز شۇ ئۇچرىششىنىڭ ئاتەشلىك ئەسنالىرىدا بىر ـ بىرلەپ ئۆزىمىزگە قايتىپ كېلىدۇ ھەم ئۆزىمىزدە زاھىر بولىدۇ . بىز ئاجايىپ سېھرىي مولـلۇقـتا جۇشـقۇن سىلكىنىمىز ، بارلىق غەلە ـ غەشلەر ياشلىقىمىزنىڭ يېشىل ياپراقلىرى ئۈستىدىن تىترەپ ـ تىترەپ يوقايدۇ . ئۇنىڭ ئورنىدا يوچۇن بىر مۇقەددەس قۇياشنىڭ خاسىيەتلىك نۇرلىرى مۇلايىم ـ مۇلايىم ئەركىلەيدۇ ...

## 7

باسقۇسى مۇساپىلەر ئۇپۇقنىڭ قات ـ قاتلىرىدىن ئۈزلۈكسىز تۇغۇلۇپ بارماقتا . بۇگۈنكى مەن ئەتىكى ساڭا تەلپۈنمەكتىمەن . ئىچكى سېزىملىرىم بىلەن كۆرگەن سۆيۈملۈك دوقمۇشلىرىمنى سەيلە قىلغۇم كەلدى . ۋۇجۇدۇم ئىنىق ـ ئىنىقسىز غايەت مۇقەددەس تۇيغۇلارغا تامام ئەسىر بولدى ، ناخشىدەك جاراڭلاپ ، نۇردەك يورۇپ كېتىۋاتىمەن ... بۇ ، تەڭرىنىڭ تەقدىر پىنھانىدىن ھاياتىمغا شۇئىرلاپ ئېيتقان ۋەھىيلىك ناخشىسىمۇ ياكى ھاياتىمنىڭ تەنها ياپراقلىرىغا پىنھانە چاچقان سېھىرلىك نۇرمۇ ۋە ياكى ئۇ مەڭدىن يارالمىش تىلسىملىق يوللارنىڭ يوچۇن خىسلەت ـ خاسىيەتلىرىمۇ ؟!

دۇنيا زامانلار بوشلۇقىدا ئۆركەشلەيدۇ . ئادەملەر توپى يوللار تىلسىمىدا سىلكىنىدۇ . سىلكىنىشتىن ئىنسان خىسلەت ـ خاسىيەتلىرىگە مۇناسىپ نۇر ـ ئۇچقۇنلار چاچرايدۇ . كائىنات بوشلۇقىدا ئەلمىساقتىن بېرى ئىنسان باللىرىغا سېھرلىك ئارمانلارنى ، رەڭدار ئۈمىد ـ ئىستەكلەرنى ۋە قايناق ھەرىكەتلەرنى بەخش ئېتىپ كەلگەن نۇرلۇق قەدىمى سامان يولى ھەم يالقۇنلۇق قەدىمى ئۇپۇق ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك تەبەسسۇمى بىلەن كۈلۈمسىرەيدۇ . شۇنداق ، بارلىق مۇقەددەسلىك يوللار دوقمۇشىدا تۇتاشقان ، نۇر خاسىيىتىدە سۆيۈشكەن ئادەم ھەم ئالەم روھىغا مەنسۇپ !

( «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

# يۇرۇڭقاش دەرياسى

ئابدۇللا مەتسېيىت

مېنىڭ تەپەككۇر قۇشۇم سېنىڭ ئاسمىنىڭدا پەرۋاز قىلىپ زۇمەرەت قەترىلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بەھەيۋەت دولقۇنلاردىن زوقلانماقتا . سېنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا يىلان باغرى سوزۇلغان سىمابتەك غۇبارسىز ئېقىنىڭ بىھېساب مۆجىزاتلارنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى . سېنىڭ ھېممىتىڭدىن بەھرى ئالغان خەلق سېنى چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن تىلغا ئالىدۇ ، سەندىن پەخىرلىنىدۇ .

ئېھ ، سۆيۈملۈك يۇرۇڭقاش دەرياسى ! بىر زامانلاردا بوۋام سېنىڭ ھاياتبەخش سۇپسۈزۈك سۇلىرىڭنىڭ بەركىتىدە تۇنجى ئۇجمە دەرىخىنى تىكىپ ئۆستۈرۈپ ، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىدا پىلە بېقىپ يىپەك تارتىپ كارۋان بۇيۇكىنىڭ مۇھىم تۆگۈنىنى بەرپا قىلغان ئەمەسمىدى ؟

سېنىڭ خۇددى مېھرى ئىسسىق ئانىلارغا ئوخشاش باغرىڭدا يېتىلگەن ياقۇتتەك سۇپسۈزۈك قاشتېشىڭ جاھانغا مەشھۇر . تارىختىن بۇيان ئەجدادىمىز ئۆزىنىڭ قەلبىدەك غۇبارسىز بۇ قاشتېشىدىن ئاجايىپ نەپىس بۇيۇملارنى ئويۇپ ياساپ ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى ۋە ھۈنەر سەنئىتىنى نامايان قىلىپ ، جاھان مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى . بۇمۇ سېنىڭ ھىممىتىڭ ئەمەسمۇ ؟

سېنىڭ ھاياتبەخش دولقۇنلىرىڭنىڭ بەركاتىدىن كەڭ دالىدا يېشىل مەخمەلدەك پايانسىز ئوتلاقلار بىنا بولۇپ ، ئۇنىڭدا بەھۇزۇر يايرىغان قوي پادىلىرىنىڭ يۇڭىنى ئەشيا قىلىپ ، ماھىر قوللاردا ئىشلەنگەن نەپىس ، رەڭدار گىلەملىرىڭ ساھىلىڭدا ياشىغان خەلقنىڭ پاراسەتلىك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرمامدۇ ؟!

ئېھ ئەزىم دەريا ، مېنىڭ ئالتۇن بۆشۈكۈم ، سېنىڭ شاپائەتلىك دولقۇنلىرىڭنىڭ خالىس ھىممىتىدىن ئەسىرلەر بويى ئۇيقۇدا ياتقان بىپا-

يان چۆل - جەزىرىلەر ئويغىنىپ ياپيېشىل تون كىيدى. ئۇنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان جىلۋىسىدىن سۆيۈنگەن ئۇچار قۇشلار خۇشال سايرىشىپ تەنتەنە ناۋالىرىنى ياڭراتتى. كۆكلەم بەزمىسى پەلەككە يەتتى.

ئېھ، مېنىڭ ئەقىللىق بوۋام، سەن شۇنچىلىك پاراسەتلىكسەنكى، سەن ئۇرغان مىتىنىڭ ھەربىر ئىزلىرى كوھمارىم غارىدا مەڭگۈلۈك ئابىدە سۈپىتىدە جۇلالىنىپ، كىشىلەرگە روھىي رىغبەت بېغىشلىماقتا. بىر زامانلاردا باشقىلار سەندىن ئىلىم - مەرىپەت، مەدەنىيەت ۋە ھۈنەر - سەنئەت ئۆگەنگەن، چۈنكى بۇ يىپەك ۋادىسىدا ھۈنەر - سەنئەتلىك ھايات خېلى بالدۇر گۈزەل ۋە قايناق تۈسكە كىرگەندى.

ئېھ، ئەزىم دەريا! سېنىڭ ئېچىنىشلىق تارىخىڭمۇ بار، بىر زامانلاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ قان - يېشى سېنىڭ ئېقىنىڭغا قوشۇلۇپ، دەرد پىغان ۋە غەزەپ دولقۇنى ھاسىل قىلغانىدى. باغرىڭ سولغۇن، پارە ئىدى. ساھىلىڭدا ئۆسكەن كۆجۈم ئورمانلار قۇرۇپ قاقشال بولۇپ، بويلىرىڭدىكى چىمەنزارلار چەيلەنگەنىدى، سەن باھارغا شۇنچە ئىنتىزار ئىدىڭ ...

ساڭا ئاخىر مەڭگۈلۈك باھار چىراي ئاچتى. سەن قايتىدىن جانلاندىڭ، دولقۇنلىرىڭ كۈۋەجەپ مەۋج ئۇرۇپ، بىر يېقىملىق لىرىك كۈي ياڭراتماقتا. سەندىن ھۈزۈرلانغان كەڭ دالا باھار ئاپتىپىدا يېشىللىققا پۈركەندى، ساھىللىرىڭ قايتىدىن گۈزەل تۈس ئالدى. ئېھ، يۇرۇڭقاش دەرياسى! شوخ دولقۇن ياساپ ئاق، ھىممىتىڭدىن ياشنىسۇن ھەممە ياق!

( « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

# يىللار ۋە ئادەملەر

— يېڭى يىلغا بېغىشلايمەن

ئەنەيتۇللا قۇربان

يىللار سۈرئەتمۇ ، رىتىممۇ بۇرادەر ؟ ياق ! يىللار ئادەملەرنىڭ قىمىرلىشى ، يۈرەكلەرنىڭ تېپىرلىشى ، قەلبلەرنىڭ قەلبلەرگە ئۈمىدلىك شىۋىرلىشى ، كۆزلەرنىڭ كۆزلەرگە پىچىرلىشى ، سۆزلەرنىڭ سۆزلەرگە ئاپتاپتەك قونۇشى ...

يىللار تارىخمۇ ؟ ياق ـ ياق ! يىللار ئادەم ، تارىختا مەنا بەرگەن ئاشۇ ئادەملەر ! ئۇنىڭغا قات ـ قات پۈتۈلۈپ كەتكەن ، ھەر قۇرغا ، ھەربىر بېتىگە نېمەتلىرى بىلەن ، ياراتقان قىممەتلىرى بىلەن بىللە كۆيۈپ ، بىرگە نۇرلىنىپ پۈتۈلۈپ كەتكەن ئاشۇ ئادەملەر .

يېڭى يىل قەدىمي ئورمان چۈشلىرىگە ئاققان يۇلتۇزمۇ ؟ ياكى تۇمانلار باغرىغا بالا تاشلىۋەتكەن چاقماقمۇ ؟! ياق ، ياق ! ئۇ ، ئادەملەر قەدىمدىن تۆكۈلگەن رىتىم ، ئورمانلار نوقۇپ ئويغىتىپ قويغان ؛ ئۇ بۇلۇتلار باغرىنى ئارىلىغان ئوتلۇق ئېقىم ، ئادەملەر يۈرىكىنى پارچىلاپ قۇياش روجەكلىرىنى ئىزدەپ ماڭغان . شۇنداق ، قۇياشنىڭ تېنىقى ، قەلبلەر رىتىمى ، زېمىننىڭ تۇغۇلىشى ، ئادەملەرنىڭ تىلەكلەرگە تولغىنىشى ، ئازۇلارغا ئويغىنىشى ، ئارمانلار ئۇچۇن كۆيۈشى ئاشۇ يىللار .

يېڭى يىل يۈرىكىڭدىن سىرغىۋاتقان ، تومۇرىڭدا ئېقىۋاتقان ، زېمىنغا سىڭىۋاتقان ناخشىمۇ ؟ شۇنداق بۇرادەر ، شۇنداق ، ئىككىمىزنى تەشنا قىلغان ئۈمىد ، سەگەك قىلغان تىۋىش ، چاڭقاق دىلنى چەشمە قىلغان كۈلۈش ، قاراڭغۇدىكى ئالدىنىش ، تەمتىرەشتە نىشان بولغان يېنىش شۇ .

كېلىۋەر يىللار ، كېلىۋەر ! بوۋاقلارنىڭ ئاچچىق يىغلاشلىرى ، ۋىلىق - ۋىلىق كۈلۈشلىرى ، تايتاڭلاپ مېڭىشلىرىمۇ ساڭا كۆنۈپ قالدى . باللارنىڭ تاتلىق قىلىقلىرى ، گۈزەل تىلەكلىرى سېنى سېغىندى . ئۆسمۈرلەرنىڭ يۈرەك سۆزى بار ساڭا ئاتىغان ، قېنىپ - قېنىپ كۆرۈۋال ! ئەي يېڭى يىل ، ياشلىقنىڭ شېرىن شۇئىرلىشى سېنى تونۇتاتتى ، ياشلىقنىڭ تۈنگە ياققان مەشئەللىرى سېنى ئويغاتتى . بىلىۋاتىمەن ، سەن شۇ يەردە تۇرۇپ قالماقچى، ياشلىقنىڭ ساڭا ئاتىغان تۈنەكلىرىگە قانماقچى بولدۇڭ .

يۈر يىللار ، يۈر ! مەن سېنى تۈنجى سەھىرىڭگە باشلاپ باراي . سۈبھى تۈنەكلىرىنى ئۈزۈن دۈئالىرىدا ياراتقان دېھقان ئېتىزىغا قاراپ ماڭدى . ئۇ سېنىڭ تۈنجى ئۈمىد ، تۈنجى ئىزىڭنى ئېتىز باغرىغا سالدى . كۆرۈۋاتامسەن ؟ يېڭى يىلنىڭ يېڭى تۈيغۇسى ، يېڭى تىلىكى ۋە يېڭى - يېڭى يۈكلىمىسدە كان ئاستىغا يەنە بىر كۈنلۈك ئىش ئۈچۈن ماڭغان ئىشچىنى ؟ قارا ئالتۇن يالقۇنىدا مېھرىڭنى كۈلدۈرگەن ، ئارمانلىرىڭنى چېچەكلەتكەن ، يۈرىكىڭنى قۇياشتەك جۇلالاتقان شۇ قارا ! ئاشۇ جاپاكەشلەر ، تاغدەك غەملەردە يەنە قىيادەك قەد كۆتۈرگەن ئاشۇ غالىبلار سەن ئۈچۈن تۈنجى پېچقا ئوت ياقتى ، يەنە بىر شۆھرەت قۇدۇقىغا بۇرغا سالدى ، جازىبىدار تونلارنى توقۇپ ، تۈنجى كۈنۈڭنى قۇتلۇقلاپ ئۈستۈڭگە ياپتى . يىراقتىن ناخشا ئاۋازى كېلىۋاتىدۇ ، كۈي تاراۋاتىدۇ . ئاڭلا ! سەنئەتكارلار ساڭا ئاتاپ سورۇن تۈزدى ؛ شائىرلار يېڭى قىسسە ، داستانلارغا قەلەم چاپتۇردى ؛ ئىجادكارلار ، كەشپىياتچى ، ئەقلدارلار يېڭى مۇساپەڭ ، بۈيۈك شۆھرىتىڭ ، تەڭداشسىز قۇدرىتىڭ ئۈچۈن ئىختىرا دېڭىزىدا دولقۇن يېرىپ ئۈزدى ...

ئەي يېڭى يىل ! سېنىڭ كېلىشىڭگە پاياندار ، كۆكلىشىڭگە يىلتىز ، ئىللىشىڭغا قۇياش بولغانلار ، سېنى كۈتىدىغانلار مۇشۇ يەردە ، مۇشۇ ئادەملەر ...

( « ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى » دىن ئېلىندى )

# ئانا تىلىم

ئىبراھىم ئالىپ تېكىن

مەيلى ، قايسى تىلدا زوق ئالسا ھەر كىم ،
مېنىڭ ئۆز تىلىمغا جېنىم مىلىڭ پىدا .
ئەگەر ئانا تىلىم يوقالسا ئەتە ،
مەن بولاي بۈگۈنلا جېنىمدىن جۇدا .
—— رەسۇل ھەمزەتوف

مەن تۇغۇلدۇم ، دادام مېنى « ئۇيغۇر » دەپ ئاتىدى .
مەن تۇغۇلدۇم ، دادام مېنى « ئون غۇز » دەپ ئاتىدى .
مەن دادامنىڭ مۇقەددەس يېرىدە ، ئانامنىڭ مېھرىبان قۇچىقىدا بۇ ھاياتلىقنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق بازىرىغا ئاپىرىدە بولدۇم . مەن بۇ بازاردا مىليون خەلقنىڭ مۇھەببەتلىك قەلبىگە سىڭىپ كەتتىم ، ئۇلار مېنى قايناق گۈزەل سۆيگۈسى بىلەن پەپىلەپ ، بۈيۈك غۇرۇرى بىلەن قاتارغا قوشتى . مەن چوڭ بولۇۋاتىمەن . شۇنداق ، ھايات ۋە ماماتلىق ئىچىدە ئۆسۈۋاتىمەن . ئۇلار ماڭا : « ئوغلۇم ، ئالدىڭغا قارا ، كۆزۈڭنى ئاچ » دەپ گەپ قىلغاندا ، مەن ئۈگىدەك باسقان روھىمغا سوغۇق سۇ چاچقان ، روھىم مېنى مەڭگۈ ئەركىنلىكنىڭ يېشىل باغچىسىغا باشلاپ باردۇ .
كېتىۋاتىمەن . يولدا ئۇچرىغان بۇ كىشىلەر مېنى چۈشىنىدۇ ، بىز ئۆزئارا سۆزلىشەلەيمىز ، مەن ئۇلارنى چۈشىنىمەن ، گەرچە ئۆيىمىز باشقا ـ باشقا بولسىمۇ بىز كۆرۈشەلەيمىز ، بىزنى سۆزلەشتۈرگەن ، بىزنى كۆرۈشتۈرگەن پەقەت بىزنىڭ ئانا تىلىمىز !
مەن قۇمساڭغۇ تۇپراقنىڭ چىملىق ساھىلىدا « چىم ـ چىم » ئويناۋاتقان سەبىي باللارنى ھەر قېتىم ئۇچراتقىنىمدا چەكسىز سۆيۈنۈپ كېتىمەن . مەن ئۇلار بىلەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سۆزلىشىمەن ، ئۇلار بوۋ-

لىرىدىن ئاڭلىغان ئەپسانىۋى ھېكايەتلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ . ئۇلارنى ئاشۇنداق گۈزەل تىلدا سۆزلەتكەن مېنىڭ ئانا تىلىم .

جەڭگاھتا يۈز ـ كۆزى قانغا مىلەنگەن سەركەردە قۇچىقىمدا جان ئۈزدى . ئۇنىڭ تىنىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىپى ئۈزۈلگىچە سۆزلىگەن سۆزى پەقەت مېنىڭ تىلىم . ئۇ مېنىڭ تىلىمدا مەن بىلەن يورۇق كۈندۈزدىمۇ ئوتلۇق سۆزلىشەلەيدۇ ، زۇلمەت كېچىدىمۇ سۆزلىشەلەيدۇ .

ئانا تىلىم ـــ ئانامنىڭ تىلى ، ئاتامنىڭ تىلى ؛ ئانا تىلىم ـــ ۋەتىنىمنىڭ ـــ تۇپراقنىڭ تىلى ؛ ئانا تىلىم ـــ دەريا ، دېڭىز ـ ئوكيانلىرىنىڭ تىلى ؛ ئانا تىلىم ـــ گۈل ـ گىياھ ، دەل ـ دەرەخلىرىمنىڭ تىلى ؛ ئانا تىلىم ـــ كۆك ئاسمىنىمنىڭ تىلى ، ھەممە ھەممىنىڭ تىلى ... مەن سۆيگەن ۋەتەن ، مەن سۆيگەن قىز ، مەن سۆيگەن ھەممە بىر ـ بىرىمىزگە ئۆز تىلىمىزدا مۇھەببەت بېرىمىز ، بىر ـ بىرىمىزنى ئۆز تىلىمىز بىلەن سۆيىمىز . بىزنىڭ ئارمانلىرىمىز ئانا تىلىمىزدا بايراق چىقىرىدۇ ؛ ئانا تىلىمىز بىزنى يۈكسەكلىككە ، ئۇلۇغلۇققا ئېلىپ چىقىدۇ .

كېتىۋاتىمەن . پۇت ـ قولۇمنىڭ مادارى ئانا تىلىمدىن كەلگەن . تار ، ئەگرى ـ توقاي يوللار مەن ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ، مېنىڭ باسقان ھەربىر قەدىمىمدە ئانا تىلىم بار . ئۇ مەن ئۈچۈن ئىرادە ، ئۇ ماڭا قانات ! مەن نەدە ياشاي ئۇ مېنىڭ يۈرىكىمدە ...

بوۋاقلىقىم ، يومران باللىق چاغلىرىم ، جۇشقۇن ياشلىقىم ، باتۇر قىرانلىقىم ، ساغلام قېرىلىقىم ... بۇ زەنجىرسىمان ھايات يوللىرىدا ئۇ ماڭا ھەمراھ ، ئۇ ماڭا باشپاناھ .

مەن ئانا تىلىمنىڭ كارامىتىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمەن ، مەن پەقەت باللىق چاغلىرىمدىن باشلاپ ئۆگىنىلگەن ئانا تىل بىلەنلا ئادەم قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىكى مىللىي غۇرۇر بۇلىقىنى ئاچالايمەن . ئېسىل پەزىلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇيالايمەن ، ئانا تىلىم ئارقىلىق بوۋام ئاپىراسىياپتىن تارتىپ نەۋرىگىچە ، شۇنداقلا بۈگۈننىڭ مەشئىلىنى كۆتۈرگۈچى مەردانە ئەزىمەتلەرنىڭ جەڭگىۋار ناخشىلىرىنى داۋام ئېتىمەن .

ئەي ، جاھان سەھنىلىرىدە قۇياشتەك نۇر ـ ئەنبەر تارقىتىۋاتقان ئانا تىلىم . سېنىڭ ئۆمرۈڭ ئۇزاق بولسۇن ، سەن بىزنىڭ ئەبەدىي قۇردىماس يېشىل دەرىخىمىز !
( « مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## ئېھ ، دوستلۇق

ئۆمەر ئابدۇللا

مەن ئېگىز جايغا چىقىپ ھايات سەپىرىدە بېسىپ ئۆتكەن يولغا نەزەر تاشلىدىم .

**1**

مەن ئۇخۇشسىزلىقتىن گاڭگىراپ قالغان ۋاقتىمدا بىرى كېلىپ ماڭا تەسەللى بەردى ھەم كەلگۈسى ئىقبالغا ئىنتىلدۇردى ...

**2**

مەن تاغدەك قىيىنچىلىق ئىچىدە بەستىمنى يادەك ئېگىپ ھەسرەتلىنىپ تۇرغىنىمدا ، بىرسى كېلىپ مېنى يۆلەپ مەندە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى چاقناتتى ...

**3**

مەن تۆت كوچا ئاغزىدا قاياققا مېڭىشىمنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرغىنىمدا ، قاياقتىندۇر بىر يېشىل چىراغ يېنىپ قالدى . مەن شادلىقتا شۇ ياققا قاراپ ماڭدىم .

## 4

مەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قېلىپ بېشىم پىرقىراپ تۇرغاندا ، بىر يەردە شام يورۇغى كۆرۈندى . مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ، ئاخىر يورۇقلۇققا چىقتىم .

## 5

پىژ ـ پىژ ئىسسىقتا تاماقلىرىم قۇرۇپ ھالسىزلىنىپ تۇرغىنىمدا ، بىردىنلا ئۇستۇمگە ئادەمنى ھۇزۇرلاندۇرغۇچى سايە چۈشتى ...

## 6

مەن خۇشاللىقتىن قىنقىنىمغا پاتماي ، شادلىق يېشىمنى تۆكۈپ تۇرغىنىمدا ، چىرايىڭدا كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك كۈلكە پەيدا بولدى ...

* * *

ئېھ دوستلۇق ، مېنىڭ ھەربىر ئىشقىمدا سېنىڭ قول ئىزىڭ تۇ-رۇپتۇ ، كەلگىن بىللە ياشايلى ، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن ...
سادايىمغا قۇلاق سال ؛ ياشا دوستلۇق !!!

( « تەڭرىتاغ » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

### تامچە

ئەزىز نىياز

مەن تۇرۇۋبا جۈمىكىدىن ساقىپ چۈشۈۋاتقان سۇ تامچىسىغا قاراپ

تـۇرۇپ قـالدىم . سۇپسۇزۇك سۇ تامچىسى بىر خىل رىتىمدا تامچىلايتتى .

خـىيالىمغا بىردىنلا كونىلارنىڭ « تامار ـ تامار كۆل بولار » دې-گەن ھېكمەتلىك سۆزى يەتتى . راست ، ھەيۋەتلىك ئۆركەش ياساپ ئې-قىۋاتقان دەريا سۈيى ئەنە شۇنداق تامچىلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟ ئېخ تامچە ، سېنىڭ ھەربىر تامـچىشىڭـدىن ئاجايىپ ھېكمەتلەرنى چۈشىنىۋاتىمەن ، ئىنـسانـلارنىڭ بىـلـىممۇ سۇنىڭ بىر تـامچە ـ بىر تامچىدىن توپلىنىپ كۆل بولغىنىغا ئوخشاش ئاز ـ ئازدىن كۆپىيىدۇ . ئىنسانىيەت دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالغان چوڭ ـ چوڭ ئىشلارمۇ كىچىك ئىشلاردىن مەيدانغا كېلىدۇ .

ئېھ ، تامچە ! مەن ساڭا چەكسىز ھۆرمەتتە قاراۋاتىمەن ، سەن غايە يولىدا قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىشنىڭ سىمۋولىسەن ، ئۆزۈڭ كىچىك بولساڭمۇ قۇدرەتلىك دېڭىزلارنى ھاسىل قىلالايسەن . سېنىڭ ھېكمىتىڭ مېنىڭ بىلىم ئېلىشىم ئۈچۈن ئۆرنەك . مەنمۇ ئۆگىنىشنى ئۇ-زۇلدۇرمەي داۋاملاشتۇرۇپ ، مول بىلىم توپلاپ ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بىر تامچە بولۇشنى خالايمەن .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## چۈنكى مەن « ئۆگىنىش ھەيئىتى »

تۇمارىس مۇرات

سىلەرنىڭ يادىڭلاردىن ئالىبۇرۇن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ، ئەمما مېنىڭ يادىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق . مەن « ئۆ-گىنىش ھەيئىتى » ، مەن ھېچقاچان ئۆزۈمنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۇنتۇپ قال-غان ئەمەس .

سىلەرگە مەلۇم ،مەن تۇيۇقسىز يېنىڭلاردا پەيدا بولۇپ ئۆگىنىش ئەھۋالىڭلارنى سوراپ قويىمەن . چۈنكى ، مەندىكى مەسئۇلىيەت تۇي-غۇسى مېنى شۇنداق قىلىشقا ئۈندەيدۇ . گەرچە مەن سىنىپتا چوڭ

ئىشلارنى قىلالمىسامىمۇ ، سىلەرنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرىمەن . چۈنكى مەن « ئۆگىنىش ھەيئىتى ».

بەزىلەرگە ئايان ، مەن ئۇلارغا پات ـ پات ئۆگىنىش توغرۇلۇق سۆزلەپ ، ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويىمەن . بۇ مەندىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى . چۈنكى مەن « ئۆگىنىش ھەيئىتى » .

دەرستە ئاجىزراق ئوقۇغۇچىلارغا ئايان ، مەن بەزىدە ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى سورايمەن . ئۇلارغا ئىلھام بېرىپ قويىمەن . ئۆزۈم سىنىپنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بولغىنىم بىلەن يەنە بىر بۇلۇڭدىكى ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىمەن . ياردىمىم كېرەك بولسا ياردەم بېرىمەن . بۇ مېنىڭ ھەرگىزمۇ ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلىشىۋالغىنىم ئەمەس ، بەلكى مەندىكى كىچىككىنە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى . چۈنكى مەن « ئۆگىنىش ھەيئىتى » .

بەزىدە سىنىپتىكى ھەيئەتلەرمۇ مېنى ئۇنتۇپ قالىدۇ . مەن ئۇلاردىن ئازراق خاپا بولسامىمۇ ، لېكىن بەزىدە سىنىپ ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ ئۆزۈمنىڭمۇ سىنىپ ھەيئىتى ئىكەنلىكىمنى ئۇلارنىڭ سەمىگە سېلىپ قويىمەن . چۈنكى مەن « ئۆگىنىش ھەيئىتى ».

بەزىدە ئۆزۈمچە ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىمەن . سىنىپىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىتى توغرۇلۇق ئويلىنىپ قالىمەن . ئويلىغانسېرى ئىچىم پۇشىدۇ . چۈنكى ، سىنىپىمىز بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قالدى . بەزى ياخشى چارىلەرنى ئويلاپ تېپىپ ، سىنىپقا بېرىپ ساۋاقداشلارغا دېيمەن ئەلۋەتتە ، بۇ چارىلەرنىڭ ھەممىسىلا توغرا بولۇشى ناتايىن . شۇڭا ، بىر قىسىم ساۋاقداشلار مېنىڭ كۆڭلۈمگە كېلىدىغان گەپلەرنى قىلىدۇ . مەن ئۇلاردىن ئاغرىنمايمەن ، چۈنكى مەن « ئۆگىنىش ھەيئىتى » .

قايسىبىر خاتىرىسىنى يوقاتقان ئادەم خاتىرىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى خالىمايدۇ ؟ قايسىبىر رولىنى يوقاتقان ئادەم قايتىدىن باش كۆتۈرۈشنى خالىمايدۇ ؟ بەلكىم بۇنىڭغا سىلەر « خالىمايدىغان ئادەم يوق » دەپ جاۋاب بېرىشىڭلار مۇمكىن . ئەمما مانا مەن خالىمايمەن . ساۋاقداشلارنىڭ نەزىرىدە مەن « ھەيئەت » ئەمەس . مەن ئۇچۇن

سىنىپ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ، پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۇلار ئۈ-
چۈن ئارتۇق ئىشقا ئارىلىشىۋالغانلىق ، چۈنكى مەن « يارىماس
ئۆگىنىش ھەيئىتى » .

( « ئىجادىيەت ۋە ئۇچۇر » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى ») .

## شام

ئابدۇرېشت سەلەي

چارچىغان قۇياشنىڭ كۆزى قىزىرىپ ، قارلىق تاغقا باش قويدى . غەرب ئۇپۇقى چوغدەك تاۋلىنىپ ، بۇلۇتلارغا قىزغۇچ ھەل بەردى . چېچەكلىك باغلار ، تېرەكلىك يوللار ، زۇمرەت دەريالار كەچكى شەپەق قىزىللىقىدا ئوتقاشتەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى .

ئادىتىم بويىچە كەچكى تاماقتىن كېيىن ئۆستەڭ بويىنى بىر ئاز ئايلاندىم ، بارا - بارا ئەتراپقا گۇگۇم چۈشۈپ ، تۈن قاراڭغۇ پەردىسىنى ئالەمگە يايدى .

مەن ئۆيگە كىرىپ سەرەڭگە ياقتىم - دە ، شامنى يورۇتتۇم . يېگىرمە سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ، قوي يېغىدەك ئاپئاق ، قاش تېشىدەك سۈزۈك شام نۇر چېچىپ كۆيۈشكە باشلىدى . مەن شائىرانە خىيال ئىلكىدە جۇلالىنىپ يېنىۋاتقان شامغا تىكىلىپ چوڭقۇر ئويغا چۆكتۈم ...

ئەھ ، شام ! نېمىدېگەن ئېسىل خىسلەتلىك مەشئەلسەن ! سېنىڭ يورۇقۇڭدا قانچىلىغان پەن ئالىملىرى تۈنلەرنى بىدار ئۆتكۈزۈپ ۋەتەن ئۈچۈن ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ، كەلگۈسى ياش ئەۋلادلارنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن تەپەككۇر دېڭىزىدىن گۆھەر سۈزۈپ نى - نى ئۇلۇغ كەشپىياتلارنى يارىتىدۇ - ھە ؟ قانچىلىغان ئوت يۈرەك يازغۇچى - شائىرلار يالقۇنلۇق ئىلھاملار ئارا تەسىرلىك ئەسەرلەرنى يارىتىپ تۈنلەرنى تاڭغا ئۇلايدۇ - ھە ؟ قانچىلىغان مۇنەۋۋەر باغۋەنلەر سېنىڭ يورۇ-

قۇگــدا دەرس تەييارلاپ ياش ئەۋلادلارنىڭ قەلبگە ئىلىم ــ پەن نۇرلىـ
رىنى چاچىدۇ !

سىنىڭ ئىرىگەن مايلىرىڭ ئىجادچان ئالىم ، يالقۇنلۇق شائىر ، ئىشچان باغۋەنلەرنىڭ پىشانىسىدىن ئاققان خاسىيەتلىك تەر تامچىلىرىـ
غائوخشايدۇ . سەن ئۆز يورۇقۇڭ بىلەن تۈنلەر ئارا بىدار كەشپىياتچىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا نۇرلۇق شولا چېچىپ ، ئاخىر كۆيۈپ ــ كۆيۈپ بەخـ
تىيار تەبەسسۇمدە ئۆز ۋەزىپەڭنى شەرەپ بىلەن ئادا قىلىپ ، ئاستا ــ ئاستا كۆزۈڭنى يۇمىسەن !

ئىـھ ، شـام ! مەنمۇ ئۆز ھاياتىم شامىنى ۋەتەن خەلقىنىڭ بەخت ــ سـائادىـتى ئۈچۈن ياندۇرۇپ ، زاماندا شلىرىم قەلبىنى ئىلىم ــ ھېكمەت نۇرى بىلەن يورۇتۇپ ، ساڭا ئوخشاش ئۆز ۋەزىپەمنى شەرەپ بىلەن ئادا قىلىپ ، بەختىيار تەبەسسۇم بىـلەن ئالەمـدىن ئارمانسىز كېتىشـنى خالايمەن .

( « قەشقەر ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى ) .

## سەبىي ئارزۇ

سەبىھە

خـيال كەپتىرىم كۆپكۆك ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا باشـ
لىـدى . مەن كىم ؟ مېنىڭ ئەجدادلىرىم كىم ؟ ... ھاياجانلانغانلىقىمدىن ئۆزۈمـنى باسالماي قالدىم . چۈنكى ، مەن بايىقى تېگى يوق سوئاللارغا ھەقىقىي توغرا جاۋاب تاپقانىدىم .

مـەن « مـەھمۇت بوۋامنىڭ ، يۈسۈپ بوۋامنىڭ پۇشتى . بۇلارمې
نىڭ ئەجدادىم » .

تۈيۇقسىز قۇلىقىمغا ئاجايىپ يېقىملىق مۇزىكا ئاڭلىنىشقا باشلىـ
دى . نېمىدېگەن يېقىملىق ، نېمىدېگەن لەرزان ، نېمىدېگەن جۇشقۇن مۇزىكا ــ ھە . ھوي ئەسلىدە بۇ يېقىملىق ناخشا ــ مۇزىكىلار خانىش ئاـ

مانىنساخانىنىڭ ساتاردا ئىجتىھات بىلەن چالغان « ئون ئىككى مۇقام » ى ئەمەسمۇ ؛ كىشىنىڭ قەلبىنى نېمىدېگەن لەرزىگە سالىدۇ ــ ھە !

« ئون ئىككى مۇقام » نىڭ ھارارىتى تېنىمگە ئېقىپ كىرگەندەك بولدى . كۆزۈمنى ئەتراپقا يۈگۈرتتۈم ، تامدىكى ئېسىقلىق سۈرەتلەر تو-لىمۇ گۈزەل ئىدى . تۈرپاندىكى « قەدىمي شەھەر » ، كۇچا تاش كې-مىرلىرى ، نىران ، كىروورەن خارابىلىرى ، ھونگان ، ئالتاي ، تەڭرىتاغ-لىرىدىكى قىيا تاش رەسىملىرى ، ئۈرخۇن ، ئانساي دەريا ۋادىلىرىدىكى مەڭگۇ تاشلار ... مانا بۇلار مېنىڭ ئەجدادلىرىم مەدەنىيىتىنىڭ شەجەرى-لىك ساقىندىلىرى .

ئەينى دەۋردىكى سىنىپىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى كۈرەش قىلغان باتۇر ئەزىمەت سادىر پالۋان ، نۇزۇگۇم ، رىزۋان-گۈللەر مېنىڭ پەخىرلىك بىلەن تىلغا ئالىدىغان ئاكا ـ ھەدىلىرىمدۇر .

مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر قىزى ئىكەنلىكىمدىن چەكسىز ئېپتىخارلى-نىمەن ، چەكسىز پەخىرلىنىمەن . ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ياشىغان ئەنە شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي رېئاللىق ئۇستىدىن غالىب كەلگەنلىكىگە قايىل بو-لىمەن ھەم ھەيران بولىمەن ، ئۇلاردىكى جاسارەت ، ئۇلاردىكى ئۇلۇغۋار روھنى ئۆزۈمدە يېتىلدۈرۈشكە قەتئىي تىرىشىمەن .

( « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## ھايات مەنتىقىسى

ئايىمنىسا مەتسالى

ئاھ ھايات ، قىسمەتلىرىڭ نېمانچە سىرلىق ، ھايات كەچمىشلى-رىمنى ئويلىسام بەزىدە كۈلگۈم كېلىدۇ ، بەزىدە بۇقۇلداپ يىغلىغۇم كېلىدۇ . يەنە بەزى ۋاقىتلاردا جاھاندىكى ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي ، ئۈن ــ تىنسىز يۈرگۈم كېلىدۇ . ئېھ ھايات ، سەن نەقەدەر چۈشىنىكسىز ــ ھە ! ئىنسانىنى بەزىدە كۈلدۈرۈپ ، بەزىدە يىغلىتىش

بەلكىم سىنىڭ مەنتىقەڭدۇر . مېنى بەختىنىڭ ئىللىق قوچىقىدا ئەللەيلە-
تىپ ، شېرىن « چۈش » لەر بىلەن كۆلدۈرۈپ ، خۇشاللىق دەريالىرىدا-
يايرىتىپ ، خۇشپۇراق گۈللەردەك ياشناتقان چاغلىرىڭدا سەندىن ئاجا-
يىپ رازى بولىمەن ، سۆيىمەن . هايات نېمىدېگەن گۈزەل ، كىشىلىك
دۇنيا ، تۇرمۇش نېمىدېگەن گۈزەل ! ــ دەپ بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىغۇم
كېلىدۇ . تۇرۇپلا مېنى ھەسرەت ــ نادامەتنىڭ چوڭقۇر پاتقاقلىرىغا پات-
قۇزۇپ ، ئازاب ــ ئوقۇبەت دېڭىزىغا تاشلايسەن ، بۇنداق چاغلاردا سەن-
دىن زارلىنىمەن ، هايات نەقەدەر قورقۇنچلۇق ، دەپ ئۈمىدسىزلىنىمەن .

مۇشۇ تەرىقىدە خېلى كۆپ يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ ، ئەمدىلەتىن ئەقلىمنى تېپىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىغىنىمدا ، بۇ قاراشلىرىم پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ چىقتى . ئەسلىدە هايات قورقۇنچلۇق ئەمەس ، هاياتتىكى كىشىلەر قورقۇنچلۇق ئىكەن ، ئىنسان هەر قانداق شەيئىگە ئەقىل كۆزى بىلەن قاراپ ، ئادىل مۇئامىلە قىلىشى ، بەختكە ئېرىشكەندە ئارتۇقچە مەست بولۇپ هاياجانلىنىپ كەتمەي ، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ئۆزىنى يوقىتىپ تەلۋىلەرچە ۋايساپ يۈرمەي ، هەرقانداق چاغدا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن ياشاشنى ئۆگىنىشى لازىمكەن . شۇنداق قىلغاندىلا ، هاياتنىڭ هەقىقىي قىممىتىنى تونۇپ يەتكىلى بولىدىكەن .

( « تارىم » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## شەبنەم روهى

ئايگۈل روزى

باهاردا ئالتۇن قۇياشنىڭ نۇرلىرى ئانا زېمىننى قىزىللىققا پۈركەگەندە شەرقتىن كېلىۋاتقان لېۋەن تاڭ شامالىرى مەڭزىمگە سۆيۈپ ، گۈزەللىك ئىلاهى چېكە چاچلىرىمنى مېهرى بىلەن سىلاپ ، كۆيچى بۇلبۇللار مۇڭلۇق ناخشىسى بىلەن يۈرەك هېسلىرىمنى ئويغىتىپ مېنى گۈلباغقا ئېلىپ كىردى .

ۋاھ ، نېمىدېگەن ياخشى !

بۇگۈن سەھەردىكى گۈل سەيلىسى ماڭا ئادەتتىن تاشقىرى كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى . مەن چەكسىز بەخت ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ ، ھاياجان بىلەن گۈللەرنىڭ ھەربىر ياپراق ، ھەربىر غۇنچە ، ھەتتا قات - قاتلىرىغىچە زوقلىنىپ تەپەككۇر كۆزلىرىمنى يۈگۈرتۈشكە باشلىدىم ...

راست ، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ باھار پەسلىدە بوستان چاچلىرىنى كوكۇلا ئۆرۈپ ، يارىشىملىق دوپپىلار بىلەن چېكىسىگە گۈل قىسىۋالىدىغان ئادىتى بار ئەمەسمىدى ؟

مەنمۇ دەل شۇنداق قىلماقچى بولۇپ چىرايلىق ئېچىلغان بىر تال قىزىلگۈلنى ئۈزۈۋشۇمگىلا ئىككى تامچە سۈزۈك شەبنەم گۈل بەرگىلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چۈشتى . كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ۋاقىتتا تۇپراققا سىڭىپ كەتتى . مەن ھەيرانلىق ھەم ئەجەبلىنىش تۇيغۇسى بىلەن شەبنەمگە نىدا قىلدىم :

— ئەي گۈزەللىك گۈلشەنىنىڭ گۈلى ، ئالەمچە خىسلەتنىڭ ئېگىسى شەبنەم ! سەن كېچىچە گۈل قاتلىرىنى يۇيۇپ ، نۇر - زىيا تۆكۈپ گۈلنى كۆز قاماشتۇرغۇدەك جازىبىدار قىلدىڭ ! مانا ئەمدى زېمىن باغرىغا تۆكۈلۈپ ، تۇپراقنىڭ چاڭقاش - تەشنالىقلىرىنى قاندۇردۇڭ ! دېمەك ، سەن گۈزەللىك ئۈچۈن ئاپىرىدە بولۇپ گۈزەللىك يولىدا قۇربان بولدۇڭ !

بۇ نېمىدېگەن ئالىيجاناب خىسلەت - ھە !

ئاھ ، شەبنەم ، مەن سېنىڭ روھىڭدىن مېۋە ئانىسى چېچەكنى كۆردۇم . جىسمىڭدىن قەدىردان ئۇستازىمنىڭ ئىزناسىز يوقالغان ياشلىق باھارىنى تاپتىم .

شەبنەم !

سەن چۈشكەن يەردىن غۇچچىدە لەيلىقازاقلارنىڭ ئۈنگەنلىكىنى ئۆز ئەقلىم بىلەن ئېنىق بايقىدىم . سېنىڭدە يىلتىز خىسلىتى بارلىقىنى سەزدىم !

ئېھ ، قاشتېشىدەك سۈزۈك شەبنەم ، سەن ئاشۇ سۈزۈكلۈكۈڭ

بىلەن ساپلىق ۋە پاكلىقنىڭ سىمۋولى ! جىمغۇرلۇقۇڭ بىلەن تىنچلىقنىڭ شاھىدى ! گەرچە سېنىڭ كۆرىدىغان ئۆمرۈڭ تولىمۇ قىسقا بولسىمۇ سەن ئۇنى ناھايىتى مەنىلىك ئۆتكۈزدۈڭ !

شەبنەم — سەن نامسىز قەھرىمان ! مەن سېنى ئۆمرۈم بويى مىسلىسىز نازاكەت ۋە گۈزەللىكنىڭ جەسۇر كۈيچىسى سۈپىتىدە مەدىھ-يىلەيمەن . سېنىڭ روھىڭ بىلەن توختاۋسىز ئالغا باسىمەن !

( « يېڭى قاشتېشى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## سېغىنىش

خالىدەم ئەمەت

نەمخۇش قەبرە بېشىدا قانچىلىك ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن ، كۆزلىرىمدە يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياش ...

دادا ، سىز ھايات ۋاقتىدا ئىسسىققىنا بىر پىيالە چاي قۇيۇپ بې-رەلمىگىنىمگە تولىمۇ ئۆكۈنىمەن . سىزنىڭ قىلغان نەسىھەتلىرىڭىزنى ئاڭلىماي ، ئۆزۈم بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ سىزنى قاقشاتقانىدىم ... ئا-نىمىزنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۈرمەستىن ئاجايىپ كۆيۈنۈپ بىزنى تەربىيە-لىگەن ئىدىڭىز . ئۆزىڭىز بىلەن كارىڭىز بولماي ، بىزنىڭ غېمىمىزنى يەيتتىڭىز ، بىز شۇنداق بىغەم ، ئاتا - ئانىمىز شۇنداق ھېسابسىز بايدەك چوڭ يەپ - چوڭ سۆزلەپ يۈرەتتۇق .

ئاھ ! قېنى شۇ چاغلار ؟! ئارىمىزدىن غايىب بولۇپ كەتتىڭىز .

كوچىلاردا ، يوللاردا سىزنى ئىزدەيمەن . يولۇچىلار ئاپتوبۇسىدىن چۈشۈپ قالارمىكىن دەيمەن . يىراقلارغا كېتىپ قالدىمىكىن دەيمەن . لېكىن ، بۇ بىر خىيال ئىكەن ، دادا ...

ئاھ دادا ! ئەمدى ئەقلىمغا كەلگەندە بولسىڭىز نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە ؟ كونىلارنىڭ « ياخشىغا كۈن يوق ، يامانغا ئۆلۈم » دې-گەن ماقال - تەمسىلى ھەقىقەتەنمۇ توغرا ئېيتىلغانىكەن ، سىزدەك بىر

غايىلىك ، شىجائەتلىك ئوغلان كېتىپ قالدى . ھەر يىلى قۇربان ھېيت ، روزى ھېيت بولسا سىزنى كۈتىمەن . ھېيت تۈگىگۈچە كۈتىمەن . بىراق ، سىز يوق ... بۇ راستىنلا ئوغمىزمىدۇ ؟ سىز راستىنلا بىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلدىڭىزمۇ ؟ ھەرقانداق ئىشتا چاندۇرماي ، بىزنىڭ تىلەمىزنى ئۇزۇن قىلىدىغان دادا ، سىز راستىنلا بىزنى تاشلاپ كەتتىڭىزمۇ ؟ ھەرگىز ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ . سىز خىيالىمدا يىراق بىر جايغا كېتىپ قالغاندەك ، ھامان بىر كۈنى كېلىدىغاندەك ...

ئاھ ، ئاتا ، سىزنىڭ ماڭغان يولىڭىزدا مېڭىپ ، ئاشۇ تەۋەررۈك قىزىڭىزنى ئوبدان تەربىيلەپ ، سىزگە ئوخشاش ۋەتەن ـ خەلققە يارامىلىق ئوبدان ئادەم قىلىپ چىقىمەن . بۇ مېنىڭ يۈرەك سۆزۈم !

( « بوستان » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى ) .

## شەبنەم

ئالىم رېشىت

مەن تەبىئەتكە ۋە تەبىئەتتىكى بارلىق نەرسىلەرگە ، شېرىن ھېسلارغا چۆمۈلگەن ھالدا خۇشاللىق ۋە ئىپتىخارلىق بىلەن زوقلىنىپ نەزەر سالماقتىمەن .

مانا ئالدىمدا رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلغان گۈلشەن .

نەزەرىم مانا شۇ گۈلشەنگە قادالدى . پاھ گۈلشەندە تاۋلىنىپ تۇرغان تاڭ قۇياشىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى كۆزلىرىمنى قاماشتۇرۇۋەتتى ...

ياپراقلاردا يالتىراپ تۇرغان ، كۆز چاقناتقۇچ مەرۋايىتلارنى تەبىئەتنىڭ قايسى ئىلاھى قوندۇرۇپ قويغاندۇ ياكى بىر گۈزەللىك پەرىشتىسى تىزىپ قويغانمىدۇ ؟

مەن شەبنەمنى ياخشى كۆرىمەن ، شەبنەمنى سۆيىمەن ... زېمىندىكى گۈل ـ گىياھلارنىڭ ھاياتقا ھايات قوشىدىغان ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىنى ، زىننىتىنى ئاشۇرۇپ ، ئىنسانلار قەلبىگە زوق بېغىشلاپ ، ھاياتقا

بولغان سۆيگۈسىنى ئاشۇرىدىغان تاڭ سەھەر شەبنىمنى بولسا ، تېخىمۇ ياخشى كۆرىمەن !

سەن ئۈستىگە يېشىل مەخمەلدىن تون ۋە خىلمۇ خىل ئورمانلار-دىن تاج كىيگەن بۇ پايانسىز تەبىئەت دۇنياسىغا ناھايىتى زور ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىپ ، تەبىئەتنى بۇلغىماقچى بولغان چاڭ - توزانلارنى سۈمۈرۈپ ، زېمىنغا ساپ ھاۋا بېغىشلاپ ، بارلىق مەۋجۇداتلارنى گۈزەل تۈسكە كىرگۈزىسەن .

شەبنەم - ھاياتلىق شەربىتىدۇر ، ھەتتا ئۇ گرانىت تاشقىمۇ ھايات بېغىشلايدۇ .

شەبنەم - ئۇلۇغ سۆيگۈنىڭ سىمۋولى . ئۇ تاڭ سەھەرنىڭ مەيىن شامىلىدا زۇمرەتتەك ياپراقلاردىن سىرغىپ چۈشۈپ ، ئانا تۇپراق باغرىغا سىڭىپ مۇراد - مەقسىتىگە يېتىدۇ ياكى قۇياشنىڭ پۇركۈگەن ھاياتلىق ھارارىتىدىن پارغا ئايلىنىپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىدۇ - دە ، يەنە يامغۇر بولۇپ زېمىنغا قۇيۇلۇپ ، ئانا تۇپراققا يېشىللىق ئاتا قىلىدۇ ... شۇڭا مەن شەبنەمنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن ... مەن ئاشۇ شەبنەمدەك ياشىيالىغان بولسام ئۆزۈمنى ئەڭ بەختلىك ھېسابلىغان بولاتتىم .

ئېھ ، شەبنەم !

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى ) .

## ئۇستاز روھى

ئاينۇرەم تۇرسۇن

« ئوقۇتقۇچى — ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى . ئوقۇتقۇچىلار ئون قەدەم يىراقتىن ھۆرمەت بىلدۈرۈشكە ئەرزىيدىغان كىشىلەر » . قەلبلەر بۇلىقىدىن ئۇرغۇغان بۇ باھالار مەدەنىيەت گۈلزارىنىڭ باغۋەن-لىرى ، ئىلىم - پەن تېخنىكىسىنىڭ سۇلتانلىرى بولغان ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلارنىڭ شەرەپلىك خىزمىتى ، ئۇلۇغ ئەجرى - مېھنىتىنىڭ ھۆرمىتى

ئۇچۇن ياڭرىغان سادا. چۈنكى، ئوقۇتقۇچىلار كىشىلەرگە بىلىم بېرىش يولىدا جان پىدا قىلىدىغان ھارماس تۆھپىكارلار، نادانلىق كۆكسىگە خەنجەر ئۇرغۇچى زەبەردەست جەڭچىلەر، يۇمران نوتىلارنى پەرۋىش-لەپ، پاك گۆدەكلەرنىڭ بەختى - ئىستىقبالىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى غەمگۈزار ئىنسانلار، ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى، شەرەپلىك ۋەزى-پىسى ئالدىدا ئۆزىنى ئۇنتۇغان مېھنەت چەككۈچىلەر، زېمىنغا ئوت ئېلىپ كەلگۈچى «پىرومىتى» دەك دىلىستاننى نۇرلاندۇرغۇچى. يورۇقلۇق ئەلچىلىرى. دۇنيادا مەيلى تەبىئەت تىلىنىڭ سىرىنى ئاچقۇچى ئۇلۇغ ئا-لىم ياكى پەيلاسوپ، شۆھرەتلىك شائىر، يازغۇچىلار بولسۇن، مەيلى ھەممىگە قادىر شانۇ شۆھرەتلىك شاھلار، ئىنسانىيەتكە بەخت ياراتقۇچى كەشپىياتچىلار بولسۇن ۋە ياكى كۆك قەرىنى زىلزىلىگە سېلىپ پەرۋاز قىلغۇچى ئالەم ئۇچقۇچىلىرى بولسۇن، ئۇلار ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىبارەت غەمگۈزار ئۇستازلارنىڭ ئەجرىسىز يېتىلگەن ئەمەس. شۇڭلاشقا، پەن - بىلىم ئارقىلىق يۈكسەلگەن ھەرقانداق مىللەت ئوقۇتقۇچىلار قەدرىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمەت تۆرىنى ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئاتاپ، ئۇلار ئۈچۈن گۈلدەستە تىزىدۇ.

ئۇستاز روھى - ھايات يولىدا مەرىپەت مەشئىلىنى داۋاملىق يېقىپ قاراڭغۇلۇقنى يورۇتىدۇ. بىلىم مۇنبىرىگە چوقۇم قۇدرەت تىلەيدۇ، ھە-قىقەت يولتۇزىغا تەلپۈنۈپ بەخت ئىزدەيدۇ. ئەۋلادلار غېمىدە ئوت كەبى يېنىپ، ئەل ئۈچۈن يىغلايدۇ، ئەل ئۈچۈن كۈلىدۇ. ئۇستاز ھاياتى — مەنىلىك ھايات، ئۇلار ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ تالاي تۈنلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىدىن كېچىپ، ھېكمەتلەر جەۋھىرىدىن شىرنە ئىزدىسە، ھەربىر تامچە يۈرەك قېنىنى غۇنچىلار مېھرى ئۈچۈن تەسەددۇق قىلىپ، ئۇلارغا ئىستىقبال، زەپەر كۆزلەيدۇ. بۇنداق بىباھا ئېسىل پەزىلەت — ئۇستازلار جىسمىغا پۈتۈلگەن بايلىق. ئۇلار ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇ-شۇنداق بايلىقى ئارقىلىق ئىنسانىيەت ئارىسىدا ئەبەدىلئەبەد قەدىرلىنىدۇ ھەم تىللاردا داستان بولۇپ شۆھرەت تاپىدۇ.

مەدەنىيەت چولپىنى بولغان ئۇستازلارنىڭ دىلى ھەممىدىن مېھرى-

بان ، چوڭقۇر ۋە پايانسىز ، ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت نۇر
چېچىۋاتقان قۇياشتەك ئىللىق ، ئۇستاز قامىتى ئۆزىنىڭ سالماق سىيماسى
بىلەن سەرۋىدەك كۆرۈنۈپ ، كۆزلەرگە تاشقى گۈزەللىك سېزىمىنى
بەرسە ، باسقان ھەر قەدەم ، ھەر سۆزى ئارقىلىق گۈزەل ئەخلاقنى ناما-
يان قىلىدۇ . ئۇستازلار پەقەت مەدەنىيەتسىزلىكنى داۋالايدىغان تېۋىپ ،
مىللەتنىڭ جىسمىدىكى يامان ئۆسمىلەر ئۇلارنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق بەر-
بات بولىدۇ . قاراڭغۇلۇق ئىچىدە خۇدىنى يوقاتقان غاپىل ئىنسانلار ئۇس-
تازلار مېھنىتى بىلەن شىپا تاپىدۇ . ئۇلار ئادالەت تۇغىنى كۆتۈرۈپ ئالغا
باسقۇچى ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ جارچىلىرى ، جەمئىيەت ئىز باسارلىرى-
نىڭ باش قوماندانى ، مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ سەرلەشكەرلىرى ،
شۇڭلاشقا ھەممە ئېھتىرام ، ھۆرمەت ئۇلارغا ياغىدۇ .
( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## ئۇستاز

ئالىم ئازاد

ئۇستاز !

مەن بۇ سۆزنى تىلغا ئالغىنىمدا ، مېھرىبان ئۇستازىنىڭ ئىللىق
سىيماسى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ ۋە تەسىرات تۇيغۇلىرىمنى ئىختىيارسىز
قوزغايدۇ . ئېھ ئۇستاز ، سەن نۇرلۇق قۇياش كەبى ئىللىق ۋە يېقىملىق-
سەن ! ئۆز مېھرىڭنى گۆدەكلەرگە ئايىماستىن سېپىسەن ، سېنىڭ مېھ-
رىڭ ياش ھەم گۆدەك قەلبلەرگە ئىلىم تەشنالىقىنى ، ئىزدىنىش ھەۋ-
سىنى سالىدۇ .

ئۇستاز !

سەن مەرىپەت ئانىسى ، تەشنالىقنى قاندۇرغۇچى . سېنىڭ قەدى-
مىڭ يەتكەن يەر خۇراپاتلىقنى ، قاراڭغۇلۇقنى ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇ-
تىدۇ . سارغايغان چىرايلار كۈلۈپ ، نۇرلانغان يۈرەكلەر ساڭا تەلپۈن-

دۇ ! ئەل خۇشاللىقى سىنىڭ خۇشاللىقىڭ ، ئەل بەختى سىنىڭ بەختىڭ .

ئۇستاز !

سەندە ئاتا تەلىپى ، ئانا مېھرى بار . سەن ئىلىم ئېلىشقا ئىنتىلىۋاتقان يۇمران مايسىلارنى مېھرىڭ بىلەن پەرۋىش قىلىسەن ، شۇنىڭ بىلەن يۇمران مايسا سۇغا قانغاندەك ، ياش ئەۋلادلارمۇ بىلىم شەربىتىگە قانىدۇ ! خىرە دىل ئاپتاپتەك يورۇپ كېتىدۇ ! ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنايدۇ ! يۈرىكى قىران بۈركۈتتەك تېپىرلايدۇ !

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## دادامغا

ئايىمنىسا ۋەلى

نۇرغۇن شائىر ، يازغۇچىلار قەسىدە توقۇپ مەدھىيىلىشىدۇ ئانىلارنى ئۇلۇغلاپ . ئەزىز پەرزەنتلىرىمۇ باش ئۇرىدۇ ئانىلارنى قۇتلۇقلاپ . ئانىلار دېمىسىمۇ ماختاشقا سازاۋەر ، ۋاھالەنكى دادىلارمۇ ئۇلار بىلەن باراۋەر .

مەن ھەر قېتىم ئانام باغرىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ ، ئۇنىڭ مېھرىدىن سۆيۈنگەندە ، دادامنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ، ئۇنىڭ ئىسسىق سۆيۈشلىرىدىن لەززەتلەنگەندە ، ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك سېزىمەن . دادامنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ ، كۆز قارىچۇقىدىن ئۆز ئەكسىمنى كۆرگەندە ، مەن ئۈچۈن دادامنىڭ نەقەدەر ئەزىزلىكىنى ھېس قىلىمەن .

ئېھ دادا ! ئۇ ماڭا ھەقىقەتەن پاسىبان ، مېھرى ئىسسىق مېھرىبان ، ئەمما قاتتىق قوللۇق تەلەپچان . دادام مەن ئىپتىخارلىنىدىغان ، مەن چوقۇنىدىغان ، سەبىي قەلبىمدىكى مۇقەددەس ئىنسان . چۈنكى ، دادام ماڭا جان ئاتا قىلغان ، مېنى بېقىش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرۈپ ، ئاتىلىق بۇرچىنى ئادا قىلغان . ھالال ئەمگەك مېۋىسى بىلەن چوڭ قىلغان ، مەك-

تەپتە ئوقۇتۇپ ئوڭ قىلغان. ئۇ ئاغرىپ قالغىنىمدا بېشىمدا پەرۋانە بول-
غان. شۇڭلاشقا، دادام ماڭا ئەڭ يېقىن سىرداش، سۆيۈملۈك ئۇستاز!
دادام ماڭا دائىم: «ئىلىم ـ پەنگە باغلا ئىشتىياق، ساۋاقداشلى-
رىڭ بىلەن بولغىن ھەم ئىناق، تىرىشىپ ئوقۇساڭلا بولىدۇ كەلگۈسىڭ
پارلاق» دەپ تەربىيە بېرىدۇ. مەن مەكتەپتىن يۇقىرى نومۇرلۇق كۆر-
سەتكۈچ ۋە تەقدىرنامىلەر بىلەن قايتقىنىمدا دادامنىڭ چىرايىدا ماڭا بول-
غان چەكسىز ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى يالتىرايدۇ. دىلىدا مېھىر ـ مۇھەببەت
دولقۇنلىرى جۇشقۇنلاۋاتقانلىقىنى كۆز نۇرىدىن سېزىۋالىمەن. دادام
خۇددى ئوقۇتقۇچىلىرىمغا ئوخشاشلا ماڭا تەبىئەت، جەمئىيەت ھەققىدە
نۇرغۇن ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىپ، ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلى-
شىمگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ... مانا، ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە ھۆر زا-
ماندا يېتىلىپ، كېلەچەككە ئىنتىلىپ، پەن ـ مەدەنىيەت يولىغا ئات
سالدىم. مەن دادامنى سۆيىمەن، چەكسىز ھۆرمەتلەيمەن! ئۇنىڭ ئەم-
گىكىنى قەدىرلەيمەن. دادا، جېنىم دادا، مەن قەلب سۆزۈم بىلەن
سىزگە ۋەدە بېرەي:

ماڭا قىلغان مېھىر ـ شەپقىتىڭىزگە ئىلىم ـ پەندىن زور نەتىجە،
بۈيۈك تۆھپە يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىمەن، مەڭگۈ تىرىشىمەن!

(«تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

## كىتاب

مۇھەممەتجان ئىبراھىم

دائىم كىتابخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىمدە بىر خىل غايىۋى ماگىما
تېنىمگە يامىشىپ ۋۇجۇدۇمنى ئېرىتىۋېتىدۇ، خۇددى ماگنىت تۆمۈر
پارچىسىنى تارتقىنىدەك بىر خىل سېھرىي كۈچ يەلكەمدىن تارتىپ مېنى
ئىختىيارسىز قايرىلىپ قاراشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئاشىقىنى مەپتۇن قىلغان
جانانىدەك روھىمنى چۇلغاپ مېنى ئۆزىگە تارتىۋاتقان بۇ كۈچ كىتاب

ئىدى !

ھەرقانچە ئالدىراش بولساممۇ بىر ئىلاج قىلىپ كىتابخانىغا كىرمەي كېتەلمەيمەن . ئەڭ بولمىغاندا ھەپتىدە بىرەر نۆۋەت كىرمىسەم كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ . ھەر كىرگىنىمدە رەتلىك تىزىلغان كىتابلار ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك كۆزلىرىمنى قاماشتۇرۇپ ، يۈرىكىمگە ئوت تۇتاشتۇرۇۋېتىدۇ !

مەن ئۇ كىتابلارغا خۇددى تومۇزنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىدا چۆلدە كېتىۋېتىپ ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقىغان ئادەم بىر ئاپقۇر مۇزدەك سۇغا تەشنا بولۇپ ئاغزىنى تامشىپ تەلمۈرگەندەك ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا تويماي قاراپ كېتىمەن !

قەدىرلىك كىتاب ! سەن تالانت ئىگىلىرىنىڭ ، دانىشمەنلەرنىڭ ، ئالىم ـ مۇتەپەككۇرلارنىڭ ، يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ، كەشپىيات ئىختىراچىلىرىنىڭ يۈرەك قېنى ، زېھنىي قۇۋۋىتىنىڭ جەۋھىرىسەن ! مىراس دۇردانىلىرىنىڭ ئامبىرىسەن ! كىتاب ، سەن پۈتمەس ـ تۈگىمەس بۇيۇك كۈچسەن ! ئىنسانىيەتنىڭ كۆكتە پەرۋاز قىلىشىدىكى قايرىلماس قانىتىسەن ! روھنى يېڭىلاپ ، ۋۇجۇدنى جانلاندۇرۇپ ، غەيرەت ـ شىجائىتىنى ئاشۇرۇپ كامال تاپقۇزۇشتىكى خاسىيەتلىك مەنىۋى كۈچىسەن ! قەدىردان ئانىنىڭ ئوغۇز سۈتىسەن !

كىتاب ، سەن نادانلىقنىڭ كۈشەندىسى . جاھالەتنىڭ يىلتىزىنى شورىغۇچىسى ، ئاسايىشلىقنىڭ ياراتقۇچىسىسەن ! ئىنسانىيەتنىڭ قەلب كۆزىگە روشەنلىك ، روھىغا جەڭگىۋارلىق ئاتا قىلغۇچىسەن ! توغرىلىق ، پاكلىق ، سەمىمىيلىك ، ئادىللىق نۇرىنى چاچقۇچى قۇياشسەن ! پەرزەنتكە ئېرىششنىڭ ئالتۇن شوتىسىسەن !

كىتاب ! سەن دەرد ـ ئەلەمگە يولۇققاندا تەسەللى ؛ بوشاشقاندا كۈچ ـ شىجائەت ؛ مۈشكۈللۈكتە قالغاندا ياردەمچى ؛ يالغۇزلۇقتا قالغاندا مۇڭداشقۇچى دوست ؛ ياشانغاندا كۆيۈمچان ھەمراھ سەن !

مەن كىتابسىز ياشىيالمايمەن . ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولالىسام ئۆزۈمنى تەنھا ھېس قىلمايمەن . ھەر قانچە غۇربەتچىلىكتە قالسامۇ ئۆ-

زۇمنى شاد ـ بەختىيار سېزىمەن .

بەزىلەر ئۇنى باللىرىنى بەزلەش ئۇچۇن ئويۇنچۇق قاتارىدا تۇت- قۇزۇپ قويغانلىرىدا ، ئوچىقىغا تۇترۇق قىلىشقانلىرىدا تەنلىرىم شۇركۇ- نۇپ ، چىشلىرىم كىرىشىپ كېتىدۇ .

بەزىلەر ئۇنىڭغا قاراپ قويۇشنى خالىمىسا مەن ئۇنى يۈرىكىمگە تاڭىمەن ، بەزىلەر ئۇنى بىر ۋاراقلاپلا قويۇشسا مەن ئۇنى بوينۇمغا تىل تۇمار قىلىپ ئاسىمەن ! قىسقىسى مەن ئۇنى دۇنيادىكى ھەرقانداق ماددىي بايلىق ، ئىمتىيازلارغا تەڭ قىلمايمەن ، ئۇ مەن ئۇچۇن ئوزۇق ، ھاۋا ، سۇ !

( « شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى » دىن ئېلىندى . )

## ئېھ ، ھۆرمەتلىك بىرىنچى سىنىپ

ئابلىكىم ئەخمەت

ئېھ ، ھۆرمەتلىك بىرىنچى سىنىپ ، قاراڭغۇ دىلىمنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق قۇياش ! سەن كىشىگە بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلغۇچى بىلىم بۆشۈكى ، سەن ئادەملەرنىڭ يېڭى تۇرمۇش ، يېڭى ھايات ، يېڭى يول ، يېڭى پىكىر ، يېڭى كەيپىيات ... يارىتىشىدىكى تۇنجى قەدىمسەن .

ھازىر مەن ئويلىدىم ، ھاياتىمنىڭ باشلىنىشى بولغان بىرىنچى سىنىپنى ھاياجان بىلەن ئەسلىمەكتىمەن . بىرىنچى سىنىپتىكى مۇئەللىم- نىڭ مېھرىبانلىقى ، گۈل ـ غۇنچىلاردەك چىرايلىق كەلگەن ئوماق يۈز- لەر ، سەبىي كۆزلەر ـ كەلگۈسىگە تەلپۈنگەن بىر تۈركۈم كۆچ كۆز ئال- دىمدىن ئۆتمەكتە .

ھۆرمەتلىك بىرىنچى سىنىپ ، ئېھ بىرىنچى قەدەم ، سەن سەبىي دىللارنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق چىراغسەن . مىڭلىغان ـ مىليونلىغان ئالىم ـ ئىنژېنېرلار ، دوكتور ـ تىلشۇناسلار ، يازغۇچى ـ شائىرلارمۇ سەن ئارقىلىق ئىنسانىيەت قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ . ئىنسانىيەتنىڭ

بەخت ـ سائادىتى ، ھۆرلۈكى ئۈچۈن ئىز قالدۇرغان ئەجدادلارمۇ سى-
نىڭسىز ئىز قالدۇرغان ئەمەس ، ئۇلار بىرىنچى سىنىپقا تۇنجى قېتىم قە-
دەم قويغىنىدا سەبىي قەلبىنى ئىلىم ـ پەن نۇرلىرى بىلەن يورۇتۇشتىكى
دەسلەپكى قامۇس ـ « ئېلىپبە » نى ، ئۇنىڭ تۇنجى بېتىدىكى « ئا »
« ئە » ھەرپلىرىنى يۈرەك قەلبىگە يازغىنىدا ، ئۆزىنى قانچىلىك بەختلىك
ھېس قىلغان ـ ھە ؟!

شۇنداق ، ئۇلارلا ئەمەس ، مەن ۋە دۇنيادىكى بىلىم ئىگىلىرى
ئەلۋەتتە سەندىن سۆيۈنىدۇ ، سېنىڭ قەدرىڭ بىلەن پەخىرلىنىدۇ !

ھۆرمەتلىك بىرىنچى سىنىپ ، سەن ئىلىم ـ پەننىڭ باشلامچىسى
بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن بىلەن ئىنسانىيەت قەلبىدە ئالقىش ـ تەشەك-
كۈرلار بىلەن مەڭگۈ يادلىنىسەن .

ھاياتىم پەخرى بولغان ئەي بىرىنچى سىنىپ ، چىن قەلبىمدىن
ساڭا سالام ! ساڭا سالام !

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## بىلىم

بەكرىيۇف توختى

بىلىم ـــ چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت . بارلىق ئەقىل ـ پاراسىتىڭ
بىلەن ئاشۇ كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆزۈڭگە مۇجەسسەملەپ پىلانىتلار ئارا قات-
نايدىغان مۆجىزە ياراتساڭ ، نامىڭ كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ .

بىلىم ـــ چەكسىز دېڭىز .

سەن قەتئىي ئىرادە بىلەن ئاشۇ دېڭىزغا شۇڭغۇپ كىرىپ ئىن-
سانلارغا ئىنسانلار ھاياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مەنبەلەرنى ھەدىيە قىل-
ساڭ ، كىشىلەر قەلبىدىكى بارلىق شان ـ شەرەپ ساڭا مەنسۇپ بولىدۇ .

بىلىم ـــ چەكسىز بوشلۇق .

سەن ئاشۇ بوشلۇقتىكى بارلىق يوشۇرۇن سىرلارنىڭ ئىشىكىنى

ئىچىپ ، ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرساڭ ، كىشىلەر قەلبىدە ئايغا ئوخشاش يالتىراپ تۇرىسەن .

بىلىم — چەكسىز شان - شەرەپ .

سەن خەلق ئۈچۈن يالقۇنلىغان قەلبىڭ بىلەن ئىنسانلار ۋە ئەۋلادلار ھەقىقىي پەخىرلىنىدىغان نەمۇنە قالدۇرساڭ ، كىشىلەرنىڭ مېھرى - مۇھەببەت باغچىسىدا گۈلۈڭ مەڭگۈ ئېچىلىدۇ .

بىلىم — چەكسىز بايلىق .

پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ئاشۇ بايلىقنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدىن ئىنسانلار ئۈچۈن ھۇزۇر - ھالاۋەت يەتكۈزسەڭ ، كىشىلەر قەلبىدىكى بارلىق ۋاپادارلىقنى ساڭا ھەدىيە قىلىدۇ .

بىلىم — چەكسىز خۇشاللىق

دىيانەتلىك قەلبىڭ بىلەن ئاشۇ خۇشاللىقنىڭ قايسى بىر ساھەلىرىنى ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرساڭ ، ئىنسانلار قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان مەشئەل بولۇپ قالىسەن .

بىلىم — چەكسىز گۈزەل مۇھىت .

خەلقىنىڭ ساداسى — يۈرىكىمنىڭ ساداسى دەپ بىلىپ ، ئىنسانلارنىڭ پاراۋان ياشىشى ئۈچۈن ئاشۇ گۈزەل مۇھىتتا ئەقلىي - زېھنىڭنى قۇربان قىلساڭ ، كىشىلەر قەلبىدە مۇقەددەس ئەۋلاد ۋە ئەجداد بولۇپ قالىسەن .

بىلىم — چەكسىز يورۇقلۇق .

سەن جاپانىڭ كۆكسىنى يېرىپ ، ئاشۇ يورۇقلۇقنى ئورىۋالغان پەردىنى ئېچىپ ئىنسانلارغا شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى كۆرەلەيدىغان مۇھىت يارىتىپ بەرسەڭ ، ھاياتىڭ ۋە تارىخىڭ ئەبەدىلئەبەد قەدىرلىنىدۇ .

بىلىمدىن ئەلگە شەربەت بەر .

بىلىمدىن ئەلگە تۇلپار ئاتا قىل .

بىلىمدىن ئەلگە ھۇزۇر بېغىشلا . بۇ ئۇلۇغ غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ جۈملىنى قەلبىڭگە نەقش قىلىپ ئوي :

1 ) قەتئىي ئىرادىلىك ۋە يۈكسەك ئەخلاقلىق بول . 2 ) ھەقىقىي كەمتەر ۋە ئەڭ سەمىمىي بول . 3 ) قانائەتچانلىقنى ـ تەنتەكلىكنى دۈشمەن دەپ بىل .

( « شىنجاڭ ئاياللىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## كىرسىن چىراغ

ئابدۇخېلىل ئابدۇشۈكۈر

سېنىڭ ئاشۇ پاكار ۋە ۋىجىك گەۋدەڭ كۆزلىرىمگە زادىلا سىغمايدۇ . قاسماق بېسىپ كەتكەن يۈزلىرىڭ ، قاپقارا چىرايىڭ ، ئاجىز نۇرلىرىڭ ۋە ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان پۇراقلىرىڭنى پەقەتلا ئەپۇ قىلغۇم كەلمەيدۇ .

سېنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە تار بوشلۇقنى يورۇتۇۋاتقان كۆزلىرىڭنى مۈشۈكۈمنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشىتىپ قالىمەن ، بىراق دادام ۋە ئانام مېنىڭ سەندىن بىزار بولۇشلىرىمنى ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ . ئەكسىچە سېنى ياندۇرۇپ قويۇپ قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ .

سېنىڭ قاپقارا ئىسلىرىڭ بۇرنۇمغا تولدى .

سېنىڭ قاپقارا ئىسلىرىڭ ئۆيىمىزنىڭ ھەممە يېرىگە يېپىشىپ چىقتى . سەن مېنىمۇ ، ئۆيىمىزنىمۇ ئۆزۈڭگە ئوخشاش قارا قىلماقچىمىدىڭ ؟

ئاپئاق لاتا بىلەن يۈزۈڭنى ئاقارتىپ تۇرساممۇ بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتمەي يەنىلا ئەسلىڭگە قايتىسەن . سېنىڭ قاپقارا تېنىڭنى ئاشۇ بىزارلىقىم بىلەن پەقەت ئەپۇ قىلغۇم كەلمەيدۇ .

سېنى ئېلىپ چىقىپ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتىپ شامىنى ياقماقچى بولدۇم ، بىراق دادام بىلەن ئاپامنىڭ كايىشلىرىنى مەن قەيەردىن بىلەي ، ھېچ بىلمىدىم ، ئۇلار سېنىڭ ئاشۇ قارا ۋە ۋىجىك گەۋدەڭگە نېمانچە ئامراقكىنە !؟

سەن ئاجىز نۇرلىرىڭ بىلەن بىزنىڭ ئۆيىمىز تېمىنىڭ ئېگىزرەك جايىغا چىقىۋېلىپ غالىبانە كۈلۈمسىرەشلىرىڭ بىلەن يۇلتۇزلارغا، قۇياشقا ئامراق كۆزلىرىمگە مەڭگۈ ئوخشىمايسەن.

ئۆيىمىزدە ئاجىزانە كۈلۈمسىرەشلىرىڭ بىلەن مېنى مازاق قىلما! بىر كۈنى سېنى ئەخلەت ساندۇقىغا چۆرۈپ تاشلىغىنىمىزدا سېنىڭ قانچىلىك بىچارە ھالەتتە قالغىنىڭنى مەن راسا تاماشا قىلىمەن.

(«شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» دىن ئېلىندى.)

## سالام سەھەر

تۇرغۇن تۇرسۇننىياز

ئېھ، يېڭى تاڭ، قەلبلەرگە يېڭى ئىستەكلەرنى بېغىشلىغۇچى نۇرانە سەھەر. سېنىڭ جامالىڭ نېمىدېگەن سەبى، نېمىدېگەن ئوماق ۋە گۈزەل.

مانا، زېمىننى ئەڭ يېڭى، ئەڭ گۈزەل تۇيغۇلارغا بۆلەپ تاڭ يورۇدى، جىمجىت مەھەللە بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. ئانىلار ھويلا-ئاراملارنى سۈپۈرۈشكە، ئاتىلار يېڭى ئارماننى دىلىغا پۈكۈپ، كەتمىنىنى دولىسىغا سالغىنىچە ئېتىزغا يول ئېلىشقا باشلىدى. دېمەك، ھاياتلىقنىڭ يەنە بىر گۈزەل سەھىپىسى باشلاندى.

ئېھ سەھەر، سېنىڭ ساپ، سالقىن سابايىڭ يېڭى سەھىپىنى كۈتۈۋالغان دىللارغا ئىزگۈ تىلەك، تاتلىق ئۈمىدلەرنى باشلاپ كېلىدۇ. يۇرتۇمنىڭ شايى-ئەتلەسلىرى، قاشتېشىدەك رەڭگا رەڭ شەپەق نۇرلىرى ئېچىۋاتقان كەتمەن بىسىدا، بېھىش باغلىرىنىڭ رەڭگارەڭ مېۋىلىرىدە جۇلىدىن كىشمىش ئۈزۈملىرىدە ... ھۆنەرۋەنلەر، ھۆپىگەرلەر، باغۋەنلەر ... ئىشقىلىپ گۈزەل ئارماننى دىلىغا پۈكۈپ تاڭ سەھەردىلا ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولغان بارلىق ئادەملەرنىڭ دىلىدا چاقنايدۇ.

ئېھ سەھەر، سەن مېنىڭ باللىقىم! سېنىڭ پاك ۋە ئوماقلىقىڭ

ماڭا ئوخشايدۇ . سەن ئۆز گۈزەللىكىڭ ، خاسىيىتىڭ بىلەن دىللارغا ئۈمىد بېغىشلىساڭ ، مەنمۇ ئۆز تىرىشچانلىقىم ۋە شىجائىتىم بىلەن ئاتا ـ ئانامغا ، ئانا يۇرتۇمغا گۈزەل كېلەچەك بېغىشلايمەن .

مەن سەبى ئارزۇيۇمنى نۇرلاندۇرۇش يولىدا ، سەھەرنىڭ يارقىن نۇرلىرىغا بۆلەنگىنىمچە ، ئۆزۈمگە تونۇشلۇق يول بىلەن ئانا مەكتىپىمگە قاراپ يول ئالدىم .

( ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىدىن ئېلىندى )

## جىبراننىڭ لىرىك نەسرلىرىدىن

( لىۋان )

## دولقۇن ناخشىسى

مەن ۋە قىرغاق ئاشىق ـ مەشۇقىمىز . ئىشقىۋازلىق بىزنى يې-قىنلاشتۇرسا ، هاۋا بىزنى ئايرىيدۇ . ئاسماننى هاۋارەڭ پەردە قاپلىغاندا مەن كۆمۈش بۇژغۇنلىرىم بىلەن ئۇنىڭ ئالتۇن قۇملىرىنى ئارىلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئىسسىقنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن قىرغاققا كېلىمەن .

سۈبھىدە ، مەن دوستۇمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ ئىرادەمنى بىلدۈ-رىمەن . ئۇ مېنى كۆكسىگە بېسىپ مەھكەم قۇچاقلايدۇ . كەچقۇرۇنلىرى مەن ئۇنىڭغا ئىشقىي مۇناجاتىمنى ئوقۇيمەن ، ئۇ مېنىڭ لەۋلىرىمگە تويـ-ماي سۆيىدۇ .

مەن بەئەۋاش ، هاياجانىمەن ، يارىم بولسا تاقەتلىك ، جەسۇر .

تاشقىن بولغاندا مەن ئۇنى باغاچلايمەن ، تاشقىن قايتقاندا ئۇنىڭ ئايىغىغا ئۆزۈمنى تاشلايمەن ؛ دېڭىز مەلىكىلىرى قەسرىدىن چىقىپ ، تاشلار ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سامادىكى سانسىز يۇلتۇزلارغا بېقىپ سەيلانە قىلغاندا ، ئۇلارنى چۆرىدەپ نۇرغۇن قېتىم ئۇسسۇل ئوينىغانىدىم . ئا-شىقلارنىڭ شىكايەتلىرىنى تالاي ئاڭلىدىم ، ئۇلارنىڭ گۈزەللىك ھەققى-

دىكى ئاھ ـ زارلىرىغا ھەمنەپەس بولغانىدىم ... مەن ھاڭتاشلارغا شۇنچە سۆزلەرنى قىلدىم ، ئۇلار ئۇندىمىدى . ئۇلارغا تەبەسسۇم ئەيلىدىم ، كۆز قىستىم ۋە لېكىن ئۇلار پەرۋا قىلمىدى . مەن قانچىلىغان جان ئىگىلىرىنى گۆر ئاغزىدىن ياندۇرۇپ ، ئامان قالدۇردۇم . دېڭىز ئاستىدا پىنھان بولۇپ ياتقان قانچىلىغان مەرۋايىتلارنى دېڭىز ئاستىدىن سۈزۈپ چىقىپ گۈزەللىك ئىگىلىرىگە يالداما قىلدىم .

ئۇيقۇ ئىلاھىسى پۈتۈن كائىناتنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان تىمتاس كېچىدە پەقەت بىر مېنىڭلا كۆزۈم ئوچۇق . بەزىدە ناخشا ئېيتىمەن ، بەزىدە ئۇلۇغ كىچىك تىنىمەن . نېمىدېگەن پەرىشانلىق ! ئۇيقۇسىزلىق مېنى ھالسىزلاندۇردى . لېكىن ، مەن ئىشقىي ـ مۇھەببەتكە بېرىلگەنمەن . مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتى سەگەكلىك .

مېنىڭ ھاياتىم ئەنە شۇنداق . ئەگەر ھاياتلا بولىدىكەنمەن ، كۆ-نۈمنى ئەنە شۇنداق سەگەكلىك بىلەن ئۆتكۈزىمەن ...

## يامغۇر ناخشىسى

بىز ـــ ئىگىمىز ئاسماندىن تاشلايدىغان كۈمۈش يىپلارمىز ، تە-بىئەت بىزنى ئۆز قولىغا ئېلىپ ۋادىلارنى بېزەيدۇ .

بىز ئاستارتا ① نىڭ تاجىلىرىدىن تۆكۈلگەن ئۈنچە ـ مەرۋايىت-مىز ، بىزنى تاڭ قىزى ئوغرىلاپ زېمىنغا تاشلىدى .

مەن يىغلىسام تاغ ـ ئېدىرلار تەبەسسۇم قىلىدۇ ؛ مەن تۆۋەنگە قاراپ چۈشسەم ، گۈللەر ياشرىپ ئۆسۈشكە باشلايدۇ .

بۇلۇت بىلەن زېمىن ئاشىق ـ مەشۇق . مەن ئۇلارنىڭ ئارىلىق-دىكى خەيرخاھ ئەلچىسى . مەن تۆكۈلۈپ ئۇلاردىن بىرىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرسام ، يەنە بىرسىنى غەم ـ قايغۇدىن خالاس قىلىمەن . گۈلدۈرماما

---

① قەدىمكى فىنكا ھوسۇل ئىلاھىسى ، ئانىلىق ۋە مۇھەببەت ئىلاھىنىڭ گرېكچە ئاتىلى-شى .

بىلەن چاقماق مېنىڭ كەلگەنلىكىمدىن دېرەك بەرسە، ھەسەن - ھۈسەن سەپىرىمنىڭ تامامىلانغانلىقىدىن بېشارەتتۇر. تۇرمۇش ئەنە شۇنداق شىددەتلىك گۈلدۈرماما بىلەن باشلىنىپ جىمجىتلىقتا چۆمگەن ئۆلۈم قۇچىقىدا ئاياغلىشىدۇ.

مەن دېڭىز قوينىدىن كۆتۈرۈلۈپ بوشلۇقتا پەرۋاز قىلغىنىمدا، كۆزۈمگە چىرايلىق باغلار كۆرۈنسە پەسكە شۇڭغۇپ چۈشكەن گۈللەرنىڭ لەۋلىرىگە سۆيۈپ دەرەخ شاخلىرىنى قۇچاقلايمەن.

جىمجىتلىقتا، نازۇك بارماقلىرىم بىلەن خىرۇستاللىق دېرىزىلەرنى چېكىمەن، ئۇنىڭدىن يېقىملىق ناخشا ساداسى چىقىدۇ، بۇنى ئېزىلگەن يۈرەكلەر سېزىپ مەستخۇش بولىدۇ.

ھاۋانىڭ تومۇز ئىسسىقى مېنى ئاپىرىدە قىلغان، ئەمما مەن ئۆز تېنىم بىلەن ھاۋانى سوۋۇتىمەن. گويا ئاياللار ئەرلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئالغان كۈچ - قۇۋۋەت بىلەن ئاشۇ ئەرلەرنى بويسۇندۇرغاندەك.

مەن — دېڭىزنىڭ ئۇلۇق تىنىقى، مەن — ئاسمان كۆز يېشى، مەن - زېمىن تەبەسسۇمى. مۇھەببەتمۇ شۇنداق: ئۇ ھېسسىيات ئوكيانىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئۇلۇق تىنىق، خىيال ئاسمىنىنىڭ كۆز يېشى ۋە قەلب ئېكىنزارىنىڭ تەبەسسۇمىدۇر ...

## گۈزەللىك ناخشىسى

مەن مۇھەببەت نىشانىسىنى كۆرسەتكۈچى، مەن جانغا ھۇزۇر بېغىشلايدىغان مەي، مەن يۈرەك ئۈچۈن ئوزۇق.

مەن سەھەردە ئېچىلىدىغان ئەتىر گۈلمەن، مېنى قىزلار قولىغا ئېلىپ سۆيۈپ كۆكرىكىگە تاقايدۇ.

مەن سائادەت قەسرى، مەن خۇشاللىق بۇلىقى، مەن تىنچلىقنىڭ باشلىنىشى.

مەن قىزلارنىڭ لەۋلىرىدىكى نازۇك كۈلۈمسىرەش. مېنى ياش

يىگىتلەر كۆرگەندە ئۆزلىرىنىڭ دەردلىرىنى ئۇنتۇيدۇ ، ئۇلارنىڭ ھاياتى گويا شېرىن چۈشىدىكى چىمەنزارلىقتا ئايلىنىدۇ .
مەن شائىرلارنىڭ ئىلھامچىسى ، سەنئەتكارلارنىڭ سەپەردىشى ۋە مۇزىكانتلارنىڭ مېھرىبان ئۇستازى .
مەن مەسۇم بوۋاقلارنىڭ ئويناق كۆزى ، مېھرىبان ئانا ئۇنى كۆرگەندە ، يۈكۈنۈپ ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇيدۇ .
مەن ئادەم ئاتا ئالدىدا ھاۋا قىياپىتىگە كىرىپ ئۇنى بويسۇندۇردۇم ؛ مەن سۇلايمان بىلەن ئۇنىڭ ئاشقى سۇپىتىدە دىدارلىشىپ ، ئۇنى ئاقىل شائىر قىلدىم .
مەن يېلېناغا قاراپ بىرلا كۈلۈپ ، تىروينى ۋەيران قىلدىم ؛ مەن كىئوپاترغا تاج كىيگۈزۈپ ، نىل ۋادىسىغا خۇشاللىق ھەدىيە قىلدىم ...
مەن گويا تەقدىر ئىلاھى ، بۈگۈن ياراتسام ئەتە ۋەيران قىلىمەن . مەن ئىلاھ ، خالىسام ھەممىگە جان بېرىمەن ، خالىسام ھەممىنى ئۆلتۈرىمەن .
مەن گۈلنەپشىنىڭ پۇرىقىدىنمۇ نازۇك ، قارا بوراندىنمۇ كۈچلۈك .
ھەي ئىنسانلار ! مەن ھەقىقەت ، مەن ھەقىقەت ! شۇنداقلا ، سىلەر ياخشى چۈشىنىدىغان ئەڭ ئېسىل مۆجىزىمەن .
( « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

[ئاپتور ھەققىدە ] جىبران خېلىل جىبىران ( 1883 ـــ 1931 ) ، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ چەت ئەلدىكى مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى ، يىتۈك ئەدىپ ، تەشكىلاتچى ، شائىر ھەم رەسسام .
ئۇ لىۋاننىڭ شىمالىدىكى گۈزەل تاغلىق كەنتتە نامرات چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئاساسلىق ئۆمرى ۋە ئىجادىيەت ھاياتى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا ئۆتكەن .
ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدا يازغان ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن « ياش ۋە

كۆلكە » ، « مۇقەددەس سەپ مارشى » . « سۇنغان قانات » ، « بوران – چاپقۇن » قاتارلىقلار ؛ ئىنگلىز تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىدىن « تەلۋە » ، « قۇم ۋە كۆپۈك » ، « پېشۋا » ، « ئادىمىي ئەيسا » ، « ئەۋلىيا » قاتار-لىقلار مەشھۇر . بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ۋەكىللىك ئەسىرى « ئەۋلىيا » ناملىق نەسرىي شېئىرلار توپلىمى بولۇپ ، بۇ ئەسەر 1931 – يىلى ئايال يازغۇچى بىلىڭ شىن تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان .

( « مەشھۇر چەت ئەل يازغۇچىلىرى » ناملىق 2 – كىتابتىن قىسقارتىپ ئېلىندى ).

## تاگورنىڭ لىرىك نەسرلىرىدىن

### (ھىندىستان )

### ياۋا ئەنجۈر

ئەي ، كۆل بويىدا قەددىنى ئېگىپ تۇرغان ياۋا ئەنجۈر دەرىخى ! سەن ئاشۇ بالىنى ، شاخلىرىڭغا چاڭگا تىزىپ قويۇپ نېمىشقىدۇر كېتىپ قالغان قۇشلىرىڭغا ئوخشاش سەبىي بالىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ؟ ئۇنىڭ دېرىزە ئالدىدا كۆزلىرىنى سېنىڭ ئىرماش – چىرماش يىلتىزلىرىڭغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىپ ئولتۇرغان ھالىتىنى ئەسلىيەلەمسەن ؟

چوكانلار كۆل بويىغا كېلىپ چېلەكلىرىنى سۇغا توشقۇزۇپ مې-ڭىشقاندا ، سېنىڭ كۆلەڭگەڭ ئويغانماقچى بولغان كىشىدەك سۇ ئۈستىدە يېنىك تەۋرىنىدۇ . قۇياش نۇرى ئۇنىڭغا جور بولۇپ دولقۇنلار مەۋجىدە مەيىن جىمىرلايدۇ .

بىر جۈپ ئۆردەك كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆسكەن قومۇشنىڭ يې-نىغا يانداپ كېلىپ ، بەخرامان ئۈزۈشكە باشلىدى . بالا بۇرۇنقى جايىدا ئۈن – تىنسىز ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆكتى .

بالا شامال بولۇپ سېنىڭ شىلدىرلاپ تۇرغان ياپراقلىرىڭنى ئاس-

تاغىنا سىپپاپ ئۆتۇشنى ئويلىدى ، سايەك بولۇپ قۇياش نۇرى بىلەن سۇ ئۈستىدە قىيغىتىپ ئويناشنى ئويلىدى ؛ يەنە بالاپان بولۇپ ئەك ئېگىز ئۆسكەن شاخلىرىڭدا تۇنەشنى ، بىر جۈپ ئۆردەك بولۇپ قومۇش بىلەن كۆلەڭگەك ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرۈشنى ئويلىدى .

## خوشلىشىش

خەير ئانا ، كېتەر ۋاقتىم بولدى ، مەن كەتتىم .

سۇبھى تاك پەيتىدە سەن قوللىرىڭنى تۇيدۇرماي سۇنۇپ تۆشىگدە شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان بالاڭنى قۇچاقلىماقچى بولغاندا ، مەن :

« بالاك بۇ يەردە ئەمەس ! » دەيمەن ـ دە ، كېتىمەن .

مەن سەلكىن شامالغا ئايلىنىپ سېنى تىنماي يەلپۈپ ئۆتىمەن . مەن دەريالاردا مەيىن دولقۇن بولۇپ سېنى چۆمۈلۈۋاتقان چېغىڭدا قانماي سۆيىمەن .

بورانلىق كېچىلەردە يامغۇر تامچىلىرى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلاتقاندا ، سەن تۆشىگىڭدە يېتىپ مېنىك پىچىرلاشلىرىمنى ئاڭلايسەن ، چاقماق نۇرلىرى ئوچۇق دېرىزەڭدىن ئۆيگە ئېتىلىپ كىرگەندە ، مېنىك كۈلكەمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئۆي ئىچىدە جاراڭلايدۇ .

ئەگەر سەن ئۇغلۇڭنى ياد ئېتىپ تۈن نىسبى بولغۇچە ئويغاق ياتقان بولساك ، مەن يۇلتۇزلۇق ئاسماندىن ساڭا قاراپ : « ئۇخلىغىن ئانىجان ، ئۇخلىغىن ! » دەپ ئەللەي ناخشىسى ئېتىمەن .

مەن ھەر يان سەيلانە قىلغان ئاي نۇرى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ، سەن ياتقان كارىۋات يېنىغا ئوغرىلىقچە كېلىمەن ـ دە ، ئۇيقۇلۇق پەيتىڭدە قوينۇڭغا كىرىپ يېتىۋالىمەن .

مەن شېرىن چۈشلەرگە ئايلىنىپ ، كىرپىكلىرىك ئارىسىدىن سىغدىلىپ كىرىپ تاتلىق ئۇيقۇلىرىڭغا ھەمراھ بولىمەن . سەن چۆچۈپ

ئويغىنىپ تەئەججۇپ بىلەن ئەتراپقا كۆز تىككىنىڭدە ، مەن ياللىدە قىلىپ ئۆچكەن ئۇچقۇنغا ئوخشاش قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كېتىمەن .

## ئۇ قىرغاق

مەن دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىغا تاقەتسىزلىك بىلەن تەلپۈنىمەن .

ئۇ ياقتىكى سانسىز كېمىلەر بامبۇك چەنزىلەرگە باغلاقلىق تۇرۇپتۇ .

كىشىلەر تاڭ سەھەردە كېمە بىلەن ئۇ قىرغاققا ئۆتۈپ ، بوقۇسلىرىنى مۈرىلىرىگە ئارتىشىپ يىراق ـ يىراقلاردىكى يەرلىرىنى شودىگەر قىلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كېتىدۇ .

ئۇ قىرغاقتىكى چوپانلار كالىلىرىنى مۆرىتىپ دەريا بويىدىكى ئوتلاققا ھەيدىشىدۇ .

گۈگۈم چۈشۈپ ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتقاندا ، ياۋا گىياھلار بىلەن قاپلانغان ئۇ ئارالدا پەقەت چىل بۆرىلەرنىڭ ئەلەملىك ھوۋلاشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ .

ئېھ ئانا ، ئەگەر سەن كۆڭلۈڭگە ئالمىساڭ ، مەن چوڭ بولغاندا ئەنە شۇ دەريادا كېمىچى بولىمەن .

ئاڭلىشىمچە ، ئەنە شۇ ئېگىز قىرغاقنىڭ ئارقىسىدا نۇرغۇنلىغان غەلىتە كۆلچەكلەر مۈكۈنۈپ ياتارمىش .

يامغۇر توختىغان چاغدا ياۋا قۇشلار توپ ـ توپ بولۇپ ئۇياققا ئۇچۇپ بارىدۇ . قىرغاقلاردىكى قويۇق ئۆسكەن قومۇشلۇق ئىچىدە سۇ قۇشلىرى تۇخۇم تۇغىشىدۇ .

قۇيرۇقلىرىنى لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشۈۋاتقاندەك ئوينىتىپ تۇرغان بامبۇك كەكلىكلىرى لىغىرلاپ تۇرغان غۇبارسىز لاتقىلارغا نازۇك ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ .

گۈگۈم چۈشكەندە ئېگىز ئۆسكەن گۈل ـ گىياھلار باشلىرىغا

كـۆمۈش چىچەكلەردىن تاج قىسىدۇ ، سۈتتەك ۋالىلداپ تۇرغان ئاي نۇرى ئۆلارنىڭ دولقۇنلىنىۋاتقان سىيماسى ئۈستىدە ئۈزۈپ ئوينايدۇ .

ئېيـﮪ ئانا ، ئەگەر سەن كۆڭلۈڭگە ئالمىساڭ ، مەن چوڭ بولغاندا ئەنە شۇ دەريادا كېمىچى بولىمەن .

مەن بۇ قىرغاقتىن ـ ئۇ قىرغاققا ، ئۇ قىرغاقتىن ـ بۇ قىرغاققا ئارامسىز ئۈزۈپ ئوينايمەن . كەنتلەردە سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان باللار ماڭا تەئەججۇپلەنگەن هالدا قارىشىدۇ .

قۇياش ئۆرلەپ ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ، چۈش بولغىنىنى هېس قىلىمەن ـ دە ، سېنىڭ قېشىڭغا يۈگۈرۈپ بېرىپ :

« ئانا ، قورسىقىم ئاچتى ! » دەپ ئۈنلۈك توۋلايمەن .

بىر كۈن ئاخىرلىشىدۇ ، سايەم دەرەخلەر ئارىسىدا سۇنايلىنىپ ياتقاندا ، مەن ئۈلغىيىۋاتقان گۈگۈم بىلەن ئۆيگە قايتىمەن .

مەن دادامنى دورىمايمەن ، سەندىن مەڭگۈ ئايرىلىپ شەهەرلەردە ئىشلەش ئۈچۈن زادى بارمايمەن .

ئېيـﮪ ئانا ، ئەگەر سەن كۆڭلۈڭگە ئالمىساڭ ، مەن چوڭ بولغاندا ئەنە شۇ دەريادا كېمىچى بولىمەن .

( « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

[ئاپتور هەققىدە] : رابىندىرنات تاگور ( 1861 ـــ 1941 ) ، هىندىستان يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىدىكى مەشهۇر شائىر ، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى ، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۇنجى ئاسىيالىق يازغۇچى . ئۇ ئاتمىش يىلدىن كۆپرەك ئىجادىيەت هاياتىدا ئىككى يۈز پارچىدىن ئارتۇق هېكايە ، ئوتتۇز سەككىز پارچە سەهنە ئەسىرى ، ئون ئىككى پارچە پوۋېست ۋە رومان ، ئىككى مىڭ يەتتە يۈز پارچىدىن كۆپرەك رەسىم ۋە ئەدەبىيات ، ئېستېتىكا ، مۇزىكا ، پەلسەپە ، تارىخ ، دىن ، سىياسىغا دائىر نۇرغۇن ئىلمىي ماقالە هەمدە ئەسلىمە ، ساياهەت خاتىرىسى ، خەت ـ چەك قاتارلىق كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان . ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا ، شېئىرىيەت تا-

گۇر ئىجادىيىتىدە ئاساسىي لىنىيىلىك ئورۇن تۇتقان بولۇپ، ئۇ ھاياتىدا ئاتمىش پارچە شېئىرلار توپلىمى، بىر مىڭ ئىككى يۈز پارچە ناخشا تېكىستى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ شېئىرىي تالانتى ناھايىتى بالدۇرلا كۆزگە كۆرۈنگەن بولۇپ، سەككىز ياش ۋاقتىدىلا شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. ئون توققۇز ياش ۋاقتىدىلا تۇنجى رومانىنى ئېلان قىلغان، ئون تۆت ياش ۋاقتىدىلا بىر مىڭ ئالتە يۈز مىسرالىق تېپىك داستانى « ياۋا چېچەك » نى نەشر قىلدۇرغان. ئۇ يەنە مەلۇماتلىق مۇزىكانت ۋە رەسسام بولۇپ، جەمئىي ئىككى مىڭغا يېقىن مۇزىكا ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرى ھازىرقى ھىندىستاننىڭ دۆلەت شېئىرىي قىلىپ بېكىتىلگەن. يېشى يەتمىشتىن ئاشقان چاغدىمۇ رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىپ، بىرمىڭ بەش يۈز پارچە رەسىم سىزغان، بۇلار دۇنيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا كۆرگەزمە قىلىنغان. 1924 ـ يىلى جۇڭگوغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 1920 ـ يىللاردىن باشلاپلا ئېلىمىز كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرۇلۇشقا باشلىغان.

( ئاپتورنىڭ « ھىلال ئاي » ناملىق توپلىمىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدىن ۋە « مەشھۇر چەت ئەل يازغۇچىلىرى » ناملىق 1 ـ كىتابتىكى تەرجىمىھالىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى ).

# جۇلېس رېنارد لىرىك نەسرلىرىدىن

( فرانسىيە )

## پارقىراق قوڭغۇز

تۇن مۇگىدەك باسقان ئورمانلىقتا قارا پەردىسىنى يايغان. قۇشلار قايتىپ كەلدى، ئۇلار يوپيۇرماق ئارىسىدا بىر ـ بىرىنى ئىزدىمەكتە. ئۇلارنىڭ « پالاق ـ پۇلۇق » قانات قېقىشلىرى يوپيۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازلىرىنى بېسىپ كەتتى. ئۇلار بىرەر نەرسىنى كۆرۈشنى بەكمۇ

ئارزۇ قىلاتتى . لېكىن ، يۇلتۇزلار ناھايىتى يىراق ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاي-نىڭ شولىسىمۇ ئۇلارغا يېقىن جايغا چۈشمىگەن ، ئۇنىڭدىن باشقا تاش ئالما بىلەن دولانىمۇ تازا قىزارمىغان .
نۇر تەگشەپ بەرگۈچى مۇخ ، ئەلچى قۇشلارنىڭ مۇھەببەتلىشى-شىگە چىراغ ياندۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ، ئۇشتۇمتۇتلا بارلىق جان - جا-نىۋارلارنى يورۇق قىلىۋەتتى .

## قارماق سالغۇچى

جىلغا سۇلىرى تېز - تېز ئېقىپ كۆلگە — ئېقىپ سۇ ئارام ئال-دىغان جايغا قۇيۇلماقتا . بىر كىچىك ئېقىندىن ئوتلارنىڭ كۇسۇلداشقان ئاۋازى كەلمەكتە . يەنە بىر ئېقىننىڭ سۈيى تۈگمەننىڭ چاقپىلىكىدەك سۇزۇلۇپ دۇغىسىز پارقىرىماقتا ؛ ئۇ بىرمۇنچە شېغىللارنى بېسىپ ئۆت-كەچكە ، خۇددى يېپىك يۆتەلگەندەك ھاسىرىماقتا . ئۇ يېزا - كەنتلەر-دىكى ئۆردەكلەرنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاتماقتا ، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر توپ چىۋىن گىژىلدىشىپ ئۇيان - بۇيانغا ئۇچماقتا ، بېلىقلار سۇ يۈزىدە پىلتىڭلاپ يۈرمەكتە . ئۇلار قورساقلىرىنى تويغۇزۇۋېلىپ ، كۆل قىرغاق-لىرىدىن يىراققا بېرىۋېلىپ ، بىر - بىردىن : « قارماقچى پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ نېمە قىلىۋاتىدىغاندۇ ؟ » دەپ سوراشماقتا .

## ئىنەك

ئۇنىڭغا لايىقىدا ئىسىم تېپىش تەس بولۇپ ، تۈزۈكرەك ئىسىم قويۇلماي ، « ئىنەك » دەپ ئاتالغانىكەن . بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا تولىمۇ ياراشقان .
ۋاھالەنكى ، ئىسىمنىڭ نېمە كارايىتى بار ؟ ئۇنىڭ ئىشتىھاسى بولسىلا بولدى ! يېگى چىققان يېشىل ئوت - چۆپلەر ، قۇرۇق ئوت -

چۆپلەر، كۆكتات، ئاشلىق ھەتتا بولكا، تۇز كەڭتاشا تۇرۇپتۇ، نېمىنى خالىسا شۇنى يەۋەرسۇن، قايسى ۋاقىتتا يېسە ئۆزىنىڭ مەيلى. ئۇ كۆشگەچكە ئىككى قېتىم يەيدۇ.

ئۇ مېنى كۆرگەن ھامان ئاچماق تۇياقلىرىدا يېنىك دەسسەپ يېنىمغا كېلىدۇ. تۇياقلىرى يېنىدىكى تۈكلۈك تېرىلىرى پاچاقلىرىغا ئوخشاش ئاق پايپاق كىيىۋالغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەنە، ئۇ مېنىڭدىن ئاز ـ تولا يېگۈدەك نەرسە تەمە قىلىپ يېنىمغا كەلدى. مەن بولسام دائىم ئۇنىڭغا زوق بىلەن قاراپ كېتىمەن. ئىختىيارسىز ھالدا: «بوپتۇ، يەپ تۇرغىن!» دەۋېتىمەن.

لېكىن، ئۇ ئۆزىنى سەمرىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سۈت پەيدا قىلىش ئۈچۈن يەيدۇ، ۋاقتى كەلگەندە يىلىنلىرى ئېسىلىپ سۈتكە تولىدۇ. ئۇ سۈت بېرىشتە پېخسىق ئەمەس (بەزى ئىنەكلەر قىزغانچۇق كېلىدۇ)، ناھايىتى مەرد، تۆت ئەمچىكىنىڭ ئۈچىنى ئازراق سىرىسىڭىزلا، سۈت خۇددى بۇلاقتەك جىرغىپ چىقىدۇ. ئۇ پۇتىنى مىدىرلاتماي، ھەتتا قۇيرۇقىنىمۇ شىپاڭلاتماي يوغان، يۇمشاق تىلىنى چىقىرىپ، ساققۇچى ئايالغا چاقچاق قىلغاندەك، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى يالاپ قويىدۇ.

ئۇ تەنھا بولسىمۇ قىلچە زېرىكمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىشتىھاسى ئوبدان. يېڭى تۇغۇلغان موزىيى يادىغا يېتىپ قالغاندىلا پۇشقۇرۇپ ئاندا ـ ساندا مۆرەپ قويىدۇ. ئەمما، ئۇ كىشىلەرنىڭ يوقلاپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ مۈڭگۈزىنى تىك تۇتۇپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، ئوت ـ چۆپ غوللىرىنى چايناپ، مېھماندوستلۇق قىلىدۇ.

ئەرلەر قىلچە قورقماستىن ئۇنىڭ تويۇپ پومپايغان قورساقلىرىنى سىلاۋېرىدۇ. ئاياللار بولسا ئۇنىڭ ياۋاشلىقىدىن ئەيمىنىدۇ. شۇنچىلا چوڭ كالىنىڭ شۇنچە ياۋاش، مۇلايىملىقىدىن ھەيران بولۇپ، شېرىن خىيالغا كېتىدۇ.

# مېكىيان

ئۇ ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا سەكرەپ كاتىكىدىن چىقتى .
بۇ ئادەتتىكى مېكىيان ، كۆرۈنۈشى ئاددىي ، زادى ئالتۇن تۇخۇم
كاكىلىغان ئەمەس .
ئۇ كۆزنى چاقنىتىدىغان ئاپتاپتا هويلا ئىچىدە تەمتىلەپ ماڭدى .
ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن كۆل دۈۋىسىنى كۆردى . ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە
شۇ يەردە ئويناشقا ئادەتلەنگەن .
ئۇ ئاشۇ يەردە دومىلاپ پۈتۈن بەدىنىنى كۆلگە مىلەيدۇ . پەيلە-
رىنى ھۆرپەيتىپ ، قاناتلىرىنى تازا قېقىپ پىتلىنىدۇ .
ئاندىن كېيىن يېقىندا ياققان ئۆتكۈنچى يامغۇر سۈيى بىلەن تول-
غان تەخسە ئالدىغا كېلىپ سۇ ئىچىدۇ .
ئۇ سۇلا ئىچىدۇ .
ئۇ بويىنىنى تەخسىنىڭ بۇرجىكىگە ئارانلا يەتكۈدەك سو-
زۇپ ئىچىدۇ .
يۇمران ئوت - چۆپلەر ، قۇرت - قوڭغۇزلار ۋە چېچىلىپ قالغان
دانلار ئۇنىڭغا مەنسۇپ .
ئۇ دانلاپ ، دانلاپ زادىلا چارچاشنى بىلمەيدۇ .
ئۇ بەزىدە توختاپ ، ئۆتكۈر كۆزلىرىنى تىكىپ ، پوكانلىرىنى
چىقىرىپ ، خۇددى ئەينى يىللاردىكى جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ قىزىل شەپ-
كىسىگە ئوخشاش تاجىسىنى تىك تۇتۇپ ، بۇ ياكى ئۇ قۇلىقى بىلەن
ئەتراپنى تىڭشىغىلايدۇ .
ھېچقانداق يېڭى شەپە يوقلۇقىغا ھەقىقىي ئىشەنگەن ھامان ، يەنە
دانلاشقا كىرىشىدۇ .
ئۇ خۇددى رىماتىزىم كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كېسەلمەنلەرگە
ئوخشاش قاتمال پاچاقلىرىنى ئېگىز - ئېگىز كۆتۈرىدۇ ، تىرناقلىرىنى

ئىچىپ يەم بىلەن دەسسەيدۇ ، شەپە چىقارمايدۇ .
ئۇ ماڭغاندا خۇددى يالاڭئاياغ كىشىلەرگە ئوخشايدۇ .

( بۇ نەسرلەر ، يازغۇچىنىڭ ، « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ، « سوغۇق تەبەسسۇم » سەر لەۋھىسى ئاستىدا ئېلان قىلىنغان بىر يۈرۈش نەسرلىرى ئىچىدىن ئېلىندى . )

[ئاپتۇر ھەققىدە ] جۇلىس رېنارد ( 1864 — 1910 ) ، فرانسىيە يازغۇچىسى . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىخچام ، تەبىئىي ، ئېنىق ، شەكلى ھەرخىل بولۇپ ، باشقىچە ئۇسلۇبقا ئىگە . ئۇنىڭ « سەۋزە كۆكى » ، « تەبىئەت خاتىرلىرى » قاتارلىق نامايانىدە ئەسەرلىرى بار .

ئاپتورنىڭ بەدىئىي ماھارىتى ، يىغىنچاقلاش ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇپ ، ھەر خىل مەنزىرە ، كۆرۈنۈشلەرنى تولىمۇ ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەن ؛ مەزمۇننى بېيىتىپ جان كىرگۈزىدىغان تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئۇنى ئەينەن ، جانلىق ، ئىنتايىن قىزىقارلىق قىلىپ يازغان . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى خۇددى نەپىس نەسرىي شېئىرغا ئوخشايدۇ .
( « دۇنيا ئەدەبىياتى » 1982 ـ يىللىق 1 ـ ساندىن ئېلىندى . )

## ئىككى نەسر

### تۇرگېنېۋ ( روسىيە )

### قىيا تاش

دېڭىز بويىدىكى ئاشۇ قەدىمىي قىيا تاشنى كۆرگەنمىدىڭ ؟ قۇياش كۈلۈپ تۇرىدىغان ئارامبەخش باھار كۈنلىرى — تاشقىن پەسلىدە ھەرتەرەپتىن تۇرۇلۇپ كەلگەن دولقۇنلار ئۇنىڭغا يېپىشىدۇ ، ئۇنى ئۇرىدۇ ، ئوينىتىدۇ ، ئەركىلىتىدۇ ، قارىغىنا ، مەرۋايىتتەك پارقىراق بۇژغۇنلىرىنى مۇخ بېسىپ كەتكەن ئاشۇ قىيا تاشقا چاچىدۇ .

قىيا تاش يەنىلا قىيا تاشتە، لېكىن ئۇنىڭ ئاشۇ جانسىز قىياپىتىدىن يارقىن رەڭلەر جۇلالىنىپ تۇرماقتا.

بۇ رەڭلەر يىراق ئۆتمۈشنى ھېكايە قىلماقتا. ئۇ چاغلاردا ئېرىپ كەتكەن بۇ قىيا تاش ئەمدى قېتىشقان، پۈتۈن جىسمىدىن ئوتقاشتەك قىزىللىق جۇلالىنىپ تۇرماقتا. شۇنىڭغىمىكىن، يېقىندىلا بىر جانانىڭ روھى مېنىڭ زەئىپلەشكەن يۈرىكىمنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدى، بەلكى ئۇنىڭ سېھىرلىك پەپىلەشلىرى بىر چاغلار يۈرىكىمدە لاۋۇلداپ يانغان ئوتلارنى تېخىمۇ يېلىنجىتىۋەتتى!

دولقۇنلار تىنجىدى ... لېكىن جاندىن ئۆتىدىغان شىۋىرغان ئۇچقۇنداپ تۇرسىمۇ، رەڭلەر ئۆز جۇلاسىنى يوقاتقىنى يوق.

## ئەتە، ئەتە!

ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەربىر كۈن نېمىدېگەن مەنىسىز، نېمىدېگەن سولغۇن، نېمىدېگەن ئەرزىمەس ـ ھە! ئۇنىڭ ئىزلىرى نېمىدېگەن كىچىك. ئاھ! سائەتلەپ ئۆتۈۋاتقان بۇ ۋاقىتلار قانداق ئەھمىيەتسىز، قانداق چۈشىنىكسىز!

ئەمما، ئادەم يەنىلا ياشاش كېرەك. ئۇ ھاياتنى قەدىرلەيدۇ. ئۇ ئۈمىدىنى ھاياتىغا، ئۆزىگە، كېلىچەككە باغلىغان. ئوھۇ ... ئۇنى كەلگۈسىدە قانداق بەختلەر كۈتمەكتىكىن؟ بىراق ئۇ نېمىشقا ئەتىنىلا تەسەۋۋۇر قىلىدىغاندۇ؟ ناۋادا ئۇ كۈتكەن ئەتىكى كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كۈن بىلەن يەنىلا ئوخشاش بولۇپ چىقسىچۇ؟!

ھىم، ئۇ تېخى بۇ نۇقتىنىمۇ ئويلاپ كۆرمىگەن. پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۇنىڭ ئەزەلدىن خۇشى يوق. ئەكسىچە ئۇ بۇنى ئۆزىچە خاتا دەپ ئويلىمىسا كېرەك.

« ئېھ، ئەتە، ئەتە! » ئۇ ئۆزىنى بەزلىمەكتە ... ئاھ! بولدىلا، بۇ « ئەتە » سېنى قەبرەڭگە ئۈزىتىپ قويغاندىلا، سەندە تەسەۋۋۇر قىلغۇ-

دەك ھېچنېمە قالمايدۇ .

1879 _ يىلى 5 _ ئاي

( « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . « ئىككى نەسىر » دېگەن ماۋزۇ تۈزگۈچى تەرىپىدىن قويۇلدى . )

[ئاپتور ھەققىدە] ئىۋان سېرگېيېۋىچ تۇرگېنېۋ ( 1818 ــ 1883)، 19 _ ئەسىر روسىيە ئەدەبىياتىدىكى بۈيۈك رېئالىست يازغۇچى .

ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىن : « پاراشا » ، « ئاق نانچى » ، « تۆرىنىڭ ناشتىلىقى » ، « بويتاق » ، « يېزىنىڭ يانۋارى » ، « مۇمۇ » ، « ئوۋچى خاتىرىلىرى » ، « رودىن » ، « ئاقسۆڭەك ئائىلىسى » ، « ھارپا » ، « ئاتىلار ۋە بالىلار » ، « تۇتۇن » ، « بوز يەر » قاتارلىق رومان ، ھېكايە توپلاملىرى ، دراملىرى ۋە نەسرلەر توپلىمى بار .

ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەينى دەۋردىكى روسىيە جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى سۈرەتلەپ بەرگەن .

( « مەشھۇر چەت ئەل يازغۇچىلىرى » ناملىق 1 _ كىتابتىن قىسقارتىپ ئېلىندى . )

## ھايات كۈيى

### ئورفات ( ئافغانىستان )

ئەتراپتا تېۋىش يوق ، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە . ھاياتلىق كۈيىمۇ سۈكۈت ئىچىدە تۇرماقتا .

ئەنە شۇ جىمجىتلىقتا ، ئىرادە ئۆز ھاياتىنى ، ئىدىيە ئىزدېرىكىنى يوقىتىپ ، خۇشاللىق گويا ياۋا قۇشلار كىشىلەردىن ئۈركىگەندەك ئۆزىنى چەتكە ئالماقتا .

مەن قولۇمدىكى سازىمنى ياكرىتىپ بۇ تىمتاسلىقتا خاتىمە بەرمەكچى بولدۇم .

بۇ سازنى مەن مۇھەببەت بوستانىدىن ، بۇلبۇللار ماكانىدىن ئەپ-
كەلگەن .

مېنىڭ سازىم ناھايىتى مۇڭلۇق .

قېنى مەرھەمەت ، ئۇلتۇرۇڭ ، مەن ئۇنى سىزگە بىر پەدە چېلىپ
بېرەي . مەن ئىرادەمنىڭ بوشاپ ، يۈرىكىمنىڭ توختاپ قېلىشىنى ھەرگىز
خالىمايمەن .

مەن ھېسسىيات تۇلپارىنى چاپتۇرۇش ئۈچۈن كەلدىم .

سەل تەخىر قىلىڭ ، مەن سازىمنى سىزگە بىر پەدە چېلىپ بې-
رەي .

ھە نېمە ؟

بۇ سازدىن نېمىشقا سادا چىقمايدۇ ؟

ساز ساق ، تارلىرى جايىدا ، يەنە نېمە ئۈچۈن سادا چىقمايدۇ ؟
پالاكەتچىلىك دېگەن مانا شۇ ــ دە . بۇ سازغا زادى نېمە بول-
غاندۇ ؟

ئەمدى بىلدىم ، بۇلبۇللار ماكانىنىڭ بۇ ياڭراق سازى گۈلىستانى-
دىن ئايرىلسا سايرىماس بولۇپ قالىدىكەن !

بۇ ساز ئوتلۇق مۇھەببەت رىشتىگە قەلبداش ، تارىسى ھاياتنىڭ
ئاشۇ قىممەتلىك مۇھەببەتكە قېرىنداش .

مەن باغقا كىرىپ ، خۇشپۇراق گۈلزارلىقتا ئولتۇرۇپ ساز
چالىمەن .

مەن نەرگىس گۈلىنىڭ شەھلا كۆزلىرىگە ، ئەتىر گۈلنىڭ ئىللىق
تەبەسسۇمىغا ، ئەۋرىشىم بەللىك سەندال كۆچىتى ۋە نازۇك يۆگىمەچ ،
ھەرەم كۆچەتلىرىگە قاراپ ، بۈك ــ باراقسان باغچىلاردا ئولتۇرۇپ ھايات
كۈيىنى ياڭرىتىمەن .

بۇ ھايات كۈيى ياڭرىسا ، جاھاننىڭ جىمجىتلىقى بۇزۇلۇپ ، ئىن-
سانلار شاد - خۇراملىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ .

بۇ ھايات كۈيى كۆكتىكى قارا بۇلۇتلۇق ئالەم دەرۋازىسىنى ئې-
چىپ ، چوغدەك قۇياش نۇرى ۋە نازاكەتلىك تولۇن ئاي يورۇقى چاچ-

قوزالايدۇ ، قاماپ قويۇلغان بۇلبۇلنى قەپەستىن ئازاد قىلىپ ، چاربىاغنىڭ ئىشىكىنى ئۇلۇق ئېچىپ ، شاد - خۇراملىق ئېلىپ كېلىدۇ ، ئىنسانلار ئەقىل - پاراسىتى روناق تاپىدۇ ، بۇلارسىز ھايات كۆيىگە بەخت ، خۇشاللىق نېسىپ بولمايدۇ .
( « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

[ئاپتور ھەققىدە]

ئورفات ( 1907 — 1977 ) ئافغانىستاننىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى . ئۇنىڭ ئاددىي ، ئوچۇق ، ئېنىق بولۇشتەك ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بار . ئۇ ئافغانىستاننىڭ يېقىنقى زامان ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ .
( « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق 5 - سانىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى . )

## ئەتىر گۈلنىڭ يىلتىزى

كافلرا مىستىرال ( چىلى )

يەر ئاستىدىمۇ يەر ئۈستىدىكىگە ئوخشاشلا ھاياتلىق بار ، مۇھەببەت ۋە نەپرەتنى ئوبدان بىلىدىغان جانلىق ئورگانىزملار بار .

ئۇ يەردە قاپقارا قۇرت - قوڭغۇزلار ، قارا ئارغامچىغا ئوخشايدىغان يىلتىزلار ، زىغىر تالالىرىدەك ئىنچىكە ئېقىنلار بار .

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇ يەردە يەنە تۇن لەيلىسچىلىك كېلىدىغان ، ساقاللىق ، دۈمچەك يەر ئىلاھى بارمىش .

بىر كۈنى كىچىك ئېقىن ئەتىرگۈلنىڭ يىلتىزىغا ئۇچراپ قېلىپ مۇنداق دەپتۇ :

— يىلتىز قوشنام ، سېنىڭدەك بەتبەشىرىنى ئۆمرۈمگە كېلىپ كۆرمىگەنمەن ، سېنى كۆرگەنلىكى نەرسە بىر مايمۇن قۇيرۇقنى يەرگە

سانچىپ تاشلاپ كېتىپ قالغان بولسا كېرەك ، دەيدۇ . قارىغاندا سەن سازاڭنى دورىماقچى بولۇپسەن ، لېكىن ئۇنىڭ چىرايلىقلىقى ، يۇمشاقلىقى ۋە تۇمىلاقلىقىنى دورىيالماي مېنىڭ كۆك شەربىتىمنى ئىچىشنىلا ئۆگىنىپسەن . ساڭا ئۇچراپلا قالسام ، تەڭ يېرىمىمدىن قۇرۇق قالىمەن . خوي سەت مۇرۇق ، نېمە قىلغىنىڭ بۇ ؟

كەمسۇندۇرۇلغان يىلتىز شۇنداق دەپتۇ :

— توغرا ، قېرىندىشىم . سېنىڭ نەزىرىڭدە ئەلۋەتتە مېنىڭ تەلەتىم قاملاشمىغان . ئۇزاق ۋاقىت لاي ۋە توپا بىلەن بىللە بولۇش ھەممە يېرىمنى قوڭۇر رەڭ قىلىپ قويدى ؛ ھەددىدىن زىيادە ھارغىنلىق شەكلىمنى ئۆزگەرتىپ ، قولى مايماق بولۇپ قالغان ئىشچىدەك قىلىپ قويدى . مەنمۇ ئىشچىمەن . مەن تېنىمنىڭ قۇياش كۆرۈش ئارزۇسىدا بوي تارتقان قىسمى ئۈچۈن ئىشلەيمەن ؛ سەندىن ئىچكەن شەربىتىمنى ھۆسن تاپسۇن ، دەپ ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ بېرىمەن ؛ سەن كەتكىنىڭدىن كېيىن جېنىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شەربەت ئىزلەپ يىراقلارغا بارىمەن . قېرىندىشىم ئىقىن ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە سەن قۇياش نۇر چاچقان يەرگە بارىسەن . شۇ چاغدا سەن مېنىڭ قۇياشتىن نۇر ئېمىپ تۇرغان قىسمىم قانچىلىك چىرايلىقكىن ، كۆرۈپ باقارسەن .

كىچىك ئىقىن بۇنىڭغا چۈمپۈتمەپتۇ ، لېكىن ئېھتىيات يۈزىسىدىن گەپ ـ سۆز قىلماي ئىچىدە قېنى كۆرەرمىز ، دەپتۇ .

ئۇنىڭ تېنى بارا ـ بارا يوغىناپ ، قۇياش پارلاپ تۇرغان جايغا بارغاندا ، ئۇنىڭ بىرىنچى ئىشى يىلتىزنىڭ قۇياش ئاستىدىكى قىسمىنى ئىزلەش بوپتۇ .

پاھ ، ئۇ نېمىلەرنى كۆردى دېسەڭلارچۇ !

ھەممە ياق باھار پەيزىگە چۈمگەن ، يىلتىز جاي ئالغان يەردە بىر تۇپ ئەتىرگۈل يەرنى ئاجايىپ كۆركەم تۈسكە كىرگۈزگەنىدى . شاخلىرىدا ئېچىلغان ئەتىرگۈللەر ئەتراپقا خۇش پۇراق چاچاتتى ۋە بىرخىل سېھرى كۈچ بەخش ئېتەتتى .

ئېرىق بولۇپ ئېقىۋاتقان سۇلار گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلغان ئوتلاق-

تىن ئويغا چۆمگەن ھالدا ئۆتۈشتى :
« تووۋا ! سەت ، ئەگرى ـ بۈگرى يىلتىزنىڭ ئۈستىدە بۇ قەدەر گۈزەللىكنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئەجەب خىيال قىلماپتۇق ـ ھە !...»
( « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

[ئاپتور ھەققىدە]
كافلىرا مىسترال ( 1889 ــ 1957 ) چىلىنىڭ مەشھۇر لىرىك شائىرى . لاتىن ئامېرىكىسى بويىچە بىرىنچى بولۇپ نوبېل مۇكاپاتى ئالغان يازغۇچى . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ئاددىي ، راۋان ، ھېسسىيات كۈچلۈك ھەم چىن . قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە . ئىسپان تىلى ئەدەبىياتى ساھەسىدە ئۇنىڭ ئابرۇيى ناھايىتى يۇقىرى .
( « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلى 1985 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن )

## ئىككى نەسر

پىرشۋىن ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى )

## سۇنىڭ باھارى

قار ئاق توزغاقتەك يۇمشاق ئىدى ، ھەتتا ياۋا توشقانمۇ ئۇنى كۆكرىكى بىلەن تۇرتۇپ ، ئۇنىڭ ئاستىدا بىمالال ھەرىكەتلىنەلەيتتى .
يىراق جايلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن قۇشلار قارايغان چىلان تۇپراقلاردىن ئوزۇق ئىزلەشكە باشلىدى .
يامغۇر شەربىتىگە تويۇنغان قېيىنلار خۇشاللىقىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكتى . ياش تامچىلىرى قار ئۈستىگە تېمىۋېرىپ ، ئۇنى ھەرە كۆنىكىگە ئوخشىتىپ قويدى .
يول ئۈستىدىكى مۇزلار پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن ئەينەك پارچىلىرىدەك چېچىلىپ ياتاتتى . سوغۇق شۇرمەللەر ئېقىۋاتقان دەريا قىرغاقلىرى بوشىشىپ ئۆلتۈرۈشقا باشلىدى ...

كېچىدە بىر ياۋا توشقان بۇ يەردىن ئۆتتى ـ دە ، يىراقلارغا يۈ-
گۈرۈپ كەتتى . ئۇنىڭ ئاياغ ئىزلىرى يۇمشاققىنا ساھىل ئۈستىگە گۈل
بولۇپ چېكىلەتتى .

## سۇ

... دەريا ئۇيۇقۇنلىرى قىرغاقلاردىن ھالقىپ يىراق جايلارغا ئېقىپ
بارالايدۇ . شىر ـ شىر ئېقىنلارمۇ شۇنداق . ئۇلارمۇ ئاخىر ئۇيۇقۇنلارغا
قوشۇلىدۇ ھەتتا يىراق دېڭىزلارغىچە ئېقىپ بارىدۇ .

پەقەت توختام سۇلا مەن بىلەن ئۆچەكىشىپ قالغاندەك بەتبۇي
لەشلەر ئارىسىدا ئۇخلاپ ياتىدۇ .

كىشلەرنىڭ مۇھەببىتىمۇ شۇنداق . بۈيۈك مۇھەببەت پۈتكۈل
دۇنياغا مەنسۇپ ، ئۇ ھەممىلا ئادەمگە بەخت ئاتا قىلىدۇ . يەنە ئاددىي
كىشلەرنىڭمۇ مۇھەببىتى بار . ئۇ سىرغىپ ئېقىۋاتقان سۇغا ئوخشىشىدۇ .
ئۇمۇ كىشلەرگە گۈزەللىك بەخش ئېتىدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شۇنداق بىرخىل مۇھەببەتمۇ بار ، ئۇ
خۇددى قۇرتلاپ كەتكەن توختام سۇغا ئوخشاش كىشلەر كۆڭلىنى
غەش قىلىدۇ .

( « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . « ئىككى نەسىر » دېگەن
ماۋزۇ تۈزگۈچى تەرىپىدىن قويۇلدى . )

[ ئاپتۇر ھەققىدە ] مىخائىل مىخايلوۋىچ پرىشۋىن ( 1873 —
1954 ) ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ داڭلىق نەسىر يازغۇچىسى . سو-
دىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . 1902 ـ يىلى گېرمانىيە لىپىسك دا-
شۆسىنىڭ ئاگرانوملۇق كەسپىنى پۈتتۈرۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتقان
ۋە ئاگرانوم بولۇپ ئىشلىگەن . بۇ جەرياندا ئۇ دېھقانچىلىققا ئائىت نۇر-
غۇن ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان . كېيىن ئۆز كەسپىنى تاشلاپ ئەدەبىيات

بىلەن شۇغۇللانغان ھەم پۈتۈن زېھنىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن ئانتروپولوگىيە تەتقىقاتىغا قاراتقان .

ئۇنىڭ ئورمانلارنى كېزىپ يېزىپ چىققان « زېمىننىڭ كۆزى » ناملىق نەسرلەر توپلىمى بار . ئىلگىرى ئۇ ئاگرونوم بولۇپ ئىشلىگەچكە ، ئۇچار قۇشلار ، دەل ـ دەرەخلەر ، گۈل ـ چېچەكلەر ۋە ھايۋان ، ھاشاراتلار ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش ئېلىپ بارغان . ئاندىن ئۇلارنى ئۆز ھېسسىياتى بىلەن يۇغۇرۇپ تەسۋىرلىگەن . شۇڭا ، ئۇنىڭ نەسرلىرىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى كۈچلۈك ، ھېسسىياتى مول ، تىلى راۋان .

ئۇ « كىشىلەرنىڭ گۈزەل پەزىلىتىنى تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىزدەش كېرەك » دېگەن ھەم ئۆزىنى « ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئوۋلايدىغان ئوۋچى » دەپ ئاتىغان . ئەسەرلىرىدىمۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە گۈزەللىكىگە بولغان كۈچلۈك ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن . گوركىي ئۇنىڭغا « ھەقىقىي شائىر ۋە پەيلاسوپ ئىدى » دەپ يۇكسەك باھا بەرگەن .

( « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن ئېلىندى . )

## بۇلاق ساداسى

دۇگشەن كۈيىي ( ياپونىيە )

قۇشلار چەكسىز دالىدا پەرۋاز قىلىپ ئۇچىدۇ ، توپ ـ توپى بىلەن ئۈزۈلمەي ئۇچىدۇ ، ئۇچۇپ ئۆتىدۇ .

ئۇلار گاھىدا تۆت ـ بەشتىن توپلىشىپ ئۇچسا ، گاھىدا ئارغامچىدەك ئۇزۇن سەپ تۈزۈپ قاتارلىشىدۇ ، قاراڭلار ، بۇ نېمىدېگەن ھەيۋەتلىك توپ ـ ھە !...

ئۇلار سايرايدۇ ، ئىناق ئۆتىدۇ ، بىرى بىرىگە يۆلەك بولىدۇ ؛

بەزى چاغلاردا بىر ـ بىرى بىلەن ئۆچەكىشىدۇ، ئېلىشىدۇ، ھەتتا بىر ـ بىرىنى يارىدار قىلىشىدۇ. يەنە بەزىلىرى بولسا كېسەللىك، ھېرىش ـ چارچاش ۋە قېرىش تۈپەيلىدىن سەپتىن چۈشۈپ قالىدۇ.

مانا، ئۇلار بۈگۈن يەنە كەڭ دالىدا پەرۋاز قىلماقتا. ئۇلار يېشىل ۋادىلاردىن ئۆتكەندە، كۈن نۇرىدا تاۋلىنىپ ئېقىۋاتقان ئېقىنلارغا باقماقتا، ئۇلار قويۇق باغ ـ ۋارانلاردىن ئۆتكەندە شاخ ـ شاخلاردا مەي باغلاپ تۇرغان، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان مېۋىلەرگە تەلپۈنۈۋاتىدۇ.

بۇرۇن بۇنداق جايلار كۆپ ئىدى. لېكىن ھازىر ھەممە جاي چەكسىز قوۋم ـ باياۋانلارغا ئايلانغان، زېمىندا شۇنچە زور ئۆزگىرىشلەر بولسىمۇ قۇشلار يەنىلا ئۇچۇۋاتىدۇ. تۈنۈگۈنمۇ شۇنداق ئىدى، بۈگۈنمۇ شۇنداق، ئەتىمۇ شۇنداق.

قۇشلارنى ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئۇچامدىكىن دەپ قالماڭلار. ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۇچىدۇ؟ ئۇچۇپ نەگە چۈشىدۇ؟ بۇنىسى نامەلۇم، ھەتتاكى يول باشلىغۇچى قۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ.

ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇقەدەر تېز ئۇچىدۇ؟ ئاستىراق ئۇچسا بولمامدۇ؟

قۇشلار، ۋاقىتنى ئالدىراشلىق ئىچىدە تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك. ئۇلار ۋاقىتنىڭ چەكسىزلىكىنى، ئەبەدىلىكىنى، ئاخىرىدا ئۆزى تۈگەپ كېتىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. قۇشلار مەستخۇشلارچە شىددەتلىك قانات قېقىپ ئوقتەك ئۇچۇشىدۇ، بۇنىڭ ئۆزلىرىگە بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ زېمىندىن تېخىمۇ تېز يوقىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇلار بىلمىسە كېرەك.

قۇشلار ھېلىھەم شۇنچە تېز، شۇنچە شىددەتلىك قانات قاقماقتا...

ئورمانلىقتا بۇلدۇقلاپ قايناپ تۇرىدىغان سۈپسۈزۈك بىر بۇلاق بار، ئۇ قۇشلارنىڭ ئارامگاھى، ئەمما بىردەكلىك. لېكىن تالاي چۆللەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ چاڭقاپ كەلگەن قۇشلار ئۈچۈن ئۇ يەردىكى بىردەملىك ۋاقىت نەقەدەر قەدىرلىك ـ ھە!

يەر شارىدىكى ھەممە مەۋجۇداتلار ئەنە شۇنداق. ئۇلار بىر كۈن-

نىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەڭ ئەتىكى يېڭى ھاياتقا تەلپۈنىدۇ.

قانات ـ قويرۇقىنى يېيىپ بۇلاق بويىدا ئارام ئېلىۋاتقان قۇشلار بۇلاق سۈيىدىكى سىپتا سۇغا بولۇپ تۇرۇشىدۇ. ئىخ بۇلاق، سەن ئۆز بۇلدۇقلاشلىرىڭدا ئۇلارنىڭ نەگە بېرىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا بىر نېمە دەۋاتقانسەنمۇ؟

بۇلاق سۇلىرى زېمىننىڭ يۈرەك ـ باغرىدىن بۇلدۇقلاپ چىققان، ئۇ توختىماي ئاقىدۇ. ئەلمىساقتىن تا ھازىرغىچە يەر يۈزىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ــ مەۋجۇداتلارنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىنى، بەخت ـ سائادىتىنى ۋە ھايات ـ ماماتىنى ئۇ كۆرۈپ كەلمەكتە. شۇڭا، ئۇنىڭ قۇشلارنىڭ بارار جايىنى بىلىشى تۇرغان گەپ.

قۇشلار بۇلاقتىكى ئۆز ئەكسىنى، ھارغىن قىياپىتىنى كۆرۈپ بەگزادە دەۋرىنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ بۇنداق بۇلاقلارنى كۆرەلىشى تەس، چۈنكى ئۇلار ھەدەپ ئۇچۇشنىلا بىلىدۇ.

ئەمما، ئۇلار شۇ تەرىزدە ئۇچۇۋەرسە ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ نەسلى قۇرۇيدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندەكمۇ قىلىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ بۇ قانۇنىيەتنى بۇرۇنراق بىلىۋېلىشىنى ئىستەيمەن.

مەنمۇ ئاشۇ قۇشلارنىڭ بىرىمەن، ئىنسانلار ئاشۇ چۆل ـ جەزىرىلەردە تىنىمسىز پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشلار تۇپىدۇر.

ھەممە كىشىنىڭ قەلبىدە بۇلاق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن چىققان سادانى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇشكۇلچىلىكى توسۇۋالىدۇ. سەن كېچىلىرى ئۇيقۇدىن بىدار بولغان قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان يېقىملىق بىر سادانى ئاڭلايسەن، مانا بۇ دەل ئاشۇ بۇلاقنىڭ ساداسى!

مەن باسقان ئىزلىرىمنى ئەسلىدىم. بۇ يولدا تالاي قېتىم ئېزىپ كەتكەنىدىم. شۇ چاغلاردا ھامان قەلب بۇلىقىمدىن چىققان ساداغا قۇلاق سېلىپ، توغرا يولۇمنى تاپقانىدىم.

بۇلاق ماڭا دائىم مۇنداق سوئال قويىدۇ: «سەن ئۆزۈڭگە،

ئۆزگىگە سادىقمۇ ؟ » مۇنداق چاغلاردا مەن خىجىل بولىمەن ، تىلىم كالۋالىشىدۇ ، سۈكۈنات ئىلكىدە بېشىمنى تۆۋەن سالىمەن .

مەن سەمىمىي ـ ساداقەت بىلەن ياشاش تىلەكلىرىمنى نامايان قىلىش ئۈچۈن دائىم رەسىم سىزىمەن . قەلب بۇلىقىمدىن ماڭا : « سەن تەكەببۇرلۇقتىن قول ئۈز ، ئاددىي ـ ساددا بول ، بىر تەرەپلىمىلىك ۋە كاجلىقتىن ۋاز كەچ » دېگەن نەسىھەت سادالىرى كېلىدۇ .

مەن قەلب بۇلىقىمدىن يەنە : « شەخسىيەتچىلىكتىن ۋاز كەچ‑سەڭ ، چىن ماھىيەتنى كۆرەلەيسەن » دېگەن سادانىمۇ ئىشتىمەن .

مەن بۇنداق قىلسا تەس ، ھەتتا مۇمكىن ئەمەس ، دەپ ئويلاي‑مەن . ئەمما بۇلاق ماڭا پەس ئاۋازدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ :

« گۈزەللىك دەل ئەنە شۇ يەردە ! ... »

( « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## كېچە

شى شىن ( شياڭگاڭ )

ئېھ كېچە ، يۇزۇڭدە سىرلىق قارا چۈمپەردە ، نۇرانە ، غايىبانە پېشانەڭدە نۇرلۇق تولۇن ئاي ، چۈمپەردەڭدىكى چېكىم ـ چېكىم يۇل‑تۇزلاردىن تال ـ تال نۇرلار تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ . ئاستا لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار سېنىڭ كېچىلىك نېپىز كىيىمىڭ ، مەيىن ئۇچقان شاماللار سې‑نىڭ خاتىرجەم تىنىغان تىنىقىڭ . ئاھ كېچە ، كىشىنى ھاياجانغا سالىدى‑غان سېھىرلىك كېچە !

كېچە ، سېنىڭ جامالىڭنى كۆرۈشكە كىملەر مۇيەسسەر بولىدى‑كىن ؟ بەزىلەر سېنىڭ جىمجىتلىقىڭنى ياخشى كۆرىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن گۈل ئۈستىگە گۈل قونغاندەك تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىسەن . بەزىلەر سېنىڭ سۆرۈنلۈكىڭنى قارغايدۇ ، بۇنىڭ بىلەن قارا ئۈستىگە قارا سۇ‑

رۆلگەندەك ئىلگىرىكىدىنمۇ بەتتەررەك ۋەھىمىلىك بولۇپ كۆرۈنىسەن .

شائىر ساڭا كۆي توقۇيدۇ ، قاچقۇن ساڭا تەھسىن ئوقۇيدۇ . ئىشقىلىپ ، تىنچ - ئاسايىشلىق جەڭگە - جېدەللەرنىڭ ھەممىسىلا ساڭا مۇجەسسەملەشكەن . سەن رەھىمسىزلىكلەرنىڭ شاھىدى ، سەن ئاجىز - بىچارىلەرنىڭ گۇۋاھچىسى .

كېچە ، ئەرش - ئەلادىكى تەقدىر ئىلاھى سەنمۇ زادى ؟ چۈمپەردەڭنى ئېلىۋەت ، جامالىڭنى ماڭا بىر كۆرسەت . ئەنە ، نۇرلۇق كۆزلىرىڭدە سوغۇق نۇر ، قاڭشارلىق بۇرنۇڭدا تەكەببۇرلۇق ، نېپىز لەۋلىرىڭدە رەھىمسىزلىك دەۋر سۈرۈپ تۇرۇپتۇ . كۆكسۈڭ ئاپئاق ۋە چىرايلىق ، ئەمما مۇزدەك سوغۇق . پايانسىز ۋەھىمە سېنىڭ تەختىڭ ، ئاجىز يۈرەكلەرنى موجۇپ ياشاش سېنىڭ بەختىڭ .

كېچە ، ماڭا يېقىن كېلىپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سەنمۇ زادى ؟ چۈمپەردەڭنى ئاچ ، جامالىڭنى كۆرسەت . ئەنە ، سېنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىڭدىن مېھرىبانلىق ، ئېلىپتەك كۆزلىرىڭدىن شوخلۇق ، قىزىلگۈل بەرگىدەك لەۋلىرىڭدىن ئوماقلىق چىقىپ تۇرۇپتۇ . سېنىڭ يۇمشاق كۆكسۈڭگە ، ئانىلارغا خاس بۈيۈكلۈك يوشۇرۇنغان ، پۈتمەس خىياللار سەگەنچۈككە ئوخشايدۇ . ئۇنىڭ مەيىن تەۋرىنىشى ساڭا پۈتمەس خاتىرجەملىك بەخش ئېتىدۇ .

كېچە ، مەن سېنىڭ كېلىشىڭنى تۇسۇپ قېلىشقا ئامالسىزمەن ھەم سېنى قايتۇرماي تۇتۇپ قېلىشقىمۇ قادىر ئەمەسمەن . تالاي - تالاي قېتىم شېرىن خىياللارنى سۈردۈم ، تالاي - تالاي قېتىم ئىچ پۇشۇقىدىن بۇخسۇنۇپ يۈردۈم . تالاي كۈرەشلەرگە چۈشتۈم ، تالاي ۋەھىمىلەرگە چۆكتۈم . بۇلارنىڭ ھەممىسىگىلا ئۆزۈڭ سەۋەبكارسەن . ئاھ ، مەن ھەم ياخشى كۆرىدىغان ، ھەم ئۆچ كۆرىدىغان سېھىرلىك كېچە .

( « ئەدەبىي تەرجىمىلەر » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى ) .

## 3 . ئېپىك ( بايانىي ) نەسر ھەققىدە

كۆچلۈك لىرىك ھېسسىيات بىلەن مەلۇم ۋەقەنى بايان قىلىشنى ھەمدە مۇھەببەت ، مەنزىرە ، پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشنى بىرلەشتۈرۈپ ، مەلۇم ئىدىيىنى ئىپادىلەيدىغان نەسرلەر ئېپىك ( بايانىي ) نەسر دەپ ئاتىلىدۇ .

ئېپىك نەسر بايانىي ھەم ۋەقەلىك ( سۇژىتلىق ئەمەس ) نەسر بولۇپ ، ئۇنىڭ تۆت خۇسۇسىيىتى : ① ئۇنىڭدا مەلۇم ئىستېتىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان پېرسوناژ ھەم ۋەقەلەر ياكى مۇھەببەت ، مەنزىرىلەر يېزىلىدۇ . لېكىن ، ئۇنىڭدا بۇلارنى بايان قىلىش ، تەسۋىرلەشنى تۈپكى مەقسەت ۋە ئاساس قىلماستىن ، بەلكى ئاپتورنىڭ شۇ پېرسوناژ ، ۋەقە ياكى مۇھەببەت ، مەنزىرىلەر توغرىسىدىكى لىرىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ . ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلار ئوبرازى ھېكايىلەردىكىدەك تىپىك ۋە مۇكەممەل يارىتىلىش ، سۇژېت بۆلەكلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش تەلەپ قىلىنمايدۇ .

② ئاپتور ئېپىك نەسرنى يېزىش جەريانىدا بايان ، تەسۋىر ، چۈشەندۈرۈش ، مۇھاكىمە ۋە لىرىكا قاتارلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ، شۇ نەسرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئەركىن ۋە ماسلاشتۇرۇپ قوللىنىدۇ ۋە لىرىك ھېسسىياتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ .

مەسىلەن ، ئوتتۇرا مەكتەپ « ئەدەبىيات » دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن « بۇلاق » ، « تەڭرىتاغ مەنزىرىلىرى » قاتارلىق نەسرلەر ئېپىك نەسرنىڭ ياخشى ئۈلگىلىرىدۇر .

بەزىلەر قىسمەن ئېپىك ( بايانىي ) نەسرلەردە ھەقىقىي ئادەم ، ھەقىقىي ئىشلار يېزىلغانلىقىغا قاراپ بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تۈرلىرىدىن بولغان ئەدەبىي ئاخبارات ، ئوچېرك ، تەزكىرە ، ئىنقىلاب خاتىرىلىرى ، ئەسلىمە ، ساياھەت خاتىرىسى قاتارلىقلارنى ئېپىك

نەسرنىڭ تۈرلىرىگە تەۋە دەپ قارايدۇ . ئەمما ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئال-
غاندا ئېپىك نەسر بىلەن بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر ( يەنى
بايان خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەرلەر ) نىڭ ئەكس ئەتتۈرگەن ئوبيېكت
مەنبەسى يەنى ماتېرىيال تاللاش ۋە ئوبراز يارىتىشتا ھەقىقىي ئادەم ۋە
ئىشلارنى ئاساس قىلىش بىلەن بەدىئىي توقۇلما قىلىش جەھەتتىن تۈپ-
تىن پەرقلىنىدۇ . تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا : نەسر جۈملىدىن ئۇنىڭ
بىر تۈرى بولغان ئېپىك نەسر ماتېرىيال تاللاش ۋە ئوبراز يارىتىشتا رې-
ئال تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي ئادەم ، ھەقىقىي ۋەقەلەرنى چىنلىقتا ، تۇرمۇشقا
سادىقلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەلەپ قىلمايدۇ . شۇ سەۋەبتىن ئې-
پىك نەسردە ئەپسانىۋى ، رىۋايەتلىك ئامىللارمۇ بولىدۇ . رومانتىكىلىق
كۆرۈنۈشلەرمۇ بولىدۇ . يېزىش جەريانىدا لوگىكىلىق ، ئوبرازلىق تە-
پەككۇردىن باشقا يەنە خىيالىي ۋە ئەپسانىۋى تەپەككۇرمۇ قوللىنىلىدۇ .
بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۈر-
لىرى يەنى ئەدەبىي ئاخبارات ، ئوچېرك ، ئەسلىمە ، تەزكىرە ، ئىنقىلاب
خاتىرىلىرى ، ساياھەت خاتىرىسى قاتارلىقلارنى يېزىشتا ئېپىك نەسردى-
كىگە ئوخشاش خالىغان ئېپادىلەش ئۇسۇللىرى ئەركىن قوللىنىلىسمۇ ،
كۈچلۈك ، ئوبرازلىق بەدىئىي تىل قوللىنىلىسمۇ بولىدۇ . ئەمما ، بەدىئىي
توقۇلما قىلىشقا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ . يېزىش جەريانىدا پەقەت
ئوبرازلىق ، لوگىكىلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىلا قوللىنىلىدۇ .

قىسقىسى ، بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەرقانداق
چوڭ - كىچىك تۈرلىرى قانچىلىك بەدىئىي ماھارەت ، ئەپچىل قۇرۇلما
بىلەن يېزىلىشىدىن قەتئىينەزەر ، چىنلىقتا سادىق بولۇشقا ئەھمىيەت
بەرسە ، ئېپىك نەسر بەدىئىي توقۇلما قىلىشقا ، سۇبيېكتىپ ھېسسىياتنى
يېزىشقا تەسەۋۋۇرغا ئەھمىيەت بېرىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېپىك نەسردە
بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئالتە ئامىلىنى گەۋدىلەندۈرۈش
تەلەپمۇ قىلىنمايدۇ . شۇڭلاشقا ، بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر-
نىڭ يۇقىرىقى چوڭ - كىچىك تۈرلىرى ئېپىك نەسرنىڭ تۈرلىرىگە تەۋە
بولمايدۇ .

يۇقىرىقىلار ئىپىك نەسىرىنىڭ باشقا ئەدەبىي ، بەدىئىي ئەسەرلەر-
دىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تۈپكى خۇسۇسىيەتلىرىدىن
ئىبارەت .

تۆۋەندە ھەر خىل بىلىم قۇرۇلمىسىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاللاپ
ئۆرنەك قىلىشىغا ماس كېلىدىغان بىر بۆلەك ئىپىك نەسىرلەر بېرىلدى .

# ئۆرنەكلەر

## ئىككى نەسر

ئەخمەت ئىمىن

### ئايغا قاراپ

كىشىلەر ئايغا قارىسا چىرايلىق مەھبۇبلىرىنى، ئوماق بالىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدىكەن. نېمىشقىدۇر، مەن ئايغا قارىسام سېنى، پەقەت سېنىلا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن، دادا.

تووۋا، ئاي بىلەن سېنىڭ ئوتتۇراڭدا نېمە باغلىنىش باردۇ ؟!

بالىلىق چاغلىرىم ھېلىمۇ ئېسىمدە، مېنى بويىنۇڭغا مىندۇرۇۋېلىپ، مەھەللىدە ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرۈشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىڭ. بىر كۈنى شۇنداق بىر چىرايلىق ئاي چىققانىكەن، مەن بويىنۇڭدا ئولتۇرۇۋېلىپ: « دادا، ئاي ! ئاي ! » دەپ ۋارقىرىشىم بىلەنلا، سەن مېڭىشنى توختاتتىڭ ۋە يول بويىدىكى بىر تاشقا ئولتۇرۇپ، كۆكتىكى ئايغا قارىغىنىڭچە، قوللىرىڭنى دۇئاغا ئاچتىڭ. سەندىن قالغان ئۇدۇم بولسا كېرەك، مەنمۇ ئىختىيارسىز سېنى دورىدىم. لېكىن، شۇ كۈنى نېمىشقا شۇنداق قىلغىنىڭنى ئەجەب سورىۋالماپتىكەنمەن. بۇ سوئال خېلى يىللارغىچە كاللامدىن چىقمىدى.

يىللار ئۆتتى، مەنمۇ يىگىتلىك دەۋرىگە قەدەم قويدۇم، ئەپسۇس زالىم پەلەك ماڭا ھىجران قىلىچىنى تەڭلەپ تۇرغانىكەن. ئۆز يۇرتۇمدىن يىراق سەھراغا پالىنىش ھارپىسىدا سەن ماڭا ئاتىلىق دۇئايىڭنى بەردىڭ.

« بالام ، ئاۋۇ ئايغا قارا ، ــ دەپ باشلىغان سۆزلىرىڭ ئەجەب ئېسىمدىن چىقمايدۇ ، ــ سەن يىراق سەھرادا ئاشۇ ئايغا تەلمۈرگەن ۋاقىتلىرىڭدا مېنىڭمۇ شۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالما . »

مەن ئۇنتۇمىدىم ، دادا . سېنى ، ئانامنى ۋە باشقا جان - جىگەرلىرىمنى سېغىنغاندا شۇ ئايغا باقتىم ، ياشلىقىنىڭ ئاجايىپ بىر خىياللىرىغا ئەسىر بولغان چاغلىرىمدىمۇ شۇ ئايغا باقتىم ، جاھانىنىڭ دىشۋارچىلىقى جېنىمغا پاتقاندىمۇ شۇ ئايغا باقتىم .

مەن ئايغا ھەربىر باققىنىمدا ، سېنىڭمۇ يۇرتۇمدا تۇرۇپ شۇ ئايغا قاراۋاتقانلىقىڭنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم . ئۇ چاغدا ئاي ماڭا شولا ئەيىنەكتەك بىلىنەتتى ، ئۇنىڭدىن مەن سېنى كۆرەتتىم ، سەن بەلكىم ، ياق ، چوقۇم مېنى كۆرەتتىڭ .

ئېغىر مېھنەتتىن ھېرىپ چۈشەككە سوزۇلغىنىمدا ياستۇقۇمغا ئاي نۇرى چۈشەتتى . ئۇ نۇر ماڭا ئاي نۇرى ئەمەس ، بەلكى بېشىمنى سىيىلىغان سېنىڭ ئىسسىق قوللىرىڭدەك بىلىنەتتى .

تومۇز ئىسسىقتىن قېچىپ دەريا بويىغا چىققانلىرىمدا ، ئاي سۇ يۈزىدە جىلۋە قىلاتتى . ماڭا ئۇ ئاي نۇرى ئەمەس ، بەلكى ماڭا قۇش قانىتىدەك ئېچىلىپ تۇرغان مېھرىلىك قۇچىقىڭدەك بىلىنەتتى .

بەزى ئاخشاملىرى يېزا كوچىلىرىدا ئايلىناتتىم . گاھى ــ گاھى يىراقتىن مۇڭلۇق ناخشىلار ئاڭلىنىپ قالاتتى . مەن يەنە سېنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم . چۈنكى ، ئۇ ناخشىلار ماڭا سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئەسلەتەتتى . بەزەن كېچىلەر ئۆيگە كەچ قايتقانلىرىڭدا ، ئانامۇ ، بىزمۇ ئەشككە تەلمۈرگەن ۋاقىتلىرىمىزدا ، سېنىڭ ناخشاڭ يىراقتىنلا بىزگە خاتىرجەملىك ، سۆيۈنۈش ۋە خۇشلۇق بېغىشلايتتى . ئېسىمدە ، شۇمۇ ئايدىڭ كېچىلەر ئىدى . ئۇ سېنىڭ ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن ، تۈن مۇڭىغا كۆمۈلگەن چاغلىرىڭ ئىدى .

تەبىئەتتىن زوقلىنىشنى مەن سەندىن ئۆگەنگەن بولسام كېرەك . ئايدىڭ ، شۇ ئايدىڭ دېرىزىدىن پەردەك تەلمۈرگەن چاغلىرىمۇ ، شاخ ، يوپۇرماقلار ئارىسىدىن بىۋاش يىگىتتەك مارىلىغان ۋاقىتلىرىمۇ ، قارا بۇ-

لۇتلار ئارىسىدىن روپاشتەك مەيۈسلىنىپ تۇرغان ھالىتىمۇ، ئاق تۇمانلار ئارىسىدىن لېچەك تاقىغان مومامدەك تەقۋا، تەمكىن كۆرۈنۈشىمۇ سېنىڭ دىققەت - نەزىرىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. سەن بۇ كۆرۈنۈشلەرنى تولىمۇ ساددا، لېكىن ھېسسىياتلىق تەسۋىرلەپ بېرەتتىڭ. مەن ئەمدى بىلدىم. سېنىڭ قەلبىڭ شېئىرىيەت دېڭىزى ئىكەنتۇق. نۇرغۇن - نۇرغۇن شېئىر يازغان كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي شائىر بولۇشى ناتايىن بولغىنىدەك، پەقەتلا شېئىر يازمىغان كىشىلەرنىڭ شائىر بولماسلىقىمۇ ناتايىن. سەن ئۆمرىدە بىر مىسرامۇ شېئىر يازمىغان، لېكىن ھەربىر ھۆجەيرىسىدە شېئىر قايناپ تۇرغان شائىر.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، قايسىبىر يىللىرى ساي قويىنىدا تاشلار بىلەن سىردىشىپ، قۇملار بىلەن ئېلىشىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا سەن مېنى يوقلاپ كەلدىڭ، سايىنىڭ بىر پارچە تېشىنى قولۇڭغا ئېلىپ: «بۇنىڭدىمۇ سەن ئۆگىنىدىغان نۇرغۇن خىسلەتلەر بار» دېگىنىڭ ھېلىغىچە قۇلاق تۈۋىمدە ياڭراپ تۇرىدۇ. ئۇ ئاددىيغىنا تاش ئىدى. لېكىن، كەلكۈن سۇلار ئاققۇزۇپ، كۆپ دومىلاتقان، بوران كاچاتلاپ، يامغۇر ئۇقلاپ يۈزىنى بۇدۇر - چوقۇر قىلىۋەتكەن تاش ئىدى؛ ئۇ كىچىككىنە تاش ئىدى، لېكىن ھېلىھەم ئۆزىگە خاس مۇستەھكەملىكىنى ساقلاپ قالغان تاش ئىدى. مەن ئۇ تاشنى ۋەيرانە كۈلبەمنىڭ بوسۇغىسىغا قويۇپ قويدۇم، كىرگەندە - چىققاندا ئۇنىڭغا قايىللىق ۋە ھۆرمەت نەزىرىم بىلەن قاراپ قويۇشنى زادىلا ئۇنتۇمىدىم. بەزەن كېچىلەر ئۇ تاشقىمۇ ئاي شولىسى چۈشتى، مەن خۇددى ئۇنىڭغا سېنىڭ كۆزلىرىڭنىڭ نۇرلىرى چۈشۈۋاتقاندەك ھېس قىلدىم.

ئېسىمدە، بىر كۈنى ئىككىمىز بۇلاق بېشىغا باردۇق. دەل - دەرەخلەر سالقىن سايە تاشلاپ تۇرغان، قۇشلار نەغمە - ناۋا قىلىۋاتقان، ئۇيناق سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ئىچىدە سەن ماڭا «گۈلىستان»[1] دىن چوڭقۇر ھېكمەتلىك ھېكايەتلەرنى

---

① «گۈلىستان» — پارس شائىرى شەيخ سەئدى (1208 — 1292) نىڭ مەشھۇر ئەسىرى.

سۆزلەپ بەردىڭ . سەن ماڭا گۈلىستان ئىچىدە ئولتۇرۇپ ھەققىي گۈلىستاننى بىلدۈرۈپتىكەنسەن . سەن مېنى تەبىئەتتىكى بۇلاق بويىغا ئاپارغىنىڭ بىلەن ، ئەمەلىيەتتە ھاياتلىقنىڭ ماھىيەت دېڭىزىغا شۇڭغۇتۇپتىكەنسەن ، ئۇ كۈن ئاجايىپ پاراڭلار بىلەن ئۆتتى ، شۇ كېچىمۇ ئايدىڭ بولدى . بىز قايتىپ كېلىۋاتقاندا ، مەن گويا ئۆزۈمنى كۈمۈش دۇنياسىدا كېتىۋاتقاندەك سەزدىم ، چىرايىڭغا قارىغانسېرى سەن مېنىڭ كۆزۈمگە ئاشۇ كۈمۈش نۇرلارنى چېچىۋاتقان ئايغا تەڭداش بىر قۇدرەت ئىگىسىدەك كۆرۈندۈڭ . چۈنكى ، سەن مېنى ئاي نۇرىغىلا ئەمەس ، يەنە مەرىپەت نۇرىغىمۇ چۆمۈلدۈرگەنىدىڭ .

ئايدىڭ كېچىلەر ، يۇلتۇزلۇق ئاسمان مېنىڭ دىلىمنى بەزەن ئاجايىپ يايرىتىدۇ ، بەزەن بەكمۇ مۇڭلاندۇرىدۇ . زەڭگەر ئاسمان سان ــ ساناقسىز يۇلتۇزلىرى بىلەن بەزەن ماڭا ئالتۇن گۈللەر غۇچچىدە ئۆسكەن چەكسىز گۈلزاردەك بىلىنىدۇ ، بۇ چاغدا مەن باغ پەيزىنى سۈرگەن ئاشىقتەك شادلىنىمەن . بەزەن ساماغا باقسام ، بەزى يۇلتۇزلار نۇرلۇق ، بەزى يۇلتۇزلار غۇۋا ، بەزىلىرى تولىمۇ ئۈستىدە ، بەزىلىرى گويا پەستىلا كۆرۈنىدۇ . بۇ چاغدا مەن ئويلىنىمەن ، بەزى يۇلتۇزلار كەينىدىن يايىسىمان نۇر قالدۇرۇپ ئېقىپ چۈشكەندە بولسا ، تۇيۇقسىز مۇڭلىنىمەن ھەم ئىختىيارسىز قولۇمنى دۇئاغا ئاچىمەن . بۇ ئادەتمۇ ماڭا سەندىن قالغان ، دادا .

ۋاقىتمۇ رەھىمسىز ئىكەن ، تەقدىرمۇ رەھىمسىز ئىكەن . ھايات داۋانلىرىغا ئۆرلەپ ئاخىر ھالسىرىغان ، كەينىدىن يالىلدە نۇر قالدۇرۇپ ئۆمۈر ئاسمىنىدىن بىراق ئۆچىدىغان ۋاقىتلىرىڭ ئاخىر كەلدى ــ بېشىڭ ياستۇققا چۈشتى . ھەممىمىز قۇش باللىرىدەك ئەتراپىڭدا تەلمۈرۈپ ئولتۇردۇق . سەن ھەممىمىزگە خۇرسەنلىك ھەم قىيالماسلىق نەزىرىڭ بىلەن قارايتتىڭ . مېنىڭ ئوغلۇم ــ سەن ئۆزۈڭ دوملىتىپ ئۆزۈڭ تەگبىر ئېيتىپ ئىسىم قويغان سۆيۈملۈك نەۋرەڭ يېنىڭغا ئۆملەپ كېلىپ ساڭا تاتلىق ئەركىلىدى . شۇئان چىرايىڭدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى . سەن ئۇنى سۆيدۈڭ ، ئۇ سېنى سۆيدى . كۆزلىرىڭدە بىر نۇر چاقنىدى .

ئۇ ھېلىقى نۇرغا ئاقار يۇلتۇزنىڭ نۇرىغا ئوخشىشاتتى . كەينىدىنلا كۆز-
لىرىڭ يۇمۇلدى ، نەپەسلىرىڭ ئېغىرلاشتى . « سۇ ... سۇ ... » دې-
دىڭ ، مەن دەرھال ئاغزىڭغا دېمىدە تېمىتتىم . سەن باش چايقىدىڭ .
تووۋا ، سەن قايسى سۇنى دەيدىغانسەن ؟ شۇ تاپتا قايسى سۇ ئېسىڭگە
كېلىۋاتقاندۇ ؟ دادا ؟ ئۇ بالىلىق چاغلىرىڭدا ، ئۇسسىساڭ ساڭا تاتلىق
سۇ بەرگەن ، ئىسسىساڭ ئۆز قوينىدا ئەركىلىتىپ چۆمۈلدۈرگەن تارىم
دەرياسىنىڭ سۈيىمىدۇ ؟! ياكى ياز كۈنلىرى بىز بالىلىرىڭغا ساپ ھاۋا-
سىدىن بەھىر بەرگۈزۈپ ھەم بېلىقتەك چۆمۈلگۈزۈپ ئوينىتاتقان ئۈرۈمچى
دەرياسىنىڭ سۈيىمىدۇ ؟! ياكى ئىككىمىز ئۇزۇندىن - ئۇزۇن پاراڭلاش-
قان ھېلىقى گۈلزاردىكى ئويناق بۇلاقنىڭ سۈيىمىدۇ ؟! يا ...

ئاپام جۇمەكتىكى سۇنى چىلاپچىغا تەكشى رىتىم بىلەن ئاققۇز-
دى ، سېنىڭ « سۇ ... سۇ ... » دېگەن نالىلىرىڭمۇ بېسىلدى . « شىر ...
شىر » ئېقىۋاتقان سۇ ... ئۆي ئىچىدە ئاجايىپ بىر جىمجىتلىق ، گويا
تومۇرلاردا شىرىلداپ ئېقىۋاتقان قاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولىدىغاندەك
جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى .

تۈن كېچە ، دېرىزىدىن يۇلتۇزلۇق ئاسمان كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ .
ئاي ئەتراپىدا ئاق بۇلۇت ـــ گويا ئۇ ئاق رومال ئىچىدە .

سەن كۆزلىرىڭنى ئاچتىڭ ۋە رازىلىق سوراۋاتقاندەك بىزگە تىك-
لىدىڭ . كۆزلىرىڭدىن بىرخىل زەئىپ نۇر چاقنىدى ، ئاندىن بىر تامچە
ياش ئۈنچىدەك يالتىرىدى ، ئاپام چىدىمىدى ، نەۋرەڭ چىدىمىدى ، ھەم-
مىمىز - ھەممىمىز چىدىمىدۇق . كۆز ياش كەلكۈننى ۋاقتى كەلگەندە
ھېچنېمە توسۇۋالالمايدىكەن . مەن يۈرىكىمنى تۇتقىنىمچە دەرھال دېرىزە
تەرەپكە قارىۋالدىم . بوغىزىمغا ئاچچىق بىر نەرسە ئۇرۇلدى ، يۈرىكىم
ۋىژژىدە ئېچىشتى . قايسىبىر يىللىرى بېشىمغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە
سەن مېنى يوقلاپ كەلمىگەنىمىدىڭ ، دادا . شۇ چاغدا سېنى كۆرۈپ ئۆ-
زۈمچە كۆزلىرىمگە لىققىدە ياش ئالغان ، لېكىن شۇ ۋاقىتتا سەن : « ئو-
غۇل بالىغا كۆز يېشى قىلىش ھەرگىز ياراشمايدۇ » دېگەنىدىڭ ، مەن
سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلايمەن ، دادا . شۇڭا ، مۇشۇنداق قىينىلىپ كې-

تىۋاتىمەن . لېكىن ، ئىچىمدىن بىر نەرسە ئۆرلەيدۇ ، مەن قانداق قىلاي ، ئاسمانغا قارىۋالدىم . كۆكتىن بىر يۇلتۇز ئاققاندەك قىلدى ، ياق ، ئاققان-دەك قىلماپتۇ ، راست ئېقىپتۇ ...

راست ئېقىپتۇ ، دادا ، راست ئېقىپتۇ . ھەدەم ، ئاكام ، ئىنى - سىڭىللىرىمنىڭ كەينىدىن مەنمۇ ئۆزۈمنى ساڭا تاشلىدىم .

ئاھ دادا ، ئەمدى مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىدىمۇ ؟

بايامقى بىر قارىشى بىلەن كۆزلىرىڭ بىزگە مېھرىلىك بېقىشنى ئەمدى مەڭگۈلۈك ئاخىرلاشتۇردىمۇ ؟!

بىزگە قايغاندا ئەقىل ، ئازغاندا نەسىھەت ، ھارغاندا ماغدۇر ، ياد-غاندا ئىلھام ، كۈلگەندە ھەمدەم ، يىغلىغاندا تەسەللىي بولىدىغان مەنىلىك سۆزلىرىڭ ئېڭىكىڭنىڭ بىر لېپىلداپ چۈشۈشى بىلەن ئەمدى مەڭگۈلۈك توختىدىمۇ ، دادا ؟!

نەۋرىلىرىڭ يۈگۈرۈپ كەلگەندە كۆتۈرۈپ بېشىغا ئالىدىغان ، بىز ئالدىڭغا كەلگەندە بېشىمىزنى سىلايدىغان كۈچلۈك قوللىرىڭ ئەمدى مۇشۇ سوزۇلۇشى بىلەن مەڭگۈ ھەرىكەتتىن توختىدىمۇ ، دادا ؟!

« دادا ... دادا ! » دەپ چاقىرىشىمىز ئەمدى مەڭگۈ ھەرىكەتتىن قالارمۇ ؟!

سەنسىز بۇ ئۆي ، سەنسىز بۇ گۈلزار ، سەنسىز ئۇ دەريا بويى بىزنىڭ كۆزىمىزگە نېمە كۆرۈنەر ؟!...

جىنازاڭ ئۆيىنى تاشلاپ كېتىۋاتىدۇ ، گۈلزارنى تاشلاپ كېتىۋا-تىدۇ ، بۇلاق بېشى ، دەريا بويىنى ، ھەممە ـ ھەممىنى تاشلاپ كېتىۋا-تىدۇ ...

ئەنە ، يىراقتىن زۇمچەك ـ زۇمچەك قەبرىلەر كۆرۈندى . بىر چاغلاردا سەن بىزنى بۇ تۇپراق بېشىغا باشلاپ چىقاتتىڭ . بىر كۈنى مۇشۇ يەردە ماڭا : « بالام ، ئۆلۈمنى ياد ئېتىپ تۇرۇش كېرەك . ھايات قەدرىگە يەتمەكلىكنىڭ ، ھاياتلىق مەجبۇرىيىتىنى تونۇماقلىقنىڭ يۈكسەك چوققىسى دەل مۇشۇ يەردە ، ئۇ يانغا قارىساڭ ماماتلىق دۇنياسى ، بۇ يانغا قارىساڭ ھاياتلىق دۇنياسى . بۇ ئىككىسىنىڭ كېسىشكەن دوقىلىدا پىكىر

سۇرمەك ئىنسانغا ئۇلۇغۋار سۈپەت بېغىشلايدۇ » دېگەنىدىڭ . مەن شۇ تاپتا ... مەنمۇ شۇ تاپتا پىكىر قىلىشتىن قالدىم ، دادا ، جۇدالىق ئېغىر ئىكەن ، مۇسىبەت ئازابى ئالدىدا ئەقلىمۇ ئاجىزلىق قىلىپ قالىدىكەن . مېنىڭ ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ بەكمۇ يىغلىغۇم كېلىدۇ ، لېكىن قۇلاق تۇۋىمدە يەنە سېنىڭ ھېلىقى سۆزۈڭ : « ئوغۇل بالىغا كۆز يېشى قىلىش ھەرگىز ياراشمايدۇ » .

تووۋا ، سەن كېتىۋاتىسەن ـ ھە ! ؟ ياشلىقىڭنىڭ ، قىرانلىقىڭنىڭ قېرىلىقىڭنىڭ ئاجايىپ نەمۇنىسى بولغان لىباسلىرىڭ بار ئىدى ، لېكىن سەن تۆت گەز ماتا بىلەنلا كېتىۋاتىسەن .

تووۋا ، سەن كېتىۋاتىسەن ـ ھە !؟ ئۆزۈڭنىڭ تۇتقان ، بەكمۇ ھەيۋەت بولمىسىمۇ ، خېلى زېمىن ـ جايلىرىڭ بار ئىدى ، لېكىن سەن تۆت گەزچە يەرنى ــ داق يەرنى ماكان ئەيلەشكە كېتىۋاتىسەن .

« يالىڭاچ تۇغۇلدۇڭ ، يالىڭاچ كەتتىڭ ؛ تۇپراقتىن تۆرەلدىڭ ، تۇپراققا ياتتىڭ » ــ سېنىڭ ھايات ـ ماماتقا بولغان چۈشەنچەڭ مۇشۇنداق ئىدى ، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى .

« يوقنى بار قىلغان تۇپراق ، بارنى يوق قىلغان تۇپراق ، تاقەتلىك تۇپراق ، چىداملىق تۇپراق » ــ بۇ سەن مۇشۇنداق ئۇلۇغلىغان تۇپراق . ئۇ ئۇلۇغۋار قوينىغا سېنىڭ مېنىڭ ئەقىدەمدىكى ئۇلۇغ جىسمىڭنى ئالدى .

مانا ، دادا ، بۈگۈنمۇ ئايدىڭ كېچە بولدى ، مەن سېنىڭ تۇپراق بېشىڭدا تۇرۇۋېتىمەن . ئەتراپ شۇنداق جىمجىت . مەن تاغ ئېتىكىدىكى كۆلنىڭ يېنىك چايقىلىشىنى ئاڭلاۋاتىمەن ، دادا ، سەنچۇ ؟

ئەنە ، ئەتراپ شۇنچە مۇڭلۇق . ئاسماندا ئاي كۈمۈش نۇرىنى چېچىۋاتىدۇ . مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئايغا قارىدىم . مەن ئۇنىڭدىن يەنە سېنىڭ سىيمايىڭنى كۆرۈۋاتىمەن ، دادا ، سەنچۇ؟ ...

دادا ! ...

# سۈرەت كۆرگەندە

سېنىڭ ئالبۇم كۆرۈشلىرىڭ ئاجايىپ !

ياشانغان ھازىرقى چېغىڭدىكى سۈرەتنى كۆرگەندە قانداقتۇر بىر ئاسار ئەتىقىنى كۆرگەندەك سىنچىلاپ قاراپ كەتتىڭ .

قىران مەزگىلىڭدىكى سۈرىتىڭنى كۆرگەندە قوشۇملىرىڭ تۈرۈلدى .

ياشلىق ۋاقتىڭدىكى سۈرەتنى كۆرگەندە چوڭقۇر بىر ئاھ تارتىۋەتتىڭ .

بالىلىقىڭدىكى سۈرەتنى كۆرگەندە يىغلىۋەتتىڭ .

مەن چىرايىڭدىكى ئۇ ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ ھەيران قالدىم ، كېيىن بىردىنلا چۈشەندىم .

بايام سەن شۇ قاراشلىرىڭدا ماڭا بىر ئۆمۈرلۈك كەچمىشىڭنى سۆزلەپ بولغانىكەنسەن .

( بۇ ئىككى پارچە نەسىر يازغۇچىنىڭ « تەڭرىتاغ » ژۇرنىلى 1990 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان « توپىلىق يولدا » ناملىق سەرلەۋھە ئاستىدىكى بىر يۈرۈش نەسىرلىرى ئىچىدىن ئېلىندى . « ئىككى نەسىر » دېگەن سەرلەۋھە تۈزگۈچى تەرىپىدىن قويۇلدى . )

# ئىككى نەسىر

نۇرمۇھەممەت توختى

## چىم

سىز چىمنى كۆرگەنمۇ ؟ ئۇ ئېرىق - ئۆستەڭ قاشلىرىدا ئۆسىدۇ-

غان قىياققا ناھايىتى ئوخشىشىدۇ . يېڭى ئۈنگەن بۇغداي مايسىسىغىمۇ بىر ئاز ئوخشىشىپ كېتىدۇ . لېكىن ، ئۇنىڭ بەرگى بۇغداي مايسىسىدەك ئۇنچىۋالا يۇمران ئەمەس . ئۇ كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ ، زادىلا يەر تاللىمايدۇ . چىلان تۇپراقلىق مۇنبەت يەرلەردىمۇ ، شورلۇق زەيكەش يەرلەردىمۇ ئۆسۈۋېرىدۇ . ئۇنىڭ ھاياتقا ، تۇرمۇشقا بولغان تەلپىي تولىمۇ ئاددىي . ئۇنىڭغا پەقەت تۇپراق ۋە ئازراق نەملىك بولسىلا بولدى . ئۇ پەرۋىش قىلىشنى ، كۆپەيتىپ تېرىشنى تەلەپ قىلمايدۇ . ئۆزلۈكىدىن ئۆسۈپ كۆكلەۋېرىدۇ . بارغانسېرى قويۇقلىشىپ تۇپراقنى قاپلايدۇ . ئۇ ئۆسكەن يەرلەر خۇددى يېشىل گىلەم يېيىتىلغاندەك تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنىدۇ . مەن يېزىدا ئىشلەپ يۈرگەن چاغلاردا ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى كۆپ تاماشا قىلغانمەن . لېكىن ، كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم .

يېقىندا مەكتىپىمىز مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش دولقۇنىغا ئەگىشىپ ، ئېرىق قاشلىرىغا ۋە بوش ــ بىكار يەرلەرگە چىم ياتقۇزدى . تالا ــ تالا چىم پارچىلىرى ئېرىق ئەتراپىدا تاشلىنىپ تۇراتتى . ئۇلار خۇددى قاسساپ گۆش شىلىغاندەك ئۆز تۇپرىقىدىن شىلىپ ئېلىنغانىدى . ئۇلارنىڭ يىلتىزلىرى قىر قىلغان ، بەرگى ــ ياپراقلىرى سولاشقان بولۇپ ، ھاياتىي كۈچىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاللىقانداق بىر خىل ئېچىنىش تۇيغۇسى چېچىلىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى . كىشى ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە « مەن ئۆلۈۋاتىمەن » دېگەن پىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتى . مەن بۇ چىم پارچىلىرىنى چوقۇم قۇرۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم . ئەمدى ئۇلارنىڭ ياشىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى ...

كۈنلۈك ئىشلەيدىغان ياللانما ئىشچىلار ، ئەنە شۇ قۇرۇپ كېتىۋاتقان چىم پارچىلىرىنى ئېرىق قاشلىرىغا ، بوش ــ بىكار يەرلەرگە ئەپچىللىك بىلەن ياتقۇزدى . ئۈستىدىن ياغاچ توقماق بىلەن ئۇرۇپ يەرگە مەھكەم يېپىشتۇرۇپ قويدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئازراق سۇ چاچتى ...

مەن ئاجايىپ كارامەتنى ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن كۆردۈم . ئارى-
دىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ، سولىشىپ سارغىيىشقا باشلىغان بۇ چىم بەر-
گىلىرىگە يېڭىۋاشتىن جان كىردى . ئۇلار ياپىپېشىل بولۇپ ياشناپ ئۆز
گۈزەللىكىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى . مەن ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ ھاياتىي
كۈچكە ھەيران قالدىم . بۇ نېمىدېگەن زور قۇدرەت ـ ھە ! باشقىلارنىڭ
ئېيتىشىچە ، چىم قاغا ئۇۋۇسىدا قىرىق يىل تۇرۇپ ، قايتا يەرگە چۈشسە
نەملىك بىلەن ئۇچراشسىلا يەنە يېڭىۋاشتىن ياشناۋېرىدىكەن .

مەن ئۇنىڭغا قايىل بولدۇم . ھاياتقا ، تۇرمۇشقا بولغان تەلپىي
شۇنچىلىك ئاددىي . ھاياتىي كۈچى بولسا شۇنچىلىك قۇدرەتلىك . بۇ
ناھايىتى روشەن سېلىشتۇرما ئىدى . مەن ئۆزۈمنى ۋە زامانداشلىرىمنى
كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم . تۈگىمەس تەلەپلەر بىلەن كىشىنىڭ ئېچىن-
غۇسى كەلگۈدەك زەئىپلىك كۆز ئالدىمدىن لىپ قىلىپ ئۆتكەندەك
بولدى .

## خوشلىشىش

بىللە ئىشلىگەن خىزمەتداشلىرىمدىن بىرسى چوڭ شەھەرگە
كەتمەكچى بولدى . ئوبدانلا يەردىن ئورۇن تېپىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن
شاققىدە يۆتكىلىۋالدى .

ئۇزىتىپ قويىدىغان كۈنى مەن ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ تۇ-
رۇپ : « ئوبدانلا كۆنۈشۈپ قالغانىدۇق ، مانا ئەمدى ... » دېدىم . سۆز-
لىرىم پەقەت ئادىمىي يوسۇن يۈزىسىدىنلا ئېيتىلغانىدى . لېكىن ، نېمىش-
قىدۇر ئۇ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ : « ئۇ تەرەپلەرگە بېرىپ قال-
سىڭىز ئۆيىمىزگە مەرھەمەت قىلغايسىز ... » دېدى . ئاۋازى تىترەپ چى-
قاتتى . ئاۋازىدىن ـ كۆزلىرىدىن قىيالماسلىق بىلىنىپ تۇراتتى . مەنمۇ
نېمىگىدۇر تەسىرلىنىپ قەلبىمدە ئاللىقانداق تۇيغۇلارنىڭ ئۆركەشلەۋات-
قانلىقىنى ھېس قىلدىم . قەلبىم بىللە ئىشلىگەن ئاشۇ كۈنلەرنىڭ ئەستى-

لىكلىرىگە شۇڭغۇپ كىردى : ئۇنىڭ بىلەن ئالتە يىلدەك بىللە ئىشلىگە-
نىدۇق . يىغىن - مەجلىسلەردە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم . ئۇمۇ
بەلكىم مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ تۇرغان بولۇشى ، ئىدارە قورۇسىدا ،
ئىشخانىدا ۋە باشقا يەرلەردە سىيمايىمنى كۆرۈپ تۇرغان بولۇشى مۇم-
كىن . لېكىن ، بىز بىرەر قېتىممۇ مۇڭدىشىپ ، قەلب سىرلىرىمىزنى ئال-
ماشتۇرۇپ باقمىغانىدۇق . ئۇ نۇرغۇن ئادەملەرگە ياردەم قىلغان بولۇشى
مۇمكىن ، مەنمۇ شۇ يىللاردا نۇرغۇن ئادەملەرگە ياردەم قولۇمنى سوزغان-
دىمەن ، لېكىن ، بىز ئۆزئارا بىرەر قېتىممۇ ياردەملىشىپ باقمىغانىدۇق .
شۇ يىللاردا مەن نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن ئۇرۇشۇپ ، سوقۇشۇپ ، زىت-
لىشىپ چىققاندىمەن ، بەلكىم ئۇمۇ كىملەرگىدۇ قىلتاق قۇرۇپ ، كىم-
لەرگىدۇ ياقىسى ئىچىدە يىڭنە ساقلاپ يۈرگەندۇ . لېكىن بىز بىرەر قې-
تىممۇ سوقۇشۇپ باقمىغانىدۇق . ئۇنىڭ ماڭا يەڭ ئىچىدە خەنجەر بىلەپ
يۈرگەنلىكىنى سەزمىگىنىمگە ئوخشاشلا ، مەنمۇ ئۇنىڭ ئۆتەر يولىغا بىرەر
قېتىممۇ ئورا كولاپ باقمىغانىدىم . ئۇچرىشىپ - دوقۇرۇشۇپ قالغان
چاغلىرىمىزدا ، ئۇنىڭ كۆز قارچۇقلىرى پارقىراپ ، سەل كۈلۈمسىرىگەن-
دەك ئىپادە پەيدا بولاتتى . مەنمۇ بېشىمنى يېنىككىنە ئىرغاڭلىتىپ قويات-
تىم ياكى ئۇ ماڭا يول بوشىتىپ بېرەتتى ، ياكى مەن يانىغا ئۆتۈپ تۇرات-
تىم ...

مانا ئەمدى ئۇ كېتەر بولۇۋىدى ، ئاتايىتەن ئۇزىتىشقا چىقتىم .
ئۇمۇ مەن بىلەن ئەستايىدىل خوشلاشتى . خۇددى ئۇزۇن يىللىق قەدى-
ناسلاردەك ۋىدالاشتۇق .

تىترىگەن ئاۋازلار ، ئىسسىق ياش تولغان كۆزلەر ، مەھكەم سى-
قىلغان قوللار ... جۇدالىقتىن دېرەك بېرىپ ، مەيۈس - غېرىبانە بىر ھا-
لەتنى جاكار قىلىپ تۇراتتى . بۇ نېمە ئۇچۇن ؟ ئايرىلىۋاتقىنىمىز ئۇ-
چۇنمۇ ؟ ياكى بۇ قاچاندۇر بىر چاغلاردا پەيدا بولغان دوستلۇقنىڭ غۇۋا
كۆلەڭگۈسىمۇ ؟ ئۇزۇن ئىچكى مۇھاكىمىلەردىن بۇنىڭ راستتىنلا پەيدا
بولۇۋاتقان دوستلۇقنىڭ كۆلەڭگۈسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم . دوست-
لۇق دېگەن بەزىدە ئايرىلغاندىلا ھېس قىلىنىدىكەن . دوستلىشىش ئۇ-

چۈن ئايرىلىشمۇ كېرەك ئىكەن ...

( يازغۇچىنىڭ « كۆلۈپ كۆرگەنلەر ۋە كۆرۈپ كۆلگەنلەر » ناملىق نە-سىرلەر توپلىمىدىن ئېلىندى . « ئىككى نەسىر » دېگەن ماۋزۇ بۇ كىتابنى تۈز-گۈچى تەرىپىدىن قويۇلدى . )

## ئانا يۈرىكى

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

خانتەڭرىگە خىتاپ قىلدىم :
— چوققاڭدىكى قارلار نېمىشقا شۇنچە پاكىز ؟
ئانـا تاغ كۈمۈش رەڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ، ئىپتىخارلىق بىلەن جاۋاب بەردى :
— چـۈنكى ، ئۇ ئەسىرلەر بويى كۆك بىلەن سۆيۈشۈپ تۇردى . كەڭلىك ، يۈكسەكلىك ، قەيسەرلىك ئۇنىڭغا پاكلىق ئاتا قىلدى .

× × ×

قەدىمكى ئالتاي تېغىنىڭ تەكتىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان مۇزدەك بۇلاق سۈيىنى ئوچۇملاپ ئىچىۋىدىم ، يۈرىكىم ياشىرىپ قالغاندەك بولدى . مەن بۇ سۈزۈك بۇلاققا چەكسىز رازىمەنلىك بىلەن تىكىلدىم . توۋا ، بۇ بۇلاقمۇ ياكى مېھرىبان ئانامنىڭ ئوتلۇق كۆزىمۇ ؟! ئۇ ماڭا نې-مىشقا شۇنچە ئىسسىق كۆرۈنىدىغاندۇ ؟! دەل شۇ چاغدا بۇلاق تۇيۇقسىز زۇۋانغا كىردى :
— كـۆڭلۈڭدىكىنى تۇيۇۋاتىمەن . سەن ماڭا ئۇسسۇزلۇقىڭنى قاندۇرغانلىقىم ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈرمەكچى بولۇۋاتىسەن . شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى ، پەرزەنتلىرىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئانىنىڭمۇ ،

ۋەتەنىنىڭمۇ مەڭگۈلۈك بۇرچى . شۇڭا ، بۇ يولدا چەككەن جاپا ـ مۇ-
شەققەت ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ . ئۇلار پەرزەنتىنىڭ بەخت گۈ-
لىنى ئېچىلدۇرۇش يولىدا سىڭدۈرگەن ئەجرى بەدىلىگە شان ـ شەرەپ
تاجى تەلەپ قىلمايدۇ . پەرزەنتىنىڭ چىرايىغا كۈلكە قونسا ، ئۇلارنىڭ
بېشىغا بەخت قۇشى قونىدۇ . ئانا ئۈچۈنمۇ ، ۋەتەن ئۈچۈنمۇ بۇنىڭدىن
ئارتۇق مۇكاپات يوق . مەنمۇ مۇقەددەس ئانا زېمىنىنىڭ باغرىدىن ئېتىلىپ
چىقىۋاتقان بىر بۇلاقمەن . يۈرىكىم زېمىنىنىڭ يۈرىكى بىلەن تۇتاشقان .
شۇڭا مەڭگۈ قۇرۇپ قالمايمەن . ئىنسانلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇش
مېنىڭمۇ بۇرچۇم . بۇنى ماڭا ئانا زېمىن ئۆگەتكەن . شۇڭا ، سۈزۈك سۇ-
لىرىمنى ئىچىپ ، تەشنالىقى قېنىپ ، چىرايىغا كۈلكە يامرىغان ئىن-
سانلارنى كۆرسەم ، خۇددى بەخت قۇياشى پارلىغان ئانا زېمىندەك بەخت
دېڭىزىغا غەرق بولغان ئىنسانلاردەك خۇشال بولۇپ كېتىمەن .

مەن بۇلاقنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان بۇ تەسىرلىك سۆز-
لەرنى ئاڭلاپ ، ئىختىيارسىز چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم : بۇ بۇلاقلار ئەسلىدە
مېھىر ـ شەپقەتلىك ئانا زېمىنىنىڭ يۈرىكىدىن چىقىدىكەن ئەمەسمۇ ؟!
بۇلاقلارنىڭ سۈيى خۇددى ئانا سۈتىدەك شېرىن ھەم شىپالىق بولىدىغان-
لىقىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ ئىكەن ـ دە ! ماڭا كۆيۈمچان ئانامنىڭ ئوتلۇق
كۆزىدەك ئىسسىق كۆرۈنگەن سۈزۈك بۇلاقلار ، ماڭا يەنە بىرقانچە ئوچۇم
سۇ بېرىڭلار ، مەن ئۇنى تەڭداشسىز بايلىق سۈپىتىدە قەلب خەزىنەمگە
قاچىلىۋالاي . ئۇنىڭ بىلەن يۈرىكى ئاجىزلارنى قۇتقۇزۇۋالاي .

× × ×

مومام بىزگە مۇنداق بىر چۆچەك ئېيتىپ بەرگەنىدى :

بۇرۇنقى زاماندا بىر جاپاكەش ئانا ئۆتكەنىكەن . ئۇنىڭ بىر ـ بى-
رىدىن ئوماق ، بىر ـ بىرىدىن زېرەك ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن . ئۇلارنىڭ
ئۆيىنىڭ يېنىدا سۈرەتتەك گۈزەل بىر ئورمانلىق بار بولۇپ ، باللار ھەر
كۈنى ئەتىگىنى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئويناپ ، كەچقۇرۇنلۇقى قايتىپ

چىقىدىكەن ، بىر كۈنى ئۇلار ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپ ، شۇ پېتى قايـ
تىپ چىقماپتۇ . ئانىنى ۋەھىمە بېسىپتۇ . ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز تېـ
پىرلاپتۇ . بىچارە ئانا ئاخىر ئۆزىنى قاراڭغۇ ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە ئېتىپتۇ .
ئۇ ياقتىن ـ بۇياققا چېپىپ يۈرۈپ ، كىيىملىرى تىتىلىپ ، بەدەنلىرى تىـ
لىنىپ ، پۇت ـ قولىدا مادار قالماپتۇ . تولا ۋارقىراپ ئۈنى پۈتۈپ كېتىپـ
تۇ . ئۇنىڭ يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىگە زادىلا سىغماي قاپتۇ . قاتتىق
ئازابلانغان ئانا ئاخىر چىدىيالماستىن قولىدىكى تىغ بىلەن كۆكرىكىنى
يېرىپتىكەن ، ئانىنىڭ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان قان كۆك يۈزىدە
ئۆتـكۈر نۇر سىزىقى پەيدا قىپتۇ ـ دە ، ئورمانلىقنىڭ ئىچى بىردىنلا يوـ
رۇپ كېتىپتۇ . شېرىن ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان قۇشلار بىلەن ھايۋانلار بۇ
مـۆجىزىدىن ھەيران قېلىشىپ ، خاسىيەتلىك ئانىنىڭ ئەتراپىغا توپلىـ
شىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا تەزىم قىپتۇ . ئەسلىدە بۇ ئورمانلىقنىڭ ئىـ
چىگە بىر توپ قاراقچى يوشۇرۇنغان بولۇپ ، ئانىنىڭ باللىرىنى ئاشۇ
قـاراقچىلار بۇلاپ كەتكەنىكەن . ئانىنىڭ كۆكرەك قەپىسىدىن ئۇزۇلمەي
چىقىۋاتقان ئۆتكۈر نۇر سىزىقىنى كۆرگەن قاراقچىلار باللارنى تاشلاپ ،
قۇيرۇقىنى خادا قىلىپتۇ . ئۇچار قۇشلار بىلەن ياۋايى ھايۋانلار ئوغۇللىـ
رىـنى ئامان ـ ئېسەن ئانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ
بۇ خىسلەتلىك ئانا ئورماندىكى قۇشلار بىلەن ھايۋانلارنىڭ باشپاناھىغا
ئايلىنىپ قاپتۇ . ئورمانلىققا قاراقچى ، ئوۋچى يېتىپ كەلسىلا ، ئانا كۆكـ
رىكىنى يېرىپ ، ئۇلارغا ۋەھىمە سالىدىكەن . ئانىنىڭ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ
چـىققان قان كۆك يۈزىنى چاقماق كەبى يېرىپ ئۆتۈپ ، بەدنىيەتلەرنىڭ
مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىۋېتىدىكەن . شۇڭا ، ئۇلار بارا ـ بارا بۇ ئورمانـ
لىققا ئاياغ باسمايدىغان بولۇپ قاپتۇ .

ئېھ ، قۇدرەتلىك ئانا يۈرىكى ، سەن ئىنسانىغا تۈنلەردىمۇ قۇياش
نۇرى ، قۇياش تەپتى تەقدىم قىلالايدىكەنسەن . تەڭداشسىز قۇدرەت ،
غالىبلىق ئاتا قىلالايدىكەنسەن . شۇڭا ، ئىنسانلار سېنى چەكسىز ئۇـ
لۇغلايدىكەن ، پەرزەنتلىرىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ، ئازاب ـ ئوقۇبەت
ئىـلكىدە قالغاندا سېنى ئويلايدىكەن ، سېنى سېغىنىدىكەن ، سېنى ئىزـ

دەيدىكەن ، سەندىن مەدەت تەلەپ قىلىدىكەن ، ياۋلار ، سۇيىقەستچىلەر سەندىن خۇددى ئەزرائىلدىن قورققاندەك قورقىدىكەن ھەم ساڭا شۇ قەدەر قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىدىكەن ئەمەسمۇ ؟!

يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ، مومامنىڭ چۆچەكىدە ئالتۇندەك بىر ھەقىقەت بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىدىم . يۈرەك ماڭا گويا ئادەمنىڭ كۆكرەك قەپىسى ئىچىگە كىرىپ ياتقان قۇياشتەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى .

× × ×

بۇ مەن توقۇپ چىققان رىۋايەت ئەمەس ، بىر زامانلاردا مۇشۇ زېمىندا يۈز بەرگەن ھەقىقىي ۋەقە .

تاغ باغرىدىكى شىددەتلىك جەڭ سەھەرگە يېقىن بېسىققانىدى . دۈشمەنلەر تۇتقۇن يىگىتنى يوغان قورساق كاتتىۋاش ئولتۇرغان سارايغا سۆرەپ ئېلىپ كىردى . يىگىتنىڭ كۆزلىرى ئوت چېچىپ تۇراتتى . كاتتىۋاشنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سېلىشقا باشلىدى . چۈنكى ، ئۇ يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر ئاپەتنىڭ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى . شۇڭا ، ئۇ بۇ يىگىتنى دەرھال كۆزدىن يوقىتىپ ، ئۆزىنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرماقچى ، يىگىتنىڭ قېنى بىلەن ئۆزىنىڭ قارا يۈرىكىنى سۇغۇرماقچى ، نەپسىنى قاندۇرماقچى بولدى . دىلىدا زەھەر قايناپ تۇرغان بۇ كاتتىۋاش قولىدىكى خەنجەر بىلەن پۇت ـ قولى چەمبەرچاس باغلانغان يىگىتنىڭ كۆكرەك قەپىسىنى يېرىپ ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالدى ـ دە ، ئىسسىق قان تېمىۋاتقان يۈرەكنى ئۈستەلدە تۇرغان يېرىم چىنە شاراپنىڭ ئۈستىگە تۇتتى . قان تامغان ھاراق بىردىنلا ئوت ئېلىپ ، زوراۋان كاتتىۋاشنىڭ شېرىن خىياللىرىنى بىردىنلا كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتتى . كۈچلۈك ئوت يالقۇنى ھەش ـ پەش دېگۈچە بۇ كاتتىۋاشنىڭ ساقال ـ بۇرۇتىغا ، قاش ـ كۆزىگە ، بەدەنلىرىگە ياماشتى . ئوتنىڭ ۋەھىملىك قىزىل تىلى كاتتىۋاشنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئۇرۇنغانلار-

غىمۇ سوزۇلغىلى تۇردى . دۈشمەنلەر ئىگىلىۋالغان ئىمارەتلەرمۇ قىپقىزىل
ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالدى . بۇ ئوت ئاپىتىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋە-
بىنى ئاڭقىرالمىغان كىشىلەر ئۇنى ئۆچۈرىمىز دەپ بىھۇدە ئاۋارە بولۇپ ،
ئۇيان – بۇيان چېپىشىپ يۈرەتتى . جاھالەت كۈچلىرىنى ھەم ئۇلارنىڭ
ئىسسىق ئۆۋىلىرىنى يالماپ يۇتۇۋاتقان بۇ قۇدرەتلىك يانغىنىنىڭ قەيەردىن
چىقىۋاتقانلىقىنى ، نېمە سەۋەبتىن پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى پەقەت ئانىنىڭ
يۈرىكىلا سېزىۋاتاتتى . چۈنكى ، ئۇ ئۆزىنىڭ ۋاپادار پەرزەنتلىرىنىڭ يۈ-
رىكىدىلا ئادالەتسىزلىكنىڭ تەختىنى كۆل قىلىۋېتەلەيدىغان مۇشۇنداق
قۇدرەتلىك يالقۇننىڭ بارلىقىنى ئېنىق بىلەتتى . شۇڭا ، ئۇ ئوت دېڭىزىغا
ئايلانغان زېمىنغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى . ئۇنىڭ كۈلكىسىگە چەكسىز ئېپ-
تىخارلىق ، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى سىڭىپ كەتكەنىدى .

يالقۇن سۆيگەن زېمىن پاكلاندى . قىساس ئوتى ئانا يەرنىڭ
ئاسمىنىدا خۇددى قوغۇشۇندەك ئېرىسىلىپ تۇرغان قارا ، ئېغىر بۇلۇتلار-
نىڭ باغرىنى چاقماقتەك تىلىپ ، گۈزەل قىزلارنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدەك
كۈلۈپ تۇرغان قۇياشنى يۇرتىمىزنىڭ مەغرۇر چوققىلىرىدا قايتىدىن
چاقناتتى .

ۋەتەن كۈلدى ، ئانىلار كۈلدى ، قىساسكار پەرزەنتلەرنىڭ روھى
كۈلدى . كۈلكە ساداسىغا كۆمۈلگەن ئەدىب يەنىلا جاپاكەش ئانىلارنىڭ
تەڭداشسىز ئەجرىنى ، خىسلەتلىك يۈرىكىنى ئەسكە ئالدى . شۇ تاپتا
ئۇنىڭ قەلب دەپتىرىگە مۇنۇ قۇرلار تىزىلىۋاتاتتى .

جاھالەتنى كۈلگە ئايلاندۇرالايدىغان يۈرەكلەر پەقەت قەيسەر ئا-
نىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىلا يېتىلىدۇ . ئۇلۇغ ئانىلار ۋاپادار پەرزەنتلەرنى تۇ-
غىدۇ . پەرزەنت يۈرىكىنى ئانا يۈرىكىنىڭ بىر پارچىسى ئەمەس دەپ كىم
ئېيتالايدۇ ؟! شۇڭا پەرزەنتلەرنىڭ تۆھپىسى ، باتۇرلۇقى ، شان – شە-
رىپى ئالدى بىلەن بەختىيار ئانىلارغا مەنسۇپ .

× × ×

ئۇ بەختلىك ئىدى، لېكىن كۈتۈلمىگەندە ئۇنىڭ بەخت ئاسمىنىدا دەھشەتلىك قارا بوران پەيدا بولدى. ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئارىسىدىن بىر ئازغۇن چىققانىدى. بۇ مۇناپىق دۈشمەنلەرگە ئار ـ نومۇسىنى، ۋىجدانىنى، ۋەتىنىنىڭ تاغ ـ دەريالىرىنى، ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان يۇرتداشلىرىنى سېتىۋەتكەنىدى.

ئانىنىڭ يۈرىكى ئەزەلدىن بۇنداق پۈچىلانمىغانىدى. دۈشمەنلەرنىڭ تاياق ـ توقماق، تىل ـ ئاھانەت، قىيىن ـ قىستاقلىرىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى بۇ قەدەر ئازابلىيالمىغانىدى. چۈنكى، پەرزەنتلىرىنىڭ قەيسەرلىكى، باتۇرلۇقى، ۋاپادارلىقى ئانىغا تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت، غەيرەت ـ شىجائەت ۋە شادلىق ئاتا قىلاتتى. شۇڭا، پەرزەنتلىرىنىڭ بەخت گۈلىستانىنى قوغداش يولىدا چەككەن ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەتلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە زادىلا كۆرۈنمەيتتى. ئانا پەرزەنت جاپاسىنى مىسلىسىز راھەت ھېسابلايتتى. شۇڭا ئۇ جەڭگاھلاردىمۇ، تۇرمۇش داۋانلىرىدىمۇ ھامان غالىب، چىدامىلىق، قابىل، ئۈمىدۋار ئىدى، ۋايساشنىمۇ، چارچاشنىمۇ، قورقۇشنىمۇ، چېكىنىشنىمۇ بىلمەيتتى. لېكىن، پەرزەنتىنىڭ ۋاپاسىزلىقى، ۋىجدانسىزلىقى، ساتقىنلىقى بۇ قەيسەر ئانىنىڭ يۈرىكىنى قان ـ زەردابقا تولدۇردى، كۆزلىرىنى قان بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان بۇلاققا ئايلاندۇردى. ئۇ قىلدەك تولغاندى. دوزاخ ئازابىنى چەكتى. ساتقىنلىق بورىنى ئۇنىڭ تاغدەك قامىتىنى قورايغىلا ئوخشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ قۇياشتەك پارلاپ تۇرىدىغان كۆزلىرى پىلدىرلاپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى كۆيۈۋاتاتتى. ئانىنىڭ قۇدرەتلىك جىسمى پەرزەنتىنىڭ خورلۇقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتاتتى.

قەلبى ھەسرەت بىلەن تولغان ئانا بىر كۈنى زېمىنىنىڭ تەكتىدىن كېلىۋاتقان ياڭراق بىر سادانى ئاڭلاپ قالدى: «ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئازابلىمىغىن. چۈنكى، سەن خائىن تۇغمىدىڭ. نەپسانىيەتچىلىك ئۇنى بىر

شەرمەندە ساتقىنغا ئايلاندۇرۇۋەتتى . ئۇنى پەرزەنتلىرىڭنىڭ تىزىملىكە-
دىن ئۆچۈرۈپ تاشلىغىن . مۇناپىقلارنى قىرىنداشلىرىمۇ ، يۇرتداشلىرى-
مۇ ، ۋەتىنىمۇ كەچۈرمەيدۇ . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ هاياتى هامان خەۋپ -
خەتەرنىڭ چاڭگىلىدا تۇرىدۇ . ئۇلار ھەققانىيەتنىڭ جازاسىدىن بەرىبىر
قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ . سەن پەرزەنتلىرىڭگە ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭغا : «
ئۇ ئازغۇن سىلەرنىڭ قىرىنداشلىرىڭلار ئەمەس ، ئۇنىڭغا ھەرگىز رەھىم
- شەپقەت قىلماڭلار . ئۇ تۇتقان شاراپقا كۆز قىرىڭلارنىمۇ سالماڭلار .
ئۇنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە زىنھار ئىشەنمەڭلار . ئۇنىڭ تۇۋىلىرى ، ساختا
قەسەملىرى ئالدىدا ئېرىپ كەتمەڭلار . ئۇنىڭ گۇناھى تەڭداشسىز
ئېغىر » دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغىن . پەقەت شۇنداق قىلالىساڭلا ئۇلۇغ ئا-
نىلىق قۇدرىتىڭنى ، يالقۇنلۇق ئانىلىق مۇھەببىتىڭنى ساقلاپ قالالايسەن .
خائىنلارغا بۇنىڭدىن ئېغىر جازا يوق ! بۇنداق ھەققانىي جازا باشقا پەر-
زەنتلىرىڭنىڭ يۈرىكىدىكى ۋاپادارلىق ئوتلىرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىدۇ ، ۋە-
تەننى تېخىمۇ زور ئاپەتتىن ساقلاپ قالىدۇ ! »

ئانا كۆڭلى يورۇپ ، يېنىكلەپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى ، شۇ تاپتا
ئۇ ئۆزىنى ئۇستىدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر غەم - قايغۇ تېغىدىن ، خە-
تەرلىك كېسەلنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلغاندەك ھېس قىلىۋاتاتتى . ئۆزىنى
خۇددى يامان خاراكتېرلىك ئۆسمىنىڭ ، ئېغىر يۈرەك كېسىلىنىڭ ۋەھ-
مىسىدىن قۇتۇلغان بىماردەك سېزىۋاتقان ئانا ھاياتلىق دۇنياسىغا قايتى-
دىن ئۈمىد بىلەن نەزەر تاشلىدى . ئۇ ئىختىيارسىز ئۆزىنىڭ ۋاپادار ،
پىداكار پەرزەنتلىرىنى ئەسكە ئالدى . ئۇنىڭ يۈرىكى زېمىنىنىڭ يۈرىكى
بىلەن بىرلىشىپ كەتتى ...

مەنسەپخۇمارلىق ، راھەتپەرەسلىك ، شۆھرەتپەرەسلىك ، ھە-
سەتخورلۇق چاڭ - توزانلىرى ئىچىدە كۆزلىرى خىرەلىشىپ ، يۈرىكى
قارىيىپ كەتكەن بۇ ساتقىن ، ئەمەلىيەتتە ، دۈشمەنلەرنىڭ قولىدىكى بىر
قورال ياكى ئويۇنچۇق ئىدى . دۈشمەنلەر ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا پايدىلە-
نىپ ، خالىغان ۋاقىتتا بىر بۇلۇڭغا تاشلاپ قوياتتى ياكى بازارغا ئېلىپ
چىقىپ سېتىۋېتەتتى . ئۇلار بۇ ئويۇنچۇق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىنى

كـۆتۈرەلەيتتى . ئۇنىڭدىن زېرىكسە ياكى ئۇ كونىراپ كەتسە ، ئۇنى ئەخلەت قاتارىدا پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتەتتى .

دۈشمەنلەر بۇ ئاچكۆز ، قارا يۈز مۇناپىقنى خۇددى بېلىق تۇتقاندەك يەمچۈك تاشلاپ قارماققا ئېلىۋالغانىدى . ئۇلار قېرىنداشلىرىغىمۇ ، ئانا يۇرتىغىمۇ ۋاپا قىلمىغان بۇ نەپسانىيەتچىنىڭ پۇرسەت تاپسىلا پايدا كويىدا ئۆزلىرىنىمۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن سېتىۋېتەلەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى . شۇڭا ، ئۇلار بۇ ساتقىنىنىڭ ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىنى كېچە ـ كۈندۈز قاتتىق نازارەت قىلاتتى . ئۇ يەمچۈك ئىزدەپ يۈرۈپ ئىلىنىپ قالغان قارماقنى ئۇنىڭ گېلىدىن بىر كۈنمۇ ئېلىپ تاشلىمايتتى . شۇڭا ، ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك ساراي ئىچىدىكى كۈنى ئىتنىڭ كۈنىدىنمۇ بەتتەر ناچار ئىدى .

دۈشمەنلەر ئانا تۇپراقتىن قوغلانغان كۆكلەم پەسلىدە ئۇ چىرايى سارغايغان ھالدا ئانىنى ، قېرىنداشلىرىنى ئىزدەپ كەلدى . يول بويىدىكى گۈللەر ئۇنى كۆرۈپلا كۈلكىسىنى توختاتتى . ئاسماندىكى قۇياشمۇ ئۇنىڭ يىرگىنىشلىك جىسمىغا نۇر تۆكۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، بۇلۇتلار كەينىگە مۆكۈندى . قۇشلارنىڭ يېقىملىق نەغمىلىرىمۇ بىردىنلا توختاپ قالدى . ئۇ ئۆزىنى بۇ زېمىنغا شۇ قەدەر يات ھېس قىلدى .

ئۇنىڭ قەيسەر ، جاپاكەش ئانىسى ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەنىدى . ئانىنىڭ مۇقەددەس قەبرىسى رەڭگا رەڭ گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن پۈركىنىپ تۇراتتى . ئۇ ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلىماقچى بولدى ، لېكىن ئۇلۇغ ئانا زېمىن ئۇنىڭ بۇلغانغان ۋۇجۇدىنى ئانىنىڭ پاك قەبرىسى ئالدىغا يېقىن يولاتمىدى . ئۇ قولىنى ئاسمانغا سوزۇۋىدى ، قاپقى تۇرۇلگەن كۆك گۈمبىزى غەزەپ ـ نەپرەت مۆلدۈرلىرى بىلەن ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى ياردى . زېمىن تىترىدى . ئانىنىڭ روھى قوزغىلىپ كەتتى . زېمىنىنىڭ تەكتىدىن ، ئانىنىڭ قەبرىسىدىن : « مېنىڭ سەندەك بالام يوق » دېگەن سادا كەلدى . ئۇنىڭ تۇغقانلىرى : « بىزنىڭ سەندەك قېرىنداشىمىز يوق » دەپ ، ئۇنى ئانا يۇرتىنىڭ ئىللىق قۇچىقىدىن قوغلىدى .

ئۇ پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزـ
گەنلىكىنى ، ئۆلۈم ۋەھىمىسىنىڭ قورشاۋىدا قالغانلىقىنى ، ئەمدى بۇ
قورشاۋدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى سەزدى . شۇڭا ، ئۇ ۋەتەن خاـ
ئىنلىرى جازالىنىدىغان مەيدانغا ئورنىتىلغان دار ئالدىغا كەلدى ــ دە ،
بوينىغا سىرتماقنى سېلىپ ، پۇتىدىكى ئورۇندۇقنى تېپىپ ئۆرۈۋەتتى .
ئۇنىڭ زېمىنغا پاتمىغان تېنى بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالدى ۋە بىر نەچچە
كۈندىن كېيىنلا قاغا ــ قۇزغۇنلارنىڭ يېمىگە ئايلىنىپ كەتتى . ۋەتەنـ
نىڭ گۈزەل تاغ ــ دەريالىرى ، ئانىلارنىڭ سۆيگۈ گۈلخانى لاۋۇلداپ
تۇرغان يۈرەكلىرى بىر مەرەزدىن ، بىر زىيانداشتىن قۇتۇلغانلىقى ئۈـ
چۈن ، بەختىيار ، ئوماق بوۋاقلاردەك ، سۈزۈك بۇلاقلاردەك ۋىلىقلاپ
كۈلۈپ كەتتى .

( « تارىم » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## ھايات ۋە ئىشەنچ

مۇختەر مۇھەممەت

قۇياش زېمىننى چوغدەك قىزدۇرۇۋاتاتتى . ئۇ ماغدۇرسىز ئاياغـ
لىرىنى تەستە سۆرەپ ، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئالدى تەرەپتىكى ئۇـ
نىڭ ئۆز تۇيغۇسىدا بەكمۇ تەستە چىقىپ كېلىۋاتقان دۆڭگە يامىشىشقا
تەمشەلدى . ئۇنىڭ جىسمىدا قىلچە مادار قالمىغاندەك ، ھەرقانچە تىرىشىپ
كۆرسىمۇ بىر قەدەم ئېلىش ئۇچۇن مىڭ يىللىق ماغدۇرىدىن كەتكەندەك
بولاتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى قان رەڭگىدە قىزارغان ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى
كېرىلگەن ، لەۋلىرى ئاپئاق گەز باغلاپ يېرىلغان . شۇ يېرىقلاردىن
بۇغدايدەك قان تامچىلىرى تەپچىپ چىقىپ ئۇيۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ياـ
لىڭاچلانغان تېنى قۇياشنىڭ قىزدۇرۇشىدىن كۆپۈشۈپ ھازىرلا تاراسلاپ
يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ تامقى شۇنداق شىـ
لىمشىقلىشىپ كەتكەنىدىكى ، شۇنچە كۈچەپ تۇرۇپ تۈكۈرۈكىنى يۇتـ

قاندىمۇ قۇرغاق، قاغسىق بىر پەردە تۈكۈرۈكىنى توسۇۋالاتتى. ئۇ ئېغىر - ئېغىر تىناتتى. قانداقتۇر بىر نەرسە بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك ھەربىر تىنىقى شۇنچە تەستە خىرقىراق، يېقىمسىز ئاۋاز بىلەن چىقاتتى. ھەربىر تىنىقىدا بىر پارچە ئوتنى سۈمۈرۈۋاتقاندەك بۇرۇن تۆشۈكلىرى كۆيۈشۈپ دىماغلىرىنى تېخىمۇ قۇرۇشتۇرۇۋېتەتتى. بۇ ئوت، بۇ ھارارەت ئۇنىڭ مېڭىسىنى قايىنىتىۋەتكەندەك، كۆز ئالدىدىكى ئۇپۇق بىلەن گىرەلەشكەن زېمىن چاقپەلەكتەك ئايلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ماغدۇرسىز ئاياغلىرى تىترەپ سەنتۈرۈلدى. ئۇنىڭ خاراموش، خۇنۈكلەشكەن كۆزلىرىگە ئۇپۇق يەر يۈزىگە غۇلىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. يەر - قۇم ئۇپۇق بىلەن گىرەلىشىدىغاندەك تۆۋەندىن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى. ئۇ قاقاستەك قىزىق قۇم ئۈستىگە دۈم چۈشتى. تامىقىغا قاغسىق، قىزىق توپا تەمى ئۇرۇلدى. بەتتام، ئىللىق بىر سۇيۇقلۇق ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى بويلاپ ئېقىپ چىقتى. قۇرۇغان تاماقلىرى قېتىپ كەتكەندەك تۈيۈلۈپ كەتتى. تەشنالىقى ھەسسىلەپ ئاشتى. قۇمغا پاتقان پېشانىسى قىزىق تۆمۈرگە يېقىلغاندەك كۆيدى. بېشى خۇددى چاك - چېكىدىن ئاجراپ كېتىدىغاندەك لوقۇلداپ ئاغرىشقا، كۆڭلى ئېلىشىشقا باشلىدى. يۈرىكىنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدە سىرتقا تېپىۋاتقان غەش، سالقىن بىر خىل تۈيغۇنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ تېنىدە يەنىلا تامچە تەردىن ئەسەر يوق ئىدى. خۇددى ئۇنىڭ يۈرىكى توختاپ قېلىشقا يۈزلەنگەندەك يۈرىكى شۇنچە ئاستا، شۇنچە رىتىمسىز، شۇنچە ئاجىز سوقاتتى. بىراۋ مېڭىسىگە زىخ تىققاندەك مېڭىسى زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. كۆڭلى ئاينىيتتى. تامىقىغا شىلىمشىق سۇيۇقلۇق كەپلىشىۋالاتتى. خاراموش، نۇرسىز كۆزلىرى ئۇدۇل تەرەپكە - دۆڭ ئۈستىگە تىكىلدى. بۇرۇنلىرى قايرىۋېتىلگەندەك، بىراۋ بوغۇۋاتقاندەك ئاغرىپ كەتتى. ئۇ بارلىق ماغدۇرىنى ئىككى بىلىكىگە يىغىپ، دۆڭ ئۈستىگە قاراپ ئۆمىلەشكە باشلىدى. بىر... ئىككى ... ئۈچ ... تۆت ... بەش ... ئۇ بار ئاۋازى بىلەن ئۆزىگە شۇنداق كوماندا بېرىپ يۇقىرىغا ياماشتى. گەرچە ئۇ بار ئاۋازدا ئېيتىۋاتسىمۇ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئەمەس، پەقەت ھېس

قىلىپلا ئۆمۈلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچە بوغۇق، شۇنچە غۇۋا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىشكە باشلىدى. توختاپ قالما! ئۆمىلە! بىر غۇلاچلا قالدى... قىرىق بەش... قىرىق ئالتە... ئۇ ئۆزىگە شۇ بۇيرۇقلارنى ئۈنلۈك ئاۋازدا قىلدى. قانداقتۇر بىر خىل يېنىكلىك ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۇلغىدى. ئۇ ئۆمىلەشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ كۆزىدە پەقەت دۆڭ ئۈستىگىچە بولغان ئارىلىقنى كۆزلەيدىغان ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ئۇچقۇنى ئۇچقۇندايتتى. ھەربىر سۈرۈلۈشتىن ھايات، ئۈمىد ئۇقۇمىنى ۋە ئىشەنچىنى ھېس قىلاتتى. ئاتمىش بەش... ئاتمىش ئالتە... ياشا...! ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئەنە شۇ كۆز ئالدىدىكى غەلىبىدىن لەرزىگە كەلدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئەمدى پەقەت بىر قەدەم نېرىغا ئاڭلاندى. ئۇ ئاۋازىنى ئەمدى ھېس قىلىپ ئەمەس قۇلىقى بىلەن ئېنىق ئاڭلىدى.

ئۇنىڭ چىرايلىرى پۈرۈشكەندى. ئۇنىڭ توم بىلەكلىرى، قۇمغا پاتقان قولىنىڭ بېغىشلىرى، قۇمنى سىقىمداپ تۇتقانىدى. ئەمما تولىمۇ بوش تۇتقانلىقتىن، قۇملار قولىنىڭ بېغىشلىرىدىن شىرقىراپ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ قۇم دۆڭى ئۈستىدە دۈم ياتقىنىچە خاراموش كۆزلىرىنى ئاستا ـ ئاستا ئالدى تەرەپكە — ئۇپۇق يەر بىلەن باغاشلاشقان نۇقتىغا تىكتى.

سۇ — ھاياتلىق. مەن ئەمدى ھايات قالدىم! ئۇ شۇنداق دەھشەتلىك ۋارقىرىغىنىچە تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ھاياتلىق زەپىرىدىن لەرزىگە كەلدى. دەل شۇ مادار، دەل شۇ ئۈمىدنىڭ تۈرتكىسى ئۇنىڭ ماغدۇرسىز، زەئىپ تېنىنى يەردىن غۇلاچتەك ئېگىزلىككە كۆتۈردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دەقىقە ئىچىدە ئاتا ـ ئانىسى، كىشىلەر توپى، سالقىن ئىستىراھەتخانىلار، ئوماققىنا قىزلار... تىزىلىپ ئۆتتى. دەل شۇ خىل ئىنتىلىش ئۇنىڭ قەددىنى رۇسلىدى. ئەمدى ئۇ قۇم دۆڭى ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇراتتى.

دەقىقە ئىچىدە ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەشلىك قاپلاپ كەتتى. ئۇنى ۋەھىمە باستى. ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭ جىسمىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئۇ

تىكىلگەن نۇقتىدا سەلەپ بالقىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ جۇلالىرى كۆز قاماش-
تۇراتتى ، ئىنتىلدۇرەتتى . شۇ جۇلالار زەررىسىدە ھاياتلىق ھەم ماماتـ
لىق ، راست بىلەن يالغان ، قورقۇنچ ۋە ئارام ، ۋەھىمە - خاتىرجەملىك ،
بەتبەشىرىلىك — گۈزەللىك مۇجەسسەم ئىدى . ئۇنى ئەمدى دەھشەتلىك
خىياللار ، ۋەھىمىلىك ئويلار ئىگىلىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ۋەھىمە -
قورقۇنچتىن چەكچىيىپ كەتتى . ئۇنىڭ تېنى زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن
كاۋاپتەك پىژىلداپ كۆيگەندەك بولدى . تېنى بارغانسېرى ئاجىزلاپ ،
ئۇيۇق گۆمۈرۈلۈپ ، يەر كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى . ئۇ قو-
لىنى قۇمغا پاتۇرۇپ ، تېنىنىڭ يەرگە قوشۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلاپ
قالدى . ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالدى . ئۇنىڭ تىنىقلىرى
تەرتىپسىز چىقىشقا باشلىدى . ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئېقىپ چىققان قان جى-
گەر رەڭگىدە ئۇيۇپ قالغانىدى . ئۇيۇغان قىسمى جىگەردەك لىغىلداپ
تۇراتتى . ئۇ ئۆز تومۇرىدىكى بارلىق قانلارنىڭمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخ-
شاش قېتىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . ھەربىر سەكىنىشتىن
جىسمىنىڭ ئوت بولۇپ يانغىنىنى تۇيدى . ئەمدى ئۇنىڭ خىياللىرى
چېچىلغانىدى . ئۇ خۇددى گۇناھىنى تىلەپ تىزلانغان ئاجىز بىچارىدەك
دۆڭ ئۈستىدە ئىككى قولىنىڭ ياردىمى بىلەن بېشىنى پەس قىلغىنىچە
ئۈنسىز تىزلىنىپ ئولتۇراتتى . ئاپتاپنىڭ قىزىق تەپتى ئۇنىڭ يالىڭاچ تې-
نىنى قىزغۇچ مىس رەڭگىگە كىرگۈزگەنىدى . ئۇ ئەمدى پۈتۈنلەي ئۈ-
مىدسىزلەندى . ئۇنىڭ كۆزلىرى مۇردىنىڭ كۆزلىرىدەك نۇرسىز ، قور-
قۇنچلۇق ، كۆرۈمسىز ، ئىپادىسىز ئىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھاياتقا بول-
غان ئىنتىلىش زەررىچە ئۇچقۇن چاقنىمايتتى . ئۇ ئۆزىدە تۇيۇقسىز پەيدا
بولغان ئۈمىدسىزلىك خىتابىنى — ئۆزىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى سەزدى .
ئۇ ئەمدى شۇنچە بەتبەشىرە كۆرۈنۈشكە ئۆزگىرىپ ، تەقى - تۇرقى ۋە
سىيماسى باشقىچە تۈس ئالدى . ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچە بوغۇق ، شۇنچە
يېقىمسىز ئىدى . ئۇنىڭ گەز باغلىغان لەۋلىرىدىن قويۇق قانلار ئېقىپ
چۈشتى . ئۇ شۇ قانلارنى شالاپشىتىپ يۇتاتتى . يۇتقاندىمۇ كۆزلىرىنى
شۇنچە تەستە چەكچەيتىپ ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ ، بار كۈچىنى تامىقىغا

يىغىپ يۇتاتتى . يەنە يىغلاشنى داۋاملاشتۇراتتى ... ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تامچە ياش چىقمايتتى . ئۇنىڭ تېنىدە ھەم تامچە تەردىن ئەسەر يوق ئىدى .

ئۇ ۋەھىمىگە تولغان كۆزلىرىنى سەلەپتىن ئۈزمەي ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە پاشا غىڭشىغاندەك بىر ئاۋازدا شۇلارنى بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرايتتى : ئەگەر مەن بىر بۈركۈت بولغان بولسام ئۇ چاغدا بۇ پايانسىز چۆلدىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇچۇپ ئۆتكەن بولاتتىم . ئەمدى ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتۈنلەي چىقماي قويدى . ئۇ ھەر قانچە دىققەت قىلىپ ئاڭلىسىمۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئۆز ئاۋازىنى پەقەتلا ئاڭلىيالمىدى . پەقەت ئۆز ئاۋازىنى ئۆزىنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى ھېس قىلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە تېخىمۇ چىرماپ ، قورقۇنچ جىسمىنى تېخىمۇ قامالىدى . كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولدى . كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دېگەن دەرىجىدە ماماتلىق ۋەھىمىسىدىن چالا بوغۇزلانغان كالىنىڭ كۆزىدەك ئالىيىپ پارقىراپ كەتتى . ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۇنىڭ بويىنىغا مىنگەشتى . ئەمدى ئۇ سۆزلىرىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى :

ئەگەر مەن ئات بولغان بولسام ئۇ چاغدا كۆزلىگەن نىشانىمغا — ھاياتلىق دىيارىغا تېزلا يېتەلىگەن بولاتتىم ! ئەگەر مەن تۆگە بولغان بولسام ... ئېھ ، ئۇ چاغدا تەشنالىق مېنى ئەسىر قىلالمىغان بولاتتى . لەنەت ساڭا تەبىئەت ! مېنى ئىنسان قىلىپ ياراتقىنىڭغا ، ئەگەر ئادەم ئۆلۈپ قايتا تىرىلىدىغان قانۇنىيەت بولسا ، قايتا تېرىلىشتە مەن ئىنسان بولۇپ يارىلىشنى رەت قىلىمەن . سەن ئىنسانىنى نېمە ئۈچۈن ياراتتىڭ ؟ مانا شۇنداق ئازابلاپ كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈنمۇ ؟ ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى باشقا ھايۋانلارغا نامايىش قىلىش ئۈچۈنمۇ ؟ ئۆزۈڭنىڭ ئۈستۈنلۈكىڭنى نامايىش قىلىش ئۈچۈنمۇ ؟

راست ، سەن مېنى چاڭگىلىڭغا ئالدىڭ . ئۆلۈم دەھشىتىنى كۆز ـ كۆز قىلدىڭ . مېنىڭ ئاجىز تېنىمنى مەسخىرە قىلىۋاتقانسەن ، بەلكىم ... سەندىن ئۆتۈنەي ، مېنى ئۆز قوينۇڭغا ۋاقتىنچە ئالما ! مېنى ساقلاپ قال . مەن ساڭا باش ئۇراي ! ساڭا چوقۇناي !! ساڭا مەد-

ھېيلەر ئوقاي ، ياش تېنىمنى نابۇت قىلما ! مېنىڭسىزمۇ تويۇنۇپ تۇ- رۇپسەن . مەن تووۋا قىلاي ! سېنىڭ ئۈستۈنلۈكۈڭگە قەسەملەر توقاي ، دەل شۇ چاغدا ئۇ ئۆز سىماسىنى يوقاتتى . ئۇنىڭ ئوبرازى ، ئۇنىڭ ئەسلى تۇرقى ، ئادەملىكى قاياققىدۇر ئۇچۇپ كەتتى . ئۇ شەكىلسىز ، سىماسىز بىر بەتبەشىرىگە ئايلاندى . ئۇ ئۆزىنىڭ تۆشۈك داسىنىڭ ئاۋا- زىدەك يېقىمسىز ئاۋازىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى . پەقەت ئاۋاز ئۇنىڭ ئىچكى سىزىمىدىلا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاۋاتاتتى ...

« مەن ئىنسان . سېنىڭ ئاجىز بەندەڭ . بىز توپتىن ئايرىلساق ھالاكەت بىزنى قۇچاقلايدۇ . ۋەھىمە باغرىغا باسىدۇ . ئۆلۈم لېۋىمىزگە سۆيىدۇ . بىزدە قۇرتتەك غەيرەت ، چۆمۈلىدەك ئىپتىخار ، ماي قوڭغۇزى- دەك كۈچ - قۇدرەت ، تېرىقتەك ئىشەنچ يوق ... »

ئۇ ئۆز - ئۆزىنى تۇنجى قېتىم ياقتۇرماي قويدى . ئۆز جىسمىغا تۆرەلگەندىن بۇيان تۇنجى رەت نەپرەتلەر ئوقۇدى . ئۇنىڭ ماغدۇرسىز تېنى تۇرۇشقا ، مىدىرلاشقا ھەتتا قىمىرلاشقا ئىمكان بەرمىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئۇپۇققا تاقاشقان چەكسىز قۇم ، چوڭ بىر بەتبەشىرە مەخلۇق بولۇپ كۆرۈندى . ئۇ قۇملار خىلمۇ خىل شەكىللەردە تۈرلۈك - تۈمەن سىمالارغا كىرەتتى . بەزىدە ۋەھىمىلىك ، دەھشەتلىك تۈس ئال- سا ، بەزىدە شۇنچە يېقىملىق ، شۇنچە ئوماق تۈس ئالاتتى . چەكسىز قۇملۇق ئۇزلۇكسىز چاقناۋاتقان جۇلالىرى بىلەن ئۇنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ باغرىغا چاقىراتتى . ئۇ بىردە ئۇنىڭغا ئىنتىلسە ، بىردە دەھشەتتىن تىترىگەن تېنىنىڭ ۋەھىمىلىك خىتابىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ ، ئۇنىڭدىن يالتىياتتى . ئۆزىنى قاياققىدۇر يوشۇرۇشنى ئويلايتتى . بۇ بەتبەشىرە چىرايلارنىڭ ھەيۋەتلىك چاقىرىقلىرىنى ، گۈزەل لاتاپەتلەرنىڭ نازلىق خىتاپلىرىنى ئاڭلىدى .

پىژغىرىم ئىسسىق ئۇنىڭ تېنىنى كۆيدۈرۈپ مىس رەڭگىگە كىرگۈزگەن ، ئۇ بېشىنى تۆۋەن تۇتقىنىچە ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان ۋەھىمە ، ئەجەل ، ئۆلۈم بۇلىقى - چەكسىز قۇملۇققا باش ئېگىپ ، يالۋۇ- رۇپ ئولتۇراتتى . ئەمدى ئۇنىڭ قۇلىقىغا چۈشىنىكسىز ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا

باشلىدى . بۇ ئاۋازلار بەزىدە بوغۇق ، دەھشەتلىك ، بەزىدە زىل ، يىغىم-
لىق ئىدى . ئاشۇ ئاۋازلاردىن خىلمۇ خىل سىمالارنى كۆز ئالدىغا كەل-
تۈردى . تۇخۇم سىرىقى رەڭگىدىكى تۇمانلار ئىچىدىن تۈكلۈك قوللار
چىقىپ ، ئۇنىڭ يۈرىكىگە قول سالاتتى . بۇ قوللارنىڭ بەزىلىرىدىن قان
تېمىپ تۇراتتى . بەزىلىرىدە خۇددى ئۇنىڭ بۇرنىدا ئۈيۈپ قالغان قو-
يۇق ، قارا قاندەك قانلار ئۇيۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ تۈكلىرى يۈرەككە
خۇددى يىڭنە سانجىغاندەك سانجىلاتتى . بەزى قوللار تولىمۇ
چىرايلىق ، بۇدرۇق ، ئاپئاق ، يۇمشاق ئىدى . ئەنە شۇ قوللارمۇ ئۇنى
تۇمانلار ئىچىگە — شەكىلسىز سىمالار ئىچىگە تارتاتتى . ئۇ بۇلارنىڭ
ھەر ئىككىلىسىدىن چۆچۈپ تۇراتتى . ۋەھىمىگە چۈشەتتى . قارا باس-
قاندەك شۈركۈنەتتى . دەھشەتتىن سىلكىنەتتى .

ئۇ ئالدى تەرەپكە نۇرسىز كۆزلىرىنى ئاغدۇرۇپ شۇنداق دەھشەت
بىلەن ۋارقىرىدىكى ، ئۇنىڭ يېنىدا ئادەم بولسا بۇ ئاۋازنى ئاڭلىيالايتتى .
ئۇ ئۆزىدىن بىر قەدەملا نېرىدا ئۆزىنىڭ ئاپئاق ئاقارغان ئىسكىلىتىنى
كۆردى . ئۇنىڭ باش قىسمى يەر چىشلىگەن ، بىلەك سۆڭەكلىرى بولسا
قۇۋۇرغا سۆڭەكلىرىگە مەھكەم چاپلاشقان ، پۇتا سۆڭەكلىرى بولسا
قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى . ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى ئىنچىكە ۋە ئاجىز بو-
لۇپ ، خۇددى چوكىغا ئوخشايتتى . ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمىنى قۇراشتۇر-
سىمۇ پەقەت كىچىك مودىل ئىسكىلىتتىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى . ئۇ ئۆز
سۆڭەكلىرىدىن ئۈمىدسىزلىكنىڭ چۈشىنىكسىز سىماسىنى ، يەر چىش-
لىگەن باش سۆڭىكىدىن قورقۇنچنى ، چېچىلىپ ياتقان جىسمىدىن ئا-
جىزلىقنىڭ غالىبلارچە ھىجىيىپ قاراپ تۇرغىنىنى كۆردى . ئىسكىلىت
ئۇنى ئۆز يېنىغا چاقىرىشۋاتاتتى . ئۇنىڭغا قانداقتۇر ۋەدىلەرنى قىلىشۋا-
تاتتى . ئۆزلىرىگە بىرقىسما تۈس بېرىشىپ ، ئۆز ماكانلىرىنى ماختىشىپ ،
ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تارتاتتى . قورقۇنچ چەمبىرىكىنىڭ ئۆزىنىڭ بوي-
نىغا تاشلاپ سۆرىدى . ئۇ بۇ دەھشەتنى كۆرۈپ چەكچىيىپ قالدى . ئۆز
ۋۇجۇدىغا چاڭ سېلىۋاتقان شۇ خىل سىمالارنى تونۇۋالغۇسى كېلىپ ،
ئۆز بەدىنىگە سەپسېلىپ قاراپ قويدى . كېلىشكەن بەستى ، تولغان

كۆكرىكى جايىدا ئىدى . ئۈمىدسىزلىك ، دەككە ـ دۈككە ، ۋايساشلار ، ئاجىزلىق ، يۈرەكزادىلىك ئۇنىڭ جىسمىغا چاپلاشقانىدى . ئۇلار ئۇنى ئۆز چاڭگىلىغا ئالغانلىقى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىشىۋاتاتتى .

ئۇ شۇنىڭغا ھەم ھەيران قالدى . ئۇنىڭ جىسمى سايىسىز ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ قاباھەتتىن ھەسسىلەپ ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىنى سەزدى . قۇملۇق ئۇنىڭ تېنىنى سىھىرلەپ ، ئۆز قوينىغا سۈمۈرۈۋاتاتتى . بەتبەشىرە كېلەڭسىز سىيمالار ئۇيۇقتىن پەسكە ئوقتەك شۇڭغۇپ ، ئۇنىڭ جىسمىنى تىلغاۋاتاتتى . يۈكسەك قۇدرەتنى بىلەن گەجگىسىدىن بېسىپ قۇمغا پاتۇرۇۋاتاتتى .

ئۇنىڭ بەدىنى ، قولى ، تىزلانغان پۇتلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەشكە باشلىدى . شۇ تىترەكتىن ئۇنىڭ روھى ئاستا ـ ئاستا ئويغىنىپ باراتتى . مۆجىزىدەك تەڭداشسىز قۇدرەت ئۇنىڭغا ھايات ئۇقۇمىنى سوۋغا قىلدى . كۆزلىرىگە روشەنلىك نۇرىنى سەپتى . ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى . ئۇ ھاياتلىق توغرىسىدىكى ئۇقۇملار ئىچىدىن ئۆز سىيماسىنى تاپالمىدى . ئۇنىڭدىكى خۇسۇسىيەت ، ئالاھىدىلىك بۇ ئۇقۇملارغا پەقەتلا يېزىلمىغانىدى . ئۇ چۆچۈپ كەتتى . شۇ چۆچۈشتىن ، قۇدرەتتىن تامچىلىغان قۇۋۋەت ئۇنىڭ پۇت ـ قولىغا مادار بەردى . كۆزلىرى روشەن كۆرۈشكە باشلىدى. قۇياش نۇرى ئۇنىڭ تېنىگە تېشىپ كىرىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى قاراسلاپ كەتتى . ئۇنىڭ جىسمى لاغىلداپ ، جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى . نۇرلار ئۇنىڭ تېنىنى تىلدى . نۇرغۇن چېكىتتەك جۇلالىغان نۇرلار قۇمغا سىڭدى . ئۇنىڭ بېشى قايدى ، پېكىرلەر ئۇنىڭ كاللىسىنى يېرىپ چىقىشتى ، يۈرىكى ئەمدى قۇۋۋەتلەندى . قېتىشقان قانلىرى ئەمدى سويۇلۇپ ، تومۇر ـ تومۇرلىرىدا ئۆركەش ياسىدى . ئۇنىڭ بەدىنىنى لەرزىگە سالدى . ماغدۇرسىز تېنىدە ئەمدى چەكسىز قۇۋۋەتنى سەزدى .

ئادەم ئۈمىدسىزلەنسە كىشىدىن سايىمۇ قاچىدىكەن ... ياق ـ ياق ! ياشاش كېرەك . تىركىشىش كېرەك . شۇ چاغدىلا مەن ئادەملىكىمنى ساقلاپ قالالايمەن . ئۈمىدسىزلىك مەندىكى ھەممە نەرسىنى ئوپ-

قاندەك يۇتۇۋەتكۈدەك . روھىنىمۇ ، جىسمىنىمۇ ، ئىنسانىي خۇسۇسى-
يىتىنىمۇ ئەنە شۇ بىچارىچىلىك ، ئامالسىزلىق ئۈمىدسىزلىك يۇتۇپ
كەتكۈدەك . ئۇ شۇنداق دەپ پىچىرلىدى . ئەمدى ئۇنىڭ ئاۋازى بىر
نەچچە قەدەم نېرىغىچە ئاڭلاندى . ئۇنىڭ ئاۋازىدا شۇنچە كەسكىنلىك ،
ئويغانغان روھىنىڭ خىتابى مۇجەسسەم ئىدى .

« جىسمىمنى يۇتۇپ كەتسە مەيلى ، لېكىن روھىمنى يۇتۇپ كې-
تىشى مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ھاقارەت ! مەن ئىنسان ، شۇنداق بولغىنىم
ئۈچۈن ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇشۇم كېرەك . مەن تەبىئەت ۋەھىمىسى-
دىن ئەمەس ، تەبىئەت مېنىڭ روھىمدا شەكىللەنگەن روھىي يۈكسەك-
لىكىمدىن ۋەھىمىگە چۈشسۇن ، ماڭا ئەل بولسۇن . مەن ئۇنىڭدىن
ئۈستۈنلۈكۈمنى ساقلاي . ئىنساننىڭ يۈكسەكلىكىنى نامايىش قىلاي .
قول ئىلكىمگە ئالاي ! شۇ چاغدىلا مەن تەبىئەتنىڭ ۋۇجۇدۇمنى دەھ-
شەتلىك لەرزىگە سېلىۋاتقان ، ماڭا قاراپ بەتبەشىرە بىلەن غالىبلىقنى نا-
مايىش قىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان روھنى بەربات قىلالايمەن . تىرىك-
شىش كېرەك ، جەڭ ئېلان قىلىش كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن بىر تىنىقلا
كۇپايە !

شۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالىغا « ئىشەنچ — ھايات » دېگەن سۆزلەر
كىرىپ كەلدى . ئۇ سۆزلەر ئۇنىڭ خىيال دىيارىنىڭ ئەڭ تۆرىدىن ئو-
رۇن ئالدى . « مەن غالىبمەن . مەن ھەممىدىن ئۈستۈن . تەبىئەت مې-
نىڭ ئىلكىمدە ... ئۇنىڭ ئاۋازى چەكسىز قۇملۇقنى چاڭ كەلتۈردى .
ھەممە جايغا تارالدى . ئۇپۇقنى لەرزىگە سالدى . ئۇنىڭ سىيماسى ،
ئوبرازى قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭ جىسمىدىن قايتا ئورۇن ئالدى . ئەمدى ئۇ
ئۆپچۆرىسىدە غالىبلىق - يۈكسەكلىك ، ئۈمىدۋارلىق ۋە شۇنداق روشەن
ئىشەنچ مۇجەسسەم بولغان . قۇدرەتلىك ، يۈكسەك ئىنسان روھىنىڭ ئو-
نىڭ قولىنى ھۆرمەت بىلەن تۇتقىنىنى ھېس قىلدى . بەدىنىدە تاش-
قىنلاۋاتقان كۈچ قۇدرەتنى سەزدى . ئەتراپىدا ئالىيجاناپ ، يۈكسەك سى-
مالارنى كۆردى . ئۇلار بىرلىشىپ ئۇنىڭ جىسمىنى يۆلىدى . ئۇنىڭغا ھا-
ياتلىق ناخشىسى ئېيتىپ بەردى . بۇ ھاياتقا ، ئىشەنچكە ئىنسان غالىبلىققا

ئوقۇلغان مەدھىيىلەر ئىدى . ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇنىڭغا دەھشەت
سالغان روھنى قاباھەتلەندۇرگەن ، ئۇنى بويسۇنۇشقا بۇيرۇغان ، بەتبە-
شرە چىرايلىرى بىلەن ئۇنىڭ تېنىنى تىترەتكەن تەبىئەت شۇنچە بىچا-
رە ، شۇنچە ئاجىز ، شۇنچە كۈچ ـ قۇدرەتسىز بولۇپ كۆرۈندى . قور-
قۇنچلۇق ، ۋەھىملىك ئاۋازلارمۇ يوقالدى . ئۇنىڭ ئورنىنى ئىنسانغا ئو-
قۇلغان لىرىكىلار قاپلاپ كەتتى . ئۇ ئۆز بەدىنىدىكى كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ
سالمىقىنى تۇنجى رەت سەزدى .

ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى . ئۇنىڭ تىزلىرىدا قۇملار چاپلاشقان
بۇدۇر ـ بۇدۇر سۇ قاپارتمىلىرى لىغىلداپ تۇراتتى . ئۇ ئاغرىقىنى سەز-
مەيتتى . ئۇنىڭ سېزىۋاتقىنى يۈكسەكلىكتىن پەيدا بولغان سېھرىي لەز-
زەت ئىدى . بۇ لەززەت ئۇنىڭ جىسمىنى قاپلاپ كەتتى . ئۇنىڭ قىزغۇچ
مىس رەڭگىگە كىرگەن تېنى قۇياش قىزدۇرۇپ باراتتى . ئۇ سۇس ئۇ-
پۇقتا ئۆز روھىنىڭ بۈركۈتتەك پەرۋاز قىلىۋاتقىنىنى كۆردى . ئۇنىڭ
تېنى هاياتلىق نىشانىغا ئالدىرىتىۋاتقان چاپقۇر ئاتتەك ئالدى تەرەپكە
ئۈندەيتتى . ئۇ ئەمدى ئۇسسۇزلۇقنى سەزمىدى . تامچە ـ تامچە تەرلەر
ئۇنىڭ تېنىدىن تېپىپ چىقتى . بۇرنىنىڭ ئۈستى ، ھەتتا قول بېغىشلى-
رىمۇ چىپىلداپ چىقىۋاتقان تەر تامچىلىرى بىلەن ھۆل بولۇپ كەتتى . ئۇ
تەر تامچىلىرىدىن ئۈمىد ـ ئىشەنچ سىيمالىرىنى كۆردى . ئالدى تەرەپتىن
كېلىۋاتقان گاراڭ ـ گۇرۇڭ ئاۋازلارنى قاھ ـ قاھ كۈلكىلەرنى ، بۇل-
دۇقلاپ چىقىۋاتقان بۇلاقنىڭ ئاۋازىنى شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريا شاۋقۇ-
نىنى ئاڭلىدى . ئۇنىڭ سايىسى ئەمدى پۈتۈن قۇملۇقنى قاپلاپ كەتتى .
ئۇنىڭ ئىشەنچ ئۇچقۇنلىرى ، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ئۇيۇق بىلەن زې-
مىن گىرەلەشكەن تەرەپكە قادالدى . قۇدرەتلىك پۇتلىرى يەرنى ئويۇپ ـ
ئويۇپ دەسسەپ ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . ئۇنىڭ ھەربىر قەدىمىدە
چوڭقۇر ئىزلار ئۇيۇلۇپ قالاتتى . شۇ ئىزلار ئىچىدە ئۇنىڭ بەدىنىدىن
تەپچىگەن تەرلەر يالتىراپ تۇراتتى .

( « تارىم » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

# دېڭىزچى ناخشىسى

ئەركىن نۇر

ساما خۇددى توز قانات ـ قۇيرۇقلىرىنى كەرگەندەك كۆنلۈكىنى ئاستاغىنە يايدى ...

بىخسىمان دېڭىز بورىنى يەلكەننى يالىڭاچ تېنىگە ئۇرىدى ـ دە ، ئۆز ناخشىسىغا ئىسقىرتقىنىچە بېشى قايغان ، پۈتى تايغان تەرەپكە يول ئالدى . بوۋاي كېمىسىنى باشقۇرالماي قالدى . چۈنكى ، كېمە گويا سايىدەك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالماي قوغلايتتى . بىراق ، ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈلگەن ھەيۋەت دولقۇنلار سېپى كېمىنىڭ ئالدىنى سېپىلدەك توسۇيتتى . بوۋاي تامام ھالسىزلانغان بولسىمۇ قۇرتتەك يۇمشاق ، زەئىپ گەۋدىسىنى ھامان تىك تۇتۇپ ، چۆكتۈرۈپ كەتمەكچى بولغاندەك زەرب بىلەن كېمىگە ئۇرۇلۇۋاتقان دولقۇنلار بىلەن مۇرىدىشەتتى ...

بوران بارغانسېرى زورايدى ، تاشتەك قاتتىق ، تىغدەك قىرلىق تېنى يەلكەننى يىرتىپ تاشلىدى ، ھايال ئۆتمەي ماچتىلارنىمۇ غاراسسىدە سۇندۇردى . كېمىنىڭ سۈرئىتى ئاستىلاپ قالدى . بوۋاي بىر ھازاغىچە « ئاھ خۇدا ، مەن ئالدىڭدا نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگىنىم ئۈچۈن شۇنداق ئېغىر كۈنلەرگە مۇپتىلا قىلىسەن ؟! » دېگىنىچە يۇم ـ يۇم يىغلاپ كەتتى . كۆپ يىغلاۋېرىپ ياشلىرى قۇرۇدى . بىر چاغدا ئۇ ئەسنى يىغىپ ئەتراپقانەزەر سالدى .

پايانسىز دېڭىز ئاسمىنىدا نە ئۈزۈۋاتقان ئاي ، نە جىمىرلاۋاتقان يۇلتۇز ، نە ئۇچۇۋاتقان قۇشلار ، نەبىرەر ئارال ، نە ماياك ، ھېچ نەرسە ، يېپىلىپ ياتقان كېلەڭسىز كېچىدىن ئۆزگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى .

بوۋاي بىردىن ئەقىل تاپقاندەك ئۆز ـ ئۆزىگە شىۋىرلىدى : ئۇ قىرغاقتا ئۆزىنىڭ تېزدىن يېتىپ بېرىشىنى زارىقىپ كۈتۈۋاتقان ئادىمى

ياكى ئۆي ماكانى، يۇرت ـ دىيارى بولمىغان، يەنە كېلىپ، ئۆزىنىڭ نەگە كېتىۋاتقىنىنى بىلمەيدىغان تەنھا بىر دېڭىز سەرگەردانى ئۈچۈن باش ـ ئايىغى يوق دېڭىزدا ئالدىراش ياكى نىشان تاللاش ھاجەت ؟!

بوۋاي كېمىنى باشقۇرۇشتىن يالتىيىپ، پۈتۈنلەي دېڭىزنىڭ ئالقىنىغا قويۇۋەتتى.

ئەمدى بوۋاينىڭ ھاردۇقى بېسىلىپ، ماغدۇرى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغاندەك قىلاتتى. قىزىق، دولقۇنلارمۇ ئەمدى بەئەينى بوۋاينىڭ يۈرىكىدەك ئاجىز ۋە ھالسىزغىنا سوقماقتا ئىدى.

( بۇ نەسىر، يازغۇچىنىڭ، «تارىم» ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا «نەسىرلەر» سەرلەۋھىسى ئاستىدا ئېلان قىلىنغان بىر يۈرۈش نەسىرلىرى ئىچىدىن ئېلىندى. )

## نۇر ساتقۇچى

ئەكبەر سالىھ

— نۇر ئېلىڭلار، نۇر! — قاراڭغۇلۇقتا بىرسىنىڭ چاقىرغىنىدەك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ھەمىيىنىمنى ئاختۇرۇپ، ئىككى دانە تەڭگىنى ئالدىم. ئالقىنىمدا دەڭسەپ تۇرۇپ، خېلىغىچە ئارسالدى بولغاندىن كېيىن ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

نۇر ساتقۇچى قوينىدىن بىر دەستە نۇر ئېلىپ، قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇۋېتىپ، ئىسسىقىنا كۈلۈمسىرىدى ۋە دولامغا تونۇشلارچە يېنىككىنە بىر شاپىلاق ئۇرۇپ قويۇپ، يەنە ۋارقىراشقا باشلىدى:

— نۇر ئېلىۋېلىڭلار، نۇر!

ئۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزدەك كېچە قوينىغا سىڭىپ كەتتى. مەن قولۇمغا قارىدىم، قارىدىمۇ، كۈچلۈك نۇردىن كۆز قارچۇقلىرىم ئېچىشىپ، كۆز چاناقلىرىمدىن يۈرۈلداپ ياش تۆكۈلدى. تېنىم ئېغىرلىشىپ،

چارچاپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم . قولۇمدىكى نۇرنى تاشلىۋېتىشنى ئويلىدىم . تاشلىۋەتسەم ئۇنى بىردەمدىلا توپا بېسىپ ، ئۆچۈپ قالاتتى . بىردىنلا كۆز ئالدىمغا نۇر ساتقۇچىنىڭ سىيماسى كەلدى . ئۇ ماڭا ئىشەنچ بىلەن كۆلۈمسىرەپ قاراۋاتقاندەك قىلاتتى ، مەن نۇرنى مەھكەم تۇتۇپ ، ئۇ كەتكەن تەرەپكە قاراپ ماڭدىم . ئالدىمنى تاش ، داڭگاللار ، تىكەن ، چىتلاقلار توردى . تاپان ، پاقالچىقىمنى تىلىۋېتىشتى . ئاغرىق ئازابى شۇ قەدەر كۈچلۈك ئىدى ، شۇنداقتىمۇ ماڭىۋەردىم . ماڭغانسېرى شۇنچە ماڭغۇم كېلەتتى . جاراھەت ئىزلىرىدىن سىرغىغان قانلار يوللاردا ئويۇپ قېلىشتى . شۇ تەرىزدە كېتىۋاتقىنىمدا بىرسىنىڭ بوش ئىڭرىغاندەك ئاۋازى ئاڭلاندى :

— نۇر ئېلىۋېرىڭلار ... نۇر ...

يول ياقىسىدا چاچ ـ ساقاللىرى سۇتتەك ئاقارغان بىر بوۋاي ھا-سىسىغا تايىنىپ ، ئاران ـ ئاران چامداپ كېتىۋاتاتتى .

— مەن نۇر ئالىمەن ، — بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدىم . ئۇ ماڭا قاراپ ئىللىقىنا كۆلۈمسىرىدى . مەن ئۇنى كۆلۈمسىرىشىدىن تونۇدۇم . ئۇ ماڭا نۇر بەرگەن كىشى ئىدى .

— ئال ، بۇ نۇر ئەمدى سېنىڭكى .

بوۋاي قوينىدىن بىر ئالتۇن ساندۇقچە چىقىرىپ ، قولۇمغا تۇت-قۇزدى ۋە نەپەس ئۈزدى : كەينىمگە قارىدىم . يوللاردىكى ئۇيۇپ قالغان قان ھازىر ئالتۇن رەڭدە جىلۋە قىلاتتى . مەن بوۋايدىن قالغان ساندۇق-چىنى قوينۇمغا سالدىم ـ دە ، يولۇمنى داۋام ئەتتىم .

— نۇر ئېلىۋېرىڭلار ، نۇر .

( يازغۇچىنىڭ « تارىم » ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان « ياش ۋە تەبەسسۇم » ناملىق سەرلەۋھە ئاستىدىكى بىر يۈرۈش نە-سىرلىرى ئىچىدىن ئېلىندى . )

# تارىم دەرياسى

باتۇر سەمەت

سەن ئاقسەن تومۇرلىرىمدا،
مەن ئاقىمەن دولقۇنلىرىڭدا.

— بىر شائىرنىڭ قەلب سۆزى

مەن مۇشۇ مۇقەددەس دەريا بويىدا تۇغۇلۇپ ئۆستۈم. مەن بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان ئاشۇ مىنۇتتا قۇلىقىمغا تۇنجى ئاڭلانغىنى مۇشۇ دەريانىڭ ئەللەي ناخشىسىغا ئوخشاش يېقىملىق، مۇڭلۇق شاۋقۇنى ئىدى.

مانا بۇ دەريا مېنىڭ ھاياتىم بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئەقلىمنى بىلگەندىن تارتىپ مۇشۇ دەريانىڭ يىل بويى توختىماي دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان سۈيىنى كۆرۈپ، قىيالارغا ئۇرۇلۇپ سالغان شاۋقۇنلىرىنى ئاڭلاپ، ئانا سۈتىدەك مۇقەددەس، ئابىھاياتتەك ئۇلۇغ، مەرۋايىتتەك سۈزۈك سۈيىنى ئىچىپ، سۈيىگە چۆمۈلۈپ چوڭ بولدۇم، يېتىلدىم...

بىزنىڭ ئۆي دەريا بويىغا جايلاشقان. كىچىك چاغلىرىمدا ئانام قولۇمدىن يېتىلەپ دەريا بويىغا ئېلىپ كېلىپ، سۇغا چۆمۈلدۈرەتتى، يۇيۇندۇراتتى. مەن دەريا ياقىسىدىكى تېيىز يەردە سۇلارنى چاچرىتىپ، شوخ كېپىك بالىسىدەك، ئۇماق تايچاقتەك توختىماي يۈگۈرەيتتىم. سەكرەيتتىم. ھېرىپ قالغىنىمدا دەريا بويىدىكى قۇم ئۈستىدە يېتىپ راھەتلىنىپ ئاپتاپقا قاقلىناتتىم. لېكىن، بۇ دەريانىڭ نىمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم.

بىر كۈنى دادام مېنى يېتىلەپ دەريا بويىغا ئېلىپ كەلدى. مەن تولغىنىپ، شاۋقۇن سېلىپ، قىرغاققا ئۇرۇلۇپ دەريا سۈيىگە تىكىلىپ

بىر ھازاغىچە خۇددى سېھىرلىنىپ قالغاندەك تۇرۇپ قالدىم . بىردىنلا دادامدىن سورىدىم :

— دادا ، بۇ دەريانىڭ ئىسمى نېمە ؟

بۇ دەريانىڭ ئىسمى تارىم ، — دېدى دادام .

بۇ دەريـانىڭ سۈيـى ئېـقىپ نەگە بارىدۇ ؟ — يەنە سورىدىم قىزىقىپ .

— سەن بىلمەيدىغان يىراق - يىراق جايلارغا بارىدۇ بالام ، نۇرغۇنلىغان يېزا - مەھەللىلەردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ . نۇرغۇنلىغان تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇغىرىدۇ . سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرىدۇ . ئاخـىرىدا ئېقىپ تەكلىماكانغا كىرىپ كېتىدۇ ، — دېدى دادام ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈپ .

— تەكلىماكان دېگەن قانداق يەر ؟ ئۇ يەردە ناھايىتى چوڭ سۇ ئامبىرى بارمۇ ؟

— يـاق ئۇنـداق ئەمەس . بالام ، تەكلىماكان چوڭ بىر قۇملۇق ، چۆل . تارىم دەرياسى ئاشۇ قۇملۇققا سىڭىپ كېتىدۇ .

— باشقا جايلاردىمۇ مۇشۇنداق دەريالار بارمۇ ؟

— بار ، بالام .

— ئۇلارنىڭ ئىسمىمۇ تارىم دەرياسىمۇ ؟

— ياق ، بالام ! ئالەمدە دەريا ناھايىتى كۆپ . لېكىن ، تارىم دەرياسى پۈتۈن ئالەمدە پەقەت بىرلا . ئېسىڭدە بولسۇنكى ، بۇ دەريامۇ مۇشۇ تۇپراقنىڭ جان تومۇرى . ئۇ نۇرغۇن دەريالارنىڭ سۈيىنى ئۆزىگە يىغىپ ، تەكلىماكاندىن ئىبارەت غايەت چوڭ يۈرەككە قۇيۇلىدۇ . مانا بۇ ئاشۇنداق خىسلەتلىك ، مۇقەددەس ، شانۇ شەۋكەتلىك ئانا دەريا . بۇ دەريـا ئاتا - بوۋاڭنىڭ ، سېنىڭ ، ھەممىمىزنىڭ جان تومۇرى ، يۈرەك قېـنى ، بارلىقى ، شان - شەرىپى ، ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى ، ئۇزاق تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى . بىلەمسەن ، بۇ دەريا تومۇرۇڭدا ئېقىۋاتقان قان . سەن ياشاۋاتقان مۇشۇ ئانا تۇپراقنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى ۋە ئەبەدىي ياشناتقۇچىسى ، مۇشۇ دەريا بولغانلىقى ئۈچۈن ئادەم ئاتام زامانىسىدىن تا

بۇ گۈنگىچە بۇ زېمىندا ھاياتلىقنىڭ كارۋىنى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتىدۇ .

بـالام ، ئۇنـتۇپ قالما ، دۇنيادا كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن زېمىن- نىڭ تۇپرىقىدەك مۇقەددەس ، ئۇلۇغ ھەم ئەزىز تۇپراق يوق . بۇ دەريا- سىنىڭ مېھرىبان ئىنىكئاناڭ . ئۇ ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق شاۋقۇنلىرى بىلەن ئەجدادىڭنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بېرىدۇ . بىلەمسەن ، ئوغلۇم ، ئۇنىڭ شاۋقۇنلىرىغا راسا زەن قويساڭ ، ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان ئاجايىپ بىر ئاۋازنى ئاڭلايسەن . بۇ شاۋقۇنلار يەر - كۆكنى لەرزىگە سالىدىغان چاق- ماقتەك جاراڭلىق كۈلكە ئاۋازى ، زېمىننىڭ باغرىنى يارغۇدەك نەرە ئاۋازى ، ئۆكۈنۈش ، ھەسرەت ، پىغان بىلەن تولغان نىدالار ، شادلىق ، ئىپتىخارلىق ، سۆيۈنۈش بىلەن تولغان تەنتەنە ، مەدھىيىلەر ، گاھ مۇ- قامنىڭ ئاللىقانداق مەرغۇلىنى ئەسلىتىدىغان سىرلىق سادالار ... ئىشقىلىپ مەن ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ھەممە ئاۋازلار ئۈزۈلمەي جاراڭلاپ تۇرىدۇ .

سەن بۇ دەريانىڭ سۈيىنى ئىچتىڭ ، تومۇرۇڭدا قېنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ ئېقىۋاتقىنى مۇشۇ دەريانىڭ سۈيى ، ئۇ ھامان سېنىڭ ۋۇجۇ- دۇڭدا دولقۇنلاپ ، كۆۋجەپ تۇرىدۇ . ئەگەر يۈرىكىڭنى تىڭشاپ باق- ساڭ ، ئۇنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن مۇشۇ دەريانىڭ شاۋقۇنىنى ئېنىق ئاڭلايسەن .

دادامنىڭ بۇ سۆزلىرى نېمىدېگەن چوڭقۇر مەنىلىك - ھە ! ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى گۈدەك قەلبىمگە ئەبەدىي ئورناپ كەتتى .

مـەن دەريا سۈيىگە قارىدىم ، شۇ تاپتا دەريا سۈيى خۇددى دادام- نىڭ سۆزلىرىدىن پەخىرلەنگەندەك تېخىمۇ شوخ شاۋقۇن سېلىپ ئوي- ناقلاپ ئاقماقتا ئىدى .

مەن يىراق ئۇپۇققا قارىدىم . دەريا سۈيى يىراقتىن خۇددى غايەت چوڭ بىر قول پۇلاڭلىتىپ ئوينىتىۋاتقان نەپىس كۈمۈش رەڭ شايىدەك تولغىنىپ ، زېمىننىڭ باغرىغا سىڭىپ كېتىۋاتقان نۇر ئېقىنىدەك ئاجايىپ سېھىرلىك كۆرۈندى .

مەن يۈرىكىمنى تىڭشىدىم . راستىنلا يۈرىكىمدىن دەريا شاۋقۇ- نىدەك بىر خىل ئاۋاز ئاڭلانماقتا ئىدى . مەن بۇنىڭ يا دەريادىن كې-

لىۋاتقان ، يا يۈرىكىمدىن چىقىۋاتقان ئاۋاز ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قال-
دىم . شۇ تاپتا دەريانىڭ دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان سۈيى تەكلىماكانغا ئە-
مەس ، بەلكى يۈرىكىمگە قۇيۇلۇۋاتقاندەك ھېس قىلدىم ۋە دەرياغا قاراپ :

— ئاھ تارىم دەرياسى ، سەن مېنىڭ ئانام ! — دەپ ئاستا پى-
چىرلىدىم .

— توغرا ، ئۇ سېنىڭ ئاناڭ ، شۇنداقلا مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كې-
لىۋاتقان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئانىسى ، - دېدى دادام ئالدىدىكى مەنزى-
رىدىن كۆزىنى ئۈزمەي خۇددى ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك .

شۇ كۈندىن تارتىپ بۇ دەرياغا بولغان مۇھەببىتىم چوڭقۇرلى-
شىشقا باشلىدى . مەن دائىم دەريا بويىغا كېلىپ ، ئۇنىڭ شاۋقۇنلىرىغا
قۇلاق سالىدىغان بولدۇم . ئۇنىڭ قاشقا ئۇرۇلۇپ ، بۇژغۇنلار چاچرىتىپ
ئېقىۋاتقان سۇرلۇك ، ئەمما سۈپسۈزۈك ھالىتى كاللامغا ئورناپ كەتكە-
نىدى . كېچىلىرى چۈشۈمدىمۇ مۇشۇ دەريانى كۆرىمەن . مەكتەپكە بار-
غاندا جۇڭگو خەرىتىسىنى ئالدىمغا قويۇۋېلىپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىزدەپ ،
قەغەز يۈزىدىكى ئۇزۇن ھەم ئەگرى - بۈگرى قارا سىزىقنى سىلاپ ئول-
تۇرىمەن . بۇنداق چاغلاردا قەغەز يۈزىدە دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا
سۈيى پەيدا بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن . بەزىدە ئەگەر مەنمۇ بىر
تامچە سۇغا ئايلىنالىغان بولسام ، مۇشۇ دەريا سۈيىگە قوشۇلۇپ كەتسەم
نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە ؟! ئۇ چاغدا دەريا سۈيى بىلەن بىللە
دولقۇنلىنىپ شاۋقۇن سېلىپ ئېقىپ ، نۇرغۇن يېزا - مەھەللىلەردىن
ئۆتسەم ، ئېرىق - ئۆستەڭلەردە ئاقسام ، داللارغا قۇيۇلسام ، تەكلىما-
كاننى كۆرسەم ، پاھ ، ئۇ چاغدا ... دەپ ئويلاپ قالاتتىم . بەزىدە ئامراق
ئىتىمنى ئەگەشتۈرۈپ دەريا بويىغا باراتتىم . مەن ئۇنىڭغا « تۇلپار » دەپ
ئىسىم قويىغانىدىم . « تۇلپار » نەگىلا بارسام ئارقامدىن ئەگىشىپ يۈ-
رەتتى . بەزىدە مەكتەپكىمۇ بىرگە باراتتى . مەكتەپتىن قايتقاندا « تۇل-
پار » نى ئەگەشتۈرۈپ دەريا ياقىسىدىكى قۇملۇقتا چوڭقۇر ئىزلارنى قال-
دۇرۇپ ، يىراقلارغا يۈگۈرۈيتتىم . بەزىدە دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ چوڭقۇر
خىيال سۈرەتتىم ...

ئەتىگەندە شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ چوغدەك قىزىل نۇرى دەريا سۈيىدە ئەكس ئەتكەندە سۇ يۈزىدە سانسىزلىغان قىزىل چوغلۇق ئۆسۈپ چىققاندەك دەريا سۈيىدىكى قۇياش شولىسىدىن دەريا تېگىدىن سۇنىڭ باغرىنى يېرىپ يەنە بىر قۇياش كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ .

تارىم دەرياسى ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل ، ئۇنىڭدا قۇياش بار ، بىپايان ئاسمان بار ، ئانا ـ بوۋام ۋە مېنىڭ كىندىك قېنىم بار . ئەجدادلىرىمىزنىڭ سىيماسى بار ، مەن مۇشۇ دەريا بويىدا ياشىغانلىقىم بىلەن پەخىرلىنىمەن . بۇ ئانا دەريا مېنىڭ غۇرۇرۇم . مەن دەريا سۈيىگە قاراپ ھاياجىنىمنى باسالماي بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىدىم ، — تارىم دەرياسى ، ئېھ ، ئانا دەريا ! مەن سېنىڭ بالاڭ ، سېنىڭ ئۈمىدىڭ ، سېنىڭ خوجايىنىڭ !

ئاۋازىمنىڭ ئەكس ساداسى خېلى ئۇزۇنغىچە ياڭرىدى . « تۇلپار » مۇ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ، بۇ سادانى ئاڭلاۋاتاتتى . مەن بۇ ئەكس سادانىڭ دەريا سۈيىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى — دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىكى مەھەللىلەردىن ، دەريا بويىدىكى قىيالىقلار ئارىسىدىن ، مەن دەسەپ تۇرۇۋاتقان تۇپراقتىن ، بۇلۇتلار ئەگىپ يۈرگەن ، كەچكى شەپەق بىلەن قىزارغان بىپايان ئاسماندىن ، مەن بىلمەيدىغان يىراق - يىراق جايلاردىن كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم . جىمى كائىنات ماڭا ئەكس سادا قايتۇرۇپ :

— شۇنداق ، ئېيتقىنىڭ راست ! بۇ سېنىڭ ئۆز ئاناڭ ! بۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇما ! — دەۋاتقاندەك قىلاتتى .

تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى خۇددى ئايىغىغا باش قويغاندەك ئاستا يېپىلىپ كېلىپ ، پۇتۇمنى سۆيۈپ ، يەنە ئارقىسىغا ياناتتى . ھەربىر سۆيۈشتىن ۋۇجۇدۇمدا ئاجايىپ بىر سېھىرلىك كۈچ ئۇرغۇپ تېشىۋاتقاندەك ئۆزۈمنى روھلۇق ھېس قىلاتتىم . ئاھ ، بۇ سۆيۈش ئانامنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن ئەركىلىتىپ تۇرۇپ سۆيۈشلىرىگە نەقەدەر ئوخشايدۇ ـ ھە !

( « تارىم » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

# كاككۇك

## ئابدۇرېشىت سەلەي

مەن كاككۇك ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتتىم. كېيىنىپ سىرتقا چىققىنىمدا ئەتراپ جىمجىت، پەقەت كاككۇكنىڭ يېقىملىق ئۈنىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ئەركىن نەپەس ئېلىپ، كاككۇك ئاۋازى چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. كاككۇك ئاۋازى ئۆستەڭ بويىدىكى يوغان بىر قاپاق تېرەك ئۈستىدىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كاككۇكنىڭ ئاۋازى ئاجايىپ شوخ، ئاجايىپ يېقىملىق، ئاجايىپ ئوچۇق بولۇپ، مەيىن سوققان تاڭ شامىلىدا ئۇزاق - ئۇزاقلارغا تارقىلىپ، يىراقتىكى ئورمانزارلىقتا ئاستا - ئاستا سىڭىپ كېتەتتى. كاككۇك ئاۋازى تاڭ پەيزىگە شەيدا يۈرەكلەرگە شائىرانە لېرىك تۇيغۇ ئاتا قىلسا، سەھەر مەنزىرىسىگە تېخىمۇ گۈزەللىك بېغىشلايتتى. سۈبھى قۇچاغىدا ھاياتقا كۆز ئاچقان رەڭمۇ رەڭ گۈللەر، يېشىل مايسىلار، ئۆستەڭ بويىدىكى قاتار كەتكەن كۆمۈش چېچەكلىك ئاكاتسىيە دەرەخلىرى كاككۇك ئاۋازىدىن سېھىرلەنگەن باشلىرىنى قىيا ئىگىپ، ئۇنىڭ مۇڭلۇق كۈيىگە ئاشىقانە قۇلاق سالاتتى. سەھەر مەنزىرىسىنىڭ رەڭدار كوركىنى چىرايلىق ئەكس ئېتىپ سوزۇلۇپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۇلىرى كاككۇك ئاۋازى ئاڭلانغاندا، گويا ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ ئۈن قاتقاندەك پات - پات شاۋقۇن سېلىپ قوياتتى.

مەن ئالتۇن سەھەرنىڭ خىسلەتلىك ئەلچىسى خۇشئاۋاز كاككۇكنىڭ يېقىملىق كۈيىگە شائىرانە قۇلاق سېلىپ، چوڭقۇر خىيالغا چۆكتۈم. خېلى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن خىياللار ئىلكىدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، كاككۇكنىڭ ئۆزىنى كۆرۈش ئىستىكىدە قاپاق تېرەككە نەزەر سالدىم، لېكىن ھەرقانچە قارىساممۇ ئۇنى كۆرەلمىدىم.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. باھار ئۆزىنىڭ رەڭدار چېچەكلىك گۈل

پـاياندازىنى ئالەمگە يايغان گۈزەل ئاپرېل كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ، تاڭ پەي- زىگە چۆمۈلۈپ ئۆستەڭ بويلاپ كېتىپ باراتتىم . تۇيۇقسىز كاككۇك ئاۋازى ئاڭلاندى . مەن يولۇمدىن توختاپ ئەتراپقا سەپسالدىم . شۇ چاغدا ئالدىمدىكى سىم تاناپ تۈۋرۈكىنىڭ تۆمۈر چەمبىرىكىنىڭ ئۈس- تىگە قونۇۋالغان قۇشقاچتىن يوغانراق ، كەپتەردىن كىچىكرەك بىر قۇشقا كۆزۈم چۈشتى . ئۇنىڭغا قارىشىمغىلا : « كاككۇك ! كاككۇك ! كاك- كۇك ! » دەپ سايراۋاتامدۇ ! ئاھ ، بۇ مەن ئۇزۇندىن بۇيان يېقىملىق ئاۋازىنى زوقلىنىپ كۆپ ئاڭلىغان ، لېكىن ئۆزىنى كۆرەلمىگەن كاككۇك ئىـدى . مەن ئۇنى كۆرۈپ ، گويا هاياتىمدىكى ئەڭ مۇقەددەس نەرسىنى كۆرگەندەك ئىچ ـ ئىچىمدىن شادلىنىپ هاياجانلىنىپ كەتتىم .

ئەھ ، كاككۇك ! ئۆزى كىچىك ، ئۇنى چۈچۈك كاككۇك ! سەن نېمىدېگەن سۆيۈملۈك ، نېمىدېگەن يېقىملىق سەن ! سېنىڭ يېقىملىق ئاۋازىـڭ مېنى سۇبھىدەمدە ئويغىتىپ ، سەھەرنىڭ ساپ هاۋاسىدىن نە- پـەس ئالدۇرۇپ ، بەختىيار هاياتقا گۈزەل قۇچاق ئاچقان تاڭ مەنزىرى- سىنى سەيلە قىلدۇرۇپ ، قانچە ـ قانچىلىغان يالقۇنلۇق شېئىرلار ئىلهامىنى قەلبىمگە سالمىغان ـ هە ؟! قانچە ـ قانچىلىغان ئوتلۇق دىللارنى ئۆزۈڭگە تارتمىغان ـ هە ! سېنىڭ يېقىملىق ئاۋازىڭ هاياتقا ، تەبىئەتكە ئاجايىپ زور مەنىۋى كۈچ بېغىشلايدۇ . بۇ سېنىڭ ئىنسانىيەت ئالىمىگە ، تەبىئەت دۇنياسىغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپەڭ ئەمەسمۇ ؟!

مەن كاككۇكنى كۆرمەستىن بۇرۇن ، ئۇنىڭ يىراق ـ يىراقلارغا تارقالغان خۇش ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنى ، ئېھتىمال يوغان قۇش بولسا كې- رەك ، دەپ ئويلىغانىدىم . كۆرۈپ تۇرۇپتىمەنكى ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇنداق يوغان قۇش ئەمەس ئىكەن . ھەممىدىن مۇھىمى ئۆزىنى ئاسانلىقچە كـۆرسەتمەيدىكەن . ئاۋازىنى بولسا پۈتكۈل كائىنات ئىلاهى جىمجىتلىققا چۆكۈپ ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ بېرىلىپ ئاڭلايدىكەن .

مەن كاككۇكنى كۆرۈپ چوڭقۇر شائىرانە ئويغا چۆكتۈم ؛ كى- شىلەر مەيتۇن بولىدىغان يېقىملىق نەرسىلەر هامان ئاددىي كېلىدۇ ، ئاد-

دىـي نەرسلەردىن ئۇلۇغ خىسلەت تىپىلىدۇ . ئۇنداق ئۇلۇغ خىسلەت كـۆپىنچە يوشۇرۇن بولۇپ ، ئاسانلىقچە ئۆزىنى كۆرسەتمەيدۇ . ئۆزىنى كـۆرسەتمەسلىك ، لېكىن ئۇلۇغ پەزىلىتى ، يېقىملىق ئاۋازى ئارقىلىق ھا- يـاتقا ، تەبىئەتكە ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىش ـ نېمىدېگەن ئا- لىيجاناب ئېسىل خىسلەت ـ ھە !

( « قەشقەر ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

# ئىككى نەسر

ئابلىمىت مىجىت ( ۋاپادار )

## ئۇنتۇلغان ئابدە

ئىشىنەمسىز ؟ مەن ھازىر ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلمەي- مەن . پەمىمچە ، مېنىڭ يېقىشلىق بىر ئىسمىم بولغانمىش ، لېكىن ھازىر ئۇنـى ئۇنتۇپ قالدىم . دادامدىن سورايمىكىن دېسەم ، « ئۆزۈڭنىڭ كىم- لىكىنى بىلمىگەن ئادەم ئاش ـ نانىنى نېمىگە يەيسەن ؟ » دەپ ئەدەبلەپ كېتىشىدىن قورقىمەن .

راستىنى ئېيتسام ، قىلىدىغان ئىشىمنىڭ تايىنى يوق ، ئەتىگەندە سىرتقا چىقىپ كەتسەم قاۋاقخانا ، بىليارتخانا ۋە يەنە قانداقتۇر بىر سو- رۇنلاردا باشقىلارنىڭ ئاغزىغا ، قولىغا تەلمۈرۈپ كۈنۈم ئۆتىدۇ . ئىچىش ، چېكىشكە كەلگەندە مەندىن نوچىسى يوق . قارىسىڭىز ، دادام تەر تۆكۈپ ئىشلەپ غېمىمىزدە يۈرگىنى يۈرگەن ، مەن ... ئىشقىلىپ تاماقنى چاينىماي يۇتىمەنغۇ ، ئاسان ئەمەس ـ دە !

بىر كۈنى ئەتىگەندە دادام مېنى يىراق بىر شەھەرگە ئىشقا بۇي- رۇۋېدى ، يولغا چىقىپ بولۇپ نەگە كېتىۋاتقانلىقىمنى ، دادامنىڭ نېمە ئىشقا بۇيرۇغانلىقىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن . توۋا دەيمەن ، شۇنداق مەق- سەتسىز ، نىشانسىز كېتىۋاتقىنىمدا كەينىمدىن كەلگەن بىرقانچە ئاتلىق

كىشى سوراپ قالدى :

— ھەي يولۇچى ، سەپىرىڭ قايان ، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن ؟

— بىلمەيمەن ! — مەن ئۇلارنىڭ سوئالىدىن رەنجىپ سوغۇقلا جاۋاب بەردىم .

— ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ، نەگە كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغان ئادەممۇ بولىدىكەن ـ ھە جاھاندا ! — دېيىشتى ئۇلار ياقىلىرىنى تۇتۇ-شۇپ ، — ساراڭ ئوخشايدۇ !

ئۇلار كېتىپ قېلىشتى .

ئاخىر يەنە ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ۋارقىرىدىم :

— مەن كىم زادى !؟

ـ سەن ئادەم بولالمىغان ئادەم ! — دېدى شاماللار ئۇلۇغ كىچىك تىنىشىپ .

— سەن ئۆتۈپ كەتكەن لايغەزەل نان قېپى ! — دېدى زېمىن تىترەپ .

— سەن ئۆز ئۆزىنى خار قىلغان نادان ! — دېدى ئاسمان گۆلدۈرلەپ .

— سەن خۇدىنى يوقاتقان ئەخمەق ! — دېدى تاغلار غاراسلاپ .

« ئادەم بولالمىغان ئادەم » ، « لايغەزەل ، نان قېپى » ، « ئەخ-مەق » ، « نادان » ...

شۇ ھامان چىرايىم ئېچىلىپ ، كۆلگۈم كەلدى . چۈنكى بۇنداق ئاتاشلار ماڭا خوپ ياراشقاندەك قىلاتتى .

## ھەسەت ، غەزەپ ۋە « شەرەپ »

سەن بىلەن مەن قاۋاقخانىدا تونۇشقان ئەمەس ۋە ياكى تاسادى-پىي تونۇشۇپ قالغانمۇ ئەمەس . ئىككىمىز بىر زېمىندا ، بىر مەھەللىدە

تۇغۇلغان : كىچىكىمىزدىن باشلاپ بىر ـ بىرىمىزنىڭ « ئىگە » لىرىنى ئاڭلىشىپ چوڭ بولغان .

مانا بۈگۈن بىز يىراق بىر شەھەرگە سەپەرگە ئاتلاندۇق . ئەل-ۋەتتە باسقان ئەگرى ـ بۈگرى ، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يوللىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس .

كېتىۋاتىمىز . سەن ماڭا ، مەن ساڭا ھەمدەم بولۇپ ياندىشىپ كېتىۋاتىمىز . ئويلىمىغاندا ئالدىمىزنى بىر چوڭ ھاڭ توسۇۋالدى . ھاڭ-نىڭ ئۇ تەرىپىدە بىز ئىزدەپ يۈرگەن گۆھەر ۋاللىداپ تۇراتتى . ئىككى-مىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمەيلا ھاڭدىن شىددەت بىلەن سەكرىدۇق . سېنىڭ ئوڭ پۇتۇڭ ، مېنىڭ سول پۇتۇم سۇندى . ھاڭدىن چىقماقچى بولۇپ ھەممىگە چىداپ يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك ، جان تالاشقىنىمىزچە ھەرىكەت قىلىشتۇق . سەن ھاڭدىن چىقىپ بولۇشقا ئازلا قالدىڭ . مەن گۆھەرنىڭ سېنىڭ يانچۇقىڭغا كىرىپ كېتىشىدىن ئەنسى-رەپ ، سېنى تىرەپ تۇرغان بىر تاشنى ئۆرۈۋەتتىم . سەن يىقىلدىڭ . ئەپسۇس ،مېنىڭ ئاغرىق پۇتۇمدىن تارتىپ ، مېنىمۇ بىرگە ئېلىپ يىقىل-دىڭ ...

شۇ ئەسنادا بىز كەلگەن تەرەپتىن ئۈچ ئادەم كەلدى . ئۇلار سا-ڭىمۇ ، ماڭىمۇ ناتونۇش ئىدى . كۆرۈپ تۇردۇق . ئۇلار ھاڭدىن ئىككى-مىزدەك ئەسەبىيلەرچە قاراملىق بىلەن سەكرىمىدى : پەم بىلەن بىر ـ بىرىنى ئاسراپ ، ئاۋايلاپ سىيرىلىپ چۈشۈشتى . چىقىشتىمۇ ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىشمىدى : بىر ـ بىرىنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ ، بىر ـ بىرىنىڭ قولىدىن تارتىپ ھېچقانچە ئاۋارە بولمايلا چىقىپ بولدى . گۆھەرگىمۇ ئانچىلا ئۆزىنى ئۇرۇپ كېتىشمىدى . بىرسى يەردىن ئېلىپ يەنە بىرسىگە ئۇزاتتى . ئۇ سىنچىلاپ زوقلىنىپ قارىغاندىن كېيىن ئۈچىنچى بىرسىگە تۇتقۇزۇپ كۈلۈشكەن پېتى يۈرۈپ كېتىشتى .

بىز ئىككىمىز ئەمدى بىر ـ بىرىمىزگە ھەسرەتلىك قاراشقىنىمىزچە ئولتۇرۇپ قالدۇق . سېنىڭ ئوڭ كۆزۈڭدە ھەسەت ، سول كۆزۈڭدە غە-زەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى ؛ مېنىڭ ئوڭ كۆزۈمدە غەزەپ ، سول كۆ-

زۇمدە ھەسەت ئوتلىرى ئۇچقۇندايتتى . ئىككى جۈپ كۆزدىكى ھەسەت ، غەزەپلەر ئۆز ئارا ئۇچراشقاندىن كېيىن دەرھال ئۇنىڭ ئورنىنى « شەرەپ » ، مەغرۇرلىنىش ئىگىلىدى . چۈنكى مەن سېنى يىقىتالىغانىدىم ، سەنمۇ بوش كەلمەي مېنى يىقىتالىدىڭ ئەمەسمۇ ؟!

( « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## دېھقان

تۇرغۇنجان ئابلا

دېھقان ! ئۇ ئۇلۇغ ھەم جاپاكەش ئىنساندۇر . مەنمۇ ئاشۇ جاپاكەش دېھقاننىڭ ئوغلىمەن . دادام يۈزلىرىگە قورۇق چۈشكەن ، شۇنداقتىمۇ كۆزلىرىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرىدىغان ئادەم . ئۇ قىش - ياز كۈن بويى تىنىمسىز ئىشلەيدۇ . ھاردىم - تالدىم دېمەي كەچ يېتىپ ، سەھەر تۇرىدۇ . ئېتىز ، زىرائەتلەر ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان يېرى ، ھەتتا دادامنىڭ جېنى !

دادام ئوچۇق - يورۇق ، ئەمگەكچان كىشى . مەن ھەر قېتىم دادامغا قارىغىنىمدا ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايى بىلەنلا ئۇچرىشىمەن ... دادام پات - پاتلا بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ :

— ئوغلۇم ، تىرىشىپ ياخشى ئۆگەنگىن ، — دەيدۇ . مەن دادامنىڭ بۇ يالقۇنلۇق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، چەكسىز ھاياجانغا ۋە خۇشاللىققا چۆمىمەن - دە . دەرھاللا مەن ياردەم بېرىشكە تېگىشلىك قانداق ئىشى بارلىقىنى سورايمەن .

— سەن دەرسىڭنى ئوقۇ ، — دەيدۇ ، دادام ئوقۇشتىن زور نەتىجە قازىنىشىمغا ئۈمىدلىك بېقىپ .

دادا - ئەي جاپاكەش دېھقان ! سەن نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئىنسان - ھە ! سەن ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئىنسانسەن . سېنىڭ ئاشۇ ئىشتا پىشقان قوللىرىڭ تاغنىمۇ يۆتكەشكە قادىر . سەن ھالال ئەمگىكىڭ بىلەن خەل-

قىمنى رازى قىلىۋاتسەن ، دۆلىتىمنى قۇدرەت تاپقۇزۇۋاتسەن . شۇنىڭ
ئۈچۈن ۋەتەن ، خەلق سېنى ئۇلۇغلايدۇ .

دادا ، سەن ئۆز مېھنەت تەرىڭ بىلەن بېيىغان ۋە يەنىمۇ بېيىۋات-
قان دېھقان . سەن ئۆزۈڭ بېيىغاندا ، ئۆزگىنى قوللىدىڭ ، يېتىم - يې-
سىرلارنىڭ بېشىنى سىلىدىڭ ، ئاجىزلارغا يار - يۆلەك بولدۇڭ . ۋەتىنى-
مىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بەردىڭ . مانا ، سېنىڭ ئىئانە قىلغان
پۇلۇڭ ، ئۆزۈڭ قول تىقىپ ئىشلەپ تۆككەن تەرىڭ بەدىلىگە مەھەللى-
مىزدىكى يېڭى باشلانغۇچ مەكتەپ بىناسى قەد كۆتۈردى . مەكتەپ قوينى
دەۋرىمىز ئىز باسارلىرى بىلەن تولدى . ئۇلار بوينۇمغا قىزىل گالستۇك
تاقىغان چاغ كۆز ئالدىمدا . كۈلكە ئويناپ تۇرغان نۇرانە چىرايىڭنى يې-
زىمىزنىڭ مۆتىۋەرلىرى سېنى تەبرىكلەپ قول سىقىشىپ كۆرۈشكەن
چاغلارنى مەن ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن دادا ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سېنى
مەدھىيىلەيمەن . ئەمگەكچى دېھقان دادام دەپ مەدھىيىلەيمەن !

دادا ، سەن مېنى يالغۇز ئوقۇشقىلا زورلاۋەرمە . مەن دەرسلىرىمنى
تەكرارلاپ بولۇپ ، تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولۇپ كەلدىم . مەن ساڭا
ياردەملىشەي ، مېھنىتىمدىن يۇرتۇم باغرى يەنىمۇ گۈللەنسۇن !

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## سەرەڭگە

رەيھانىنسا ئەزىز

مەن ھويلىدا « ھاياتلىقنىڭ قىممىتى » دېگەن ئەسەرنى ئوقۇغاندى-
دىن كېيىن تەسىراتىمنى يېزىپ ئولتۇرۇپ ، گۈگۈم چۈشۈپ كەتكەنلى-
كىنى سەزمەي قاپتىمەن . چىراغنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ
سەرەڭگىنى ئالدىم - دە ، « پاژ » قىلىپ ياندۇردۇم . شۇئان « ۋال » قى-
لىپ چىققان ئوت بىلەن تەڭ ئۆينىڭ ئىچى ۋاللىدا يورۇپ كەتتى . لې-
كىن ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا قولۇمدىكى سەرەڭگە تا-

مامەن كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغانىدى. كۆز ئالدىمدىن ئۆتكەن بۇ مەنزىرە مەندە ھاياتلىق قىممىتى ھەققىدە يېڭى بىر چۈشەنچە پەيدا قىلدى. مەن سەرەڭگىنىڭ ئۆيىنى يورۇتۇپ ئۆتكەن مۇشۇ ھالىتىنى ئادەمنىڭ ھاياتىغا سېلىشتۇردۇم. ئادەمنىڭ ھاياتى چەكلىك ... — سەرەڭگىنىڭ ئۆمرى ھەم شۇنداق. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ قىسقىغىنا جىسمىنى ئىنسانلارنىڭ قاراڭغۇنى يورۇتۇشىغا بېغىشلىدى. ئەجەبا، ئىنسان ئۆزىنىڭ قىسقا بولغان چەكلىك ھاياتىنى ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بېغىشلىيالماسمۇ؟

ئېھ، سەرەڭگە! سەن نېمىدېگەن خاسىيەتلىك؟ نېمىدېگەن ئۇلۇغ! سەن ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىش بەدىلىگە باشقىلارنى بەختكە ئېرىشتۈرىسەن ...

ئېھتىمال ھاياتىڭ ئاشۇنداق مەنىلىك ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆمرۈڭ شۇنچە قىسقا بولسىمۇ ئۆكۈنمەيدىغانسەن ... مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا، مەن مەنىسىز بىكار كەتكەن كۈنلىرىمگە ئېچىنىشقا باشلىدىم. ئىنسانلار سەرەڭگىنىڭ باشقىلار ئۈچۈن ئۆزىنى ھالاك قىلىشتەك ئالىيجاناب، پىداكار خىسلىتىنى ئۆز قەلبىدە يېتىشتۈرسە ... بۇنداق ھاياتتىن زارلىنىش نە ھاجەت - ھە!

مەن قولۇمدىكى كۆيۈپ تۈگىگەن سەرەڭگىنىڭ كۈلىگە ئېھتىرام بىلەن قاراپ قالدىم.

(«ئاخىرقى تاپشۇرۇق» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.)

## قارلىغاچلار

نۇرزىبا مۇستاپا

ئېرىق بويلىرىدىكى سۆگەتلەر كۆكىرىپ، يۇرتىمىزغا دەسلەپكى يېشىل رەڭ ئاتا قىلدى. بىپايان ئېتىزلاردىكى بۇغداي مايسىلىرى يېشىللىق دۇنياسىغا ئايلاندى.

مەھەللىلەرنى كاككۇك ، قارلىغاچ ، سۆگۈچ قاتارلىق باھار قۇش-
لىرى ئاۋات قىلدى .

دېرىزە ئەينەكلىرى پارقىراپ تۇرغان ئايۋاندىن ئۆيىمىزگە بىر
جۈپ قارلىغاچ ئۇچۇپ كىردى ، ئۇلار ۋىچىرلىشىپ ئۆي ئىچىدە بىر ھازا
ئايلانغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى . ئۇلار قايتىپ كەلگەنىدى .

ئۇزاق ئۆتمەي ئۆي ئىچىدە قارلىغاچ باللىرىنىڭ ۋىچىرلاشلىرى
ئاۋۇدى . ئەسلىدە چىشى قارلىغاچ بىر جۈپ بالا چىقارغانىكەن . ئانا قار-
لىغاچ بىلەن دادا قارلىغاچ ھەر كۈنى نۆۋەتلىشىپ باللىرىغا قۇرت تو-
شۇيتتى . قارلىغاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرىنى ئاڭلاش باھار ئايلىرىدىكى
كۈنلىرىمنى كۆڭۈللۈك قىلىۋەتتى .

ئارىدىن بىر ئايچە ۋاقىت ئۆتۈپ ، قارلىغاچ باللىرى چوڭ بولۇپ
دەسلەپتە ئۆي ئىچىدە ، كېيىنچە ھويلىلاردا ئۇچۇشقا باشلىدى ... مەن
قارلىغاچ باللىرىنىڭ كۆپكۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ، قۇياشنىڭ ئىللىق
نۇرلىرىدا ئاچماق قۇيرۇقلىرىنى غۇر - غۇر قىلىپ ئوينىتىپ ئۇزاپ
كەتكىنىنى كۆردۈم ...

قارلىغاچلار مەھەللىلەردە ، كۆل بويلىرىدا ، دەل - دەرەخلەر ئا-
رىسىدا ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى .

كۈز كەلدى . ئۇلار مېنى يالغۇز قالدۇرۇپ يات ئارىدا يەنە
يىراق - يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىدۇ . مەن ئۇلارغا قارلىغاچ تىلىدا : «
سۆيۈملۈك قارلىغاچلار ، ئائىلىمىز ئىللىق ، بىر يىل قىشلاپ قالساڭلار-
چۇ ؟! » دېگۈم كەلدى . ئېھ ، قارلىغاچلىرىم ، بىز بىر ئۆينىڭ ئەزالىرى
ئەمەسمۇ !

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

# قۇياش ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەندە

زۆھرە قادىر

ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش يەر ــ جاھاننى قىزىل نۇرغا پۈركەنگەندە ، رەڭگارەڭ ئېچىلغان گۈللەر بەرگىدىكى شەبنەملەر كۆزنى چاقنىتىدۇ . باھار شامىلى گۈللەرنىڭ خۇشپۇراقلىرىنى ھەر تەرەپكە تارقىتىدۇ ، تاغلار ، دەريالار ، ئېتىز ـ باغلار نۇرلىنىپ تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ . مۇشۇنداق چىرايلىق باھار ئەتىگىنىدە مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئادىتىم بويىچە ھويلىغا چىقىپ ئۇدۇل گۈللەر تىزىلغان تەشتەكنىڭ يېنىغا بېرىپ ، گۈللەرنى كۆزىتىشكە باشلىدىم . گۈللەر كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەنىدى . گۈللەرگە قاراپ بىردىنلا خىيالغا كەتتىم .

مەن 2 ــ سىنىپتا ئوقۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىر باھار ئەتىگىنى دادام ماڭا بىر تەشتەك گۈل تەييارلاپ بەردى . بۇ گۈلنى ئەكېلىپ سىنىپنىڭ دېرىزىسىگە قويدۇم . ساۋاقداشلىرىم گۈلنى كۆرۈپ ئەتراپىغا ئولاشتى . مېنى ماختىغانلارمۇ ، زاڭلىق قىلغانلارمۇ بولدى ، بۇلارغا بەكمۇ پەرۋا قىلىپ كەتمىدىم . ئەمما ، ئەتىسى مەكتەپكە كەلگىنىمدە ، تەشتەكنىڭ چېقىلغانلىقىنى ، گۈلنىڭ يۇلۇنۇپ ، غولىنىڭ ئوشتۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆردۈم ... ئۇ چاغدا بىر قىسىم ساۋاقداشلار گۈلگە ئامراق ئەمەس ئىدى . سىنىپ ـ مەيدانلارنى تازىلىمايتتى ، دەرسنى ياخشى ئوقۇمايتتى ...

ئەمدىچۇ ؟ مەكتەپلەردە « بەش بولۇش ، تۆت گۈزەل » پائالىيىتىنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇر قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ ، ساۋاقداشلار ئارىسىدا ياخشى ئىش ، ياخشى پەزىلەت ئەۋج ئېلىپ ، ھەممەيلەن مەدەنىيەتلىك ، ئەدەبلىك بولۇشقا تىرىشىدىغان يېڭى كەيپىيات ئومۇملاشتى . سىنىپىمىزدا كوللېكتىپ ھالدا گۈل باقتۇق . سىنىپىمىزنىڭ قىياپىتى

گۈزەللەشتى ، بۇلا ئەمەس ، مەكتىپىمىزنىڭ مۇھىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى . ھەممەيلەن پاكىزلىقنى ، گۈزەللىكنى سۆيۈشنى ئادەتكە ئايلان- دۇردۇق . بۇرۇنقى شوخ ساۋاقداشلار ھازىر تەرتىپلىك ، مۇلايىم ، روھ- لۇق بولۇپ كەتتى . بۇ نېمىدېگەن ياخشى كەيپىيات ـ ھە ! ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئانامنىڭ :

— قىزىم ، چېپىڭنى ئىچىپ مەكتىپىڭگە ماڭغىن ، بولمىسا كې- چىكىپ قالىسەن ! — دېگەن سۆزى ئاڭلاندى . مەن دەرھال چېيىمنى ئىچىپ ، پوپكامنى ئاستىم ـ دە ، مەكتىپىمگە خۇشال يۈرۈپ كەتتىم .

( « شىنجاڭ گېزىتى » دىن ئېلىندى . )

## شەيتان ۋە مەن

بۇمەرەم مەتقۇربان

— « توك . توك . توك ! ... » قاق سەھەردە ئادەمنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىنى بۇزغان كىمدۇ ؟ كۆزلىرىمنى تەستە ئىچىپ ، ئاۋاز كەلگەن دېرىزە تەرەپكە قارىدىم . ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقاندا ، قانداقتۇر بىر مەۋھۇم كۈچ مۇرەمنى بېسىپ تۇرۇۋالدى . « ئۆيدە ھېچكىم بولمىسا مېنىڭ مۇرەمنى بېسىۋاتقىنى كىمكىن ؟ » مەن تاقەتسىزلىنىپ كەتتىم .

— مېنى قويۇۋەت ، سەن كىمسەن ؟ — دېدىم .

— مەن شەيتان — دېدى ھېلىقى مەۋھۇم كۈچ . مەن توغرۇلۇق بىرەر گەپ ـ سۆز ئاڭلىغانمۇ سەن ؟

— ھە ، بوۋام ھېكايە قىلىپ بەرگەن ، كىشىنى غەپلەتكە باشلايدىغان شەيتان دېگىنى سەن ئىكەنسەن ـ دە ، — دېدىم مەن .

— ئەخمەق بالا ئىكەنسەن ، مەن كىشىلەرنى يامان يولغا ئەمەس ، بەخت يولىغا باشلايدىغان شاپائەتچى بولىمەن ، شېرىن ئۇيقۇنى ھارام قىلىش ئەخمەقلەرنىڭ ئىشى ! ئىشەنمىسەڭ مۇشۇ تاپتا قايتا ئورۇن ـ

كۆرپەڭگە كىرىپ ئۇخلاپ باققىنا ؟ بەخت دېگەن شۇ ئەمەسمۇ يا ؟

مەن شەيتاننىڭ دېگىنى بويىچە يەنە ئۇيقۇ دەرياسىغا غەرق بولۇپ كەتتىم ... ئانام قانچە - قانچە قېتىم بېشىمغا كېلىپ ، ماڭا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ مېنى ئويغىتالماپتۇ . ئاخىر چۈشكە يېقىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم . چۈنكى ، قورسىقىم ئېچىپ ياتقۇزمىدى . ئۆيدىكىلەر ئاللىقاچان ئۆز ئىشلىرىغا كېتىپتۇ . ئۇ يەر - بۇ يەردىن ئىزدەپ يۈرۈپ ھېچنېمە تاپالمىغاندىن كېيىن ئاخىر قۇرۇق ناننى چاشقانغا ئوخشاش كىترىلىتىپ غاجاشقا باشلىدىم .

— ھەي ساراڭ ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ ئەمدى ، يانچۇقىڭدا يەتكۈدەك پۇلۇڭ تۇرسا ، بازارغا بېرىپ قورساقنى توقلىمامسەن ، پۇلۇڭ تۈگىسە سەندە چارە كۆپ ، ئۆزۈڭنى يەرگە ئېتىپ يىغلايسەن ، ئاتا - ئاناڭ يەتكۈچە جىق پۇل بەرمىسە ئورنۇڭدىن تۇرما ! — دېدى شەيتان ماڭا يول كۆرسىتىپ .

قورساقمۇ توقلاندى . ئۆيگە قاراپ كېتىۋاتىمەن ، بىر چاغدا قىمارخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن ( بۇمۇ شەيتاننىڭ كۆرسەتمىسى ئىدى ) قىمارخانىنىڭ ئىچى تاماكۇ ئىسلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى . توساتتىن كۆزۈم سىقىم - سىقىم شاراقشىتىپ پۇل ساناۋاتقان بىر قىمارۋازغا چۈشتى .

— سەنمۇ بىر ئويناپ باقمامسەن ؟ — دېدى شەيتان . شۇنىڭ بىلەن تاماق يەپ ئېشىپ قالغان پۇلغا بىر تەلىيىمنى سىناپ باققۇم كەلدى ۋە ھېلىقىلار ئويناۋاتقان يەرگە كەلدىم . ئەتراپتىكىلەر ئورۇن بوشاتتى ، بۇ ئىلتىپات مېنى روھلاندۇرۇۋەتتى . بار پۇلۇمنىڭ ھەممىسىنى تىكتىم ، يۈرىكىم پوكۇلداپ سوقۇپ تۇراتتى . ئويلىمىغان يەردىن ماڭا ئامەت كېلىپ مەن پۇللۇق بولۇپ ، يانچۇقۇم پۇلغا لىق تولدى . خۇشاللىقىمدىن تۇرالماي قالدىم ... شۇنىڭدىن بېرى مەن بۇ قىمارخانىغا ھەمىشە قاتنايدىغان بولۇپ قالدىم . كۆڭلۈم شۇ تەرەپكە تارتىپلا تۇراتتى . پۇلۇم كۆپەيگەنسېرى ئىشنى ھاراقتىن باشلىدىم . مەن شەيتاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىۋەردىم ، ھەممىنى قىلىپ كۆردۈم ... ئاخىر ئاشۇ رەزىل ،

قارغىش تەككۈر شەيتاننىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۆزۈمنى ئىنسانلارنىڭ بىردىنبىر دۈشمىنى بولغان ئاق ئالۋاستىنىڭ قوينىغا ئاتتىم ...

مەن دەسلەپتە ئاشۇ شېرىن ئۇيقۇ، مەززىلىك غىزا ـ تاماق، قىزىقارلىق قىمار، خۇمارلىق خىروئىن، مېنىڭ رەزىل يولباشچىم شەيتان مېنى قانچىلىك راھەتلەندۈرگەن بولسا، ھازىر شۇنىڭ ئورنىغا قان يىغلاپ، ئاشۇ راھەتتىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئازابلىنىۋاتىمەن. يۇمشاق ۋە چىرايلىق يۈزلىرىم چاك ـ چاك يېرىلىپ كۆزلىرىمدىن ئاققىنى ياش ئەمەس، قان بولۇۋاتىدۇ. دەرد ـ ئەلەمگە چىدىماي «دەسلەپتە مېنى راھەتلەندۈرگەن شەيتان ھازىرمۇ ئازابتىن قۇتقۇزۇپ قالار بەلكىم» دەپ ئويلاپ، شەيتانغا: «ھەي شەيتان، مېنى بۇ ئازابتىن قۇتقۇزۇپ قالغىن» دەپ يىغلىدىم.

لېكىن، شەيتان شۇنچىلىك زەئىپ، ئاجىز ھالدا قاقاھلاپ كۈلدىكى، تېنىمگە ئۈزلۈكسىز تىترەك ئولىشىپ كەتتى. «ھەي، ئەخمەق، سەن مېنى ئازابتا قالغانلارنى ئازابتىن قۇتقۇزىدۇ، دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ سەن راستتىنلا كىچىك بالا ئىكەنسەن، تېخىچە مېنى چۈشەنمەپسەن! خەير ـ خوش دوستۇم» دەپلا كېتىپ قالدى. ئەمدى چۈشەندىم، شەيتان ئەسلى مېنى ئالدىغانىكەن ...

ئاخىر زەئىپلەشكەن تېنىمنى، چۈشكۈنلەشكەن روھىمنى، تاشتەك ئېغىر، سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرغان تەقى ـ تۇرقۇمنى سۆرەپ مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان، لېكىن نەپەستىن توختىغاندا يېنىدا تۇرۇپ ۋەسىيىتىنى ئالالمىغان مېھرىبان ئانام، ھەممىگە چىداپ كەلگەن كۆيۈمچان دادامنىڭ قەبرىسىگە قاراپ ماڭدىم. ھېلىقى بالا تەككۈر شەيتان مېنى يەنە توختىتىپ قويماقچى، يەنە شۇ قىلىقلارنى قىلىشقا يېتەكلىمەكچى بولاتتى ...

تۇپراق بېشىغا كېلىپ، شۇ يەردىلا ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلگەندىم. بىراق، ئاتا ـ بوۋىلىرىم ماڭا، «ھاياتىڭنى ئاشۇنداق ئىپلاس ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈپ، تۆھپە قالدۇرماي، ئۆلۈم بىلەنلا قۇتۇلماقچىمۇ سەن؟ ھېچ بولمىغاندا، شەيتاننىڭ سېنى قانداق ئالدىغانلىقىنى، كې-

يىنكى ئەۋلادلارنىڭ شەيتانغا ھەرگىز ئالدانماسلىقى توغرىسىدا ئاچچىق ئەلەملىرىڭنى نەسىھەت قىلىپ قالدۇرمامسەن ، ۋاي ئۆلۈمتۈك بىچارە ؟! » دېدى .

شەيتانغا ئالدانماڭلار : خوش ئېزىز دوستلىرىم .

( « يۇرۇگۇاش ۋادىسىدىكى مەرىپەت بۇلىقى » ناملىق ژۇرنالدىن ئېلىندى . )

# شام

ئايجامال جۇمە

شام ، ئۇ كۆيمەكتە ، كۈمۈشتەك ئاپئاق نۇرلىرى بىلەن ئەتراپىنى تىۋىشسىز ، جىمجىت يورۇتماقتا . قاراڭغۇلۇقنىڭ تىمسقىلاپ يۇرگەن غۇۋا ئىزلىرىنى يۇيماقتا . ئەتراپ ئاستا - ئاستا يورۇشقا باشلىدى .

شام گويا كۆز يېشى قىلىۋاتقاندەك ئىدى ، خۇددى بىر پارچە يۇرەكتەك قېپقىزىل ئوت تىنىمسىز كۆيمەكتە .

ئاھ ! شام ، ئاشۇ شام قادالغان ئاددىي يېزىق ئۈستىلى ئالدىدا چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان ، پېشانىسىگە نۇر تالالىرىدەك ئىزلار چۈشكەن ، كۆزى گويا چىراغتەك يېنىۋاتقان مۇئەللىم بىر دۆۋە ماتېرىياللار ئىچىدىن نېمىلەرنىدۇ ئىزدىمەكتە . چوڭقۇر خىياللار بىلەن بىر نۇقتىغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلمەكتە . بىر دۆۋە تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى بىر - بىرلەپ ۋاراقلىماقتا ...

شام يەنىلا يىلىنجاپ كۆيمەكتە ، ئېقىپ - ئېقىپ كۆيمەكتە ...

سائەت ستىرىلكىسى تىنىمسىز چىكىلداپ شامنىڭ كۆيۈك ھىدىغا ، مۇئەللىمنىڭ ئۇزۇك - ئۇزۇك تىنىقلىرىغا يېڭى - يېڭى مەنالارنى قوشماقتا !

مۇئەللىم چوڭقۇر ئوي ئىچىدە يەنە بىر دۆۋە تاپشۇرۇق دەپتەرنى قولىغا ئالدى .

شام كۆيمەكتە ، ئۇ ۋۇجۇدىنى كۆيدۇرۇپ ئەتراپقا يورۇقلۇق ئاتا

قىلىۋاتاتتى . ئۇ كۆيۈۋاتاتتى . ئۇ ۋۇجۇدىنى ئېرىتىۋاتاتتى ... مۇئەللىم يـەنىلا ئۆز قەلبىگە يىلتىزدەك تۇتىشىپ كەتكەن ياش ـ گۆدەكلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ نۇرلۇق كېلەچىكى چاقناپ تۇرغان ئاددىي ئەمگەك ئىزلىرىدىن نېمىنىدۇ بايقىغاندەك گاھىدا كۈلۈمسىرەيتتى ، گا۔ ھىدا كىمنىڭدۇر ئەگرى ـ بۈگرى يېزىلغان خەتلىرىنى تۈزىتەتتى ، كىمنىڭدۇر يازغانلىرىنى قۇرۇغان لەۋلىرى بىلەن مەمنۇنلۇق ئىچىدە يادلايتتى . ئۇ ئاشۇ قۇرلاردىن كەلگۈسىدىكى سان ـ ساناقسىز ئالىم ، ئۆ۔ لىۋمالارنى ، نەچچە مىڭ مېتىر دېڭىز ئاستىغا شۇڭغۇۋاتقان باتۇر غەۋۋاسلارنى ، ئۆز ئەقىل ـ پاراستى بىلەن جاھاننى تىترىتىپ ، تاشقى ئالەمگە سىگنال بېرىۋاتقان بۈيۈك كەشپىياتچىلارنى ، ئىنسان ھاياتىغا ھا۔ يات بەخش ئەتكۈچى ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەرنى ، كىشىلىك تۇرمۇشقا مەنىۋى گۈزەللىك ئاتا قىلغۇچى يازغۇچى ـ سەنئەتكارلارنى ، قارلىق تاغ ، تىك قىيالاردا پولاتتەك كۆكرىكى بىلەن ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغداۋاتقان قاراۋۇللارنى كۆرۈۋاتاتتى ...

شام كۆيمەكتە ، ئۇ ئېقىپ ـ ئېقىپ كۆيمەكتە . مۇئەللىم يەنە بىر دۆۋە تاپشۇرۇقلا قول ئۇزاتتى . ئۇنىڭ بەللىرى ئىششىكەن ، مۇسكۇللىرى قاتقان ، كۆزى تورلاشقانىدى . ئۇ ئاستا۔ ئاستا دەپتەرلەرنى ۋاراقلاشقا باشلىدى ...

نېمىدېگەن مۇشكۈل ، تىنىمسىز ، يىلتىزدەك خالىس ئەمگەك ـ ھە !

ئۇ يەنە بىر دۆۋە دەپتەرگە قول ئۇزاتقاندا ، يەنە بىر كىتابنى ۋاراقلاشقا باشلىغاندا شام ئۆچتى ...

ئاھ ! مۇئەللىم ، سىز نەدە ؟

مانا بۇ ، ھاياتى شامدەك كۆيۈپ تۈگىگەن مۇئەللىمنىڭ ھاياتى ...

( « شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى » دىن ئېلىندى . )

# كۆز

گۈلجاھانقىز ئابدۇكېرىم

بۇ يىل ئەتىياز بىزنىڭ سېرىق مېكىيان تۇخۇم باستى. بىز ئۇ-
نىڭغا ئەپچىلگىنە بىر كاتەك ياساپ بەردۇق. مەن مېكىياننىڭ كۈن بويى
تۇخۇملىرىنى بېسىپ، مىدىرلىماي ياتقىنىنى كۆرەتتىم. ئەگەر بىرەرسى
ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالسا، ئۇ ئۆتكۈنچىگە كۆزىنى مىختەك تىكىپ
ھۈرپىيىپ تۇرىدۇ.

مېكىيان توپتوغرا يىگىرمە كۈن تۇخۇم باستى.

22-، 23- كۈنلىرى چۈجىلەر تۇخۇمدىن چىقتى. ئانىسىنىڭ
يېنىدىن كەتمەي چۈكۈلداپ يۈرگەن بىر-بىرىدىن ئوماق چۈجىلەر بى-
لەن ھويلىمىز كۆڭۈللۈك تۈسكە كىردى.

مېكىيان چۈجىلىرىنى جان-دىلى بىلەن قوغدايتتى، باقاتتى.
ئۆزىدىن باشقىلارنى ئۇلارنىڭ قېشىغا يېقىن يولاتمايتتى. بىز چۈجىلەر-
نىڭ يېنىغا قورقۇپ بارالمايتتۇق.

بىر كۈنى ئانام مېنى چۈجىلەرگە دان بېرىشكە بۇيرۇدى. مەن
داننى ئاستاغىنە قاچىغا تۆكۈپ، ئاندىن يەنە بىر قاچىغا سۇ قۇيۇپ بەر-
دىم. تاكى مەن ئىشىمنى تۈگىتىپ بولغۇچە مېكىيان ماڭا ئۆتكۈر كۆ-
زىنى تىكىپ، قاناتلىرىنى كېرىپ، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق تۈستە
مۇداپىئەدە تۇردى. ئۇنىڭ سارغۇچ كۆزلىرىدىكى قەھرىدىن شۈركۈنۈپ
كەتتىم.

چۈجىلەر چوڭ بولۇشقا باشلىدى. مېكىيان ئۇلارنى كۆڭۈل قو-
يۇپ باقماقتا. چۈجىلەرمۇ دائىم ئانىسىنىڭ كەينىدىن چۈكۈلدىشىپ ئە-
گىشىپلا يۈرىدۇ. مېكىيان ئۇلارنى ئېرىقلارنىڭ ئىچىدە، چىملىقلاردا،
ئەخلەت دۆۋىلىرىدە ئوينىتاتتى. ئوماق چۈجىلەرمۇ پات-پات بىر-

بىرىنى قوغلىشىپ ، كەپسىزلىك بىلەن ئانىسىنىڭ پەيلىرىنى چوقۇلاپ قويۇشىدۇ .

مېكىيان ئۇلارنى دائىم قانات ئاستىغا ئالىدۇ ، بىر جۈپ ھوشيار كۆزىدىن چۈجىلىرىگە بولغان چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى چاقناپ تۇرىدۇ . ئۇ پەقەت چۈجىلىرىدىن باشقىلارغىلا بەدىنىنى تىك تۇتۇپ ، قەھرلىك كۆزلىرىنى تىكىپ ھۈرپىيىپ قويىدۇ . ئۇنىڭ كۆزلىرى گاھ دولقۇنلاي-دىغان ، گاھ ئۆز قىنىغا پاتمايدىغان چوڭقۇر دېڭىزغا ئوخشايدۇ .

مەن بىر - بىرىگە شۇنچە مېھرىبان ، ساداقەتمەن بۇ توخۇلار ئائىلىسىدىن چەكسىز زوقلىنىمەن . دائىم ئۇلار بىلەن ئوينىغۇم ، ئانا مې-كىيانىنىڭ كۆزىگە بىر چۈجىسىدەك ئىللىق كۆرۈنگۈم كېلىدۇ .

ئانا مېكىيان چۈجىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ نەلەرگىدۇر كېتىۋاتقاندا ، ئۆزۈمنى ئاشۇ چۈجىلەر قاتارىدا كېتىۋاتقاندەك سېزىمەن .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## ئوت يورۇقى

كىرولېنكو ( روسىيە )

بۇنىڭدىن ئۇزۇن يىللار مۇقەددەم ، قازانىنىڭ قارىسىدەك قاپ-قاراڭغۇ كۈز كېچىلىرىنىڭ بىرىدە ، مەن كېمىگە ئولتۇرۇپ سىبىرىيىنىڭ سۈرلۈك دەرياسىغا كېتىۋاتاتتىم . كېمە بىر بۇرۇلۇشقا كەلگەندە ئالدى-مىزدىكى قارا كۆرۈنگەن ئېگىز تاغنىڭ ئېتىكىدە پاللىدە قىلىپ بىر ئوت يورۇقى كۆرۈندى .

بۇ ئوت خۇددى كۆز ئالدىمىزدا تۇرغاندەك روشەن ھەم نۇرلۇق ئىدى .

— خۇداغا شۈكرى ! بۇ ئوبدان بولدى ، — دەۋەتتىم مەن خۇ-شاللىقىمنى باسالماي ، — ھەر نېمە بولسا قونئالغۇغا ئاز قاپتۇق !

كېمىچى كەينىگە بۇرۇلۇپ ھېلىقى ئوت يورۇغىغا كۆز تاشلىدى -

ده ، « تېخى يىراق » دەپ قويۇپلا پەرۋاسىز پالاق ئۇرۇشقا باشلىدى .

مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىدىم . چۈنكى ، تۇن پەردىسىنى يې‍رىپ ئۆتكەن ئوت يورۇقى يېقىنلا يەردە يالىلدايتتى . بىراق ، بىر ھېسابتا كېمىچىنىڭ سۆزىمۇ توغرا : ئەمەلىيەتتە بۇ ئوت ھەقىقەتەن خېلىلا يىراق ئىدى .

قاراڭغۇ كېچىلەردىكى ئوت يورۇقىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇ قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ ئۆتۈپ يالىلدا نۇر چاچىدۇ ، خۇددى بىر چامدام نېرى تۇرغاندەكلا كىشى تامان قۇچاق ئاچىدۇ ، كۆڭۈلنى ، يەنە بىر نەچچە پالاق ئۇرسىلا ئۇنىڭغا يېتىپ بارىدىغاندەك بىر ئاجايىپ ھېس قوچىدۇ ... ئەمەلىيەتتە بۇ يورۇقلۇق خېلىلا يىراق بولىدۇ ...

بىز قاراڭغۇلۇق پەرەنجىسىگە چۆمكەلگەن بۇ دەريادا يەنە خېلى ئۇزۇن يۈردۇق . بىر ــ بىرلەپ كەينىمىزدە قېلىۋاتقان جىلغىلار ، تىك قىيالار تۇن قوينىغا غەرق بولۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى . لېكىن ، ئوت يورۇقى يەنىلا ئالدىمىزدا يالىلداپ كىشىنى ئۈمىدلەندۈرەتتى ــــ ئۇ يەنىلا شۇنداق يېقىن ، يەنىلا ئاشۇنداق يىراق ئىدى ...

قاراڭغۇلۇق قوينىدىكى تىك قىيالار سايە تاشلاپ تۇرغان دەريا ئېقىمى ، يالىلداپ تۇرغان ھېلىقى ئوت نۇرى مۇشۇ كۈنگىچە كۆز ئال‍دىمدىن كەتمەيدۇ . بۇنىڭدىن بۇرۇن قانچىلىغان ئوت يورۇقلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ مېنى تەلپۈندۈرگەن ، بۇ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مېنى تەلپۈندۈرمەي قالمايدۇ . ھالبۇكى ، تۇرمۇش ئېقىمى سۇر بەتلىك قىر‍غاقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىماي ئاقماقتا . لېكىن ، ئوت يورۇقى يەنىلا ناھايىتى يىراق . شۇڭا ، پالاقنى كۈچەپ ــ كۈچەپ ئۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ ...

بىراق ، ئېھ ، ئوت يورۇقى ... ھامانەم ... ھا مانەم ئالدىمىزدا ! ...

( « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

[ئاپتور ھەققىدە ] : ۋىلادىمىر گالاكتونوۋىچ كىرولىنكو ( 853 ــــ 921 ) ، 19 ــ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى

روسىيە تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە يازغۇچىسى . ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىن : « زامانداشلىرىم ھەققىدە ھېكايىلەر » ، « چىۋەر قىز » ، « سۇكار ئاراللار » ، « رەزىل جەمئىيەت » ، « قارىغۇ مۇزىكانت » ، « پاۋلۇپ كەنت خاتىرىلىرى » ، « ئۆركەشلەۋاتقان دەريا » ، « تىل ئۇقۇشماسلىق » ، « ئەسىر » قاتارلىق ھېكايە ، پوۋېست ، ئەسلىمە ، ئوچېركلىرى بار . ئەدەبىيات كېيىنكىلىرىدە نۇرغۇن يىللاردىن بىرى ئوقۇلۇپ كېلىۋاتقان « ئوت يورۇقى » ناملىق بۇ نەسىر ، ئاپتورنىڭ ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇبىنى ، بەدىئىي تالانتىنى ۋە دۇنيا قارشىنى نامايان قىلىپ بەرگەن .

( ئاپتورنىڭ تەرجىمھالى « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىنىڭ 1983 ـ يىللىق 1 ـ سانى ۋە « مەشھۇر چەت ئەل يازغۇچىلىرى » ناملىق 3 ـ كىتابتىن پايدىلىنىپ يېزىلدى . )

## ئاي شولىسى

ب . ئاستافىۋ ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى )

بىز پاراخۇتتا كەچكى سەپەرگە چىقتۇق . ئالدىمىزدا سوزۇلۇپ ئېقىۋاتقان دەريا ئايدىڭدا ، ئاي شولىسى شوخ جىلۋىلىنەتتى . ئۇ بىردەم سۇ يۈزىدە كۈمۈش رەڭ چايقالسا ، بىردەم فوسفۇر نۇرىدەك يېشىل تاۋلىناتتى ؛ بەزىدە ئەتراپقا يېيىلسا ، يەنە بەزىدە يىلاندەك تولغىناتتى ؛ گاھ ئوماق قۇمۇلاقتەك پىلتىڭلىسا گاھ چاققان كەسلەنچۈكتەك پىڭىلداپتتى .

مەن پاراخوتىمىز بۇ ئويناق ئاي شولىسىنى ھازىرلا قوغلاپ يېتىپ ئەسىر قىلىۋالدىغۇ ، ئۇنى شۇ تاپتىلا تۇمشۇقى بىلەن يېرىپ ئۆتىدىغۇ ، دەپ تاقەتسىزلىك بىلەن تەلمۈرەتتىم ...

لېكىن ، مىنۇتنىڭ كەينىدىن مىنۇتلار قوغلىشىپ ، سائەتنىڭ ئارقىسىدىن سائەتلەر ئۆتتى . سۇ ئايدىڭدا يىراق تۇرۇۋاتقان ئاي شو-

لىسى ھەدەپ ئالغا چاپاتتى ، ئۇ پاراخوتنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈيتتى ، ئۇ جىددىي ئىشلەۋاتقان مېخانىزمنىڭ ئالدىدا ئەركىن ئۈزەتتى .

بۇ كەچكى مەنزىرە بىلەن كىشىلىك تۇرمۇش نەقەدەر ئوخشىشىدۇ ـ ھە ! سىزمۇ ئۆزىڭىزنى ھەش ـ پەش دېگۈچە تۇرمۇشنىڭ چىن مەنىسىگە يېتىۋالىدىغاندەك ، ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك سىرلىرىنى چۈشىنىپ ئېچىۋالىدىغاندەك ھېس قىلىپ كېتىسىزغۇ ؟

( « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## نەسرلەر

تاگور ( ھىندىستان )

## قەھرىمان

ئانا ، بىز يات ۋە خەتەرلىك بىر ئەلدە ساياھەت قىلىپ كېتىۋاتقان بولايلى .

سەن بىر مەپىدە ئولتۇردۇڭ ، مەن بولسام چىلان تورۇق ئاتقا مىنىپ ساڭا ياندىشىپ ماڭدىم . ئەتراپىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ، قۇياش تاغقا باش قويغان . كۆز ئالدىمىزدا غۇۋا ۋە ھارغىن يورادىس ئېگىزلىقلىرى پەيدا بولدى . زېمىن سوغۇق ۋە چۆل . سەن « نەگە كېلىپ قالغاندىمىز ؟ » دەپ ئويلاپ ، ئۆزۈڭچە قورقۇپ قالدىڭ .

— ئانا ، قورقمىغىن ، — دېدىم مەن .

تىكەنلەر غۇژمەك ـ غۇژمەك ئۆسۈپ كەتكەن بۇ يايلاقتىن ئەگرى ـ بۈگرى كەتكەن تارغىنا بىر چىغىر يول كېسىپ ئۆتەتتى . يايلاق شۇنچە كەڭ بولغىنىغا قارىماي ، بىرمۇ كالا كۆرۈنمەيتتى . كالىلار ئالىبۇرۇن يېزىدىكى قوتانلىرىغا كىرىپ كېتىشكەن . ھاۋا بىردىن قاراڭغۇلاشتى ، زېمىنمۇ ، ئاسمانمۇ غۇۋا كۆرۈنەتتى . لېكىن ، ھەر ئىك-

كىمىز « بىز قەيەرگە كېتىۋاتقاندىمىز ؟ » دېگەننى ئاغزىمىزدىن چىقى-رىشقا پېتىنالمايتتۇق .

تۇيۇقسىز سەن مېنى چاقىرىپ ئاستاغىنە :

— قىرغاقتا ئۆتنەك بىر نەرسە يېقىنلاپ كېلىۋاتامدۇ نېمە ؟ — دەپ سورىدىڭ .

دەل شۇ پەيتتە ئەتراپتا قورقۇنچلۇق چۇقان كۆتۈرۈلۈپ ، بىر توپ كۆلەڭگە بىز تەرەپكە باستۇرۇپ كەلدى . سەن مەيدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ، تەڭرىنىڭ نامىنى زىكرى قىلدىڭ . مەيكەشلەر قورقۇ-نىدىن لاغىلداپ تىترەپ ، جىغانلىق ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىشتى .

— قورقمىغىن ، ئانا ، يېنىڭدا مەن بار ! — توۋلىدىم مەن ساڭا قاراپ :

ئۇزۇن كالتەك تۇتقان ، چاچلىرى سالۋاراپ قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرگەن بۇ ئەبلەخلەر بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى .

— ئۆزۈڭگە ئاگاھ بولۇش ، ئەبلەخلەر ! — ۋارقىرىدىم مەن ، — ئالدىڭغا بىر قەدەم مېڭىشساڭ ، جېنىڭدىن جۇدا بولۇشسەن !

ئۇلار قورقۇنچلۇق چۇقان سېلىپ بىز تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەلدى . بۇ چاغدا سەن مېنىڭ قولۇمنى چىڭگىدە تۇتۇۋېلىپ :

— جېنىم بالام . خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن ، ئۇلاردىن ئۆزى-مىزنى نېزرەك دالدىغا ئالايلى ، — دېدىڭ .

— ماڭا قاراپ تۇرغىن ، ئانا !

مەن ساڭا شۇنداق دېدىم ـ دە ، ئېتىمنى دېۋىتىپ ئۇچقاندەك ئالغا تاشلاندىم . شەمشىرىم بىلەن قالقىنىمنىڭ بىر ـ بىرىگە سۈركىلى-شىدىن تاس ـ تۇس ئاۋاز چىقماقتا ئىدى .

جەڭ شۇنچىلىك شىددەتلىك بولدىكى ، ئەگەر سەن مەيىنىڭ ئىچىدە قاراپ تۇرغان بولساڭ ، قورقۇنچتىن ئەس ـ ھوشۇڭنى يوقىتىپ قويغان بولاتتىڭ ، ئانا !

ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى قېچىپ كەتتى ، بىرمۇنچىسى شەمشىرى-مىنىڭ قۇربانى بولدى . سەن شۇ چاغدا بالاڭنى ئاللىقاچان ئۆلدى دەپ

ئويـلىغانىدىكەن . لېكىن ، مەن ئۇستۇپشىم قانغا مىلەنگەن ھالدا قېشىڭغا يۈگۈرۈپ بېرىپ :

— ئۈرۈش تۈگىدى ئانا ، — دېدىم .

سەن مەيدەمنى چىقىپ مېنى سۆيۈپ كەتتىڭ ، باغرىڭغا بېسىپ تۇرۇپ ئاستا شىۋىرلىدىڭ :

— مېنى قوغداپ ماڭمىغان بولساڭ بالام ، قانداق قىلاتتىمكىن .

تۇرمۇش دېگەندە تالاي - تالاي بىمەنە ئىشلار بولۇپ تۇرىدىغان تۇرسا ، تەسەۋۋۇرۇمدىكى ، قايسى بىر كىتابلاردىكى ئاجايىپ ۋەقەلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغاندەك بۇنداق بىرەر ئىشنى تاسادىپىي يۈز بەرمەيدۇ دې- گىلى بولامدۇ ؟

ئەگەر ئاكام بۇ تەسەۋۋۇرلىرىمنى ئاڭلىسا چوقۇم :

— بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن ؟ سەن ئۇلارنى شۇنچە ئاجىز ، دەپ ئويلامسەن ؟ — دەپ كايىيدۇ .

مەھەللىدىكىلەر بولسا بۇ ئويۇمدىن ھەيرانلىق ھېس قىلىپ :

— ئانىسى بىلەن بىر يەردە بولۇشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بولامدى- غاندۇ بۇ بالىغا ، — دېيىشىدۇ .

## ئەڭ ئاخىرقى سودا

تاڭ سەھەر ، مەن تاشيولدا كېلىۋاتىمەن :« كىم مېنى مالايلىققا ئالىدۇ ؟ » دەپ ئۈنلۈك توۋلاپ كېلىۋاتىمەن .

پادىشاھى ھەزرىتى قولىدا شەمشەر تۇتقان ھالدا مەيە بىلەن يې- تىپ كەلدى .

ئۇ قوللىرىمنى مەھكەم تۇتۇپ شۇنداق دېدى : « مەن ھوقۇقۇمغا تايىنىپ ياللاي سېنى ».

ئۇنىڭ ھوقۇقى مېنىڭ ئالدىمدا نېمىدى . ئۇ مەيسىگە چۈشتى - دە كېتىپ قالدى .

چىڭقى چۈش ۋاقتى ، هاۋا پىژ - پىژ ئىسسىپ كەتكەن ، ھەممە كىشى ئىشىكلىرىنى تاقاپ ئېلىشقان .

مەن ئەگرى - بۈگرى كوچىنى بويلاپ كېتىپ بارىمەن .

بىر چال بىر خالتا تىللا كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى . ئۇ سەل ئويىلىنىۋېلىپ : « مەن بۇ تىللالار بىلەن سېنى ياللايمەن » دېدى .

ئۇ بىر - بىرلەپ ساناشقا باشلىدى تىللالىرىنى ، مەن پېشىمنى قاقتىمدە باستىم يولۇمنى .

گۈگۈم چۈشتى ، باغچىدىكى گۈللەر ھۈپپىدە ئېچىلدى .

بىر نازىنىن قىز چىقىپ كەلدى - دە ، ماڭا : « مەن سىزنى نازلىق كۈلۈمسىرەشلىرىم بىلەن ياللايمەن » دېدى .

ئۇنىڭ جامالىنى ھەسرەت تۇمانلىرى باستى ، ياشلىرى سىمابتەك سىيرىلىپ چۈشتى . ئۇ چەكسىز غېرىبانە قىياپەتتە كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كەتتى .

قۇياش نۇرى ساھىلىدىكى قۇملۇق ئۈستىدە جىلۋىلەنگەندە ، دېڭىزنىڭ بەڭۋاش دولقۇنلىرى بۇژغۇنلىنىپ مەرۋايىت ئۈنچىلىرىنى ھەر ياققا چېچىشقا باشلىدى . شۇ قۇملۇق ئۈستىدە بىر بالا ئولتۇرۇپ قۇلۇلە قېپى ئويناۋاتاتتى .

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ خۇددى قەدىنالەرچە ماڭا دېدى : « مەن سېنى ياللاش ئۈچۈن ھېچنېمە ئىشلەتمەيمەن » .

كىچىككىنە بالىنىڭ چاقچىقىدىن پۈتكەن بۇ سادا ، مېنى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تامامەن ئەركىن ئادەمگە ئايلاندۇردى .

( « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## دېۋانە

تۇرگېنېۋ ( روسىيە )

كېتىۋاتىمەن .. . بىر دېۋانە - زەئىپكىنە بىر بوۋاي ئالدىمغا

كەلدى . ئۇنىڭ ئىششىپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى ياشقا تولۇپ تۇراتتى . لەۋلىرى سوغۇقتىن كۆكىرىپ كەتكەن ، ئۇچىسىدا قوپال جۇلدۇر كىيىم ، بەدىنىنى يىرىڭداپ كەتكەن جاراھەت باسقان ... ئاھ ! نامراتلىق بۇ بەختسىز جاننى قانداق بىر ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ـ ھە !

ئۇ ماڭا ئىششىپ كەتكەن قاسماق قوللىرىنى سوزدى ، ئۇ ئىگىلىتىى ، نىمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلاپ مەندىن ئىلتىپات تىلەيتتى .

مەن يانچۇقلىرىمنى ئاختۇردۇم . ھېچ نەرسە سالمىغانىكەنمەن ، پورتمالمۇ يوق ، پۇلمۇ يوق ، ھەتتا قول ياغلىق چاغلىق نەرسىمۇ يوق ئىدى .

بىراق دىۋانە خەيرخاھلىقىمنى كۈتمەكتە . ئۇنىڭ ھالسىز سوزۇلغان قوللىرى يېنىككىنە تىترەپ ، دىرىلداپ تۇراتتى .

مەن نىمە قىلارىمنى بىلمەي تەمتىرىگەن ھالدا ئاشۇ تىترەپ تۇرغان قاسماق قوللارنى قىستىم ۋە :

— بۇرادەر ! ئەيىب ئەتمەڭ ، بىر نەرسە سالغاچ چىقماپتىمەن ، — دېدىم .

ئۇنىڭ ئىششىغان كۆزلىرى ماڭا تەئەججۇپ بىلەن تىكىلدى ، كۆكەرگەن لەۋلىرىدە ئىللىق بىر تەبەسسۇم پەيدا بولدى . ئاندىن ئۇ مۇزلاپ تۇرغان قوللىرىمنى ماڭا ئوخشاش چىڭ قىسقىنىچە ، ناھايىتى تەسلىكتە :

— بۇرادەر ! نەدىكى گەپنى قىلىسىز ، بۇنىڭغىمۇ رەھمەت ، بۇمۇ چوڭ سەدىقە بولدى ، — دېدى .

چۈشەندىم ، مەنمۇ شۇ تاپتا بۇ بۇرادىرىمدىن ئاجايىپ بىر سەدىقە ئالغانىدىم .

1978 ـ يىلى 2 ـ ئاي

( « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىدىن تاللاپ ئېلىندى . )

# بىر سىقىم تۇپراق

ھېنرى ۋان دايك [ ئامېرىكا ]

بۇرۇن بىر دەريانىڭ قىرغىقىدا ، ئاددىي ، يېرىك بىر قىسىم سې-
غىز توپا بولغانىكەن ، ئۇ كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئامىتىم كېلىپ قالسا ، كى-
شىلەر مېنىڭ گۈزەل پەزىلىتىمنى بەرىبىر بىلىپ يېتىدۇ . ئۇ چاغدا دۇن-
يادا ئاجايىپ يۈكسەك ئورۇنغا ئېرىشىشىم مۇمكىن دەيدىغان شېرىن خى-
يالغا بېرىلىپ ، ئۆزىنىڭ قىممىتىگە بەك يۇقىرى باھا بېرىدىكەن .

ئۇنىڭ ئۈستىدە باھار نۇرىغا چۆمگەن دەرەخلەر پىچىرلىشىپ :
چىرايلىق چېچەكلىرىمىز ئېچىلىشقا ، يۇمران يوپۇرماقلىرىمىز چىقىشقا
باشلىغان ، ئورمانلىق كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك گۈزەل تۈسكە كىرگەن
چاغدا ، چەكسىز نۇرغا چۆمۈلگەن ۋۇجۇدىمىز ، ئاشۇ گۈزەل مەنزىرە
گويا سانسىز ، رەڭگا رەڭ گۆھەر دانچىلىرىدىن ئەكس ئېتىلگەن شەپەق
نۇرىغا چۆمۈلگەن بۇلۇتلارغا ئوخشاش كەڭ زېمىننى پۈركۈپ تۇرىدۇ ،
دېيىشەتتى .

چېچەكلەر بۇ گۈزەل مەنزىرىنى كۆرۈپ چەكسىز خۇشال
بولاتتى ، باھار شامىلى يۈزلىرىنى سىيپلاپ ئۆتكەندە ، ئۇلار ئىر-
غاڭلىشىپ : ھەدە - سىڭىللار ، سىلەر نېمىدېگەن ئۇماق - ھە ! سىلەر
تەبىئەتكە راستتىنلا گۈزەللىك بەخش ئەتتىڭلار ! — دەپ ، بىر - بىرىنى
مۇبارەكلىشەتتى .

دەريادىكى سۇمۇ ئۆزىگە يېڭى كۈچ قوشۇلغانلىقىدىن شادلاندى .
ئۇ سۇلارنىڭ يېڭىۋاشتىن توپلىنىپ يىغىلغانلىقىدىن خۇرسەن بولۇپ ،
قىرغاققا قاراپ توختىماي پىچىرلاپ ، ئۆزىنىڭ مۇزنىڭ ئاسارىتىدىن
قانداق قۇتۇلغانلىقىنى ، قار بىلەن قاپلانغان تاغلاردىن قانداق سەكرەپ
چۈشۈپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ كاتتا قۇرۇلۇشلار-

نىڭ خىزمىتىگە ھازىر بولۇش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى . سانسىز چاقپىلەكلەرنىڭ چاقلىرى ئۇنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈشىگە موھتاج ئىدى ، كاتتا كېمىلەر ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى دېڭىزغا ئۈزىتىپ قويۇ-شىغا موھتاج ئىدى .

سېغىز توپا دەريانىڭ قىرغىقىدا ھۆشلىيىپ تۇراتتى ۋە ئۆزىگە خىلمۇ خىل ئۇلۇغۋار غايىلەر بىلەن تەسەللى بېرەتتى : « مېنىڭ ئامىتىم ئاخىر بىر كۈنى كېلىدۇ ! » ئۇ دەيتتىكى « مەن بۇ يەردە ئۇزاققىچە كۆ-مۈلۈپ ياتىۋەرمەيمەن ، دۇنيادىكى خىلمۇ خىل شان - شەرەپلەر ، شۆھ-رەتلەر مۇۋاپىق پەيتتە مېنىڭ بېشىمغا قونىدۇ » .

بىر كۈنى توپا ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئازابلىنىپ تۇرۇۋاتقان يېرىدىن يۆتكىلىپ قالغانلىقىنى سەزدى : غاچچىدىلا چېپىلىپ باشقا تو-پىلار بىلەن بىللە بىر ئاپتوموبىلغا تاشلىنىپ ، ئوي - دوڭغۇل بىر تاش يول بىلەن ناھايىتى يىراق بىر يەرگە ئاپىرىلدى ، ئەمما ئۇ قورقمىدى ، مەيۇسلەنمىدى . ئۇ « مۇشۇنداق بولۇشۇم تەبىئىي ، شان - شەرەپكە ئې-رىشىشنىڭ يولى ھامان جاپالىق ، ئەگرى - توقاي بولىدۇ . ئەمدى مەن ئۆزۈمنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدىغان يەرگە كېتىۋاتىمەن » دەپ ئويلىدى .

بۇ سەپەر ئىنتايىن جاپالىق ئىدى ، ئەمما بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ۋا-قىتلاردا تارتقان ئازابلىرىغا قارىغاندا ھېچگەپ ئەمەس ئىدى . سېغىز توپا بىر ئازگالغا تاشلاندى ، ئاندىن كېيىن ئارىلاشتۇرۇلدى ، سوقۇلدى ، ئې-لىشتۇرۇلدى ، پىتىقدالدى . راستتىنلا بەك جاپا تارتتى . ئەمما ، بىرەر گۈزەل ، ئالىيجاناب شەيئىنىڭ ئاشۇنداق ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ۋۇ-جۇدقا كېلىدىغانلىقى خىيالغا كەلتۈرۈلسە ، بۇمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ . سېغىز توپا سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرساملا ، ئاخىر بىر كۈنى راسا ھالاۋەت كۆرىمەن دەپ ئۆزىگە قەتئىي ئىشىنەتتى .

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ناھايىتى تېز ئايلىنىدىغان بىر قاچىغا سې-لىندى ، ئۆزىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئايلاندى - دە ، ئۆزىنىڭ ھازىرلا سىلكىنىپ رىزە - رىزە بولۇپ كېتىدىغاندەك تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى ،

ئايلىنىش جەريانىدا ، ئۇ گويا بىر خىل ئىلاھىي كۈچ تەرىپىدىن بېرىكـ-
تۈرۈۋېتىلگەندەك ۋە شۇ سەۋەبتىن بارچە ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى تارتىپ
بولغاندەك تۇراتتىيۇ ، ئەمدى مەن يېڭى بىر خىل شەكىلگە كىرىشكە
باشلىدىم ، دەپ ئويلايتتى .

شۇنىڭدىن كېيىن ناتونۇش بىر قول ئۇنى ئوچاققا سالدى ،
ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى — ئۇ ھەقىقەتەن
ئازابلاندى — بۇ يەردىكى ئىسسىق يازنىڭ تومۇز مەۋسۇمىدە دەريا قىر-
غىقىدا بولىدىغان ئىسسىقتىن مىڭلارچە ھەسسە ئارتۇق ئىدى . ئەمما ،
توپا پۈتكۈل جەريانىدا ئۆزىنىڭ ناھايىتى قەيسەرلىكىنى نامايان قىلدى ،
ھەممە سىناقتىن ئۆتتى . ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىستىقبالىغا بولغان ئىشەنچى-
دىن يانمىدى . ئۇ : « خەق ماڭا مۇشۇنداق ئەجىر سىڭدۈرگەنىكەن ،
مەن چوقۇم گۈزەل ئىستىقبالغا ئىگە بولالايمەن يا ئىبادەتخانىنىڭ زىننەت
بۇيۇمى بولىمەن ، يا بولمىسا پادىشاھنىڭ شىرەسىنىڭ تۆپىسىدە تۇرىدى-
غان ئېسىل لوڭقا بولىمەن » دەپ ئويلايتتى .

توپا ئوچاقتىن چىقىرىلىپ سالقىن شامالدا ئاستا ـ ئاستا سوۋۇ-
سۇن دەپ ، بىر تاختاينىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويۇلدى . ئازابلىق جەريان
ئۆتۈپ كەتتى ، راھەت كۆرىدىغان كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىگىمۇ ئۇزاق
قالمىدى .

تاختاينىڭ يېنىدا بىر كۆلچەك سۇ بار ئىدى ، سۇ چوڭقۇرمۇ ئە-
مەس ئىدى ، ئانچە سۈزۈكمۇ ئەمەس ، ئەمما دولقۇن چىقارماي جىمجىت
تۇراتتى ، كۆلچەكنىڭ يېنىدىكى نەرسىلەرنى ئاددىيلىق بىلەن ئەينەن
ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيتتى . توپا ئۆزىنىڭ يېڭى شەكىلگە كىرگەنلى-
كىنى ، بۇنىڭ كۈرمىڭلىغان جاپا ـ مۇشەققەت بەدىلىگە كەلگەن مۇكاپات
ئىكەنلىكىنى ، ئۆزىنىڭ سىزىقلىرى قوپال ، سىرلانمىغان ھەم سەت ،
ئاددىي بىر تەشتەك بولۇپ قالغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئارمىنى-
نىڭ ئاران شۇنچىلىكلا نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئۆزى تاختايدىن ئېلى-
ۋېتىلگەندە ئاندىن بىرىنچى قېتىم كۆردى . ئۇ ئۆزىنىڭ پادىشاھنىڭ ئۈ-
يىگىمۇ بارالمايدىغانلىقىنى ، سەنئەت سارىيىغىمۇ كىرەلمەيۋاتقانلىقىنى ،

بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىستەكسىزلىكى، كۆرۈمسىزلىكى سەۋەب بولغانلىقىنى شۇ ۋاقىتتا سەزدى؛ شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھېلىقى نامسىز ئۇستا ئۈستىدىن پىچىرلاپ شىكايەت قىلىپ، ئۆزىچە: «سەن نېمىشقا مېنى مۇشۇنداق مەرتىۋىسىز بىر نەرسە قىلىپ قويغان بولغىيتىڭ» دېدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ ئۇدا بىر نەچچە كۈن غەمكىن ئۆتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭغا توپا سېلىندى. توپىغا ئۇ بىلمەيدىغان، كۈل رەڭ سېرىق كەلگەن، يىرىك كۆرۈمسىز بىر نېمە تىكىپ قويۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يېپىپ قويۇلدى. توپا بۇ يېڭى خورلۇقتىن قاتتىق نارازى بولدى: «مېنىڭ بەختسىزلىكىم چېكىگە يېتىپتۇ، خەق ماڭا پاسكىنا توپا، ئەخلەتلەرنى سالىدىكەن، ئەمدى تۈگەشتىم.»

ئەمما، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇ بىر پارنىكقا ئەكىرىپ قويۇلدى. ئۇنىڭغا قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى، يەنە تېخى سۇ پۈركۈلۈپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ جىمجىت تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەلۇم بىر خىل ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قاندىقتۇر بىر نېمە مىدىرلىغاندەك بولدى. بۇ ئۈمىدنىڭ يېڭىۋاشتىن ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى بولسا كېرەك. ئەمما، ئۇ بۇنى زادىلا چۈشەنمەيتتى، ئۇنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىمۇ بىلمەيتتى.

بىر كۈنى توپا بۇ ئورۇندىن يەنە يۆتكەلدى ـ ناھايىتى كاتتا بىر چېركاۋغا ئەكىرىپ قويۇلدى. ئۇنىڭ كۆپ يىلدىن بۇيانقى ئارزۇسى ئەمدىلىكتە ئەمەلگە ئاشقاندەك تۇراتتى، دۇنيادا ئۇ ھەقىقەتەن كارغا يارايدىكەن. بۇ چاغدا كۆكتىكى ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار شادلىقتا چۆمدى. ئەتراپتىكى گۈللەر ئىرغاڭلاپ خۇش پۇراق چاچتى. ئەمما، ئۇ يەنىلا بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى چۈشەنمىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ يېنىدىكى ئۆزىگە پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان، توپىدىن ياسالغان يەنە بىر قاچىدىن پەس ئاۋاز بىلەن: «ئۇلار مېنى نېمىشقا بۇ يەردە قويىدىكىن؟» دەپ سورىدى. «نېمە؟! مۇشۇنىمۇ بىلمىدىڭمۇ؟» دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى قاچا: «ھازىر سېنىڭ تېنىڭ قاردەك ئاپئاق ئېچىلىدىغان، ئوتتۇرىسى ئالتۇنكەبى سېرىق بولغان، خانتاجىغا ئوخشاش چىرايلىق كەلگەن

گۈلسامساقتا قۇچاق ئېچىپ تۇرماقتا. ھەممە كىشى مۇشۇ يەرگە قارايدۇ. چۈنكى، ئۇ گۈل دۇنيا بويىچە ئەڭ ئەتىۋارلىق گۈل، بۇ گۈلنىڭ يىلتىزى سېنىڭ يۈرىكىڭدە تۇرماقتا.»

شۇ چاغدا توپا چىن قەلبىدىن مەمنۇن بولدى، ئۆزىنى ياسىغۇچىغا ئىچىدە رەھمەت ئېيتتى، چۈنكى ئۇ گەرچە توپىدىن ياسالغان قاچا بولسىمۇ، لېكىن ئىچىدە قويۇلغىنى دۇنيا بويىچە ئاز ئۇچرايدىغان ئاجايىپ قىممەتلىك نەرسە ئىدى.

(«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

## ئىككى يول

لىكۇت (گېرمانىيە)

يېڭى يىل كېچىسى، بىر بوۋاي دېرىزە ئالدىدا خېلىغىچە ئۆرە تۇردى، ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن لىق تولغان كۆزلىرىنى قېنىق رەڭلىك زۇمرەت ئاسمانغا تىكتى. ئۇ يەردىكى جىمىرلاۋاتقان تىنىمسىز يۆتكىلىپ تۇرغان يۇلتۇزلار تۈركۈمى بەجايىكى سۈزۈك كۆل سۈيى ئۈستىدە توپ ـ توپ ئېچىلغان قاردەك ئاپئاق ماگنولىيىگە ئوخشاپ قالغانىدى. بوۋاي كۆزىنى پەسكە قىلىپ يەر ئۈستىگە سەپسالدى، ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىدىنمۇ بەكرەك چاكىنا ئادەملەرنىڭ باقىي ئالەمگە ـ قەبرىستانلىققا قاراپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردى. بوۋاي ھاياتىنىڭ ئاتمىش باھار ئاتمىش كۈز پەسلىنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۆمۈر مۇساپىسىدا خاتالىق، پۇشايماندىن باشقا نەرسىگە مۇيەسسەر بولمىدى، سالامەتلىكى كاردىن چىقتى، مېڭىسىدە ھېچقانداق ئىنكاس قالمىدى، ھەتتا ئۆمرىنىڭ ئاداققى يىللىرىغا كەلگەندىمۇ ئەقەللىسى بىرەر تەسەللى ھەم قولغا كەلمىدى. قەلبىدە پەقەتكىنە قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق قايغۇ ـ ئەلەملا قالدى.

ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىق بىردىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى

چۈشىدىكىدەك ئايان بولدى . ئۇ دادىسى ئۇنى ئىككى يولنىڭ دوقمۇشىغا يېتىلەپ بارغان چاغدىكى سەلتەنەتلىك مىنۇتلارنى ئېسىگە كەلتۈردى : بۇ يولنىڭ بىرسى ئادەمزاتنى قۇياش نۇرى چاقناپ تۇرغان باياشات ، ھەممە ياقتا لەرزان ، يېقىملىق ۋە گۈزەل ناخشا ئاۋازى ياڭرايدىغان پىنـھان ماكانىغا ئېلىپ باراتتى . يەنە بىر يول بولسا تىكىرقاپ قالغانلارنى چوڭقۇر ، قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە جەلپ قىلاتتى ، ئۇ يەردە ۋىژىلدىغان زەھەرلىك يىلانلار ئۇيان ـ بۇيان ئۆمۈلەيتتى ، سۇنىڭ ئورنىغا زەھەرلىك گاز ئېقىپ تۇراتتى .

بوۋاي يۈزىنى ئەرشكە قىلىپ ئازابلانغان ھالدا « قايتىپ كەلـسەڭچۇ ، ياشلىق باھارىم ! دادام مېنى ھايات يولىغا يېتىلەشتىن باشلاپ بارغاي ، مېنىڭ بۇ پارلاق يولنى تاللىۋېلىشىمغا ئىمكانىيەت بەرـگەيسەن ! » دەپ توۋلىۋەتتى ، لېكىن دادىسى ۋە ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرى ئاللىبۇرۇن غايىب بولغانىدى . بوۋاي مىدىرلاپ تۇرغان يورۇق نۇرنىڭ قاپقارا سازلىق ئۈستىدىن يىراق بىر ياققا ئۇچۇپ كېتىپ بارغانـلىقىنى ، ئاخىر بېرىپ كۆزدىن يوقالغانلىقىنى كۆردى . بۇ نۇر ـ ئۇ ئىسراپ قىلىۋەتكەن ئۆمۈر نۇرىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى . ئۇ بىر يۇلتۇزنىڭ ئاسمان قەرىدىن چۈشۈپ كېتىپ بارغانلىقىنى ۋە زۇلمەت ئىچىگە يوشۇـرۇنغانلىقىنى بايقاپ قالدى . بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سىمۋولى ئىدى .

پايدا بەرمەيدىغان توۋە ـ ئىستىغبار ، يانىڭ ئۆتكۈر ئوقىغا ئوخـشاش ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرىغا تازا چوڭقۇر سانچىلدى . مانا ئۇنىڭ ئۆسمۈرلىكىدىكى ھەمراھلىرى خىيالىدىن كەچتى . ئۇلار بوۋاي بىلەن بىرلا ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە ھاياتقا قاراپ قەدەم تاشلىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە مېھنەت يولىغا قاراپ ماڭغانىدى . شۇڭا ، ئۇلار يېڭى يىل كېچىسىدە ، ئىنسانىيەت ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان شان ـ شەۋـكەتتىن بەھرىمەن بولۇپ ، بەخت دېڭىزى ئىچىدە ئۈزمەكتە ئىدى .

ھەيۋەتلىك چىركاۋنىڭ قوڭغۇراق مۇنارىسىدىن قوڭغۇراقنىڭ ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ ئاڭلىنىۋاتقان ئاۋازى يېتىپ كەلدى ، بوۋاينىڭ قۇلىقىنى ۋىڭىلداتقان بۇ ئاۋازلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئادىشىپ تويۇق يولغا كىرىپ

قالغان بۇ ئوغلىغا بولغان مېھرىبانلىقىنى ئېسىگە سالدى ؛ ئاۋازلار ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان سەممىي پەند - نەسىھەتلىرىنى ، شۇنداقلا ئۆزى ھەققىدە ئېلىپ بارغان دۇئا - تەگبىرلىرىنى يادىغا كەلتۈردى . بوۋاي پۇشايمان ۋە نەپرەت ئىلكىدە قالدى ، ھەددىدىن تاشقىرى مەيۇسلەندى ، ئاتىسىنىڭ روھى ئامان تاپقان جايغا قايتا نەزەر سېلىشقا پېتىنالمىدى . مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرى خىرەلەشكەن بىر جۈپ كۆزىدىن تاراملاپ تۆكۈلدى ، بىر نەپەس ئۈمىدسىز تىرىشچانلىق ئارقىلىق « قايتىپ كەلسەڭچۇ ، مېنىڭ كېتىپ قالغان ياشلىق باھارىم ! قايتىپ كەلگىن ! » دەپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىۋەتتى .

دەرۋەقە ، ئۇنىڭ ياشلىقى راستتىنلا قايتىپ كەلدى . چۈنكى ، يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى ، پەقەتكىنە يېڭى يىل كېچىسى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىغا ھالاقىت بېرىۋاتقان بىر مەيدان چۈشلا ئىدى . ئۇ ئۆز يىللىرىدىكىدەك ياشىرىپ كەتتى ؛ دېمىسىمۇ ئۇنىڭدا سەۋەنلىك مەۋجۇت ئىدى . ئۇ خۇداغا تەشەككۈر ئېيتتى ، چۈنكى ۋاقىت ھامان ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئىدى . ئۇ تېخى قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە ماڭمىغان كىشى ، ئەمدىلىكتە كىشىگە ئامان - ئېسەنلىك بېرىدىغان جايغا قاراپ ئاتلانسا بولىۋېرەتتى ، ئۇ جايدا قۇياش نۇرى جەۋلان قىلاتتى ، ۋىسالغا يېتىشكە بولاتتى .

ئېسىڭلاردا بولسۇن !

ھېلىمۇ ھەم ھايات دەرۋازىسى ئالدىدا قايمۇقۇپ قايسى يولنى تاللىۋېلىشتا ئىككىلىنىۋاتقان ۋە ئۆمرى ئېقىن سۇدەك ئېقىپ تۈگىگەندە ، يەنىلا قاپقاراڭغۇ تاغ ئۈستىدە مۇدۇرۇپ يۈرگەن كىشىلەر ھامان بىر كۈنى زار - زار قاقشاپ « ھەي ياشلىق باھارىم ، قايتىپ كەلسەڭچۇ ! مېنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىقىمنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار ! » دەپ جار سالىدۇ . لېكىن ، بۇ پەقەت زىنھار نەپ بەرمەيدىغان كاپشىش بولۇپ قالىدۇ خالاس .

« جۇڭگو ياشلىرى گېزىتى » نىڭ تەھرىر ئىلاۋىسى : 1981 - يىللىق ئونىنچى سان « ئىنگلىزچە ئۆگىنىش » ژۇرنىلىغا بېسىلغان ، گېرمانىيە يازغۇچىسى

ج . پ . لىكۇت ( 1763 — 1825 ) نىڭ بۇ قىسقا ئەسىرى ، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان بارلىق ياشلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئەڭ زور تېمىنى يەنى ياشلىقنى قانداق ئاسراش مەسىلىسىنى ئېچىپ بەرگەن . نۇرغۇنلىغان كىتابخانلار بۇ ئەسەرنى جۇڭگو ياشلىرىغا تونۇشتۇرۇش توغرىسىدا بىزگە تەكلىپلەرنى بەردى . بۇ يەردە كىتابخانلارنىڭ تەلىپى بويىچە بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدۇق .

( بۇ نەسىر ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ بېرىلگەن ئىلاۋە « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىنىڭ 1982 – يىللىق 2 – سانىدىن ئېلىندى . )

## دۆڭباغ خاتىرىلىرى ①

### ۋىرگىنىيە ۋۇلف ( ئەنگلىيە )

تۇخۇم شەكلىدىكى گۈللۈكتە يۈز خىلچە گۈل ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ ، گۈل شاخلىرى قاپ بېلىدىن غۇچچىدە بۆرەكسىمان ، تىلسىمان ياپپېشىل يوپۇرماققا پۈركەنگەنىدى ؛ شاخ ئۇچلىرىدىكى قاتمۇ قات قىزىل ، يېشىل ، سېرىق گۈللەر ۋە گۈل بەرگىدىكى رەڭمۇ رەڭ قېنىق بوياقلار كۆزگە ئوچۇق تاشلىنىپ تۇراتتى . مەيلى قىزىل ، يېشىل ياكى سېرىق بولسۇن ، خىرە - شىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان كەيزىدە قەد كۆتۈرگەن گۈللەر ۋە ئۇنىڭ نازۇك غوللىرى ئالتۇندەك تاۋلىناتتى . يازنىڭ ئىللىق شامىلى بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان گۈل – چېچەكلەرنى سۆيۈپ ئۆتكەندە ئاستا چايقالغان قىزىل ، يېشىل ، سېرىق رەڭلەر گىرەلىشىپ بۆلەكچە تاۋلىنىپ كېتەتتى . پەستىكى جىگەررەڭ سېغىز تۇپا ئۈستىدە رەڭمۇ رەڭ بوياقلار شەبنەمدەك يالتىرايتتى . كۈن نۇرى بىردەم غاز تۇخۇمدەك سىلىق كۆل رەڭ شېغىل تاش ئۈستىدە ، بىردەم جىگەررەڭ قۇلۇلە قېپىنىڭ ئەۋرىشىم سىزىقلىرىدا ئوينايتتى . بىردەم تامچىلار ئۈس-

① دۆڭباغ لوندۇننىڭ غەربىي تەرىپىدە بولۇپ ، 1840 – يىلىدىن ئېتىبارەن پادىشاھ جەمەتىنىڭ ئۆسۈملۈكلەر باغچىسى قىلىپ ئايرىلغان .

تىنى يورۇتۇپ ، يول ـ يول ، نېپىز سۇ سىزىقلىرى ھاسىل قىلاتتى . قىـ
زىل ، يېشىل ، سېرىق رەڭلەر شۇ قەدەر قويۇق ئىدىكى ، گويا بىر يەرگە
يىغىلىپ بېرىپ ، ئۇچۇپ يوق بولۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى ، لېكىن
پارتلاپ ئۇچۇپ كەتمەيتتى . تامچىلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ۋىللىدە
قىلىپ ، يەنە ئۆزىنىڭ كۈمۈش رەڭ قىياپىتىگە قايتىپ كېلەتتى .

كۈن نۇرى يۆتكىلىپ ياپراق ئۈستىدىكى تال ـ تال يۇمۇرلارنى
يورۇتتى ـ دە ، يەنە داۋاملىق ئالغا يۆتكىلىپ سايىۋەندەك زىچ ، قاتمۇ
قات بۆرەكسىمان ، تىلسىمان يوپۇرماقلار ئاستىغا چۈشۈپ ، رەت ـ رەت
يېشىل سايىلەر ئىچىدە نۇر چاچتى . شۇ ئەسنادا شامال كۈچەيدى . بىپاـ
يان بوشلۇقتا لەيلەپ تۇرغان رەڭدار يورۇقلۇق ، ئىيۇل ئايلىرىدا دۆڭـ
باغنى سەيلى قىلىپ يۈرگەن ئەر ـ ئاياللارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى .

ئىككى ـ ئۈچتىن ئۆتۈۋاتقان ئەر ـ ئاياللارنىڭ سايىسى گۈللۈككە
چۈشۈپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە لەرزان قەدەم تاشلاشلىرى چىمەنـ
لىكتە پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن رەڭدار كېپىنەكلەرگە ئوخشايتتى . بىر ئەر
كىشى پەيدا بولدى ، ئۇ بىر ئايالنىڭ ئالدىدا ، بىر قەدەمچە يىراقلىقتا كېـ
تىۋاتتى . ھېلىقى ئادەم بەخىرامان ماڭاتتى .ئايال بولسا بالىلىرىنىڭ بەك
يىراق قېپقالماسلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ، پات ـ پات كەينىگە قاراپ قوياتـ
تى . ئۇ قەستەنگىلا ئايالنىڭ ئالدىغا چۈشۈۋالغانىدى . بەلكىم ئۇنىڭ
كۆڭلىدە بىرەر غەرەزنىڭ بولۇشىمۇ ناتايىندۇر . ئىشقىلىپ ئۇ ئۆز خىيالى
بىلەن بەند بولۇپ كېتىۋاتقانىدى .

« ئون بەش يىل ئىلگىرى لېلىي بىلەن بۇ يەرگە كەلگەـ
نىدىم ، ـــ دەپ ئويلايتتى ئۇ ، ـــ بىز ئەنە ئاۋۇ كۆل بويىدا ئولتۇرغاـ
نىدۇق . ئۇ كۈنى ناھايىتى ئىسسىق بولدى ، مەن ئۇنىڭغا توي قىلىش
تەكلىپىمنى ئېيتتىم . تولۇق يېرىم كۈن سۆزلىدىم ، شۇ چاغدا بىر يىڭـ
ناغۇچ يېنىمىزدىن ئۇچۇپ ئۆتتى . يىڭناغۇچنىڭ قىياپىتى ھازىرغىچە ياـ
دىمدا . لېلىينىڭ بەتىنكىسىنىڭ ئۈستىدىكى چاسا كۈمۈش ئىزمىمۇ ياـ
دىمدا . ئاغزىم گەپتە ، كۆزۈم ئۇنىڭ بەتىنكىسىدە ئىدى . بەتىنكىنىڭ
تاقەتسىزلىك بىلەن ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتىم . بېشىمنى

كۈتۈرسەملا ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقى ماڭا مەلۇم . ئۇنىڭ دىققىتى بە-
تىنكىدە ئىدى . مەنچۇ ؟ مەن مۇھەببىتىمنى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنى ھېلىقى
يىڭناغۇچقا باغلاپ تۇردۇم . ئۇشتۇمتۇت ، ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ھا-
ياجانلىنىپ قالدىم . يىڭناغۇچ ئۇچۇشتىن توختىسا ، ئەنە ئاۋۇ يوپۇرماققا ،
يوغان ئېچىلغان قىزىلگۈلنىڭ يوپۇرمىقىغا قونسا ، لېلىي تەلپىمگە دەرھال
جاۋاب بېرىدۇ ، دەپ قەيت قىلدىم . لېكىن ، يىڭناغۇچ دائىرىدىن يەنە بىر
دائىرىگە ئۇچۇپ ئۆتەتتى . ھېچ يەردە توختىمايتتى ... توختىمىغىنى
ياخشى . توختىغان بولسا بۈگۈن ئىلنو بىلەن باللارنى ئېلىپ ، بۇ يەردە
سەيلە قىلىپ يۈرمىگەن بولاتتىم » .

— ئىلنۇ ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ قويمامسەن ؟

— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن ، سىممۇ ؟

— ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ قالدىم ، لېلىينى ئەسلەۋاتىمەن ، دەسلەپ ئۆزۈمگە لايىق قىلىپ تاللىغان ھېلىقى قىزنىچۇ ... ھە ، نېمىشقا گەپ قىلمايسەن ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىسەم خاپا بولامسىنا ؟

— نېمە ئۈچۈن خاپا بولىدىكەنمەن سىممۇ ؟ قانچىلىغان ئەجدادلار مۇشۇ باغدىكى دەرەخ ئاستىغا كۆمۈلمىگەن ؟ بۇ يەرگە كېلىپ ئۆتمۈشنى ئەسلىمەسلىك مۇمكىنمۇ ؟ دەرەخ ئاستىدا مەڭگۇ ئۇيقۇغا كەتكەن ئەجدادلار ، ئۇلارنىڭ ئۆلمىگەن روھى بىزنىڭ ئۆتمۈشىمىزگە ۋەكىللىك قىلمامدۇ ؟ ئۆتمۈشىمىزدىن پەقەت شۇنچىلىكلا ئەسلىمە قالمىدىمۇ ؟ ... بىزنىڭ بەختىمىزنى ئەنە شۇلار ئىلتىپات قىلغان ئەمەسمۇ ؟ بىزنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىمىز ئەنە شۇلاردىن كەلگەن ئەمەسمۇ ؟

— لېكىن ، مېنىڭ ئويلاۋاتقىنىم بەتىنكىدىكى چاسا كۈمۈش ئىزما ۋە يىڭناغۇچ ...

— مەن بولسام بىر سۆيۈشنى ئەسلەۋاتىمەن . يىگىرمە يىل ئىلگىرى ئالتە قىز ئەنە ئاۋۇ كۆل بويىدا ، رەسىم جازىسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ نىلۇپەر رەسىمنى سىزغانىدۇق . بۇ قىپقىزىل نىلۇپەرنىڭ ئېچىلىشىنى ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى . ئۇشتۇمتۇت كىمدۇر بىرسى گەدىنىمگە يېنىككىنە سۆيۈپ قويدى . مۇشۇ سۆيۈشتىن كەچكىچە قولۇم

تىترەپ رەسمىمۇ سىزالماي قالدىم. سائىتىمنى قولۇمدىن چىقىرىپ ۋاقىتقا قارىغىنىمچە بۇ سۆيۈشنى بەش مىنۇت تامشىدىم ... بۇ ئىنتايىن لەززەتلىك سۆيۈش ئىدى. مېنى قاڭشىرىدا سۆگىلى بار، چاچلىرى چالاشقان بىر موماي سۆيدى. مەن ئۆمرۈمدە پەقەت شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ سۆيۈشنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىم. تېز كەل كارولىن، تېز كەل شۇ پات.

تۆتەيلەن گۈللۈك يېنىدىن قاتار تىزىلىپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ كىچىككىنە سايىسى تېرەكلىككە بىر پەس ھەمراھ بولۇپ قالدى. كۈن نۇرى ۋە تېرەك سايىسى ئۇلارنىڭ دولىسىدا تەۋرىنىپ تۇرغان ئالا - بۇلىماچ سايە پەيدا قىلدى.

گۈللۈكتىكى قىزىل، يېشىل، سېرىق نۇرلار قۇلۇلە قېپى ئۈستىدە ئىككى - ئۈچ مىنۇت تۇرغاندىن كېيىن قۇلۇلە كىچىككىنە قىمىرلىغاندەك قىلدى. ئاندىن يۇمشاق تۇپا ئۈستىدە كۈچ بىلەن ئۆملەشكە باشلىدى. بېسىپ ئۆتكەن يېرىدە يۇمشاق توپىنى ئاغدۇرۇپ دومىلىتاتتى. قۇلۇلىنىڭ كۆڭلىدە گويا بارىدىغان يەر ئېنىق ئىدى. بۇ جەھەتتىن ئۇ ئالدىدا تۇرغان ئاۋاق، پۇتلىرى ئىنچىكە ئاجايىپ - غارايىپ يېشىل قۇرۇتقا ئوخشىمايتتى. يېشىل قۇرۇت پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دەسلەپ قۇلۇلىنىڭ ئالدىدىن توغرا كېسىپ ئۆتمەكچى بولدى، لېكىن بىر ئايلىنىپ قويۇپ، بۇرۇتلىرىنى لىكىلداتتى - دە، خىيال سۈرگەندەك بىر پەس ئىككىلىنىپ تۇردى. ئاخىر ئىلگىرىكىدەك تېز ۋە غەلىتە قەدەم بىلەن كەينىگە يېنىپ قارشى تەرەپكە ماڭدى. تىك يار ئاستىدا جىلغا، جىلغىدا چوڭقۇر ياپيېشىل سۇ كۆلچەكلىرى بار ئىدى. كۆلچەك بويىدا شەمشەردەك قەد كۆتۈرگەن تېرەكلەر تۈۋىدىن تارتىپ شاخلىرىغىچە ئىرغاڭلاپ تۇراتتى. كۆل رەڭ، يۇمىلاق چوڭ تاش، يولنى توسۇپ تۇراتتى، بۇنىڭدىن باشقا، چوڭ - كىچىك تاشلارمۇ چېچىلىپ ياتاتتى ... قۇلۇلە كۆزلىگەن مەنزىلگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. يول بويى گۈل ئارىلىقلىرىدا شۇ قەدەر كۆپ توسالغۇلارغا دۇچ كەلدى. قۇلۇلە چېدىردەك يۇمىلاقلىنىپ قالغان غازاڭنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئايلىنىپ ياكى توغرا كېسىپ ئۆتۈشنى ئويلاپ يەتكۈچە گۈللۈك يېنىغا سايە چۈشۈرۈپ

بىرسى كەلدى .

بۇ قېتىم كەلگىنى ئىككى ئەر كىشى ئىدى . ياشىراقى سەل خارامۇش كۆرۈنەتتى . ئۇ يېنىدىكىسى سۆزلىگەندە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدى تەرىپىگە تىكىلىپ قارايتتى . بەزىدە ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن ئېغىزلانسا ، بەزىدە گەپ قىلماي شۈك تۇرۇۋالاتتى . چوڭراقى يول ماڭغاندا بىر پۇتىنى ئېگىز ، بىر پۇتىنى پەس ئېلىپ ، ئالچاڭلاپ ، قولىنى شىلتىپ ، خۇددى ئىشىك ئالدىدا تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان شاش ھارۋا ئېتىدەك بېشىنى جىددىي كۆتۈرۈۋالاتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ بۇ مەنىسىز ھەرىكىتى ئۆيلىنىپ قىلغان ئىش ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ ئاغزى بېسىقمايتتى . قارشى تەرەپ جاۋاب بەرمىسىمۇ ، ئۇ ئۆزىچە كۆرەڭلەپ كۈلۈپ قوياتتى ــ دە ، بۇ كۈلكىنى قارشى تەرەپنىڭ جاۋابى ئورنىدا كۆرگەندەك يەنە سۆزىنى داۋام قىلاتتى . ئۇ ئەرۋاھ ، ئۆلگەنلەرنىڭ روھى ئۈستىدە سۆزلەيتتى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئۆلگەنلەرنىڭ روھى كېپەن ئىچىدە تۇرۇپ ئۇنىڭغا جەننەتتىكى كەچمىشلىرىنى ، ئاجايىپ ــ غارايىپ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگۈدەك .

ــ قەدىمكىلەر جەننەتنى سەييال ① دەپ بىلىدىكەن ، ۋىل ، مەسىلەن ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇرۇش پارتىلىسىلا ئەرۋاھلار ئۇ يەردىكى تاغلاردا ، گاھ كۆرۈنۈپ ، گاھ يوقاپ تۇرىدىكەن . بارغانلا يېرىدە چاقماق چاقىغاندەك ئاۋاز چىقىدىكەن .

ئۇ نېمىنىدۇر تىڭشىغاندەك بىر پەس گەپتىن توختىدى . ئاندىن كىچىككىنە تەۋرىنىپ قويۇپ ، بېشىنى شىددەت بىلەن كۆتۈردى ــ دە ، داۋام قىلدى :

ــ كىچىكرەك بىر باتارىيە بولسىلا بولدى ، بۇنىڭدىن باشقا ئازراق بىنت تېپىپ ، توك تېپىۋېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن توك سىمىنى بىنتلاپ قويۇش كېرەك ... توكنى ئىسراپ قىلامسەن ياكى راۋان ماڭ-

① سەييال : گرېتسىيىدىكى يەر ئىسمى ، ئولۇمپىيە تېغى ئورۇنلاشقان جاي . يۇنان ئەپسانىلىرىدە ئېيتىلىشىچە ، ئولۇمپىيە تېغى تەڭرىلەر توپلانغان جاي ئىمىش .

دۇرامسەن ؟ ... بولدى . ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردىن گەپ ئاچماي قويايلى ، كىشىلەر بەربىر چۈشەنمەيدۇ . گەپ ئاچقان بىلەنمۇ پايدىسى يوق ... قىسقىسى بۇ كىچىككىنە قۇرۇلمىنى كارىۋاتنىڭ بېشىغا ئورنىتىش ياكى قەيەر قۇلايلىق بولسا شۇ يەرگىلا ئورنىتىش كېرەك . مەسىلەن ، قىزىل ياغاچتىن ياسالغان پاكىز شىرەگە ئورناتسىمۇ بولىدۇ . قايسى ئا- يالنىڭ ئېرى ئۆلسە ، توكچىنى چاقىرىپ مەن دېگەن بويىچە ئورناتسۇن ، توغرىلاپ قويغان بەلگە چىقىشى بىلەن ئېرىنىڭ ئەرۋاھى يېتىپ كېلىدۇ . لېكىن ، بۇ ئېرى ئۆلگەن ئايال بولۇشى كېرەك . ئېرى ئۆلگەن ئايال ! شۇنداقلا قارىلىق كىيىمنى سالمىغان ئايال بولسۇن !

ئۇ سۆزلەۋېتىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، يىراق بىر يەردە ئايال كىشىنىڭ كىيىمنى كۆرگەندەك قىلدى . كۆلەڭگە ئىچىدە غىلپال كۆ- رۈنگەن كىيىم قارا رەڭدە ئىدى . ئۇ دەرھال باش كىيىمنى ئېلىپ ، بىر قولنى كۆكسىگە قويۇپ دۇرۇت ئوقۇدى . خىلمۇ خىل ئەخمىقانە قول ھەرىكەتلىرىنى قىلدى ـ دە ، ئىتتىك كىيىم تەرەپكە ماڭدى . لېكىن ، ۋىل ئۇنىڭ يېڭىدىن تۇتۇۋالدى . ئۇ قېرىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن قولىدىكى ھاسىنى كۆتۈرۈپ گۈلنىڭ ئۈستىدىن بىر نەچچىنى چەكتى . قېرى بىر پەس گاڭگىراپ قالدى . قۇلىقىنى يېقىن ئەكېلىپ گۈلنىڭ ئىچىدە قانداقتۇر بىر ئاۋازنى تىڭشىغاندەك بولدى ـ دە ، دەرھال گەپ قىستۇردى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ ھەدەپ ئورۇگۋاي ئورمانلىقىدىن گەپ سېتىشقا باشلىدى . بىر نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ئۇ ياۋروپادىكى ئەڭ گۈزەل خېنىم بىلەن ئۇ يەرگە بارغانمىش . ئۇنىڭ گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر- لىرىنى ئاڭلىغان ، ئۇ ئورۇگۋاي ئورمانلىقىنىڭ ھەممىلا يېرى ئىسسىق بەلۋاغنىڭ ئالتۇندەك گۈل ـ چېچەكلىرى بىلەن تولغانلىقىنى سۆزلىدى . بۇلبۇللار دېڭىز ساھىلى ، گۈزەل ئادەم بېلىق ، دېڭىزغا غەرق بولۇپ ئۆلگەن ئاياللار توغرىسىدىمۇ گەپ قىلدى . ئۇ بىر تەرەپتىن سۆزلەيتتى ، يەنە بىر تەرەپتىن ۋىلنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن ئىختىيارسىز ئالغا قاراپ ما- ڭاتتى . ۋىلنىڭ چىرايىدىكى سۈرۈنلۈك ئاستا ـ ئاستا جىددىي تۇس ئې- لىشقا باشلىدى .

كەيىندىنلا ئىز بېسىپ كېلىۋاتقىنى ئىككى ياشانغان ئايال ئىدى ، بوۋاي ئۇلاردىن يىراقراق كېتىۋاتقىنى ئۈچۈن ، بۇ ئىككىسى بوۋاينىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىدىن بىرەر نەرسە پەملىيەلمىدى .

ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىغا تەئەللۇق بولغان بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى پەۋقۇلئاددە سېمىز ۋە لوپسا بولسا ، يەنە بىرسى ئىككى مەگزى قىپقىزىل ، چەبدەس كۆرۈنەتتى . مۇشۇنداق سالاھىيەت ئورۇنغا ئىگە ئادەملەرنىڭ شۇنداق ئالاھىدىلىكى بولىدۇكى ، ئۇلار بەزى-لەرنىڭ بولۇپمۇ پۇلى بارلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدىكى سەل غەلىتى-لىكلەرنى كۆرۈپ قېلىشسا ، دەرھال ئۇلارنى كاللىسى جايىدا ئەمەسلەر-نىڭ قاتارىغا چىقىرىشىدۇ ـ دە ، ئۆزلىرىنى قالتىس چاغلىشىپ كېتىدۇ . ئەپسۇس ، ئۇلار بۇ قېتىم قېرىغا تازا يېقىن يېتىپ كېلەلمىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ قىلىقلىرى غەلىتىرەكمۇ ياكى راستتىنلا ئاينىپ قالغان نەرسىمۇ ، بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيتتى . ئۇلار دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، قېرىنىڭ قارىسىنى بىر پەس كۆزىتىپ ، بىر - بىرىگە خۇپپىيانە قارىشىۋالدى . ئاندى-دىن جانلىنىپ داۋاملىق سۆزلەشتى ، ئۇلارنىڭ گادىرماش سۆزلىرىدىن ھېچنېمە چۈشىنىپ بولمايتتى :

— نائىر ، پارت ، روتتېر ، ساس ، فىر ، ئاتا ، ئۇ مۇنداق دېدى . مەن مۇنداق دېدىم ، قىز مۇنداق دېدى ، مەن مۇنداق دېدىم ، مەن مۇنداق دېدىم ...

— مېنىڭ پارتتىم . سىگىل ، بىل ، ئانا ، ئاۋۇ ، قېرى ، ئاق شېكەر .

ئاق شېكەر ، ئۈن ، بېلىق ، كۆكتات ،<br>ئاق شېكەر ، ئاق شېكەر . ئاش شېكەر .

ئەنە شۇنداق گەپلەر يامغۇردەك يېغىۋاتقان چاغدا ، گۈللۈكتىكى ئىلىپتەك تۈپتۈز قەد كۆتۈرگەن گۈللەرگە سېمىز ئايالنىڭ كۆزى چۈشتى . ئايال ھەيرانلىق ئىچىدە گۈلگە قاراپ تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى قىياپىتى قاتتىق ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ مىس شامدانىدىكى ئەكس نۇرنىڭ غەلىتىرەك چاقناۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ، كۆزنى يۇمۇپ

ئېچىپ يەنە شۇ مىس شامدانىنى كۆرۈپ ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئېچىپ يوغان ئاچقان ، زېھنىنى يىغىپ شامدانغا تىكىلىپ قاراپ قالغان ئادەمگىلا ئوخشايتتى . بۇ ئۇزۇنتۇرا ئايال تۇخۇم شەكىللىك گۈللۈككە قاراپ قېتىپلا قالدى . ئەسلىدە ئۇ قارشى تەرەپنىڭ گەپ ـ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقان قىيايەتتە كۆرۈنمەكچىدى . ھازىر بۇ قىياپەتتىنمۇ ۋاز كەچتى . قارشى تەرەپنىڭ يامغۇردەك ياغدۇرغان گەپ ـ سۆزى ئالدىدا ئۇ جىمجىتلا تۇراتتى . بىردەم ئېڭىشىپ ، بىردەم گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ گۈلگە قاراپ ھۇزۇرلىناتتى ، گۈلنىمۇ قانغۇدەك كۆردى ، ئەمدى بىرەر ئورۇن تېپىپ چاي ئىچىش كېرەك ئىدى .

قۇلۇلە ئەنە شۇ چاغدىلا خىيالىنىڭ بېشىغا چىقتى : « غازاڭدىن يانداپ ئۆتمەي يا ئۇنىڭ ئۈستىدىن باسماي قانداق قىلىپ كۆزلىگەن يەرگە يەتكىلى بولىدۇ ؟ غازاڭنىڭ ئۈستىگە چىقىشقا قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلىدىغانلىقىدىن گەپ ئاچماي تۇرايلى ، بۇ نېپىز نەرسىگە ئۇچلۇق مۈڭگۈزىنى تەككۈزە ـ تەككۈزمەيلا چۇچۇتكۇدەك دەرىجىدە شاراقلاپ كېتىدىغان تۇرسا ، ئۇنىڭ مېنى كۆتۈرەلىشى ھەقىقەتەن گۇمانلىق » . قۇلۇلە يەستىن ئۆمىلەش قارارىغا كەلدى . غازاڭنىڭ بىر چېتى قۇلۇلە ئۆمىلەپ ئۆتۈپ كېتەلىگۈدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى . قۇلۇلە ئەمدىلا بېشىنى كارىۋاتقا تىقىپ ، قاپقاراڭغۇ بوشلۇقنى دەڭسەپ ، ئۇنىڭ ئېپىنى ئالغۇچە چىمەنلىكتە يەنە ئىككىيلەن پەيدا بولدى . بۇ ئىككىيلەن ياش بولۇپ بىرسى ئوغۇل ، بىرسى قىز ئىدى ، بۇ ئۇلارنىڭ راسا باھار مەزگىلى ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كېچىكرەك چاغلىرى بولۇپ ، خۇددى ئېچىلاي دەپ تۇرغان قىزىل غۇنچىگە ياكى قانات چىقارسىمۇ ، يورۇق دالىدا تېخى ئۇچۇپ باقمىغان ، رەڭدار كېپىنەككە ئوخشايتتى .

ـــ ئامەت ، ـــ دېدى ئوغۇل ، ـــ بۈگۈن كۈنگە جۈمە ئەمەس .

ـــ نېمە ؟ سىزمۇ تەقدىرگە ئىشىنەمسىز ؟

ـــ جۈمەدە ئالتە پېنس خەجلەيمىز ـــ دە !

ـــ ئالتە پېنس قانچىلىك پۇلتى ، ئۇ ئالتە پېنسكە ئەرزىمەمدۇ ؟

ـــ ئۇ دېگەن نېمە گەپ ، ئۇ دېگىنىڭ نېمىنى كۆرسىتىدۇ ؟

— ھە، دەپ باقتىم شۇ ... دېمەكچىمەنكى ... گېپىمنى تېخى چۈشەنمىگەن ئوخشىمامسىز؟

ئۆلار ئەنە شۇنداق سۆزلىشىپ ھەربىر سۆزدىن كېيىن ئارام ئېلىپ بىر ھازا تۇرۇپ قېلىشاتتى. تەلەپپۇزى ئاددىي، بىر خىللا ئىدى، ئىككىيلەن گۈللۈك يېنىدا ئۈنچىقماستىن كۆنلۈكنىڭ ئۈچىنى يۇمشاق توپىغا چوڭقۇر پاتۇرۇشتى. يىگىتنىڭ قولى قىزنىڭ قولى ئۈستىدە، ئىككىيلەننىڭ كۆنلۈكنى يەرگە پاتۇرۇشى ئۆلارنىڭ مۇھەببىتىنى ئادەتتىن تاشقىرى ئىپادىلەپ بېرەتتى. دەرۋەقە، ئۆلارنىڭ ئانچىكىم ئېيتىپ قويغان بۇ قىسقىغىنا سۆزلىرى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىدى. بۇ سۆزلەر قانات قۇيرۇقى يېتىلمىگەن قۇشقا ئوخشىتىلسا، ئۇ مۇنچىلىك سالماقنى كۆتۈرەلمەيدىغان، قانچە زورۇقسىمۇ يىراققا ئۇچالمايدىغان قۇش ئىدى. ئۆلار ئاخىر ئوڭايسىز ھالەتتە پاراڭنى ئادەتتىكى تىمىغا يۆتكىۋالدى. لېكىن، ئۆلارنىڭ گۆدەك قەلبى ھېلىقى سۆزلەرنىڭ ئېغىر سالمىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتى. ئۆلار كۆنلۈكنى توپىغا سانچىغاچ ئۆز-ئۆزى بىلەن سۆزلىشىشكە باشلىدى. بۇ سۆزلەرگە چوڭقۇر خەۋپ يوشۇرۇنمىغان دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ بۇ ئىللىق كۆنلەردە ئارقىدىكى قاپتالنى قار-مۇز قاپلاپ كەتمىگەن دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ كىم ئېيتالايدۇ؟ بۇ ئىشنى كىم باشتىن كەچۈرگەن؟ قىز دۆڭباغىنىڭ چېپىنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۆزىچىلا بىر گەپ قىلىۋىدى، يىگىت بۇ گەپنىڭ كەينىدە قانداقتۇر بىر سىرلىق كۆلەڭگە پەيدا بولۇۋاتقاندەك، ئۇ يەردە غايەت زور مەزمۇن بىر نەرسە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ كەتتى. تۇمان ئاران تەستە تارقىلىپ كۆز ئالدىدا گويا ... ئېھ خۇدا، كۆرۈنگەن نېمە بۇ؟ ... قاردەك ئاپئاق جوزا، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئايال خىزمەتچىمۇ بار. ئۇ ئاۋۋال قىزغا، ئاندىن ئوغۇلغا قارىدى. باھاسى ئىككى شىللىڭ، بۇنىڭدا چاتاق يوق. ئۇ يانچۇقىدىكى ئىككى شىللىڭنى تۇتۇپ قويۇپ، «بۇ چۈش ئەمەس، ھەرگىز چۈش كۆرگەنلىكىم ئەمەس» دەپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. يىگىت بىلەن قىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ ئىشتىن ھېچكىممۇ ئەجەبلەنمەيتتى. بۇگۈنكى كۈندە ھەتتا

يىگىتنىڭ ئۆزىمۇ بۇنىڭ خام خىيال ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. بەلكى ... ئۇ ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە خۇشاللىقتىن بىر يەردە ئولتۇرالماي قالدى. خىيال سۈرۈشكىمۇ پەيزى قالماي غاچ قىلىپ كۆنلۈكىنى چىقاردى ـ دە، باشقىلارغا ئوخشاش بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىۋېلىش ئۈچۈن ئورۇن تېپىشقا ئالدىرىدى.

— يۈرۈڭ تىرداس، چاي ئىچىۋېلىپ كېلەيلى.

— چاينى نەدە ئىچىمىز؟ — قىز شۇقەدەر ھاياجان بىلەن سۆزلىدىكى، بۇنى تەسۋىرلەش قىيىن ئىدى. ئۇ ئەنسىزلىك بىلەن ئەتراپقا نەزەر سالدى. يىگىت ئۇنى يېتىلىۋالغانىدى. ئۇ كۆنلۈكنى دولىسىغا چۈشۈردى ـ دە، چىمەنلىكتىكى چىغىر يولغا چۈشۈپ، بېشىنى بىردەم ئۇياققا، بىردەم بۇياققا بۇرايتتى، ئۇ يەرگىمۇ، بۇ يەرگىمۇ بارغۇسى كېلەتتى. چاي ئىچىش ئەمدى ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپمۇ چىقمايتتى. ئۇنىڭ ئەس ـ يادى ياۋا گۈللەر ئىچىدىكى لەنخۇادا، ئاق تۇرنىلاردا، ئاللىقانداق يەرلەردىكى جۇڭگوچە مۇنار، قىزىل تاجلىق قۇشلاردىلا ئىدى. قىز ئاخىر يىگىتكە ئەگىشىپ ماڭدى.

كىشىلەر ئەنە شۇنداق جۈپ ـ جۈپ بولۇپ گۈللۈك يېنىدىن ئۈزلۈكسىز ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. يول يۈرۈشمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا كۆڭلىدە ئىدىتلىق سان يوق ئىدى. كۆكۈش تۇمانلار ئاستا ـ ئاستا ئۇلارنى ئورايتتى. دەسلەپ ئۇلارنىڭ تەقى ـ تۇرقى، رەڭگى روھىنى كۆرگىلى بولاتتى. بىر پەستە ئۇلار قويۇق تۇمان ئىچىدە غايىب بولدى. كۈن بەك قىزىق ئىدى، شۇ قەدەر قىزىق ئىدىكى، ئۇچار قۇشلارنىڭمۇ گۈل سايىسىدىن قوپقۇسى كەلمەيتتى. ئۈركىتىپ ئويغاتساڭمۇ بىر سەكرەپلا توختاپ قالاتتى. سەكرىشى ئاپتوماتىك ئويۇنچۇققا ئوخشاش ئۆلۈك ئىدى. ئاق كېپىنەكلەرمۇ خالىغان يەردە ئۆزى بىلگەندەك ئۇچمايتتى. بەلكى ئىككى ـ ئۈچتىن بولۇپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن شۇڭغۇپ، خۇددى توزۇغان گۈل بەرگىلىرىدەك ئەڭ ئېگىز گۈللەرنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ يېرىم مەر ـ مەر تۈۋرۈك ھاسىل قىلاتتى. پالما پارىكىنىڭ ئەينىكىدىن ھەممە ياققا نۇر چېچىلاتتى. گويا

كۈن نۇرى ئاستىدا ئۈستى ئوچۇق بازار ئېچىلغاندەك، خۇددى ئۇنىڭغا يېشىل رەڭلىرى تاۋلىنىپ تۇرغان كۈنلۈكلەر قويۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. ياز كۈنلىرىنىڭ كۆكۈش ئاسمىنى ئايروپىلاننىڭ گۈرۈلدىشى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەسكىن ھېسسىياتىنى تۆكۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇيۇق بويىدا بىر پەستە ئالىيېشىل كىيىنگەن كىشىلەر سايىسى پەيدا بولدى. سېرىق، قارا كىيىنگەنلەرمۇ، ئاچ قىزىل ھەم قاردەك ئاپئاق كىيىنگەنلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قايسى ئەر، قايسى ئايال ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىشكە بولاتتى. بالىلارمۇ بار ئىدى، لېكىن ئۇلار ئالتۇندەك يالتىرىغان نۇرنى كۆرۈش بىلەنلا ئۆزلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن سايىگە يوشۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ سۈس، قىزىل، يېشىل ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ، قۇياش نۇرىدا يالتىراۋاتقان يېشىللىق دۇنياسىغا سىڭىپ كەتكەن شەبنەمگىلا ئوخشايتتى. قارىماققا ئاجايىپ چوڭ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاپتاپتا قارىداپ تۈگۈلۈپ قالغىنىچە قىمىرقىلماي ياتاتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ خۇددى يوغان شامنىڭ لىپىلداپ تۇرغىنىغا ئوخشاش تىترەپ - تىترەپ چىقىۋاتقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاۋاز، توغرا بۇ ئاۋاز ئىدى. بۇ سۆزسىز ئاۋازغا قانغۇدەك ھۇزۇر - ھالاۋەت، شۇنداقلا ئوتتەك قىزغىن تەلپۈنۈش يوشۇرۇنغانىدى. بالىلارنىڭ ئاۋازىغا گۆدەكلەرچە ھەيرانلىق يوشۇرۇنغان بولۇپ، بۇ بىر پەستە جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تاشلىدى؟ بۇ يەردە نەدىمۇ جىمجىتلىق بولسۇن. ئاپتوبۇس چاقى توختىماي ئايلانماقتا، خوت توختىماي ئالمىشىپ تۇرماقتا. بازاردىكى گۈرۈلدىگەن ئاۋاز كەپلىمە ساندۇقنى①ئەسلىتەتتى.

بۇ ساندۇقلار پۈتۈنلەي قۇيما پولاتتىن بولىدۇ. بىرىنىڭ ئىچىگە يەنە بىرى سېلىنىپ توختىماي ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ. لېكىن، ھېلىقى سۆزسىز ئاۋاز شۇ قەدەر ياڭراق ئىدىكى، بازاردىكى ئاۋازلارنى بېسىپ

① ئەسلى ئۇدۇل تەرجىمە قىلغاندا «جۇڭگو ساندۇغى» دېگەن سۆز. بۇ بىر يۈرۈش ساندۇق بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىچىگە كىچىكى، كىچىكىنىڭ ئىچىگە تېخىمۇ كىچىكى قاچىلىنىدۇ. دېمەك، بىر ساندۇق يەنە بىر ساندۇققا كىيگۈزۈلىدۇ. بۇ «جۇڭگو ساندۇقى» دەپ ئاتىلىدۇ.

كېتەتتى . رەڭمۇ رەڭ گۈللەرمۇ تۇشمۇتۇشتە ئاجايىپ جىلۋىلىنەتتى .

[ ئاپتور ھەققىدە ] ۋىرگىنىيە ۋۇلف ( 1882 — 1941 ) ھازىرقى زامان ئەنگلىيە ئەدەبىياتىنىڭ نامايانلىرىدىن بىرسى . ھېكايىچى ، نەسىرچى ۋە ئەدەبىي ئوبزورچى ، ئۇ 1 - ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە يۈكسەك شۆھرەت قازانغان . غەرب ئوبزورچىلىرىنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشكەن . ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن « سەپەر » ، « جۇگۇپنىڭ ئۆيى » ، « دەيلوۋىل خانىم » ، « ماياكقا بېرىش » ، « دولقۇن » ، « ئېكران » قاتارلىق ھېكايىلىرى ۋە « ئاددىي مۇشتەرىلەر » ناملىق ماقالىلەر توپلىمى مەشھۇر . « دۆڭباغ خاتىرىلىرى » ئاپتورنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى نامايان قىلغان نەسىرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، كىتابخانلارنى رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئارىسىدا تۇرۇۋاتقاندەك تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ . بۇ نەسىرنى ئوقۇش ئارقىلىق بىز ئاپتورنىڭ كۆزىتىش ، نەپىس ، چىن يېزىش ئىقتىدارىنى ئۆگىنىۋالالايمىز .

( بۇ نەسىر ۋە ئېلاۋە « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى . ئاپتور ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر قىسقارتىلدى . )

## قانات ۋە ھايات

كرونىن ئوۋىسىن

تۆمۈر پازىل تەرجىمىسى

يازنىڭ مەلۇم بىر كۈنى تاغقا چىقىپ ئوتۇن كەستىم ، ئارىدىن بىر نەچچە سائەت ئۆتكەندە ، چۈشلۈك تاماق يېمەكچى بولۇپ بىر ياغاچنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم - دە ، تورت يېگەچ ئەتراپتىكى گۈزەل مەنزىرىگە نەزەر سالدىم . ئىككى ئېقىن قوشۇلۇپ سۈزۈك ۋە چوڭقۇر قاينام ھاسىل قىلىپ ، يېشىل جىلغىغا قاراپ شاۋقۇنلاپ ئاقماقتا ئىدى .

بىر ھەرە ئەتراپىمنى ئايلىنىپ غۇڭۇلداپ پەيزىمنى ئۇچۇرۇۋەت-

تى. بۇ ھەممىلا يەردە ئۇچرايدىغان، كىشىنى بىزار قىلىدىغان ھەرە
ئىدى. ئۇنى قوغلىۋېتىش زادىلا خىيالىمغا كىرمىگەنىدى.

بىراق، ئۇ ئەتراپىمنى ئايلىنىپ كەتكىلى ئۇنىمىدى، بۇنىڭغا زا-
دىلا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدىم ــ دە، كېلىشتۈرۈپ بىرنى سېلىپ دەسسەپ
قۇمغا پاتۇرۇۋەتتىم.

بىردەمدىن كېيىن پۇتۇمنىڭ ئاستىدىكى قۇم يېرىلىۋىدى، چۆ-
چۈپ كەتتىم، مېنى بىئارام قىلغان ھېلىقى ھەرە قاناتلىرىنى كېرىپ چى-
قىپ كەلدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭغا قەتئىي يۈز ــ خاتىر قىلمىدىم، ئورنۇم-
دىن تۇرۇپ توقسان بەش كىلوگرام ئېغىرلىقىم بىلەن قاتتىق دەسسەپ
يەنە قۇمغا پاتۇرۇۋەتتىم.

يەنە ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تامىقىمنى يېيىشكە باشلىدىم. ئارىدىن
بىر نەچچە مىنۇت ئۆتكەندە پۇتۇمنىڭ يېنىدىكى قۇم يەنە سەل ــ پەل
مىدىراشقا باشلىدى. دىققەت بىلەن قاراپ تۇرسام ئۆلمىگەن ھېلىقى ھەرە
مىدىراپ قۇمدىن چىققىلى تۇردى. شۇنچە قاتتىق دەسسىسەممۇ ئۇنىڭ
ئۆلمىگەنلىكى مېنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ زادى قانچىلىك
زەخىملەنگەنلىكىنى بىر كۆرۈپ باقاي دەپ ئېڭىشىپ ئۇنى تەكشۈرۈپ
كۆرسەم، ئوڭ قانىتى ھېچنېمە بولماپتۇ، سول قانىتى قاتلىشىپ كەتكەن
قەغەزگە ئوخشاپ قاپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ خۇددى ئۆز كۈچىنى سىناۋاتى-
قاندەك، قاناتلىرىنى ئاستا پالاقشىتىپ ئۈستىدىكى قۇملارنى چۈشۈرگىلى
تۇردى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرە دىققىتىنى قاتلىشىپ كەتكەن سول قانىتىغا
قاراتتى، ئۇ قانىتىنى كېرىش ئۈچۈن پۇتلىرىنى ھەدەپ ئاستىن ــ ئۈس-
تۈن ھەرىكەتلەندۈردى. ئۆزىنىڭ ئۇچالايدىغان ياكى ئۇچالمايدىغانلى-
قىنى كۆرۈپ باقماقچى بولغاندەك، ھەر قېتىم كۈچىگەندە قانىتى بىر قې-
تىم پالاقشىيتتى. پۈتۈنلەي كاردىن چىققان بۇ جانىۋار ئۆزىچە يەنە ئۇ-
چالايمەن دەپ ئويلايتتى!

مەن يەردە يېتىپ تۇرۇپ بۇ جانىۋارنىڭ بىھۇدە ھەرىكىتىنى ئىن-
چىكە كۆزەتتىم. تەپسىلىي كۆزىتىش ئارقىلىق بۇ جانىۋار پۈتۈنلەي تو-

گىشىپتۇ دېگەن قاراشقا كەلدىم . مەن تەجرىبىلىك ئايروپىلان ئۈستىسى بولغاچقا ، قانات جەھەتتە مول بىلىمگە ئىگە ئىدىم .

بىراق ، ھەرە مېنىڭ مول بىلىملىرىمگە قىلچە پەرۋا قىلمىدى . ئۇنىڭ جىسمانىي كۈچى ئېشىپ ، قاناتلىرىنى ئوڭشاش سۈرئىتىمۇ تېزلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى . ھېلىقى قاتلىشىپ ھەرىكەتكە كەلمەيۋاتقان سول قانىتى بۇ چاغدا خېلىلا تۈزلىنىپ قالدى .

ھەرە ئاخىر ئۇچۇشقا ئىشەنچىسى باردەك قاناتلىرىنى كېرىپ غۇڭۇلدىغىنىچە يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈلدى ــ بىراق قۇمدىن يەتتە ، سەككىز سانتىمېتىر كۆتۈرۈلۈپلا يەنە قۇم ئۈستىگە موللاق ئېتىپ چۈشتى . ئۇ يەنىلا جاھىللىق بىلەن قانىتىنى كېرىپ ئۇچۇشقا تەمشەلدى .

ئۇ يەنە ئۇچتى ، بۇ قېتىم ئون بەش سانتىمېتىردەك ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ ، يەنە چۈشۈپ كەتتى . ئۇنىڭ قانىتى ئۇچالىسىمۇ ، لېكىن ئۇچۇش نىشانىنى كونترول قىلالمايدىغاندەك قىلاتتى . ئۇ خۇددى ناتونۇش بىر ئايروپىلاننىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلمەكچى بولغان ئايروپىلان ئۈستىسىدەك ، ئۇچۇشنى سىناق قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ ، ھەر قېتىمقى سىناقتا مەغلۇپ بولدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ يەرگە يىقىلغاندىن كېيىن توختاپ قالماستىن يېتەرسىز تەرەپلەرنى تۈزىتىپ ماڭدى .

ھەرە يەنە بىر قېتىم كۆتۈرۈلدى . بۇ قېتىم ئۇ قۇملۇقنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ بىر كۆتەككە قاراپ ماڭدى . ئۇ كۆتەككە سوقۇلۇپ كېتىشكە ئاز قالغاندا ، ئۇچۇش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ بىر ئايلاندى ـ دە ، سۇلىرى زۇمرەتتەك پارقىراپ تۇرغان كۆلگە قاراپ ئۇچتى . ئۇ كۆل ئۈستىگە بېرىپ ، خۇددى ئۆزىنىڭ كۆلدىكى سايىسىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك ئاستا ئايلاندى . ھەرە كۆز ئالدىمدىن غايىب بولغاندىلا يەردە يۈكۈنۈپ تۇرغانلىقىمنى سەزدىم .

مەن يەنە بىر ھازاغىچە يۈكۈنۈپ تۇردۇم .

( « ئەدەبىي تەرجىملەر » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## كېچىلىك تاماق

مارگېرىت دۇراس ( فرانسىيە )

مەن ئۇنى كېچىدە كېلىپ قالسا يېسۇن دەپ ، بازاردىن پىشلاق ، قېتىق ، قايماق ئەكېلىپ قوياتتىم . ئۇمۇ ماڭا مەن ياخشى كۆرىدىغان قايماقلىق تورت ، مېۋە ـ چېۋە دېگەندەكلەرنى ئالغاچ كېلەتتى . ئۇ مېنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى مېنىڭ ياخشىراق ئوزۇقلىنىشىم ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى . ئۇ مېنىڭ ئوبدان يەپ ـ ئىچىشىمنى ئارزۇ قىلاتتى ، ئۆلۈپ قېلىشىمنى خالىمايتتى . سەمرىپ كېتىشىمنىمۇ خالىمايتتى ، ئەمەلىيەتتە ، بۇ ئىككى ئارزۇغا تەڭلا يەتمەك ئوڭاي ئەمەس ئىدى ، مەنچۇ ، مەنمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈپ قېلىشىنى خالىمايتتىم ، بىز بىر ـ بىرىمىزگە چوڭقۇر رىشتە باغلىنىپ باغلانغاندۇق ، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز مانا مۇشۇنداق ئىدى . بەزى كېچىلىرى بىزنىڭ دېيىشمەيدىغان گېپىمىز قالمايتتى ، دېيىشكەنلىرىمىز ھەرقانچە قورقۇنچلۇق بولسىمۇ ، لېكىن ھەممىسىلا راست گەپلەر ئىدى ، بەزىدە خۇددى ئىلگىرىكىدەكلا ھاراق ئىچەتتۇق ، يىغلىشاتتۇق ، چۈشتىن كېيىن بولغاندىلا ، ئاندىن بىللە پاراڭ سېلىشاتتۇق .

( « شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى » دىن ئېلىندى . )

## 4 . مۇھاكىمىلىك نەسر ھەققىدە

تەبىئەت ، جەمئىيەت ، كىشىلىك تۇرمۇش ، ھايات قانۇنىيەتلىرى لىرىك ، بەدىئىي يول بىلەن مۇلاھىزە قىلىنىپ ، بۇلار ھەققىدە مەلۇم پەلسەپىۋى پىكىر ئىلگىرى سۈرۈلىدىغان ياكى بۇ پىكىر ئىسپاتلىنىدىغان ھەم مۇھاكىمىلىك ھەم لىرىك ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان

نەسىر ـ مۇھاكىمىلىك نەسىر دەپ ئاتىلىدۇ .

مۇھاكىمىلىك نەسىر بىلەن مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەر ( ئەدەبىي ئەسەرلەر ) ئوخشاشلىققا ھەم پەرققە ئىگە .

1 ) ئوخشاشلىقى : مەيلى مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەر بولسۇن ، مەيلى مۇھاكىمە خاراكتېرلىك نەسىر بولسۇن ، ئىككىسىگە ئورتاق بولغان ئالاھىدىلىك ـــ تەبىئەت ، جەمئىيەت ، كىشىلىك تۇرمۇش ، ھايات قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت . يەنە بىر ئورتاقلىق ـــ ئاز بىر قىسىم مۇھاكىمىلىك نەسىرلەردە خۇددى مۇھاكىمە ماقالىلىرىدىكىگە ئوخشاش ، مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنى ئەمەلىي پاكىتلار ، سان ـ سىپىرلار بىلەن دەلىللەش ئېلىپ بېرىلمىسىمۇ ئەمما بەدىئىي يول بىلەن ئوبرازلىق قىلىپ دەلىللەش ، ئىسپاتلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ .

2 ) پەرقى : مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى كەڭ ، تۈرلىرى كۆپ ، يەنى مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەر ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى جەھەتتىن : تەبىئىي ، ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ، مۇلاھىزە قىممىتىگە ئىگە بارلىق شەيئىلەر ، سىياسىي ، ئىجتىمائىي ، نەزەرىيىۋى ، ئىلمىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە ئوبيېكتى قىلىدۇ . ماقالە ـ ئەسەر تۈرلىرى جەھەتتىن ئىدىيىۋى ئوبزور ، گېزىت ئوبزورلىرى ، ئەدەبىي ئوبزور ، تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى ، ئىلمىي دىسسېرتاتسىيىلەر ۋە باشقا تۈردىكى سىياسىي ، نەزەرىيىۋى ، ئىلمىي مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنغان تەتقىقات دوكلاتلىرى ، پەن ـ تېخنىكا ماقالىلىرى ، مۇھاكىمە خاراكتېرىنى ئالغان نۇتۇق قاتارلىق تۈرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . مۇھاكىمىلىك نەسىردە بولسا ئاساسەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر يەنى تەبىئەت ، جەمئىيەت ، كىشىلىك تۇرمۇش ، ھايات قانۇنىيەتلىرى قاتارلىقلارغا دائىر مەسىلىلەر ، يەكۈنلەر بەدىئىي يول بىلەن مۇلاھىزە قىلىنىدۇ ھەمدە بۇ خىل مۇلاھىزىلەرنىڭ مۇھاكىمە ماقالىلىرىدىكىگە ئوخشاش ئىلمىيلىككە ئىگە بولۇشى ، ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇشى ، چىن بولۇشى تەلەپ

قىلىنمايدۇ .
ئىككىنچى پەرقى : مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەردىكى
ئاساسلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى لوگىكىلىق ( ئابستراكتنى ) تەپەككۇردىن
ئىبارەت . مۇھاكىمىلىك نەسردە بولسا لوگىكىلىق تەپەككۇردىن سىرت
كۆپىنچە ھاللاردا ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ . ئۇنىڭدىن
باشقا زۆرۈرىيىتى كەلگەندە ئاپتور ئەپسانىۋى تەپەككۇرغا مۇراجىئەت قى-
لىش ئارقىلىق ئوي ـ پىكىرنى قانات يايدۇرىدۇ . مۇھاكىمە خاراكتېرلىك
ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ مەلۇم ئابزاس ياكى مەلۇم بۆلەكلىرىدە ئوبرازلىق
سۆز ـ جۈملىلەر يەنى مەلۇم بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئۇچرىسىمۇ ، ئەمما يۇقى-
رىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ خىل ماقالە ـ ئەسەرلەردە يەنىلا ھەقىقىي-
لىق ، چىنلىق ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇر ئاساسىي ئورۇندا تۇرغاچقا
ئابستراكتنى ئۇقۇم ، ھۆكۈم ، خۇلاسىلەر ھەرقانداق مۇھاكىمە خاراك-
تېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ ئاساسلىق جۈملە قۇرۇلمىسى ھېسابلىنىدۇ .
ئۈچىنچى پەرق : مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەردە
چوقۇم ئۈچ ئامىل يەنى مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ، دەلىل ( ئاساس ) ،
ئىسپاتتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىل تولۇق بولۇشى ، ئاساسلار چىن ، ئەمەل-
يەتكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك . شۇنىڭدەك بۇ خىلدىكى ماقالە ـ ئەسەر-
لەردە باشتىن ـ ئاخىر مەلۇم بىر مەسىلە مۇھاكىمە قىلىنىشى يەنى ئوي ـ
پىكىر ھېلى تاغدا ، ھېلى باغدا پەرۋاز قىلماسلىقى شەرت . مۇھاكىمىلىك
نەسردە بولسا بۇ شەرت تەلەپ قىلىنمايدۇ .
تۆتىنچى پەرق : مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەر ئەدە-
بىي ئەسەرلەر ژانىرىغا ، مۇھاكىمىلىك نەسر بولسا بەدىئىي ئەسەرلەر ژا-
نىرىغا تەۋە بولۇپ ، مۇھاكىمىلىك نەسردە توقۇلما قىلىشقا ، خىيال بى-
لەن رېئاللىقنى ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننى باغلاشقا ، تەسەۋۋۇرنى كەڭرى
پەرۋاز قىلدۇرۇشقا بولىدۇ ، يۇقىرىدىكى بۇ پەرقلەرنىڭ ھەممىسىنى يى-
غىنچاقلىغاندا : مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەر ئوبيېكتىپ ئە-
مەلىيەتنى ، چىنلىقنى ئاساس قىلسا ، مۇھاكىمىلىك نەسر سۇبيېكتىپچان-
لىققا بەدىئىي توقۇلمىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ . مۇھاكىمىلىك نە-

سىردىكى مۇھاكىمە باشتىن ـ ئاخىر كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ . باشتىن ـ ئاخىر ئوبرازلىق تىل قوللىنىلىدۇ .

دېمەك : مۇھاكىمىلىك نەسىرنىڭ باشقا بارلىق بەدىئىي ، ئەدەبىي ئەسەرلەردىن پەرقلىنىدىغان تۈپكى بەلگىسى ، ئۇنىڭ ئاساسىي پىكىر گەۋدىسىدە مۇھاكىمە بولۇشى كېرەك . لىرىك ھېسسىيات بولۇشى كېرەك . بەدىئىي توقۇلمىمۇ ، تەسەۋۋۇرمۇ ، چىنلىقمۇ بولۇشى كېرەك . باشتىن ـ ئاخىر ئوبرازلىق تىل بولۇشى كېرەك . ( مىسال ئۈچۈن 2 ـ قىسىم 2 ـ بابىنىڭ 5 ـ بۆلۈمىدە ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « پۇرسەت ۋە تالانت » ناملىق مۇھاكىمە ماقالىسى بىلەن « پۇرسەت ۋە ئاي نۇرى » ناملىق مۇھاكىمە نەسىرنى ئوقۇپ كۆرۈڭ . )

# ئۆرنەكلەر

## تەلەي قەلبىڭدە

سەيپىدىن ئەزىزى

تاڭ سەھەر ، ھاسىلىق بىر بوۋاي يېزىنىڭ تار ھارۋا يولىدا ئاستا قەدەملەپ كېتىپ باراتتى . ئۇ بامدات نامىزىغا كېتىۋاتقاندۇر بەلكىم . بىر ۋاقىتتا قۇلىقىغا يىراقتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى ... ئەنە ئاۋاز بارغانچە يېقىنلاشتى :

« ۋاي كەل ! دېسە بېرىپتمەن بىر گۈزەلگە ،
كۆڭلى قارا ئىكەن ماڭا قىلدى جاپا .
ھۆسنى سەتنى كۆرەلمەسلىك نادانلىقتۇر ،
دىلى پاكتۇر كېلۇر ئۇندىن ئىزگۇ ۋاپا » .

بوۋاي بۇ تونۇش ئاۋازنى ئىزدەپ ئەتراپقا باقتى ، بىراق ئادەم كۆرۈنمىدى .

— سەن كىم ، ئۆزۈڭ نەدە ؟ — دېدى بوۋاي .

— مەن تەلەي ، دوستۇم . بىز بۇرۇنلا ئىناق دوستلارغۇ ، — دېگەن ئاۋاز كەلدى غايىبتىن ، — خېلى زامان بىللە ياشاپ ، سەندىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن خوشلاشقان ئەمەسمۇ !

— ھە ، تەلەي مەن دېگىن . يول بولسۇن ، نەگە ماڭدىڭ ؟

— دوقا ماڭلايغا .

— ھەي جاھاندا شۇنچە گۈزەللەر تۇرسا ، ئەجەب دوقا ماڭلايىنى ئىزدەپ قاپسەنغۇ ؟

— ھۆسنى گۈزەل ، قەلبى سەتتىن تويدۇم . دوقا ماڭلايدىن ۋاپاغا ۋاپا كېلەر بەلكىم ، دەپ ماڭدىم .

— ھە ، ھە ... چۈشەندىم دوستۇم . بۇ سۆزۈڭ بەك توغرا . تەجرىبەڭنى ئوبدان خۇلاسە قىلىپسەن بارغىن ، خوش .

— خوش دوستۇم ، ئامان بول !

تەلەي ھېلىقى ناخشىسىنى ئېيتىپ يىراقلاشتى .

« توغرا گەپ . ھۆسنى گۈزەل قارا كۆڭۈلدىن كېلۇر جاپا ؛ قەلبى گۈزەل دوقا ماڭلايدىنغان كېلۇر ۋاپا » دېدى بوۋاي ئۆزىگە گەپ قىلغاندەك ، پەس ئاۋاز بىلەن قوشۇپ قويدى : « تەلەي ھۆسنىڭدە ئەمەس ، قەلبىڭدە ».

بوۋاي دوستىنىڭ بايامقى ناخشىسىنى گۈڭگۈلداپ ئېيتقاچ ، ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ يۈرۈپ كەتتى .

( بۇ نەسر يازغۇچىنىڭ « تەڭرىتاغ » ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان « نەسرلەر » ناملىق ماۋزۇ ئاستىدىكى بىر يۈرۈش نەسرلىرى ئىچىدىن ئېلىندى . )

## ئىككى نەسر

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

## « ئات » بىلەن « ئات مىنگەن كىشى »

ئىنسان جىسمانىي جەھەتتە بىر ھايۋان بولۇپ ، ئۇنى « ئات » قا ، مەنىۋى جەھەتتىن بىر كامالەت مۇمكىنچىلىكىدىكى زات بولۇپ ، ئۇنى « ئات مىنگەن كىشى » گە تەمسىل قىلىش مۇمكىن .

ئىنسان ماددىي ھايات ۋە مەنىۋى كامالەت ناتەكشىلىكىدە ھەر-

كەتلىنىدىغان شەيئى . ئەگەر ئات مىنگەن كىشى دانا بولسا ، ئاتنى كاما-
لەتكە يېتەكلەيدۇ ، نادان بولسا ، ئات ئۇنى ئوقۇرغا باشلايدۇ . ئىنسان
روھىيىتى ھايۋان ئوزۇقىنىڭ — ئات يېمىنىڭ « ئىنكاسى » ، « ئىپا-
دىسى » ئۈچۈن ئىشلىگۈچى قۇلغا ئايلىنىدۇ .

كامالەتتىن خالىي ئىنسان — مۆتىۋەر ياكى گۈزەل ، نازاكەتلىك
ياكى قەيسەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۆزلۈكىدىن بىخەۋەر بولۇپ ،
ئۆزى ھەققىدە غەم يېمەيدۇ ، بەلكى ئات يېمى غېمىدا پايپېتەك بولىدۇ .
سېنىڭ شېرىن خىياللىرىڭغا يوشۇرۇنغان ، پۈتۈن سەن ئۈچۈن جانىجان
بولغان نىيەتلىرىڭنى تارتىنماي ئۆز ئالىقىنىڭغا تۆكۈپ كۆرچۇ ! قاراپ-
باق ، ئۇلارنىڭ قانچىسى ئىنسان ماھىيەتلىرى غېمىدا ۋە قانچىسى ئات
بوغۇزى غېمىدىكىن ! خۇسراۋ دېھلىۋىينىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئوقۇ :

« پەقەت ھۆسنى بىلەن گۈزەل ئەمەستۇر ئادەم ،
گۈزەلدۇر ئۇ يەنە ئىنسانىيلىق جەھىرى بىلەن ھەم . »

سەن ئاسمان ـ زېمىن ھەققىدە يېتۈك بىلىمدان ، ئەمما « ئۆز-
لۈك » ھەققىدە بىر تەلۋە نادان ! بىلىمدانە بىلەن ئاقىلنى ، ئاقىل بىلەن
دىل — قەلبى كامىلنى پەرق ئېتىشنى بىل . ئابدۇقادىر بېدىل مۇنداق
دەيدۇ :

« ھاياتلىق گۈلىستانىدۇر دىل ھىممىتىدىن ،
باسقان ئىزىڭ بوستاندۇر قول قۇدرىتىدىن . »

بىلىملىك ، ئاقىل ، تەدبىرلىك ـ ئىقتىدارلىق كىشى بىلەن ئۇنىڭ
ئىچىدىكى ئارىغىنى — قەلبى ئۆزلۈك تېگىدا ئويغانغان كامىلنى پەرق-
لەندۈر :

بىلىم — ئوزۇقتۇر . ئۇنى ئۆزلۈك ئۈچۈن رىسىق قىلىشىڭ ، ئاۋام
ئۈچۈن مەئىشەت قىلىشىڭ مۇمكىن . ئوزۇق يەنىلا ۋاستە ۋە بايلىق .

ئەقىل ـ چىراغدۇر ، دىلى كور كىشى ئۈچۈن چىراغ بەلكى نا-
شايان بىر ۋاستە .

ئىقتىدار — كۈچتۇر . ئىزگۈسىز قۇدرەت جاللات پالتىسىنى
ئەسلىتىدۇ . بىلىم — ئەقىل ـ ئىقتىدارنى ئېتىخار خەزىنىسگە سالماي ،

« ئۆزلۈك » ئەينىكى ئالدىغا قويۇپ، ئۇنى تەلقىن قىل !

« ئۆزلۈك » ئەينىكىدە ئاتقا مىنگەن كىشى ئۆلمەس چەۋەندازدۇر . ئات ئۇنىڭ تېنى ۋە تۇرمۇش پائالىيىتى . بۇ پائالىيەت ئۇنىڭ فىزىئولوگىيىسى ، پسىخولوگىيىلىك پىكىر تۇيغۇلىرى ، تۇرمۇش مەشغۇلاتى بولۇپ ، بىر قاراشتا ئۇ پېرسونالنىڭ بارلىقى ئات بىلەن ئات مىنگۈچى ئارىسىدا بىر چاك مەۋجۇتكى ، ئۇلارمۇ ئالەمنىڭ « ئىككىگە پارچىلىنىش قانۇنى » نىڭ ئىلكىدە . ئادەم قېرىپ ، خۇددى ئاتتەك ھاسىرايدۇ . بۇ دەل ئات مىنگەن كىشىنىڭ پىشقان ، ئاتنى ئۆز ماھىيەتلىرىگە كۆندۈرگەن ۋە كامالەت ماقامىنىڭ بوسۇغىسىغا يېقىنلاشقان چېغى سادىر بولىدىغان « ھىجران » دۇر . مانا بۇ ئات سۈپىتىدىكى ئىنساننىڭ ئۆمرى دېگەن سۆز . ئىنسان ئۆمرىنى بالىلىق بىلەن قېرىلىق ئارىسىدىكى يېرىم ئەسىرلىك مۇساپە قىرقىيدۇ ، پۈچۈلدۈرىدۇ . ئەمما ، ئۇنىڭ بەدىلى — مەنىۋى يېتىلىشتۇر . ئەتتەڭ ! « ناۋا مۇقامى » ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە ، چالغۇ تارىسى « چارس » قىلىپ ئۈزۈلىدۇ ! تار ئالماشتۇرالمايسەن . بۇ خۇددى ئات يەڭگۈشلىيەلمىگەنگە ئوخشايدۇ . قولۇڭدىن كېلىدىغىنى ئەلىشىر نەۋائىيدەك خاتىرجەم ئۈمىد :

« نەۋائىي بىناۋالىق بىرلە دائىم ئىچەر ، بىر كۈن —
نەۋا سازىنى دەۋران مۇترەبى بەزمىدە چالغاي ، دەپ . »

نەۋائىي ، دائىملىق بىناۋالىقنى ۋە كەلگۈسى ئۈمىدىنى ئېيتقان . بىز ئۇنى « نەۋائىي بىناۋالىق بىرلە ئاخىر مەي ئىچەر ، بىر كۈن — نەۋا سازىنى دەۋران مۇترەبى بەزمىدە چالغاي ، دەپ » دېگەن ئۇلۇغ ھىجران ۋە مۇقەددەس مەنىۋى ئىزچىللىق ( ۋىسال ) مەنىسىدە ئىستىئارە قىلىمىز .

ئىنسان ئۆلىدۇ ، ئەمما مۇتلەق مەنىدە ئەمەس .

ئابدۇلھەسەن ھەرە كانى : « يەر يۈزىدە يۈرگەن بەزى ئادەملەرنى بىز تىرىك دەيمىز ، ئەسلىدە ئۇلار ئۆلۈك . يەر ئاستىدا ياتقان بەزى زاتلارنى بىز ئۆلۈك ھېسابلايمىز. ئەسلىدە ئۇلار تىرىك » دېمىگەنمىدى ؟!

ئىنساننىڭ قىممىتى — ئاتنىڭ سۈرىتىنىڭ باھاسى ئەمەس ، بەلكى ئات مىنگۈچىنىڭ ماھىيەت ۋەزنى ! ئۆزۈڭگە ئات باھاسىدا ، ئويناقلاپ

تۇرغان ياكى پۇشۇلداپ قالغان ئات نەرقىدە قاراپ تەمەننا ياكى غەمكىن-
لىك يولاتما ! بەلكى ئات مىنگۈچى قىممىتىدە قاراپ نەپرەتلەن ! ئۆزىدىن
نەپرەتلىنىشنى بىلمىگەن ئىنسان ئۆزىنى بارغانسېرى نەپرەتلىك سىيماغا
ئايلاندۇرۇۋاتقان غاپىل ئىنساندۇر . ئات چەيلەپ پېتىقلىۋەتكەن بۇ ئىن-
سانىي قىممىتىدىن ساڭا يەنە قانداق تەقدىر نېسىپ بولاتتى ، ئەي نادان !

## يول

يول !

ئامېرىكىلىق يازغۇچى پاللون « مۇرۇۋۋەت » ناملىق كىتابىدا يول
توغرىسىدا مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ : بىر بېكىنمە ماكان بولۇپ ، ھېچكىم
سىرتقا چىقماس ۋە سىرتتىن كىرمەس ئىكەن . كىمكى بۇ نىزامنى بۇزسا
قەتىل قىلىنار ئىكەن . ئۇلار ئۆزىنىڭ يېپىق مۇھىتىنى مۇتلەق غايىۋى
ماكان دېيىشكە كۆنگەنىكەن . كۆنلەردىن بىرىدە بىر بەختسىز بۇ ماكان-
دىن ئايرىلىپ جاھان كۆرۈپ ، ئۆز خەلقىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئەپسانىۋى
ئادەت بىلەن ئالداپ يۇرگەنلىكىنى ، ئۆز ماكانىنىڭ قاراڭغۇ ۋە بەختسىز
مۇھىتتا تۇرغانلىقىنى ئۆز خەلقىگە يەتكۈزگىلى قايتىپتۇ . ئۇ ئۆز تە-
سىراتلىرىنى ئېغىزدىن چىقىرىشىغىلا ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ . ۋاقىت ئۆ-
تۈپ ، بۇ يېپىق ماكاندا ئېغىر يەر تەۋرەش ، تاغ گۈمۈرۈلۈشلەر بولۇپ ،
ھەممە كىشى ھەر تەرەپكە پېتىراپ كېتىپتۇ . ئۇلار دۇنيانى كۆرۈپ ، ئۆ-
زىنىڭ جاھىل - بېكىنمە ھاياتىغا نەپرەتلىنىشكە باشلاپتۇ . ئۇلار ئۆز
يۇرتىنى سېغىنىپ بىر - بىرلەپ ئاتا قەدەم دىيارىغا قايتىپتۇ ۋە بۇ ماكان-
دىن تۇنجى بولۇپ سىرتقا چىققان قېرىندىشىنى ئەۋلىيا بىلىپ ، ئۇنىڭغا
خاتىرە سۇپىسى سېلىشماقچى بولۇشۇپتۇ . نەتىجىدە جەسەتگاھى ئېنىق
بەلگىلەنمىگەن ئۇ كىشىگە سېلىنغان خاتىرە سۇپىلىرى بىر - بىرىگە ئۇ-
لىنىپ ، بۇ ماكاندىن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا سوزۇلغان تاشيولغا ئايلى-
نىپتۇ .

يـول ــــ ماكـــان ، يول يۈرمەك ــــ زامان سۈپەتـــلىك جەريان !
يـول ــــ ئۇربىتا بويلىغان يۇلتۇزلار ئۇچۇنمۇ ، زەرەت چەمبىرى ھاسىل قىلغان زەررىچىلەر ئۇچۇنمۇ ، تۇرمۇش سەپىرى ۋە ئۆمۈر كارۋىنى ئۇ-
چۇنمۇ مەۋجۇت نەرسە .
يول ــــ چەكسىز يايلاقتا ، بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان بوستان دى-
ياردا ، دېڭىز ـ ئوكيان ساھىلىدا ، كائىناتقا ئۇچۇش مەيدانىدا ، تەپەك-
كۇر جەريانلىرىدا ، تەسەۋۋۇر قاناتلىرىدا ، تارىخ داۋانلىرىدا داۋام قىلى-
دۇ .
يـول ــــ ماكان ! ماكانلار زەنجىرى ، ماكانلار سىكلى ، ماكانلار-
نىڭ زامان جەريانىدىكى ئاقما ـ راۋان ھالىتى . مەن ھەممە يېرى بىردەك
ماكاننى كۆرمىدىم .
يول ــــ زامان ! زامانلار ھالقىسى ، زامانلار ئېقىمى ، زامانلارنىڭ
ماكان بوشلۇقىدىكى مېلودىك ئىلگىرىلىشى . مەن ھەمىشە بىر خىل ، بىر
سىزىقتا كەتكەن ، رىتىملىق كېسلىمىلەرسىز ، ئىزچىل كەتكەن تۇتاش
زاماننى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم .
يول ــــ تارىخ ! تارىخ ــــ كەسمە زامانلار تارىخى ! كىم تارىخنى
ئەبەدىي بىر خىل تۈز سىزىق دەپ پەرەز قىلسا ، ئۇ سەبىي ياكى خارا-
مۇش ، ھىيلىگەرياكى ئالدانغۇچى . تارىخ ــــ زامان ، ماكان ، ئىنسانىنىڭ
يولىدۇر . تارىخ يول سۈپىتىدە ھەممىنى ئارقىغا تاشلىمايدۇ ! تارىخ ،
قىسمەن ئۆلىدۇ ، ئارقىغا تاشلىنىدۇ . ھېكايە ، رىۋايەتلەرگە ئايلىنىدۇ .
مۇزېيغا كىرىدۇ . بۇ ئۇنىڭ ھادىسلىرى ، ۋەقەلىك تىياتىر كۆرۈنمىلى-
رى ! تارىخ ، قىسمەن ئۆلمەيدۇ . ئۇ رېئاللىققا ۋە كەلگۈسىگە ئۇل ، تەر-
كىب ، ئەينەك ، روھ ، رەھنىما بولىدۇ . ئۇ پروگراممىلارغا جان بې-
غىشلايدۇ . بۇ ئۇنىڭ ئۆلمەس ماھىيىتى ، مەنىۋى قۇدرىتى ! تارىخنىڭ
كامالەتكە يۈزلىنىشى ماھىيىتى مەڭگۈلۈك گېئولوگىيىلىك قىممەتكە ئى-
گە . ئۇ بـىر قېتىملىق ئەمەس ، دائىمىي پەيدا بولۇش يولى بىلەن ئۆز
قاتلاملىرىنى ھاسىل قىلىدۇ .
تارىختا ئۆلمەسلەر ــــ ئات سالاھىيىتى بىلەن ئۆلگەن ، تار سالا-

هىيتى بىلەن ئۈزۈلگەن ئات مىنگۈچى ۋە ناۋا سازەندىلىرى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ روھىيتى تارىختا داۋاملىشىشقا موھتاج ! پۈتۈنلەي ئۆلگۈچىلەر ياكى ئالتۇن ياكى يەم ـ خەشەككە ئەبەدىي كۆمۈلگۈچىلەردۇر . ئۇلار ماددىي پاراغەتتە ئۆز بەخت ـ سائادەتلىرىنىڭ قاراڭغۇ لەھەتگاھىغا ئەبەدىلئەبەد غەرق بولىدۇ . ئۇلارنىڭ يالتىراق ، كامىران ھاياتى گويا چەكسىز ۋاقىت دەرياسىدا يالتىراق قوڭغۇزچە بىر دەقىق جىلۋە .

يول يەنە قالىدۇ ! ئۇ مۇنازىرىلەر ۋە سۈكۈناتلار ئىچىدە ، جەڭ ـ جېدەل ۋە سۈلھىلەر ئارىسىدا ، ۋىسال ۋە ھىجرانلار ئوتتۇرىسىدا ، پىكىر توزاقلىرى ۋە ئىختىرا زالىپلىرى قۇچىقىدا ، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك ، ئەقىدە ۋە ساتقىنلىق ، مۇھەببەت ۋە نەپرەت كۆكسىدە يەنە داۋاملىشىدۇ ! ئۇنى ئاخىرلىتىش مۇمكىن ئەمەس . ھەقىقەت يول بويلاپ ئېچىلىدۇ ، تەپەككۇر يول بويلاپ چېچىلىدۇ ، تارىخمۇ يول تالالىرىدىن خۇددى گۈللۈك رەختلەردەك توقۇلىدۇ .

يول ، ھەر خىل ! جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان يول بىلەن جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان يولنىڭ باشلانغان يېرىدە ئانچە پەرق يوق ! گەپ ، قەلبىڭنىڭ كۆزى ۋە ئىرادەڭنىڭ تاللاش ئىقتىدارىدا !

( بۇ نەسىرلەر ، يازغۇچىنىڭ ، « شىنجاڭ مەدەنىيىتى » ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 5 ـ ، 6 ـ ، قوشما سانىدا ئېلان قىلىنغان « تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر » سەرلەۋھىسى ئاستىدا ئېلان قىلىنغان بىر يۈرۈش نەسىرلىرى ئىچىدىن ئېلىنىدى . « ئىككى نەسىر » دېگەن سەرلەۋھە تۈزگۈچى تەرىپىدىن قويۇلدى . » )

# نەسىرلەر

### ئەخمەت ئىمىن

## ھەي ، شۇ ئۆتكەن كۈنلەر

« بۇرۇن ھېلىقى چاغلاردا ... ھە ، شۇ ئۆتكەن كۈنلەر ... شۇ كۈنلەر ... دەيسەن . نېمىشقا شۇ ئۆتكەن كۈنلىرىڭنىلا سېغىنىسەن ؟ نېمە ئۈچۈن ئۆتمۈشۈڭگىلا تېۋىنىسەن ؟ سېنىڭ بۈگۈنىڭ يوقمۇ ؟ ئەتەڭ يوقمۇ ؟ » ئۆزۈمنى پات - پات مۇشۇنداق سوراق قىلىمەن . بۇ سوراقلىرىمغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن كاللامنىمۇ خېلى قاتۇرۇپ كېتىمەن .

مېنىڭ « بۈگۈن » لىرىم بولغان ھەم بولۇۋاتىدۇ ، « ئەتە » لىرىممۇ بولغان ھەم بولۇۋاتىدۇ . تالاي - تالاي « بۈگۈن » لىرىمنى تاماشا ياكى جاپا بىلەن ، خۇشاللىق ياكى خاپىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتىم . خۇشلۇق يار بولغاندا ئۇ « بۈگۈن » لىرىمنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدىم ، بېشىمغا دەرد - ئەلەم كەلگەندە ئۇ « بۈگۈن » لىرىمنى شۇنچە تەستە ، تەستە ئۆتكۈزدۈم ، لېكىن ھەممىسىلا ئوخشاش ئۆتۈپ كەتتى . ئاسان ئۆتۈپ كەتكىنىمۇ ، تەستە ئۆتكىنىمۇ ماڭا ھازىر ئوخشاشلا شۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ .

ئۆزۈمنى بىر ئىشلارغا ئاجىز سەزگەندە ، جەبىر- مۇشەققەت چەككەندە ئەتىگە تەلمۈرۈپتىمەن . ئۇ « ئەتە » ماڭا كۈتكەن قۇدرەتنى بېرەلمىگەندە ياكى بېشىمدىن مۇشكۈلچىلىكنى كۆتۈرۈۋېتەلمىگەندە يەنە ئەتىگە ، يەنە بىر ئەتىگە تەلمۈرۈپتىمەن . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ ئەتىلەر مېنى خۇددى ئۇسسۇزلۇقتا قالغان يولۇچىنى چۆل ئالۋۇنى تەلمۈرتۈپ ئەكەتكەندەك ئەكېتىۋېرىپتۇ . ئەمدى قارىسام ، شۇ ئۆتكەن كۈنلەر بىلەن تەڭ ، بالىلىقىممۇ ، ياشلىقىممۇ ئۇزاق - ئۇزاق يەرلەردە قاپتۇ . ئادەم دې-

گەن شۇنداق نېمىكەن ، ئۆتكەن كۈنلىرىگە هامان قىيالمايدىكەن .
چۈنكى ، هەربىر كۈن ئۆتكەنسېرى ئاخىرقى نۇقتىغا ، يەنى ئۆلۈمگە
شۇنچە يېقىنلاشقانلىقىنى ئادەم چوڭ بولغاندا سېزىپ قالىدىكەن .

ئۆمۈرنى دۆم قىلىنغان ۋۇرۇنكىسمان هەيۋەتلىك تاغقا ئوخشات-
ساق ، تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈش ئۇ تاغنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭقۇر هاڭغا
ئوخشايدىكەن ، يەنى كىشىنىڭ هاياتى چەكسىز ئىككى يوقلۇقنىڭ ئوت-
تۇرىسىدىكى چەكلىك مەۋجۇتلۇقلا ئىكەن . باسقان هەربىر قەدىمىڭ
سېنى يوقلىش گىردابىغا شۇنچە يېقىنلاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزگىنىڭدە ،
يەنە كېلىپ بۇ قەدەمنى كەينىگە هەرگىز باسقىلى بولمايدىغانلىقىنى بى-
لىپ تۇرغىنىڭدا ، سەن قانداقمۇ ئازابلانماي تۇرالايسەن ؟! ئىنسان تۇ-
غۇلۇشىدىن يوقىلىشىغا قاراپ سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان مۇساپىنى ئۇزارتىش
ئىمكانىيىتىگە هېچقانچە قالمىغانلىقىنى سەزگەندە ، ئۆتكەن هاياتىغا ئەپ-
سۇس ـ نادامەت چېكىدىكەن . ئۆمۈر پۇشايماندىن باشقا نەرسە ئەمەس ،
دېگەن سۆزنى كونىلار بەلكىم مۇشۇنــداق چاغدا ئېيتــقــان بولــسا
كېرەك .

باللىق هەم ياشلىق رىشتى ئەجەب رىشتە ئىكەن ، ئۆمۈر رىشتى-
سىمۇ ئاجايىپ رىشتە ئىكەن . ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالغۇڭ كېلىدۇكەنكى ،
هەرگىز قويۇۋەتكۈڭ كەلمەيدىكەن . ئەگەر ئۇنى بىر بۇيۇكلۇككە ئوخ-
شاتساق ، گەرچە ئۇ يەردىن سىيرىلىپ چۈشۈپ بولغان بولساڭمۇ ، يەنە
ئۇنىڭغا چاڭگاق تاشلاپ ئارغامچىغا ئېسىلىپ چىقىۋالغۇڭ كېلىدىكەن .
بەلكىم مېنىڭ شۇ ئۆتكەن كۈنلىرىمنى سېغىنىشىم ، ئۆتمۈشكە تېۋىنىشى-
نىم شۇ هاياتقا چاڭگاق تاشلىغىنىمدۇر . لېكىن ، بۇ چاڭگاق خىيالىي
چاڭگاق ، ئۇنىڭ ماڭا بىرەلەيدىغىنى يا سېغىنىش لەززىتى ، يا پۇشايمان
ئاچچىقلا ، خالاس .

توغــرا ، هېــلىهەم مېــنىڭ بۇگۈنۈم بار ، ئەتەممۇ بار . لېكىن بۇ ،
« بۇگۈن » چەكلىك « بۇگۈن » ، ئۇ « ئەتە » چەكلىك « ئەتە » . بۇ
چوڭ چەكلىكلىكنى تولدۇرىدىغان كىچىك چەكلىكلىكلەر . مەن بۇنى
ئەقىل تاپقاندا بىلدىم ، بۇگۈن بىلدىم . بۇگۈن يەنە شۇنى بىلدىمكى ،

كىشى ھەربىر « بوٗگوٗن » نىڭ قەدرىگە يېتىشى ، شۇ « بوٗگوٗن » نى خۇشال ، مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنى بىلىشى كېرەك ئىكەن . شۇ بىر كۈنگە ھەقىقىي مەجبۇرىيەت ئارتماي تۇرۇپ ، ئەتىگە تەلمۈرۈۋەرگەن كىشى ئۆزىنى ھەر كۈنى تۇيدۇرماي ئۆلتۈرۈپ بارىدىكەن . بىز بوٗگوٗننى بوٗ- گوٗن دەيمىز ، ئەتىنى ئەتە بولغاندا يەنە بوٗگوٗن دەيمىز . مېنىڭ بۇ يەردە دەيدىغىنىم : ئادەم بوٗگوٗننى يەنىمۇ قەدىرلىشى ، ھەرگىز ئەتىگە تەلمۈر- مەسلىكى كېرەك ئىكەن . مەن بۇ گەپنى بوٗگوٗن دەۋالدىم ھەم يېزىپ چىقتىم . ئەتە بۇنى بەلكىم ئوغلۇم ئۇقار ، كېيىن نەۋرىلىرىم ، ھەتتا چەۋرىلىرىممۇ ئوقار . ئەگەر بۇنىڭدىن ئۇلار ئانچە - مۇنچە نەپ ئالالىسا ، مەن مۇشۇ گەپنى قىلىۋالغان « بوٗگوٗن » ىمدىن قانداقمۇ رازى بولماي ! مەن خۇشال ئەۋلادلىرىمغا پايدىلىق گەپ - سۆزلەرنى قىلالىغان « بوٗ- گوٗن » ىمنىڭ بارلىقىدىن خۇشال ، مېنى ئەسلەيدىغان ، ياد ئېتىدى- غان « ئەتە » لەرنىڭ بارلىقىدىنمۇ خۇشال ...

لېكىن ... شۇنداقتىمۇ ... ئۆتكەن كۈنلىرىمنى سېغىنىمەن ، ئۆت- مۇشۇمنى سېغىنىمەن ...

ھەي ، ئۆتكەن كۈنلەر ...

## پەيلىمدىن كۆردۈم

مەن ئۆيدە يولۋاس ئىدىم ، بىر بالام يۈرەكسىز توشقان بولدى .

مەن ئۆيدە دەھشەتلىك بوران ئىدىم ، بىر بالام بوران سوققان تەرەپكە ياتىدىغان مەجنۇنتال بولدى .

مەن ئۆيدە سۈرلۈك لاچىن ئىدىم ، بىر بالام سوقۇشقاق خوراز بولدى .

مەن ھەممىنى پەيلىمدىن كۆردۈم .

## يىغا ۋە كۈلكە

ئالدىمغا ئالەمچە خۇشاللىق كەلسىمۇ كۈلمەن ؛
بېشىمغا ئالەمچە خاپىلىق كەلسىمۇ كۈلمەن .
چۈنكى ، ئالەمگە كېلىشىمدىمۇ يىغا ، ئالەمدىن كېتىشىمدىمۇ يىغا .
پەقەت مېنىڭ مەۋجۇتلۇقىملا كۈلكە .

## ئۆزگىنى كۆرسىتەر ، ئۆزى كۆرۈنمەس

ئۆزى كېسەلمىسىمۇ پىچاقنى كېسەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە قىلغان تاش .
ئۆزى ماڭمىسىمۇ پۈتىنى توغرا يولدا ماڭغۇزغان باش .
پىچاق تاشسىز ھامان كېسەلمەس .

ئاياغ باشسىز ھامان كېزەلمەس .

## سۈكۈت

ئاقىل بىر سورۇندا مەسەل باشلىۋىدى ، نادان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ لاپقا چۈشتى . ئاقىل ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلدى . سورۇن ئەھلى ئاۋۋال نادانغا نارازىلىق ئارىلاش قارىدى ، ئاندىن ئاقىلغا كۆز تاشلىدى ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپلا چۈشەندى :

نادان مىڭ سۆزلىسىمۇ ، ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭگە ھېچنېمە يوقمىدى ؛ ئاقىل سۆزىنى بۆلۈپ سۈكۈت قىلدى ، لېكىن ئۇنىڭ يەكۈنىنى ھەممە ئۇقتى .

# ئەقىدىنىڭ يىلتىزى

مەن دادامغا خەت يازدىم :

« ... دادا ، مەن ئۆزۈمنى يوپۇرماق ھېسابلىسام ، سىنى گويا يىلتىز كۆرىمەن ، چۈنكى يىلتىزسىز يوپۇرماق بولمايدۇ .

مەن ئۆزۈمنى كېپىنەك كۆرسەم ، سىنى خۇددى گۈلزارغا ئوخشىتىمەن . چۈنكى ، كېپىنەك گۈلزارسىز كۈچ ـ مادار تاپالمايدۇ .

مەن ئۆزۈمنى قېيىق كۆرسەم ، سىنى بەئەينى دەريا ھېسابلايمەن . چۈنكى ، قېيىق دەرياسىز ھېچ مەزگىلگە بارالمايدۇ ... »

دادامدىن ماڭا جاۋاب خەت كەلدى :

« بالام ، سەن ئۆزۈڭنى يوپۇرماق ھېسابلىساڭ ، خەلقىڭنى يىلتىز ھېسابلىغىن ، چۈنكى ، شۇ يىلتىزسىز مەنمۇ شاخلىيالمايتتىم .

سەن ئۆزۈڭنى كېپىنەك كۆرسەڭ ، دىيارىڭنى گۈل ـ گۈلىستانغا ئوخشاتقىن ، چۈنكى ، شۇ گۈلىستانسىز مەنمۇ كۈچ ـ مادار تاپالمايتتىم .

سەن ئۆزۈڭنى قېيىق كۆرسەڭ ، ئەل قويىنىنى بەئەينى دەريا بىل ، چۈنكى شۇ دەرياسىز مەنمۇ ھېچ مەنزىلگە بارالمايتتىم ... »

مەن دادامنىڭ جاۋابىدىن ئەقىدىنىڭ يىلتىزىنى تاپقاندەك بولدۇم .

( بۇ نەسرلەر ، يازغۇچىنىڭ ، « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 5 ـ سانى ، « تەڭرىتاغ » ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 4 ـ سانى ، « شىنجاڭ مەدەنىيىتى » ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 3 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان نەسرلىرى ئىچىدىن ئېلىندى » ) .

# ماھىيەتنىڭ ئاشكارىلىنىشى

نۇرمۇھەممەت توختى

## 1

ئۇ خۇددى باش باھاردا دەسلەپ ئېچىلغان كاككۇك گۈلىدەك كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئالەمچە سۆيۈنۈش ئەكەلدى. يۈرەكلەر ئويناپ، ھېس تۇيغۇلار خۇددى گۈل ـ چىمەن يايلاقتا كېزىپ يۈرگەن مەيىن باھار شامىلىدەك يايرىدى. كۆزلەردىن ئۇچقان بەخت ئۇچقۇنلىرى بولسا، كۈلكە ئاۋازى ۋە مەمنۇنلۇق سادالىرىنى نۇر تېزلىكىدە يىراق ـ يىراقلارغا ئەكېتىشتى... خۇشال بولمىغان ۋە پەخىرلەنمىگەن ھېچكىم قالمىغانىدى. كىشىلەر ئەقىللىق ۋە چېچەن ئىدى. ئۇ قانداق تۇيۇقسىز نامايان بولغان بولسا، كىشىلەرمۇ ئۇنى خۇددى شۇنداق تېزلىك بىلەن تونۇۋېلىشتى. ئۇنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى، ھەتتا تارىخىي ئەھمىيىتى، ئۇلۇغ ئەھمىيىتى ۋە ئالەمشۇمۇل ئەھمىيىتىنىمۇ تونۇپ يېتىشتى. دېمەك، كىشىلەر ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى چۈشىنىۋېلىشقان ھەتتا بىلىۋېلىشقانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شەنىگە ئەڭ تاتلىق سۆزلەردىن توقۇلغان مەدھىيىلەر خۇددى گۈل ـ چېچەك يامغۇرىدەك ياغدى. كۆكسىگە شەرەپ گۈلى قادىلىپ، ھۆرمەتلىك ئورۇنغا — كىشىلەر قەلبىنىڭ ئەڭ تۆرىگە تەكلىپ قىلىندى. كىشىلەر ئۇنى بېشىغا كۆتۈرۈپ، شان ـ شەۋكەتنىڭ زەڭگەر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلدۇردى. جاھاننى چاڭ كەلتۈرىدىغان گۈلدۈراس ئالقىش، پاراسلىغان پوجاڭزا ئاۋازى، پەتنۇسنىڭ ئاغزىدەك قىلىپ ياسالغان قىپقىزىل سۈنئىي گۈل ۋە قىزىل قەغەزگە ئۇستىخانلىق قىلىپ يېزىلغان «خۇش خەۋەر» دېگەن چىرايلىق خەت

ئۇنىڭغا يەنىمۇ كۆپرەك تەنتەنە بېغىشلاپ ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى يەنىمۇ روشەنلەشتۈرۈۋەتتى . كىشىلەر جاك ـ دۇمباق چېلىشتى ، چاۋاك چېلىشتى ، سەكرەشتى ۋە ئۇسسۇل ئويناپ ، ناخشا ئېيتىشتى .

ئۇنىڭ ئۆزى بولسا ئۆزىدىكى ئاجايىپ خاسىيەتتىن بىخەۋەر ئىدى . قەدىر ـ قىممىتى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنىڭ مۇنچىۋالا يۈكسەك ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى . ئۇ كىشىلەرگە شۇنچىۋالا شادىيانىلىق بېغىشلىيالىغانلىقىدىن ھەيران ھەم خۇشال بولدى . ئۇنىڭ ئەنە شۇ ئىناق ۋە قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرىگە قاراپ « مەن غەلبە ! تونۇمايدىغانلار تونۇۋېلىڭلار غەلبە دېگەن مەن بولىمەن » دەپ ۋارقىرىغۇسى كەلدى . چۈنكى ، ئۇ ئۆزىگە قىلىنغان ئىززەت ـ ھۆرمەتتىن رازى بولغان ۋە ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى ھېس قىلغانىدى .

ئۇنىڭ ئىسمى راستىنلا غەلبە ئىدى . ئۇتۇق ياكى نەتىجە دەپ ئاتىسىمۇ بولىۋېرەتتى . ئۇ پاراسەت بىلەن شىجائەتنىڭ ئوغلى بولۇپ ، جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن قان ـ تەر ئۇنىڭ تۇغۇت ئانىسى ئىدى . ئۇ تۇغۇلغاندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى شان ـ شەرەپكە يۆگەپ ئالقىش بۆشىكىدە ئەللەيلەپ باقاتتى .

بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى . غەلبە شان ـ شەرەپ زاكىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن دۇنياغا نەزەر سالدى . خۇشاللىق ، ئىناقلىق ، ھەمدەملىك ۋە بىر ـ بىرىگە مېھىر بىلەن تىكىلىشلەر ئۇنى رازى قىلدى . ئۇ دۇنيانىڭ گۈزەل ۋە يېقىملىق ئىكەنلىكىنى ، مۇھەببەتكە تولغانلىقىنى ھېس قىلدى . گۈزەللىك تۇيغۇلارنى جانلاندۇرىدۇ . ئىسسىق مېھىر ـ مۇھەببەت بولسا ، ئۇنى قاناتلاندۇرۇپ خۇشاللىققا ئايلاندۇرىدۇ . دېمەك ، خۇشاللىق قاناتلانغان تۇيغۇنىڭ ئۆزىدۇر . گۈزەل ۋە مۇھەببەتكە تولغان دۇنيانى كۆرگەندە ، غەلبە قانداقمۇ خۇشال بولماي تۇرالسۇن ؟! ئۇ خۇددى سۈت ئۇيقۇسىدا چۈش كۆرگەن بوۋاقتەك ئاجايىپ تاتلىق كۈلۈمسىرىدى . خۇشاللىق ئۇنىڭ زىناقلىرىدا جىلۋە قىلدى .

لېكىن ، غەلبىنىڭ خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارمىدى . نامى بار بىر

زاۋۇت ، مەسئۇل ئورگاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يوغانلىقى جىنىنىڭ ئاغ-
زىدەك كېلىدىغان ھەشەمەتلىك بىر ئالتۇن ئوردىنىنى لايىھىلەپ ياساپ
چىقتى . ھېلىقى مەسئۇل ئورگان بولسا ئوردىنىغا بەش يۈز يۈەن نەق پۇل
ۋە ئىككى دەرىجە مائاشمۇ قوشۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى . شۇنىڭ
بىلەن كىشىلەر ئۇنى تالىشىشقا باشلىدى . ئۇلار ئۆز تۆھپىلىرىنى تۆگ-
دەك كۆپتۈرۈپ ، باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنى « بۇرگىچىلىك » دەپ كەمسى-
تىشكە باشلىدى . تالاش ـ تارتىش شۇنداق ئەۋجىگە چىقتىكى ، كىم-
نىڭ ھەق ، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى ، كىمنىڭ لاياقەتلىك ، كىمنىڭ
لاياقەتسىز ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايتتى . چېچىنى يېڭى پاسوندا بۇ-
دۈر قىلدۇرۇۋالغان بىر مودا خوتۇن ، ئىنژېنېرنىڭ كۆزلىرىگە قوللىرىنى
چىنەپ تۇرۇپ : « مەن بولمىسام بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقاتتىمۇ ؟ غەلىبە
نېمىشقا ماڭا نېسىپ بولمايدىكەن ؟ » دەپ چالۋاقىدى . ئۇنىڭ ئىنژېنېر-
نىڭ ئالدىدا نېمىشقا بۇنچىۋالا چوڭچىلىق قىلالايدىغانلىقىنى ئىنژېنېردىن
باشقا ھېچكىم چۈشىنەلمىدى . باشقۇرغۇچى : « ھەممىنى تەييار قىلغان
مەن ، مەن ئارقا سەپنى تولۇقلىمىغان بولسام ، سىلەر نېمە ئىش قىلالايت-
تىڭلار ؟ مېنى ھېچقايسىڭلار تىلغا ئالمايسىلەرغۇ ، ئۇتۇن يارغان پالتا
سىرتتا قالسۇنمۇ ؟ » دەپ ھۆركىرىدى . يەنە بىر ياش يىگىت : « كىم
ئالدى بىلەن تەشەببۇس قىلدى ؟ ئەمدى تېخى ... ھوي سىلەر نېمە
چۈش كۆرۈۋاتىسىلەر ؟ » دەپ دوق قىلدى . كۆز نۇرلىرى ئاللىقاچان
ئۆچكەن بىر بوۋاي « سىلەر تەجرىبە دېگەننى بىلەمسىلەر ؟ ئېيتىڭلار-
چۇ ، كىمنىڭ تەجرىبىسى كۆپ ؟ دەپ خىرقىرىدى . ئاخىرىدا پارتكوم
شۇجىسى سالاپەت بىلەن گېلىنى قىرىپ : « بۇ ئىشقا زادى كىم رەھبەر-
لىك قىلدى ؟ سىلەر بۇ نۇقتىنى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويدۇڭلارمۇ ـ
نېمە ؟ » دېدى تەمكىنلىك بىلەن ، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئىشەنچ چاقناپ
تۇراتتى ... كىشىلەر ئەنە شۇنداق تالاشتى ، تىللاشتى ، شاللىرىنى چې-
چىشتى ، ھەتتا بىر ـ بىرىنى يەتكۈدەك غاجىلاشتى . غەلىبىنىڭ كۆز ئال-
دىدىكى دۇنيا ، ھەسەت ۋە ئىچى تارلىقنىڭ بۇس ـ تۇمانلىرىغا غەرق
بولغان ، رەسۋاچىلىق ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەنىدى . ئۇ ئازاب ئىچىدە

چوڭقۇر خىيالغا پاتتى . « مەن كىشىلەرگە نېمە ئەكەلدىم ؟ ئۇلارنى نې-
مىگە ئىگە قىلدىم ؟ مېنىڭ ئۇلارغا بەرگىنىم ئەنە شۇ ھەسەت ، ئىچى
تارلىق ، ئاچكۆزلۈك ۋە شەخسىيەتچىلىكمۇ ؟ ئۇلارنى ئېرىشتۈرگىنىم ئەنە
شۇ رەسۋاچىلىقمۇ ؟ ئاھ ، خۇدا ، مەن نېمە قىلىپ قويدۇم ؟ » غەلىبە
ئەنە شۇ بىر دەقىقە ئىچىدە كۆپ نەرسىلەرنى چۈشەندى : ئۆزىنىڭ ما-
ھىيىتىنى — يۈزەكى جەھەتتىن كىشىلەرگە خۇشاللىق ئەكەلگەندەك
قىلغىنى بىلەن ، ئەمەلىيەتتە ئاچ كۆزلۈك ، شەخسىيەتچىلىك تارتۇق قى-
لىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندى . ئۇ قاتتىق ئازابلاندى ، دۇنياغا كەلگىنىگە
چەكسىز پۇشايمان قىلدى .

ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىناقلىق ، ھەمدەملىك ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت
نەگىدۇر يوقالغانىدى . پەقەت سوغۇق ۋە سېسىق بىر ھاۋالا ئۇچۇپ يۇ-
رەتتى . غەلىبە رەسۋاچىلىقتىن ئەڭ قورقاتتى . ئۇ قورقۇپ بېشىنى يۆگە-
كىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالماقچى بولدى . لېكىن ، كىشىلەرنىڭ ئۇرۇش ـ
تالاشلىرى ئىچىدە، يۆگىكى بولغان شان ـ شەرەپنىڭ ئاللىقاچان ۋەتۋە-
رىكى چىقىپ كەتكەن ، ئۇنى ئەللەيلەيدىغان ئالقىش سادالىرىمۇ ئۆچكە-
نىدى . غەلىبە توڭلاشقا ، مۇزلاشقا باشلىدى ، سېسىقچىلىقتىن دېمى سى-
قىلدى ، بۇزۇلدى . دۇنياغا كەلگىنىگە يەتكۈچە پۇشايمان قىلدى ۋە ئۇ-
لۇپ قالدى . كېيىن كىشىلەر كۆردىكى ، ئۇ كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ
يېتىپتۇ .

## 2

ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى مەيۈسلۈك قاپلىغاندا دۇنياغا كەلدىمۇ
ياكى ئۇ تۇغۇلغانلىقتىن كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئارامى يوقالدىمۇ ؟ بۇ ئې-
نىق ئەمەس . قانداقلا بولمىسۇن ، ئۇ كۆزلىرىنى ئاچقان چاغدا ئەڭ
دەسلەپ تۆۋەن ئېگىلگەن باشلارنى ، ئېچىنىش ۋە پۇشايماننىڭ كۆلەڭ-
گىسى بىلەن نۇرسىزلانغان كۆزلەرنى كۆردى ، جاھان خۇددى تۈن
كېچىدىكى گۆرىستاندەك سۈكۈتكە چۆككەن بولۇپ ، كىشىلەر تۇيۇقسىز

زۋۋانى تۇتۇلۇپ قالغاندەك جىمجىت پالەچ بولۇپ قالغاندەك ھەرىكەتسىز ئولتۇرۇشاتتى . ئۇلارنىڭ بۇ ئولتۇرۇشلىرى خۇددى مۇزلاپ قېتىپ قال-غان دەرياغا ، نەدىدۇر دۆۋىلەپ كېلىپ كەڭ سايدا توختاپ قالغان ھە-رىكەتسىز قۇرام تاشلارغا ئوخشىشاتتى . بۇ ھالەت گويا ئەبەدىي ـ تاكى قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغاندەك كۆرۈنەتتى .

ئۇ كىرىپ كەلدى . خۇددى غەپلەت ئۇيقۇسى ۋە شېرىن خىياللار ئىچىدىن ، ھاراق ـ شارابلار ئىزىلغان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلۇق شىرەلەرنىڭ ئاستىدىن ، گۈزەل خېنىملارنىڭ نازلىق بېقىشلىرىدىكى كۆز نۇرلىرى ئا-رىسىدىن چىقىپ كەلگەندەك تۇيدۇرماستىن كىرىپ كەلدى . ئۇ تولىمۇ تۇيۇقسىز پەيدا بولغانىدى . كىشىلەر ھاڭ ـ تاڭ قالدى ، ھەتتا خېنىملار ھەيرانلىقتىن چىرقىرىشىۋەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ھەرىكەتكە كەلدى . بۇ جانلىنىش ئۇنىڭ كىرىپ كېلىش بىلەن بولدىمۇ ياكى خې-نىملارنىڭ چىرقىراق ئاۋازى كىشىلەرنى ئويغىتىپ چۆچۈتۈۋەتتىمۇ ؟ بۇنى بىلگىلى بولمايتتى . كىشىلەر ئالاقزادىلىكتىن كېيىن ئۇنىڭغا خۇددى يىرگىنچلىك بىر نەرسىنى كۆرگەندەك نەپرەت بىلەن تىكىلدى . كۆز-لىرىنى قەھرلىك ئالايتىپ ھومايدى . ھەتتا قايسىدۇر بىرى شالاقتىدە بىرنى تۈكۈرۈۋەتتى .

ئۇ ھەيران قالدى . ئۆزىنىڭ بۇنداق ئەدەبسىزلەرچە قارشى ئېلىنىشقا دۇچار بولۇشىنى زادى ئويلاپ كۆرمىگەنىدى . ئۇ سۇرلۇك ، غەزەپلىك ، نەپرەتلىك كۆزلەرنىڭ ئالدىدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تېڭىرقىدى : ھو-دۇقتى ، ھەتتا قورقتى . ــ ھەممە ياق ئەدەبسىزلىك بىلەن تولغان ئاجا-يىپ دۇنياكىنا بۇ ، ــ دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە ، ــ مۇھەببەت ، دوست-لۇق ، مېھىر ـ ۋاپا ، مېھماندوستلۇق ، كۆيۈنۈش ، مېھرىبانلىق ... نەلەر-گىمۇ كەتكەندۇ ؟ ــ ئۇ ئىلگىرى كىشىلىك دۇنيانى گىرەلەشكەن ياخ-شىلىق بىلەن يامانلىق ئۆزئارا سىڭىپ كەتكەن بىر سەينا دەپ بىلەتتى . ئەمدى كۆردىكى ، نەپرەتمۇ ، غەزەپمۇ ، ئۆچمەنلىك ۋە ۋاپاسىزلىقمۇ تاق ھالەتتە تۇرۇپتۇ . جاھان دېگەن بۇ دەرۋازىنىڭ پەقەت تىك شادىلىرىلا قېلىپ ، توغرا شاخلىرى يوقىلىپ كېتىپتۇ ...

ئۇ خـيالدىن ئويغىنىپ ، كىشلەرنىڭ نەپرەت مۆلدۈرلىرى يې-
غىپ تۇرغان مۇزدەك كۆزلىرىنى يەنە كۆردى . ئۇلارنىڭ بېقىشلىرى بە-
ئەينى يىلاننىڭ قاراشلىرىدەك سوغۇق ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى . ئۇ نېمە
قىلارىنى ، ئۆزىنى نەگە قويارىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى . شۇ ئارىدا
كىمدۇر بىرسى قورقۇشتىن تىترىگەن ئاۋاز بىلەن « ئەنە مەغلۇبىيەت ،
ئەنـە مەغلۇبىيەت ! » دەپ ۋارقىرىۋەتتى . ئۇ ھېلىقى ۋارقىرىغاننىڭ ئۆ-
زىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بىلدى .

راسـت ، ئۇنىڭ ئىسمى مەغلۇبىيەت ئىدى . ئادەتتە كىشلەر ئو-
گۇشسىزلىق دەپمۇ ئاتىشاتتى . ئۇ كەم ئەقىل بىلەن بوشاڭلىقنىڭ قىزى
بولۇپ ، ھورۇنلۇق بىلەن قانائەت ئۇنىڭ تۇغۇت ئانىسى ئىدى . ئۇ تۇ-
غۇلغاندىن كېيىن كىشلەر ئۇنى پۇشايمان بىلەن نادامەتكە يۆگەپ ، لە-
نەت ـ نەپرەت بۆشۈكىدە جالاقلىتىپ دۇشكەللەشكە باشلايدۇ .

بۇ قېتىممۇ خۇددى شۇنداق بولدى . مەغلۇبىيەت پۇشايمان زا-
كىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ ، مۇز چىراي جاھانغا كۆز سالدى . لەنەتلىك
كۆز ، نەپرەتلىك كۆز ، سوغۇق كۆز ، ھەسرەتلىك كۆز ، ئەلەملىك
كـۆز ... چوڭ كۆز ، كىچىك كۆز ، يۇمىلاق كۆز ، ئۈچ بۇرجەك كۆز ،
قىيسىق كۆز ، پۇلتاي كۆز .. قارا كۆز ، بوز كۆز ، قىزىل كۆز ... ھەممە
كۆزلەر ئۇنىڭغا يىرگىنچ بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى ، ئۇ جاھاننىڭ سەت ۋە
يـېقىمسىزلىقىنى ، نەپرەتكە تولغانلىقىنى ھېس قىلدى . سەتلىك تۇي-
غـۇلارنى مۇزلىتىدۇ . نەپرەت بولسا قەلبلەرنى توڭلىتىپ ، ۋۇجۇدلارنى
جـالاقـلىتىپ تىترىتىدۇ ـ دە ، ئۇنى پۇشايمان ـ نادامەتكە ، كۆڭۈلسىز-
لىك ۋە بىئاراملىققا تولدۇرىدۇ . دېمەك ، نادامەت ـــ مۇزلىغان تۇيغۇنىڭ
ئاھ ـ زارىدۇر ... سەت ۋە نەپرەتكە تولغان دۇنيانى كۆرگەندە ، مەغلۇبى-
يەت قانداقمۇ بىئارام بولماي ، نادامەت چەكمەي تۇرالسۇن ؟ ئۇ خۇددى
چۆشىدە قارا بېسىپ قالغان مومايدەك كەيپسىزلىنىپ شۈمشەيدى . جۆپ-
تىدىن ئايرىلىپ قالغان دەمدەردەك ئاھ ئۇرۇپ زارلىدى . قەلبىنى غەم
باستى . چىرايىدا قايغۇنىڭ چوڭقۇر ئىزلىرى قورۇق پەيدا قىلدى . ئاھ ،
بۇ نېمىدېگەن تەقدىر ؟ قانداق قىسمەت ؟ ئۇ ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان

كۆلپەتنىڭ سەۋەبىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى .

ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن تىكىلىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ قەلبىنىمۇ غەم باسقان ، چىرايلىرىمۇ غەم قورۇقلىرى بىلەن تولغانىدى . ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى قانداق قىسمەتنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلەلمەي ئاۋارە ئىدى . لېكىن ، ئۇزۇن ئۆتمەي كەلگۈلۈك ئاشكارىلاندى .

يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگان ، مەغلۇبىيەتنىڭ تۇغۇلۇش مۇناسىۋىتى بىلەن كۆچلۈك ئىبارە ، غەزەپلىك تەنقىد ، ئاچچىق تەنىلەر بىلەن تولغان ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلدى . ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ، مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى ، ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش ئىشخانىسى قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم هالدا خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى ئەۋەتىپ ، مەغلۇبىيەتنىڭ تۇغۇلۇشىدىكى سەۋەبلەرنى ، زىيانلارنى ، جاۋابكارلارنى ئېنىقلاشقا كىرىشتى . سۈرۈشتۈرۈشلەر باشلىنىپ كەتتى .

ئىنژېنېرنىڭ ئەڭ يېقىن چۆپقەتلىرى ئەڭ ئالدى بىلەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنى ئىزدەپ كەلدى . ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ، هارامزادىنىڭ ئاتىسى پەقەت ئىنژېنېرلا ئىدى . تېخىچە دەم ئېلىشقا چىقماي سۆرىلىپ يۈرگەن پېشقەدەم تېخنىك « تەجرىبىسى يوق خام كاللىلارغا ئىنژېنېرلىق تاجىسىنى كىيدۈرگەننىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇ » دەپ چالۋاقىدى . پارتكوم شۇجىسى كەسپىي سىياسەتچىلەرگە خاس سالماقلىق بىلەن « بىزدە كەسپىي ئىشلارنى زاۋۇت باشلىقى تۇتۇپ ئىشلەيدۇ . پارتىيە بىلەن هۆكۈمەت ئايرىلدى ئەمەسمۇ ؟ ئەسلى بۇنداق چوڭ ئىشنى ئىنژېنېرنىڭ مەيلىگە تاشلاپ قويماسلىق كېرەك ئىدى — هەي . . . » دېدى .

كىشىلەر مەغلۇبىيەتنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىشەتتى . هېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا بولغۇسى كەلمەيتتى . مەغلۇبىيەت خۇددى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ هەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدىكى پۇتبولغا ئوخشىشىپ قالغانىدى . ئۇ بۇنىڭغا ، بۇ ئۇنىڭغا تېپىپ - ئۇزىتىپ بېرەتتى . هەممىسى بىرلىشىپ ئاخىرىدا ۋارتاغا — ئىنژېنېرغا قارىتىپ تېپەتتى . ئىنژېنېر خۇددى يەكچەشمىنى ، يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى ، قورقۇنچلۇق ئالۋاستىنى ، كىشىلەر ئەڭ يىرگىنىدىغان غەلىتە مەخلۇقنى تۇغدۇرۇپ سالغان

بەختسىز تۇغۇت ئانىسىدەك بىچارە ھالغا ياكى ھارامدىن بولغان ھارامزا-
دىنىڭ قانۇنسىز ئاتىسىدەك ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى . لېكىن ،
ئۇمۇ بوش كەلمىدى . ئۇمۇ باشقىلارغا — شۇجىغا ، ئۆز ياردەمچىلىرىگە ،
ياشلارغا ، قېرىلارغا ۋە يەنە قانداقتۇر نامى ئېنىق ئەمەس مۇتەئەسسىپ -
بيۇروكراتلارغا ، بوشاڭلارغا ، ئىش بۇزارلارغا ئىتتىرەتتى . ھەتتا ئۇ قۇ-
رۇق نامىلا بار ، ھوقۇقى يوق زاۋۇت باشلىقىغىمۇ ئىتتىرىپ باقتى .
كىشىلەر مەغلۇبىيەتنى بىر - بىرىگە ئەنە شۇنداق ئىتتىرىشەتتى .
« مانا مەن مەسئۇل » دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ چىققىدىغان نوچىدىن بى-
رىمۇ تېپىلمىدى . لېكىن ، مەغلۇبىيەتنىڭ كۆز ئالدىدىكى بۇ دۇنيا ، ئۇ-
نىڭغا خۇددى ئۆتۈنۈش ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن تولۇپ كەتكەندەك
كۆرۈندى . ئۇ كىشىلەرنى خۇددى ئېسىل بىر نەرسىنى بىر - بىرىگە
سوۋغا قىلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلدى . شەخسىيەتچىلىكتىن ئەسەرمۇ قال-
مىغاندەك ، ئاچ كۆزلۈك ، كۆرگەنلا نەرسىگە چاڭ سېلىش ، ھەممىشەم
ئۆزىنىڭ كۆمۈچىگە چوغ تارتىش ، مەنپەئەت ئۈچۈن ۋىجدانىنىمۇ ئاي-
ماسلىق .... لار بولسا ئاللىقانداق بىر پىنھاندا ئۆزىنى دالدىلىغاندەك ئىدى .
مەغلۇبىيەت بۇنداق قىلىقلارنىڭ دۇنيادا مەۋجۇت بولغانلىقىغىمۇ ئىشىنەل-
مەي قالدى . ئۇ ئىلگىرى بۇلار توغرىسىدا ئاڭلىغان . مانا ئەمدى يوق
تۇرۇپتۇ . بۇ نېمە سەۋەبتىن ؟ مەغلۇبىيەت بۇنىڭ ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇشى
بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى غۇۋا چۈشەنگەندەك بولدى . « مەن
كىشىلەرگە نېمە ئەكەلدىم ؟ ئۇلارنى نېمىگە ئىگە قىلدىم ؟ » ئۇ مانا
مۇشۇنداق سوئاللار ئۈستىدە ئۇزۇنغىچە ئويلاندى . ئۇنىڭ كۆڭلى
خۇددى تاڭ پەيتىدەك ، قاراڭغۇ قازناقتا بىردىن چىراغ يېقىلغاندەك يو-
رۇپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھازىرغىچە نامەلۇم بولغان بىر
ئىقتىدارنى تونۇپ يەتكەندەك ، بىلىپ يەتكەندەك ئىدى . « كىشىلەرمەن-
دىن نەپرەتلەنگىنى بىلەن ، مەن ئۇلارغا ئۇلاردا ئەڭ كەم بولغان نەر-
سىنى تەقدىم ئەتتىم . ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىكى ئەڭ رەزىل يالقۇنلارنى بىر
مەزگىل بولسىمۇ ئۆچۈرۈپ تاشلىيالىدىم . ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئەڭ ئالىيجا-
ناب خىسلەتلەرنىڭ ئۇرۇقىنى بىخلاندۇردۇم . كىم مېنى قىلچىلىكمۇ

تۆھپىسى يوق دەپ ئىيتالايدۇ ؟ سىلەر ماڭا ئۇنچىۋالا نەپرەت بىلەن تى-
كىلمەڭلار . مىنى بۇنچىۋالا قاتتىق دۇشكەلىمەڭلار . مىنىڭمۇ ئۆزۈمگە لا-
يىق تۆھپەم بار ... » مەغلۇبىيەت ئەنە شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى .
لېكىن ، ئۇ ئۆزى كۆرگەن ئەنە شۇ تۇماننىڭ كەينىدە ، ئەنە شۇ چىراي-
لىق رەڭلەر پەردىسىنىڭ كەينىدە ، يەنىمۇ رەزىل ئويۇنلارنىڭ ئوينىلىۋاتى-
قانلىقىنى ، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى بىر - بىرىگە ئۆتتۈنۈپ بېرىشلىرىنىڭ ئەڭ
ئەشەددىي مەنپەئەتپەرەسلىك سەۋەبىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلال-
مىدى ۋە چۈشىنەلمىدى . چۈشىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . چۈنكى ،
كەم ئەقىل بىلەن بوشاڭلىقتىن تۇغۇلغان بۇ قارشى ئېلىنىماس سەت قىز-
نىڭ ئەقلىمۇ ئەنە شۇنچىلىك ئىدى . شۇنداق بولسىمۇ ، ئۇ ئۆزىنىڭ
ھېس قىلغانلىرىنى بىردىنبىر ھەقىقەت دەپ بىلەتتى . ئۇ كىشىلەر ۋۇ-
جۇدىدىن شەخسىيەتچىلىك ۋە مەنپەئەتپەرەسلىكنى بىر مەزگىل بولسىمۇ
قوغلىۋەتتىم دەپ خۇشال ئىدى . خۇشاللىق قەلبلەردىكى ئارزۇ - ئۈمىد-
لەرنى يەنىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ . ئۈمىد بولسا يەنىمۇ زور ھاياتىي كۈچ بې-
غىشلايدۇ ...

شۇنداق قىلىپ ، مەغلۇبىيەت كىشىلەرنىڭ لەنەت - نەپرەتلىرى
ئىچىدە ئۆلۈپ قالمىدى . « مايماق قاپاقنىڭ بېغى بەك » دېگەندەك ، يا-
شاپ قېلىۋەردى . كېيىن كىشىلەر كۆردىكى ، ئۇ قانائەت دەرىخىنىڭ سا-
يىسىدا سايداپ ، بوشاڭلىقنىڭ شوينىسىدا لەگلەك ئۇچۇرۇپ ، ئاللى-
قانداق تەسەللى سۈيى بىلەن ياشاپ يۈرۈپتۇ .

( بۇ نەسر ، يازغۇچىنىڭ ، « كۆلۈپ كۆرگەنلەر ۋە كۆرۈپ كۈلگەنلەر »
ناملىق نەسرلەر توپلىمىدىن ئېلىندى . )

## قەلبىمدە ئانا يۇرت سۆيگۈسى

روشەنگۈل تۇرسۇن

« جان ۋەتەن جانان ۋەتەن ،مەن سەن ئۈچۈن جاندىن كېچەي .

كۆچ بېرىپ تۇرغان تېنىمگە قېقىزىل قاندىن كېچەي .
كىم يۇرەك رىشتىنى سەندىن ئۈيلىسا ئۈزمەك ئۈچۈن ،
كۆيدۈرۈپ نەپرەت ئوتۇمدا يۈز ـ نومۇس ئاردىن كېچەي . »

مەن ۋەتىنىمنى سۆيىمەن ، يۇرتۇمنى سۆيىمەن . چۈنكى ، ئۇ ماڭا هايات بەردى ، بەخت بەردى ، سۆيگۈ بەردى . ئۇنىڭ ئىللىق كەڭ قوينى مېنىڭ ئالتۇن بۆشۈكۈم ، بۇ بۆشۈك رىتىملىق تەۋرىنىشلىرى بىلەن ئىنسانىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ھەققىدە ئىلىم بەردى .

ئاشۇ تار كوچىلار ، تۇرقىدىن ئەجدادىمىزنىڭ ئەقىل نۇرى تامچىپ تۇرىدىغان رەستىلەر ، مەخمەلسىمان ياپپېشىل يايلاقلار ، بۇلبۇللار چاڭىلداپ سايراپ ، كېپىنەكلەر لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشكەن باغۇ بوستانلىقلار ئانا يۇرتقا ، پەرزەنتلىك مېھرىمگە مەڭگۈ خورىماس نۇر ـ زىيا بەردى .

« ۋەتەننى سۆيۈش » ئاددىي ، ئەمما ئۇلۇغ سۆز . ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى شۇ يەردىكى ، ئۇنىڭغا ئىنسانىي بۇرچ تامغىسى بېسىلغان ، ھاياتلىق دۇنياسىغا « ئىنسانلىق تاج » نى كىيىپ كۆز ئاچقان ھەربىر ۋەتەن پەرزەنتى ، ئانا ۋەتىنى ئالدىدىكى پەرزىنى ھەم قەرزىنى تولۇق ئادا قىلمەن دەيدىكەن ، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز ھاياتىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى « ئىنسانىي بۇرچ تارازىسى » دا ئۆلچەپ بېقىشى كېرەك . ئەلۋەتتە ، بۇ تارازىدا ئۆلچىنىدىغىنى ھەرگىزمۇ بىزنىڭ مال ـ دۇنيارىمىز ، لاتاپەتلىك ، بەردەم جىسمىمىز ، ھەشەمەتلىك سورۇنلىرىمىز بولماستىن ، بەلكى مەنىۋى كۈچ ـ قۇدرىتىمىز ، ئەل ـ ۋەتەن ئۈچۈن قوشقان تۆھپىمىز بولىدۇ . مانا مۇشۇ بۈيۈك قىممەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەربىر ھايات ئېگىسى بار ۋۇجۇدى بىلەن هارماي ئۆگىنىشى ، تالماي تەر ئاققۇزۇشى تولىمۇ زۆرۈردۇر .

دەۋر چاقى ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە . رىقابەت ، ئۇچۇر دەۋرى ، چىۋەر ، زېرەك ، قابىلىيەتلىك ھەم ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە ۋەتەن پەرزەنتلىرىگە موھتاج بولماقتا . ۋەتەننىڭ ھەيۋەتلىك تاغ ـ دەريالىرىنى ،

مول نېمەتلىرى ۋە ئېگىز بىنالىرىنى كۆپلەشلا بىزگە كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇ بىزنىڭ باتۇر، قەيسەر، ئىشچان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ قان تەرلىرىنىڭ مەھسۇلى. ئەمدى بىز بۇ تۇپراقتا قانچىلىك ھىممەت كۆرسەتتۇق، نېمەلەرنى ئاتا قىلالىدۇق؟! شەكسىزكى، ۋەتەن ئۈچۈن مېھنەت تۆكمىگەن، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى سەزمىگەن ئىنسان مەڭگۈ يېتىملىك ئازابىدا ئىڭرايدۇ. تارىخ بېتىدىن ئىزسىز يوقىلىدۇ.

ئىنسان سانالماق ئاسان، ھەقىقىي ئىنسان بولماق بەكمۇ قىيىن. ئانا تۇپراقتا كۆچەت بولۇپ يېتىلمەك ئاسان، ئانا ۋەتەن ئېتىكىگە مېۋە بولۇپ تۆكۈلمەك قىيىن. پەقەت ۋەتەن، مىللەتنىڭ تەقدىرىنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ قولىمىزدىكى قاپارتقۇلاردىن، پېشانىمىزدىكى تەرلەردىن شېرىن چۈشلىرىمىزگە كەشتە ئىشلىيەلىگەن چېغىمىزدىلا، ئاندىن بۇ ئۇلۇغ ئانىنىڭ ئەجرىدىن تارتىنماستىن بەھرە ئالالايمىز. شۇ چاغدىلا يۈزىمىز تارىخ، مىللەت ئالدىدا ئاق بولىدۇ، پاك بولىدۇ، قايسى بىر شائىر:

« ئالتە كۈنلۈك گۈلگە ئوخشاش ئىنسان ھاياتى،
ئەجرىمىزدىن خۇش ئېتەيلى دوستلار قەلبىنى »

دەپ يازغانىكەن تولىمۇ نادانلىق بىلەن. شۇنداق، ئىنسان ھاياتى بەكمۇ چەكلىك. ئەمما، بىز تىرىشساق، ئىزدەنسەك، ئۆگەنسەك، ئىشلىسەك مۇشۇ چەكلىك ھاياتتا ئەل ئۈچۈن چەكسىز راھەت بېغىشلىيالايدىغان سوۋغىلارنى قالدۇرالايمىز. بۇ سوۋغىلار پېشانىمىزگە ئۆمۈرلۈك بەخت نۇرىدىن ھەل بېرىپ بىزنى مەڭگۈلۈك ھۆرمەت، ساداقەت تەختىدە ئولتۇرغۇزىدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي گۈزەللىك ئۇنىسىزمۇ كۆيلىنىۋېرىدۇ.

ۋەتەن ئۈچۈن قەلبىمىز گۈلخان بولۇپ يانسا، رەقىبلىرىمىز ئۈچۈن سۇلماس ئەقىدىمىز، ئۆتكۈر خەنجەر بولۇپ يالتىرىسا، شۇ چاغدا بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز ئۇزايمىز ...

قېنى دوستلار، ۋەتەن، مىللەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىمىز،

سۈيتىمىز ، بۇرچىمىز ئۈستىدە قايتىدىن ئويلىنايلى . قەلبىمىزدىن نۇر ئاقسۇن ، تىلىمىزدىن ھېكمەت شەربىتى ، يورۇتايلى . ئۇنىڭ بىلەن ۋەتەن باغرىنى !

( « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . » )

## يول

غۇجىمۇھەممەت مۇھەممەت

يول — ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزىدۇر . ئاياغ ئىزلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭلا يـول بولۇشى ناتايىن . ئادەم بۇ دۇنيادىن ئىزدەشلىرىدە يول تاپالمايدۇ . چۈنكى ، ئۇ شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىدە . ئۇ دۇنيادا ماڭغۇدەك يول قالمىغاندا ئاندىن نامايان بولىدۇ . بۇ يول ھەممىدىن مۇشەققەتلىك ۋە پارلاقتۇر .

يول چەكسىزدۇر ، بىر يولنىڭ ئاخىرى يەنە بىر يولنىڭ بېشىدۇر . ئۇ پەقەت ئۆلۈم بىلەنلا تامام بولىدۇ . ئۆلۈمدىمۇ تاماملانمىغان يول مەڭگۈلۈك يولدۇر . ئۇ دەل ھەقىقەت يولىدۇر .

ھـەممە ئادەم كىرىۋالغان يول قىستا - قىستاڭ ۋە پاتقاقتۇر . بۇ يولدا ماڭغان ئادەم ئۆز يولىنى يوقىتىپ قويىدۇ . ھېچكىم ماڭمىغان قاراڭغۇ ۋە خەتەرلىك يولدا بەلكىم ئىقبال پەرىسى ئۇخلاپ ياتقاندۇ ! ... بۇ يول تەۋەككۇل قىلىشقا ئەرزىيدۇ . تەگرى ئېيتقان : « مەن تەۋەككۇلچىلەرنىڭ دوستى » دەپ .

دوستلىرىم ۋە رەقىبلىرىم مېنى ئىككى تەرەپكە — يوللىرىغا تارتماقتا . نىھايەت ، مەنمۇ ئۆز يولۇمدا مېڭىپ باقاي ، گەرچە ئۇ چاتقال تىكەنلىك ۋە ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولسىمۇ ...

( « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

# دانا بىلەن نادان

قۇربان ئەمەت

دانا ، نادانغا تەربىيە قىلدى :

— ئىنسىڭدە مەھكەم تۇرسۇنكى ، ئەقىل ـ پاراسەت ھەممە ئادەمگە ئادىللىق بىلەن بابباراۋەر بۆلۈپ بېرىلگەن . ئۇنى قانداق پەرۋىش قىلىش ۋە ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۆزلۈكتىن ، ئۇنى ئېزىقتۇرۇپ قېچىش ئۆزلۈكسىز-لىكتىن بولىدۇ . ئەقىل مېۋىسى پىشىپ ۋايىغا يېتىشكە باشلىغاندا ،شەي-تان ھەممە ئەتراپقا تېرىقتەك تېرىلىپ ، كېزىكتەك يامراپ ، ئەقىل مېۋ-سىگە سالجىدەك چاپلىشىدۇ ـ دە ، ئۇنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن ئېلىپ قاچىدۇ ، پەقەت بىر بۆلۈك كىشىلەر باركى ، ئۇلار شەيتاننىڭ قۇترىتىشى ئەتراپىنى قۇچقان پەيتتە ئويغاق ھالەتتە ئولتۇرۇپ ، ئۆز پەرۋىشى ئاستى-دىكى ئەقىل مېۋىسىنى ھوشيارلىق بىلەن قوغداپ قالىدۇ . شەيتان ئاپىتى بېسىققاندىن كېيىن پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ئۆزلىرى پەرۋىش قىلغان ئەقىل مېۋىسىنىڭ ھوزۇرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ .ئۇلار دەۋرىنىڭ دانالىرىدۇر . شۇڭا ، سەن دانالارنىڭ نەسىھەتلىرىنى زېھىن قويۇپ ئاڭ-لىمىقىڭ ۋە تەلەپ ـ مۇراجىئەتلىرىنى شەرتسىز بەجا كەلتۈرمىكىڭ بەرھەق .

نادان ھاڭ ـ تاڭ بولغان ھالدا دانادىن سورىدى :

— ئەگەر مەن ھېچ كىشى ئۆگەنمەيدىغان ، پەقەت باشقىلارغا-ئۆگىتىشنىلا ئويلايدىغان مۇھىتتا ياشاۋاتقان بولسام ، ئۇ ھالدا كىمنىڭ سۆزىگە چىن پۈتۈپ ، كىمنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماسلىقىم لازىملىقىنى قانداق بىلەلەيمەن ؟

دانا ئېيتتىكى :

— ئەي نادان ، ناۋادا سەن نەسىھەتچىلەرگە تولغان دەۋردە يا-شاۋاتقان بولساڭ ، ئۇنداقتا كىمنىڭ ئەقلى زىيادە بولسا شۇنىڭ تەربىيە-

تىدە ئۆتمىكىڭ لازىم .
— ئۇنداقتا شەيتاننىڭ ئىلكىدىكى ئەقىل - پاراسەتكە ئېلىنجا قىلىپ ، ئۇنىڭ تەربىيىتىگە ئۆتمىكىم لازىممۇ ؟
— نېمىشقا بىمەنە سۆزلەيسەن ؟
— شەيتان ھەممىمىزنىڭ ئەقلىنى ئوغرىلاپ قاچقان تۇرسا ، يەنە كىمدىمۇ زىيادە ئەقىل بولسۇن ؟
دانا بىر ئاز تېرىككەندەك بولدىيۇ ، يەنە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ سۆز ئالدى :
— سېنى نادان دەپ ئاتىشىم سەۋەبسىز ئەمەس ، نادانلار كۆز ئالدىدا تۇرغان ئەقىل - پاراسەت ساھىبىنى تونۇمايۋاتىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا سەن مېنىڭ نەسىھىتىمگە قۇلاق سالمىغىڭ لازىم . مەن ساڭا ھەقىقىي توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويالايمەن .
— ئۇنداقتا سىز مېنىڭ يولۇمنى كۆرسىتىپ بېرىڭچۇ .
— مانا ئەمدى دۇرۇس سۆزلەۋاتىسەن ، سەن مېنىڭ پېشىمگە مەھكەم ئېسىلمىقىڭ ۋە نەسىھىتىمگە قۇلاق سالمىقىڭ لازىم . پەقەت شۇنداق قىلىشلا ھاياتىڭدىكى ئەڭ ئاقىلانە تاللاشتۇر .
نادان ئۈن - تىنسىز ھالدا ئولتۇرۇپ قالدى . دانا يەنە نېمىلەرنىدۇر دېگەندەك قىلدى . بىراق ، نادان ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدى . ئۇ دانا ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈۋاتاتتى : « شەيتان ئەقىل مېۋىسىنى ئوغرىلايدۇ ، ئاندىن دانا سىياقىغا كىرىۋېلىپ نادانلارغا تەربىيە قىلىدۇ . ئاندىن بىر توپ مۇلايىم نادانلارنى ئارقىسىغا سېلىپ ئۆزى بارماقچى بولغان تەرەپلەرگە ئېلىپ كېتىدۇ . بىراق ، ئۇلار نېمىشقا شەيتان بىلەن ھەمسەپەر بولىدۇ ؟ مەن نادانمەن ، بۇمۇ شەيتاننىڭ ئاقىلانىلىقىنى كاپالەتلەندۇرۇش ئۈچۈن . مەن ئۆگەنگۈچىمەن ، بۇمۇ شەيتاننىڭ ئۆگەتكۈچىلىك ئورنىنى تىكلەش ئۈچۈن ، مەن يوق ھېسابتىكى بىر جان ئېگىسىمەن ، بۇمۇ شەيتاننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تايىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن ، مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنى شىللەمگە قوندۇرۇپ يۈرگۈدەكمەن ؟ نېمە ئۈچۈن ئۆز مەۋجۇتلۇقۇمنى ھەقىقىي رەۋىشتە تايىن تاپقۇزۇشقا تىرىشمىغۇدەك-

مەن ؟ » نادان ئۆزىنىڭ ئاخىرقى پاراسەت ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىش بە-دىلىگە شۇلارنى ئويلاپ يەتتى. دانا ئۇنىڭ دولىسىغا بوشقىنا ئۇرۇپ قو-يۇپ ، يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكتە ، ئۇنى قايسىدۇر بىر نامەلۇم تەرەپكە دەۋەت قىلماقتا ، ئۇنىڭ ئەقىل مېۋىسىنى بىر - بىرلەپ يۇتاپ قويىنىغا تىقماقتا ...

نادان كىچىككىنە بولسىمۇ قەتئىي قارارغا كەلدى - دە ، ئورنىدىن دەست تۇرۇپ ، تىنىمسىز پەندىيەت قىلىۋاتقان دانانىڭ باش ئۇستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ، ئۆز يولىنى تېپىش ئۇچۇن يىراق مەنزىللەرنى كۆزلەپ يۈرۈپ كەتتى .

( بۇ نەسىر ، يازغۇچىنىڭ ، « بوستان » ژۇرنىلى 1997 - يىللىق 4 - سا-نىدا « ۋىسال سىرتمقى » سەرلەۋھىسى ئاستىدا ئېلان قىلىنغان بىر يۈرۈش نە-سىرلىرى ئىچىدىن ئېلىندى . )

## چۈشەنچە

ئابدۇغېنىجان سەيدىن

كامالەت تەختىدە ئولتۇرغان دانا چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى يىراق - يىراقلارغا تىككىپ خىتاب قىلدى :

— مۇھەببەت — ھاياتقا ھايات ، يېگى مەنە ئاتا قىلغۇچى قۇدرەت ئىلاھى .

ئىشقى پىراقىنىڭ گۈلخانىدا يۈرىكى پۇچىلانغان سەۋدايى خور-سىندى :

— مۇھەببەت ئارامىلىقنى بۇزغۇچى . گۆدەكلىك شادلىقنى ئوغرى-لىغۇچى ؛ بىر شادلىقنى قەتل قىلىپ يەنە بىر خۇشاللىقنى ئاپىرىدە قىل-غۇچى لەززەتلىك ئاچچىق مەي .

دەرۋىش گەدىنىنى قاشلاپ غۇدۇردى :

— مۇھەببەت بىر مەۋھۇم نەرسە. مەۋھۇم نەرسىگە چوقۇنۇش ئوخشاشلا ئەخمەقلىق؛ مۇھەببەت شەيتان. ئەقلنى بۇلغاپ، جەننەت ھۇزۇرىدىن تەرك ئەتكۈزگۈچى ئىبلىس.

ئېغىر سۆكۈنات ئىچىدە ئۇلۇغۋار ھېسسىياتقا تۇغۇت ئانىسى بولۇۋاتقان شائىر پىچىرلىدى:

— مۇھەببەت گۈزەللىك ئىلاھىنىڭ مۇقەددەس لىرىكىسى، ناخشىنىڭ بۇلىقى، بەختىنىڭ ئانىسى، ھاياتلىقنىڭ ئۈزۈلمەس رىشتىسى.

بىر كىچىك بالا ھەيرانلىق ئىلكىدە چۇرقىرىدى:

— مۇھەببەت يەيدىغان نەرسىمۇ؟

(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

## ۋاپا

ئاتىكەم مۇھەممەت

چاچلىرى ئۆسۈپ سالۋارىغان، مەشۇقىنىڭ ئىشقىدا چىرايى كۆزدىكى ياپراقتەك سارغايغان مەجنۇن دانادىن سورىدى:

— ئەي ئەقىل ئىگىسى، ھازىرقى ئىنسانلاردىكى ۋاپا نەگە كەتتى؟ دانا ئېيتتى:

— ۋاپا ئاتا ـ ئانىڭنىڭ يۈرىكىدە، بالىلىرىڭنىڭ تىلىدا.

(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

# ئىككى نەسىر

ياقۇپ سەيدۇل

## سەكراتتىكى ماجرا

قېرىپ ھالىدىن كەتكەن يىلتىز تۇپراقتا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىش قۇدرىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالدى ، چىلان رەڭ تۇپراق يىلتىزغا بەرگەن نېسىۋىسىدىن مىننەت قىلىشقا باشلىدى ؛ يىلتىز تولىمۇ ئوڭايسىزلاندى ، ئازابلاندى ؛ كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك نىدا قىلدى ، بۇ نىدا جان ھەلقۇمىدىكى ئەنسىز تېپىرلاشقا ، ھېسسىياتسىز يېلىنىشقا ، ھىجرانسىز بوزلاشقا ئوخشىمايتتى ؛ ئۇ تراگېدىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇرلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ساپ نىدا ئىدى . يىلتىزنىڭ نىداسى شاخلاردىن ئۆتۈپ ياپراقلارغا يەتتى ؛ ئۇلار دەرھال يىلتىزنى ئۇنتۇپ ئۈستۈنلۈك تالىشىش كۈرىشىنى باشلىۋەتتى ؛ دەل شۇ چاغدا قېرى تېرەك غولى ئىچىدە بىر قۇرت ئوزۇق ئىزلەپ قىمىرلاپ كەتتى ؛ ئاچلىقتىن ھالسىزلانغان بىر تۆمۈر تۇمشۇق تىرەككە قونۇشقا ئاران ئۈلگۈردى . قېرى تېرەك ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆز يېشىنى تۆكتى .

## ئارزۇ

توكۇر ئاقساش بىلەن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرغاچ ئىككى خىل ئارزۇنىڭ ئىستىكىدە كۆيىدۇ . بىرى بېجىرىم كىشىلەردەك ساغلام مېڭىش ئىمتىيازىغا ئىگە بولۇش . يەنە بىرى ، ساغلام كىشىلەرنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش توكۇر بولۇشىنى تىلەش .

( بۇ ئىككى نەسىر ، ئاپتورنىڭ ، « تارىم » ژۇرنىلى 1999 - يىللىق 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان « نەسىرلەر » سەرلەۋھىسى ئاستىدىكى بىر يۈرۈش نەسىرلىرى ئىچىدىن ئېلىندى . « ئىككى نەسىر » دېگەن سەرلەۋھە تۈزگۈچى تەرىپىدىن قويۇلدى . )

## ئەكس سادا

بىر بالا ئەكس سادانىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن . بىر قېتىم ئۇ تاغقا يالغۇز بېرىپ : « ۋوي ! ۋوي » دەپ ۋارقىرىغانىكەن ، يېقىن ئەتراپتىكى تاغلاردىن « ۋوي ! ۋوي ! » دېگەن ئەكس سادا ئاڭلىنىپتۇ . ئۇ : « سەن كىم ؟ » دەپ ۋارقىرىغانىكەن ، « سەن كىم ؟ » دېگەن سادا ئاڭلىنىپتۇ . ئۇ يەنە « سەن كالۋا ! » دەپ ۋارقىرىغانىكەن ، تاغدىن « سەن كالۋا » دېگەن سادا كەپتۇ . بالا ئاچچىقىدا تاغنى تىللاشقا باشلاپتۇ . تاغدىنمۇ ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلماي جاۋاب كېلىۋېرىپتۇ .

بالا ئۆيگە قايتىپ ئەھۋالنى ئاپىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ . ئاپىسى ئۇنىڭغا : « بالام ، توغرا قىلماپسەن ، ئەگەر سەن ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن گەپ قىلغان بولساڭ ، ئۇمۇ ساڭا مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب بەرگەن بولاتتى » دەپتۇ . بالا « ئەتە بېرىپ ياخشى گەپلەرنى قىلىپ باقاي » دەپتۇ .

« شۇنداق قىل — دەپتۇ ئاپىسى ، — تۇرمۇشتا ئەر - ئايال ، قېرى - ياش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، كىمكى باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلسا ، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ . خۇددى ئاقىللار ئېيتقاندەك يۇمشاق سۆز غەزەپنى يوقىتىدۇ ، ئەگەر ئۆزىمىز قوپال بولساق ، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ دوستانە مۇئامىلىسىگە ئېرىشەلمەيمىز . »

بالا ئەتىسى يەنە تاغقا بېرىپ : « ياخشىمۇسەن ؟ » دەپ ۋارقىرىغانىكەن ، تاغدىنمۇ « ياخشىمۇسەن ؟ » دېگەن سادا كەپتۇ . ئۇ يەنە « بىز دوست بولايلى ! » دەپ ۋارقىرىغانىكەن ، تاغدىنمۇ « بىز دوست بولايلى !! » دېگەن سادا كەپتۇ .

## ئەڭ سۆيۈملۈك ئىش ــ كۆكۆل بۆلۈش

باشقىلارغا كۆكۆل بۆلۈشىمىز كېرەك .

كۆكۆل بۆلۈش خۇددى يامغۇر تامچىسى ، سۇ تامچىسى قۇياش نۇرىدا پارغا ئايلىنىپ ، ئاق بۇلۇت ۋە شامالالار بىلەن بىللە ساياھەت قىلىدۇ ، باشقا تامچىلارغا قوشۇلۇپ ئېغىرلاشقاندا ، يامغۇر تامچىلىرىغا ئايلىنىپ ئۇستىگىزگە ، چېچىگىزغا چۈشىدۇ . شۇ چاغدا سىز ئۇنى تونۇيالامسىز ؟ سىز بۇ ئالەمگە تەقدىم قىلغان كۆكۆل بۆلۈش ، خۇددى ئاشۇ يامغۇر تامچىسىغا ئوخشاش ئۇچۇپ كېتىدۇ ، ئاندىن يەنە ئايلىنىپ سىزنىڭ قەلبىگىزگە قايتىپ كېلىدۇ . بۇ خىل ئايلىنىش توختاپ قالماستىن دەۋرىي قىلىپ تۇرىدۇ .

بەختلىك بولۇشنىڭ مەخپىي رېتسېپى ــ كۆكۆل بۆلۈشتە ، نۇرغۇن ـ نۇرغۇن كۆكۆل بۆلۈشتە .

كىچىك دوستلار ، سىلەرمۇ باشقىلارغا كۆكۆل بۆلۈشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار . بىز كۆكۆل بۆلۈشنى خۇددى گۈل ئۇرۇقلىرىنى ئەتراپقا چاچقاندەك يىراق ـ يىراقلارغا چاچايلى . بۇ ئۇرۇقلار قەيەرگە چۈشسە ، شۇ يەردە چېچەك ئاچسۇن .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## تولۇنئاي بىلەن سۆھبەت

ئابلىمىت مەمتېلى

مەن تەپەككۇر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىپ قاتمۇقات ھاۋا قاتلىمىنى كېسىپ ئۆتۈپ يۇلتۇزلار ئارا ئۇچۇپ ئايغا قوندۇم .

بىردىنلا تولۇنئاي مەندىن سوراپ قالدى :

— مەن داۋاملىق بۇ كەڭرى بوشلۇقتا يەر شارىنى ئايلىنىپ يۈرگىنىمدە جەننەتتەك بىر گۈزەل دىيار كۆكلۈمنى تارتىدۇ. بۇ قەيەر ؟
مەن تولۇنئايغا قاراپ دېدىمكى :
— ھۆسنىدىن نۇر تامدىغان ئۇ گۈلجامال ماكان — مېنىڭ ئانا ۋەتىنىم .
— ئۇنىڭ ئوتلۇق مېھرى مېنىڭ قەلبىمنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالدى . ئۇ ۋولقانمۇ ياكى گۈلخانمۇ ؟ — دېدى ئاي يەنە .
— ياق ، ئۇ ۋولقان ياكى گۈلخان بولماستىن ، بەلكى مىليون يۈرەكنىڭ سۆيگۈ ئوتى . قار - مۇزلار شۇ يالقۇن تەپتىدە ئېرىيدۇ . ئۇ ئالتۇن دىيارىمنىڭ كەڭ قوينىنى گۈلگە ئورايدۇ .
— مەن يەنە بىر ئىللىق نۇرنى كۆرىمەن ، ئۇ نېمە ؟ — دەپ سورىدى تولۇنئاي .
— ئۇ پۈتۈن خەلقىمنىڭ پولاتتەك ئىرادىسى . مېھنەت ئەجرىدىن چاقناۋاتقان نۇر . شۇڭا ، نۇر بىلەن خەلقىم بەختىيار بولغان . شۇڭا ، بىز ئۇنى ۋەتەن - خەلقىمنىڭ بەخت نۇرى دەيمىز .
— ۋەتىنىڭ ، خەلقىڭ بەختلىك ئىكەن . مەن شۇنداق بىر تۇپراق بولۇپ ، ئىنسانلار سۆيگۈسىدىن نۇرلىنىپ يانسام ، مەنمۇ ئاۋام خەلققە كەڭ قۇچاق ئاچسام ، خەلق مەندىن بەھرىمەن بولسا ، مېنىڭ قىلچە ئارمىنىم قالمايتتى .
مەن بۇ چاغدا ھاياجىنىمنى باسالماي تولغىنىۋاتتىم :
— ئەي كائىنات ، ئاڭلىغىن مېنىڭ سۆزلىرىمنى ، مەن شۇ ئالتۇن تۇپراقنىڭ پەرزەنتى بولغانلىقىمدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن . شۇ تاپتا قەلبىمدە ئانا ۋەتىنىمگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت ئوتلىرى لاۋۇلداۋاقتا . ياشلىق غۇرۇرۇم ۋەتەنگە كۆپرەك تۆھپە قوشۇشقا قىستىماقتا . مەن چوقۇم چەكسىز بىلىم دېڭىزىدا ئۈزۈپ ، ھالال مېھنىتىمدىن تاپقان ئۈنچە - مارجانلىرىمنى ئانا ۋەتىنىمنىڭ بوينىغا ئاسىمەن .
( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## ھەقىقەت بىلەن خاتالىق

ئالدىراش كېتىۋاتقان بىر يولۇچى سىرلىق بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ ئىشىكنى قېقىپتۇ . ھايال بولمايلا ئۆيىنىڭ ئىچىدىن بىرسى چىقىپتۇ :

— كىمنى ئىزدەيسىز ؟

— ھەقىقەتنى ئىزدەيتتىم .

— سىز خاتا كېلىپ قاپسىز ، مەن دېگەن خاتالىق ، — ھېلىقى كىشى شۇنداق دەپلا ئىشىكنى « گۇپپىدە » يېپىۋاپتۇ .

يولۇچى يەنە داۋاملىق ئىزدەشكە مەجبۇر بوپتۇ . ئۇ ئۇزۇن يوللارنى يۈرۈپ ، تاغ - دەريالارنى كېزىپتۇ . لېكىن ، ھەقىقەتنى زادىلا تاپالماپتۇ . ئاخىر ئۇ : « ھەقىقەت بىلەن خاتالىق ئۆزئارا رەقىبلەر ، خاتالىق ھەقىقەتنىڭ نەدىلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ » دەپ ئويلاپتۇ - دە ، دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ ، يەنە خاتالىقنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ .

— مەنمۇ دەل ھەقىقەتنى ئىزدەۋاتاتتىم ، — خاتالىق ئىشىكنى يەنە يېپىۋاپتۇ .

يولۇچى نىيىتىدىن زادى يانماپتۇ . ئۇ ئايلىنىپ - ئايلىنىپ يەنىلا خاتالىقنىڭ قېشىغا كېلىپ قاپتۇ ، لېكىن خاتالىق زادى ئۇچۇق چىراي ئاچماپتۇ .

ئىشىكنىڭ توختىماي قېقىلىشىدىن خاتالىقنىڭ قوشنىسى ئويغىنىپ كەتكەنىكەن . يولۇچى ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا خاتالىقنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەندە ، ئىشىك ئېچىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ . يولۇچى قايرىلىپ شۇنداق قارىسا ، ھەقىقەت تۇرغۇدەك !

ھەقىقەت خاتالىقنىڭ قوشنىسى . كىشىلەر ھەقىقەتنى خاتالىقنىڭ ئىشىكنى نۇرغۇن قېتىم ئۇرغاندىن كېيىنلا تاپالايدۇ .

( « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

# هايات ئۆزىگىزگە مەنسۇپ

كىشىلىك هايات گويا بىر ئەپسانىۋى ھېكايە ، ئۇنىڭ ۋەقەلىكى ئەگرى ـ توقاي ، تەپسىلاتلار تولىمۇ مۇرەككەپ ، ئاگاھ بولغىنىكى ، سەن ئۇنى ھەرقاچان ئوقۇپمۇ بولالمايسەن ، بۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ ئول-تۇرما ، بولمىسا ھېكايەگنى ئۆزۈپ قويىسەن . بىلىشىڭ كېرەككى ، بۇ ھېكايىنىڭ ئاپتورىمۇ ، باش قەھرىمانىمۇ ئۆزۈڭ ، كىتابخانلىرىم بولسۇن دېسەڭ ، ئۆزۈگمۇ ماھىر كىتابخان بول ، ئۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇر . ئۇ-مىدسىزلەنمە ، « داغدام يول بولالمساڭ ، چىغىر يول بولساگمۇ مەيلى . »

هايات مانا مۇشۇنداق سىرلىق ۋە چەكسىز بىر جەريان . ئۇنى ئىسسىق قانلىرىڭ بىلەن يېزىپ چىق ، سەۋر ـ تاقەت بىلەن ئوقۇ ، جا-سارەتلىك بول ، « قۇياشنى يوقىتىپ قويۇشتىن قورقساڭ ، يۇلتۇزلىرىگ-دىن ئايرىلىپ قالىسەن » . زىغىرلىما ، بىرلا قۇياش ھەممىلا جايغا ئۆز نۇرىنى ئوخشاشلا چېچىۋاتامدۇ . بەزىلەر ئالتۇن كاسىلار بىلەن ئېسىل شارابلارنى ئىچكەن ۋاقىتدا ، سېنىڭ باغرىگنى تاش ۋە قارا تۇپراققا يې-قىپ ئىگىشىپ سۇ ئىچكىنىگچىلىك لەززەت ئالغانمىدۇ ؟ گەپ بۇنىگدا ئەمەس ،مۇھىمى ئۆز قەدىر ـ قىممىتىگنى قانداق ئۇلۇغلىشىگدا . هايات شۇنداق بىر كومېدىيە ، ئۇنىگدا ھەر كىم ھەر خىل روللارنى ئالىدۇ ، بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ قانداق رول ئېلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ ، بۇنىسى ئەڭ ئېچىنىشلىق . لېكىن ، ئاخىرقى ھېسابتا ھەممىسى پۈتكۈل بىر ئويۇننىڭ بىر ھالقىسى سۈپىتىدە ئۆزىگە خاس ئورۇندا بىر ـ بىرىگە قاراپ ئاقىدۇ ، ھەرىكەت قىلىدۇ ،شۇنداقتىمۇ ئۆز سىيماسىدا ئايرىم پەرقلىنىپ تۇرىدۇ . بەزىلەر مەھرۇم بولىدۇ ، بەزىلەر ئېرىشىدۇ ؛ بەزىلەر ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچانلىقىدىن بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ ؛ بەزىلەر يۇمران چۆپ-لەردەك ئەۋرىشىملىشىپ باشقىلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەيدۇ .

ئەمەلىيەتتە ، كىشىلىك هاياتىنىڭ بۇ سەھنىسىدە ، كۆرۈنۈشلەر

ئالمشىپ تۇرسىمۇ ، ھېكايە قىلىنىۋاتقان ئاشۇ ئىشلار يەنىلا داۋاملىشىدۇ . سەن ئادەملەر ، يەنىلا شۇ ئادەملەرنىڭ قانداق ياشاپ ، قانداق ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرىسەن ـ دە ، ئاندىن سەنمۇ ئۆزۈڭگە خاس ياشاش ۋە ئۆلۈش شەكلىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ كۆز ئالدىدا يا ئۇنداق ، يا مۇنداق قىياپەت بىلەن ئورۇن ئالىسەن ، ماكان ۋە زاماننىڭ بۇ ئاچىلىدا ھايات بىلەن ئۆلۈم ساڭا تەڭ قىممەتلىك سۈرەت بىلەن مۇقىملىشىدۇ ـ دە ، يا ئۆزۈڭنى بىردىنلا تاشلىۋېتىسەن ، يا بىردىنلا نۇرلىنىپ كېتىسە ـ دە ، ئۆزۈڭنى ئۆز قەدىر ـ قىممىتىڭ بىلەن كۆرۈپ يەتكەندەك بولىسەن . ئېسىڭدە بولسۇنكى ، ئەيسا : « دۇنيانى پايدا ئېلىپ ، ئۆزۈمنى ئۇتتۇرۇۋەتكىنىمنىڭ نېمە پايدىسى » دېگەندە ، « سىلەر زېمىننىڭ تۇزىسىلەر » دېيىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغان . بەزىدە بىز ئۇتتۇرۇۋېتىشلاردىن خالىي بولالمىساقمۇ ، لېكىن ئۆز تەممىزنى ، ئۆز قەدىر ـ قىممىتىمىزنى يوقىتىپ قويمىساقلا ، يەنىلا دۇنياغا ، ھاياتىمىزغا تەم ئاتا قىلالايمىز ، ھايات شۇنداق بىر قەدەھ مەي ، سەن ئۇنى ئىچىسەن ، ئاندىن باشقىلارغا ئىچۈرىسەن ، باشقىلار يەنە ساڭا ئىچۈرىدۇ ، قورقما ، سەممىي بول ، ئۆزۈڭنى ئالدىما ، ئۆزۈڭنى قەدىرلەيمەن دېسەڭ باشقىلارنىمۇ قەدىرلەشنى بىل . « قول قولنى يۇيسا ، قول كېلىپ يۈزنى يۇيار . » قارا ھەممىلا ئادەم ئۆز ھاياتىنىڭ شېرىن مېۋىسى ئەمەسمۇ ؟!

( « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## ئۇپۇق

مۇھەممەتئىمىن ئەمەت

ئۇپۇق ...

شۇنداق ، ئۇ بىر كۆز يەتكۈسىز ئۇپۇق .

ئۇ مەن ئۈچۈن ھەم يىراق ، ھەم يېقىن . مەن ئۇنى تولىمۇ يىراقتا ـــ يەر بىلەن ئاسمان ئۆزئارا سۆيۈشۈپ ، ۋىسال شادلىقى ھاسىل

قىلغان گۈزەل مەنزىرە ئىچىدە كۆرگەندەك ، يەنە بەزىدە بۇركۇت قانىتى ئاستىدىكى غوۋا قىيا تاشلار ئارىسىدىن كۆرگەندەك قىلىمەن . بىراق ، ئۇنىڭ چەك - چېگرىسى نەدە ؟ بەلكىم ئۇ مەنزىلسىز ، ماكانسىز ھەم پا-يانسىز بوشلۇقتۇر . شۇنداق ، بىز ھەممىمىز ئاجايىپ نامەلۇم بىر ئۇيۇق سىزىقىغا ئىنتىلىمىز . ئاشۇ سىزىقنى قوغلايمىز . ئاشۇ سىزىق ئۈچۈن مۇھەببەت ، ئازاب ۋە تەنھالىق دۇنياسىغا غەرق بولىمىز . ھەربىر قەدەم ، ھەربىر مەنزىل بىزگە يېڭىدىن - يېڭى ئۇپۇق سىزىقلىرىنى ھەدىيە قىلىدۇ . ئۇپۇق سىزىقىغا يېتىشىنىڭ ۋەسۋەسىسى بىزنى ھاياتنىڭ ئاخىرقى چېگرىسىغا ئېلىپ بارىدۇ . مەن ئۆلۈم پەرىشتىسىنىڭ قۇچىقىدا شېرىن ئۇيقۇغا كېتىۋاتقان دەقىقىلەردىلا ، ئاندىن شۇنى ھېس قىلدىم :

ناۋادا ئۇپۇق سىزىقىغا يېتىۋالىسام ، نەقەدەر زور پاجىئە يۈز بەرگەن بولاتتى - ھە !

( « تەڭرىتاغ » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## تاللاش

بىرقانچە ئوقۇغۇچى سوقراتتىن كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىتىنى سوراپتۇ .

سوقرات ئۇلارنى باغقا باشلاپ كىرىپتۇ . بۇ ، مېۋىلەر مەي باغلىغان پەسىل بولۇپ ، شاخلار مېۋىلەرنى كۆتۈرەلمەي ساڭگىلاپ كەتكەنىكەن . سوقرات ئۇلارغا :

— سىلەر ھەر بىرىڭلار بىر قاتار مېۋىلىك دەرەخنى بويلاپ باغنىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگە چىققۇچە ئۆزۈڭلار ئەڭ چوڭ دەپ قارىغان مېۋىدىن بىردىن ئۈزۈپ كېلىڭلار ، ئارقاڭلارغا قايتىپ تاللاشقا بولمايدۇ ، — دەپ تاپىلاپتۇ .

ئوقۇغۇچىلار باغنى كېسىپ ئۆتكۈچە ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن مېۋە تاللاپتۇ .

ئوقۇغۇچىلار باغنىڭ ئۇ قېتىغا بارغاندا ، سوقرات ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغانىكەن .

— ئۆزۈڭلار قانائەتلەنگۈدەك مېۋە تاللىيالىدىڭلارمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ سوقرات ئۇلاردىن .

ئوقۇغۇچىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ جاۋاب بەرمەپتۇ .

— نېمە بولدۇڭلار ، بالىلىرىم ، ئۆزۈڭلارنىڭ تاللىشىغا رازىمۇ سىلەر ؟ — سوراپتۇ سوقرات يەنە .

— مۇئەللىم ، ماڭا يەنە بىر پۇرسەت بەرسىڭىز — دەپتۇ بىر ئو-قۇغۇچى ئۆتۈنۈپ — مەن باغقا كىرىپلا چوڭ بىر مېۋىنى بايقىغان . لې-كىن ، تېخىمۇ چوڭى ئۇچرايدىغۇ ، دەپ ئۇنى ئۈزمەپتىمەن . باغنىڭ ئۇ قېتىغا چىققاندا باشتا كۆرگەن مېۋىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلدىم ، — دەپتۇ .

— مەن ئەكسىچە ئىشقا يولۇقتۇم ، — دەپتۇ يەنە بىر ئوقۇغۇچى ئۇلاپلا ، — باغقا كىرىپلا ئەڭ چوڭ مېۋە دەپ بىر مېۋە ئۈزگەنىدىم ، كېيىن باغدا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ مېۋىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى كۆردۈم . مۇئەل-لىم ، يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بەرسىڭىز !

— مۇئەللىم ، بىزگە يەنە بىر قېتىم تاللاش پۇرسىتى بەر-سىڭىز ! — دەپتۇ باشقا ئوقۇغۇچىلار بىر ئېغىزدىن .

— بالىلىرىم ، ئىككىنچى پۇرسەت يوق ، — دەپتۇ سوقرات بې-شىنى چايقاپ ، — كىشىلىك ھايات دەل مۇشۇنداق .

( « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## شادلىق

فەن فۇ

بىر توپ ياش شادلىق ئىزدەيمىز دەپ ، بىر تالاي باش ئاغرىقى تېپىۋاپتۇ .

ئۇلار سوقراتنى ئىزدەپ بېرىپ ئۇنىڭدىن :
— شادلىق دېگەن زادى نېمە ؟ — دەپ سوراپتۇ .
— سىلەر ئاۋۋال ماڭا بىر قولۋاق ياساپ بېرىڭلار ، — دەپتۇ سوقرات .
ياشلار شادلىق ئىزدەش ئىشىنى ۋاقتىنچە بىر ياققا قايرىپ قويۇپتۇ ۋە قولۋاق ياسايدىغان جابدۇقلارنى تېپىپ كەپتۇ ، ئاندىن قىرىق - ئەللىك كۈنگىچە ھەپىلىشىپ ، قولىمۇقول ئىشلەپ ياغاچ قولۋاقنى پۈتتۈرۈپتۇ .
قولۋاقنى سۇغا سالغاندىن كېيىن ئۇلار سوقراتنى قولۋاققا چىقىشقا تەكلىپ قىپتۇ ، ھەممەيلەن شادلىققا چۆمۈپتۇ .
— بالىلىرىم ، سىلەر شادلاندىڭلارمۇ ؟ — سوراپتۇ سوقرات .
— ئۇنى بىر دېمەك ، بەكمۇ شادلاندۇق ، — دەپتۇ ھەممەيلەن تەڭلا .
— شادلىق دېگەن مانا شۇ ، — دەپتۇ سوقرات ، — ئۇ ، سىلەر ئېنىق بىر نىشان ئۈچۈن بىر قولۇڭلارنى ئىككى قىلالماي ئىشلەۋاتقان چاغدىلا تۇيۇقسىز يېتىپ كېلىدۇ .

( « تەرمىلەر » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## غەلىتە ئازاب

لىن يەننى ( شياڭگاڭ )

ئادەملەرنىڭ ئازابلىنىشىنىڭ مەنبەسى ئادەم بولۇش بولماستىن ، بەلكى « مەن نېمە بولسام بولار » دىن ئىبارەت .
بالىنىڭ تىلى چىققاندىن باشلاپ چوڭلار بالىدىن : — سىز چوڭ بولغاندىن كېيىن نېمە ئىش قىلىشنى ئۈمىد قىلىسىز ؟ — دەپ سورايدۇ .
ئەنە شۇ دەقىقىدىن باشلاپ بالىلار مەن چوقۇم باشقا بىر نەرسىگە

ئايلىنىشىم كېرەك ئوخشايدۇ ، ــــ دەپ قارايدۇ .

ئۇنىڭ ئۇستىگە باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپلا يازدىغان ماقالە-لەرنىڭ تېمىسى مۇقەررەر ھالدا تۆۋەندىكىدەك بولۇشى كېرەك : « مېنىڭ ئارزۇيۇم » ، « مەن دوختۇر بولىمەن » ، « مەن ئادۋوكات بولىمەن » ، « مەن سېسترا بولىمەن » ، « مەن پرېزىدېنت بولىمەن » .

تۇغۇلغاندىن كېيىنكى مەشىق قىلىش تەبىئىي ئادەم بولۇشلا بول-ماستىن ، بەلكى باشقا بىر خىل نىشانلىق ، جانلىق بولۇشتىن ئىبارەت .

جەمئىيەتكە قەدەم باسقاندىن كېيىن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرۇشلار تېخىمۇ كۆپىيىدۇ ، بەزىلەر دوختۇر بولۇشنى ، ئەڭ ياخشى دوختۇر بولۇشنى خالايدۇ ، بەزىلەر سودىگەر بولۇپ ، باشقىلار-دىن تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىشنى خالايدۇ . ھەتتا ئەزەلدىن ئاكتىپ ھالدا قەلەم تەۋرىتىپ كېلىۋاتقان قەلەمكەشلەرنىڭمۇ ئىچى تىت - تىت بولىدۇ . نېمە ئۈچۈن پالانى مەندىن بەكرەك نام چىقىرىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن پوكو-نىنىڭ كىتابى مېنىڭكىدىن ياخشى سېتىلىدۇ ؟

شۇنى سورىماي تۇرغىلى بولمايدۇ : ھەي ئىنسانلار ، سىلەر زادى نېمىگە ئايلانماقچى ؟

يولۋاسمۇ يولۋاس بولۇپ تۇرىۋەردى ، چوشقىمۇ چوشقا بولۇپ تۇرىۋەردى ، قۇشلارمۇ قۇش بولۇپ تۇرىۋەردى ، بارلىق جانلىقلار ئۆز قىياپىتىنى ساقلاپ تۇرماقتا ، پەقەت ئادەملەرلا ئۆز قىياپىتىنى ساق-لىمىدى .

ئادەملەر بىرەر نەرسىگە ئايلىنىشنى ئويلاپ ئايلىنالماي ئازابلىنىپ ئۈمىدسىزلىنىدۇ .

ئىپتىدائىي ئادەملەر ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولمايدۇ ، چۈنكى ئۇلار ئىپتىدائىي ــ دە .

بۆرىمۇ غەم قىلمايدۇ ، ياخشى - يامانلىقنى تېخىمۇ ئويلىمايدۇ . ھەر كۈنى ئۆزىدىن مەن ياخشى بۆرىمۇ ياكى ئەسكى بۆرىمۇ ؟ ــــ دەپ سورىمايدۇ .

ئىنسانلار بۆرىگە قانداق قارايدۇ ، يولۋاس بۆرىگە قانداق قارايدۇ ،

بۆرىنىڭ بۇلار بىلەن نېمە كارى .

ھايۋاننىڭ قورسىقى تويسىلا قانائەتلىنىپ ، بەخىرامان ئۇيقۇغا غەرق بولىدۇ .

ئادەملەر قاچانمۇ ئادەم بولار ؟

( « ئاسىيا كىندىكى » گېزىتىدىن ئېلىندى . )

## تۇرمۇش

ئورپات ( ئافغانىستان )

سۇ ، ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۇ . بىراق ، بەزىلەر ئۇنى ئالتۇن قاچىلارغا ، بەزىلەر ھېجىرلارغا ئېلىپ ئىچىدۇ . ئالتۇن قاچىسىمۇ ، ھېجىرىسىمۇ يوق كىشىلەر بولسا ، قولى بىلەن ئۇچۇملاپ ئىچىشكە مەجبۇر بولىدۇ .

سۇ ، ئەسلىدە ھەممىسى ئوخشاشلا سۇ . بۇ يەردىكى پەرق ئۇنى ئالغان قاچىدىلا .

پادىشاھ بىلەن تىلەمچىنىڭ پەرقى « قاچا » دىلا . ئۇسسۇزلۇقتا ئەڭ تەشنا بولغان كىشىلا سۇنىڭ تەمىنى بىلىدۇ . چۆلدىن كەلگەن ، ھارغان ۋە چاڭقىغان يولۇچىلار سۇنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ .

تومۇز كۈنلىرى ئېتىزدا ئىشلەپ پۈتۈن بەدىنىدىن شۇرقىراپ تەر قۇيۇلۇۋاتقان دېھقانلار ئۈچۈن سۇ ئەڭ قىممەتلىك .

تاغدا مال بېقىپ ئۇسساپ ئېغىزلىرى قۇرۇپ كەتكەن پادىچى ، تاغدىن چۈشۈپ ئېرىق بويىدا يېتىۋېلىپ قانغۇچە سۇ ئىچتى . مانا مۇشۇ كىشىلا ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇشنىڭ قانچىلىك ھۇزۇر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ .

بىراق ، ياپپېشىل دەرەخ سايىسىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بىر كىشى يېنىدىكى چىرايلىق چەينەكتىن نەپىس ئىستاكانغا قويۇلغان چاينى بىر نەچچە يۇتۇم ئىچىپمۇ سۇنىڭ بۇنداق ئېسىل تەمى

بارلىقىنى بىلمەيدۇ .
نېمە ئۈچۈن ؟ چۈنكى ئۇ يولۇچى بىلەن پادىچىغا ئوخشاش ئۈزـ
چىـۋالا ئۇسساپ كەتمىگەن ، تومۇز كۈنلىرى ئېتىزدا ئىشلەپ باقمىغان ،
شۇڭا ئۇ سۇغا ئانچىۋالا تەشنا ئەمەس .
مەيلى كىم بولسۇن ، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتمىـ
غـان بولسا ، سۇ بىلەن تاماقنىڭ لەززەتلىنەلمەيدۇ ، تۇرمۇشنىڭ نېمىلىـ
كىنى بىلەلمەيدۇ .
( « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## شان ـ شەرەپ

يۇرىي بونداربۋ ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى )

تالانتى ئاجىز كىشىلەر ماختانچاق كېلىدۇ . ھەقىقىي تالانتلىق
كىشىلەر بولسا ئۆز شان ـ شەرىپىگە گۇمان بىلەن قارايدۇ . تالانت بىـ
رىنى شان ـ شەرەپكە ئېرىشتۈرسە ، ئۇ توغرۇلۇق ھەر خىل رىۋايەتلەر
تارىلىدۇ . مانا بۇ سەنئەتكارلارنىڭ ھاياتىدىكى ھەقىقىي شان ـ شەرەپ .
« تىنچ دون » ھەقىقەتەنمۇ نادىر ئەسەر . تولىمۇ چىن ھەم مەزـ
مۇنلۇق يېزىلغان . ھەقىقىي سەلتەنەت دەپ مانا شۇنى ئېيتسا بولىدۇ . بۇ
كىتاب بىر كىشىنىڭ قولىدىن چىققان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭدىكى بەزى
سـۆزلـەر پۈتكۈل رۇسلارغا تەۋەدەك بىلىنىدۇ . ناتالىيە ياكى ئاكسىنىيەـ
نـىڭ كىشىلىك دۇنيادىن ئايرىلغان بابلىرى ئېمدىگەن ئېچىنىشلىق يېـ
زىـلغان . ئوقۇغان كىشى ياش تۆكمەي تۇرالمايدۇ ... بۇ جەھەتتە شوـ
لوخوۋ ، لېۋ.تولستوي بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالايدۇ . ئوخشىمىغان بىرلا
يېرى ، ئۇلارنىڭ بىرسى ئاقسۆڭەك ، بىرسى تۇغما تالانتلىق پۇقرا . ئاڭـ
لىشىمچە ،مۇنداق بىر ئىش بولغانىكەن ، راست ياكى يالغىنى ماڭا نامەـ
لۇم . بىر قېتىم شولوخوۋ دون دەرياسىدا بېلىق تۇتۇۋاتقاندا ، تۇيۇقسىز
لـەيلىگۈچ سۇغا چۆكۈپ ، قارماق دەستىسى ئېگىلىپ كېتىپتۇ . « تارت !

» دەپ ۋارقىراپتۇ بىرسى ئۇنىڭغا . لېكىن ، ئۇ بۇنى ئاڭلىماپتۇ . ئۇ كىشى يەنە ۋارقىرىغان بولسىمۇ ، يەنىلا ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەپتۇ . ئۇزۇن ئۆتمەي تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئېسىگە بىر ئىش كېچىپ قارماقنى قويۇپ قويۇپتۇ ۋە چۈشتىن ئويغانغاندەك ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئارقىغا قاراپتۇ . لېكىن ، ھېچكىم كۆرۈنمەپتۇ . ئاندىن ئۇ دەريا ساھىلىغا ئۆمىلەپ چىقىپ ئۆيىگە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپتۇ ! ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ ، بىر نەچچە كۈنگىچە تالا - تۈزگە چىقماپتۇ . مانا بۇ ئىلھام كەلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى . بۇ ئىشنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىر نەرسە دېمەك تەس . لېكىن ، مۇز يۈرەك بىر كىشىنىڭ مۇنچىۋالا ئېسىل ئەسەرنى يېزىپ چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس .

( بۇ نەسىر ، يازغۇچىنىڭ « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلى 1995 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان بىر يۈرۈش نەسىرلىرى ئىچىدىن ئېلىندى . )

## يازغۇچى

يى بېيشا

قانداق كىشىلەرنى يازغۇچى دېگىلى بولىدۇ ؟

يازغۇچى ئەلۋەتتە كۆپ يول يۈرگۈچى ئەمەس . ئۇنداق بولمىغاندا ساياھەتچىلەر باشقارمىسىدىكى يول باشلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسىلا يازغۇچى بولۇپ كەتمەيدۇ .

يازغۇچى كۆرگەنلا ئىشنى يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە سۈرۈشتۈرگۈچىمۇ ئەمەس ، ئەگەر شۇنداق بولسا ، ماتېرىيال يىغقۇچى خادىم ئاللىبۇرۇنلا قولىغا قەلەم ئېلىپ ئىجادىيەتنى باشلىۋەتكەن بولماسمىدى .

يازغۇچىنى جەمئىيەتنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە چوڭقۇر چۈشىنىدىغان ئادەم دېگىلى تېخىمۇ بولمايدۇ ، چۈنكى ئىجتىمائىي خىزمەت ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى نا-

تايىن .

يازغۇچى كىتابنى كۆپ ئوقۇغۇچىمۇ ئەمەس ، چۈنكى ئەدەبىيات دوكتورلىرى يازغۇچىلاردىن كۆپ .

مويسىپىت كىشلەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرى كۆپ ، بىراق بۇ ئۇلارنىڭ يازالايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ .

تەسەۋۋۇرى كۈچلۈك كىشلەر كەشپىياتچىلار بولالايدۇ ، خالاس .

ۋاقتى كەڭتاشا ، تۇرمۇشى پاراۋان كىشلەرچۇ ؟ ياق ، ياق ، ياق ، ئۇلار تەييار تاپ بايۋەچچىلەردۇر ، ئۇنداقلاردىن ھەرگىزمۇ ئەسەر چىقمايدۇ .

ھېسسىياتچان كىشلەرچۇ ؟ ئېھتىمال ئۇلار مۇھەببەت مەستانىلىرىدۇر .

تەرتىپ - نىزاملارغا قاتتىق ئەمەل قىلغۇچى ، شەك - شۈبھەسىزكى ، چوقۇم باشقۇرۇش بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان خادىم .

تۇغما تالانتلىقلارچۇ ؟ ئەزەلدىن بىرەر كىم يەتتە يېشىدىلا قولىغا قەلەم ئېلىپ رومان يېزىپ باققان ئەمەس ، بىراق ، يەتتە يېشىدا سەھنىگە چىقىپ ئىسكرىپكا چالغانلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ .

تەلەيلىكلەرچۇ ؟

جاپادىن قورقمايدىغان ، ئىچ پۇشۇقىغا تاقەت قىلالايدىغانلارچۇ ؟ بۇ جەھەتتە يامانلىقتىكى خوتۇنلارغا يېتىدىغىنى يوق .

بىر خەتنىمۇ خاتا كەتكۈزمەيدىغان ، باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپلا سۆزلەيدىغانلارچۇ ؟ ئۇنداقلار لۇغەت تۈزۈشكە ئەڭ مۇۋاپىق .

قانداق قىلغاندا يازغۇچى بولغىلى بولىدىغاندۇ ؟ يۇقىرىقىلاردىن سىرت يەنە ئاز - تولا تەلۋىلىك ، غەلىتىلىك ۋە تەرسالىق بولغاندىمۇ - يا ؟

( « ئەدەبىي تەرجىملەر » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

# نەسىرلەر

## پىرشۋىن ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى )

### **تاڭ ھارپىسى**

ئورمانلىقتىكى ئەڭ قاراڭغۇ پەيت تۈن نىسپى ئەمەس ، بەلكى تاڭ ئالدى .

— نېمىدېگەن قاراڭغۇ - ھە ، — دېدى بىرسى .

— قاراڭغۇ دەمسەن ؟ — دېدى يەنە بىرسى ئاسمانغا بېقىپ ، — بىلگىنىڭكى ، تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن ئەنە شۇنداق قاراڭغۇ بولىدۇ .

### **سەنئەت**

پاقا يىللىق سۇ ئىچىدە خۇشاللىقىدىن تىنماي كۇركىرايدۇ . لېكىن ، ئۇ ئىتتىنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرى ئارىسىغا چۈشۈپ قالغاندىچۇ ؟

بۈگۈن مەن ئۇنىڭ ئازابلىق نالىسىنى تۇنجى نۆۋەت ئىشىتتىم ۋە ئارقامغا ئۆرۈلۈپ بۇ بەختسىز پاقىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىم ، ئۇ بىر سەكرەپلا ئېرىققا چۈشۈۋالدى . باھار ئېقىنلىرى ئۇنى يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى .

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئىككىنچىلەپ كۆرمىدىم . لېكىن ، ئۇنىڭ ئەلەملىك نالىسى قۇلىقىمدىن زادىلا كەتمىدى .

تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ئاخىر بىر كۈن يوقىلىشى مۇمكىن ، لېكىن ئۇلار كىشىلەر قەلبىگە ئۆزلىرىنىڭ ئازراق نەرسىلىرىنى بولسىمۇ يادىكار قىلىپ تاشلاپ كېتىدۇ . بۇ ئاداسقىلار كىشىلەر قەلبىگە مۇجەسسەملىشىپ چىقىش يولى ئىزلەيدۇ ۋە يېڭى بىر دۇنيا يارىتىش ئىقتىدارىنى ئاپىرىدە قىلىدۇ .

ياشاش ئۈچۈن ۋەھشىيانە جەڭگى ـ جېدەللەرنىڭ كۈشەندىسى بولۇپ قالغان ياۋايى تەبىئەت قانۇن ۋە رەھىمدىللىك بىلەنلا پەزىلەت دۇنياسىغا ئايلىنىدۇ . بەلكى ، ئىنسانلارنىڭ يەر شارىدا تۇرۇشىمۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇر .

تەبىئەت دۇنياسىدىكى سىرلىق ھادىسىلەر كىشىلەرنى دەممۇ دەم تەشۋىشكە سېلىپ تۇرىدۇ . بەلكى ، بۇ ئىنسانلارنىڭ رەھىمدىللىك ۋە گۈزەللىك دۇنياسىنى يارىتىش ئۈچۈن چەككەن ئازابلىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر ؟ بەلكى قەلبىمىزدىكى ئازابلار بىلەن سىرلىق مۆجىزاتلار دۇنياسى بىزگە بەخش ئەتكەن خۇشاللىقلارنىڭ ئۆزى سەنئەتتۇر !

## كۆڭۈل سىرلىرى

كىشىلەر ئىش كۆرگەنسېرى گۇمانخور بولۇپ كېتىدىكەن . لېكىن گۆدەكلەرنىڭ تەبىئىتىگە بىر خىل ساداقەت يوشۇرۇنغان . كىشىلەر ئۇنى ئىنسان قەلبىدىكى ئەڭ يۈكسەك پەزىلەت دېيىشىدۇ . ھەتتا « بىر سەبىي بالا بولۇپ قالغان بولسامچۇ » دەپ ئارزۇ قىلىشىدۇ .

كۆڭۈلمۇ شۇنداق . ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ . لېكىن ، تۇرمۇش كىشىلەرنىڭ كۆزىگە نا شورلۇق توپىسىنى چاچىدۇ .

مۇھەببەت ، ھەقىقەت ۋە چىنلىق دېگەنلەرمۇ شۇنداق .

مەن ئەتە شۇنداق خىياللارغا بەند بولۇپ ياشايمەن . چۈنكى ، مەن كۆڭۈل سىرلىرىمنى ئىزھارلاشقا چارىسىز .

كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىغا كۆمۈلۈپ ياتقان ھېس ـ تۇيغۇدۇر . كىشىلەرنىڭ قەلب ئىزھارى كىچىككىنە دائىرە بىلەنلا چەكلىنىدۇ . بۇ خۇددى ئورمانچىلارنىڭ ياغاچتىن باشقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگىنىدەكلا بىر ئىش .

ئىسىمدە قېلىشىچە ، بىر قېتىم گوركىينىڭ ئۆيىدە تاماق يېگەچ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەنىدىم .

— قىلىقىڭىز ئاجايىپلا ئىكەن، — دېدىم مەن.
— ھەئە، بىلىپ قويۇڭ، مەن بەك قۇۋ، — دېدى ئۇ.
مەن سەل ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب قايتۇردۇم:
— ھېچقىسى يوق، شۇنداق بولغىنى ياخشى، مەنمۇ بەك قۇۋ.
گوركىي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرەپ قويدى:
— نېمە دېدىڭىز، سىززە، سىزنىڭ نەرىڭىزنى قۇۋ دېگىلى بولسۇن.
شۇنداق قىلىپ مەن چېچەن كىشىلەر تەرىپىدىن بىر ئۆمۈر ئەخمەق سانىلىپ كەلدىم. لېكىن، قولۇمغا قەلەم ئېلىۋېلىپ ئۇلار ھەيران — ھەس بولغان ھالدا، سىز ھەقىقەتەن ئەقىللىق ئىكەنسىز، دېيىشمەكتە.

## ھەقىقەتنى قېچىش

ھەقىقەت كۆزگە سانچىلغان تىكەن. ھەقىقەتنى قېچىش تولىمۇ ئاسان، ئەمما ھەقىقەت ئۈچۈن ياشاش بەك مۈشكۈل. لېكىن، شۇ سۆز ئېسىڭدە بولسۇنكى، سەن ئۆزۈڭنى ھەقىقەتتىن قاچۇرساڭ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىگۇناھ بىر ئادەم سەن ئۈچۈن دارغا ئېسىلىدۇ.

## ئالىيجانابلىق ھاسىسى

ئادەم قەيسەر بولمايدىكەن ئاسانلا رەزىللەرنىڭ يانتايىقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى، رەزىللىك، ئاجىز ۋە ئالىيجاناب كىشىلەرگە ھېرىسمەن كېلىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى: ھەقىقىي رەزىللىك توكۇر بولىدۇ. ئۇ ئالىيجانابلىقنى ھاسا قىلمىسا يول يۈرەلمەيدۇ.

( بۇ نەسىرلەر، يازغۇچىنىڭ «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1989 — يىللىق 4 — سانىدا ئېلان قىلىنغان نەسىرلىرى ئىچىدىن ئېلىندى. )

# ئىككى نەسىر

## جىبران خېلىل جىبران ( لىۋان )

### راھەت

ھەر يىلى شەھەرگە بىر قېتىم كىرىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان بىر زاھىت دانىشمەنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— راھەت ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز ، — دېدى .

دانىشمەن جاۋابەن مۇنداق دېدى :

— راھەت — ئەركىنلىك ناخشىسى ، بىراق ئۇنىڭ ئۆزى ئەركىنلىك ئەمەس . ئۇ ئارزۇيۇڭ ئېچىلدۇرغان غۇنچە ، بىراق مەي باغلاپ پىشقان مېۋە ئەمەس .

ئۇ يۇقىرى ئۆرلەپ چىقىۋاتقان سادا ، بىراق شۇ سادا ئۇچۇپ چىققان چوڭقۇرلۇقمۇ ، ئۆرلەپ چىققان ئېگىزلىكمۇ ئەمەس .

ئۇ — قەپەس ئىچىدىكى قۇش ، بىراق قەپەسنى ئوراپ تۇرغان كۆك ئەمەس .

راست گەپنى قىلغاندا راھەت — ئەركىنلىك ناخشىسى .

بۇ ناخشىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن ، بىراق ناخشىنىڭ سېھرى بىلەن خۇدۇڭلارنى يوقىتىپ قويماڭلار .

ئاراڭلاردىكى راھەت - پاراغەتنى قوغلىشىدىغان ياشلار جازاغا ، ئەيىبكە ئۇچرىغان . بىراق ، ئۇلارنى جازالىغۇم ، ئەيىبلىگۈم يوق . قېنى ، ئۇلار راھەتنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىپ باقسۇن . چۈنكى ، ئۇلار راھەتنى قوغلاپ يېتەلمەيدۇ ، بىراق ئۇلار يالغۇز راھەتنىڭ ئۆزىنى تېپىشى بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ .

راھەتنىڭ يەتتە سىڭلىسى بار ، كەنجىسى لېۋەنلىكتە راھەتتىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ .

سىلەر بىرىنىڭ يىلتىز كولاۋېتىپ گۆھەرگە يولۇققانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلاپ باققانمىدىڭلار ؟

ئاراڭلاردىكى بەزى بوۋايلار راھەتنى ئەسلەشكەندە، مەستچىلىكتە بىرەر سەتچىلىك قىلىپ قويغاندەك ئۆكۈنۈشۈپ كېتىدۇ.

بىراق، ئۆكۈنۈش — قەلبكە بېرىلگەن جازا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا كەلتۈرۈلگەن نىقاب.

ئەسلى ئۇلار راھەتنى ئەسلىگەندە، كۈزلۈك ھوسۇلنى يىغقاندا يازدىن مىننەتدار بولغانغا ئوخشاش مىننەتدار بولغان بولسا توغرا بولاتتى.

ناۋادا ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆكۈنۈشلا ئاۋۇندۇرالىسا، بىز بۇنىڭغا يول قويايلى.

ئاراڭلاردا شۇنداقلارمۇ باركى، ئۇلار راھەتنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىدىغان ياشلارمۇ، ئەسلىمە ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەن بوۋايلارمۇ ئەمەس.

ئۇلار تەلپۈنۈش ۋە ئەسلىمىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەچكە راھەتنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلغان، روھىيىتىدىن مەھرۇم قالغان.

بىراق، ئۇلارنىڭ ۋاز كەچكىنى — راھەتنىڭ ئۆزى.

راست شۇنداق، ئۇلار تىترەڭگۈ قوللىرى بىلەن يىلتىز كولاپ يۈرۈپ ئاخىر گۆھەرنى تېپىۋالدى.

ئېيتقىنا، كىم ئۆز روھىيىتىگە خائىنلىق قىلالايدۇ ؟

بۇلبۇل كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزالامدۇ ؟ ماي قوڭغۇزى يۇلتۇزلاردىن غالىب كېلەلەمدۇ ؟

ۋۇجۇدۇڭدىكى يالقۇن ۋە ئىس - تۈتەكلەر، شامالنى ھاردۇرالامدۇ ؟

سىلەرنىڭ نەزەرىڭلاردا قەلب توختام سۇغا ئوخشايدۇ، سەن ئۇنى بۇلدۇقلاپ تۇرغان بۇلاققا ئايلاندۇرالامسەن ؟

راھەتنى باش تارتقان چېغىڭدا، سەن پەقەت تىلىكىڭنى يۈرىكىڭنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىسەن.

بۇگۈن قۇتۇلۇپ قالغان نەسلىكىنىڭ ئەتە يەنە تەكرارلىنىشىنى كىم بىلىدۇ .

ھەتتا سىنىڭ ۋۇجۇدۇڭمۇ ئۇنىڭ نەسلىگە تارتقانلىقىنى ۋە سىنىڭدىن ئۇمىد كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ ، بىراق ئالدىنىپ قېلىشنى خالىمايدۇ .

سىنىڭ ۋۇجۇدۇڭ — روھىيىتىڭ ئۈچۈن چېلىنىدىغان ساز .

ئۇنىڭدىن چىقىۋاتقان يېقىملىق مۇزىكىلارنىڭ ، شاۋقۇنلارنىڭ ھەممىسى ساڭا مەنسۇپ .

ئەمدى سىلەر ئۆزۈڭلاردىن : « راھەت ئىچىدىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى قانداق ئايرىيمىز ؟ » دەپ سوراپ بېقىڭلار .

ئېتىزلارغا ياكى باغچىغا بارغان چېغىڭدا ، ھەسەل يىغىش ھەسەل ھەرىسىنىڭ خۇشلۇقى ئىكەنلىكىنى بايقايسەن ، بىراق شىرنىسىنى ھەسەل ھەرىسىگە سوۋغا قىلىش گۈل ئۈچۈنمۇ بىر خىل خۇشاللىق .

چۈنكى ، ھەسەل ھەرىسى گۈلنى ھاياتنىڭ مەنبەسى دەپ ، گۈل بولسا ھەسەل ھەرىسىنى مۇھەببەتنىڭ ئەلچىسى دەپ قارايدۇ .

گۈل بىلەن ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەر ئىككىسى ئۈچۈن بىر - بىرىنىڭ خۇشلۇقىغا ئورتاقلىشىش ئوخشاشلا بىر خىل ئېھتىياج ۋە شادلىقتۇر .

ئەي ، ئافارس خەلقى ! سىلەر خۇشال چېغىڭلاردا ھەسەل ھەرىسى بىلەن گۈلگە ئوخشاش بولۇڭلار !

## خۇشاللىق ۋە قايغۇ

بىر ئايال ، دانىشمەنگە مۇراجىئەت قىلدى :

— خۇشاللىق ۋە قايغۇ ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز .

دانىشمەن جاۋابەن مۇنداق دېدى :

— سىنىڭ خۇشاللىقىڭ ئەسلى چۈمپەردىسىنى ئېلىۋەتكەن قاي-

خۇدۇر .

ئىچىڭگە سىغماي قالغان خۇشلۇقۇڭنىڭ ئىچىگىمۇ كۆز يېشىڭ ئارىلاشقان .

ۋۇجۇدۇڭدا يىلتىز تارتقان ھەسرەتنىڭ مەنبەسى قانچىكى چوڭقۇرلىسا ، سەن ئېرىشىدىغان خۇشاللىقمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ .

شارابقا لىق تولغان رومكاڭ خۇمداندا پىشۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى لاي ئەمەسمىدى ؟

قەلب ئىلاھىڭنى ھاياجانغا سالغان نەي خەنجەر بىلەن ئويۇلغان ياغاچ ئەمەسمىدى ؟

خۇشال يۈرگەن ۋاقتىڭدا ئۆزۈڭنى ئاستىرتىن تېزگىنلەپ تۇرغان يۈرىكىڭنى ئىلگىرى سېنى ئازابلىغان نەرسىنىڭ خۇشاللىققا ئايلانغانلىقىنى بايقايسەن .

ھەسرەت يۇتۇۋاتقان چېغىڭدا ئۆزۈڭنى تېزگىنلەپ تۇرغان يۈرىكىڭدىكى ئىلگىرى سېنى خۇش قىلغان نەرسىنىڭ ئەمدى سېنى يىغلىتىۋاتقانلىقىنى بايقايسەن .

بەزىلەر ھاياتتا قايغۇدىن خۇشاللىق كۆپ دېسە ، بەزىلەر خۇشاللىقتىن قايغۇ كۆپ دېيىشىدۇ .

مەن سىلەرگە باشقىچىرەك جاۋاب بەرمەكچىمەن ، خۇشاللىق بىلەن قايغۇ بىر تۇغقان .

شۇ ئېسىڭدە بولسۇنكى ، خۇشاللىق بىلەن قايغۇ ھاياتىڭغا تەڭلا قەدەم تەشرىپ قىلغان ۋاقىتتا ، بىرى سەن بىلەن ئۈلپەت بولۇۋاتىدۇ ، يەنە بىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، كارىۋىتىڭدا بەخىرامان ئۇيقۇغا كېتىدۇ .

سەن ھەمىشە خۇشاللىق بىلەن قايغۇنىڭ ئارىسىدا ئېسىلىپ يۈرىسەن .

سەن پەقەت شۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا تۇرغان چېغىڭدىلا تەڭپۇڭلۇقۇڭنى ساقلىيالايسەن .

سەن بىر تارازا ، خەزىنىچى سېنىڭ بىلەن خەزىنىدىكى ئالتۇن -

كۆمۈشلىرىڭنى تارتقاندا خۇشاللىقىڭ بىلەن قايغۇڭ تەڭلا يوقايدۇ .

( « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## تېرىيدىغانلار ئۈچۈن ئۇرۇق

ئەمىن رەيھانى ( لىۋان )

بەختنى ئۆيدە ، شەھەردە ، تاغلاردا ياكى خىيال سارايلىرىدا ئىزلەپ ۋاقىتنى سەرپ قىلماستىن ، ئۇنى ئەمگەكتە تاپقان ئادەم دانادۇر . ئەگەر كىمدۇر ئۆز ھەسرىتىنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئۆز قەلبىدىن ئىزلىسە ، ئۇ قىزىلگۈل نوتىسىنى تىكىپ قويۇپ ، ئۇنى قانداق ئۆسۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن ، ھەر كۈنى كولاپ كۆرۈۋاتقان ئادەمگە ئوخشايدۇ . ئۆز قەلبىڭنىڭ نوتىسى توغرۇلۇق تەربىيە ئارقىلىق غەمخورلۇق قىل ، ئۇنىڭدا بەخت شېخى ئۆسۈپ چىققان - چىقمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇ ئەتىگەنلىكى ھەمدە ئاخشىمى كولىما . ئۇنىڭ ئۈستىدە تىنماي ئەمگەك قىل ، سەن ئۆزۈڭنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىڭ ھەققىدە ئۇنتۇپ قالىسەن . ھاياتىم بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى ، مانا شۇنىڭ ئۆزى بەخت .

ئىنسانىنىڭ ھاياتى كۈچىنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭ راۋاجلىنىشىغا ياردەم بېرىدىغان ھەرقانداق ئىش — مەيلى ئۇ جىسمانىي ، ئەقلىي ، مەنىۋى بولسۇن بەرىبىر ؛ تەبىئەت قانۇنلىرىغا بىنائەن ھاياتىي تەلەپلەرنى چەكلەيدىغان ھەرقانداق ئىش — ئالىيجاناب ھەم ئادىلانە ئىشتۇر .

ئەمگەك — بەختنىڭ ئوڭ قولى ، ئۇنىڭ سول قولى تېجەشتۇر .

مەيلى سېنىڭ مەقسىتىڭ — سېنىڭ ئىمكانىيىتىڭگە قارىغاندا ئارتۇقراق بولسۇن ! شۇ چاغدا سېنىڭ بۈگۈنكى ئىشىڭ تۈنۈگۈنكىگە قارىغاندا ئوبدانراق ۋە ئەتىكىسى بۈگۈنكى ئىشىڭدىن ياخشىراق بولىدۇ .

ئەمگەكنىڭ ئاساسىي ئۈستۈنلۈكى شۇنىڭدىنكى ، ئۇ ئۆزى مەق-

سەت ھەم ۋاستىدۇر — راھەت ئەمگەكتە ، لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەمەستۇر .

ھەر بىر ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشتىكى سىرى شۇنىڭدىكى ، ۋاقىتنىڭ يېرىمىدا ئويلاپ ، يېرىمىدا ھەرىكەت قىلىشتۇر . سەن شۇ چاغدا ئۆز مەقسىتىڭنى بىلىۋالىسەن ۋە توپتوغرا ئۇنىڭغا قاراپ يول تۇتىسەن . سەن ئۆزۈڭ زىيارەت قىلىدىغان جايىڭغا بولغان توغرا يولنى بىلىۋېلىپ شۇ يول بىلەن مېڭىپ كېتىسەن . قانچە - قانچىلىغان ئادەملەر ئۆز مەقسەتلىرىنى ئوبدان بىلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن ۋە بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا بولغان يېقىن ھەمدە ئىشەنچلىك يولنى تاپالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرايدۇ . ئۇلار خۇددى توخودەك بولۇپ ، يەر كولايدۇ — ئورۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى كۆپەيتىدۇ ، ۋارقىراشنى كۈچەيتىدۇ ، چاڭ كۆتۈرۈپ قوشنىلارنى تېرىكتۈرىدۇ . ئىزلەۋاتقان مەرۋايىت دانىسى بولسا شۇ پەيتتە ئۇلار ئۆزلىرى ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈشۈپ كولاۋاتقان ئەخلەتنىڭ تېگىدە يوشۇرۇنۇپ قالىدۇ . ئادەملەر توخۇدەك بولماي ، بەلكى ئەقىل - پاراسەتلىك ئىنسانلاردەك ھەرىكەت قىلىشسۇن ، ئالدىرىماستىن ئويلاپ ئىزلەشسۇن — شۇ چاغدا ئۇلار ئۆز چاڭلىرى ھەمدە ۋارقىراشلىرى بىلەن ھېچكىمنىڭ جېنىغا تەگمەيدۇ ؛ ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى خەيرلىك ، ئاق يوللۇق بولىدۇ . ئەگەر ئۇلار كۆزلىرىنى ئېچىپ ، ياخشىلاپ قارىسا ، ئۇ چاغدا ئۇلار ئۆزلىرى ئىزلەۋاتقان مەرۋايىتنى پۇتلىرى بىلەن دەسسىمەيدۇ .

ھايات — ئىككى مەڭگۈلۈك ئوتتۇرىسىدىكى غار ۋە ئىككى قارا بۇلۇت ئوتتۇرىسىدىكى چاقماقنىڭ چاقنىشىدۇر .

بورانلار تۈيغۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ ھەم چىڭىتىدۇ ؛ شامال ئىگىپ تەۋرەتكەن ئۆسۈملۈكلەر ، ئەينەكلىك ئويلەردە ئۆسۈپ ، گۈللىگەن ئۆسۈملۈكلەرگە قارىغاندا كۈچلۈكرەكتۇر .

ئەقىل بىلەن چىن كۆڭلىدىن قىلغان ياخشىلىق ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ گۈزەلدۇر . باشقا ھەممىسى يالغانچىلىق ۋە ساختىۋازلىقتۇر . ماڭا

قانداق بولمسۇن بىرەر تاماق بەرگىن ، مەن ئۇنى يەپ قويىمەن ، ئەمما بىر پەستىن كېيىن يەنە شۇ بايىقىدەكلا ، سەن ياخشىلىق قىلىشتىن ئاۋۋالقىدەكلا بولۇپ قالىمەن : سېنىڭ ئۇۋاقلىرىڭ مېنىڭ كۆڭلۈمدە ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمىدى . ئەمما ، سەن ماڭا گۈزەل ، يۈكسەك پىكىرنى بەرگىن ـــ مېنىڭ قەلبىم ۋە ئەقلىمغا سىڭىپ ، مېنىڭ جېنىم بىلەن بىر بولۇپ قوشۇلۇپ ، مېنىڭدىن ئەسىرلەرگە مىراس بولۇپ ئۆتىدۇ . ھەربىر ئىنسانپەرۋەرلىك كۈچتە ، يەنى مەنىۋى ۋە روھىي كۈچتە ساپ ۋە ھەقىـ قىي ياخشىلىقنىڭ زەررىسى بار . ئەگەر سېنىڭدە ، بۇرادىرىم ، مانا بۇ ئىنسانپەرۋەرلىك كۈچنىڭ زەررىسى بولسا ، ئۇ چاغدا بۇ ياخشىلىق ـ سەن خالامسەن يا خالىمامسەن ، ئۇنىڭدىن قەتئىينەزەر ـــ سېنىڭدىن چىقىدۇ ۋە بۇنى مەن خالاش ـ خالىماسلىقىمدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ مېنىڭ پايدامغا خىزمەت قىلىدىغان بولىدۇ .

پەيلاسوپنىڭ خوتۇنى بىر كۈنى ئېرىگە « ئادەملەر سېنى دائىم تىللايدۇ ، سېنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىڭنى ئەخمەقلىق دەيدۇ ، سېنىڭ ئا- دەتلىرىڭنى ياراتمايدۇ » دېسە ، بۇنىڭغا پەيلاسوپ : « بۇلار ھەممىسى مۇھەببەتتىن ئەزىزىم ، ئەگەر بىز تاش ياكى ئۆكۈز بولساق ئادەملەر بىزنى يا ياخشى ، يا يامان دەپمۇ ئەسكە ئېلىشمايتتى . سەن ئۇلارنى ، مۇھەببەت قانداق قىلىپ ئەخـمەقـلىق ياكى قوپالـلىق قىلىشـقا مەجـبۇر قىلالايـدىكىن دەپ ھەيـران بولۇۋاتامـسەن ؟ ئەمما ، ئەگەر مەن ساڭا ئېيتسام ، نەپرەت ـــ بۇ پەقەت مۇھەببەتنىڭ ئەستىرىدۇر . شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ھەيران بولۇشۇڭ تۈگەمدۇ ؟ توغرا ، بۇ سىرلىق ، يوشۇرۇن تۈيغۇ . ئۇنى ئەخمەقلىق قانچىلىك سەتلەشتۈرمىسۇن ، مۇتەئەسسىپلىك قانچىلىك بوزۇشقا تىرىشمىسۇن ۋە كۆرەلمەسلىك قانچىلىك بۇزمىسۇن ، ئۆز ئېگىسىنىڭ ئىختىيارىدىن تاشقىرى مۇھەببەت ـ مۇھەببەت پېتىچە قالىدۇ . ئەمما ، مۇھەببەت ئەستەر تەرىپى بىلەن تۈرۈپ قالسا ، ئۇ چاغدا ئۇنـىڭ ئەستىرى بارلىق سەت تەرەپلەر بىلەن كۆرۈنىدىغان بولىدۇ ـــ ئادەمـلەر بۇنى نەپرەت دەپ بىلىپ ، بۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ » دەپ جاۋاب بەردى .

ئەقىللىق ئادەم ئۇنى ، ھەقىقەت تەلەپ قىلغاندا ئۆز مەپكۇرىسىنى ئۆزگەرتىش ياكى تۈزەشتىن باش تارتمايدۇ .

ئەگەر ئادەم ئۆزىنى ئۆزىدىن يۇقىرى كۆتۈرەلمىسە ، ئۇ چاغدا ئۇ قانچىلىك مىسكىن ــ ھە !

[ئاپتور ھەققىدە ] ئەمىن رەيھانى ( 1879 ــ 1940 ) لىۋاننىڭ ئا-تاقلىق يازغۇچىسى . ئۇ ئەرەب ئەدەبىياتىدا خېلىل جىبرانغا ئوخشاشلا كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا ئىگە . ئۇ داڭلىق ئەدىپ بولۇپلا قالماي بەلكى داڭلىق ناتىق ۋە مۇتەپەككۇر . ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن ماقالە ، ھېكا-يە ، نەسرىي شېئىرلارنى يازغان . ئۇنىڭ « ئەرەب پادىشاھى » ، « ئىراق-نىڭ مەركىزىدە » ، « لىۋاننىڭ مەركىزىدە » قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلە-رىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان « رەيھانىيەت » دېگەن تۆت توپلىمى بار . شۇنداقلا رەيھانىنىڭ پەلسەپە ، تارىخقا ئائىت ئەسەرلىرىمۇ خېلى كۆپ . ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى دەسلەپتە ئىنگلىزچە ، كېيىنكى چاغلاردا ئەرەب تىلىدا يازغان .

( بۇ نەسرلەر ، يازغۇچىنىڭ ، « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلى 1981 ــ يىل-لىق 4 ــ سانىدا ئېلان قىلىنغان بىر يۈرۈش نەسرلىرى ئىچىدىكى « تېرىيدىغانلار ئۈچۈن ئۇرۇق » ناملىق نەسردىن تاللاپ ، قىسقارتىپ ئېلىندى . ئاپتور ھەققىدە بېرىلگەن تونۇشتۇرۇشمۇ قىسقارتىلدى . )

## ئىدىيىنىڭ تۇغۇلۇشى

تەۋفىق ھەكىم ( مىسىر )

ــ كاللامنى توختىماي ئۇرۇۋاتقان كىم ؟
ــ ئىدىيە !
ــ نېمە ئىش قىلىسەن ؟
ــ چىقىۋالاي !

— هازىر ؟ ھەممە ئادەم شىرىن ئۇخلاۋاتقان ، مەنمۇ ئۇيقۇچىلىقتىن كۆزۈمنى ئاچالمايۋاتقان مۇشۇ كېچىدە ؟

— شۇنداق ، تېز بول ... هازىر چىقىۋالمسام ، مەڭگۈ چىقالمايمەن !

— ئۇيقۇم كېلىپ ، كۆزۈمنى ئاچالمايۋاتقىنىمنى كۆرمىدىڭمۇ ، تاڭ ئاتقۇچە تاقەت قىلىپ تۇرساڭ بولماسمىدى ؟

— بولمايدۇ ... دەرھال چىقىشىم كېرەك ...

— نېمىشقا ئۇخلاپ قالاي دېگەن ۋاقتىمدا چىققۇڭ كېلىپ قالدى ؟

— ۋاقىتنى مەن ئۆزۈم بەلگىلىيەلمەيمەن ، كاللاڭدا تۇرۇپ پىشىپ يېتىلگەن ئىكەنمەن ، خۇددى ئاي - كۈنى توشقان تۆرەلمىدەك تۇغۇلۇشۇم كېرەك .

— ئۇنداق بولسا بۇنىڭدىن بۇرۇن سېنىڭدىن زادى خەۋىرىم يوق ئىكەنغۇ ؟ مەن كاللامنى قاپاقتەك قۇرۇقمىكىن دەيتتىم .

— مېنىڭ يېتىلىۋاتقىنىمنى سەن قىلچە ھېس قىلمىغان ، ئۇنىڭغا ئۇزۇن ۋاقىت بولدى . مەن ئەمدى پىشىپ يېتىلدىم ...

— سەن نەگە بارماقچى ؟

— تۇرمۇشقا ، قەغەز يۈزىگە ! ھەي ، ھۇرۇن ! دەرھال ئويغان . قەغەز بىلەن قەلەم ئېلىپ كەل ، مېنى جامائەتچىلىككە تونۇتقىن .

— سەن ئۆزۈڭنى بەك چوڭ چاغلاپ كەتتىڭغۇ دەيمەن ! سەن سىرتقا چىققان تەقدىردىمۇ ، تۇرمۇشنى قانچىلىك ئۆزگەرتەلەيسەن ؟

— بۇنىسى نامەلۇم ... ئېھتىمال تۇرمۇشتا باشقىچە ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن ... تېخىمۇ ياخشى ، تېخىمۇ گۈزەل ... ئېھتىمال مەلۇم مۇھىم بۇرۇلۇش پەيدا قىلىپ ، پۈتۈن تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىدە تۈپ ئۆزگىرىش بولۇشىمۇ مۇمكىن ...

— بۇنىڭ ھەممىسى سەندەك ئىدىيىنىڭ بولغانلىقىدىن بولامدۇ ؟

— دەل شۇنداق ، بۇنىڭدىن بۇرۇن مەن نەچچە قېتىم شۇنداق قىلغان . دېرىزىگەدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەلئېھرامنى ئالساق — ئۇلار

دەسلىپىدىمۇ بىر خىيال ئىدىغۇ ... يەنە ئالساق ، ئۆيۈڭنى يورۇتۇپ تۇر-
غان لامپۇچكا ، دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىكى ئاۋازلارنى ئاڭلىغىلى بو-
لىدىغان رادىئو ، بولارمۇ دەسلىپىدە بىر خىيال ئىدىغۇ ... ئىنساننى ئىل-
گىرىلەشكە تۈرتكە بولغان ئىدىيە ، ئىنساننىڭ ھۇزۇرلىنىشىغا سەنئەت
ياراتقانمۇ ئىدىيە ... دۇنيادىكى بارلىق مەدەنىيەت ئىدىيىنىڭ مەھسۇلى ،
ئىنسان بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقلىنىپ تۇرۇشى ئىنساندا ئىدىيە بار ،
ھايۋاندا بولسا ئىدىيە يوق . ھۇرۇنلۇق قىلىپ ياتماي ، دەرھال ئويغان !
كاللاڭدا ئىدىيە تۇغۇلغىنىغا خۇرسەن بولۇشۇڭ كېرەك !...
— پەقەت مېنىڭ كاللامدا ئىدىيە بولامدۇ ؟ مەندىن باشقا كۆر-
مىگىلىغان ئادەم بار ، ئۇلاردا ئىدىيە بولمامدۇ ؟
— ئۇلاردىمۇ بار ، بىراق شۇ ئادەملەر ئىچىدە ، ئىدىيىسىنىڭ تۇ-
غۇلۇپ چىقالايدىغانلىرى ناھايىتى ئاز .
— سېنىڭچە ئېيتقاندا ، سېنىڭ قىممىتىڭ تۇغۇلۇشىڭدا ئوخشى-
مامدۇ ؟
— شۇنداق ، تۇغۇلۇپ يەنە ھايات قېلىشىم كېرەك . بۇنداق ھا-
لەت دۇنيادا كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ . ئەگەر سەن ئاز تولا ھېساب بىل-
سەڭ ، قەغەز بىلەن قەلەم ئېلىپ كەل ، تۆۋەندىكى ئىشلارغا ھەيران قا-
لىسەن : دۇنيادا نەچچە مىليارد ئادەم بار . ھەربىر ئەسىردە بۇنىڭ ئىچى-
دىكى بىر مىليون ئادەمدىن يېڭى ئىدىيە تۇغۇلدى دەيلى ، ئۇنداقتا ھەر-
بىر ئەسىردە بىر مىليون خىل ئىدىيە بارلىققا كېلىدۇ .. بۇ ئەزەلدىن بول-
غان ئەمەس ، ئەلۋەتتە . بىر ئەسىردە ئون خىل مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ
تۇرىدىغان ھەمدە ئىنسانىيەتكە پايدا يەتكۈزىدىغان ئىدىيە تۇغۇلدى
دەيلى ، ئۇنداقتا بۇ ئەسىرنى ئالغا ئىلگىرىلىگەن ئەسىر ياكى ئىنسانىيەت-
نىڭ ئالتۇن دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ !
— ئۇنداق بولسا ، سېنى كاللامدىن چىقىرىۋېتىشلا كۇپايە ئە-
مەسكەن دېگىنە ؟
— شۇنداق ، كۇپايە ئەمەس ... نۇرغۇنلىغان پەيلاسوپ ، شائىر ،
سەنئەتكار ۋە ئالىملار كۆن بويى قۇرۇق باش قاتۇرۇپ ، چوڭقۇر خىيال

سۈرۈپ، ئۆز كاللىسىدا نۇرغۇنلىغان ئىدىيىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ ھازىر، سانسىزلىغان ئادەم مەخسۇس ھەرخىل ئىدىيىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ ئۆزىچە بۇ ئىدىيىلەرنى مەڭگۈلۈك ھەقىقەت دەپ قاراپ، سانسىزلىغان كىتاب، ژۇرناللارنى توشقۇزۇۋەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىدىيىلەرنىڭ رولى سېنىڭ كۈندىلىك ناشتاڭدا بولكاڭغا سۈرگەن ئازغىنە سارىمايچىلىكلا بار؟

— مەن ئەسلى مۇھىمى سېنىڭ تۇغۇلۇشۇڭ دەپ قاراپتىكەنمەن ...

— مۇھىمى تۇغۇلغاندىن كېيىن ھايات قېلىشىم كېرەك.

— ئۇنداق بولسا، مۇھىمى تۇغۇلۇشۇڭ ئەمەس، قانچىلىك ئۆمۈر كۆرىشىڭدە ئىكەن - دە!

— ناھايىتى توغرا دېدىڭ، ماڭا نىسبەتەن، كىيىم - كېچەك ياكى مودا تاۋارلاردەك بىر يىل مودا سۈرۈپ يوقىغاندىن كۆرە تۆرەلمىگىنىم ياخشى!

— خوش، ئۇنداق بولسا، تۆرىلىپ قانچىلىك ياشىماقچىسەن؟

— قانداقلا بولمىسۇن سەندىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشۈم، ھېچبولمىغاندا سەندىن بىر ھەسسە ئارتۇق ياشىشىم كېرەك. سېنىڭ جەسىتىڭ يەر ئاستىدا چىرىپ بولغان چاغدىمۇ ياشلىقىم ئۇرغۇپ تۇرغان بولۇشى كېرەك!...

— سېنى ۋە سېنىڭ ئارزۇيۇڭنى خۇدا ئۇرغاي!

— نېمە، ئۆزۈڭنىڭ ئۆلۈپ مېنىڭ ھايات قالغانلىقىمغا خاپا بولۇۋاتامسەن؟

— ئەلۋەتتە خاپا بولۇۋاتىمەن! مەن سەندىن بىرەر سائەت بولسىمۇ ئۇزۇنراق ياشىۋالسام، ناھايىتى خۇرسەن بولىمەن.

— ئىدىيەڭ ئۆلۈپ بولغاندا، ياشىغىنىڭنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ پۈتۈن پەرزەنتلىرىڭ ئۆلۈپ كەتسە ئاتا بولغۇچىنىڭ تەنھا ھالدا غېرىبانە ياشىشىنىڭ نېمە لەززىتى؟

— گېپىڭ دۇرۇس، بۇ ھەقىقەت، قايغۇلۇق بىر ھەقىقەت، بۇ

ھەقىقەتنى ئاشۇ پەرزەنت كۆرگەنلەرنىڭ ئويلاپ كۆرۈشىگە بىرەيلى .
ماڭا كەلسەم ، ھازىرچە سىنىڭ تۇغۇلۇشىڭنى توسۇپ قىلىشقا مادارىم يېتىدۇ ۋە سەۋەبىم ئاندىن تولۇق . سىنى تۆرەلدۈرۈپ قويۇپ ، ئۆزۈمگە شۇنچىۋالا باش ئاغرىقى تېپىپ ماڭا نېمە جاپا !

— ئەگەر مەن تۆرەلسەم ، ناھايىتى زور پايدىلىق كەلتۈرىمەن ئەمەسمۇ !

— قانداق پايدىلىق ؟

— مەن تۆرەلگەندە تولۇق پىشىپ يېتىلگەن ۋە كامالەتكە يەتكەن بولىمەن ، مەن سىنىڭ تېنىڭدىكى بارلىق ئىسىل ۋە ئالىيجاناب پەزىلەتىڭنىڭ خەزىنىسى بولىمەن ، سىنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭنى ئۇزارتىمەن ، ئىنسانىيەتكە پايدا كەلتۈرۈپ ئۇلارنى ناھايىتى خۇشال قىلىۋېتىشىم ۋە شۇ ئارقىلىق سىنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىڭنى قاندۇرۇشۇممۇ مۇمكىن .

— ھەقىقەتەن شۇنداق ، دەل بىزدە شۇنداق شۆھرەتپەرەسلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ، سىلەردەك ئىدىيىلەر بۇ ئالەمگە تۆرەلگەن .

— مەن سىلەرنىڭ بۇ ئاجىزلىقىڭلاردىن پايدىلىنىشنى خالايمەن . مېنى چىققىلى قوي !

— بىراق ، سەن ئۆزۈڭنى تۆرەلگەندىن كېيىن ئۆزۈڭگە نېمە پايدىسى بارلىقىنى تېخى ئېيتمىدىڭ ؟

— پاھ نېمىدېگەن ئەخمىقانە سوئال - ھە ! سەن قۇرت - قوڭغۇزلاردىن سوراپ كۆر ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى . بىلىپ قويغىنكى ، تەبىئەتتىكى بارلىق ماددىنىڭ ھايات كەچۈرۈش ئارزۇسى بولىدۇ .

— ئۇنداق بولسا سەن ھازىر مېنىڭ كاللامدا ئىكەنسەن - دە ؟

— شۇنداق ... ئۆتۈنۈپ قالاي ، مېنى تۆرەلگىلى قوي !

— سەل تاقەت قىل ، قەغەز بىلەن قەلەم ئېلىپ كېلەي .

— بىراق ، ۋاقىتنى غەنىيمەت بىل !

— نېمە ئىش بولدى ؟

— دىمىم سىقىلىپ ، نەپسىم ئاجىزلاپ كېتىۋاتىدۇ ....نۇرۇم خى-

رەلىشىۋاتىدۇ . سەن ماڭا تولا قۇرۇق گەپ قىلىپ ۋاقتىمنى ئېلىپ كەتتىڭ ، مەن تۆرەلمەي تۇرۇپلا چارچاپ ھالىمدىن كەتتىم .

— ئاپلا ، قەلەمنى نەدە قويغاندىمەن ... قەغەزنىمۇ تاپالمايۋاتىمەن . ئۈستەل ئۈستىدە ناشتىلىق بولكام ئوراغلىق تۇرغان بىر ۋاراق قەغەز تۇرۇپتۇ . مېنى ئويغىتىۋەتكىنىڭغۇ ھېچقىسى يوق . مۇھىمى قورساقتا بىرنەرسە يېيىش كېرەك . ئەگەر قورساق ئاچلىقتىن كاركىراپ كەتسە ، كاللاڭنىڭ توشۇپ كەتكىنىنىڭ نېمە پايدىسى ! خاتىرجەم بول ، ھازىرلا ناشتا قىلىپ بولىمەن ، ھەرگىزمۇ سېنى ساقلىتىپ قويمايمەن . تېخى يېگەچ قەلەم ئىزلىسەممۇ بولىدىغۇ .قارا ، مانا تېپىلدى ! قەلەم ئۈستەل ئۈستىدىكەن .... بولدى ، ئەمدى تۇغۇلساڭ بولدى .... ھەي ، ئىدىيە ! تېز بول ... گەپ قىل ... چىقمامسەن ! تووا ، نېمە ئىش بولدى ؟

نېمىشقا چىقمايسەن ؟ نەگە يوشۇرۇنۇۋالدىڭ ؟ ھېلى تېخى ئاغزىڭغا تەگمەي سۆزلەپ ، ماڭا ئارام بەرمىگەنىدىڭ . ئەمدى ھېلىقى ئەلپازىڭ نەگە كەتتى ؟ ھەي ، ئىدىيە ، نېمىلا بولسا بىر نەرسە دېمەمسەن ! گېلىمغا تۇرۇپ قالما ! سەن نەدە ؟ بىر يەرگە قېچىپ كەتتىڭغۇ ... ئۆلدىڭمۇ يا ؟ ئىسىت ! ئىدىيە بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشقا ئۈلگۈرمەي ئالەمدىن ئۆتتى ! ...

شۇنداق ، شۈبھىسىزكى ئىدىيە تۇغۇلۇشقا ئۈلگۈرمەي كاللامدا تۇنجۇقۇپ كەتتى ! بىراق بۇنى كېچىكتۈرۈشكە مەن سەۋەبچىمۇ ؟ بۇ مېنىڭ خاتالىقىممۇ ؟ كىم بىلىدۇ ئۆزى سەۋەبچىمۇ تېخى ؟ ... ھىم ، نېمە بولسا بولمامدۇ ، بولسا دوزاخقا كىرىپ كەتكەي ! مانا چېيىمنى ئىچىپ بولاي دەپ قالدىم — ئۇيقۇمنى ئۇخلاۋېرىمەن . بۇ يا تۇنجى قېتىم يۈز بەرگەن ، يا مېنىڭلا بېشىمدىن ئۆتكەن ئىش بولمىسا ... شۇنداق قىلىپ ئىدىيەم تۇغۇلۇپلا ئۆلۈپ كەتتى ، ياكى تۇغۇلمايلا ئۆلۈپ كەتتى . خۇددى مىليونلىغان ئىدىيە ، مىليونلىغان دەقىقە ئىچىدە ، مىليونلىغان قېتىم ، مىليونلىغان ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئۇرغاندەك ...

( « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

[ئاپتور ھەققىدە ] تەۋفىق ھەكىم ( ــــ 1898 ) ، مىسىرنىڭ ھازىرقى زامان ئاتاقلىق دراماتورگى ، يازغۇچىسى ۋە ئەرەب ھازىرقى زامان پەلسەپىۋى دىرامىسىغا ئاساس سالغۇچى . ئۇ 1978 ــ يىلى ئوتتۇرا دېڭىز دۆلەتلىرى مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئەڭ نادىر مۇتەپەككۇر ، ئەدەبىياتچى دېگەن نامغا ئېرىشكەن . 1979 ــ يىلىدىن 1980 ــ يىلىغىچە مىسىر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان .

(« مەشھۇر چەت ئەل يازغۇچىلىرى »ناملىق 2 ــ كىتابتىن قىسقارتىپ ئېلىندى .)

## 5 . نەسىر يېزىقچىلىقى قائىدىلىرىگە زۆرۈر ئىزاھات

يۇقىرىدا نەسىر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرىدىن بولغان لىرىك نەسىر ، ئېپىك نەسىر ، مۇھاكىمىلىك نەسىرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە چۈشەنچىلەر بېرىلدى ۋە بىر ـ بىرىدىن ئۆزگىچە بولغان ئۆرنەكلەر كۆرسىتىلدى . كىتابخانلار بۇ چۈشەنچىلەر بىلەن ئۆرنەكلەرنى بىرلەشتۈرۈپ كۆرۈپ ، نەسىرنىڭ بۇ ئۈچ تۈرى ھەققىدە بىرقەدەر سىستېمىلىق تونۇشقا ئىگە بولالايدۇ . شۇنداقتىمۇ بۇ يەردە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نەچچە نۇقتا بار .

بىرىنچىسى : ئېپىك ( بايانىي ) نەسىردە ، ئېپىك ئەسەرلەردىكىدەك ياكى بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەردىكىدەك ، ئەگرى ـ توقاي ، مۇرەككەپ بايان ئامىللىرى سۈژېت بۆلەكلىرى مۇكەممەل بولغان ۋەقەلىك بولمىسىمۇ ، ئىشقىلىپ مەلۇم ۋەقەلىك بولىدۇ . يۇقىرىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « ئايغا قاراپ » ، « چىم » ، « ھايات ۋە ئىشەنچ » ... قاتارلىق نەسىرلەردە ، ھەر بىر نەسىرنىڭ ئاساسىي « ئۇستىخىنى » نى تۇتۇپ تۇرغان مەلۇم ۋەقەلىك بار . بۇ نەسىرلەرنىڭ « گۆش » ۋە « قان » قىسمىغا تەۋە باشقا تەرەپلىرى بولسا مانا مۇشۇ « ئۇستىخان » بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلىشىپ كەتكەن . ئەمدى لىرىك نەسىرنى ئالساق ، بەزى لىرىك نەسىرلەرنىڭ مەلۇم جايلىرىدا ، ئېپىك نەسىردىكىگە ئوخشاش ، مەلۇم بايان تۈسىگە ئىگە سۆز ـ جۈملىلەر ئۇچرايدۇ . ئەمما ،

بۇ سۆز - جۈملىلەر شۇ لىرىك نەسرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى بولغان «ئۈستىخان» بولالمايدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن لىرىك نەسرلەردىن «يوللار تىلسىمى»، «تامچە»، «شام»، «سېغىنىش»، «كىتاب»... قاتارلىق نەسرلەردە: «مەن يول يۈرۈۋاتىمەن»، «ھەر كۈنى سەھەر قۇشلار ناۋاسىدىن ئويغىنىپ سىنى ئەسلەيمەن»، «مەن تۇرۇبا جۈمىكىدىن ساقىپ چۈشۈۋاتقان سۇ تامچىسىغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. سۈپسۈزۈك سۇ تامچىسى بىر خىل رىتىمدا تامچىلايتتى»، «ئادىتىم بويىچە كەچكى تاماقتىن كېيىن ئۆستەڭ بويىنى بىر ئاز ئايلاندىم، بارا - بارا ئەتراپقا گۇگۇم چۈشۈپ، تۈن قارا پەردىسىنى ئالەمگە يايدى»، «نەمخۇش قەبرە بېشىدا قانچىلىك ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن»، «دائىم كىتابخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىمدە بىر خىل غايىۋى ماگىما تېنىمگە يامىشىپ ۋۇجۇدۇمنى ئېرىتىۋېتىدۇ، خۇددى ماگنىت تۆمۈر پارچىنى تارتقىنىدەك بىر خىل سېھرىي كۈچ يەلكەمدىن تارتىپ مېنى ئىختىيارسىز قايرىلىپ قاراشقا مەجبۇر قىلىدۇ»، «ھەرقانچە ئالدىراش بولساممۇ بىر ئىلاج قىلىپ كىتابخانىغا كىرمەي كېتەلمەيمەن. ئەڭ بولمىغاندا ھەپتىدە بىرەر نۆۋەت كىرمىسەم كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ»... دېگەنگە ئوخشاش بايان تۈسىگە ئىگە سۆز - جۈملىلەر ئۇچرايدۇ. لېكىن، بۇ سۆز - جۈملىلەر، يۇقىرىقى لىرىك نەسرلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئەمەس يەنى بۇ خىل بايان تۈسى ھەم ۋەقە، بۇ نەسرلەرنىڭ باش قىسمىدىن باشلاپ ئاخىرىغا قەدەر بىر خىل لىنىيە يەنى «يىپ» قىلىنمىغان. شۇڭلاشقا، لىرىك نەسرلەرنىڭ مەلۇم ئابزاسلىرىدا، بايان تۈسىگە ئىگە سۆز - جۈملىلەرنىڭ بارلىقىغا قاراپلا ئۇنى ئېپىك نەسر دەپ ئايرىماسلىق كېرەك. مەسىلەن، تۆۋەندىكى ئۈچ پارچە نەسرنى كۆرۈپ قايسىنىڭ لىرىك نەسر، قايسىنىڭ ئېپىك نەسر ئىكەنلىكىنى ئايرىپ باقايلى.

# ئۆرنەكلەر

## كالا

كالىلار ئېرىنچەكلىك قىلىپ ئالدىرىماي مېڭىشىپ بەخىرامان ھالدا سۇ ئىچكىلى كەلدى. ئۇلار بەللىرىنى ئەگمەي تۇرۇپ قانغۇچە سۇ ئىچىشتى. سۇ بىلىنەر - بىلىنمەس داۋالغۇپ تۇراتتى. كالىلار ئاخىرىدا سۇغا قېنىپ ھۇزۇرلىنىپ باشلىرىنى ئېگىز كۆتۈردى - دە، قانداق كەلگەن بولسا شۇ پېتىچە ياۋاشلىق بىلەن كەتتى.

بىراق، بىر كالا قېپقالدى.

مېھرىبان پادىچى رەھىمدىللىك بىلەن ئۇنىڭ ساغرىسىگە قېتىپ قالغان تېزەكلەرنى نوقۇدى، لېكىن بۇنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى: لايغا پاتقان بۇ كالا قوش مۈڭگۈزىنىڭ سايىسىگە تىكىلىپ قاراپ، ئۆزىنى تاماھەن ئۇنتۇپ، قىمىر قىلماي تۇرۇۋالدى.

## مۆكۈش

ئۈۋچى مىلتىقىنى دەرەخ شېخىغا يۆلەپ قويۇپ، دەرەخ يېنىدا ئولتۇردى. ئۇ ئۇيقۇغا چۆمگەن ئورمانلىقتا قولىقىنى دىڭ تۇتۇپ تىڭشىماقتا. دەرەخلەرمۇ خۇددى ئادەمزاتقا ئوخشايدۇ. كېچىنىڭ ئاجايىپ جىمجىتلىقى ئۇنىڭ قەلبىگە ئورنىماقتا. تولۇنئاي ئۇنىڭغا خۇش تەبەسسۇم ئىنزھار قىلماقتا. بىردەمدىن كېيىن ئۇ مىلتىقىنى يېنىغا قويدى. بىر توشقان ئورمانلىقتىن سەكرەپ چىقتى، ئەمما ئاق كۆڭۈل ئۈۋچى قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى دوراپ، بېشىنى خۇددى

نوتىغا چۈشۈرگەندەك رىتىملىق لىڭشىتىپ ، دېكىلداپ سەكرەپ كې-تىۋاتقان ياۋا توشقانغا مېهرى بىلەن كۆز تىكىپ قاراپ قالدى .

( بۇ ئىككى پارچە نەسىر فرانسىيە يازغۇچىسى جۇلېس رېناردنىڭ « سو-غۇق تەبەسسۇم » سەرلەۋھىسى ئاستىدىكى نەسرلىرى ئىچىدىن ئېلىندى . « دۇنيا ئەدەبىياتى » ، 1982 ـ يىلى 1 ـ سان )

## توپىلىق يولدا

ئەخمەت ئىمىن

مەن توپىلىق يولدا كېتىۋاتىمەن ، ئالدىمغا سەپسېلىپ كېتىۋاتى-مەن .

ئەنە ، ئالدىمدا ئېتىزلىق ، ئېتىز بېشىدا بىر تۈپ دەرەخ . دەرەخ سايىسىدە بىر دېهقان بېشىغا كەتمەننى قويۇپ ئۇخلاپ يېتىپتۇ . ئۇنىڭغا هاردۇق يەتكەن . ئۇ سەهەر تۇرىدۇ ، يەرگە ئىشلەيدۇ ، چۈش ـ پېشىن-گىچە ئىشلەيدۇ ، كەچ كىرگۈچە ئىشلەيدۇ ، كۈن قىزىتىسمۇ ئىشلەيدۇ ، جۇدۇندىمۇ ئىشلەيدۇ . ئولتۇرسا ـ قوپسا ، ماڭسا ـ تۇرسا ، ئاشۇ يېرى-نىڭ غېمى بىلەن .

ئۇ ماڭا ئوخشاش چۈشتە ئۇخلىۋېلىشنى بىلمەيدۇ ، ئاپتاپتىن قې-چىشنى بىلمەيدۇ ، چۈنكى ئۇ يەرگە باغلانغان . ئۇ يەرگە ئەجىر سىڭ-دۈرىدۇ ، يەر ئۇنىڭغا مېۋە بېرىدۇ . ئۇ مېۋىنى ئۆزىلا يېمەيدۇ ؛ ماڭا ، ماڭا ئوخشاشلارغىمۇ بېرىدۇ . لېكىن ، مەن مۇشۇنداق چاغدا ئۇنىڭ ئاستىغا چۈشەك سېلىپ بېرىشنى بىلمەيمەن ، ئۇنىڭ بېشىغا ياستۇق قو-يۇپ بېرىشنى بىلمەيمەن . ئۇ ھەممىنى تۇپراقتىن ئالىدۇ . چۈنكى ، ئۇ-نىڭ ئېتىقادىدا ئۇ تۇپراقتىن يارالغان . كىيىم ـ كېچەكلىرى توپىغا مې-لەنسىمۇ ، ئۇنىڭ ئۇچۈن هېچگەپ ئەمەس ، يۈز ـ كۆزلىرىگە توپا ـ چاڭ قونسىمۇ ئۇ ئۆز نەزەرىدە ئەڭ پاكىز . راست ئۇ پاكىز ، ئۇ پاك . چۈنكى ،

پاسقلىق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا هارامزادىلىك دېغىنى چۇشۇرەلمىگەن .
ئۇنىڭدا ئەنجۇرنىڭ خىسلىتى بار . ئۇ چېچىكىنى كۆرسەتمەيلا مېۋە بېرىشنى بىلىدۇ . بىر تۇخۇم تۇغۇپلا ، قاناتلىرىنى پالاقشىتىپ قاقاقلاپ كېتىدىغان مېكىيان ئۇنىڭ ئىبرەتلىك دۇشمىنى .
مەن توپىلىق يولدا كېتىۋاتىمەن ، ئەتراپقا قاراپ ـ قاراپ كېلىۋاتىمەن .

ئەنە ، ئالدىمدا زۇمچەك ـ زۇمچەك قەبرىلەر ، قەبرىلەرنىڭ ئالدىدا سان ـ ساناقسىز ئاقلار ، ياغاقلار ، دەرەخلەر .
ياق ، بۇ قانداقتۇر بىر ئەۋلىيانىڭ مازىرى ئەمەس ، هەممىلا قەبرە شۇنداق بېزەلگەن تۇرسا ، نەدە ئۇنچىلىك كۆپ « ئەۋلىيا » بولسۇن . بۇ ئاددىي ئىنسان قەبرىستانلىقى .
ئۇ ئاق ـ تۇغـۇلۇشىدىنلا ئاق داكىغا زاكىدىلىپ ، ئاق سۈت ئىچىپ ، ئاق كۆڭۈل ئانىنىڭ غەرەزسىز ، پاك مېهرىدىن چوڭ بولغان ، ئاخىرى ئاق چاچلار بىلەن پۈركىنىپ ، ئاق نىيىتىنى پەرزەنتىگە مىراس قالدۇرۇپ ، بۇ دۇنيادىن تۆت گەز ئاق كېپەنگە ئورىلىپ خوشلاشقان ئىنسانىنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىنىڭ سىمۋولى .
ئۇ تـاياق ــــ ئىت هۇجۇمىدىن ساقلىغان ياراغ ؛ قۇملۇقنىكى مۇساپىنىڭ مۇشەققىتىنى ئاسان قىلغان هاسا .
ئۇ دەرەخ ــــ مەرهۇمنىڭ چۆلنى بوستان قىلىدىغان ئارزۇسىنىڭ چېچىكى ، ئەجداد روهىغا بېغىشلانغان ئارام .
پەقەت قۇمـلۇقـلا ، قۇمـلۇق ئەۋلادلىرىلا بۇ مەنىنىڭ تېگىگە يېتىدۇ .
مەن توپىلىق يولدا كېتىۋاتىمەن ، يىراقلارغا قاراپ ـ قاراپ كېلىۋاتىمەن .
ئەنە ، ئالدىمدا دەريا ، دۇغلىنىپ ئېقىۋاتقان دەريا . ئۇنىڭ رەڭگىدە توپىلىق زېمىننىڭ رەڭگى ، شاۋقۇنىدا قۇملۇق مەهكۇمىنىڭ ئاهى ، دولقۇنىدا كۈرەش ئەزىمىتىنىڭ جۈرئەتلىرى بار .

ئېكىنزارلار ئۇنىڭغا تەلمۈرىدۇ ، بوز يەرلەر ئۇنىڭغا يالۋۇرىدۇ ، قۇملۇقلار ئۇنىڭغا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان ...

دەريا موھتاجلار ئالدىدا خىجىل . ئۇ ئۆزىنىڭ نەچچە يۈز مىليون يىللار بۇرۇنقى كەڭ ۋە ئۇلۇغ ئېقىنىنى سېغىنىدۇ ، لېكىن ئۇ ئېقىن ھازىر چۆلگە ئايلانغان . دەريا ئۆزىمۇ موھتاجلىقنىڭ قولى . مۇزلۇق تاغ مۇقەددەس قۇياشنىڭ شاراپىتى بىلەن ئۇنىڭغا شەربەت ئاققۇزمىسا ، ئۇمۇ چاڭقاپ ئۆلگەن ئاق قۇدەك سۇنايلىنىپ ياتىدۇ .

ئېھ ، دەريا ! ئېھ سۇ ! سەن ئانا دىيارنىڭ تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقان قان . سېنىڭسىز مەن ھېچنېمىنى ، ھېچنېمىنى ھەتتا ئۆزۈمنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن .

مەن توپىلىق يولدا كېتىۋاتىمەن ، ئالدىمغا قاراپ ـ قاراپ كېلىۋاتىمەن .

ئەنە ، ئالدىمدا « قارا ئۆي » — « تۆت يۈز تاملىق ئۆي » . تىوغراق ئۇنىڭ ئومۇرتقىسى ، يۇلغۇن ۋە شاخ ـ شۇمبىلار ئۇنىڭ قوۋۇرغىسى ، توزغاق ، توپا ئارىلاشتۇرۇلغان لاي ئۇنىڭ ئەت ـ تېرىسى . ئۇنىڭ ئىچىدە ھالال يۈرەك ياشايدۇ — ئۇ دېھقان .

مەن دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىردىم . ئۇ توپا باسقان كىگىزنىڭ ئۈستىگە كۆرپە سېلىپ مېنى تۆرگە باشلىدى .

ئالدىمدا ئۇنىڭ بېغىنىڭ نېمىتى . ئۇ مېنى نېمەتلەرگە بېقىشقا زورلايدۇ . ئۆزى كاڭنىڭ لېۋىدە تىزلىنىپ ئولتۇرىدۇ .

ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرىدۇ ، شۇ تىزلىنىشىدە يالاڭئاياغ پۇتلىرىنى ماڭا كۆرسىتىشنى خالىمايدۇ ، چۈنكى ئۇنىڭ تاپىنى توپا ، لاي ياكى تېزەك يۇقى .

مەن باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغانىدىم . ئۇنىڭغا قاراپ مەنمۇ دەرھال ئولتۇرۇشۇمنى تۈزۈۋالدىم . چۈنكى ، باداشقان ئالدىدا تىزلىنىش خورلۇق ، تىزلىنىش ئالدىدىكى باداشقان تەكەببۇرلۇق .

سەن ماڭا بىر تىزلانغاندا ، مەن ساڭا ئون تىزلىناي ، دېھقىنىم ، سەن ماڭا ئۆيۈڭنىڭ تۆرىدىن ئورۇن بەرگىنىڭدە ، مەن ساڭا قەلبىمنىڭ

تۆرىدىن ئورۇن بەرمىسەم بولامدۇ ؟
مەن توپىلىق يولدا كېتىۋاتىمەن ، ئالدىمغا سىنچىلاپ ـ سىنچىلاپ كېلىۋاتىمەن .
ئەنە ، ئالدىمدا كېسىلگەن توغراقلىق ــــ كېسىلگەن ئورمان . خۇددى كېسىلگەن باشلار ياتقان جەڭگاھ ، خۇددى زۇمچەك ـ زۇمچەك توپا دۆۋىلەنگەن قەبرىگاھ .
بۇ يەردە ئۇچار ـ قاناتلارنىڭ نەغمە ـ ناۋاسى يوق ، پەقەت مۇدھىش بورانىنىڭ ھۇۋۇلدىشى ھۆكۈم سۈرىدۇ .
بـۇ يەردە چىمەنزارلار قۇرۇغان ، پەقەت قۇم ئەجدىھارىلا سوزۇلۇپ ياتىدۇ .
ئىـنسانلارنى تەربىيە قىلىپ چوڭ قىلغان بۇ مۇقەددەس ، بەھەيـۋەت بۆشۈك پۈتۈنلەي چۆل ـ چۆل قىلىنغان .
ئۇ سـېخىي ئىدى ، ئىنسانىنىڭ ھاجىتىدىن لايىقىدا چىقاتتى . ئەجەب ، ئەمدى ئۇ شۇ سېخىيلىقىنىڭ بەدىلىگە ئۆزىنىڭ ياشاش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىلىنسا .
ئۇ تۈز ، بۈيۈك ۋە زور بولغان گۇناھى ئۈچۈن شۇ شۇم قىسمەتكە دۇچار بولغانمىدۇ ؟!
مۇستەھكەم ــــ بەردەم ، ئۆزئارا ھەمدەم ، قەيسەر ياشاۋاتقان بۇ ئورمـانزارنىڭ قەددىنى قۇملۇق دېۋىسى پۈكەلمىگەنىدى ، سەن پۈكۈپ بېرىپسەن ، ئىنسان !
ئەمدى ئۇ دېۋە بىر كۈنى سېنىمۇ ھاپ قىلىپ يۇتۇۋەتمىسە ...
مەن توپىلىق يولدا كېتىۋاتىمەن ، ئالدىمغا قاراپ ـ قاراپ كېلىۋاتىمەن .
ئەنە ، ئالدىمدا قاتار كېتىۋاتقان ھارۋىلار ، ئۈستىدە كەتمەن ۋە دېھقان . بەزىلىرى قانداقتۇر بىر كۈيلەرگە غىڭشىيدۇ ، بەزىلىرى ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ غەزەل توۋلايدۇ ، بەزىلىرى ئۇلاغلىرىغا ئېلىۋالغان ئوت ـ چۆپلىرى ئۈستىدە ئۇيقۇغا كەتكەن ۋە بەزىلىرى ئېغىر خىيال قۇچىقىدا .
..

هارۋىنىڭ ئېگىز ياغاچ چاقلىرى غىچىرلايدۇ . ئۇ غىچىرلاشلىرىدىن گويا قاشقاقلىقنىڭ ئاچچىق نالىسى ئاڭلىنىدۇ .

كەينىدىن كەلگەن ماشىنىلار دېھقاننى چۆچۈتىدۇ . ئۇ دەرھال هارۋىسىنى يانغا تارتىدۇ . ماشىنا ئۇنى توپا ـ چاڭغا كۆمۈپ ئۆتىدۇ . ئۇزۇنغا سوزۇلغان چاڭدىن ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، هارۋىسىنى دەم ئۇيانغا ، دەم بۇيانغا ئۆتكۈزىدۇ ، يۆتىلىدۇ ، تۈكۈرىدۇ ، لېكىن كۆزلىرىنى توسقۇلىشقا ئامالسىز ، چۈنكى چاڭ ـ توپا ئىچىدىن ئۇ يەنە يول ئىزدىشى كېرەك ، مەنزىل بولسا تېخى يىراق .

چاڭ بېسىققاندىن كېيىن ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ كۆككە كۆز تاشلايدۇ ، ئاسمان سۈپسۈزۈك ، ئۇچار ـ قاناتلار پەرۋاز قىلىشۋاتقان ... تۇيۇقسىز كۆزگە چېلىققان ئايروپىلان ئۇنى زوقلاندۇرىدۇ ، ئۇ كۈلىدۇ ، يەنە تۇرۇپ ئارمان بىلەن خورسىنىدۇ .

ئېھ ، ئارمان ، سېنىڭ قانات ياساپ ئۇچقۇڭمۇ بار ، پولات چاق بېكىتىپ چاپقۇڭمۇ بار . قاغجىرىغان ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىدە شەربەت سۇلار لەببالەپ ئېقىپ تۇرسا ، مۇدھىش قۇملۇقلىرىڭنىڭ ئورنىدا يېشىل يايلاقلار كۈلۈپ تۇرسا ... ئۇ چاغدا بۇ يوللارمۇ چىمەنزارغا ئايلانغان بولاتتى ، سەنمۇ توپا يېمىگەن ، غەم يېمىگەن بولاتتىڭ .

لېكىن ، بۇ ئەجرىڭنىڭ مېۋىسى بولىدۇ هەم بولدى . ئۇ مېۋەڭنىڭ ئۇرۇقلىرى مېۋە بەردى هەم يەنە بېرىدۇ . ئىنسان ئەجرىنىڭ مۇكاپاتى ــ ئۇ قالدۇرغان مېۋىنىڭ قەدىرلىنىشىدە هەم يەنە كۆپىيىشىدە .

سەن مېڭىۋاتقان ، مەن مېڭىۋاتقان بۇ توپىلىقنىڭ هامان بىر كۈنى لەيلىزارلىققا ئايلىنىشىغا ئىشەنچىم كامىل .

(بۇ نەسىر ، يازغۇچىنىڭ « تەڭرىتاغ » ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان بىر يۈرۈش نەسىرلىرى ئىچىدىن ئېلىندى . )

يۇقىرىدا بىز ئۈچ پارچە نەسىرنى كۆرۈپ ئۆتتۇق . ئالدىنقى

ئىككى نەسرنىڭ بېشىدىن باشلاپ، ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئاددىي بولسىمۇ ھەرھالدا بايان ئۇسۇلىدا بىرىلگەن ۋەقەلىك بار. شۇنىڭدەك بۇ ئىككى پارچە نەسىردە يازغۇچىنىڭ ئۇسلۇبى، كۆز ئالدىدىكى كۆرۈنۈش، ھالەتلەرنى، مەنزىرىلەرنى دەل جايىدا، ئىخچام تەسۋىرلەش ھەمدە بۇ تەسۋىر ئىچىگە لىرىك ھېسسىياتنى سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەت ماھارىتى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. گەرچە بۇ ئىككى نەسىردە تەبىئەتتىكى ئىككى ھادىسىلا يېزىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ يەنى «ياۋاش»، «ئېرىنچەك»، «بەخىرامان» كالىلار ئىچىدىكى بىر كالىنىڭ، سۇ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىشكە ئۇنىماي «مېھرىبان پادىچى» نىڭ رەھىمدىللىك بىلەن ئۇنىڭ ساغرىسىگە قېتىپ قالغان تېزەكلەرنى «نوقۇغۇنى» غا پەرۋا قىلماي، ئۆزىنىڭ سۇ يۈزىدە ئەكس ئەتكەن بىر جۈپ مۈڭگۈزىنى كۆرۈپ «مىدىر قىلماي»، «ئۆزىنى تامامەن ئۇنتۇپ» تۇرۇۋالغانلىقىدىن ئىبارەت كۆرۈنۈشى زاھىر بولسىمۇ، ئەمما بۇ كۆرۈنۈشلەر كىشى قەلبىنى ئىختىيارسىز لەرزىگە سالىدۇ ۋە ئويلاندۇرىدۇ. ئىككىنچى نەسىردە، ئورمانلىققا ئوۋ ئوۋلاشقا كەلگەن ئوۋچىنىڭ قەلبىگە ئاجايىپ گۈزەل، تىنچ، تىمتاس مەنزىرە بارا ـ بارا تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ ئىنسانلىق تەبىئىتى يەنى گۈزەللىكتىن سۆيۈنۈش خاراكتېرى بارا ـ بارا ئويغىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوۋلاش مەجبۇرىيىتىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئۇنتۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ «ئاق كۆكۈل» ئوۋچى، ئۆزىنىڭ ئولجىسى كۆز ئالدىدا پەيدا بولغاندا، ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە زوقلىنىپ قاراپ قالىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا بۇ ئىككى پارچە نەسىردە ئىپىك نەسرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە خاس بايان، ۋەقەلىك ھەم كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات بىلەن تويۇندۇرۇلغان شېئىرىي مەنزىرە بار.

«تۇيلىق يولدا» ناملىق نەسىردە (بۇ نەسرنى ئالدىنقى ئىككى نەسرنى شەرھلىگەندەك يەشمە بېرىلمىسىمۇ بولار) بولسا: «مەن تۇيلىق يولدا كېتىۋاتىمەن، ئەتراپقا قاراپ ـ قاراپ كېلىۋاتىمەن» دېگەن بايان جۈملىدە ھەمدە «مەن» نىڭ دېھقانىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندىكى قىسقىغىنا بايانلىرى بولسىمۇ ئەمما بۇلار، بۇ نەسرنىڭ ئاساسى گەۋدىسى

بولالمايدۇ . شۇنىڭدەك ھەر بىر ئابزاسنىڭ بېشىدا تەكرارلانغان بۇ بىر جۈملە ، بۇ لىرىك نەسىردە قوللىنىلغان بەدىئىي ۋاستىلەر ئىچىدىكى ئا-رىلىق قالدۇرۇپ تەكرارلاشتىن ئىبارەت بىر بەدىئىي ۋاستە بولىدۇ .

شۇڭا ، گېزىت - ژۇرناللارنى كۆرۈپ « نەسىرلەر » ئومۇمىي نا-مىدا بېرىلگەن نەسىرلەر ئىچىدىن لىرىك نەسىر ۋە ئېپىك نەسىرلەرنى ئايرىغاندا ۋە لىرىك نەسىر ياكى ئېپىك نەسىر يازغاندا يۇقىرىدىكى چۈشەنچىلەرنى ، ئۆلگىلەرنى ئۆلچەم قىلىپ بىكىتسەك بولىدۇ .

ئىككىنچى : بەزى مۇھاكىمىلىك نەسىرلەردىمۇ ، مۇرەككەپ ئوي - پىكىرلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ، ئىخچام ، ئوبرازلىق ئىپادىلەش ئۇ-چۇن بايان قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ . بۇ ئوي - پىكىرلەر مەلۇم ۋەقە-لەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ . مەسىلەن ، يۇقىرىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن مۇھاكىمىلىك نەسىرلەردىن : « تەلەي قەلبىڭدە » ، « ماھىيەت-نىڭ ئاشكارىلىنىشى » ، « دانا بىلەن نادان » ، « ھەقىقەت بىلەن خاتا-لىق » ، « بەختلىك ئائىلە » ... قاتارلىق نەسىرلەردە مەلۇم بايان قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان . بۇنىڭغا قاراپلا ئۇلارنى ئېپىك نەسىر دەپ ئايرىساق مۇۋاپىق بولمايدۇ . چۈنكى ، بۇ نەسىرلەرنىڭ ئومۇمىي پىكىر گەۋدىسىدە مۇھاكىمە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . ئەگەر سىز بۇ چۈشەنچىلەرگە قايىل بولمىسىڭىز « غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەت توغرىسىدا » دەپ سەرلەۋھە قويۇپ بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىپ بېقىڭ . يازغان بۇ ماقالىڭىز « ما-ھىيەتنىڭ ئاشكارىلىنىشى » دېگەن نەسىرنىڭ پىكىر تەرتىپى بويىچە بولسۇن . شۇ چاغدا سىز ئاندىن بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىنى چۈشىنىسىز .

ئۈچىنچى : مۇھاكىمىلىك نەسىرلەردە تەبىئەت ، جەمئىيەت ، كى-شىلىك تۇرمۇش ، ھايات قانۇنىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ . ساۋاقداشلار بۇ ئابستراكتنى ئاتالغۇلارغا ھەمدە يۇقىرىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن ، بىرقەدەر مۇرەككەپ پىكىرلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بەزى مۇ-ھاكىمىلىك نەسىرلەرگە قاراپ گاڭگىراپ قالماي ، ساۋاقداشلىق ، دوست-لۇق ، ۋەتەننى سۆيۈش ، ئەمگەك مېۋىسىنى قەدىرلەش ، ئاتا - ئانىنى ھۆرمەت قىلىش ... قاتارلىق تېمىلاردا مۇھاكىمىلىك نەسىر يېزىشنى مە-

شىق قىلسا بولىدۇ. چۈنكى، ساۋاقداشلار كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ھەممە يېرىدە، ھەر سائەت، ھەر مىنۇتتا ئۇچرىتىپ تۇرغان ئىشلار، دۇچ كەل-گەن مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ تەبىئەت، جەمئىيەت، كىشىلىك تۇرمۇش، ھايات قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

نەسىر يېزىقچىلىقى قائىدىلىرىگە بېرىلىدىغان زۆرۈر ئىزاھاتلار يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. ھازىر مەتبۇئاتلىرىمىزدا مەيلى بەدىئىي قىممىتى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەزمۇنى جەھەتتىن بولسۇن ياكى چىن ھېسسىياتنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتىن بولسۇن ئاجايىپ ئېسىل نە-سىرلەر كۆنسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ سەھىپىگە ئۆرنەك قىلىپ ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئۇلارنى بۇ سەھىپىدىكى ئۆرنەكلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئوقۇسىڭىز نەزەر دائىرىڭىز يەنىمۇ كېڭە-يىدۇ. ماتېرىيال تاللاش ۋە يېزىش ماھارىتىڭىزنىڭ ئۆسۈشىگە تېخىمۇ ياردەم بېرىدۇ.

## ئىككىنچى باب

# يېزىقچىلىق ماھارىتىنىڭ يېتىلىشىگە ئاساس سالىدىغان بىر قىسىم مەشىق سوئاللىرى

يۇقىرىدا بايان، چۈشەندۈرۈش، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە-ئەسەرلەر ۋە نەسىرنىڭ تۈرلىرىدىن بولغان لىرىك، ئېپىك، مۇھاكىمىلىك نەسىر يېزىشنىڭ كونكرېتنى ئۇسۇل، تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۆرنەكلەر كۆرسىتىلدى. ساۋاقداشلار بۇ چۈشەنچىلەرنى كۆرۈپ، ھەربىر تۈرگە بېرىلگەن ھەر خىل شەكىلدىكى ئۆرنەكلەرنى ئوقۇپ، ھەربىر پارچە ئۆرنەكنىڭ يېزىلىشىدىكى ئۆزگىچە تەرەپلەرنى، ئارتۇقچىلىقلارنى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلسا، چۈشەنچىلەر بىلەن ئۆرنەكلەرنى بىرلەشتۈرۈپ كۆرسە، ماقالە، نەسىر يېزىش ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئۆسىدىغانلىقى ئېنىق. چۈنكى، مەلۇم كەسىپ، مەلۇم ئىش ھەققىدە مەلۇم تونۇشقا ئىگە بولماي تۇرۇپ ماھارەت يېتىلدۈرگىلى بولمايدۇ. ئەمما، شۇ چۈشەنچىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشى، ئەمەلىي بىلىمگە ئايلىنىشى ۋە ماھارەتنىڭ يېتىلىشى، شۇ ئىشقا ئەمەلىي قول سېلىپ ئىشلەشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئۆز كەسپىدە ئۇتۇق قازانغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇتۇق قازىنىشتىن ئىلگىرىكى جاپالىق ئۆگىنىش، مەشىق ھاياتى بولىدۇ.

باشقا ھۈنەر ـ كەسىپلەردە شاگىرت بولۇپ ياكى بىرسىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىنى بەجاندىللىق بىلەن ئورۇنداش، باشقۇرۇشقا سادىقلىق بىلەن بويسۇنۇپ ئىشلەش ئارقىلىق مەلۇم ماھارەت يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. ئەمما، يېزىقچىلىق ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش ئىشىدا

هەر كىم ئۆزىگە ـ ئۆزى ئۇستاز بولۇش ، ئۆز ماھارىتىنى ئۆزى يېتىلدۈ-رۈش ئەڭ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ . بۇ ماھارەتنىڭ يېتىلىشى ـــ كۆپ ئوقۇش ، كۆپ مۇلاھىزە قىلىش ، ئەتراپلىق كۆزىتىش ، كۆپ يېزىش ، كۆپ تۈزىتىش ، ئىزچىل ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇلاردىن بىرەرسى كەم بولسا يەنى ـــ كۆپ ئوقۇشلا بولۇپ ، ئوقۇغانىنى مۇلاھىزە قىلىش بولمىسا ، ئەتراپلىق كۆزىتىش ، ماتېرىيال توپلاش ۋە كۆپ يېزىشلا بو-لۇپ ، يازغانىنى كۆپ ھەم ئەستايىدىل تۈزىتىش بولمىسا ، ئىزچىل تۇردە ئۆز ـ ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق ئەھۋالىنى ، يازغان ئەسەرلىرىنى باھالاش ، باشقىلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇش ، يەكۈنلەش ، ھەر تەرەپلىمە بىلىم جۇغلانمىسىنى داۋاملىق تولۇقلاش ، يېڭىلاش ... قاتارلىق ئىزدىنىشلەر-نىڭ بىرەرسى كەم بولۇپ قالسا بۇ ماھارەت يېتىلمەيدۇ .

سىز نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدۇرۇش ياكى ھېچبولمىغاندا مەلۇم يېزىقچىلىق ساۋادىنى ، ماھارىتىنى ھاسىل قىلىپ ھەر خىل ئىمتىھانلاردا تەلەپكە لايىق ماقالە ـ ئەسەر يېزىش ، بۇنىڭدىن كېيىنكى مەدەنىيەتلىك ھايات مۇساپىڭىزگە ، خىزمەتلىرىڭىزگە بۇ ئىق-تىدارىڭىزنى ھەمراھ قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى يېزىقچىلىق مەشىقى ئۇ-سۇللىرىغا ئەستايىدىل ئەھمىيەت بېرىشىڭىز ، يېزىقچىلىق جەريانىدىكى بۇ ئەقەللىي تەلەپلەرنى ئۆز بىلىمىڭىزگە ئايلاندۇرۇشىڭىز زۆرۈر . گەرچە بۇ ئۇسۇللار دەسلەپكى باسقۇچلۇق ھەم ئانچە زۆرۈرىيىتى بولمىغاندەك بول-سىمۇ ، بۇنداق مەشقلەرنى ئېلىپ بارماي بىراقلا نادىر ئەسەرلەرنى يېز-ۋېتىشنى خالىسىڭىزمۇ ، شۇ يازمىڭىزدا بۇ مەشىق ئۇسۇللىرىدىكى تەلەپ-لەرنىڭ بىرەرسى قولدىنشقا تېگىشلىك بولۇپ ، قوللىنىلماي قالسا ، ئۇ ئەسىرىڭىزنىڭ سەھىيىسى قانداق بولۇشىدىن ، مەزمۇنى چوڭقۇر ، بەدى-ئىيلىكى قانچىلىك يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تەلەپكە يەتمىگەن ئەسەر بولۇپ قېلىۋېرىدۇ .

## 1 . دېئالوگ بەلگىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تىنىش بەلگىلىرىنى ئىشلىتىشنى ئۆگىتىش ، ئۆگىنىش مەشقى

1 ) بۇ خىل مەشىقنى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى

تەبىئىي پەن دەرسلىرىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچنى ئىشلىتىشى ئومۇملاشقاندىن كېيىن ئاددىي ھېساب ئەمەللىرىنىمۇ ھېسابلىغۇچ ئىشلەتمەي ھېسابلىيالمايدىغان ، چوت بىلەن ۋە باشقا ھېسابلاش ئۇسۇللىرى بىلەن ھېسابلاشنى مۇتلەق بىلمەيدىغان بولۇپ ، ھورۇنلىشىپ قالغىنىغا ئوخشاش ، ئەدەبىيات دەرسىدىمۇ كونسپېك يېزىش مۇتلەق تۈگەپ ، ئىمتىھانلاردا تەپسىلىي جاۋاب يازىدىغان ، ئىش ـ ۋەقەلەرنى ، جەريانلارنى بايان قىلىدىغان ، تەھلىل قىلىدىغان ئىشلار ئازلاپ ، « A ، B ، C » بەلگىلىرىنى قويۇش ئومۇملاشقاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلاردا « ئۇزۇن گەپلەر » نى يېزىشقا خۇشياقمايدىغان ، بىرەر بەت كېلىدىغان بىرەر مەزمۇننى ئېغىزاكى جاۋاب بېرىش تەلەپ قىلىنسا چۇرقىرىشىپ كېتىدىغان ، يېزىقچىلىق مەشىقلىرىدە ئامالىنىڭ يوقىدىن ماقالە ـ ئەسەر يېزىشقا مەجبۇر بولغاندا ، تېگىشلىك جايلىرىغا كېلىدىغان زۆرۈر بەلگىلەرنى قويمايلا يازىۋېرىدىغان ئەھۋاللار كۆپىيىپ قالدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق مەشىقلەردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېزىق نورمىسى ، ئىملا قائىدىسىگە ماس كەلمىگەن سۆز ـ جۈملىلەر قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ . بۇ ئەھۋال ھازىر مەتبۇئاتلاردىمۇ كۆپىيىپ قالدى . ( بۇ ھال يۇقىرىدا بېرىلگەن بەزى ئۆرنەكلەردىمۇ ئۇچرايدۇ . چۈنكى ، ئەسلى مەنبە شۇنداق ) . شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر تىلى دەرسىدە بۇ خىلدىكى كۆنۈكمەلەرنى ئىشلەش مەشقى بىلەن يېزىقچىلىق مەشىقىنى ماسلاشتۇرۇپ « دىئالوگ بەلگىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلەرنى ماقالە ـ ئەسەر يازغاندا چوقۇم قوللىنالايدىغان ، توغرا قوللىنالايدىغان بولغانغا قەدەر قايتا ـ قايتا ئېلىپ بېرىش زۆرۈر .

2 ) بۇ مەشىق ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

«دىئالوگ» — دېگەن بۇ ئاتالغۇ گرېك تىلىدىن رۇس تىلى ئارقىلىق تىلىمىزغا ئۆزلەشكەن. مەنىسى: ئەدەبىي، بەدىئىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق پېرسوناژلارنىڭ ئۆزئارا سۆھبىتىنى كۆرسىتىدۇ.

دىئالوگ — ھەرقانداق ئەدەبىي، بەدىئىي ئەسەرلەردە قوللىنىلىدۇ. بولۇپمۇ بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەردە ۋە بەدىئىي ئەسەرلەر ژانىرلىرىدىن سەھنە ئەسەرلىرىدە، ئېپىك ئەسەرلەردە (يەنى ھېكايە، رومان، پوۋېستلاردا) ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدۇ. ئۇ پېرسوناژلارنىڭ ياش ـ قۇرامى مەدەنىيەت ـ سەۋىيىسى، دۇنيا قارىشى، كەسپى، قىزىقىشى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى، مىجەز ـ خۇلقى، روھىي ھالىتى... قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە سالاھىيىتىنى (خاراكتېرىنى) روشەن، جانلىق، ئىخچام، ئوبرازلىق قىلىپ سۈرەتلەپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى ئەسەرلەردە بولۇپمۇ سەھنە ئەسەرلىرىدە ئەسەر ۋەقەلىكىنى قانات يايدۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. يەنە بەزىلىرىدە مۇرەككەپ قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى، پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنى چۈشىنىشلىك، ئىخچام قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مىسال ئۈچۈن تاگورنىڭ «رەزىل پوچتىكەش» ناملىق ئېپىك نەسرىنى كۆرۈپ باقايلى:

## رەزىل پوچتىكەش

— سىز ئۇ يەردە نېمىشقا ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرىسىز، قەدىرلىك ئانا؟

— دېرىزىدىن كىرگەن يامغۇر تامچىلىرى ئۇستۈېشىڭىزنى ھۆل قىلىۋەتسىمۇ پەرۋا قىلمايسىزغۇ؟

— سائەت تۆتكە داڭ ئۇرغىنىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ بۇ دەل ئاكام مەكتەپتىن قايتىپ كېلىدىغان چاغ ئەمەسمۇ؟

— زادى نېمە بولدى ؟ چىرايىڭىز باشقىچىلىغۇ ؟

— بۈگۈن دادامدىن خەت كەلمىدىمۇ ؟

مەن پوچتىكەشنىڭ سومكىسىدىن نۇرغۇن خەتلەرنى ئېلىپ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك بىر پارچىدىن بەرگەنلىكىنى كۆردۈم . ئۇ پەقەت دادامنىڭ خېتىنىلا ئۆزى ئوقۇغىلى ئېلىپ قالدى . مەن پوچتىكەشنىڭ ياخشى ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلىپ قالدىم .

— قەدىرلىك ئانا ، بۇنىڭلىق بىلەن كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ ، ئەتە بۇ يەرنىڭ بازار كۈنى . سىز دېدەككە دەپ قەغەز - قەلەم ئەكەلدۈرۈڭ . مەن دادام خېتىدە يازماقچى بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ چىقالايمەن . سىز مېنىڭ خېتىمدىن ئازراقمۇ قۇسۇر تاپالمايسىز . مەن ئا ھەرپىدىن ك ھەرپىگىچە بولغان ھەممە ھەرپنى يېزىپ چىقىمەن .

— لېكىن ئانا ، سىز نېمشقا كۈلىدىغانسىز ؟ خەتنى دادامغا ئوخشاش يازالايدىغانلىقىمغا ئىشەنمەيۋاتامسىز يا ؟ ئالدى بىلەن كۆڭۈل قويۇپ سىزىق سىزىۋالىمەن . ئاندىن خەتلەرنى سىزىقلار ئىچىگە ھەم چوڭ ، ھەم چىرايلىق قىلىپ يېزىپ چىقىمەن .

— سىز مېنى خەتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن دادىسى ئەخمەققە ئوخشاش ھېلىقى قورقۇنچلۇق پوچتا ساندۇقىغا سېلىپ قويىدۇ ، دەپ ئويلاپ قالماڭ .

— مەن خەتنى سىزگە ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرىمەن ھەم بىر - بىرلەپ ئوقۇپ بېرىمەن . مەن ھېلىقى پوچتىكەشنىڭ دادامنىڭ خېتىنى سىزگە ئەكېلىپ بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرىۋاتىمەن .

( « دۇنيا ئەدەبىياتى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان بۇ نەسىرنىڭ سەرلەۋھىسىدىن باشلاپ تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى :

نېمە ئۈچۈن بۇ نەسىرگە « رەزىل پوچتىكەش » دەپ سەرلەۋھە قويۇلغان ؟ پوچتىكەش رەزىل بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ؟ ياق ، بۇ نەسىردە ئۇنىڭ خاراكتېرى يارىتىلمىغان ھەم يارىتىشمۇ مەقسەت ئەمەس . پوچ-

تىكەشىنىڭ پەقەت باشقىلار ئەۋەتكەن خەتنى ئىگىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىسى بار . ئەۋەتمىگەنلىرىنى بولسا ئۇ يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ . ئەگەر ئەۋەتىلگەن خەتلا بولىدىكەن ، كەنتتىكى ھەربىر ئادەمنىڭ بىر پارچە-دىن خېتى بولسىمۇ ئۆز قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ . نۇرغۇن - نۇرغۇن كۈنلەردىن بېرى ، شۇنىڭدەك بۇگۈن ئەتىگەندىن تاكى سائەت تۆتكە قەدەر ئىنتىزار قىلغان . ئاشۇ ئىنتىزارلىق ، ئازاب ئىچىدە دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇستۈپشى يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتسىمۇ سەزمەيدىغان ھالەتكە يەتكەن ، چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەن « ئانا » نى ئازابلىغان ، ئىنتىزار قىلغان ئادەم دەل گۆدەكنىڭ « ئاتا » سى . ئاپتور بۇ نەسرنى باشتىن - ئاخىر ئاشۇ گۇدەكنىڭ سەزگۈسى ، چۈشەنچىسى ، روھىي دۇنياسى ئا-ساسىدا يېزىپ چىققان . ئاپتور بۇ نەسرنىڭ بېشىدىن باشلاپ تاكى ئا-خىرىغا قەدەر ھېلىقى گۆدەكنىڭ ئانىسىغا سۆزلىشىنى ۋاستە قىلىپ تۇ-رۇپ ، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بولۇپمۇ ئانىنىڭ ئوت-لۇق ، ئازابلىق ئىنتىزارىنى ، گۆدەكنىڭ سەبىي قەلبىنى ۋە باشقا ئومۇمىي خاراكتېرىنى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن . شۇڭا ، نە-سرنىڭ سەرلەۋھىسىمۇ دەل ئاشۇ گۆدەكنىڭ چۈشەنچىسى ئاساسىدا قويۇلغان .

دېمەك ، بۇ نەسردە ئاپتور دىئالوگدىن پايدىلىنىپ ۋەقەلىكنى ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بەرگەن . بۇنىڭدىن باشقا يەنە يۇقى-رىدا ئۆرنەك ئۇچۈن بېرىلگەن « ئىدىيىنىڭ تۇغۇلۇشى » ناملىق مۇھا-كىمىلىك نەسردە ، ھايات قانۇنىيەتلىرى ، دىئالوگ ئارقىلىق تولىمۇ چۈشىنىشلىك ، جانلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن .

سەھنە ئەسەرلىرى ، كىنو ۋە تېلېۋىزىيە سىنارىيىلىرىدىن باشقا ئەسەرلەردىكى دىئالوگلار ئادەتتە سىزىق ( — ) ئارقىلىق باشقا سۆز - جۈملىلەردىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ . سىزىق ئاساسەن تىرناققا ئوخشاپ كې-تىدىغان بىر خىل ئىزاھلاش بەلگىسى بولۇپ ، ئۇ ئىزاھلاش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا ئىشلىتىلىدۇ ، بولۇپمۇ دىئالوگلاردا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ .

مەسىلەن :

— چوڭ دادا ، ھەممە بىلىپىگىز قانچە چىقار ؟
بوۋاي ماڭا ئەجەبلىنىپ قاراپ خۇشياقمىغان ھالدا :
— ئون سەككىز ... — دېدى .
— ھەممىنى ئۆز نەرخى بويىچە مەن ئالاي .
بوۋاي ھەيران بولۇپ ماڭا قاراپ قالدى .
— سىز ... سىز ھەممىنى ئالىمەن دېدىڭىزما ؟
— ھەئە .
— قانداق قىلىسىز ؟
— ...
مەن بۇ تەرىپىنى ئويلىمىغاچقا ، دەرھال جاۋاب بېرەلمەي دۇ-
دۇقلاپ قالدىم .

( ئەختەم ئۆمەرنىڭ « بىلەيچى بوۋاي » ناملىق ھېكايىسىدىن ئېلىندى )

دىئالوگ بەلگىسىنى قوللىنىش شەكلى ئۈچ خىل بولىدۇ .
بىرىنچى خىل شەكلى : پېرسوناژلار بىلەن پېرسوناژلار سۆز-
لەشكەندە ، ئاشۇ پېرسوناژلار سۆزىنىڭ بېشىغىلا قويۇلىدۇ . مەسىلەن :
— سەلەي تۆگىچى ئالتۇن تېپىۋاپتۇ دېيىشىدىغۇ ...
— مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم . مۇشتۇمدەك كېلىدىكەن .
— نەدىن تېپىۋاپتۇ ؟
— يوقاپ كەتكەن تۆگىسىنى ئىزلەپ بارغاندا « كوزا پۇچۇق »
لىقتىن ئۇچراپتىمىش . كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ چۆلدە « غايىب خە-
زىنە » بارمىش ...
— ھە كۆرمەمسەن ئۇنى ، ئىشتىنىنىڭ بېغىغا پۇلاڭشىتىپ ئېسىپ
قويۇپتۇ . كۆتۈرۈپ دەڭسەپ كۆردۈم ، بىر جىڭدىن كەم ئەمەسكەن ...
— ھۇ ، ئەخمەق !

( نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ « ئالتۇن ۋەسۋەسىسى » ناملىق ھېكايىسىدىن
ئېلىندى ) .

ئىككىنچى خىل شەكلى : پېرسوناژلار بىلەن پېرسوناژلار سۆز-لەشكەندە ، پېرسوناژلار سۆزىنىڭ بېشى ھەم ئاخىرىغا قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

— يائاللا ، بىر ئاغىنەم ياخشى كالىنىڭ ئۇرۇقى ، بېقىپ قويغىن دەپ ئەكېلىپ بەرسە بېقىپ ساپتىكەنمەن . بۇ شەھەر يېرىدە كالا باقىمەن دېگۈچە ئىشىمنى قىلسامچۇ ، — دەپ زارلاندى زايىت مۇدىر .

— بۇنىداق قىيىنالىغۇچە بىزنىڭ مەھەللىگە ئاپىرىپ قويىملا ، ئوت - چۆپنىڭ كەڭرى يېرىدە بىزنىڭ كالىلار بىلەن يايلىسۇن ، — دېدى ئىدرىس چورۇق .

( ئەختەم ئۆمەرنىڭ « دوستۇم ئېيتىپ بەرگەن ھېكايە » ناملىق ھېكايىسىدىن ئېلىندى )

بىر پارچە ئەسەرنىڭ زۆرۈرىيىتى كەلگەن يېرىدە بۇ ئىككى خىل دىئالوگ شەكلى ئايرىمۇ ھەم ئارىلاش شەكىلدىمۇ قوللىنىلىدۇ . مەسىلەن :

— بىر يۈز ئون يەتتە جىڭ ئۇن ، يىگىرمە تۆت جىڭ كېپەك ، تۈگمەن ھەققى بەش كوي ئون موچەن ، — چوكان ئالدىراپ قالدى .

— سىڭلىم ، دەپتىرىڭگە يېزىپ قويۇپ تۇر ، بىزنىڭ ئادەم چۆلدىن يانغاندا بىراقلا تۆلىۋېتىمىز .

— ئالتۇن بىلەن تۆلەيدىكەنسىز - دە ، — نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرغانلاردىن بىرى چاقچاق قىلدى . چوكان شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى . ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي دۇدۇقلايتتى .

— كەتكىلى نەچچە كۈن بولدى ؟ — قىزنىڭ سوئالى ئۇنى قۇتۇلدۇرغاندەك بولدى .

— ئون كۈن بولدى . نېمىشقىدۇر تېخىچە قايتمايۋاتىدۇ .

— مېنىڭ دادامۇ كەتكەن ، ئۇنىڭغا ئىككى ھەپتە بولدى ، — قىز گەپ قىلغاچ دەپتىرىگە ھېلىقى چوكاننىڭ ئىسمىنى ، قەرزىنى يېزىپ

قويدى .

( نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ « ئالتۇن ۋەسۋەسىسى » ناملىق ھېكايىسىدىن ئېلىندى )

بۇ ئىككى خىل دىئالوگ شەكلىدە ھەربىر پېرسوناژنىڭ سۆزى چوقۇم باش قۇردىن يېزىلىشى ، چوقۇم دىئالوگ بەلگىسى قويۇلۇشى كېرەك . بىر پېرسوناژنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىغا يەنە بىر پېرسوناژنىڭ سۆزىنى ئۇلاپ يېزىشقا ، دىئالوگ بەلگىسىنى قويماي يېزىشقا بولمايدۇ . مەسىلەن :

بىر يۈز ئون يەتتە جىلغ ئۆن ، يىگىرمە تۆت جىلغ كېپەك ، توگمەن ھەققى بەش كوي ئون موچەن ، چوكان ئالدىراپ قالدى . سىڭلىم ، دەپتىرىڭگە يېزىپ قويۇپ تۇر ، بىزنىڭ ئادەم چۆلدىن يانغاندا بىراقلا تۆلۇۋېتىمىز . — ئالتۇن بىلەن تۆلەيدىكەنسىز ـ دە ، نۆۋەت كۆتۈپ ئولتۇرغانلاردىن بىرى چاقچاق قىلدى . چوكان شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى . ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي دۇدۇقلايتتى . كەتكىلى نەچچە كۈن بولدى ؟ قىزنىڭ سوئالى ئۇنى قۇتۇلدۇرغاندەك بولدى . ئون كۈن بولدى . نېمىشقىدۇر تېخىچە قايتمايۋاتىدۇ . مېنىڭ دادامۇ كەتكەن . ئۇنىڭغا ئىككى ھەپتە بولدى ، قىز گەپ قىلغاچ دەپتىرىگە ھېلىقى چوكاننىڭ ئىسمىنى ، قەرزىنى يېزىپ قويدى .

بۇنداق يېزىلسا پېرسوناژلار بىلەن پېرسوناژلارنىڭ سۆزى ، پېرسوناژ تىلى بىلەن ئاپتور تىلى ئارىلىشىپ كېتىدۇ . ئوي ـ پىكرنى راۋان ، مەنتىقلىق ، چۈشىنىشلىك قانات يايدۇرغىلى بولمايدۇ . ( ئۆز نۆۋىتىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى — بەزى مۇھاكىمە ، چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە ۋە ئوقۇغۇچىلار يازغان بەزى بايان ماقالىلىرىدە ، ئاپتور تىلى بىلەن پېرسوناژ تىلى مۇشۇنداق ئۇلىنىپ يېزىلىپ ، پەقەت قوش تىرناق ئارقىلىقلا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىدىغان قىسمەن ئەھۋاللارمۇ بار . )

بۇ ئىككى خىل دىئالوگ بەلگىسىنى قوللانغاندا ، پېرسوناژ تىلى سوراق جۈملە بولسا ، شۇ جۈملە توگىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كەينىگە

ئاپتور تىلى كەلمىسە سوراق بەلگىسى قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

— قەيەردىن كەلدىڭىز ؟

— بازاردىن كەلدىم دېگەندەك .

ئەگەر پېرسوناژ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن ئاپتور تىلى كەلسە سوراق بەلگىسى قويۇلۇپ ئاندىن دىئالوگ بەلگىسى قويۇلىدۇ . بۇنداق ئەھۋالدا « بازاردىن كەلدىم » دېگەنگە ئوخشاش بايان جۈملىدىكى چېكىتنىڭ ئورنىغا پەش قويۇلۇپ ئاندىن دىئالوگ بەلگىسى قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

— قەيەردىن كەلدىڭىز ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن .

— بازاردىن كەلدىم ، — دېدى ئۇ .

دېگەنگە ئوخشاش . كۆپ چېكىت ( يەنى ... ياكى ... » ، ئۈندەش ( ! ) بەلگىلىرى ياكى سوراق ھەم ئۈندەش ( ؟! ) بەلگىلىرى پېرسوناژلار تىلىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەندە ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپتور تىلى كەلسۇن كەلمىسۇن ، ئەسلى ھالىتى بويىچە تۇرىۋېرىدۇ . مەسىلەن :

— ھەمراھىڭ قېنى ؟ ئاكاڭ قېنى ؟ گەپ قىل دەيمەن ...

— ئۇ ... ئۇلار قالدى ... كەينىمدە يىقىلىپ قالدى ... — ئۇ خىرقىراپ ئاران - ئاران جاۋاب بەردى .

— توختا ، ئوق چىقىرىمەن ! ...

× × ×

— ھا - ھا - ھا ... — دەپ كۈلۈپ كەتتى ئۇ .

× × ×

— تېز بول ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ .

× × ×

— ھە ؟! — ئۇ قاتتىق چۆچۈپ ۋارقىرىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى دېگەنگە ئوخشاش .

بۇ بەلگىلەرنىڭ مەنىسى ، قانداق ئەھۋالدا قوللىنىلىدىغان-

لىقى « ئۇيغۇر تىلى » دەرسىدە تەپسىلىي سۆزلەنگەچكە ، بۇ يەردە پەقەت دىئالوگ بەلگىسى بىلەن بىللە كەلگەن شەكىللا ئىزاھلاپ ئۆتۈلدى .

ئۈچىنچى خىل شەكلى : ئاپتور تىلى بىلەن پېرسوناژ تىلى ئارىلىشىپ ئارقىمۇئارقا كەلگەندە بۇنى ئايرىشتا قوللىنىلىدىغان شەكىل بولۇپ ، بۇ خىل شەكىل ئارقىلىق ئاپتور تىلى بىلەن پېرسوناژ تىلىنى ئايرىغىلى بولماسلىقتەك ئەھۋالنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ ھەمدە تېكىست ئوقۇغاندا بۇ ئىككى خىل تىلنى پەرقلەندۈرۈپ ئوقۇغىلى بولىدۇ . مەسىلەن :

بوۋاي پەرداز قۇتىسىغا خۇددى ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنى ئېتىلغان يولۋاستەك ئېتىلدى .

— نېمە بۇ ؟ — دېدى بوۋاي قىممەتلىك قۇتىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن دېرىزىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ ، — ئوھوي ، ساپ ئالتۇنغۇ بۇ ، ئالتۇن ، — بوۋاي ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى ، — نېمانچە كۆپ ئالتۇن بۇ ، شارل بۇنى سېنىڭ چىرايلىق تىللىرىڭغا تېگىشىپ بېرىپتىكەن - دە ، شۇنداقمۇ ؟ نېمىشقا ماڭا بالدۇر دېمەيسەن ؟ بۇ سوداڭ يامان ئەمەس بوپتىكەن ، قوزام . مېنىڭ قىزىمدە سەن . سېنى ئەمدى چۈشەندىم .

× × ×

— ۋاي قىزىم ، بىر قۇتا ئۈچۈن خاپا بولۇشساق بولماس ، مە ، ئال ! — قېرى تۇڭچى قۇتىنى ئىتتىكلا كارىۋاتقا تاشلىدى ، — نانېتا ، سەن بېرىپ فېژلىن ئەپەندىمنى چاقىرىپ كەل ! ئەمدى بولدى قىلغىن ، ئانىسى ، — ئارقىدىن ئۇ ئايالىنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويدى ، — ھېچ گەپ يوق ، يارىشىپ قالدۇق . شۇنداق ئەمەسمۇ ، ھە ، قوزام . ئەمدى قۇرۇق بولكا يېمەيسەن ، كۆڭلۈڭ تارتقان نېمىنى يېگىن ... خۇداغا شۈكرى ، كۆزىنى ئاچتى ، بولدى قىلغىن ئانىسى ، بولدى !

( بالزاكنىڭ « يېۋگېنىي گراندې » رومانىدىن ئېلىندى )

بۇ خىل دىئالوگ شەكلىنىڭ ئالدىنقى ئىككى خىل شەكلىدىن

پەرقى ــ ئاپتور تىلى بىلەن پېرسوناژ تىلى ئارىلىشىپ كېلىدۇ . ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىدۇ . تېكىست ئىچىدە بولسا بۇ ئىككىسىنى باش قۇردىن يېزىش تەلەپ قىلىنمايدۇ . شۇ بىر كىچىك مەزمۇن ، شۇ پېرسوناژنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى مەلۇم ھەرىكىتى ۋە سۆزى ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئۇلاپ يا- زىۋەرسە بولىدۇ .

ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتىدىن بۇ ئۈچ خىل دىئالوگ شەكلى ئايرىپ كۆرسىتىلدى . ئەمەلىيەتتە ، يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا بۇ ئۈچ خىل شەكىل كۆپىنچە ئارىلىشىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

شۇ چاغدا ئىشىك چېكىلىپ قالدى .

ــ كىرىڭ ، ھە .

ئۆيگە ئاق شىلەپە كىيگەن ، مىنىڭكىدەك چاقماق كۆڭلەكنى تارشىمنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغان بىر يىگىت كىردى ، سالام قىلىشتۇق . ئاۋۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرى يېڭى كىرگەن ياشنىڭ بېشىدىكى شىلەپىگە تى- كىلىپ قالدى ، ئۇنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى بولغاي ، چىرايى سۆرۈنلىشىپ ، قاپاقلىرى سېلىنىپ ئولتۇردى .

ــ ئۆزلىرى ئىدارە باشلىقى سېلىمكام بولامال ؟ ــ دېدى يىگىت .

ــ ھەئە ، مەن شۇ .

ــ مەن ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن ، ئىسمىم ئۇبۇل تۇرغۇن .

ــ ھە ... ھە ... خەۋىرىم بار ، ئاڭلىغان .

سېلىم ئۇبۇل ، تۇرغۇننىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە يەنە بىر سەپ- سالدى . نەزەرىنى يۆتكىشىگە كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مىڭ پاتمان خاپىلىق ، نارازىلىق ، رەنجىش بار ئىدى .

ــ سىز قايتىپ تۇرۇڭ ، ئەتە باشلىقلار بىر يەرگە جەم بولۇپ سىزنى ئىدارىگە قوبۇل قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرىلىشىمىز . ئۆگۈن- لۈككە جاۋابىنى ئالغىلى كېلىپ باقارسىز .

ئۇبۇل تۇرغۇن بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ ، يۈزى قىزىرىپ كېتىپ « ماقۇل » دەپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى . ئى-

شك يېپىلا ـ يېپىلماي ، سىلىم قايناپ كەتتى :
— ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ . بۇ بالىنىمۇ ئۇنداق ئوبدان ، بۇنداق قابىل دەپ جىق بىر تەرىپىنى ئاڭلىۋىدىم . مانا كېيىۋالغان نىمىسىنى بىر كۆرۈپلا رايىم قىرىق گەز يېنىپ كەتتى . بولدى ، بۇ ئاداشمۇ ئۆزىگە يارىشىدىغان جايىنى تېپىۋالسۇن ...
كۆزلىرىمىز يەنە ئۇچرىشىپ قالدى . ئۇنىڭ تازا سەپرايى تۇتقانىدى .
— مىنىڭچە ، — دېدىم مەن ، — بىز مۇشۇنداق ئىشلاردا — تۇرمۇشىمىزدىكى نۇرغۇن ئىشلاردا ، ئۆزىمىزنى ـ ئۆزىمىز چۈشەپ قويىمىز . شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئەركىنلىكىمىزنى ئۆزىمىز قۇربان قىلىۋىتىمىز . مىنىڭچە بۇنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى تولا ... كىيىنىش باشقىلارنىڭ كۆزىگە سىغىش ئۈچۈن بولسا ، بۇ ئانچە ئادىللىق بولماس . كىمنىڭ كۆڭلى قانداق كىيىنىشنى خالىسا شۇنداق كىيسە بولار ، كىيىم ـ كېچەك ئادەمنىڭ يامان سۈپەتلىك بەلگىسى بولۇپ قالسا ، ئىش ئادىل بولمايدۇ .

( ئەختەم ئۆمەرنىڭ « كۆزلىرىمىز » ناملىق ھېكايىسىدىن ئېلىندى )

ئەگەر پېرسوناژ دىئالوگى ئەسلىمە ھالىتىدە ئەينەن كەلسە يەنى مەلۇم بىر پېرسوناژنىڭ مەلۇم بىر پېرسوناژغا بۇرۇن ئېيتقان سۆزلىرى ئاپتور تىلى ئارقىلىق تىلغا ئېلىنسا ياكى پېرسوناژ تەرىپىدىن ئەسلەنسە بۇ سۆزلەر باش قۇردىن ئايرىپ يېزىلماي كۆچۈرمە جۈملە شەكلىدە قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ .مەسىلەن :
ئۇ دادىسىنى كۆندۈرۈشكە بىر قانچە قېتىم ئۇرۇنۇپمۇ باقتى . لېكىن ئىمىن ئاكىنى چۆلگە چىقىپ ئالتۇن ئىزلەشكە ماقۇل قىلالمىغانىدى . « بىكار قالغان بولساڭ جاڭگالدىن ئوتۇن ئېلىپ چىق . بىر ھارۋىسى ئون كويغا يارايدۇ . پۇل دېگەن مانا شۇ ، لېكىن ئەخمەقلىق قىلما ... » ئىمىن ئاكا نادىرغا ئەنە شۇنداق دېگەنىدى .

× × ×

ئىمىن ئاكا ھەسەن خارەتنىڭ « سېلىپ ياتىدىغان كۆرپىسىنىڭمۇ تـايىنى يوق گادايغا قىز بەرمەيمەن » دېگەن يېقىنقى گېپىنىمۇ يادىغا ئالدى .

( نۇرمۇھەمـمەت توخـتـىنىڭ « ئالتۇن ۋەسۋەسىسى » ناملىق ھېكايە-سىدىن ئېلىندى )

بۇنىڭدىن باشقا يەنە گرېك تىلىدىن رۇس تىلى ئارقىلىق بىزگە ئۆزلەشكەن ھەم ساۋاقداشلارغا تونۇشلۇق بولغان « مونولوگ » دېگەن بىر سۆزمۇ بار . بۇ سەھنە ئەسىرى ياكى باشقا بەدىئىي ئەسەرلەر ھەمدە ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە ، تاماشىبىنلارغا قارىتا ئېيتىلغان سۆزىنى ۋە ئوي ـ پىكرىنى كۆرسىتىدۇ .

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ھەمدە سەھنە ئەسەرلىرىدىن باشقا بارلىق بـەدىئىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار مونولوگى خۇددى ئەسلىمە ھالىتىدە كەلگەن دىئالوگغا ئوخشاش قوش تىرناق ياكى قوش پەش ئىچىگە ئېلى-نىدۇ . مەسىلەن :

شۇنداقتىمۇ يېۋگېنىدا ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ تۇرۇۋاتقان كۈچ بار ئىدى . ئۇ بۇ كۈچنى مۇھەببەتتىن ئالاتتى « ئۇنىڭ ئۈچۈن قىيما ـ چىيما بولۇپ كېتىشكە رازىمەن » دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە .

× × ×

« بۇ بوينۇمغا سىرتماق سېلىش بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ » دېدى ئۇ باغدا ئۆزۈم تەكلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ ئۆز ـ ئۆزىگە .

( بالزاكنىڭ « يېۋگېنىي گراندې » رومانىدىن ئېلىندى )

دىئالوگ بەلگىسى ھەمدە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا بەلگىلەرنى قوللىنىش ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت .

## 3 ) مەشق ئىشلەش ئۇسۇللىرى .

بۇ مەشقنى تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل ئۇسۇلدا ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىش مۇمكىن .

ئۆرنەكلەردىن تېپىپ چىقىش يەنى بىرەر تېكىستنى نۇقتا قىلىپ ، تەپسىلىي « ئوپېراتسىيە » قىلىپ كۆرۈش ئۇسۇلى . بۇنىڭدا ھەرقايسى يىللىقلارنىڭ « ئەدەبىيات » دەرسلىك كىتابلىرىدا دىئالوگ بەلگىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تىنىش بەلگىلىرى كۆپرەك بولغان بىرەر تېكىست تاللىۋېلىنىپ ، بىر ياكى بىر نەچچە ئابزاس ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلى- كىدە ئوقۇلۇپ ، قايسى يەرگە دىئالوگ بەلگىسى قويۇلغانلىقى ، قايسى يەرگە قانداق تىنىش بەلگىلىرىنىڭ قويۇلغانلىقى تەھلىل قىلىنىدۇ . ئۇ- نىڭدىن كېيىن شۇ تېكىستتىن بۇ خىل بەلگىلەر كۆپ قوللىنىلغان ، يەنە بىرەر ئابزاس ياكى بىرەر پارچە بىر نەچچە قېتىم ئوقۇلغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار كىتابنى يېپىپ قويۇپ ، ئاشۇ پارچىنى ئېسىدە قالغىنى بو- يىچە ، بۇ بەلگىلەرنى تولۇق قويۇپ ، تاپشۇرۇق دەپتەرگە ياكى مەشق دەپتەرگە يېزىشقا تەشكىللىنىدۇ . يېزىپ بولغاندىن كېيىن يىغىۋېلىپ تەكشۈرۈلسىمۇ ياكى تېكىست بىلەن ئۆز يازمىسىنى سېلىشتۇرۇپ يېتەر- سىزلىكلىرىنى تېپىپ چىقىشقا ، ئۆز ـ ئۆزىنى باھالاشقا ، شۇ پارچىدە كېلىدىغان بەلگىلەرنىڭ ئومۇمىي سانىغا ئاساسەن كەم قالغان ھەربىر بەلگىگە يۈزلۈك نومۇردىن نەچچىسى توغرا كېلىدىغانلىقىنى بېكىتىپ بې- رىپ ، خاتا بولۇپ قالغان ، كەم قالغان جايلىرىغا ئۆزلىرىگە قىزىل قە- لەمدە بەلگە قويغۇزۇپ ۋە نومۇر قويۇپ باھا بېرىشكە يېتەكلىسىمۇ بولى- دۇ .

پارچە يازدۇرۇش ئۇسۇلى . ئوقۇغۇچىلار بەزى يېزىقچىلىق مە- شىقلىرىدە تاشقى قىياپەت تەسۋىرى ياكى مەنزىرە تەسۋىرى يېزىشقا تەشكىللىنىدۇ . دىئالوگ تەسۋىرى يازدۇرۇش شۇنىڭغا ئوخشاش بىر مەشىق شەكلى بولىدۇ ، بۇنىڭدا پېرسوناژلار دىئالوگىنىڭ ئۈچ خىل

شەكلىدە ۋە ئارىلاش شەكلىدە ئايرىم ـ ئايرىم تۆت پارچە يېزىشقا تەشـ
كىللەنسمۇ ياكى بىرىنى يېزىشقا تەشكىللەنسمۇ بولىدۇ .
ئوقۇپ بېرىپ بەلگە قويغۇزۇش ئۇسۇلى . بۇنىڭدا گېزىت ـ ژۇر-
ناللاردىن قىسقىراق بىرەر پارچە ئەسەر ياكى شۇ ئەسەرنىڭ مەلۇم
ئابزاسلىرى تاللاپ ئېلىنىپ ، سىنىپ ئىچىدە ئوقۇپ بېرىلىپ ئاڭلاپ يې-
زىشقا تەشكىللىنىدۇ . ئوقۇپ بېرىش جەريانىدا باش قۇردىن باشلاش
ياكى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىش ئەسكەرتىلگەندىن باشقا ھەرقانداق تىنىش
بەلگىلىرى ، دىئالوگ بەلگىسىنى قويۇش ئەسكەرتىلمەيدۇ .
ئوقۇغۇچىلار ئاڭلاپ يازغان بۇ يازمىسىغا دىئالوگ بەلگىسى ۋە
تىنىش بەلگىللىرىنى قويۇپ بولغاندىن كېيىن تاپشۇرۇپ نەخ مەيداندا
يىغىۋېلىنىپ ، تەكشۈرۈلسمۇ ياكى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە سىنىپ ئىچىدە
ئومۇملاشتۇرۇلسمۇ ۋە ياكى بىرىنچى خىل ئۇسۇل بويىچە ئوقۇغۇ-
چىلارنى ئۆز ـ ئۆزىگە باھا بېرىپ نومۇر بېرىشكە يېتەكلىسمۇ بولىدۇ .
مەشىق ئەسەرلەردىكى دىئالوگلارنى ئايرىش ئۇسۇلى . بۇنىڭدا
ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقى ئىچىدىن دىئالوگ بەلگىسى ۋە تىنىش بەل-
گىلىرىنى تولۇق قويۇلمىغان ، ئاپتور تىلى بىلەن پېرسوناژ تىلى ئايرىل-
مىغان مەشىق ئەسەردىن بىرنى ئايرىپ چىقىپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپ-
شۇرۇق دەپتىرىگە ئۆنى ئەينەن يازدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاستىغا تە-
لەپ بويىچە يېزىپ چىقىشقا تەشكىللەش ئۇسۇلى . بۇ مەشىقمۇ ئالدىنقى
ئۇسۇل بويىچە باھالانسا بولىدۇ .
يۇقىرىقىلاردىن دىئالوگ بەلگىسى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تى-
نىش بەلگىلىرىنى قوللىنىشنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ، ئۇسۇلى ھەققى-
دىكى چۈشەنچىلەردىن ئىبارەت .
ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىك كىتابلى-
رىدا دىئالوگ بەلگىسىنى قوللىنىش ھەققىدە ھېچقانداق چۈشەنچە بولمى-
غاچقا ، باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يازغان
يازمىلاردا دىئالوگلارنىڭ ھەممىسى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپلا ، ئاپتور
تىلى بىلەن پېرسوناژ تىلى قاتىرىسىغا ئۇلاپ يېزىلغان ئەسەرلەر ، ئوقۇ-

غوٴچىلار ئوٴچوٴن مەخسوٴس ئاتالغان گېزىت ـ ژوٴرناللاردا ئېلان قىلىـ
نىۋاتىدوٴ . شوٴ سەۋەبتىن تولوٴق سىنىپ ئوقوٴغوٴچىلىرىموٴ دىئالوگ بەلگىـ
سىنى جايىدا قوللىنالمايۋاتىدوٴ . شوٴڭا ، ئەدەبىيات ئوقوٴتوٴشىدا بوٴ ئىشقا
باشتىن باشلاپ ئەھمىيەت بېرىش ، ئوٴگىتىش زوٴروٴر .

توغرا ، جانلىق بولغان دىئالوگلارنى قوللىنىپ پېرسوناژلار
خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش ئوقوٴغوٴچىلاردىنلا ئەمەس ، بەلكى بارلىق
قەلەم ئىگىلىرىدىن زور ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان مەسىلەرنىڭ بىرى .
ماكارىنكو : « دىئالوگ ھېكايىنىڭ ئەڭ قىيىن قىسمى ، بوٴنىڭدا توٴرموٴشـ
تىكى دىئالوگلار بىلەن پىششىق تونوٴشوٴپ چىقىشقا توغرا كېلىدوٴ . قىزىـ
قارلىق دىئالوگلارنى قوٴروٴق خىيالغا تايىنىپلا تېپىپ چىقىش موٴمكىن ئەـ
مەس . ياش يازغوٴچىلىرىمىزنىڭ تازا قاملاشتوٴروٴپ يازالمايۋاتقىنىموٴ دەل
دىئالوگ » دېگەنىدى . ستىفان زىۋېگ ، دوستويېۋىسكىنىڭ كوٴزىتىش ۋە
پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئوٴلارنىڭ تىلى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىش ماھارىـ
تىگە يوٴقىرى باھا بەرگەن . لوٴشوٴنموٴ ، گوركىي ، بالزاك ھېكايىلىرىـ
دىكى دىئالوگلارنىڭ ئوٴستىلىق بىلەن يېزىلغانلىقىغا ئالاھىدە قول
قويوٴپ : « ئوٴلاردا پېرسوناژلارنىڭ چىرايى يېزىلمىغان بولسىموٴ ، كىتابـ
خانلار ئوٴنىڭدىكى دىئالوگلارغا قاراپلا سوٴزلىشىۋاتقان كىشىلەرنى كوٴرـ
گەندەك بولىدوٴ » دەپ قارىغانىدى . دوٴنياۋى شوٴھرەتكە ئىگە يازغوٴـ
چىلاردىن فرانسىيە يازغوٴچىسى موٴپاسساننىڭ « قوٴتوٴلدوٴم » ناملىق مەشـ
ھوٴر ھېكايىسى ۋە ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان نىگىر يازغوٴچىسى رىچاردـ
رېتنىڭ « ئايال خىزمەتكار » ناملىق ھېكايىسى باشتىن ـ ئاخىر دىئالوگ
بىلەن يېزىلغان . بولوٴپموٴ « ئايال خىزمەتكار » ناملىق بوٴ ھېكايىدە موٴـ
رەككەپ مەزموٴن ، سوٴژىت ، موٴھىت ۋە خاراكتېرلار ، ئىككى ئائىلە ،
ئىككى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئوموٴمىي ئەھۋالى پەقەت دىئالوگ بىلەن يوـ
روٴتوٴپ بېرىلگەن . كىتابخانلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئوٴنوٴمگە
ئېرىشكەن . ( بوٴ دېگەنلىك نادىر ئەسەرلەر جوٴملىدىن ھېكايىلەر پەقەت
دىئالوگ بىلەنلا يېزىلىشى كېرەك دېگەنلىك ئەمەس ، ئەلۋەتتە . بىرەر
جوٴملىموٴ دىئالوگ ئىشلىتىلمەي يېزىلغان نادىر ئەسەرلەر جوٴملىدىن ھېـ

كايىلەرمۇ بار . قانداق يېزىش يازغۇچىنىڭ ئۆز خائىشى ) . شۇڭا ، ساۋاقداشلار تىل ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش جۈملىدىن پېرسوناژلار تىلىنى كۆڭۈلدىكىدەك يېزىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ تىلغا قويۇلىدىغان بەلگىلەرنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشى ئەقەللىي تەلەپلەرنىڭ بىرىدۇر .

# ئۆرنەك ۋە مەشقلەر

1 . تۆۋەندە تىنىش بەلگىسى ۋە دىئالوگ بەلگىسى يوق بىر پارچە يۇمۇر بېرىلدى . ئوقۇپ ، مۇۋاپىق كەلگەن جايلىرىغا تىنىش بەلگىسى ۋە دىئالوگ بەلگىسىنى قويۇڭ .

بىر مىليونېر پىكاسسوغا ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى سىزدۇرۇپتۇ . سۈرەت سىزىلىپ بولغاندىن كېيىن مىليونېر بېرىشكە تېگىشلىك ھەققىنى بېرىشنى رەت قىلىپ سەن مېنى سىزماپسەن دەپ تۇرۇۋاپتۇ .

ئۇزاق ئۆتمەي پىكاسسو ئۇ رەسىمنى كۆرگەزمە قىلىپ ئۇنىڭغا 《 ئوغرى 》 دەپ ماۋزۇ قويۇپتۇ . مىليونېر بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن پىكاسسوغا تېلېفون بېرىپ نارازىلىق بىلدۈرۈپتۇ .

بۇ ئىش بىلەن سىزنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىڭىز بار ، دەپ سوراپتۇ پىكاسسو ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن . ئۇ رەسىمدىكى سىزمىدىڭىز يا .

شۇنىڭ بىلەن مىليونېر رەسىمنى ئېلىشقا مەجبۇر بوپتۇ - دە ، ماۋزۇسىنى 《 ساخاۋەتچى 》 دەپ ئۆزگەرتىپتۇ .

2 . ① تۆۋەندىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسىدە جەمئىي نەچچە دىئالوگ بەلگىسى بارلىقىنى ، بۇ دىئالوگ بەلگىسىنىڭ نەچچىسى جۈملىنىڭ بېشىدا ، نەچچىسى ئوتتۇرىسىدا ، نەچچىسى ئاخىرىدا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ . ② دىئالوگ بەلگىسى بېشىدا ، بېشى ۋە ئوتتۇرىسىدا ، بېشى ۋە ئاخىرىدا كەلگەن جۈملىلەرنى ئايرىم - ئايرىم ئۈچ گۇرۇپپىغا ئايرىپ كۆچۈرۈپ يېزىڭ ۋە ھەر بىر تۈرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

# تاۋار دېگەن نېمە ؟

ئامانجان ياسىن

بىر كۈنى ئەسقەر دادىسىدىن تۇيۇقسىز سوراپ قالدى :

— دادا ، تاۋار دېگەن نېمە ؟

— تاۋار دېگىنىمىز ، — دېدى دادىسى ، — ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەپ چىقىرىلغان مەھسۇلاتتۇر ، ئوغلۇم .

ئەسقەر تازا چۈشىنەلمىگەندەك كۆزىنى چىمچىقلىتىپ :

— دادا ، مەن يەنىلا چۈشەنمىدىم . تەپسىلىي چۈشەندۇرۇپ قويسىڭىز ، — دېدى .

— بولىدۇ ئوغلۇم ، — دېدى دادىسى ، — ئەگەر كىشىلەر ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلارنى ئۆزىلا ئىشلەتسە ، باشقا مەھسۇلاتقا ئالماشتۇرمىسا ، مەسىلەن ، دېھقان ئۆز ئۆيىدە تېرىغان كۆكتاتنى ئۆزى ئىستېمال قىلسا بۇ تاۋار بولمايدۇ . ئەگەر دېھقان بۇ كۆكتاتلارنى بازارغا ئاپىرىپ ساتسا بۇ تاۋار بولالايدۇ .

دادىسى داۋاملىق چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى :

— مەخسۇس تاۋارلارنى ئالماشتۇرىدىغان پائالىيەت سودا دەپ ئاتىلىدۇ . ئېلىمىز چەت ئەللەر بىلەن تاۋار ئالماشتۇرسا بۇ تاشقى سودا دەپ ئاتىلىدۇ .

— ئەمدى چۈشەندىم ، — دېدى ئەسقەر خۇشال بولغان ھالدا .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى ) .

## 2 . ئابزاسلارغا ئايرىشنى ئۆگىنىش ، ئۆگىنىش مەشقى

### 1 ) بۇ مەشقنى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى

تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئابزاس ، بۆلەك ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەرنى سۆزلەپ بېرەلەيدۇ . مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان بىرەر پارچە ئەسەرنىڭ ئابزاسلىرىنى ھەممەيلەن دېگۈدەك توغرا ئايرىيالايدۇ . ئەمما ، يېزىقچىلىققا كىرىشىپ ماقالە ـ ئەسەر يازغاندا ئاشۇ يازمىسىنى ئابزاسلارغا ئايرىشتا قىينىلىدۇ . بەزى ئوقۇغۇچىلار ماقالە ـ ئەسەر يازغاندا ھەربىر جۈملىنى باش قۇردىن باشلاپ يازىۋېرىدۇ . بىر پارچە يازمىسىدا يۈز جۈملە بولسا ئاشۇ يۈز جۈملىنى يۈز ئابزاس قىلىپ يازىدۇ . يەنە بەزىلىرى شۇ يازمىسىنى بىر باشلىغانچە تاكى تۈگىگەنگە قەدەر ئۇلاپ يازىۋېرىدۇ . يەنە بەزىلەر شۇ ئابزاستىكى سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە قاراپ ، بىر ئابزاسنى ئىككى ـ ئۈچ ئابزاسقا پارچىلاپ يازىدىغان ياكى ئىككى ـ ئۈچ ئابزاسنى بىر ئابزاسقا يىغىپ قويىدىغان ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ . سۈژىتلىق ئەسەرلەردە ئابزاس تەرتىپىنى ، پىكىر قاتلىمىنى توغرا ، سىستېمىلىق ئورۇنلاشتۇرالىغان تەقدىردىمۇ چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى ، مۇھاكىمە ماقالىلىرى ، لىرىك نەسرلەرنى يازغاندا قىينىلىدۇ . شۇڭا ، ئابزاسلارغا ئايرىشنى ئۆگىنىش مەشقىنى ھەرقايسى يىللىقلارنىڭ ھەربىر ئوقۇش مەۋسۇمىدىكى يېزىقچىلىق مەشقىگە بىرلەشتۈرۈپ ، ھەربىر مەۋسۇمدا كەم دېگەندە بۇ مەشقنى بىر قېتىمدىن ئېلىپ بېرىش ، شېئىر ، سەھنە ئەسەرلىرى ، كىنو ۋە تېلېۋىزىيە سىنارىيىسىدىن باشقا ھەرقانداق تېكىستلەرنى سىنىپ ئىچىدە ئوقۇغاندا ئابزاسلارغا ئايرىشنى كۆنۈكمە تەلىپىنى ئورۇنداشتىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىپ زۆرۈر چۈشەنچە ، ئەسلەتمىلەرنى بەرگەندىن كېيىن ئاندىن ئاساسىي مەقسەتكە ئۆتۈش زۆرۈر . چۈنكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسىدىكى

بۇگۈنكى كۈندىكى يېزىقچىلىق مەشقىنىڭ ۋەزىپىسى — ھەر مەۋسۇمدا بىر نەچچە پارچىدىن ماقالە ـ ئەسەر يازدۇرۇپ تاپشۇرۇق دەپتەرگە نومۇر قويۇش ئەمەس ، بەلكى ئاشۇ ماقالە ـ ئەسەرلەرنى يېزىش ھەققىدىكى زۆرۈر بىلىملەرنى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي بىلىمىگە ، ئۆمۈرلۈك بىلىمىگە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغاندىلا ئاندىن ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالايدۇ .

**2 ) بۇ مەشىق ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە**

« ئابزاس » — دېگەن بۇ ئاتالغۇ نېمىسچىدىن رۇس تىلى ئارقىلىق بىزگە ئۆزلەشكەن . لۇغەت مەنىسى :« جۈملە بېشى » ، « باشلىنىش نۇقتىسى » ، « قۇر بېشى » دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . ئەدەبىياتتىكى ئىستېمال مەنىسى : مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ مۇئەييەن بىر مەنىنى بىلدۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ، ئاپتور پىكرىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى كۆرسىتىدىغان مەلۇم بىر كىچىك پىكىر بىرلىكىدۇر .

ئابزاس — ئۇ جۈملىنى يېڭى قۇردىن باشلاشنى روشەن بەلگە قىلغاچقا كۆپىنچە ھاللاردا ھەر بىر باش قۇردىن باشلاش بىر ئابزاس بولىدۇ . مىسال ئۈچۈن « نادانلىق » دېگەن سەرلەۋھە ئاستىدىكى مۇنۇ لىرىك نەسرنىڭ نەچچە ئابزاستىن يەنى نەچچە پىكىر بىرلىكىدىن تەركىب تاپقانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى .

## نادانلىق

ھەمراگۈل ئابدۇرېھىم

دوستۇم ، بۈگۈن سەن يەنە بىر كۈنلۈك دەرسكە قاتناشمىدىڭ . دېمەك ، يەنە بىر كۈنلۈك ئۆمرۈڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى دېگەن گەپ ! مۇئەللىممۇ ، ساۋاقداشلارمۇ سېنىڭ بۇ ئىشلىرىڭغا كۆنۈپ كەتكەچكە ، ئارتۇقچە سورىغىنى قىلمىدى . پارتاڭدا پەقەت سەن تۈنۈگۈن تاشلاپ

كەتكەن بىچارە ، غېرىب بوغچاڭ ئىچىدىكى ئىگىسىز كىتاب ـ دەپتەرلەر بويۇن قىسىپ تۇرۇپتۇ .

مەن مەكتەپتىن قايتىپ كېتىۋېتىپ ، يىراقتىن سېنىڭ كونا ئۇل-پەتلىرىڭ بىلەن ئاغزىڭدا تاماكا چىشلىگەن پېتى ئورمان ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈپ قالدىم . ئاڭلىسام تېخى پىۋا ئىچىشنىمۇ ئۆگە-نىۋاپسەن .

ئەي نادان دوستۇم ، سېنىڭ بىر كۈنلۈك ئۆمرۈڭ ، ياق ، ئۆس-مۈرلۈك ھاياتىڭ بىر سائەتلەپ ، بىر كۈنلەپ ، ئايلاپ ، يىللاپ ، بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ .سەن تېخى ئۆمۈر شوتىسىنىڭ ئەمدىلا 12 ـ بالدىقىنى باسقان ئۆسمۈرغۇ ؟ سەن ئىچىنمامسەن ؟ ئاق قەغەزدەك ئۆمۈر بېتىڭنىڭ قارا سىياھ بىلەن بويىلىپ كېتىشىگە ، گۈلدەك باللىق ، ئۆسمۈرلۈك ھا-ياتىڭنىڭ نادانلىق ئىلكىگە ئۆتۈپ كېتىشىگە ئىچىنمامسەن ؟ سەن ئې-چىنمىساڭ بىز ئىچىنىمىز ، ئۇستازىڭ ئىچىنىدۇ ، ئاتا ـ ئاناڭ ئىچىنىدۇ !

ئەي نادان دوستۇم ، سەن مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇتقۇچىڭنى ، ئۆيگە بېرىپ ئاتا ـ ئاناڭنى ئالداپ ، كىچىككىنە گەۋدەڭنى ئىچىملىك ، چېكىملىك بىلەن بۇلغاپ يۈرگەن چاغلىرىڭدا ، بىچارە جاپاكەش ئاتا ـ ئاناڭنىڭ پەرزەنت ئۈچۈن ، سەن ئۈچۈن تارتىۋاتقان جاپا ـ مۇشەققەت-لىرىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ ؟ ئۇلارنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە كەلگەن ئاز-غىنا پۇلنى يېمەي ـ ئىچمەي دېگۈدەك ساڭا سەرپ قىلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئازراق بولسىمۇ چۈشەنمىدىڭمۇ ؟ قارا ، ئۇلارنىڭ مۈكچەيگەن بەللىرىگە ، قارا ئۇلارنىڭ سېنىڭ يامان يولغا كىرىپ قالغانلىقىڭدىن قاي-غۇرۇپ ، ھەسرەتلىنىپ تۆكۈۋاتقان كۆز ياشلىرىغا ! ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ھا-لىغا ھەممىمىز ئىچىنىۋاتىمىز ، بۇ كۆز ـ ياشلار ھەممىمىزنى ئېرىتىۋەتتى . پەقەت سەنلا ئىچىنمايسەن ، سەنلا ئېرىمەيسەن ، سېنىڭ كىچىككىنە باغ-رىڭ شۇنداق قاتتىقمۇ ؟ تېخى ئەمدىلا ئون ئىككى ياشقا قەدەم قويغان بالىنىڭ كۆڭلىمۇ شۇنداق قاتتىق بولامدۇ ؟

بەس ئەمدى ، بۇ يولۇڭدىن قايت ! ئۇ ئاتالمىش ئۈلپەتلىرىڭدىن ، ھېلىقى « سادىق دوست » لىرىڭدىن مېھرىڭنى ئۈز ! ئاتا ـ ئاناڭنىڭ

سەن ئۈچۈن تارتقان كۆڭۈل ئاغرىقى، ئۇستازىڭنىڭ ئەجرى - جاپاسى يېتەر ئەمدى، نادانلىقنى تاشلا، توغرا يولغا قەدەم قوي ! سەن ئۈچۈن بىردىنبىر توغرا يول ئىلىم - بىلىم يولى، مەرىپەت بېغىڭنى يەنە تېپىۋال ! سەن يامان يولدىن قايتساڭلا، ساۋاقداشلىرىڭ، ئۇستازلىرىڭ، ئانا مەكتىپىڭ يەنە سېنى قۇچاق ئېچىپ قارشى ئالىدۇ. سەن بىلەن بىز تېخى كىچىك سەبىي ئۆسمۈرلەرغۇ ؟ بىزنى ئالدىمىزدا نى - نى يېڭى ئىشلار كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەي دوستۇم، شۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت « كېيىنكى پۇشايمان ئۆزىگە دۈشمەن » بۇ سۆزنى ھەر كۈنى تەكرارلاپ تۇر !

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى. )

بۇ لىرىك نەسىر جەمئىي بەش پىكىر بىرلىكىدىن يەنى بەش ئابزاستىن تەركىب تاپقان.

يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈلگەن ماقالە، نەسىر تۈرلىرى ئىچىدىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنىڭ، مۇھاكىمە ماقالىلىرىنىڭ ۋە بىر قىسىم نەسىرلەرنىڭ ئابزاسلىرى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش پىكىر بىرلىكى بويىچە ئېنىق ئايرىلىدۇ. ئەمما، دىئالوگ قوللىنىلغان بايان خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەرلەردىكى، كۈچلۈك ھېسسىيات ئىپادە قىلىنغان ياكى دىئالوگ قوللىنىلغان بىرقىسىم نەسىرلەردىكى باش قۇردىن باشلانغان سۆز - جۈملىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئايرىم - ئايرىم ئابزاس دەپ ئايرىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى بايان ماقالىسىنى كۆرۈپ باقايلى.

## خىجىللىق

دىلنۇرئاي ئالىم

( ئادەملەرنى يېزىش ئاساس قىلىنغان، پېرسوناژ ئوچېركى تىپىدىكى بايان ماقالىسى )

بىر كۈنى، بىرىنچى سائەتلىك دەرسكە كىرىشىمىز بىلەنلا سى-

نىپ مەسئۇلىمىز سىنىپقا بىر قىزئوقۇغۇچىنى باشلاپ كىرىپ :

— بۇ قىزنىڭ ئىسمى ئاززۇگۈل ، ئۆزى تاغلىق رايوندىن يۆتكە-
لىپ كەلگەن ، بۈگۈندىن باشلاپ سىلەر بىلەن بىللە ئوقۇيدۇ ، سىلەر-
نىڭ بۇ قىزغا ھەر جەھەتتىن ياردەمدە بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلى-
مەن ، — دېدى .

ئۇ بېشىغا بىر خىل گۈللۈك ياغلىق چەگكەن ، ئۇزۇن ئىشتانىنىڭ
ئۈستىگە كۆڭلەك كىيگەن ، بۇغداي ئۆڭلۈك ، ئورۇققىنە كەلگەن قىز
بولۇپ ، كۆرۈنۈشىدىن تارتىنچاقلىقى چىقىپ تۇراتتى .

سىنىپ مەسئۇلىمىز ئۇ قىزنى مېنىڭ يېنىمغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى
ۋە :

— ئاززۇگۈلگە ياردەم قىلىپ ئۆزىڭىزگە يېتىشتۈرۈپ مې-
ڭىڭ ، — دېدى .

مەن مۇئەللىمنىڭ ئاززۇگۈلنى مېنىڭ يېنىمغا ئولتۇرغۇزۇپ قوي-
غىنىغا ئىچىمدە نارازى بولدۇم ، چۈنكى ئۇ قىزنىڭ كىيىنىشى ، تۇرقى
ماڭا ياقمىغانىدى . شۇنداقتىمۇ مەن مۇئەللىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا
قارشىلىق كۆرسىتەلمەي ، جىم ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم .

شۇ سائەتتىن باشلاپ ئاززۇگۈلنى قانداق قىلىپ باشقا بىرسىنىڭ
يېنىغا يۆتكىۋېتىشكە مەجبۇر قىلىش توغرۇلۇق ئويلىنىدىغان بولۇپ قال-
دىم . كېيىنكى سائەتلىك دەرس ۋاقتىدىمۇ ئوقۇتقۇچى ئاززۇگۈلنى يې-
نىمغا ئولتۇرغۇزۇپ قويغان مۇشۇ ئىشنى ئويلاپ دەرسكە دىققەت قىلماي-
تىمەن ، ئوقۇتقۇچىنىڭ مەندىن سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي ،
ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدىدا تاز ئوسال بولدۇم . جاۋاب بېرەلمىگىنىمنىڭ
سەۋەبىنى ئاززۇگۈلنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغانلىقىدىن كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا تې-
خىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتىم .

شۇ سائەتلىك دەرس توشقاندىن كېيىن ئاززۇگۈل مەندىن :

— دوستۇم ، ئىسمىڭىز نېمە ؟ — دەپ سورىدى .

— ئالىيە ، — دەپ سوغۇققىلا جاۋاب بەردىم ۋە ئىچىمدە : « دوس-
تۇم دېيىشكە تېخى بالدۇرغۇ » دەپ ئويلىدىم . ئۇ مېنىڭ سوغۇق مۇئامى-

لـەمنى سەزمىدىمۇ ياكى سەزگەن بولسىمۇ ئېرەن قىلمىدىمۇ ، يەنە سو-
رىدى :
— بۇ سىنىپتا قانچە ئوقۇغۇچى بار ؟
— بـۇنداق ئىشلارنى سوراپ تۇرمىسىڭىزمۇ ، كېيىنچە بىلىۋالار-
سىز .
مەن ئاۋازىمنى تېخىمۇ قوپاللراق چىقىرىپ شۇنداق دېدىم - دە ،
ئۇنىڭ ھەدەپ سوئال سوراۋېرىشىدىن بىزار بولۇپ چىقىپ كەتتىم .
ئارىدىن بىرقانچە كۈنلەر ئۆتتى . ئارزۇگۈل بۇ جەرياندا مەندىن
ئارتـۇق سوئال سورىمىدى . مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيەم ئۆزگەر-
مىدى . مەن ئۇنىڭ ھەر كۈنى ئارتۇق گەپ قىلماي ، پۈتۈن دىققىتى بى-
لەن بېرىلىپ دەرس ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئىچىمدە : « ئېھتىمال ئۇ
بـىر تاغلىق رايوندىن كەلگەچكە ، بىزگە يېتىشەلمەي قېلىشىدىن ئەنسە-
رەپ شۇنداق قىلىۋاتقاندۇ » دەپ ئويلىدىم .
شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىنىپىمىزدىكى بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى
ياندۇرۇۋەتتى . پۈتۈن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئاغزى - بۇرۇنلىرىنى
ئېتىشكىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى . مۇشۇ ۋاقىتتا مەن ئارزۇگۈلنىڭ ئۇ
ئوقۇغۇچى ياندۇرۇۋەتكەن يەرنى سۈرتۈپ تازىلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ
قالدىم ۋە ئۇنىڭ پاسكىنچىلىقتىن قاچمايدىغان ياخشى خىسلىتىگە ئى-
چىمدە قايىل بولۇپ ، ئۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيەمنى ئازراق ئۆزگەرتتىم .
ئارىدىن بىرقانچە ھەپتە ئۆتتى . ئارزۇگۈل تېخىمۇ كەم سۆز بو-
لۇپ كەتتى . بىر كۈنى مەن تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالدىم ۋە مەكتەپكە بارال-
ماي بىر قانچە كۈن دەرستىن قالدىم . ئاغرىپ قالغان كۈننىڭ ئەتىسى
كـەچقۇرۇن بىرسى ئىشىكنى چەكتى . مەن « كىرىڭ ! » دېدىم . ئى-
شىكنى ئاستا ئىتتىرىپ ئارزۇگۈل كىرىپ كەلدى . مەن ئۇنى كۆرۈپ سەل
ئوڭايسىزلاندىم ۋە ئارانلا :
— كېلىڭ ، بۇ يەردە ئولتۇرۇڭ ، — دېيەلىدىم .
ئۇ يېنىمغا كەلدى ۋە :
— ياخشىمۇسىز ، تونۇگۈن تەكرار قىلىپ كەچ بولۇپ كەت-

كەچكە كېلەلمىدىم. بۈگۈن ئۆتۈلگەن دەرسنى چۈشەندۈرۈپ قوياي دەپ كەلگەنىدىم، — دېدى.

شۇ تاپتا خىجىللىقتىن پۈتۈن بەدىنىم قىزىپ، يۈزلىرىم ئوت بولۇپ يېنىشقا باشلىدى. مەن ئارزۇگۈلنىڭ چىرايىغا قارىدىم. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىدىن سەممىيلىك، چىن دوستلۇق مېھرى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بۇ چاغدا ئۇ قىز ماڭا باشقىچە يېقىملىق ۋە ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

( «ئۈمىد چېچەكلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى. )

«دەپ ئويلىدىم» دېگەن يەرگىچە؛ بەشىنچى ئابزاس: «شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە» دېگەن يەردىن «ئازراق ئۆزگەرتتىم» دېگەن يەرگىچە؛ ئالتىنچى ئابزاس: «ئارىدىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتتى» دېگەن يەردىن «دېدى» دېگەن يەرگىچە؛ يەتتىنچى ئابزاسنى: «شۇ تاپتا» دېگەن يەردىن ئاخىرىغا قەدەر، جەمئىي يەتتە پىكىر بىرلىكى بويىچە ئايرىش مۇۋاپىق.

شۇڭلاشقا، ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ مەلۇم بىر ئابزاسىنى بەلگىلەشتە شۇ ئابزاس تەركىبىدىكى سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى پىكىر بىرلىكىگە قاراش كېرەك. شۇڭلاشقا، بەزى ماقالە ـ ئەسەرلەردە بىر ـ ئىككى بەت سەھىپىنى ئىگىلىگەن جۈملىلەرمۇ پەقەت بىر كىچىك مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرۈپ، بىر پىكىر بىرلىكى بويىچە بىر ئابزاس بولۇپ كېلىشى مۇمكىن، يەنە بەزىلىرىدە بىرەر جۈملە ھەتتا بىرەر سۆزمۇ ئالدىنقى ئابزاس بىلەن كېيىنكى ئابزاستا ئەكس ئەتكەن پىكىردىن ئايرىم بولغان يەنە بىر پىكىرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، بىر ئابزاس بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى «كارىزغا مەدھىيە» ناملىق نەسرنى كۆرۈپ باقايلى:

# كارىزغا مەدھىيە

ئالىم نىياز

كارىز ئانامغا ئوخشايدىكەن . ئۇنىڭدا ئەمگەك سۆيەرلىكنىڭ ئوبرازى ، تەقدىم قىلىشنىلا بىلىدىغان ئانا روھى چاقناپ تۇرىدۇ .

كارىز يەرنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئېقىپ چىققان قان . ھاياتلىقنىڭ بۇلىقى ، جەننىتى ، ئارامگاھى ، ھېكمىتى ، قۇدرىتى .

ئاھ ، ئابىھايات كارىز سۇلىرى مېنىڭ شەپقەتچىم ، غۇرۇرۇم ، پەخرىم ! مەن ئۇنىڭغا زادى قانمىدىم . ئۆتسىمۇ قانچە ـ قانچە يىللار ، قەلبىم ۋولقان بولۇپ يېنىپ تۇرار . سۇلىرى ھەمىشە دەردىمگە داۋا ، رەنجىمگە شىپا ، ئۇنىڭدىن بېشىمغا چېچىلىدىغىنى گۈل ـ چېچەك ۋە ئەـ پار . ئۇنىڭ ئېقىشىدا دىلرەبا جانانىنىڭ تولغىنىشى ، چېچەك چوكانىنىڭ ناز كەرەشمىسى بار . ئۇنىڭدا كۈندۈزى قۇياش ئاقار ، كېچىسى ئاي ئاـ قار ... مەن خىيال ئاسمىنىدا چولپان بولۇپ ، ئۇنىڭ قىسمەتلىرىگە تويـ ماي قارايمەن . ئۇنىڭ شىرىلدىشى گۈلىستان بۇلبۇلىنى مەھلىيا قىلغان ناخشىمۇ ؟! ئۇنىڭ كۈمۈش سۇلىرىغا چۈشۈپ ـ چۆمۈلۈپ ، يار ـ دوستلىرىم بىلەن ئوينىغاچ ، كۈلگەچ ، ناخشىلىرىغا قېتىلىپ ئېيتقاچ ، جىمى ھاياتلىقنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كەتكۈم كېلەر ...

كارىزنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىدىڭمۇ ؟ ئۇنىڭ ناخشىسىدا ئارزۇ ـ ئارمان ، مېھىر ـ شەپقەت ، ئېچىنىش ساداسى ياڭراۋاتىدىغۇ !

« تۇرپان ئويمانلىقىدا بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىل بۇرۇن كارىز بار ئىدى » دېسەم ، بىر مۇنچە ئادەم بۇ گېپىمگە ھەيران بولۇپ ، مېنىڭدىن كارىزنىڭ ئەسلى زاتىنى سورىدى . مەن ئاخىر ئۇلارنى توقسۇن ناھىـ يىسىنىڭ كۆكجاي يېزىسىدىكى پەنجىر تاغقا باشلاپ كېلىۋىدىم ، ئۇلار ئاتمىش ـــ يەتمىش كۋادرات مېتىر كېلىدىغان تاش خەرىتىنى كۆردى ـ دە ، قايىللىقىدا « مۆجىزە ئىكەنغۇ بۇ ، بەرھەق ، بەرھەق ! » دېيىشىپ

كەتتى ... كۆرگەنسەن دوستۇم ؟ قىيا تاشقا ئېقىنلار ، كۆللەر ، كارىزلار ، ئېتىز ، مەھەللىلەر رەت - رېتى بىلەن چىرايلىق ئويۇلۇپتۇ ، يەنە ئۇنىڭدا ئارقار قاتارلىق ھايۋانلار ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ھالىتىمۇ ئوبرازلىق تەسۋىرلىنىپتۇ . ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالەمشۇمۇل نەتىجىلىرىنى ، قىممەتلىك تارىخىنى تاغۇ تاشلارغا يېزىپ چىققانلىقى ھەقىقەتەن مۆجىزە ئەمەسمۇ !

بۇنى كىم ئويغان ؟ نېمىشقا ئويغان ؟ بىلگۈڭ كېلىدىغاندۇ ؟ ئەجىر بىكارغا كەتمەيدىغۇ ، ئاخىر ! بۇ ئۇلارنىڭ دۇنيا خەلقىگە تەقدىم قىلغان ئىجادىي ئەمگىكى ، كۆمۈلمەس ئىزى ، بۈيۈك تارىخ . بۇ تارىخ قەدىمدىنلا بار ئىدى . تاش خەرىتە - بۇنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ ! شۇڭا ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى كارتوگرافىيە ئىلمى جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئالدىدا دېيىشكە ، ئۇلارنىڭ كارىزچىلىق تارىخىنى دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەردىن ئۇزۇن دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز .

كارىز ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ، ئۆزىنىڭ يوقالماس تارىخىغا ئىپتىخارلىنىدىغان ۋە پارلاق كېلەچىكىنى يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ھەربىر كىشىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ، جۇشقۇن روھىنىڭ قۇدرىتىنى ، ئەمگەك مېۋىسىنى ۋە جاسارىتىنى جاھانغا نامايان قىلدى ...

كارىز ، مەن سېنىڭ بويلىرىڭدىن كارىزچىلارنى ئىزلىدىم . كارىز تەشمىلىرىدىن ، قۇدۇقلىرىدىن ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئاڭلىنىۋاتامدۇ ! ئۇلارنىڭ سۈبھى تاڭدەك نۇرلۇق يۈزلىرى كۆرۈنۈۋاتىدۇ ، ھىدى پۇرلىنىۋاتىدۇ ... ئالدىمدا قۇياشقا باش قويۇپ ھارارەت ئالغان ئىدىقۇت تېغى چوغدەك جۇلالىنىپ تۇرۇپتۇ . ئۇ كارىز سۈيىنىڭ مەنبەسى — كۆزمەكىن ياكى ئادەملەرنىڭ مېھرى - ئوتى يالقۇنمىكىن !؟ باغرىدىن سۇ ئاقىدۇ ، نۇر - زەر ئاقىدۇ ...

كۆل دېگىنىمىزمىكىن ، ئاشۇ ئېگىز - ئېگىز تۇرغان نېمىدۇر ؟ ئۇلار كارىزلارنى بېسىپ ياتقان قۇم بارخانلىرىمىدۇ ؟! ئۇلارنىڭ مېنىڭ روھى ئالەمىمدە يېڭى - يېڭى تۇيغۇلارنى چاپچىتىدۇ . ئېغىر مۇشكۈلاتلار يېزىلغان تارىخنىڭ بۇ ئۇزۇن سەھىپىلىرى مۇشۇ ئانا تۇپراققا پۈتۈلۈپتۇ -

ده ! غەم تاغلىرىنى شۇ تارىخنىڭ ۋاراقلىرى دېسەك ، قۇم دانچىلىرى ئۇنىڭ چېكىتلىرىمىدۇ ؟!

شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن كارىز سۇلىرى ۋاپادارلىقنىڭ سىيماسىدەك توختىماي ئاقماقتا . ئېقىۋەرگىن ، بايلىقىم ، مۈلكۈم ، كارىز سۇلىرى ، خۇددى مەڭگۈ قېرىماس زېمىندەك ...

( « تارىم » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

بۇ نەسىردە باش قۇردىن باشلانغان ئون ئابزاس بولۇپ ، بەزى ئابزاسلار تەركىبىدىكى سۆز - جۈملىلەر كۆپ ، بەزىلىرىدە ئاز . بۇنىڭ سەۋەبى ھەربىر ئابزاستا بىر كىچىك پىكىر بىرلىكى بار . شۇ پىكىر بىرلىكى نەچچە جۈملىدە تاماملانسا بىر ئابزاس بولۇپ كەلگەن .

بۇنىڭ ئەكسىچە يۇقىرىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « توغراق » ، « قارلىق دالىدىكى خىياللار » ... قاتارلىق بىر قىسىم نەسىرلەردىكى باش قۇردىن باشلانغان ھەربىر جۈملىنى بىر ئابزاس دەپ قارىماي ، بەلكى ئۇلارنى پىكىر بىرلىكى بويىچە ئابزاسلارغا ئايرىشقا توغرا كېلىدۇ . مىسال ئۈچۈن ئالساق : « قارلىق دالىدىكى خىياللار » ناملىق نەسىردە باش قۇردىن باشلانغان ئون تۆت جۈملە بار . ئەمما ، ئاپتور بۇ نەسىرنى پىكىر بىرلىكى بويىچە بەش ئابزاسقا بۆلگەن .

« ئارزۇ » ناملىق نەسىر پەقەت بىر قوشما جۈملىدىن تۈزۈلگەن بىر ئابزاس ئارقىلىقلا تاماملانغان . « تېرىيدىغانلار ئۈچۈن ئۇرۇق » ناملىق نەسىردە : « ئەمگەك — بەختنىڭ ئوڭ قولى ، ئۇنىڭ سول قولى تېجەشتۇر » دېگەن بىر جۈملە بۇ نەسىر ئىچىدە مۇستەقىل بىر پىكىرنى ئىپادىلەپ بىر ئابزاس بولۇپ كەلگەن . يەنە بەزى ئەسەرلەردە ئەسەرنىڭ ئالدىنقى مەزمۇنى بىلەن كېيىنكى مەزمۇنىنى ئۆزئارا باغلايدىغان ئۆتكۈنچى ئابزاسلار بولىدۇ . مەسىلەن ، لۇشۈننىڭ « بەخت تىلەش » ھېكايىسىنى ئالساق ، ئاپتور ھېكايىنىڭ بېشىدا شياڭلىننىڭ بەخت تىلەش سادالىرى ئىچىدە ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كېتىشىنى يازغان . ئۇنىڭدىن كېيىن شياڭلىننىڭ پاجىئەسىگە سەۋەبچى بولغان ئامىللارنى يورۇتۇپ

بېرىدىغان مەزمۇنلارغا ئۆتۈش ئۈچۈن : « شۇنداق قىلىپ شياڭلىن ھەدىنىڭ ئۆمۈر سەرگۈزەشتىسىگە دائىر ئۆزۈم ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن ئايرىم ۋەقەلەر ئومۇمىي بىر كارتىنا بولۇپ ، كۆز ئالدىمغا كېلىشكە باشلىدى » دېگەن ئۆتكۈنچى ئابزاسنى يېزىپ ، ئالدىنقى مەزمۇنلار ( ۋەقەلىك ) بىلەن كېيىنكى مەزمۇنلارنى ئۆزئارا باغلىغان .

خۇلاسە قىلغاندا : ماقالە - ئەسەرلەردىكى ئابزاسلارنى ئايرىشتا ھەم يېزىقچىلىق مەشىقى جەريانىدا ئابزاسلارنى بەلگىلەشتە ، بىر ئابزاستا چوقۇم بىر پىكىر بىرلىكى يەنى كىچىك بىر مەزمۇن ئاساس قىلىنىدىغانلىقىنى ، ھەرقانداق بىر ئابزاسنىڭ چوقۇم باش قۇردىن باشلىنىدىغانلىقىنى ، ئەمما باش قۇردىن باشلانغان سۆز - جۈملىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئايرىم ئابزاس بولىۋەرمەيدىغانلىقىنى ئەمەلىي چۈشەنچىگە ئايلاندۇرۇۋېلىش كېرەك .

بۇ مەسىلە ساۋاقداشلارنىڭ يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىگە ئۆزلىشىپ ، كۆڭلىدە ھەر دائىم ئاپتاپتەك روشەن بولغاندىلا ئاندىن ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا تەركىبلەر يەنى بۆلەك ، قاتلام ، ئۆتۈش ،ماسلىشىش ، باشلاش ، ئاخىرلاشتۇرۇش قاتارلىق تەركىبلەرنى يېزىش ، ئوقۇش جەريانىدا تەدرىجىي ھېس قىلىپ ، ئۆگىنىپ كېتەلەيدۇ .

**3 ) مەشىق ئىشلەش ئۇسۇللىرى**

بۇ مەشىقنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىش مۇمكىن .

ئوقۇپ بېرىپ ئايرىغۇزۇش ئۇسۇلى . بۇنىڭدا دىئالوگ كۆپ قوللىنىلغان ياكى جۈملىلەر باش قۇردىن كۆپ باشلانغان سەھىپىسى قىسقىراق بايان ماقالىلىرى ھېكايە ياكى نەسرلەردىن ( جۈملىدىن يۇقىرىدىكى ئۆرنەكلەر ئىچىدىن ) بىرەر پارچە تاللاپ چىقىپ ، ئۇنى سىنىپ ئىچىدە ئوقۇپ بېرىپ ئابزاسلارغا ئايرىغۇزۇش ئۇسۇلى . بۇنىڭدا ، ماقالە - ئەسەر ئوقۇپ بېرىپ يازدۇرۇلغاندا تىنىش بەلگىلىرى ۋە دىئالوگ بەلگىسى ئەسكەرتىلىدۇ . باشقۇردىن باشلاش ياكى داۋاملاشتۇرۇپ يې-

ـزىش ئەسكەرتىلمەيدۇ . ئوقۇغۇچىلار بۇ تېكىستنى تاپشۇرۇق دەپتىرىگە يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئابزاسلارغا ئايرىشقا تەشكىللىنىدۇ . ئوقۇغۇچىلار ئاڭلاپ يېزىش جەريانىدا ئابزاسلارغا ئايرىمايلا يازغان بۇ تېكىستنى، ئابزاسلارغا ئايرىش باسقۇچىدا قايتا كۆچۈرمەي، بەلكى ئۆزىنىڭ قارىشى بويىچە « بىر ئابزاس بولىدۇ، باشقۇردىن كېلىدۇ » دېگەن جۈملىلەرنىڭ بېشىغا قوشۇش بەلگىسى « + » قويۇپ ئابزاسلار بىلەن ئابزاسلارنى ئايرىپ بەرسىلا بولىدۇ . ئابزاسلارغا ئايرىپ بولغاندىن كېيىن تاپشۇرۇق نەق مەيداندا يىغىۋېلىنىپ تەكشۈرۈلسىمۇ ياكى سىنىپ ئىچىدە ئومۇملاشتۇرۇلسىمۇ بولىدۇ .

تاپشۇرۇقلاردىن تاللاپ ئابزاسلارغا ئايرىغۇزۇش ئۇسۇلى . بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلار تاپشۇرۇقلىرى ئىچىدە ئابزاسلىرى ئايرىلماي يېزىلغان يازمىلاردىن بىرەر پارچىنى تاللاپ چىقىپ، ھەممە ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇپ بېرىپ يازدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە ئابزاسلارغا ئايرىشقا تەشكىللىنىدۇ . بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ يازمىسىنى ئۆزلىرى « ئوپېراتسىيە » قىلىپ كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ . شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى — بۇنداق قىلغاندا شۇ يازمىنىڭ ئاپتورى بولغان ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلاشقا، تەنقىدلەشكە بولمايدۇ .

رەتلەپ يېزىش ئۇسۇلى . ئابزاسلارغا ئايرىش ۋە رەتلەپ يېزىش ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ كومپوزىتسىيىسىنى ( قۇرۇلمىسىنى ) ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى . بۇ مەشقنى ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسەت، ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ ئابزاسلىرى ھەمدە ئابزاسلار تەركىبىدىكى سۆز ـ جۈملىلەرنى توغرا ئىشلىتىشنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت . شۇڭلاشقا، بۇ مەشىق ھەققىدە ماقالە، نەسىرلەردىن باشقا يەنە شېئىرلار، ئېپىك ئەسەرلەرنى رەتلەپ يېزىشنىمۇ كۆزدە تۇتقان ئاساستا ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىلىدۇ .

رەتلەپ يېزىش مەشقى — سەھنە ئەسەرلىرى، كىنو، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىن باشقا بارلىق ئەدەبىي، بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممە

سىگە باب كېلىدۇ . ئۇ قالايمىقان ، رەتلىك بولمىغان ماقالە ـ ئەسەرلەرنى رەتلەپ ، ئۇلارنى قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ ، مەزمۇنى تولۇق ، رەت تەرتىپى ئېنىق ، تىلى راۋان بولغان ماقالە ـ ئەسەرلەرگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت . بۇ مەشىقنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەھمىيىتى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ، ئۇنى سىستېمىلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ، باش تېما ئېھتىياجىغا ئاساسەن ماتېرىيالنى كۆڭۈل قويۇپ ، ئەستايىدىل ئويلىنىپ رەتلەش ، ئابزاسلارغا ئايرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ كومپوزىتسىيىسىنىڭ مەنتىقلىق ئىچكى باغلىنىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ .

رەتلەپ يېزىش مەشىقى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . بىرىنچىسى : مەلۇم ئابزاس ، مەلۇم كۇپلېتلىق ئىچىدىكى رەت تەرتىپى قالايمىقان بېرىلگەن جۈملە ، مىسرا ، سۆزلەرنى قايتىدىن رەتلەپ مەنتىقلىق باغلىنىشقا ئىگە قىلىنغان بىر ئابزاس ، بىر كۇپلېت قىلىپ يېزىپ چىقىش ئۇسۇلى . ئىككىنچى : ئابزاسلار ، كۇپلېتلارنىڭ رەت تەرتىپى ئالماشتۇرۇپ بېرىلگەن بىر پارچە ئەسەرنى قايتىدىن رەتلەپ راۋان بولغان بىر پۈتۈن ماقالە قىلىپ چىقىش ئۇسۇلى . ئۈچىنچى : زۆرۈرىيىتى يوق سۆز ـ جۈملىلەر ، مىسرالار ھەتتا زۆرۈرىيىتى يوق ئابزاس ، كۇپلېتلار ئارىلاشتۇرۇپ يېزىلغان ياكى ئاشۇنداق ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلگەن بىر پارچە ئەسەر ئىچىدىن مەركىزىي ئىدىيىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ماتېرىياللارنى تاللاپ ، زۆرۈرىيىتى يوقلىرىنى چىقىرىۋېتىپ ( ياكى ئۆچۈرۈۋېتىپ ) رەتلەپ يېزىش ئۇسۇلى . بۇ ئۇسۇل خۇددى ئەخلەت ـ سامان ، توپا ـ تۇمان ئارىلاش دان ئارىسىدىن چەشنى پاكىزلاپ ئايرىۋالغانغا ئوخشاش بىر ئىش بولۇپ ، ساۋاقداشلارنىڭ بەزى مەشىق ئەسەرلىرىدە مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ . بۇ ماھارەت ئىگىلىۋېلىنسا ، بۇنداق ئەسەرلەرنى مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە كۆڭۈلدىكىدەك تۈزەتكىلى بولىدۇ .

رەتلەپ يېزىشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك . بىرىنچىسى : رەتلەپ يېزىشقا بېرىلگەن ياكى ئۆزىمىز رەتلەپ يازماقچى بولغان

تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، ئۇنىڭ باش تېمىسىنى ئىگىلەپ، سۆز - جۈملىلەر، مىسرالار، ئابزاسلار، كۇپلېتلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنتىقلىق مۇناسىۋەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. رەتلەپ يازماقچى بولغان تېكىست مەيلى قانچىلىك دەرىجىدە قالايمىقان بولسۇن، ئۇنىڭدا ھامان بىر ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

شۇڭا، رەتلەپ يېزىشتىن بۇرۇن شۇ تېكىستتە ئاپتور زادى نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى، شۇ دېمەكچى بولغان «گەپ» نىڭ قايسى ماتېرىياللار ئاساسىدا يورۇتۇلۇپ بېرىلمەكچى بولغانلىقىنى ئېنىقلىۋېلىش كېرەك. ئىككىنچىسى: تېكىستنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى، ماتېرىيالىنى ئىگىلىۋېلىپ بولغاندىن كېيىن شۇ تېكىستنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىغا قاراش يەنى سۆز - جۈملىلەرنىڭ مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقى، جايىدا كەلگەن - كەلمىگەنلىكى، ئومۇمىي قۇرۇلمىنىڭ ئۆز تەرتىپىدە بولغان - بولمىغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ، تۈزىتىشكە، رەتلەشكە تېگىشلىك جايلارغا، مەزكۇر كىتابنىڭ بىرىنچى بابىدا كۆرسىتىلگەن تۈزىتىش بەلگىلىرى ياكى ئۆزىڭىز بىلگەن بەلگىلەر ئاساسىدا بەلگە قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن رەتلەپ يېزىش كېرەك. ئۈچىنچى: رەتلەپ يېزىلغان تېكىستنى قايتىدىن ئوقۇپ چىقىپ، تىلىنىڭ راۋان، باغلىنىشلىق، مەنتىقلىق بولغان - بولمىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، زۆرۈر ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك جايلار بولسا يەنە بىر قېتىم رەتلەپ يېزىپ چىقىش كېرەك.

يۇقىرىقىلار شېئىرلار، ئېپىك نەسىرلەر، نەسرىي ئەسەرلەرنى رەتلەپ يېزىشقا ئورتاق بولغان ئومۇمىي چۈشەنچىلەردىن ئىبارەت. بۇ يەردە ئابزاسلارغا ئايرىش مەسىلىسى نۇقتا قىلىنغان بولغاچقا، شېئىرلارنى رەتلەپ يېزىش ئۇسۇللىرى ھەققىدە ئايرىم توختالمايمىز.

ئابزاسلارغا ئايرىپ رەتلەپ يېزىشتا، مەيلى نەسرىي ئەسەرلەر بولسۇن ياكى ئېپىك ئەسەرلەر بولسۇن، چۈشىنىشلىك، مەنتىقلىق يېزىلغان بىر پارچە ئەسەر تاللاپ چىقىلىپ، ئالدى بىلەن ئابزاسلار پىكىر بىرلىكى بويىچە ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەربىر ئابزاسقا 1 - ، 2 -

دېگەنگە ئوخشاش تەرتىپ بويىچە نومۇر سېلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئاڭلاپ يازغاندا تىنىش بەلگىسى، دىئالوگلار، باش قۇردىن باشلاش قاتارلىقلار ئەسكەرتىلىدۇ. ئەمما، ئابزاسلار ئالماشتۇرۇپ ئوقۇپ بېرىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئاڭلاپ يېزىپ بولغاندىن كېيىن قايسى ئابزاستىن كېيىن قايسى ئابزاس كېلىدىغانلىقىنى نومۇر تەرتىپى بويىچە بەلگىلەپ بەرسە بولىدۇ. ئابزاسلار تەركىبىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلغاندا، بىر ئابزاستا كۆپ بولغاندا ئىككىگە قەدەر جۈملىنى ئالماشتۇرۇش ۋە شۇ ئابزاس ئىچىدىلا ئالماشتۇرۇش كېرەك. بۇ ئابزاستىكى جۈملىلەر يەنە بىرىگە ئالماشتۇرۇپ ھەم ئابزاسلار بىلەن ئابزاسلارنىمۇ ئالماشتۇرۇپ بەك مالىماتاڭ قىلىۋېتىلسە، ئوقۇغۇچىلار بۇنى توغرا رەتلىيەلمەيدۇ ھەم ئابزاسلارنىڭ مەنتىقلىق باغلىنىشى، شۇنداقلا ئابزاسلار تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنتىقلىق باغلىنىشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى بۇ مەشىق ئارقىلىق ئەمەلىي چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

بۇ مەشىق ئوبدان پىلانلىنىپ بىر قانچە قېتىم ئېلىپ بېرىلسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ، ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ ئابزاسلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدىكى ئەمەلىي بىلىمى زور دەرىجىدە ئاشىدۇ.

ئابزاس ھەققىدىكى بىلىم ۋە بۇ ھەقتىكى مەشىق ئۇسۇللىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت.

ئىجادىيەتكە كىرىشكەندە، ماقالە - ئەسەرلەرنى ئابزاسلارغا مۇۋاپىق ئايرىپ يېزىش مەسىلىسىدە ئوقۇغۇچىلارلا ئەمەس، بەلكى ئىجادىيەت سېپىگە رەسمىي كىرىپ كەلگەنلەرمۇ قىينىلىدۇ. چۈنكى، سەھنە ئەسەرلىرى، كىنو، تېلېۋىزىيە سىنارىيىسى، شېئىرلاردىن باشقا بارلىق ئەدەبىي، بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئائىت مەسىلىلەر ئىچىدە ئابزاسلارغا مۇۋاپىق ئايرىش مەسىلىسى ئەڭ مۇھىم. قىيىن ئىشلارنىڭ بىرى. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا بۇ ئىشنى ھەر دائىم ئېلىپ بېرىش، ھەر مەۋسۇمدا ئېلىپ بېرىش. بۇ جەھەتتە ئوقۇغۇچىلاردا ئەمەلىي ئىقتىدار، ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولىدىغان ئەمەلىي چۈشەنچە ھازىرلاش زۆرۈر.

# ئۆرنەك ۋە مەشقلەر

1 . تۆۋەندىكى « ئۇلار دېگەن ئاتا ـ ئانا » ناملىق باللار ھېكا- يىسىنى ئوقۇپ پىكىر بىرلىكى بويىچە ئابزاسلارغا ئايرىڭ .

## ئۇلار دېگەن ئاتا ـ ئانا

مۇھەممەتئېلى ئىلياس

ـــ نىجات ، تاماكا قۇتامنى ئاچىقىپ بەرگىنە .

تامىقىنى يەپ بولغان بارات ئاكا قولىدىكى قاچىنى ئۈستەلگە قوي- غاچ توۋلىدى .

ئىچكىرىكى ئۆيدە بىرىلىپ كىتاب ئوقۇۋاتقان نىجات دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىيۇ ، كىتابنى تاشلاپ قويغۇسى كەلمەي بىر قولىدا كى- تابنى كۆتۈرگەچ دادىسىنىڭ تاماكا قۇتىسىنى ئېلىپ چىقتى .

ـــ قويلارغا ئوت بەردىڭمۇ ؟ ـــ ئۇ بالىسىنىڭ قولىدىكى كىتابقا قاراپ قويۇپ سورىدى .

ـــ مانا ھازىر ، ـــ نىجات شۇنداق دېگىنىچە ، قوتانغا ماڭدى .

ـــ توختا ، نەگە ماڭدىڭ ؟ مەكتەپكىمۇ ؟

ـــ ياق ...

ـــ ئەمىسە قولۇڭدىكى كىتابنى نەگە ئېلىپ ماڭدىڭ ؟ ـــ بارات ئاكا ئاچچىق بىلەن بالىسىغا ھۆرپەيدى ، نىجات دادىسىنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ ھودۇققىنىچە ئارقىسىغا ياندى ـ دە ، كىتابنى كارىۋاتقا تاشلاپ قويۇپ ماڭدى .

بايانتىن بېرى قازان بېشىدا تۇرغان پاشاخان ھەدە ئېغىر تىنىدى ـ

ده ، كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى .

— دادىسى ، بۈگۈن چېچىلىپلا كېتىپسىلەغۇ ؟

— مەن چېچىلماي كىم چېچىلاتتى . قارىمامسىلە نىجاتقا . قولىدىن كىتاب چۈشمەيدىغان يا قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ئۇ نائىقېپىغا .

— ئۆز ۋاقتىدا « بولدى ، ئەمدى مەكتەپتىن چىقىرىۋالايلى ، سىڭلىگە قارىشىپ بەرسۇن » دېسەم ، بالىنىڭ رايىغا بېقىپ « ئۇ تېخى كىچىك ، كېيىنچىرەك بىر گەپ بولار » دەپ ئۇنىمىغان ئۆزلىرى ، مانا ئەمدى ئىش ـ ئەمگەكنىڭ كۆپلۈكىدىن باش تاتىلىغۇدەك ئارام يوق .

— ئۇ چاغدا راستىنلا شۇنداق ئىدى . بالىمىزنىڭ ساۋادى تولۇق چىقا ـ چىقمايلا مەكتەپتىن چىقىرىۋالساق بولامتى ئەمىسە !؟

— ئەمدى قانداق چىقىرىۋالىلىكىن قېنى . « بالىڭىز دەرستە ياخشى » دەپ ئۇنىمايدۇ ئۇ ئەپەندىلەر .

— ئۇنىمايدىغان ھەددىمۇ ؟ بالا مېنىڭ . ئۇنى ئوقۇتامدىم ـ ئوقۇتمامدىم ، بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش . بۇ قېتىم بالىنى چىقىرىۋالغىنىم چىقىرىۋالغان .

— تايىنلىق ، چىقىرىۋالىمىش تېخى ، — پاشاخان ھەدە شۇنداق دەپ غودۇرىغىنىچە ئوچاق بېشىغا ماڭدى . نىجات قويلارغا ئوت سېلىپ قايتىپ كىرگەندە ، دادىسى كارىۋاتتا تاماكا چېكىپ ياتاتتى .

— تامىقىڭ سوۋۇپ قالدى . تېز يە ، ساڭا ساقلاپ تۇرغان بىكار ۋاقتىم يوق مېنىڭ ، — دېدى ئاپىسى ئۇنى ئالدىرىتىپ .

نىجات ئاپىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاچىنى قولىغا ئالدى ـ دە ، ئۇستەلگە كېلىپ تاماق يېيىشكە باشلىدى .

— نائىقېپى ، شالاپشىتىپ تاماق يېيىشىنلا بىلىسەن . تاماقنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيسەن . تازا بىر تەييار تاپ بولدۇڭغۇ سەن ، — دەپ زەردە بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى دادىسى ، ـ بولدى ، كەچتە رۇخسەت سوراش خېتى يېزىپ قوي . ئەتە مەكتەپكە بارمايسەن . بىر كۈن مەكتەپتە يۈرسەڭ ، ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆيدە يۈرگىن . قوي

باققىن . شۇنداق قېچىپ يۈرسەڭ مۇئەللىملەر گەپ قىلالمايدۇ .
نىجات دادىسىغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى . دادىسىنىڭ ۋارقىراشلىرى ، ئاپىسىنىڭ ئالىيىشى ، دوق قىلىشلىرى ... نىجاتنىڭ كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش كەلدى ـ دە ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى . كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ دۈم ياتقىنىچە ئىچىدە ئاتا ـ ئانىسىغا يېلىندى : « دادا ، ئاپا ، مېنى زورلىماڭلار ! مېنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالماڭلار ! دوختۇر بولۇپ سىلەرنى باقاي ، ئاغرىپ قالساڭلار داۋالاي ... »
ــ رۇخسەت سوراش خېتى يېزىپ قوي دېسەم ، ئۆيگە كىرىپ بەخىرامان ئۇخلاۋېتىپسەنغۇ ! هۇ بەدبەخ ، ئۇكاڭغا قارىغىنا ، ئالەمنىڭ ئىشىنى قىلىپ بولدى . تېز رۇخسەت سوراش خېتى يېزىپ يۇتتۇرۇپ قوي . ئەتە ئۇكاڭ مۇئەللىمىڭگە ئاپىرىپ بەرسۇن .
دادىسى ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ سۆزلەپلا كەتتى .
ئەتىسى تاماقتىن كېيىن نىجات رۇخسەت سوراش خېتىنى ئۇكىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى . ئاندىن دەرسلىك كىتابنى قوينىغا تىقىپ قويلارنى باققىلى ماڭدى . ئاپىسى بىرناننى ئوراپ قوينىغا سېلىپ قويماقچى بولۇۋېدى ، نىجاتنىڭ قوينىدىكى كىتاب يەرگە چۈشۈپ كەتتى . ئاپىسى بۇنى كۆرۈپ نىجاتنى نوقۇشلىدى . دادىسى :
ــ مەن سېنى ئوقۇتمايمەن ، بىلدىڭمۇ ! سەن ئەمدى ئوقۇمايسەن . كىتاب ئوقۇشنىڭ هاجىتى يوق ! ــ دەپ ۋارقىرىغىنىچە كېلىپ كىتابنى يىرتىۋەتتى . نىجات يىغىسىنى يوشۇرغىنىچە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قويلارنى هەيدەپ سىرتقا ماڭدى . يولدا ماڭغاچ كۆڭلىدە ئاتا ـ ئانىسىغا يېلىندى . ئۇنىڭ كاللىسىغا يەنە ئاپىسىنىڭ نوقۇشلىرى ، دادىسىنىڭ ۋارقىراشلىرى ، كىتابنى يىرتىۋېتىشلىرى كېلىۋالدى .
ئۇ قوينى هەيدەپ كۆل بويىغا بارغاندا ، كۆلدىن سۇ ئېلىپ قايتقان ساۋاقدىشى زەينەپ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى .
ــ مەكتەپكە بارمىدىڭىزمۇ ؟
ــ ياق ، دادام ، ئاپاملار ئوقۇتمايمىز دەيدۇ ، سىزچۇ ؟
ــ مېنىمۇ شۇ دادام ، ئاپاملار ئوقۇتمايمىز دەيدۇ .

— زەينەپ ، مۇئەللىمگە دەپ باقسىڭىز قانداق بولار ، ئۇلار بىزگە ياردەم قىلارمۇ ؟

— ئاتا - ئانىمىز قوشۇلمىسا ، مۇئەللىمنىڭ ھەرقانچە سۆزلەشلىرى بىكار گەپ .

زەينەپ بىلەن نىجات ئوخشاش ئەھۋالدا قالغانىدى .

— نىمە ئامال ، ئۇلار دېگەن ئاتا - ئانا ، — دېدى زەينەپ .

— ياق ، — دېدى نىجات ، — قانۇننىڭ كۈچى ئۇلاردىن كۈچلۈك . بىزنىڭ توققۇز يىللىق ئوقۇش ھوقۇقىمىزنى قانۇن قوغدايدۇ .

— راستمۇ ؟

— راست بولماي .

— ئۇنداق بولسا ، مەكتەپ مۇدىرىغا خەت يازايلى ، — دېدى زەينەپ .

ئۇلارنىڭ باياملقى مىسكىن چىرايىنى خۇشاللىق قاپلىدى .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

2 . تۆۋەندە ئابزاس رەت تەرتىپى ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن بىر پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسى بېرىلدى . سىز بۇ ماقالىنى پىكىر رەت تەرتىپى بويىچە رەتلەپ ( يەنى ئۆسۈش ئورنى ، تەركىبى ، تەبىئىتى ، ئىشلىتىلىشى دېگەن تەرتىپ بويىچە ) يېزىپ چىقىڭ .

## چامغۇر

چامغۇرنىڭ ئۇرۇقىمۇ دورا بولىدۇ . بەدەننى چىڭىتىش ، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاش ۋە سۈت كۆپەيتىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىسسىق ، زەھەرسىز ، تاماق سىڭدۈرىدۇ ، يەل ھەيدەيدۇ ، ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ . يۆتەلنى پەسەيتىدۇ ، بەدەننى چىڭىتىدۇ .

چامغۇرنىڭ بېشىدا ئاقسىل ، ماي ، شېكەر ، كالتسىي ، فوسفور ،

تۆمۈر ، ۋىتامىن pp ، ۋىتامىن B1 ، B2 لار بار . يۇقىرىدىكى ماددىلار-نىڭ مىقدارى چامغۇر يوپۇرمىقىدا يىلتىزىغا قارىغاندا كۆپرەك بولىدۇ .

بۇ مەشھۇر ، ئۇزۇۋۇقلۇقى يۇقىرى كۆكتات بولۇپ ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ .

سۈيدۈك ھەيدەشتە ، سېرىق كېسەلدە : قايىنىتىپ شىرنىسى ئىچى-لىدۇ . قىچىشقاقتا ، دۆچاقاقاندا : قايىنىتىپ سۈيى ئىچىلىدۇ . قارا تەمرەتـ-كىدە ( پىللا گىرا كېسىلىدە ) : چامغۇر تاماققا سېلىپ يېيىلىدۇ . قايىنى-تىپ سۈيىنى ئىچىپ ، چامغۇرنى يېسىمۇ بولىدۇ ياكى خام بويىچە يېسىمۇ بولىدۇ . ئۆپكە كېسىلىدە ۋە بەدەن ئاجىزلىقتا : ئۆتكۈر پىچاق بىلەن ، پىشىپ يېتىلگەن چامغۇرنىڭ كۆكىنى تۈۋىدىن كېسىۋېتىپ ، يەردە قال-غان چامغۇرنىڭ ئۈستىنى قوشۇق بىلەن ئويۇپ ، ئۈستىگە قاچا كۆمـ-تۈرۈلۈپ قويۇلىدۇ . ئىككى سوتكىدىن كېيىن چامغۇرنىڭ ئويۇلغان يې-رىدە يىغىلغان سۈيىنى ئېلىپ ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا قارا شېكەر قوشۇپ ( چامغۇر شەربىتى بولىدۇ ) ھەر قېتىمدا بىر قوشۇقتىن ، كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىلىدۇ . شەربىتى ئېلىنغان چامغۇرنى يۇلۇپ ئېلىپ تاماققا سېلىپ يېسىمۇ بولىدۇ .

( « شىنجاڭ جۇڭيى ـ ئۆسۈملۈك دورىلىرى » ناملىق كىتابتىن ئابزاس رەت تەرتىپى ئالماشتۇرۇپ ئېلىندى . )

3 . تۆۋەندە باغچا كۆرۈنۈشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۆت پارچە چاتما رەسىم بېرىلدى . سىز بۇ رەسىمگە قاراپ « باغچىدىكى ساياھەت » ناملىق بىر پارچە بايان ماقالىسى يېزىڭ . ماقالە جەمئىي ئالتە ئابزاستىن تەركىب تاپسۇن . بۇ ئالتە ئابزاس ئىچىدىكى بىرىنچى ۋە ئالتىنچى ئابزاستىن باشقا تۆت ئابزاس ، بۇ تۆت پارچە رەسىمدىكى پىكىر بىرلى-كىنى ئەكس ئەتتۈرسۇن . ماقالىدە مەنزىرە تەسۋىرىنى نۇقتىلىق يېزىشنى ياكى ۋەقەلىكنى نۇقتىلىق يېزىشنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ .



2



1



4




3

4 . تۆۋەندە بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى بېرىلدى . بۇ ماقالىنىڭ ئابزاسلىرى ئۆز تەرتىپىدە كەلگەن . پەقەت ھەربىر ئابزاستىكى بىر جۈملىنىڭ ئورنى شۇ ئابزاس ئىچىدە ئالمىشىپ كەتكەن . ماقالىنى ئوقۇپ كۆرۈپ ، ھەربىر ئابزاستىكى جۈملىلەرنىڭ مەنتىقىلىق باغلىنىشىنى تەھلىل قىلىپ ، ئالمىشىپ كەتكەن جۈملىلەرنى ئۆز ئورنىغا قويۇڭ .

## يەتتە يۇمىلغان سۇ ھالالمۇ ؟

سۇ ــــ جانلىقلارنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇپ ھاياتىنى داۋام ئەتكۈزۈشىدىكى ماددىي ئاساس . ئادەم بەدىنىدىكى سۇ بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ ئاتمىش بەش پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ . ئىنسانلار تۇرمۇشى بىرەر كۈنمۇ سۇدىن ئايرىلالمايدۇ . لېكىن ، بۇلغانغان سۇ سالامەتلىكىمىز ۋە ھاياتىمىزغا خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ .

بىزنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىمىزدا سۇ قىسلىقىدىن ئامالسىز مەينەت سۇنى ئىستېمال قىلىدىغان ئەھۋاللار بار . ئۇلار : « يەتتە يۇمىلغان سۇ ھالال ، ھەرقانداق مەينەت نەرسە يەتتە رەت چايقالسا پاكلىنىدۇ . سۇمۇ يەتتە يۇملاشنى باشتىن كەچۈرسە ھالاللىنىدۇ . شۇڭا ، ئېقىن سۇنىڭ ھالاللىقىدا شەك يوق » دەپ قاراپ « 7 » دېگەن ساننى خاسىيەتلىك ئۆلچەم قىلىپ كەلمەكتە . ئەمما ، پاكىز يەر ئاستى سۈيىنى كۈن كۆرمىگەن سۇ دەپ ياراتماي ، ئېرىق ـ ئۆستەڭ سۈيىنى ئىچىپ كېلىۋاتقان كىشىلىرىمىزمۇ بار .

توغرا ، نوپۇسى ئاز ، سانائەت تەرەققىي قىلمىغان ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بۇلغانمىغان ، دەۋرلەردە ئېقىن سۇ پاكىز ئىدى . ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ساپ ، پاكىز ئېقىن سۇنى ئىچىپ ساغلام ياشىغان ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنىدى . ئىنسان بەدىنىگە پايدا قىلىدىغان مىنېرالنى ماددىلار پاكىز ئېقىن سۇدا كۆپ ئىدى . شۇڭا ، ئۇلار ئېقىن سۇنى ئەركەك سۇ ، قۇۋۋەتلىك سۇ ، دەيتتى .

ئېقىن سۇلار ئۇزۇنغا سوزۇلغان لىنىيىسىدە چوڭ - كىچىك شەھەرلەردىن، سانائەت ئورۇنلىرىدىن، يېزا - قىشلاقلاردىن ئۆتىدۇ. تۇرمۇشتىكى كېرەكسىز سۇ، سانائەتتىكى يىغىۋېلىنغان سۇ، دېھقانچىلىق دورىلىرى قوشۇلغان سۇ بىرلىشىپ ھاياتىمىزغا تەھدىت سالىدىغان مەينەت ئېقىننى پەيدا قىلدى. نوپۇس جىددىي كۆپىيىۋاتقان، سانائەت، يېزا ئىگىلىك تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا سۇنىڭ بۇلغىنىشى ئېغىر بولماقتا. ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئېقىن سۇنى ئىستېمال قىلغۇچىلاردا كۆرۈلگەن تولغاق، كېزىك، خولېرا، جىگەر ياللۇغى، بالىلار پارالىچى قاتارلىق ئۈچەي يوللىرى يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى ۋە سازاڭسىمان مەددە، تۇتۇ مەددە، تراخوما، قىچىشقاق قاتارلىق كېسەللەرنىڭ ھەممىسىنى دەل «يەتتە يۇمىلىغان» سۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئېقىن سۇ ئىچىۋاتقانلارنىڭ تۇرۇبا سۈيى ۋە چوڭقۇر قۇدۇق سۈيى ئىچىۋاتقانلارغا نىسبەتەن ئۆلۈش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىمۇ ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىسپاتلانغان.

ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشنى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەنمىز، چوقۇم «يەتتە يۇمىلىغان سۇ ھالال» دېگەن ئىدىيىنى چۆرۈپ تاشلىشىمىز كېرەك. «ئېقىن سۇ — تىرىك سۇ»، «ئېقىن سۇ — قۇۋۋەتلىك سۇ»، «ئېقىن سۇ — ئەركەك سۇ»، «ئېقىن سۇ — تاتلىق سۇ» دېگەندەك ئەپقاچتى گەپلەرگە ئالدىنىپ يۈرسەك، كېسەلدىن خالىي بولالمايمىز. ئەقىل يوق يەردە تەرەققىياتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. «تەن ساقلىق — زور بايلىق». بىز بۇ بايلىقنى ياخشى قوغدىيالىساقلا، بىزدە سان ۋە سۈپەت جەھەتتە خۇشاللىنارلىق يۈزلىنىشلەر بارلىققا كېلىدۇ. ساغلام تەن بولمىسا، ساپ ئەقىل بولمايدۇ.

(بۇ ماقالىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىنغان.)

## 3 . بايان ماقالىسى يېزىش مەشقى

**1 ) بۇ مەشقنى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى**

مەزكۇر كىتابنىڭ ئىككىنچى بابىدا — بايان ماقالىسىنىڭ ھەجىم دائىرىسى ، ھېكايە بىلەن ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى ، تۈرلىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتۈلگەنىدى . بۇ مەشقتە ئەنە شۇ چۈشەنچىلەر ، ئۆرنەكلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستىكى بىر نەچچە خىل مەشىق ئۇسۇللىرى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلىدۇ . بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بايان ماقالىسى ھەققىدىكى ئەمەلىي چۈشەنچىسى ، يېزىش ماھارىتى ئۆستۈرۈلىدۇ . بايان ماقالىسى يېزىقچىلىقى ، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى يۇقىرى يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى 1 — 2 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق يېزىقچىلىق مەشقى بولغاچقا ، بۇ مەشىق شەكىللىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بىرقەدەر سىستېمىلىق بىلىم ھازىرلىشى ، يېزىش جەريانىدىكى بىر قىسىم قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئۇسۇللارنى ئىگىلىۋېلىشى ئۈچۈن بۇ مەشقنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىش زۆرۈر .

**2 ) مەشىق ئىشلەش ئۇسۇللىرى**

بۇ مەشقنى تۆۋەندىكىدەك بەش خىل ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىش مۇمكىن .

بايانچى تىلنى ئۆزگەرتىپ يېزىش ئۇسۇلى . ھەممىيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك ، بايان خاراكتېرلىك ئەدەبىي ، بەدىئىي ئەسەرلەردىكى بايانچى تىل ئۈچ شەخس ، بىرلىك ھەم كۆپلۈك شەكىلدە كېلىدۇ . پارىس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان « بايان » دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىگە ھەم تەبىرىگە قارىغاندىمۇ ، ئۇ شەكىل ئاملىغا تەۋە بولۇپ ، بايانچى تىلنى قوللىنىشمۇ شەكىل ئاملىغا تەۋە بىر مەسىلە . بايانچى تىلنىڭ رولى — پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرىش ، ۋەقەلىكنى قانات يايدۇرۇش ، مەنزىرىنى سۈرەتلەشتىن ئىبارەت . ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يازغان بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردىكى ئاساسلىق ياكى

قوشۇمچە پېرسوناژلارنىڭ مەلۇم بىرى ئۆزلىرى بولغاچقا بۇ ماقالىلەرنىڭ
بايانچى تىلى كۆپىنچە ھاللاردا بىرىنچى شەخس تىلى بىلەن ياكى بى-
رىنچى، ئۈچىنچى شەخس تىلى بىلەن يېزىلىدۇ.

بايانچى شەخس تىلىنى ئۆزگەرتىشتە مەلۇم بىر پارچە بايان
خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ بىرىنچى شەخس تىلىنى ئۈچىنچى
شەخس تىلىغا، ئۈچىنچى شەخس تىلىنى بىرىنچى شەخس تىلىغا ئۆز-
گەرتىش، بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسى بىر ئاز چوڭقۇرلاشقاندىن كېيىن
ئىككىنچى شەخس تىلىغىمۇ ئۆزگەرتىپ يېزىشقا تەشكىللىنىدۇ. مەسى-
لەن، بىرىنچى قىسىم ئىككىنچى بابتا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن «ئەما
قىزنىڭ بالىلىق چاغلىرى» ناملىق بىرىنچى شەخس تىلىدا يېزىلغان ما-
قالىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قىسىم ماقالىلەرنى ئۈچىنچى شەخس تى-
لىغا ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقىش مۇمكىن.

شەخس تىلىنى ئۆزگەرتكەندە ماقالىنىڭ سەرلەۋھىسىدىن باشلاپ
تاكى ئاخىرىغا قەدەر ئۆزگىرىدۇ. ئەمما، بۇنداق ئۆزگەرتىش جەريانىدا
ماقالىنىڭ ئاساسىي لىنىيىسىدىن چەتلەپ، ماقالە تۈرىنى، مەزمۇنىنى
ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، «مېنىڭ دادام» دېگەن بىرىنچى
شەخس تىلىدا يېزىلغان ماقالىنى، ئۈچىنچى شەخس تىلىغا ئۆزگەرت-
كەندە «ئۇنىڭ دادىسى» دېگەن سەرلەۋھىنى قويۇپ ئۆزگەرتىپ يېزىپ
چىقىش مۇمكىن. بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسى چوڭقۇرلاشقاندىن كېيىن
ئىككىنچى شەخس تىلىدىمۇ ئۆزگەرتىپ يېزىش مۇمكىن.

بۇ مەشىق ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار بايان خاراكتېرلىك ماقالە -
ئەسەرلەردىكى ئۈچ شەخس تىلىنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى، يې-
تەرسىزلىكى ھەققىدە ئەمەلىي چۈشەنچە ھاسىل قىلىدۇ ھەم ماقالە -
ئەسەر يازغاندا ئۈچ شەخس تىلىدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنالايدۇ. يې-
زىۋېتىپ بىر يەرلەرگە كەلگەندە بايانچى تىلىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋې-
تىدىغان، مۇجمەللەشتۈرۈۋېتىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلىنالايدۇ.

بايان تەرتىپىنى ئۆزگەرتىپ يېزىش ئۇسۇلى. بۇنىڭدا تەرتىپلىك
بايان ئۇسۇلىدا يېزىلغان ماقالە - ئەسەرنى چېكىنمە بايانغا، چېكىنمە با-

يان ئۇسۇلىدا يېزىلغان ماقالە ـ ئەسەرنى تەرتىپلىك بايانغا ئۆزگەرتىپ يېزىشقا تەشكىللىنىدۇ . ئەمما ، ماقالىنىڭ ئەسلى تۈرى ھەم بايانچى تىل ئۆزگەرتىلمەيدۇ .

ئوقۇغۇچىلار بۇخىل مەشىقنى ئىشلەش جەريانىدا يەنى مەلۇم ماقالىنىڭ بايان تەرتىپىنى ئۆزگەرتىپ يېزىش جەريانىدا تەپەككۇرى يەنىمۇ ئېچىلىدۇ . بايان ماقالىسى يازغاندا ئۆز ماقالىسىغا بۇ خىل بايان ئۇسۇللىرىدىن ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغىنىنى تاللىيالايدۇ .

رەسىمگە قاراپ بايان ماقالىسى يېزىش ئۇسۇلى . رەسىمگە قاراپ يېزىش ئۇسۇلى ــ لىرىك ، ئېپىك ، ئەدەبىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ماس كېلىدىغان ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزىتىش ، ھۆكۈم قىلىش ، تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدىغان ۋە ئۈنۈمى سىناپ كۆرىدىغان بىر خىل يېزىقچىلىق مەشىقى . ئۇ بېرىلگەن رەسىمنىڭ مەزمۇنى ۋە ماۋزۇ ، ژانىر ، تېما تەلىپى بويىچە ئەسەر يېزىشنى كۆرسىتىدۇ . رەسىمگە قاراپ نەسىر يېزىشقىمۇ ھەرقايسى تۈرلەر بويىچە ماقالە يېزىشقىمۇ ، شۇنىڭدەك باشقا ژانىر تۈرلىرىدىكى ئەسەرلەرنى يېزىشقىمۇ بولىدۇ . بۇ رەسىملەرمۇ مۇشۇ ژانىر ۋە تۈرگە ماس ھالدا بېرىلىدۇ .

رەسىمگە قاراپ بايان ماقالىسى يازغاندا تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر . بىرىنچىسى ، رەسىمدىكى كۆرۈنۈشلەرگە ئاساسەن ئادەمنى نۇقتىلىق يېزىش كېرەكمۇ ياكى ئىش ـ ۋەقەنىمۇ ۋە ياكى مەنزىرىنىمۇ دېگەنگە ئوخشاش نۇقتىنى ئېنىق بەلگىلىۋېلىش كېرەك . ئىككىنچىسى ، رەسىمگە قوشۇپ بېرىلگەن شەرت ـ تەلەپلەرنى ئېنىق چۈشىنىش ، يېزىش مۇددىئاسىنى بېكىتىۋېلىش كېرەك . ئۈچىنچىسى ، رەسىمدىكى مەنزىرە ياكى پېرسوناژلار ، پائالىيەت كۆرۈنۈشلىرى نۇقتا قىلىنىدىغانلىقىنى ، پېرسوناژلار تەسۋىرى بىلەن مەنزىرە تەسۋىرىنى گىرەلەشتۈرۈش ، ئىش ـ پائالىيەتلەرنى بايان قىلىش مەسىلىسىنى پىلانلىۋېلىش كېرەك .

چۈشەندۈرۈش ماقالىسىنى بايان ماقالىسىغا ئۆزگەرتىپ يېزىش

ئۇسۇلى . بۇ خىل مەشىق شەكلىنى چۇشەندۇرۇشتىن ئاۋۋال تۆۋەندىكى ماقالىلەرنى كۆرۈپ باقايلى .

## مېنىڭ دەم ئېلىش كۈنۈم

ئارزۇگۇل غېنى

تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن شەنبە يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى . شەنبىدە تاغاملار ئوماق ئوغلى ئېرپانجاننى ئېلىپ بىزنىڭكىگە كەلمەكچىدى . شۇڭا ، ئۆيگە ئالدىراپ كەلسەم ، دادام بىلەن ئاپام ئىشتىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەنىكەن . مەن ئاپامغا ياردەملىشىپ ، بىر ياقتىن ئۆينى تازىلاپ رەتلىگەچ ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئاللىقاچان يەر ئاستى ئۆيگە « پالىۋەتكەن » ئويۇنچۇقلىرىمنى ئېلىپ چىقىپ تازىلاشقا باشلىدىم . بۇنى مەن ئېرپانجانغا تەييارلاۋاتىمەن .

ئېرپانجان ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن ، تولىمۇ ئوماق ، قىلىقلىرى تاتلىق ، تىلى چۈچۈك بالا .

شەنبە كۈنى ، تاغاملار ئېرپانجاننى ئېلىپ ئۆيىمىزگە كەلدى . ئۆيىمىز خۇددى بايرام بولغاندەك قىزىپ كەتتى ، ھەممىمىز ئېرپانجاننىڭ ئوماق قىلىقلىرىغا ، چۈچۈك سۆزلىرىگە قىزىپ ، ئۇنى ھەدەپ گەپكە سېلىپ ، ئەركىلىتىپ ئولتۇردۇق . ئۇ ماڭا ھەممىدىن ئامراق ئىدى . بىردەم يۈزلىرىمگە سۆيۈپ قويسا ، بىردەم چاچلىرىمنى تارتىپ ئەركىلەتتى .

ئۆيىمىز ئىسسىق بولغاچقا ، ئۇنىڭ يوپايىكىسىنى سېلىۋەتكىنىمىزگە دىققەت قىلماپتىمىز . شۇنداق خۇشال ئويناۋاتقان بالا ، چۈشكە يېقىن تۇيۇقسىزلا چىرايى تاتىرىپ ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ، قورسىقىنى تۇتۇپ چىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى . ئۇنىڭ بىچارە ، سەبىي قىياپىتىگە قاراپ ، ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىدىم . ئۆي ئىچى بىردەمدىلا ئوپۇر ـ توپۇر بولۇپ كەتتى . تاغام بىلەن كىچىك ئانام ھودۇقۇپ ، نېمە قىلىشنى

بىلمەيلا قالدى . نېمىلا دېگەنبىلەن چوڭلارنىڭ ئەقلى چوڭ ، تەجرىبىسى كۆپ ئەكەن ئەمەسمۇ ؟ تاغام بىلەن كىچىك ئانام « دوختۇرخانىغا ئاپىرىمىز » دەپ بالىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى ، دادام بىلەن ئاپام : « توختاڭلار ، جىددىيلەشمەڭلار ، بۇ باياتتىن پوپايىكىسىنى سېلىۋېتىپ ئوينىغانىدى ، قورسىقىغا سوغۇق يەل تۇرۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن » دەپ گىرىلكىغا قايناقسۇ قۇيۇپ ، ئۇنى ياغلىق بىلەن ئوراپ قورسىقىغا قويدى . ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتكەن بولسا كېرەك ، ئېرپانجاننىڭ چىرايى ئوڭلىنىپ ، يىغىسى بېسىلدى . ئۇنىڭ تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى توختاپ ئەترايقا مۆلدۈرلەپ قاراشقا باشلىدى ، ئالدى بىلەن ماڭا قاراپ قۇچىقىنى ئېچىپ : « ئاچا ، ئاچا » دەپ چاقىردى . ئۇ كامىنىڭ ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ كۆزۈمدىن ئىختىيارسىز تاراملاپ ياش ئاقتى . بۇ خۇشاللىق يېشى ئىدى . مەن ئۇنى پۈتۈن مېھرىم بىلەن قۇچاقلاپ مەڭزىگە سۆيۈپ كەتتىم .

شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ شەنبە كۈنىمىز ھەم خۇشاللىق ھەم جىددىيلىك بىلەن ئاخىرلاشتى .

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى بۇ ماقالىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدە بايان ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . ئەمما ، بۇ ماقالىدە : « قىش پەسلىدە ئاسان پەيدا بولىدىغان سانجىقنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنى ئائىلىلەردە داۋالاش ئۇسۇلى » دېگەن مەخسۇس ماۋزۇ ئاستىدا يېزىپ چىققىلى بولىدىغان بىر پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسى بۇ بايان ماقالىسىنىڭ ئىچىگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن . شۇنىڭدەك بۇ سىڭدۈرۈۋېتىلگەن چۈشەندۈرۈش مەزمۇنىنى ۋەقەنى قانات يايدۇرۇشنىڭ بولۇپمۇ پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ بىر قىسمى قىلغان . يەنىمۇ تەپسىلىي قىلىپ سۆزلىگەندە بۇ ماقالىدە ـــ قىش پەسلىدە ئىسسىق ، سوغۇق تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشى بەدەنگە تەسىر قىلىشى بىلەن يۈز بېرىدىغان سانجىقنىڭ سەۋەبى ، بۇ خىل كېسەللىكنى ئائىلىدە ساقايتىش ئۇسۇلى قاتارلىقلار چۈشەندۈرۈ-

لۇپ ، ۋاقىت تەرتىپى بويىچە يېزىلىشقا تېگىشلىك بىر چۆشەندۈرۈش ماقالىسى ، شۇنداق جانلىق بىر بايان ماقالىسى قىلىپ يېزىلغان ھەمدە بۇ ماقالىدە چۈشەندۈرۈش قوشۇمچە ، بايان ئاساس قىلىنىپ ، باياننىڭ ئا- مىللىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەندىن باشقا يەنە پېرسوناژلار ئوبرازى دەل جا- يىدا يارىتىلغان .

يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە بىرىنچى قىسىم ئۇچىنچى بابتا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن ماقالىلەردىن خالىغان بىرىنى ، پېرسوناژلار ئوبرازىنى ، باياننىڭ ئامىللىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تەلەپكە لايىق بايان ماقالىسى قىلىپ يېزىپ چىققىلى بولىدۇ . بۇ مەشىق ئارقىلىق ساۋاقداشلار بىر تەرەپتىن بـايان ماقالىسى بىلەن چۈشەندۈرۈش ماقالىسىنىڭ پەرقىنى تېخىمۇ ئەمە- لىي چۈشىنەلەيدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان ئوي - پىكىرنى تېخىمۇ جانلىق چۈشىنىشلىك قىلىپ يېزىش مەقسىتىگە يېتە- لەيدۇ .

بۇ خىل ماقالىلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشقلىرىدىلا ئەمەس ، بەلكى گېزىت - ژۇرناللاردا ھەر دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ .

بۇ يـەردە زۆرۈر ئەسـكەرتىپ ئۆتۈشـكە تېـگىشـلىك بىر ئىش شۇكى — يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ، باياننىڭ ئامىللىرى تولۇق گەۋدە- لەندۈرۈلگەن ماقالىلەرنى ، بايانىي تۇستە ياكى بەدىئىي تۇستە « ھېكايە سۆزلەش » يولى بىلەن يېزىلغان پەقەت چۈشەندۈرۈشلا مەقسەت قىلىن- غان بەزى چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك . مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى بايانىي تۇستە يېزىلغان « مەسلىنى ئەپچىل يېشىش ئۇسۇلى » ۋە ھېكايە سۆزلەش يولى بىلەن بەدىئىي تۇستە يېزىلغان « كاززاپلىق دېگەن نىمە ؟ » ناملىق ئىككى پارچە ماقالىنى كۆرۈپ باقايلى :

## مەسلىنى ئەپچىل يېشىش ئۇسۇلى

يـازلىق تەتىل مەزگىلىدە گۈلنۇر ، ئەركىن ، ئالىم ، ياسىن قاتار-

لىق ساۋاقداشلار ماتېماتىكا شەھىرىگە كەلدى . ئۇلار شەھەر دەرۋازىسى تېمىدىكى چوڭ ئېكرانلىق تېلېۋىزور ئۈستىدىكى « يول ياساش ئەترىتى بىر مىڭ ئىككى يۈز مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر يولنى ياسىماقچى ، ئۇلار ئالدىنقى ئۈچ كۈن ئىچىدە پۈتۈن يول ئۇزۇنلۇقىنىڭ بەشتىن ئىككى قىسمىنى ياسىغان ، مۇشۇ سۈرئەتتە بۇ يولنى ياساشقا جەمئىي قانچە كۈن كېتىدۇ ؟ » دېگەن مەسىلىنى كۆرۈپ قىزىقىپ قالدى .

گۈلنۇر خۇشال هالدا مۇنداق دېدى :

— بۇ مەسىلىنى مەن ئىشلىيەلمەيمەن . ئالدى بىلەن ھەر كۈنلۈك ئىش ئۈنۈمىنى تېپىش ، ئاندىن قالدۇق يولنى ياساشقا قانچە كۈن كېتىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ ، ئاخىرىدا بۇ يولنى ياساشقا جەمئىي نەچچە كۈن كېتىدىغانلىقىنى تېپىش لازىم . بۇنىڭ ھېسابلاش ئىپادىسى مۇنداق :

$$1200 \times ( 1 - 5/2 ) \div ( 1200 \times 5/2 \div 3 ) + 3 = 7.5$$ ( كۈن )

ئەركىن بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلىدى :

— مېنىڭ بۇ مەسىلىنى يېشىش ئۇسۇلۇم تېخىمۇ ئاددىي ، بۇ مەسىلىنى مەن ئۈچ قەدەم بىلەن ھېسابلاپ چىقىمەن . ئاۋۋال ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى قانچە مېتىر ياسىغانلىقىنى تېپىپ ، ئاندىن بىر مىڭ ئىككي يۈز مېتىر يولنى ياساش ئۈچۈن جەمئىي نەچچە كۈن كېتىدىغانلىقىنى تېپىش لازىم ، يەنى :

$$1200 \div ( 1200 \times 5/2 \div 3 )$$
$$= 1200 \div ( 240 \times 2 \times 3 )$$
$$= 1200 \div ( 480 \div 3 )$$
$$= 1200 \div 160$$
$$= 7.5$$ ( كۈن )

سىنىڭ يېشىش ئۇسۇلۇڭ تېخى دېگەندەك ئاددىي ئەمەسكەن ، — دېدى ئالىم ، — مېنىڭ يېشىش ئۇسۇلۇم سىنىڭكىدىنمۇ ئەپچىل . ئەگەر بۇ يولنى « 1 » دەپ قارىساق ، ئۈچ كۈندە بۇ يولنىڭ بەشتىن ئىككى قىسمىنى ياسسا ئۇ ھالدا بۇ يولنى ياساشقا كېتىدىغان كۈن سانى مۇنداق بولىدۇ :

$3 \div 5/2$
$= 3 \times 5/2 = 7.5$ (كۈن)

بۇ چاغدا بىر تەرەپتە جىم تۇرغان ياسىن مۇنداق دېدى :

— مېنىڭ بۇ مەسىلىنى يېشىش ئۇسۇلۇم مۇنداق : بۇ يولنى بەش ئۈلۈشكە بۆلۈپ ، ئۈچ كۈن ئورۇندالغىنىنى ئىككى ئۈلۈش ، دەپ قارايمىز . شۇڭا ، ئاۋۋال ھەربىر ئۈلۈش يولنى ياساشقا $3 \div 2 = 1.5$ (كۈن) بولىدىغانلىقىنى تېپىۋېلىپ ، ئاندىن بەش ئۈلۈش يولنى ياساشقا كېتىدىغان كۈننى تاپىمىز ، يەنى :

$3 \div 2 \times 5$
$= 1.5 \times 5$
$= 7.5$ (كۈن)

بۇ تۆتەيلەن مۇنازىرىلەشكەنسېرى ماتېماتىكىغا شۇنچە قىزىپ كېتىشتى . ئۇلار يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدا ئۆگىنىشتە تېخىمۇ ئالغا ئىلگىرىلەشكە بەل باغلىدى .

( « شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى » گېزىتىدىن ئېلىندى . )

## كاززاپلىق دېگەن نېمە ؟

تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى تېكىستنى ئوقۇپ بولۇپ ، ئوقۇغۇچىلاردىن بۇ تېكىستتە ئۇلار چۈشەنمەيدىغان يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ بار - يوقلۇقىنى سوراپتۇ .

شۇئان بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ :

— مۇئەللىم ، « كاززاپلىق » دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ قويسىڭىز ، — دەپتۇ .

ئوقۇتقۇچى سەل ئويلىنىۋېلىپ :

— بولىدۇ ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئاۋۋال سىلەردىن مۇنداق بىر مەسىلىنى سوراپ باقاي ... بىرسى ئىنتايىن پاكىز ،

يەنە بىرسى ئىنتايىن قاسماق ۋە توگرا بىسىپ كەتكەن ئىككى ئادەم مونچىخانىنىڭ ئالدىغاكەلدى دېسەك ، سىلەرچە بولاردىن قايسىسى مونچىدا يۇيۇنۇشى مۇمكىن ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— ئەلۋەتتە قاسماق ئادەم يۇيۇنىدۇ ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوقۇغۇچىلار بىردەك .

— ئۇ ئادەم ئەزەلدىن مونچىدا يۇيۇنۇپ باقمىغان ھەم ئاشۇنداق يۇرۇشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن تۇرسا بۇ قېتىم نېمدەپ يۇيۇنىدۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ ئوقۇتقۇچى .

بۇ گەپ بىلەن ئوقۇغۇچىلار گاڭگىراپ قاپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى :

— ئۇنداقتا ھېلىقى پاكىز ئادەم يۇيۇنىدۇ ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

— ئۇ ئادەم ناھايىتى پاكىز تۇرسا ، يەنە نېمە ئۈچۈن يۇيۇنىدۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ ئوقۇتقۇچى .

ئوقۇغۇچىلار بۇ سوئال بىلەن تېخىمۇ گاڭگىراپ قاپتۇ ۋە :

— ھەر ئىككىلىسى يۇيۇنىدۇ ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

— بولاردىن بىرسى ئىنتايىن پاكىز ، شۇڭا ئۇنىڭ يۇيۇنۇشىنىڭ ھاجىتى يوق . يەنە بىرسى يۇيۇنۇپ كۆنمىگەن . شۇڭا ، ئۇنىڭ يۇيۇنۇش ئېھتىمالى يوق . ئەمدى ئويلاپ بېقىڭلار ، سىلەرچە بولاردىن قايسىسى يۇيۇنۇشى مۇمكىن ، — دەپتۇ ئوقۇتقۇچى .

ئوقۇغۇچىلار نېمدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قاپتۇ ۋە ئاخىرىدا ئۇلاردىن بىرسى :

— ھەر ئىككىلىسى يۇيۇنمايدۇ ، — دەپتۇ .

باشقىلارمۇ ئۇنىڭ پىكرىنى توغرا تېپىپتۇ .

— ئۇنداقتا بۇ ئىككى ئادەم مونچىخانىنىڭ ئالدىغا نېمە ئۈچۈن كەلدى ؟ — دەپ سوراپتۇ ئوقۇتقۇچى .

ئەمدى بۇ سوئالغا جاۋاب چىقماپتۇ . ئوقۇغۇچىلار گاڭگىراپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ .

— ساۋاقداشلار « كازراپلىق » دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئەمدى چۈشەنگەنسىلەر ؟ — دەپ سوراپتۇ ئوقۇتقۇچى .

بۇ گەپ بىلەن تەڭ سىنىپ ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلۈپتۇ .

( بۇ ماقالىنى ئىلگىرى « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » ، « شىنجاڭ مائارىپى » ژۇرنىلىدىن ئوقۇغانىدىم ھازىر ئېسىمدە قالغىنى بويىچە يېزىلدى . )

مۇھاكىمە ماقالىسىنى بايان ماقالىسىغا ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى . بۇ خىل مەشىق ئۇسۇلىنى سۆزلەشتىن ئاۋۋال تۆۋەندىكى ماقالىنى كۆرۈپ باقايلى .

# ئۆرنەكلەر

## ئالما ئىچىدىكى يۇلتۇز

( ئامېرىكا )

د . نى . پاككىننىس

بىر ئادەمنىڭ سەۋەنلىكى ، بەزىدە بىر يېڭى بايقاشقا ئايلىنىپ قې-
لىشىمۇ مۇمكىن .

بىر كۈنى ئوغلۇم ئالدىمغا كېلىپ ، يەسلىدە بولغان يېڭى ئىشنى
دوكلات قىلدى .

تارتمىدىن ئۇ تېخى تۇتۇشقا تېگىشلىك بولمىغان قەلەمتىراچنى ،
توڭلاتقۇدىن بىر ئالمىنى ئېلىپ :

— دادا ، مەن بۇنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى كۆرسىتىپ قو-
ياي ، — دېدى .

— مەن ئالما ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلىمەن ، — دېدىم .

— يەنىلا ئالمىنى كېسىپ كۆرسىتىپ قوياي ، — دېدى ئۇ ۋە
ئالمىنى ئىككى پارچە قىلدى ، ئالمىنى خاتا كەستى .

ھەممىمىزگە ئايان ، ئەڭ توغرا ئۇسۇل ئالمىنى بۇرنى تەرەپتىن
سايىقى تەرەپكىچە كېسىش . ئەمما ، ئۇ ئالمىنى توغرا قويۇپ ، دەل قور-
ساقتىن ئىككى پارچە قىلدى ، ئاندىن كېسىلگەن ئالمىنى ئالدىمغا ئەكې-
لىپ :

— دادا ، قارىڭا . ئىچىدە يۇلتۇز بار ئىكەن ! — دېدى .

راست ، ئالما توغرىسىغا كېسىلسە ، ئۇنىڭ ئۇرۇقى خۇددى بەش
بۇرجەكلىك يۇلتۇزغىلا ئوخشايدىكەن . مەن مۇشۇ ئۆمرۈمگىچە نۇرغۇن

ئالما يېگەندىمەن ، ئەمما ئۇلارنى قائىدە بويىچە توغرا ئۇسۇلدا ئىككى پارچە قىلغان ، ئىچىدە قانداقتۇر شەكىل بارلىقىغا زادىلا دىققەت قىلمىغان ! ئەمما بۈگۈن ئوغلۇم مېنىڭ جاھىلانە قارىشىمنى تامامەن ئۆزگەرتتى .

كىم بولسۇن ، بىرىنچى قېتىم ئالمىنى « خاتا » توغرىشى قىزىقىشتىن ياكى بىخۇدلۇقتىن بولۇشى مۇمكىن . مېنى بۇ يەردە قاتتىق تەسىرلەندۈرگىنى ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نامەلۇم بولغان شەكىلنىڭ شۇ قەدەر زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكى ، بۇنداق كېسىش نەدىن باشلانغان ، يەسلىگە نەدىن كەلگەن ؟ بۇ نامەلۇم . مانا بۈگۈن بولسا بۇ ئۇسۇلنى ئوغلۇم ماڭا كۆرسەتتى ، مەن كۆپچىلىككە دەپ بەردىم .

راست ، سىز نېمىنىڭ ئىجاد قىلىش كۈچى ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولسىڭىز ، كىچىكرەك جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ئەنە شۇ « خاتا » كېسىلگەن ئالمىدۇر .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## ئالىم بولۇش چۈشى

بىر بالا بولۇپ ، ماتېماتىكىغا ناھايىتى قىزىقىدىكەن ، ئۇ دائىم ماتېماتىكا ئىمتىھانىدا يۈز نومۇر ئالىدىكەن . ئۇ چوڭ بولغاندا چوقۇم ئالىم بولىمەن ، دەپ ئويلايدىكەن .

ئالىم بولۇش ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك ؟

بىر كۈنى ئۇ بىر پېشقەدەم ئالىمغا خەت يېزىپ بۇ سوئالنى سوراپتۇ . ئۇزۇن ئۆتمەي جاۋاب خەت كەپتۇ . خەتتە ، پېشقەدەم ئالىم ئۇنىڭ بىلەن پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئۇچراشماقچى ئىكەنلىكى يېزىلغانىكەن .

ئۇلار كۆرۈشكەندىن كېيىن ئالىم بىر ۋاراق قەغەزنى بالىغا بېرىپ :

— سىنىڭدىن ئىمتىھان ئېلىپ باقاي ، — دەپتۇ .

بالا جىددىيلىشىپ تۇرۇپ قەغەزنى قولىغا ئاپتۇ . قەغەزدە « 1 + 1 = ? » دېگەن بىرلا سوئال بار ئىكەن .

بالا ئىشەنمەسلىك نەزىرىدە بىر دەم قەغەزگە ، بىردەم ئالىمغا قاراپ ، ئۇيان ئويلاپتۇ ، بۇيان ئويلاپتۇ ، ئەمما قەلەم تەۋرەتمەپتۇ .

بۇ ۋاقىتتا پېشقەدەم ئالىم بالىغا مۇلايىملىق بىلەن :

— بالام ، نېمە ئۈچۈن يازمايسەن ؟ 1 گە 1 نى قوشسا 2 بولىدىغانلىقى ئېنىققۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، مەيلى ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا چوقۇم بىر ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا جۈرئەتلىك بولۇش كېرەك ئېسىڭدە بولسۇنكى ، جۈرئەتچانلىق ئالىم بولۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى ، — دەپتۇ .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

بۇ ئىككى پارچە ماقالە ـ بايان قىلىش ، تەسۋىرلەش ئارقىلىق دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمە ماقالىرىلىغمۇ ياكى مۇھاكىمىلىك نەسىرگىمۇ ئوخشمايدۇ . چۈنكى ، مۇھاكىمە ماقالىلىرىدىكى بايان ياكى تەسۋىر مۇھاكىمە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ . مۇھاكىمىلىك نەسىردە بولسا مۇلاھىزە بىلەن لىرىك ھېسسىيات يۇغۇرۇلغان بولىدۇ . ئۇنىڭدىكى مەلۇم بايان بولسا مانا شۇ مۇلاھىزە ، لىرىك ھېسسىيات ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ . بۇ ئىككى پارچە ماقالە پەقەت بايانىلا ئاساس قىلغان . ئەگەر بۇ ئىككى پارچە ماقالە « ئىجاد قىلىش ياكى نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن قانداق روھ يېتىلدۈرۈش كېرەك ؟ » دېگەن سەرلەۋھە ئاستىدا مۇھاكىمە ماقالىسى قىلىپ يېزىلغان بولسا ، بىر نەچچە بەتلىك مۇلاھىزە ئارقىلىق ئاندىن مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ئىسپاتلىنىشى مۇمكىن ئىدى .

شۇڭلاشقا ، مۇھاكىمە ماقالىسى قىلىپ يېزىلىشقا تېگىشلىك بەزى تېمىلار ، يۇقىرىدىكى ئىككى پارچە ماقالىدىكىگە ئوخشاش بايان مافالىسى قىلىپ يېزىلسا مۇرەككەپ داۋلىلارنى ، مۇلاھىزىلەرنى تېخىمۇ چۈشىنىشلىك ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ .

تۆۋەندە ئۆرنەك ئۈچۈن بۇ خىلدىكى ماقالىلەردىن بىر نەچچە پارچە بېرىلدى.

## ئىلھام

يىغىلىش يېشىمدا، مەن ئىشلەۋاتقان شىركەت تاقىلىپ قېلىپ، ئىشسىز قالدىم.

— ئىنتايىن تەلەيلىك ئىكەنسىز، — دېدى دىرېكتور ماڭا.

— تەلەيلىك؟ — ۋارقىراپ كەتتىم مەن، — ئىككى يىل ۋاقتىم بىكار كەتتى، ئۇن ئالتە مىڭ سوم ئىش ھەققىمنىمۇ ئالالمىدىم.

— راست، سىز ھەقىقەتەن تەلەيلىك، — دېدى دىرېكتور يەنە، — ئومۇمەن ياش ۋاقتىدا ئوقۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلارنىڭ ھەممىسى تەلەيلىك كىشىلەر. ئۇلار غەيرەتكە كېلىپ، ئىشنى قايتىدىن باشلاشنى ئۆگىنىۋالىدۇ، ئىرزچىل تەلىيى كېلىپ، قىرىق — ئەللىك ياشلارغا بارغاندا بېشىغا كۈن چۈشكەنلەر ئەڭ بىچارە كىشىلەردۇر، بۇنداق كىشىلەر ئىشنى قايتىدىن باشلاشنى ئۆگەنمىگەن بولغاچقا، بۇ چاغدا تولىمۇ كېچىككەن بولىدۇ.

ئوتتۇز بەش يېشىمدا بىر سودا مەسلىھەتچىسى ماڭا:

— خىزمىتىڭىزنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن ئاغرىنماڭ. خىزمىتىڭىز مۇرەككەپ بولغانلىقى ئۈچۈن، كىرىمىڭىزمۇ شۇنچە كۆپ بولغان. ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ خىزمىتى مەسئۇلىيىتى ئانچە سۇرۇشتۇرۇلمەيدىغان، مۇرەككەپ خىزمەت بولمىغاچقا، كىرىمىمۇ تۆۋەن، خىزمەت قانچە قىيىن بولسا، شۇنچە كۆپ ھەق ئالىدىغان گەپ، — دېدى.

قىرىق يېشىمدا بىر پەيلاسوپ ماڭا:

— يەنە بەش يىلدىن كېيىن زور بىر ئىشنى بايقايسىز. ئۇ بولسىمۇ، ئاۋارىچىلىك تاسادىپيي كېلىپ قالمايدۇ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىر ئاۋارىچىلىك، — دېدى.

مـانا هازىر ئەللىككە كىردىم . بۇ ئۈچ دوستۇمنىڭ بەرگەن ئىلـ
ھامى ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ھەقىقەت ئىكەن .
( « تەرمىلەر » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## رەسسام

### يېي ۋېي

ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ تېخى سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئو-
قۇيدىغان نامرات ئوقۇغۇچى ئىدى . مەن مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ئۇزۇن
ئۆتمەيلا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ دوست بولۇپ قالدىم . بىر كۈنى ئۇ
مـاڭا ، ساڭا بىر پارچە رەسىم سىزىپ بېرەي ، دېدى . مەن رەسىمنى
چۈشەنمەيتتىم ، بىراق ئۇ سىزغان رەسىملەرنى خېلى ياقتۇراتتىم . شۇ-
ڭـا ، ئەجەب ياخشى ، رەسىمڭنى چوقۇم ياتىقىمدىكى كۆزگە چېلىقىدىـ
غان جايغا ئېسىپ قويىمەن ، گېپىڭدىن يېنىۋالما يەنە ! دېدىم .
تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئىشلارنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى
بولمايدۇ ، كېيىن ھەر ئىككىمىز ئۆز ئىشىمىز بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېـ
تىپ ئۇ ئىشنى تىلغا ئېلىپ كەتمىدۇق . بىراق ، ئۇ ئىش دوستلۇقىمىزغا
قىلچە تەسىر يەتكۈزمىدى . كېيىن قانداق قىلىپ ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالـ
غانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدىم . بىر كۈنى بىز ئۇچرىشىپ قالدۇق . ئىككىـ
لـىمىز خۇشاللىقىمىزدىن ئۇزۇنغىچە پاراڭلىشىپ كەتتۇق ، ئېسىمگە ھېـ
لىقى ئىش كېلىپ قالدى ـ دە ، رەسىم سىزىپ بېرىمەن دەپ سىزىپمۇ
بەرمىدىڭ ، دېدىم . ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ماڭا : « دەپ باقە ، ھازىر مېـ
نىڭ بىر پارچە رەسىمىم نەچچە پۇلغا يارايدۇ ؟ » دېدى . مەن بىر نېمە
دېيەلمەي قالدىم . ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا : « ئىككى مىڭ دوللارغا يارايدۇ »
دېدى .
ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدىم ، شۇندىلا ئالدىمدىكى بۇ ئادەمنىڭ
ئەينى يىللاردىكى نامرات ئوقۇغۇچى بولماستىن ، بەلكى ئۆز قىممىتىنى

بىلدىغان رەسسام ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم . ئۇزۇن تۇرمايلا خوشلە-
شىپ كېتىپ قالدىم . ئۇنىڭ قابىلىيىتى راستتىنلا ناھايىتى ئۆسۈپ كەت-
كەندۇ . بىراق ، ئەينى يىللاردا ئۇنىڭ رەسىمىنىڭ مەن ئۇچۇن قىممىتى
بار ئىدى ، ھازىر پەقەت باھاسى قاپتۇ . ئۇنىڭ رەسىمىنى سېتىۋېلىشقا
ھەتتا ئىقتىسادىمۇ يار بەرمەيدۇ .

( « تەرمىلەر » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## بىلىمنىڭ چېكى يوق

### ستانبۇگېر ( ئامېرىكا )

ئامېرىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى كۆلىمى ئالاھىدە چوڭ مەلۇم
ئالىي مەكتەپ ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى
ئىدى . ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەيدە ماشىنىسازلىق فاكۇل-
تېتىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى ئوقۇغۇچىلىرى توپلىشىۋېلىپ
باشلىنىشقا نەچچە مىنۇتلا قالغان ئىمتىھان ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىۋاتاتتى .
ئۇلارنىڭ چىرايىدا تولۇق ئىشەنچ پارلاپ تۇراتتى . بۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر
ئىمتىھان ، تۈگىسىلا مەكتەپ پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئېچىلىپ ، ئوقۇغۇ-
چىلار خىزمەت تېپىشقا كىرىشىپ كېتەتتى .

بىر نەچچەيلەن خىزمەت تېپىپ بولغانلىقى ، قالغانلىرى تاپماقچى
بولغان خىزمەتلىرى ئۈستىدە سۆزلىشەتتى . تۆت يىللىق ئالىي مەكتەپ
ھاياتىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىدىن پەخىرلە-
نىۋاتقان بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىرتقى دۇنيانى بويسۇندۇرۇشقا قاتتىق
ئىشەنچى بار ئىدى .

ئالدىدىكى ئىمتىھان ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى ئوڭاي ئۆتكەل ئىدى .
پروفېسسور ئىمتىھان مەيدانىغا كىرەكلىك ماتېرىيال ، پايدىلىنىش كىتاب-
لىرى ۋە كونسپېكلىرىنى ئېلىپ كىرسە بولىدىغانلىقى ، بىر - بىرىدىن
سورىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى .

ئۇلار خۇش كەيپىياتتا ئىمتىھان مەيدانىغا كىردى . پروفېسسور
ئىمتىھان قەغەزىنى تارقاتتى . ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھانغا ئارانلا بەش مۇلا-
ھىزە سوئالى چىققانلىقىنى كۆرۈپ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىشتى .

ئۈچ سائەت ئۆتتى . پروفېسسور قەغەزنى يىغىشقا باشلىدى . ئو-
قۇغۇچىلارنىڭ چىرايىنى قورقۇنچ قاپلىغانىدى . بىرەيلەندىنمۇ تىۋىش
چىقمايتتى . پروفېسسور قەغەزنى يىغىپ بولۇپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەن-
سىزلىك قاپلىغان چىرايىغا زەن سېلىپ قارىۋېتىپ سورىدى :

— قايسىڭلار بەش سوئالنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب بېرەلىدىڭلار ؟

ھېچكىم قول كۆتۈرمىدى .

— نەچچىڭلار تۆتىگە جاۋاب بېرەلىدىڭلار ؟

يەنە سادا چىقمىدى .

— ئۈچىگە ؟ ئىككىسىگە ؟

ساۋاقداشلار خىجىللىقتىن ئۆزلىرىنى قويغىلى يەر تاپالماي قې-
لىشتى .

— ئۇنداقتا بىرىگىچۇ ؟ بىرگە جاۋاب يازالىغانلار باردۇر ؟

پۈتۈن سىنىپ يەنىلا تىمتاس ئىدى .

پروفېسسور قولىدىكى قەغەزنى قويۇپ :

— مانا ئويلىغىنىمدەك بولدى . مەقسىتىم سىلەردە تېخىمۇ چوڭ-
قۇر تەسىر قالدۇرۇش ، گەرچە سىلەر تېخنىكا مائارىپىنى تۆت يىل ئو-
قۇپ تاماملىغان بولساڭلارمۇ ، تېخنىكىغا ئائىت تېخى نۇرغۇن مەسى-
لەرنى بىلمەيسىلەر . سىلەر جاۋاب بېرەلمىگەن بۇ مەسىلىلەر دەل ئەمەلىي
مەشغۇلاتتا ناھايىتى كۆپ كۆرۈلىدىغان مەسىلىلەر ، — دېدى ۋە كۈلۈپ
قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — بۇ پەندە ھەممىڭلارنى لاياقەتلىك قى-
لىمەن ، شۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى ، گەرچە سىلەر ئالىي مەكتەپنى
تاماملىغان بولساڭلارمۇ ، سىلەر ئۈچۈن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىلىم
ئەمدى باشلاندى .

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ پروفېسسورنىڭ نام - شەرىپى ئەس-
تىن كۆتۈرۈلۈپ كەتسىمۇ ، ئۇنىڭ تەربىيىسى ھەرگىز ئەستىن

چىقمايدۇ .

( « تەرمىلەر » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

# چۈشىنىكسىز ھېكايە

تالك گوجى

پروفېسسور ھەر كۈنى كەچتە نەۋرىسىنى ئۇخلىتىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا ھېكايە ئوقۇپ بېرەتتى ، بىراق « بالىلار رەسىملىك ژۇرنىلى » دىكى « ئۈچ ئوۋچى » ھېكايىسىنى ئوقۇپ بېرىۋېتىپ ئۆزىمۇ چۈشەنمەي قالدى . ھېكايە مۇنداق ئىدى :

بۇرۇن ئۈچ ئوۋچى بولغانىكەن ، ئىككىسى مىلتىقىنى ئالماپتۇ ، بىرسى مىلتىق ئېتىشنى بىلمەيدىكەن ، ئورمانلىقتا ئۇلارغا ئۈچ توشقان ئۇچراپتۇ ، ئوق تەگكەن ئىككى توشقان قېچىپ كېتىپ ، ئوق تەگمىگەن توشقان دۈم چۈشۈپتۇ .

ئۇلار قېچىپ كەتكەن توشقاندىن بىرنى كۆتۈرۈپ ماڭا - ماڭا ئىشىكىمۇ ، دېرىزىسىمۇ ، ئۆگزىسىمۇ ھەم تېمىمۇ يوق بىر ئۆيگە كەپتۇ - دە ، ئۆي ئىگىسىنى چاقىرىپ چىقىپ : « قېچىپ كەتكەن بىر توشقانىنى پىشۇرۇپ يېمەكچىدۇق ، قازان ئۆتنە بېرىپ تۇرامسىز ؟ » دەپ سوراپتۇ .

« ئۈچ قازىنىم بار ، ئىككىسى سۇنۇپ كەتتى ، بىرىنىڭ تېگى يوق » دەپتۇ ئۆي ئىگىسى .

« نېمىدېگەن ياخشى ! بىزمۇ شۇ تېگى يوق قازاننى ئىشلەتمەكچىدۇق » دەپتۇ ئۈچ ئوۋچى خۇش بولۇپ . ئۇلار تېگى يوق قازاندا قېچىپ كەتكەن توشقاننى پىشۇرۇپ ، تويغۇچە غىزالىنىپتۇ .

پروفېسسور نەچچە كۈن ئويلىنىپمۇ ھېكايىنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ ، ئاخىر « ئائىلە تەربىيىسى ھەپتىلىك ژۇرنىلى » غا خەت يېزىپ ئا-

دەمنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان بۇ ھېكايىدىكى لوگىكىلىق خاتالىقنى كۆرسىتىپتۇ : بىرىنچى ، ئوق تەگكەن توشقان قانداق قېچىپ كېتەلىسۇن ، ئوق تەگمىگەن توشقان قانداق دۇم يىقىلسۇن ؟ ئىككىنچى ، توشقان قېچىپ كەتكەن تۇرۇقلۇق ، ئوۋچى يەنە ئۇنى قانداقسىگە پەشۇرالىسۇن ؟ ئۈچىنچى ، تېگى يوق قازاندا قانداقسىگە قېچىپ كەتكەن توشقاننى پىشۇرۇپ مەززە قىلغىلى بولسۇن ؟

پىروفېسسورنىڭ خېتى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كۆپلىگەن گېزىت - ژۇرناللار ئۇنى كۆچۈرۈپ بېسىپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن پىروفېسسورغا ئوقۇرمەنلەردىن كەينى - كەينىدىن خەت كېلىشكە باشلاپتۇ . ئۇلار بىردەك پىروفېسسورنىڭ كۆز قارىشىنى قوللاپتۇ . زور رىغبەتكە ئېرىشكەن پىروفېسسور بۇ خىلدىكى ئەھۋالغا قارىتا كۆپلىگەن تەنقىدىي ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىپتۇ .

بىر يىل ئۆتۈپ ، بىر كۈنى پىروفېسسورنىڭ ئۆيىگە بىر دوستى كەپتۇ . ئۇ پىروفېسسور بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپتۇ ، ئىككىيلەننىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقىپتۇ : مەلۇم نۇقتىلىق مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىر ئوقۇغۇچىنىڭ يۇقىرى مائاشلىق خىزمەتتىن قۇرۇق قالماسلىق ئۈچۈن ئاسپىرانتلىققا ئوقۇشتىن ۋازكېچىپ ، ناھىيە بازىرىدىكى ئامانەت پونكىتىدا ئىشلىگەنلىكى ، ئۈچىنچى چىققان بىر پارىخورنىڭ خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللار ئۇستىدە توختىلىپ ، ئىككىيلەن بىردەك قاتتىق خورسىنىپتۇ . ھەش - پەش دېگۈچە ۋاقىت بىرگە بېرىپ قاپتۇ . كەيپىتىن كۆزلىرى خۇمارلاشقان مېھمان ئۇشتۇمتۇت رومكا كۆتۈرۈپ پىروفېسسورغا : « ھېلىقى ‹ ئۈچ ئوۋچى › نىڭ ھېكايىسى ئېسىڭىزدىمۇ ؟ ئەمدى ئۇنى چۈشەنگەنسىز ! » دەپتۇ . پىروفېسسور داڭقېتىپ قاپتۇ . مېھمان سۆزىنى توختىتىپ رومكىنى قويۇپتۇ . « ئىچەيلى ، قېنى خوشە ! » . پىروفېسسور دوستىنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يەتمەي يەنە قەدەھ كۆتۈرۈپتۇ . ئىككىيلەن يەنە مۇڭداشقاچ ئىچىشىپتۇ . ئۇشتۇمتۇت پىروفېسسور « ئېسىم قۇرسۇن ! » دەپ ۋارقىرىغىنىچە قولىدا رومكا ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ : « بىز ھەممىشە

ئەڭ ئاددىي قائىدىلەرنى ئاسان چۈشىنەلمەي قالىمىز. «ئۈچ ئۇۋچى» ھېكايىسى بالىلارغا بۇ دۇنيادا بولىدۇ دېگەن نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بولماي، بولمايدۇ دېگەن ئىشلارنىڭ بولۇپ قالىدىغانلىقىدەك قائىدىنى كىچىكدىنلا چۈشىنىۋېلىشنى مەقسەت قىلغانىكەن ئەمەسمۇ؟ ...»

(«تەرمىلەر» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

## كۆلۈمسىرەش

خارنو ماك كارتى (فرانسىيە)

ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى مەزگىلىدە، مەن خەلقئارا كالوننىغا قاتنىشىپ، ئىسپانىيە ئۇرۇش مەيدانىغا باردىم. بىر قېتىملىق كەسكىن ئۇرۇشتا بەختكە قارشى ئەسىرگە چۈشۈپ، يالغۇز كىشىلىك كامېرغا قامالدىم.

ئۇلارنىڭ مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قارىشى، قوپال، سوغۇق مۇئامىلىسىدىن ئۆزۈمنى خۇددى بۆرىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان قوزىدەك ھېس قىلدىم، گۇندىپايدىن ئەتە ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، ۋۇجۇدۇمنى قورقۇنچ چۇلغىۋالدى، بىر تال تاماكا چەكمەكچى بولۇپ، تىترەپ تۇرۇپ قوللىرىمنى يانچۇقىمغا سالدىم. كامېرغا سولىنىشتىن ئىلگىرى يېنىم ئاختۇرۇلغان بولسىمۇ، ئېزىلىپ كەتكەن بىر تال تاماكا چىقىپ قالدى. قولۇم توختىماي تىترەۋاتقاچقا تاماكىنى ناھايىتى تەستە ئېغىزىمغا ئاپاردىم. ئارقىدىن سەرەڭگە بارمىكىن، دەپ يانچۇقۇمنى سىلاشتۇردۇم، ئەمما يوق بولۇپ چىقتى. ئۇلار ھەممە نەرسەمنى ئېلىۋالغانىدى.

كامېرنىڭ پەنجىرىسىدىكى كىچىك يوچۇقتىن بۇتتەك قىمىر قىلماي تۇرغان بىر ئەسكەرنى كۆردۈم. ئەمما، ئۇ مېنى كۆرمىدى. ئەلۋەتتە، مەن يىرگىنچلىك مۇردىغا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئەرزىمەس بىر ئادەم تۇرسام، ئۇ ماڭا نەزەر كۆزىنى سالامتى؟ ئەمما، ئۆزۈمنى

سالماق تۇتۇپ، بوغۇق ئاۋازدا دانىمۇ دانە قىلىپ سورىدىم:

— كەچۈرۈڭ، سەرەڭگىڭىزمۇ بارمۇ؟

ئۇ ئاستا بۇرۇلۇپ سوغۇق نەزىرى بىلەن، خۇددى ئەرزىمەس بىر نەرسىگە قاراۋاتقاندەك ماڭا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى. ئاندىن كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن چوڭقۇر بىر تىنىۋېتىپ، ئاستا يېنىمغا كەلدى. چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى. ئۇيلىمىغان يەردىن ئۇ سەرەڭگىسىنى ئېلىپ ئوت يېقىپ تاماكامغا تەڭلىدى.

ئەنە شۇ دەقىقىدە، قاپقاراڭغۇ كامېردا سەرەڭگىنىڭ كىچىككىنە يورۇقى كۆزلىرىمىزنى ئۇچراشتۇردى. ئۇنىڭغا قاراپ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدىم. نېمىشقا كۈلگەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئىككى ئادەم بىر ـ بىرى بىلەن يۈزمۇ يۈز، ناھايىتى يېقىن تۇرغاندا كۈلمەيمۇ ئامال يوقكەن. ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمەيدىغانلىقىنى، ماڭا ئوخشاش بىر دۈشمەنگە قاراپ كۈلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئەمما، ئوخشاش ئىككى مۇزلىغان قەلبتە، ئىككى روھنىڭ سوقۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان كىچىككىنە چېقىندا كۈلكەم ئۇنىڭغا تەسىر قىلدى. ئۇ تاماكامنى تۇتاشتۇرۇپ بېرىپ، نەچچە سېكۇنت ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى.

مەن يەنىلا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتىم. بۇ چاغدا ئۇ ماڭا دۈشمەندەك تۇيۇلمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مۇلايىملىق چاقناپ تۇراتتى. ئۇ بويىنىنى سوزۇپ پەس ئاۋازدا سورىدى:

— بالىڭىز بارمۇ؟

— بار، بار، مانا... — مەن تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن يانچۇقۇمدىكى خوتۇنۇم ۋە بالامنىڭ بىللە چۈشكەن رەسىمىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم. ئۇمۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن چۈشكەن رەسىمنى ئېلىپ ماڭاكۆرسەتتى ۋە:

— ئەسكەر بولغىلى بىر يىلدىن ئاشتى. بالامنى ئۆلگۈدەك سېغىندىم، يەنە بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئۆيگە بىر بېرىپ كېلىمەن، — دېدى.

كۆزلىرىمگە ئىختىيارسىز مۆللىدە ياش كەلدى.
— سىز نېمىدېگەن بەختلىك، خۇدا تىنچ ـ ئامان ئۆيىڭىزگە قايتىشقا نېسىپ قىلسۇن! ئەمما، مەن ئەمدى ئائىلەمدىكىلەرنى كۆرەلمەيمەن، بالامنىمۇ باغرىمغا باسالمايمەن ... — مەن شۇنداق دېگەچ پاسكىنا يېڭىمدە ياشلىرىمنى سۈرتتۈم. ئۇمۇ كۆزلىرىگە ياش ئالدى.
تۇيۇقسىز، ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى. كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ، مېنى ئاۋاز چىقارماسلىققا ئىشارەت قىلدى. كارىدورغا ئېھتىيات بىلەن بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە ئاچقۇچنى ئېلىپ كامېرىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. مەن قاتتىق جىددىيلىشىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تامغا چاپلىشىپ ماڭدىم. ئۇ مېنى تۈرمىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇدۇل سېپىلدىن چىقىرىۋەتتى. ئاندىن بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي بۇرۇلۇپلا قايتىپ كەتتى.

(«تەرمىلەر» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

## يېگانە ئۇتۇق قازانغىلى بولماس

XV ئەسىردە، نيۇرنبېرگقا يېقىن بىر كىچىك كەنتتە ئون سەككىز پەرزەنتى بار بىر ئائىلە بار ئىدى. بۇ ئائىلىنىڭ تۆۋرۈكى بولغان دادا ئائىلىسىدىكىلەرنى بېقىش ئۈچۈن كۈنىگە ئون سەككىز سائەت ئىشلەيتتى — گاھى باشقىلارنىڭ دۇكانلىرىدا ئىشلىسە، گاھى قوشنىلارنىڭ ئىشلىرىنى قىلاتتى.
دۇللې ئائىلىسىنىڭ كۈنى شۇنچە غورىگىل بولسىمۇ، بالىلارنىڭ چوڭى بولغان ئىككى ئاكا ـ ئۇكىنىڭ رەسسام بولۇش ئارزۇسى بار ئىدى. بىراق، ئىقتىساد تۈپەيلى ئۇلاردىن بىرىنىڭمۇ نيۇرنبېرگتىكى ئىنستىتۇتقا ئوقۇشقا بارالمايدىغانلىقى ھەر ئىككىلەنگە ئايان ئىدى.
كېچە ـ كېچىلەپ باش قاتۇرۇشتىن كېيىن ئۇلار ئاخىر تەڭگە

ئىشتىماقچى بولىدۇ — ئۇتتۇرۇپ قويغۇچى يېقىن ئەتراپتىكى كاندا تۆت يىل ئىشلەپ قېرىندىشىنى نيۇرنبېرگتا ئوقۇتىدىغان؛ ئۇتتۇۋالغۇچى نيۇرنبېرگتا تۆت يىل ئوقۇغاندىن كېيىن ئەسىرىنى ساتقان پۇلىغا قېرىندىشىنى ئوقۇتىدىغان، زۆرۈر بولغاندا كاندا ئىشلەپ پۇل تاپىدىغان بولىدۇ.

بىر يەكشەنبە كۈنى ئۇلار ئىبادەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن تەڭگە ئېتىشىدۇ. نەتىجىدە ئالبرېشت دۇللې ئوقۇشقا ماڭىدىغان، ئالبېرت خەتەرلىك كان قۇدۇقىدا ئىشلەيدىغان بولىدۇ. ئالبرېشت ئىنستىتۇتتا تېزلا كۆزگە كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ مىس ئويما رەسىمى، ياغاچ ئويمىسى، ماي بوياق رەسىمى ئۆزىنىڭ پروفېسسورىنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلى ئۇنىڭ قەلەم ھەققىلا خېلى كۆپ بولۇپ قالىدۇ.

بۇ ياش رەسسام يېزىسىغا قايتقاندا پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر چىملىققا يىغىلىپ، ئۇنىڭ زور ئۇتۇق بىلەن قايتىپ كەلگىنىنى تەبرىكلەيدۇ. زىياپەتكە مۇزىكا ۋە كۈلكە سادالىرى تەڭكەش بولىدۇ. تاماقتىن كېيىن ئالبرېشت ئورنىدىن تۇرۇپ قەدىرلىك قېرىندىشى ئالبېرتقا ھاراق تۇتىدۇ، چۈنكى ئالبېرتنىڭ نەچچە يىللىق قۇربان بېرىش بەدىلىگە ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى. ئالبرېشت «قېرىندىشىم، ئەسلى سەن تەبرىكلىنىشىڭ كېرەك ئىدى. ئەمدى سەن نيۇنبېرگقا بېرىپ ئارزۇيۇڭنى ئەمەلگە ئاشۇر، مەن ساڭا يار - يۆلەك بولىمەن» دەپ ئۆزىنىڭ قەدەھ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

ھەممەيلەننىڭ نەزىرى پەگادا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان ئالبېرتقا يۆتكىلىدۇ. ياش ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئېقىۋاتاتتى، ئۇ بېشىنى چايقاپ، ئۆكسۈپ تۇرۇپ: «ياق ... ياق ... ياق ...» دەيدۇ.

ئاخىر، ئالبېرت ئورنىدىن تۇرۇپ، ياشلىرىنى سۈرتۈپ ھەممەيلەنگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ، مۇلايىم ئاھاڭدا: «ياق، قېرىندىشىم. مەن ئەمدى نيۇرنبېرگقا بارالمايمەن. قارا، تۆت يىللىق كان تۇرمۇشى

قولۇمغا قانچىلىك ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى ! ھەربىر بارمىقىم ئاز دېگەندىمۇ بىر قېتىمدىن سۇندى ، ئۇنى ئاز دەپ يېقىندىن بېرى ئوڭ قولۇم رېماتىزىم دەستىدىن بىر نېمە تۇتالمىغۇدەك بولۇپ قالدى ، شۇڭا ساڭا قەدەھ تۇتۇپ سېنى تەبرىكلىيەلمەي قالدىم . بۇ قولۇم بىلەن قانداقمۇ قەلەم تۇتالاي . ياق ، قېرىندىشىم ... مەن ئالدىراپ كېچىكتىم » دەيدۇ .

تۆت يۈز ئەللىك نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى . ئالبېرشت دۈللېنىڭ نەچچە يۈز پارچە داڭلىق رەسىملىرى ، قەلەم ۋە قېرىنداش بىلەن سىزىلغان سىدام سىزمىلىرى ، سۇ بوياق رەسىملىرى ، ياغاچ كۆمۈر بىلەن سىزىلغان رەسىملىرى ، ياغاچ ئويمىلىرى ۋە مىس ئويما رەسىملىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى چوڭ مۇزېيلاردا ساقلانماقتا .

بىر كۈنى ، ئالبرېشت قېرىندىشى ئالبېرتىنىڭ ئۆزىگە قىلغان قۇربان بېرىشلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇش يۈزىسىدىن قېرىندىشىنىڭ جاپالىق ئەمگەكلەرنى قىلغان بىر جۈپ قولىنى جان كۆيدۈرۈپ سىزىپ چىقىدۇ . ئۇ كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان رەسىمگە ئاددىيلا قىلىپ « قول » دەپ ئىسىم قويىدۇ ، پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭ بۇ داڭلىق ئەسىرىگە قايىل بولىدۇ ، ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ تارتۇقى بولغان بۇ ئەسەرگە قايتىدىن « ئىلتىجا قىلىۋاتقان قول » دەپ ئىسىم قويىدۇ .

ناۋادا ، كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بۇ ئەسەرنى كۆرۈپ قالسىڭىز ، ئۇنى زەن سېلىپ كۆرۈڭ . ئۇ سىزگە شۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ ، ھەرقانداق بىر ئادەم يېگانە ئۇتۇق قازىنالمايدۇ .

( « تەرمىلەر » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى .)

ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن بۇ ماقالىلەردە كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدە ئىنسان دۇچ كېلىدىغان ھېكمەتلەر ، داۋىللار مۇھاكىمە يولى بىلەن ئەمەس ، بەلكى بايان يولى بىلەن شۇنداق تەبىئىي ، چۈشىنىشلىك يورۇتۇپ بېرىلگەن . پارىس خەلقىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى ، شائىرى

شەيخ سەئدىنىڭ « گۇلىستان » كىتابىدىكى كۆپلىگەن ھېكمەت-لىك « ھېكايەت » لەر مانا مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا تولىمۇ چۈشىنىشلىك ، ئىخچام ، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق قىلىپ يېزىلغان .

# ئۆرنەك ۋە مەشقلەر

1 . تۆۋەندە بىرىنچى شەخس تىلىدا يېزىلغان « مېنىڭ ئۈمىدىم ... » ناملىق بىر پارچە ماقالە بېرىلدى . بۇ ماقالىگە « ئۇنىڭ ئۈمىدى ... » دەپ سەرلەۋھە قويۇپ ئۈچىنچى شەخس تىلىدا يېزىپ چىقىڭ .

## مېنىڭ ئۈمىدىم ...

چېن رىنرى

مەن تەقەززا بولغان قوڭغۇراق جىرىڭلاپ ، شادلىقىمغا شادلىق قوشتى . سىنىپتىن چىقتىم ـ دە ، ئۆيۈمگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردۈم . بىراق ، مەن شۇنچە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان بولسامۇ ، ئۆيۈم بىلەن مەكتەپ ئارىلىقى بۇرۇنقى چاغلاردىكىدىن ئۇزىراپ قالغاندەك بىلىنمەكتە ئىدى . هازىر مەن : « مۇشۇ مىنۇتتا ئۆيۈمگە يەتكەن بولسام ، ئىلمىي نەتىجەمنىڭ ئۆسكەنلىكىنى ئاپامغا كۆرسەتسەم ... » دەپ تىت ـ تىت بولۇۋاتاتتىم .

مەن ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىگە ئاخىر يەتتىم ۋە ئۆز هاياجىنىمنى سەل بېسىۋېلىپ ئىشىكنى ئاستا چەكتىم .

ئىشىك ئېچىلدى . ئەپسۇس ئىشىكنى ئاچقۇچى ئاپام ئەمەس ، ئۆي خىزمەتكارىمىز ئىدى . ئۇ سورىغان سوئالىمغا :

— ئاپىڭىز چوڭ ئانىڭىزنىڭ ئۆيىگە كەتتى ، — دەپ جاۋاب بەردى .

بۇ گەپ بىلەن بايىقى شادلىقىم ئاللا نەلەرگە كەتكەندەك بولدى .

مەن ئۇدۇل ئۆز ھۇجرامغا كىردىم ـ دە ، بوغچامنى جايىغا قويـ.ماستىنلا يۇمشاق كارىۋىتىمغا ئۆزۈمنى ئاتتىم .

مەن تۈرلۈك خىياللار بىلەن بىر پەس ياتقاندىن كېيىن ئاستا ئورۇنـۇمدىن تۇرۇپ ئىمتىھان قەغەزلىرىمگە بىر ـ بىرلەپ قارىدىم . ئۇلارنى چىرايلىق قاتلاپ دەستىلەپ قويدۇم . ئۇنىڭدىن كېيىن مەن قىـ.زىقىپ ئوقۇيدىغان كىتابىم « كيۇرىي خانىم » نى ئېلىپ ياستۇققا يۆلەنـ.گەن ھالدا ئوقۇشقا باشلىدىم ۋە كىتاب ئوقۇۋېتىپ ئۇيقۇغا كەتتىم .

مەن قانچىلىك ئۇخلىغىنىمنى بىلمەيمەن . يان ئۆيدىن ئاڭلانغان كۆلكە ساداسىدىن ئويغىنىپ ، كۆلكە ئارىسىدىكى پاراڭغا قۇلاق سالدىم . پاھ ! ئاپامنىڭ ئاۋازى ...

مـەن ئورۇنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم ـ دە ، ئىمتىھان قەغىزىمنى ئېلىپ ئاپامنىڭ ئاۋازى چىققان ئۆيگە چاپتىم .

مەن مەغرۇر ھالدا كۈلۈمسىرەپ ئاپامنىڭ ئالدىغا كەلدىم ۋە مېنى راسا ماختايدۇ دېگەن ئويدا ئىمتىھان قەغىزىمنى كۆرسەتتىم .

ئاپام ئۇ قەغەزلەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن :

— بالام ، نەتىجەڭ بەكلا تۆۋەن ، سەن يەنە ئوبدان تىرىشمىساڭ بولمايدۇ ... — دېدى .

مەن ئاپامنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم . مېنىڭ ئۈمىدىم ...

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

2 . تۆۋەندە تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلىدا ، ئۈچىنچى شەخس تىلىدا يېزىلغان « قارلىغاچ » ناملىق بىر پارچە ماقالە بېرىلدى . سىز بۇ ماقالىنى بىرىنچى شەخس تىلىدا ، چېكىنمە بايان ئۇسۇلىدا ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقىڭ . ئۆزگەرتىپ يازغاندا سەرلەۋھە ئەينەن ساقلاپ قېلىنسۇن . ماقالـ.ىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئابزاسى بىرىنچى ئابزاس قىلىنسۇن ، باشقا ئابزاسلار ئۆز تەرتىپى بويىچە ئۆزگەرتىلسۇن .

# قارلىغاچ

كۆز پەسلى يېتىپ كەلگەنىدى . سوغۇقنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سەزگەن قارلىغاچلار جەنۇبقا ئۇچۇپ كېتىشتى ، بىر ئوغۇل بالا ھويلىسىدىكى تاشلاندۇق ئۆينىڭ پېشايۋىنى ئاستىدىكى قارلىغاچنىڭ ئۇۋىسىنى چۇۋۇپ تاشلىماقچى بولغانىدى ، بۇنى كۆرگەن دادىسى :

— بالام ، قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزما ، ئۇلار ئەتىيازدا يەنە قايتىپ كېلىدۇ . ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئۇۋىسىنىڭ ساق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشىدۇ ، — دېدى .

بالا دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇۋىغا چېقىلمىدى .

زىمىستان قىش ئۆتۈپ كېتىپ باھارمۇ يېتىپ كەلدى . ئاپرېل ئېيىنىڭ ئاخىرىدا بىر جۈپ چىرايلىق قارلىغاچ ئۇچۇپ كېلىپ پېشايۋان ئاستىدىكى كونا ئۇۋىسىنىڭ ئەتراپىدا ۋىچىرلىشىپ ئەگىپ يۈرۈشكە باشلىدى . بىردەمدىن كېيىن بۇ بىر جۈپ قارلىغاچ يېقىن ئەتراپتىكى كۆلچەكتىن لاي - لاتقىلارنى توشۇپ ، قىشچە بۇزۇلاي دەپ قالغان كونا ئۇۋىسىنى رېمونت قىلىپ چىقتى . كېيىن ئۇلار بىردەم پەي ماموق ، بىر دەم ئوت - چۆپلەرنىڭ يۇمشاق غوللىرىنى توشۇپ كېلىشكە باشلىدى .

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى بالا بىر قارلىغاچنىڭ ئۇچۇپ كىرىپ - چىقىپ يۈرگەنلىكىنى ، بىرسىنىڭ ئۇۋىدىن زادىلا چىقمايۋاتقانلىقىنى بايقىدى - دە ، « بەلكىم ئانا قارلىغاچ تۇخۇم بېسىۋاتقان بولسا كېرەك » دەپ ئويلىدى . ئارىدىن ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن دېگەندەك ئۇۋا ئىچىدىن كىچىك قارلىغاچ باللىرىنىڭ بېشى كۆرۈنۈشكە باشلىدى . بۇنى كۆرگەن بالا ئۆزىنىڭ قارلىغاچ ئۇۋىسىنى بۇزمىغىنىغا بەك خۇشال بولدى .

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بالا ، بوسۇغىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇپ ، قارلىغاچلارنىڭ تىنىم تاپماي ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرۈپ ، پاشا ، كۇمۇتا ، چىۋىنلەرنى تۇتۇپ ئەكېلىپ باللىرىنى بېقىۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلىدىغان بولدى . بۇ يېقىملىق بىر جۈپ قارلىغاچ ئۇياقتىن - بۇياققا بەكمۇ تېز

ئەگىپ ئۇچۇپ ، ئوزۇق تېپىپ كېلىپ ، باللىرىنى تېز چوڭ قىلماقتا ئىدى .

( « شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى » گېزىتىدىن ئېلىندى . )

3 . تۆۋەندە ئۈچ پارچە رەسىم بېرىلدى . بۇ رەسىملەرنى تەپسىلىي كۆزىتىپ ، ھەربىر رەسىمدىكى كۆرۈنۈشلەرنى دائىرە قىلغان ئاساستا ئۈچ پارچە بايان خاراكتېرلىك ماقالە يېزىڭ . بىرىنچى رەسىمگە قاراپ يېزىلغان ماقالىنىڭ سەرلەۋھىسى :« بىز تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان بولدۇق » دەپ قويۇلسۇن . رەسىمدىكى ئالتە ئادەم ئىچىدە ئاتىنىڭ ئوبرازى نۇقتىلىق سۈرەتلىنىدۇ . ماقالە ئادەملەر نۇقتىلىق يېزىلغان ماقالە بولسۇن . ئىككىنچى رەسىمگە ئاساسەن يېزىلغان ماقالىنىڭ سەرلەۋھىسى : « ئەھمىيەتلىك پائالىيەت » دەپ قويۇلسۇن . بۇ ماقالىدە ئىش ـ ۋەقە نۇقتىلىق يېزىلسۇن . ئۈچىنچى رەسىمگە ئاساسەن يېزىلغان ماقالىنىڭ ماۋزۇسى : « ×× كە ساياھەت » دەپ قويۇلسۇن . ماقالىدە پائالىيەت جەريانىدا كۆرگەن مەنزىرە نۇقتىلىق سۈرەتلەنسۇن .





4 . تۆۋەندە ئۈچ پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسى بېرىلدى . بۇلاردىن خالىغان بىرىنى تاللاپ ئاشۇ تاللىغان ماقالىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئاساستا بىر پارچە بايان ماقالىسى يېزىڭ . ماقالىنىڭ سەرلەۋھەنى ، پېرسوناژلار ئوبرازىنى جۈملىدىن ئۆزىڭىزنىڭ مەلۇم پائالىيىتىڭىزنى ئاشۇ ئاساسىي گەۋدىگە سىڭدۈرۈش مەسىلىسىنى ئۆزىڭىز خالاپ بىر تەرەپ قىلسىڭىز بولىدۇ .



## قۇلۇپ ئېچىلمىسا قانداق قىلىش كېرەك ؟

قـۇلۇپ ياخشى ئاسرالمىسا ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى زاپچاسلار ئاسانلا داتلىشىپ ئېچىش قىيىن بولۇپ قالىدۇ . بۇنداق ئەھۋالدا تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك .

① قېرىنداشنىڭ سياسىنى قەلەمتىراچ بىلەن ئازراق قىرىۋېتىپ قۇلۇپنىڭ تۆشۈكىگە قۇيۇش كېرەك . ئاندىن ئاچقۇچ بىلەن ئاستا ـ ئاسـتا ھەرىكەتلەندۈرۈپ بەرسە ، قېرىنداشنىڭ سىياسى سىلىقلاش رولىنى ئوينىغاچقا ، قۇلۇپ ئاسانلا ئېچىلىدۇ .

②ئەگـەر قۇلۇپ بىرىنچى خىل ئۇسۇلدا ئېچىلماي قالسا ، ئۇنى بېنزىن ياكى كىرسىنغا چىلاپ قويۇپ ، بىردەمدىن كېيىن ماينى پاكىز سۈرتىۋېتىپ ، قۇلۇپنىڭ ئىچىگە كىيىم تىكىش ماشىنىسىغا ئىشلىتىلىدىغـان مـايدىن ( ئۆسۈملۈك مېيىمۇ بولىدۇ ) بىر نەچچە قېتىم تېمىتىپ ، ئاچقۇچ بىلەن ئاستا تولغاپ بەرسە قۇلۇپ ئاسانلا ئېچىلىدۇ .

( « تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى » ناملىق 5 ـ كىتابتىن ئېلىندى )

## بېھى مۇراببासى

تەبىئىتى : سوغۇق .

شـىپالىق رولى : ئاشقازان ، جىگەر خىزمىتىنى كۈچەيتىدۇ . ئىشتىھانى ئاچىدۇ . كۆڭۈل ئېلىشىش ، قۇسۇش ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش رولى بار . ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ ، سەپرانى كېسىدۇ . قاننى ساپلاشتۇرىدۇ .

خۇرۇچى : بېھى بىر كىلوگرام ، شېكەر 2.5 كىلوگرام ، لىمون ئالتە گرام .

ياساش ئۇسۇلى : بېھىنى ئاقلاپ ئۇرۇقىنى ۋە تىرىپلىرىنى ئېلىۋېتىپ بىر سانتىمېتىر چوڭلۇقتا توغرايمىز ، ئۇنى قايناق سۇ قۇيۇپ قايناتىپ يۇمشىغاندا سۈزۈۋالىمىز . شېكەرنى تۆت كىلوگرام قايناق سۇدا بىر

يېرىم كىلوگرام قالغۇچە قاينىتىمىز، بېھى بىلەن لىمۇننى قىيامغا سېلىپ سۇس ئوتتا ئون بەش مىنۇت قاينىتىمىز .

ئىستېمال قىلىش مىقدارى : ئەھۋالغا قاراپ ئىستېمال قىلىنىدۇ .

( « مۇراببا ۋە شەربەتنى قانداق ياساش كېرەك ؟ » ناملىق كىتابتىن ئېلىندى . )

## بۆدۈنە

بۆدۈنە توخۇ ئائىلىسىدىكى بىر خىل قۇش بولۇپ ، تۇرقى چۈجىگە ئوخشاپراق كېتىدۇ ، ئەركەك بۆدۈنىنىڭ پۈتۈن تېنى قارامتۇل قوڭۇر . ماڭلىيى ۋە بويۇنىنىڭ ئەتراپى ئاچ قىزىل ياكى قىزغۇچ بولىدۇ ؛ بوغۇزىدا قارا سىزىقچىلار ، بوغۇزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە تاكى كۆزىگىچە ئاق قاشقىسى بار ؛ تۇمشۇق ۋە پاچاقلىرى قىزغۇچ ، تېنىدىكى پەيلىرى قويۇق بولۇپ ، ھەربىر تال پېيىدە ئاق داغلار بولىدۇ . ئۇرغاچى ( چىشى ) بۆدۈنىنىڭ پەيلىرى ئەركىكىنىڭكىدەك چىرايلىق ئەمەس ، كۆپىنچە بوز ياكى توپا رەڭ بولىدۇ .

بۆدۈنە قۇرغاق ۋە ئىسسىق جاينى ياخشى كۆرىدۇ . نەملىك ۋە سوغۇقتىن قاچىدۇ . ئادەتتە ئۇلار ئېتىزلىق ، دۆڭلۈك ۋە قۇمۇشلۇقلاردا كۆپرەك ھەرىكەت قىلىدۇ . بۆدۈنە ئانچە ئۇچالمايدۇ ، كۆپىنچە يورغىلاپ ماڭىدۇ . ئەگەر بىرەر نەرسىدىن ئۈركىسە يەردىن تۆت — بەش مېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ ئىككى يۈز مېتىر ئەتراپىغا ئۇچۇپ بارغاندىن كېيىن يەنە پەسكە چۈشۈپ يوشۇرۇنۇۋالىدۇ .

ئەركەك ۋە ئۇرغاچى بۆدۈنە بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ . بۇغداي ، بېدە ئېتىزلىرىدا ياكى چاتقاللىقلاردا يەرنى كولاپ ئۇۋا ياساپ بالا چىقىرىدۇ . بىر دانە ئۇرغاچى بۆدۈنە بىر ئۇۋىدا يەتتە — ئون تۆت كېچە تۇخۇم تۇغىدۇ .

بۆدۈنە تېرىق ، قامچا گۈل ، بېدە ئۇرۇقلىرى ، يۇمران يوپۇرماق-

لىرنىنى يېگەندىن باشقا ئاساسلىقى باغ قۇلۇلىسى ، مىڭئاياغ قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ لىچىنكا ، قورچاقلىرى ، قالقان قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشاراتلارنى يەيدۇ .

بۆدۇنىنىڭ جۇغى كىچىك بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ گۆشى يۇمشاق ، تەمى مەززىلىك كېلىدۇ . بىر دانە ئۇرغاچى بۆدۇنە يىلىغا بىر يۈز ئەللىك — ئۈچ يۈز گىچە تۇخۇم تۇغىدۇ . بۆدۇنە تۇخۇمى كىچىك بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى توخۇ تۇخۇمىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ . شۇڭا ، ئۇ ئالىي دەرىجىلىك يېمەكلىك بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە بەزى كېسەللەرگە داۋا بولىدۇ .

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ، باقمىچىلىق كەسپىنىڭ كېڭىيىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، كىشىلەر بۆدۇنىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا باقىدىغان بولدى . نۇرغۇن جايلاردا بۆدۇنە فېرمىلىرى قۇرۇلدى . ئۇ خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مۇھىم رول ئوينىماقتا . بۆدۇنە بېقىش ئانچە يۇقىرى شارائىت تەلەپ قىلمايدۇ . ئادەتتە ئۇنى يورۇق چۈشىدىغان ، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ، ئادەتتىكى ئۆيلەردە باقسا بولىدۇ . بۆدۇنە بېقىلىدىغان ئۆيدە قەپەس بولۇشى كېرەك . قەپەس بىر قەۋەت ، قوش قەۋەت بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ . بۆدۇنە ئۈچۈپ يۈرۈپ بېشىنى يارا قىلىۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قەپەسنىڭ ئۈستى رەخت ياكى يۇمشاق نەرسىلەر بىلەن يېپىلىشى كېرەك . قەپەسنىڭ ئىچىگە سۇدان ۋە دانچۇق ئورنىتىش ، بۆدۇنە ئۇۋا قىلىپ تۇخۇم تۇغۇشى ئۈچۈن مۇۋاپىق ئورۇنغا ساندۇق ئورنىتىش لازىم .

بۆدۇنىنىڭ يېمى ئاساسەن قوناق ئۇنى ، كۈنجۈرە ، كېپەك قاتارلىقلاردىن تەييارلىنىدۇ . ئۇنىڭغا ئاز مىقداردا قۇم ۋە تۇز ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك . ئەگەر شارائىت يار بەرسە ئاز مىقداردا سۆڭەك پاراشوكى ئارىلاشتۇرۇپ بەرسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

5 . تۆۋەندە « يېقىن ئادەم » سەرلەۋھىسى ئاستىدىكى بىر پارچە

مۇھاكىمە ماقالىسى بېرىلدى. ئوقۇپ چىقىپ « يېقىن ئادەملىرىم » ياكى « بىزگە كۆيۈنىدىغانلار ھەر دائىم ئەتراپىمىزدا » ... دېگەنگە ئوخشاش سەرلەۋھىدىن بىرنى تاللاپ يۇقىرىدىكى ماقالىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن پىكىرنى يۈرۈتۈپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان ئاساستا بىر پارچە بايان ماقالىسى يېزىڭ.

## يېقىن ئادەم

### س. مارېئو

ھەممەيلەن يېقىن ئادەم تېپىش قىيىن دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھەرقاچان ئەتراپىمىزدا ھەمراھ بولۇپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

خالىي جايدا ئۇلار يېتەرسىزلىكىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئابرۇيىمىزنى قوغدايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانساق، ئۇلار بىز ئۈچۈن خۇشال بولىدۇ؛ مەغلۇپ بولساق، ئۇلار بىزگە مەدەت بېرىدۇ. قىلماقچى بولغان ھەربىر ئىشىمىز ئۇلارنىڭ ئېسىدە، ھەمدە بۇ ئىشنى تېخىمۇ ياخشى قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ؛ كۆڭلىمىز غەش بولغان چاغلاردا بىزگە چەكسىز غەمخورلۇق قىلىدۇ. ئەتراپىمىزدىكى ئادەملەرگە بىزگە ئۆزىدەك غەمخورلۇق قىلىشنى تاپىلايدۇ. ئۇلارنىڭ يىراقلارغا ھاردۇق ئېلىۋاتقىنىمىزدا يازغان ئىللىقلىق بىلەن تولغان خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، خۇشاللىق ۋە تەسەللىي ھېس قىلىمىز؛ غېرىبسىنىپ قالساق، ئۇلار ھەر ئىلاج قىلىپ ۋاقىت چىقىرىپ بىزگە ئوچۇق چىراي مۇئامىلە قىلىدۇ، ئالدىمىزدا كوتۇلدىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۆڭۈل - كۆكسىمىزدىكىنى تۆكەلەيمىز، نىقابلىنىشىمىز ياكى ئەدەبسىزلىك قىلىپ قويۇشىمىزدىن غەم يېيىشىنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق. ئۇلار بىزگە كۆيۈنىدۇ، بىزنىڭكىنى ئېلىۋالمايدۇ.

ئۇلار بىزگە غەمخورلۇق قىلىدۇ، لېكىن بىزنى چەكلەپ قويمايدۇ.

ئۇلار ئاتا ـ ئانىمىز ، ئاكا ـ ئۇكىمىز ، ئاچا ـ سىڭىللىرىمىز بو-
لۇشى مۇمكىن ، ئۇلار ساۋاقداشىمىز ، دوستىمىز ، قوشنىمىز بولۇشى
مۇمكىن ، ئۇلار ھەتتا قاچان ، قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇلارنى
ھامان يېنىمىزدا دەپ ھېس قىلالايمىز .

مۇشۇنداق يېقىن ئادەملىرىڭ بولسا ، ھاياتىڭدا رازى بولمايدىغان
يەنە نېمە بار ؟

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## 4 . چۈشەندۈرۈش ماقالىسى يېزىش مەشقى

1 ) بۇ مەشقنى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى

مەزكۇر كىتابنىڭ ئۈچىنچى بابىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك ، چۈ-
شەندۈرۈش ماقالىلىرىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى بىرقەدەر كەڭرى بو-
لۇپ ، ئۇ ھەر ساھە ، ھەر كەسىپلەرنىڭ ئۆزلىرى قىلىۋاتقان ئىشلار
ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ، تېخنىكىلىق چۈشەنچىلەرنى ئەكس
ئەتتۈرۈشىدىكى قورال . بۇ گۇنگە قەدەر ، چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدىكى
چۈشەندۈرۈش شەكىللىرى ، بۇ خىلدىكى ماقالىلەردە كۆپ قوللىنىلىد-
غان بەدىئىي ۋاستىلەر ، چۈشەندۈرۈش تەرتىپلىرى ، خاراكتېر جەھەت-
تىن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەر بىردەك
بولماي كەلدى ھەم سىستېمىلاشتۇرۇلمىدى . شۇڭلاشقا ، بۇ ھەقتىكى
نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەرنى سىستېمىلىق ئىگىلەش ھەم بۇ نەزەرىيىۋى
چۈشەنچىلەر ئاساسىدىكى يېزىقچىلىق بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئېلىپ
بېرىش ئارقىلىق ئەمەلىي ماھارەت ئىگىلىۋېلىش ھەر ساھە ھەر كەسىپ-
تىكى كىشىلەر ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم . شۇ سەۋەبتىن چۈشەندۈرۈش ما-
قالىسى ھەققىدىكى نەزەرىيىلەرنى ئىگىلەش ۋە ماھارەت ئىگىلەش تەبىئىي
پەنلەر ياكى ئىجتىمائىي پەنلەر تۈرلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل
مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ، كەسپىگە ماس كېلىد-

غان ، كەلگۈسىدە ئۆز كەسىپلىرىدە ئىلمىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللى-
نىشقا ئەسقاتىدىغان ھەمراھدۇر .

ئېلېكترون ، ئۇچۇر سانائىتىنىڭ ، پەن - تېخنىكىنىڭ ، سودا ،
ئىقتىساد ۋە ھەر خىل ھۈنەر - كەسىپلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگە-
شىپ تۈرلۈك - تۈمەن كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىنسانلارنىڭ
ئۆز كەسپىنى ، ئۆز ئىشىنى سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشكە بولغان ئېھ-
تىياجى تېخىمۇ ئاشىدۇ . چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنىڭ شەكلى ، تۈرلىرى
تېخىمۇ رەڭدارلىشىدۇ . بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلەرمۇ ئۆزلۈكسىز يېڭىلى-
نىپ تۇرىدۇ .

2 ) مەشىق ئىشلەش ئۇسۇللىرى

بۇ مەشقنى تۆۋەندىكىدەك كۆپ خىل ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىش
مۇمكىن .

ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ، بىلىم قۇرۇلمىسى ، ئەترا-
پىدىكى شەيئىلەر ، ئۆگىنىۋاتقان كەسپكە ماس كەلگەن مەشىق ئېلىپ
بېرىش ئۇسۇلى . بۇنىڭدا « ئائىلەمنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى » ، « مېنىڭ
مەكتىپىم » ، « چۆچۈرە ئېتىش ئۇسۇلى » ، « توخۇ » ، « سىر كۇل » ،
« تۇز » ، « كورلا نەشپۈتى » ، « پەيزاۋات قوغۇنى » ، « يوتقان قە-
دىمكى شەھىرى » ، « ھىدروگىننى ئايرىپ ئېلىش ئۇسۇللىرى » ،
« جىددىي خاراكتېرلىك بىر قىسىم كېسەللەرنى ئائىلىلەردە قۇتقۇزۇش
ئۇسۇللىرى » ، « ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى ئاسراش ئۇسۇللىرى »،
« گېنىراتورلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش » ، « يۇرتۇمنىڭ ئومۇمىي
ئەھۋالى » ... دېگەنگە ئوخشاش سەرلەۋھىلەرنى باشلانغۇچ مەكتەپ ،
تولۇقسىز ئوتتۇرا ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ھەرقايسى كەسىپلەر بويىچە
ئايرىلغان ھەر خىل مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپىگە . بىلىم
قۇرۇلمىسىغا ماس كەلگەنلىرىنى تاللاپ مەشققە تەشكىللەش ياكى مۇ-
شۇنىڭغا ئوخشاش سەرلەۋھىلەرنى بەلگىلەپ بېرىپ يازدۇرۇش ، يېزىش
ئىشىنى كۆرسىتىدۇ .

ھەربىر ئوقۇغۇچى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشنى ، ئۆزى كۆرۈۋاتـ

قان ياخشى بىلىدىغان بىرەر شەيئىنى ، ئورۇننى ، بىرەر چۈشەنچىنى تاللاپ چىقىپ ماقالە يېزىپ ئۆز ماھارىتىنى ئاشۇرسا بولىدۇ . مەشىققە تەشكىللىگەندە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىنى ، بىلىم قۇرۇلمىسىنى ، ئىجادچانلىقىنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىنى ياراتقىلى بولىدۇ .

ماكان تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەرنى يېزىش ئۇسۇلى . ماكان تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەردە مۇئەييەن ماكاندا ، مۇئەييەن كۆلەمدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئورۇن - جايلار يەنى تاغ - دەريا ، زاۋۇت ، ئىدارە - ئورگان ، باغچا ... قاتارلىقلار كۆپىنچە مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا چۈشەندۈرۈلىدۇ .

بۇ خىلدىكى ماقالىلەرنى يازغاندا تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش زۆرۈر . بىرىنچىسى : چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان ئورۇننىڭ جايلاشقان ئورنى ، دائىرىسى ، كۆلىمى ، يەنە بەزى ئورۇنلارنىڭ بىنا قىلىنغان ۋاقتى قاتارلىقلارنى ئېنىق يېزىش كېرەك . ئىككىنچىسى : بۇ خىلدىكى ماقالىلەرنى يازغاندا تاشقىرىسىدىن ئىچكىرىسىگە يېزىش ، ئىچكىرىسىدىن تاشقىرىسىغا قاراپ يېزىش ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ،تۆۋەندىن يۇقىرىغا ، ئۇ تەرەپتىن بۇ تەرەپكە ، بۇ تەرەپتىن ئۇ تەرەپكە قاراپ يېزىش مەسىلىسىدە ئوبدان ئويلىنىش ، شۇ ماقالىغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى تاللاش كېرەك . ئۈچىنچىسى : « بەش قولنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا ئېغىزغا تىقىش » تىن ساقلىنىش ، بىر پىكىر بىرلىكىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن ، يەنە بىر پىكىر بىرلىكىگە ئۆتۈش ، بۇ پىكىر بىرلىكىنىڭ قايسىلىرىنى نۇقتىلىق ، قايسىلىرىنى ئىخچام يېزىش ، قايسىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ يېزىش ، قايسىلىرىنى تەپسىلىي يېزىش ئىشىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش كېرەك .

ۋاقىت تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەرنى يېزىش ئۇسۇلى .

بۇ خىلدىكى ماقالىلەر دائىرىسىگە ئاساسەن قىسقىچە تەرجىمىھاللار ،مەلۇم مەھسۇلاتنىڭ ، كەشپىياتنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانلىرى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە يېزىلغان ماقالىلەر دائىرىسىگە كىرىدۇ .

بۇ خىلدىكى ماقالىلەرنى يازغاندا تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش زۆرۈر . بىرىنچىسى : قىسقىچە تەرجىمھال تۈرىدىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى بىلەن ئەدەبىي تەرجىمھال ياكى ئادەملەر ھەققىدىكى ئوچېرك تۈرىدىكى بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك . بۇ خىلدىكى ماقالىلەردە مەلۇم بايانىي تۈس بولسىمۇ ، ئەمما بايانىنىڭ ئامىللىرى بولمايدۇ . باشتىن - ئاخىر چۈشەنچە بېرىش ، مەلۇمات بېرىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . شۇڭا ، ساۋاقداشلار كىتابىنىڭ 1 ـ قىسمىنىڭ ئۈچىنچى بابىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ھەقتە بېرىلگەن ئىزاھاتقا ۋە ئۆرنەكلەرگە دىققەت قىلغان ئاساستا « مېنىڭ ئائىلەم » ، « مېنىڭ يىلتىزىم » ... دېگەنگە ئوخشاش ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان ماۋزۇلار ئاستىدا ياكى باشقا تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە تەرجىمھال تىپىدىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى يېزىشنى مەشىق قىلسا بولىدۇ . ئىككىنچىسى : مەلۇم كەشپىياتلار ، ئىلمىي قائىدە - قانۇنىيەتلەر ھەققىدە ۋاقىت تەرتىپى بويىچە يېزىلغان ماقالىلەرنىڭ ئىلمىيلىكى ، دەلىللىكى كۈچلۈك بولىدۇ ھەمدە بۇ خىل ماقالە يازغۇچىلاردا ئەتراپلىق بىلىمنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ . مەسىلەن ، ئۈچىنچى بابتا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « سائەت قاچان كەشپ قىلىنغان ؟ » ، « مېتېئورولوگىيىلىك رادار » ، « يەر شارىنى ئۆلچەيدىغان تارازا » قاتارلىق ماقالىلەر مۇشۇ تەلەپ بويىچە يېزىلغان . شۇڭا ، ساۋاقداشلار ئەتراپلىق تەييارلىق قىلغان ، بىلىم جۇغلىغان ئاساستا « قەلەمنىڭ كەشپ قىلىنىشى » ، « سوپۇن قانداق پەيدا بولغان » ، « ئىنسانلار تۇنجى قېتىم ئوتنى پايدىلىنىشنى قانداق بىلگەن » دېگەنگە ئوخشاش تېمىلاردا بايانىي تۈستە بولامدۇ ياكى بەدىئىي تۈستە بولامدۇ ئىشقىلىپ ئۆزىنىڭ يېزىشىغا ماس كېلىدىغان چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىرىنى تاللاپ ماقالە يېزىپ كۆرسە بولىدۇ .

خىزمەت ( ئىش ) تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەرنى يېزىش ئۇسۇلى .

بۇ خىلدىكى ماقالىلەرگە مەلۇم مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش

جەرياندىكى ئىش تەرتىپلىرى ، مەشغۇلىيەت جەريانلىرى ، ئىشلارنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەر كىرىدۇ .

بۇ خىلدىكى ماقالىلەرنى يېزىشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك .

بىرىنچىسى ، ئىش تەرتىپى بويىچە تەپسىلىي كۆزىتىش كېرەك . مەسىلەن ، مەلۇم نەرسىنىڭ ياسىلىش جەريانىدا ، ئۇنىڭ تەييارلىق باسقۇچى ، هازىرلايدىغان ماتېرىياللار ، ئىش باشلاش ، ياسىلىش جەريانىنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى ، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي ئىگىلەپ ئاندىن يېزىشقا كىرىشىش كېرەك .

ئىككىنچىسى ، ئىش تەرتىپىنى يېزىشتا ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە يېزىش كېرەكمۇ ياكى ئىشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى بويىچە يېزىش كېرەكمۇ ؛ ئاۋۋال ئاشۇ ئىشلەپ چىقىرىلغان مەهسۇلاتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى يېزىپ بولۇپ ئاندىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرىنى يېزىش كېرەكمۇ ياكى قەدەم ـ باسقۇچلارنى يېزىپ بولۇپ ئاندىن خۇسۇسىيىتىنى يېزىش كېرەكمۇ ؛ بۇلارنى ئېنىق بەلگىلىۋېلىش يەنى چۈشەندۈرۈش تەرتىپىنى بەلگىلىۋېلىش ، ئاندىن يېزىشقا كىرىشىش كېرەك .

ئۈچىنچىسى ، مەلۇم مەهسۇلاتنىڭ هاسىل بولۇش جەريانىدىكى ئىش تەرتىپىنى چۈشەندۈرۈش جەريانى ئىلمىي هەم تېخنىكىلىق جەرياندىن ئىبارەت . شۇڭا ، بۇ جەرياندا ئىلمىيلىككە ، تېخنىكىلىق مەسىلىلەرگە دىققەت قىلماي پەرەز بويىچە يېزىشقا بولمايدۇ .

تۆتىنچى ، ئىش تەرتىپىنى چۈشەندۈرۈشتە يالغۇز ئىش جەريانىنىلا چۈشەندۈرۈپ قالماي ، بەلكى نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق تەرتىپ بويىچە ئىشلەش كېرەكلىكىنىمۇ يەنى ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنىمۇ چۈشەندۈرۈشكە ئەهمىيەت بېرىش كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا كىتابخانلار ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنىمۇ ئېنىق چۈشىنەلەيدۇ .

ساۋاقداشلار بۇ خىلدىكى ماقالىلەرنى يېزىشتا ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق بولغان تېمىلارنى مەسىلەن ، « پولو ئېتىش » ، « ئائىلىلەردە توك

ھاسىل قىلىش » ، « ئۇندۇرمە تەييارلاش » ، « چۈجە چىقىرىش » ... دېگەنگە ئوخشاش تېمىلاردا ئۆزلىرى بىلىدىغان ھەم ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبىلەر ئاساسىدىكى ماقالىلەرنى يېزىپ كۆرسە بولىدۇ.

ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەرنى يېزىش ئۇسۇلى. بەزى شەيئىلەرنىڭ پەقەت بىرلا تەرىپىنى ئەمەس، بەلكى كۆپ تەرەپتىن، يەنى شەيئىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، تىپى، خاراكتېرى، خۇسۇسىيىتى، تەرەققىيات جەريانى ۋە باشقا ھەرخىل ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەرگە ئاساسلىقى شەيئىلەر چۈشەندۈرۈلىدىغان ماقالىلەر كىرىدۇ. بۇ خىلدىكى ماقالىلەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدا كونكرېت شەيئىلەرنىڭ شەكلى، قۇرۇلمىسى، رولى قاتارلىقلار چۈشەندۈرۈلىدۇ؛ بەزى شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش، يوقىلىش جەريانى تونۇشتۇرۇلىدۇ. يەنە بەزى شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى چۈشەندۈرۈلىدۇ. شۇڭا، ئالاھىدىلىك تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلىدىغان ماقالىلەرنى يېزىشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك.

بىرىنچى، چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ۋە ئېنىق ئىگىلەش ئاندىن يېزىشقا كىرىشىش لازىم. ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، باشقا شەيئىلەردىن پەرقلىنىدىغان بەلگىسى بولىدۇ. بۇلارنى تولۇق ئىگىلەپ، ئۇنى چىڭ تۇتۇپ يازغاندىلا ئاندىن تولۇق چۈشەندۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، مەزكۇر كىتابنىڭ ئۈچىنچى بابىدا بېرىلگەن « چۇمۇلە ھەققىدە قىزىقارلىق پاراڭ » ناملىق ماقالىنى يېزىشتا ئاپتور ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەشكە ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشكە قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

ئىككىنچى، چۈشەندۈرۈلمەكچى بولغان شەيئىنىڭ تەركىبى، قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارنى ئىگىلەشكە، بىر تۈردىكى بىر ـ بىردىن پەرقلىق شەيئىلەرنىڭ پەرقىنى، تۈزۈلۈشىنى ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

مەسىلەن ، مەزكۇر كىتابنىڭ ئۈچىنچى بابىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « رۇبىدىي » ، « ئىلى ئالمىسى » قاتارلىق ماقالىلەردە مۇشۇ تەلەپ ياخشى ئورۇنلانغان .

ساۋاقداشلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا كۆز ئالدىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەم ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان ھەرقانداق شەيئىنى بۇ خىل ئۇسۇل بويىچە يېزىپ ماھارىتىنى سىناپ كۆرسە ۋە ئۆستۈرسە بولىدۇ .

پىكىر تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەرنى يېزىش ئۇ-سۇلى .

تېئورىيە ، قانۇنىيەت ، قائىدە ـ نىزام قاتارلىق نەزەرىيىۋى چۈ-شەنچىلەر چۈشەندۈرۈلگەن شەرھلەش خاراكتېرىدىكى ماقالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى پىكىر تەرتىپى بويىچە يېزىلغان ماقالىلەر دائىرىسىگە كىرىدۇ ھەم مۇشۇ بويىچە يېزىلىدۇ . بۇ خىلدىكى ماقالىلەردە ئابستراكتنى ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەرنى كونكرېتلاشتۇرۇپ ، تەرتىپكە بۆلۈپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ . بۇ خىلدىكى ماقالىلەرنى يېزىشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك .

بىرىنچى ، شەرھلەنمەكچى بولغان قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر ، نىزام ۋە تەجرىبىلەر ھەققىدە ئېنىق ھەم توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش كېرەك . شەرھلەش خاراكتېرىدىكى ماقالىلەرنى يېزىشتىكى مەقسەت ـ باشقىلارغا چۈشىنىكسىز بولغان قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر ، بىلىملەر ، تەجرىبىلەرنى ئې-نىق ، چۈشىنىشلىك قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت . شۇنىڭ ئۈچۈن شەرھلەنمەكچى بولغان مەزمۇن ھەققىدە ئاۋۋال ئۆزى ئېنىق ، توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى كېرەك .

ئىككىنچىسى ، پىكىر تەرتىپلىرىنى ئېنىق بەلگىلەش ، بىر پىكىر تەرتىپىدە بىر چۈشەنچىنى شەرھلەش ، مىسال كەلتۈرۈش ، ئوبرازلىق سۆز ـ جۈملىلەرنى ئىشلىتىش ، ئىزاھلاش شەكىللىرىنى قوللىنىپ مۇ-رەككەپ چۈشەنچىلەرنى چۈشىنىشلىك قىلىپ شەرھلەش كېرەك . مە-سىلەن ، كىتابنىڭ 1 ـ قىسمىنىڭ ئۈچىنچى بابىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بې-رىلگەن « تۇرمۇشىڭىزنى ئۆزگەرتىشنىڭ سىرى » ، « ئادەم بەدىنىدىكى

قىزىقارلىق تاناسىپلار » ، « ئەرز قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك يول تاپشۇ-
رۇش كېرەك » قاتارلىق ماقالىلەر مۇشۇ تەلەپ بويىچە ، مۇرەككەپ چۈ-
شەنچىلەر كونكرېتنى ، جانلىق ، چۈشىنىشلىك قىلىپ شەرھلەنگەن .

ئادەتتىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنى بەدىئىي خاراكتېرلىك
چۈشەندۈرۈش ماقالىسىغا ئۆزگەرتىپ يېزىش ئۇسۇلى . بۇ خىل ئۇسۇلدا
ئاللېگورىيەلەشتۈرۈش ، رىتورىك سوئال ۋە باشقا ھەر خىل بەدىئىي ۋا-
ستىلەرنى قوللىنىپ ئوبرازلىق ، قىزىقارلىق قىلىپ يېزىش ، ئوي - پە-
كىرنى ئوبرازلىق ، جانلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلىدۇر . مەسىلەن ، كىتابنىڭ
1 - قىسمىنىڭ ئۈچىنچى بابىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « رۇبىدىي »
ناملىق ماقالىنى ئاللېگورىيەلەشتۈرۈش ۋاستىسىنى قوللىنىپ بەدىئىي
خاراكتېرلىك چۈشەندۈرۈش ماقالىسى قىلىپ يېزىپ چىقىش مۇمكىن .
مەسىلەن ، « مېنىڭ ئىسمىم — رۇبىدىي ، مەن سىلەرگە ئانچە تونۇش
بولمىغان بىر ئېلېمېنت ، ئەمەلىيەتتە سىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا مەندىن
ئايرىلالمايسىلەر ... » دېگەنگە ئوخشاش . بۇلاردىن باشقا يەنە ، ئاشۇ
بابتا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « قارلىغاچ » ، « قۇمۇل غېجىكى »...
قاتارلىق ماقالىلەرنى ھەر خىل بەدىئىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ بەدىئىي
خاراكتېرلىك ماقالە قىلىپ يېزىپ چىقىش مۇمكىن .

يەنە مىسال ئۈچۈن ئالساق ، كىتابنىڭ 1 - قىسمىنىڭ ئۈچىنچى
بابىدا ھەمدە كىتابنىڭ 2 - قىسمىنىڭ ئىككىنچى بابىنىڭ مۇناسىۋەتلىك
جايلىرىدا بېرىلگەن ماقالىلەردىن « تىرىك كىتاب » ، « كاززاپلىق دېگەن
نېمە ؟ » قاتارلىق ماقالىلەردە « ھېكايە سۆزلەش » شەكلىدىن ، « چۈمۈلە
ھەققىدە قىزىقارلىق پاراڭ » ، « ھايۋاناتنىڭ پاراستى » ، « تەكلىماكان
ھايۋانات دۇنياسى » قاتارلىق ماقالىلەردە نۇقتىلىق ھالدا ئوخشىتىشتىن ،
« ھايۋانات ھەققىدە قىزىقارلىق پاراڭلار » ناملىق ماقالىدە سېلىشتۇرۇش-
تىن ، « ئۇلار ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان سۆزلەر » ، « ۋاقىت ھەققىدە »
قاتارلىق ماقالىلەرنىڭ ئاپتورلىرى كىنو سىنارىيەسىدىكى مونتاژ ئۇسۇل-
دىن ۋە ئوخشىتىشتىن پايدىلىنىپ بەدىئىي تۈستىكى چۈشەندۈرۈش ما-
قالىسى قىلىپ يېزىلغان . « موتسكىلىتنىڭ ئېيتقانلىرى » ناملىق ماقالىدە

بولسا ، ئاللېگورىيەلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بەدىئىي ۋاستە قوللىنىلغان . بۇ ماقالىلەرنى ، بۇ خىل شەكىل ۋە ۋاستىلەرنى قوللانماي ( يەنى بەدىئىي ئۇستىدىكى ماقالە قىلىپ يازماي ) باشقا تۈردىكى ماقالە قىلىپ تامامەن يېزىپ چىققىلى بولاتتى .

بۇلاردىن باشقا يەنە كىتابنىڭ 1 ـ قىسمىنىڭ 4 ـ بۆلىكىدە سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر ھالىتىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان « شەيتان لۇغەت » دېگەن تۈردىكى ئىزاھلىق لۇغەتلەرمۇ دەل بەدىئىي ئۇستىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدۇر . ئەگەر ساۋاقداشلار « شەيتان لۇغەت » تۈزمەكچى بولسا ، ئۇچىنچى بابتا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « شەيتان لۇغەت » شەكلىنى ۋە تۆۋەندىكىدەك شەكىللەرنى ئۆرنەك قىلسا بولىدۇ .

دوختۇر ـــ ئەزرائىل ئەڭ نەپرەت بىلەن قارايدىغان ئادەم .

رېتسېپ ـــ دورا ئىسمىنى بىلگىلى بولمايدىغان ، ئەمما باھاسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان قەغەز .

ئۆچۈرگۈچ ـــ خاتالىقنى تۈگىتىپ بولالماي ئاخىر ئۆزى تۈگەپ كېتىدىغان نەرسە .

ئۆلۈم ـــ ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان بىر خىل نەرسە ، ھەربىر كىشى ئۆمرىدە ئۇنىڭغا بىرلا قېتىم ئېرىشەلەيدۇ .

پايپاق ـــ پۇتنىڭ ئىچ كىيىمى .

ئۆمۈر ـــ شۇمۇپ ـ شۇمۇرۇپ تۈگەي دېگەندە نەقەدەر تاتلىقلىقىنى بىلگىلى بولىدىغان كەمپۈت .

گال ـــ ئىنساپنى سۈغۇرۇۋالسا ، مەڭگۈ تولدۇرغىلى بولمايدىغان كامار .

تاماكا چېكىش ـــ ئۆپكە ـ كانايلارغا كۆز تەگمەسلىك ئۈچۈن سېلىنغان ئىسرىق .

( بۇ « شەيتان لۇغەت » لەر « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

يۇقىرىدىكى « شەيتان لۇغەت » لەردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ،
بۇلار ئاتالغۇلارغا سۆزلۈكلەرگە ئىزاھات بېرىلىدىغان ئادەتتىكى ئىزاھلىق
لۇغەتلەرگە قارىغاندا ، ھەر خىل بەدىئىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئوي -
پىكىرنى تېخىمۇ ئوبرازلىق ، قىزىقارلىق قىلىپ ئېچىپ بېرىدۇ . بەزى
« شەيتان لۇغەت » لەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر ئىزاھلار ئادەمنى
چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ . بۇ خىلدىكى ئىزاھلىق لۇغەتلەر ئادەتتىكى
ئىزاھلىق لۇغەتلەرگە ئوخشاشلا يەنىلا ئىلمىيلىكتىن ، چىنلىقتىن پۈتۈن-
لەي چەتلەپ كەتمەيدۇ . ھېچبولمىغاندا ئىزاھلانماقچى بولغان شۇ
سۆز - ئاتالغۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ماھىيەتلىك مەنانىڭ بىر تەرىپىنىمۇ
بولسا يورۇتۇپ بېرىدۇ .

لېكسىيە شەكلىدىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنى سوئال - جاۋاب
شەكلىدىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىغا ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى . بۇ خىل
ئۇسۇل ساۋاقداشلارغا ئەڭ باب كېلىدىغان ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولۇپ ،
ساۋاقداشلار ئادەتتە بۇ خىلدىكى ماقالىلەرنى ھەم بۇ خىل شەكىلدە تۈ-
زۈلگەن كىتابلارنى دائىم كۆرۈپ تۇرىدۇ . مەسىلەن ، ئۈچىنچى بابتا
ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « مېتېئورولوگىيىلىك رادار » ناملىق ماقالىنى
« مېتېئورولوگىيىلىك رادار دېگەن نېمە » ، « ئۇ قانداق ئېھتىياج تۈپەي-
لىدىن بارلىققا كەلگەن ؟ » ، « قانداق تۈرلىرى بار ؟ » دېگەنگە ئوخ-
شاش سوئاللار ئاساسىدا سوئال - جاۋابلىق چۈشەندۈرۈش ماقالىسى قى-
لىپ يېزىپ چىقىش مۇمكىن . ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن ماقالىلەرنىڭ
ھەممىسىنى مۇشۇ خىل شەكىلدە يېزىپ چىققىلى بولىدۇ .

ئادەتتىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنى بايانىي تۈستە يېزىلغان
چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىغا ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى . بۇ خىل ئۇسۇلدا
ئۆزگەرتىلگەن چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىنى سۆز-
لەشتىن ئاۋۋال تۆۋەندىكى مىسالنى كۆرۈپ باقايلى .

# كاكتوس گۈلى

قەلبىنۇر

يەكشەنبە كۈنى ئىدى . مەن دوستۇم گۈزەلنۇرنىڭ ئۆيىگە ئويـ
نىغىلى باردىم . ئىككىمىز بالكونغا تىزىپ قويۇلغان رەڭمۇ رەڭ گۈللەرنى
تاماشا قىلدۇق . تۇساتتىن كۆزۈم پۈتۈن يېرى تىكەن بىلەن قاپلانغان
قېنىق يېشىل رەڭدىكى ئۆسۈملۈككە چۈشۈپ قالدى . مەن ئۇنى كارتون
فىلىملەردە ۋە چەت ئەلنىڭ كىنولىرىدا كۆرگەنىدىم ، لېكىن ئىسمىنى
بىلمىگەچكە ، گۈزەلنۇردىن :

— ئاداش ، ماۋۇ گۈلنىڭ ئىسمى نېمە ؟ — دەپ سورىدىم .

گۈزەلنۇر ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ :

— بۇنى كاكتۇس گۈلى دەپ ئاتايدۇ ، — دېدى .

— ھە ، كاكتۇس گۈلى ، - مەن قىزىقىپ سورىدىم ، — بۇ
قانداق گۈلدۇر ؟

— مەن بىلەن ماڭ ، دادامنىڭ كىتابخانىسىغا كىرەيلى ، — دېدى
ئۇ قولۇمدىن تارتىپ تۇرۇپ .

ئىككىمىز كىتابخانىغا كىردۇق . گۈزەلنۇر كىتاب جاھازىسىدىن
ئۆسۈملۈكلەرگە دائىر كىتاب - ماتېرىياللارنى ئالدى . ئىككىمىز ھەپىلە-
شىپ يۇرۇپ بىر كىتابتىن كاكتۇس ھەققىدە تۆۋەندىكى چۈشەندۈرۈ-
لۈشنى تاپتۇق : « كاكتۇس - مېكسىكىنىڭ دۆلەت گۈلى . مېكسىكىنىڭ
نەرىگىلا قارىماڭ ، كاكتۇس گۈلىنى كۆرەلەيسىز . كىشىلەر ئۇنى ھويلى-
لىرىغا تىكىپ ، كۆكتات ، مېۋە - چېۋە ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ . كاكتۇسنى
يەنە ئېچىتىپ ھاراق ياساپ ، ئەزىز مېھمانلىرىغا قۇيۇپ بېرىدۇ . كاك-
تۇسنىڭ تۈرى ئىككى مىڭ خىلدىن ئارتۇق ، شەكلىمۇ ھەر خىل بولى-
دۇ . كاكتۇس يامغۇر ياغقاندا كۆپ مىقداردا سۇنى سۈمۈرۈۋېلىپ غولىدا

ساقلايدۇ . كاكتۇسنىڭ سۇنى ئىقتىساد قىلىش ۋە زاپاس ساقلاش ئىق-
تىدارى ئىنتايىن يۇقىرى . يىڭنىسىمان يوپۇرمىقى سۇنىڭ پارغا ئايلىنىپ
كېتىشىنى تىزگىنلەيدۇ . ئۇنىڭدىكى بۇ ئالاھىدىلىكلەر بۇنى ئىسسىق ،
قۇرغاق شارائىتقا ماسلاشتۇرغان . كاكتۇسنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى
بار . ئۇ كۈندۈزى نەپەس يولىنى ئېتىپ ، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى
تىزگىنلەيدۇ . ئاخشىمى نەپەس يولىنى ئېچىپ كاربون ( Ⅳ ) - ئوكسى-
دىنى سۈمۈرۈپ ئوكسىگېننى قويۇپ بېرىدۇ ... »

بىز ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، مەن قىزىقىپ سورىدىم :

— گۈزەلنۇر ، كاكتۇسنى تىكىش ئاسانمۇ ؟

- ھەئە ، ئاسان .

— ماڭا كۆچۈرۈپ بېرەلەمسەن ؟

— ئەلۋەتتە . سەن خالىساڭلا .

گۈزەلنۇر كىچىك تەشتەكنى ئالدى . كىچىك سۇلياۋ خالتىلارغا ئايرىم - ئايرىم قاچىلانغان سېغىز لاي ، سېرىق قۇم ، كومىلاچ قىلىنغان كۆمۈر ئۇۋۇقىدىن ئاز - ئازدىن ئېلىپ تەشتەكنى توشقۇزدى . ئاندىن كاكتۇسنىڭ بىر غولىدىن كېسىپ ئېلىپ ماڭا بەردى ۋە :

— بۇنى ئۆيگە ئاپىرىپ ، بىر - ئىككى كۈن قويۇپ قوي ، بۇ-
نىڭغا سۇ تەگمىسۇن . ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ غولنىڭ تۆت-
تىن بىر قىسمىنى تەشتەككە پاتۇرۇپ قويغىن . سۇنى جىق قۇيما . بول-
مىسا ، توپىسى چىرىپ كېتىدۇ — دېدى .

مەن ھاياجانلىنىپ ، ھېلىقى كىچىك تەشتەك ۋە كاكتۇس غولىنى كۆتۈرۈپ ، گۈزەلنۇر بىلەن ئالدىراپ خوشلاشتىم . ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆردۈم . نەتىجىدە يىگىرمە كۈندىن كېيىن كاكتۇس بىخ چىقىرىشقا باشلىدى . شۇ چاغدىكى خۇشاللىقىمنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن . سىلەرمۇ كاكتۇس گۈلىنى بېقىشنى خالى-
ساڭلار . مەن سىلەرگە ئۆزۈم ئۆستۈرگەن كاكتۇستىن كۆچۈرۈپ بېرى-
مەن .

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

بايانىي تۈستە يېزىلغان بۇ ماقالىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدە بايان قوشۇمچە، چۈشەندۈرۈش بولسا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ بابنىڭ ئالدىنقى مەشىق ئۇسۇللىرىدا سۆزلەنگەن «چۈشەندۈرۈش ماقالىسىنى بايان ماقالىسىغا ئۆزگەرتىپ يېزىش ئۇسۇلى» دېگەن مەزمۇن ئۈچۈن ئۆرنەك ئېلىنغان «مېنىڭ دەم ئېلىش كۈنۈم» ناملىق ماقالىدە بايان قىلىش، خاراكتېر يارىتىش مەقسەت قىلىنغان بولسا، بۇ ماقالىدە شۇنىڭدەك «مەسىلىنى ئەپچىل يېشىش ئۇسۇلى» ناملىق ماقالىدە باشتىن - ئاخىر چۈشەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. مەزكۇر ماقالىدا «كاكتۇس گۈلى» نىڭ ئۆسۈش ئورنى، خۇسۇسىيىتى، ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى قاتارلىقلار ئالاھىدىلىكى تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلۈپ يېزىلسىمۇ بولاتتى. ئەمما، بۇ ماقالە ئاپتورى بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانماي، ئۇنى بايانىي تۈستىدىكى ماقالە قىلىپ يازغان.

بۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندە ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن «تۇنجى قېتىم قاچا - قۇچا يۇيۇش» ناملىق ماقالىنىڭ ئىش تەرتىپىدە يېزىلغان نۇسخىسى بىلەن بايانىي تۈستە يېزىلغان نۇسخىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

① ئىش تەرتىپى بويىچە يېزىلغان نۇسخىسى:

ياش - ئۆسمۈرلەر قاچا - قۇچا يۇيغاندا بولۇپمۇ تۇنجى قېتىم يۇيغاندا پاكىز يۇيۇش، چايقاش، رەت تەرتىپى بويىچە دەستىلەپ تىزىش قاتارلىق ئىش تەرتىپلىرىدە قېينىلىدۇ. تۆۋەندە بۇ توغرىسىدىكى ئىش تەرتىپلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

ئالدى بىلەن يۇماقچى بولغان قاچا - قۇچىلارنى چوڭراق بىر قاچىغا سېلىش، قاچا - قۇچا يۇيۇشتىن بۇرۇن پەرتۇق تارتىۋېلىش، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇنى تەڭشەش، يۇيۇش، چايقاش، تىزىش ئىشلىرىنى تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

سۇنى تەڭشەش: قاچا - قۇچىلارنى يۇماقچى بولغان سۇ قول كۆيمىگۈدەك دەرىجىدە ئىللىمان قىلىپ تەڭشەلسە، ماي ۋە تاماق يۇقىندىلىرىنى تېز ۋە تولۇق چىقىرىشتا ئۈنۈمى بولىدۇ.

يۇيۇش : قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيغاندا سىلىق ھەرىكەت قىلىش ، سۇنى چاچرىتىپ كىيىمنى بۇلغاشتىن ساقلىنىش كېرەك . يۇيغاندا ئالدى بىلەن تېشىنى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىچىنى يۇيۇش كېرەك . يۇ-ماقچى بولغان قاچا ـ قۇچا ماي يۇقى بولسا بۇ قاچىغا ئىسسىق سۇ قۇ-يۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردا قاچا يۇيۇش سۇيۇقلۇقى قۇيۇپ يۇيۇش كېرەك .

چايقاش : قاچا ـ قۇچىلارنى پاكىز يۇيۇپ ، تاماق ۋە ماي يۇقۇن-دىلىرى ، داغلار پاكپاكىز چىقىپ بولغاندىن كېيىن كەم دېگەندە ئۈچ قېتىم چايقاش كېرەك . بولۇپمۇ ، قاچا يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ئىشلىتىپ يۇ-غان قاچىلارنى كۆپ قېتىم چايقاپ ، قاچا يۇيۇش يۇقىندىلىرىنى پەقەت قويماي چىقىرىۋېتىش كېرەك .

دەستىلەش : يۇيۇپ بولغان قاچا ـ قۇچىلارنى تۈرى ، چوڭ ـ كىچىكلىكى بويىچە دەستىلەش ، دەستىلىگەندە چوڭلىرىنى ئاستىغا ، كىچىكلىرىنى ئۈستىگە تەرتىپ بويىچە دەستىلەش كېرەك . بىر دەستە قىلىنغان قاچا ـ قۇچىلار كۆپ بولغاندا بەشتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك .

سىز تۈنجى قېتىم قاچا ـ قۇچا يۇغاندا يۇقىرىقىلارغا ئەھمىيەت بەرسىڭىز بۇ ئىشىڭىزنى كۆڭۈلدىكىدەك ئېلىپ بارالايسىز .

②باياني تۈستە يېزىلغان نۇسخىسى :

## تۈنجى قېتىم قاچا ـ قۇچا يۇيۇش

ئېلىيار خەمىت

دادام كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەن بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى . ئاپامنىڭ پەقەتلا مىجەزى يوق بولۇپ ، ياتقۇسى كېلىپلا تۇراتتى . چۈش-تىن كېيىن تۇيۇقسىز مېھمانلار كېلىپ قالدى . مېھمانلار ئۆيىندى . كۈلدى ئاپام ئۇلارغا چاي تەييارلىدى . تاماق ئەتتى . مېھمانلار ئۇزىغاد-

دىن كېيىن ئاپام تېخىمۇ ماغدۇرسىزلىنىپ ، يېتىۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈر-
دى . بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتتىم . ئاپامغا ئازراق
بولسىمۇ ياردەملىشەي دەپ ئويلىدىم ، لېكىن نېمە قىلىشىم كېرەك ؟ بۇ
چاغدا كۆزۈم ئۈستەل ئۈستىدە يېيىلىپ ياتقان قاچا - قۇچىلارغا چۈش-
تى . مەن دەرھال قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ ، ئاشخانا ئۆيگە ئېلىپ
كىرىپ ، يۇيۇشقا باشلىدىم .

مەن دەسلەپ قاچا - قۇچىلارنى سوغۇق سۇ بىلەنلا يۇيۇۋىدىم ،
قوللىرىم مايلىشىپ كەتتى . شۇ چاغدا ئاپامنىڭ قاچا - قۇچىلارنى ئىس-
سىق سۇ بىلەن يۇيىدىغانلىقى ئېسىمگە كېلىپ ، تەكشىمەكچى بولۇپ
قايناقسۇ قۇيۇۋىدىم ، سۇ بەك قىزىپ كەتتى . مەن يەنە سوغۇق سۇ
قۇيدۇم . ئىشقىلىپ ، سۇنى تەكشەشكە خېلى ۋاقىت كېتەتتى . ئاندىن
قاچا يۇيۇش سۇيۇقلۇقى قۇيدۇم . بىراق ، ئۇنى قۇيغاندىن كېيىن چىنە-
لەر سىلىقلىشىپ كەتتى ، مەن ئۇلارنىڭ قولۇمدىن سىرىلىپ چۈشۈپ
چېقىلىپ كېتىشىدىن بەكلا ئەنسىرىدىم . ئاندىن قاچا - قۇچىلارنى سو-
غۇق سۇ بىلەن چايقاپ بولغۇچە ، قولۇم بەكلا توڭلاپ كەتتى . قاچا -
قۇچىلارنى يۇيۇشنىڭ بۇنچە تەسلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن . يۇ-
ماي شۇ پېتى تاشلاپ قوياي دېگەن خىيالغىمۇ كەلدىم . بىراق ، مەن يۇ-
مىسام كىم يۇيىدۇ ، دەپ ئويلاپ چىداپ ئىشنى تۈگەتتىم .

مەن يۇيۇلغان قاچا - قۇچىلارنى ئېگىز - پەس تىزىپ قويۇپ ،
ياتاق ئۆيگە كىردىم . ئاپام مېنىڭ تۇرقىمغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى . نېمە
ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ، ئاپامغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدىم . ئاپام :

— كىيىملىرىڭ نېمە بولۇپ كەتتى ؟ — دەپ سورىغاندىلا ، ئان-
دىن ئۈستىۋېشىمنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدىم . مەن ئاپامغا
قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇۋەتكەنلىكىمنى ئېيتتۇم ، ئۇ خۇشاللىقىدىن
كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ، ئامراقلىق بىلەن مېنى باغرىغا باستى .
مەن ئاپامنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس
قىلدىم .

مەن ئىلگىرى ، قاچا - قۇچا يۇيۇشتەك ئۇششاق ئائىلە ئىشلىرىنى

قىزلار قىلىدۇ ، ئوغۇللار بولسا ئائىلىنىڭ ئېغىر ئىشلىرىنىلا قىلىشى كېرەك ، دەپ ئويلايتتىم . بۇ ئىشتىن كېيىن مەن ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنىڭمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم .

( « ئۈمىد چېچەكلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

بۇ سېلىشتۇرمىدىن بىز بايانىي تۈستىكى ماقالىلەرنى قانداق يېزىشنى ۋە ئۆزگەرتىپ يېزىشنى چۈشىنىۋالالايمىز .

مەلۇم بىر پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسىنىڭ تەركىبىدىكى چۈشەندۈرۈش شەكىللىرى ، چۈشەندۈرۈش تەرتىپى ۋە خاراكتېرىنى ئايرىپ چىقىش ئۇسۇلى . قىممىتى بار ئەسەر يېزىش ئۈچۈن جۈملىدىن چۈشەندۈرۈش ماقالىسى يېزىش ئۈچۈن ياخشى يېزىلغان چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىغا باھا بېرىش ، ئۇنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى « قۇشقاچ ئوپېراتسىيىسى قىلىشنى » بىلىش كېرەك . شۇڭلاشقا ، گېزىت - ژۇرناللاردىن بىرەر پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسىنى تاللاپ ئېلىپ ئۇنىڭدا قانداق چۈشەندۈرۈش شەكىللىرى قوللىنىلغانلىقىنى ، بۇ ماقالە چۈشەندۈرۈش تەرتىپىنىڭ قايسى تۈرىدە يېزىلغانلىقىنى ، خاراكتېرىنى ئايرىپ چىقىش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش ماقالىسى ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەرنىڭ ئەمەلىي چۈشەنچىگە ئايلانغان ياكى ئايلانمىغانلىقىنى سىناپ بېقىش كېرەك .

رەسىم ، ئىسخىما ، خەرىتە ، جەدۋەللەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈش ماقالىسى يېزىش ئۇسۇلى . بۇ خىلدىكى ماقالىلەر ساۋاقداشلارنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن دەرسلىك كىتابلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ . شۇڭلاشقا ، ئاشۇ ئۆرنەكلەردىن پايدىلىنىپ مەشىق ئېلىپ بارسا بولىدۇ .

چۈشەندۈرۈش ماقالىسى يېزىقچىلىقىغا ئائىت مەشىق شەكىللىرى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت . ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن بۇ خىل مەشىق شەكىللىرىدىن خالىغانلىرىنى تاللاپ ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ .

# ئۆرنەك ۋە مەشقلەر

1 . ئۆز يۇرتىڭىزنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى يەنى قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىككە ئائىت ، سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا ئائىت ياكى مەشھۇر مېۋە ـ چېۋىلەر ، مەشھۇر ئىمارەتلەر ، مەشھۇر شەخسلەر ... قاتارلىقلارغا ئائىت تېمىلاردىن بىرىنى تاللاپ يۇقىرىدىكى چۈشەنچىلەر ئاساسىدا بىر پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسى يېزىڭ .

2 . تۆۋەندىكى ئىككى پارچە ماقالىنى ئوقۇپ ئۇلارنىڭ ھەربىرىدە چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان چۈشەندۈرۈش شەكىللىرىنىڭ قايسىلىرى قوللىنىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

## توك يولى دېگەن نېمە ؟

قول چىرىغى ھەممىمىز بىلىدىغان يورۇتۇش قورالى . ئۇنىڭ توك يولى ناھايىتى ئاددىي . سىز ئۇنىڭ توك يولى قانداق تۈزۈلىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز ، قول چىرىغىنى ئېچىپ باتارىيە بىلەن ئۇنىڭ لامپۇچكىسىنى چىقىرىڭ ، بىر پارچە توك سىمى تېپىپ ئىككى ئۇچىنى بىر ــ ئىككى سانتىمېتىر ئەتراپىدا يالىڭاچلاڭ ( ئەگەر داتلاشمىغان بىر تال تۆمۈر سىم بولسىمۇ بولىدۇ ) . توك سىمىنىڭ يالىڭاچلانغان بىر ئۇچىنى لامپۇچكىنىڭ بۇرمىلىق قىيپىغا باغلاپ ، يەنە بىر ئۇچىنى باتارىيىنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا باستۇرۇڭ . ئاندىن كېيىن لامپۇچكىنىڭ ئاستىدىكى تېگىشتۇرۇش نۇقتىسىنى باتارىيىنىڭ ئۈستىدىكى مىس قالپاققا تەگكۈزۈڭ . شۇ چاغدا لامپۇچكا دەرھال يانىدۇ . شۇنداق قىلىپ سىز بىر توك يولى قۇراشتۇرۇپ چىقتىڭىز . ئۇنىڭ پرىنسىپى بىلەن قول چىرىغى توك يولىنىڭ پرىنسىپىمۇ تامامەن ئوخشاش .

بۇ ئاددىي توك يولى ، توك مەنبەسى ، يۈك ، ئۆتكۈزگۈچ سىم قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان .

توك مەنبەسى توك يولىنىڭ يۈرىكىگە ئوخشايدۇ . مەنبەدىن چىقـ- قان توك توك يولىدا توختىماستىن ئاقىدۇ . توك مەنبەسىنىڭ تۈرى ناـ- ھايىتى كۆپ . يۇقىرىقى توك يولىدا باتارىيە توك مەنبەسى بولۇپ ، ئۇـ- نىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى مىس قاپلىقى پىلۇس قۇتۇپ ، سىرتقى قىسـ- مىدىكىسىنىڭ قېپى مىنۇس قۇتۇپ دەپ ئاتىلىدۇ .

توك يولىدىكى توك ئىستېمال قىلغۇچى قۇرۇلمىنى يۈك دەپ ئاـ- تايمىز . مەسىلەن ، لامپۇچكا ، توك داغمىلى ، توك شامالدۇرغۇچ قاتارـ- لىقلار . ئادەتتە ئۇلار ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . توك يولىنى تۇتاشتۇرۇشتىكى مەقسەت ، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى خىزمەت قىلدۇرۇشـ- تىن ئىبارەت ، چۈنكى توك يولىغا چوقۇم توك ئىستېمال قىلغۇچى ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى چېتىش لازىم .

توك مەنبەسى بىلەن ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان سىم ئۆتكۈزگۈچ سىم دېيىلىدۇ . ئۆتكۈزگۈچ سىملار كۆپىنچە مىس ۋە ئاليۇـ- مىندىن ياسىلىدۇ .

ۋىكليۇچاتېل توك يولىنى تۇتاشتۇرۇش ۋە ئۈزۈش ئۈچۈن ئىشـ- لىتىلىدۇ . يۇقىرىقى ئاددىي تەجرىبىدە ۋىكليۇچاتېل يوق . ئۇنىڭ ئورنىغا قولىڭىز ۋىكليۇچاتېل ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ .

ئەمدى قول چىرىغىنىڭ توك يولى ھەقىقەتەن مۇنداق تۆت قىـ- سىمدىن تەركىب تاپقانلىقىنى بىلىۋالالايسىز : بۇنىڭدىكى ئىككى دانە باـ- تارىيە ، توك مەنبەسى ، لامپۇچكا توك ئىستېمال قىلغۇچى ئېلېكتر ئۈسـ- كۈنىسى ، قول چىرىغىنىڭ مېتال قېپى ۋە بۇرمىلىق پۇرژىن قاتارلىقلار ئۆتكۈزگۈچ سىم ، ئۇنىڭ كونۇپكىسى ۋىكليۇچاتېل ھېسابلىنىدۇ .

ئۈستەل چىرىغى ، تېلېۋىزور قاتارلىق توك ئىستېمال قىلغۇچى ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ توك يولىمۇ خۇددى يۇقىرىقىغا ئوخشاش . بىراق ، ئۇلارنىڭ توك مەنبەسى باتارىيە ئەمەس ، بەلكى روزېتكىدىن چىقىرىلغان ئۆزگىرىشچان توكتۇر . ئۆزگىرىشچان توك ئېلېكتر ئىستانـ-

سىلىرىدىن چىقىرىلىپ ، كابېل ( توك سىمى ) ئارقىلىق تۈمەن مىڭلىغا ئائىلىلەرگە تارقىتىلىدۇ .

قۇراشتۇرۇش ۋە رېمونت قىلىشقا ئوڭاي بولۇشى ئۈچۈن توك يولى داۋاملىق توك يولى سىخېمىسى ئارقىلىق سىزىپ كۆرسىتىلىدۇ . ئۇنىڭدىكى ئەمەلىي دېتاللار مۇئەييەن بەلگە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ .




( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## « بىر » نىڭ زىيىنىغا سەل قارىماسلىق كېرەك

**بىر تال تاماكا** بەش يۈز مىللىلىتېر ئىس ـ تۈتەك پەيدا قىلىدۇ .

**بىر ۋاراق** قەغەز پۇلدا ئاز بولغاندا تۆت يۈزدىن ئارتۇق ، ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ يۈز مىڭدىن ئارتۇق كېسەللىك باكتېرىيىسى بولىدۇ .

**بىر قول** پاكىز يۇيۇلمىغان بىر قولدا تۆت يۈز مىڭ دانە باكتېرىيە بولىدۇ .

**بىر چىۋىن** بىر دانە چىۋىننىڭ پۇتى ، تېنى ۋە ئاغزىدا تەخمىنەن ئەللىك ـــ ئاتمىش مىڭ دانە باكتېرىيە بولىدۇ . ئۈچەيىدە يىگىرمە بەش

مىڭ توت يۈزدىن ئوتتۇز مىليوندىن كۆپرەك باكتېرىيە بولىدۇ .

**بىر چاشقان** ئوتتۇز نەچچە خىل كېسەل تارقىتالايدۇ .

**بىر چىنە** دېزىنفېكسىيە قىلىنمىغان بىر دانە چىنىدە ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق باكتېرىيە بولىدۇ .

**بىر تامچە** سۇ دېزىنفېكسىيە قىلىنمىغان بىر تامچە سۇنى مىكروسكوپ شارائىتىدا كۆزەتكەندە ، ئۇنىڭدا مىڭلىغان ، ئون مىڭلىغان باكتېرىيە ۋە پارازىت قۇرت لىچىنكىلىرى بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ .

شۇڭا ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا بۇ « بىر » گە ھەرگىز سەل قارىماسلىق كېرەك .

( « شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى » دىن ئېلىندى . )

تۆۋەندىكى ئىككى پارچە ماقالىنى ئوقۇپ ئۇلارنىڭ ھەربىرىسىدە قانداق تەبىئىي ۋاستىلەر قوللىنىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

## بىز ئۈچۈن

ئەڭ يۈكسەك بولغىنى — غايە .
ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنى — تۇرمۇش .
ئەڭ مۇھىم بولغىنى — كۆتۈرەڭگۈ روھ .
ئەڭ چەكسىز بولغىنى — ئارزۇ .
ئەڭ ئوچۇق بولغىنى — خاراكتېر .
ئەڭ قەدىرلىك بولغىنى — سەمىمىيلىك .
ئەڭ قۇدرەتلىك بولغىنى — ئىرادە .
ئەڭ قىممەتلىك بولغىنى — ۋاقىت .
ئەڭ مۇقەددەس بولغىنى — ئۆگىنىش .
ئەڭ شەرەپلىك بولغىنى — ئەمگەك .
ئەڭ گۈزەل بولغىنى — قەلب .
ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغىنى — تەكەببۇرلۇق .

ئەڭ يىرگىنچلىك بولغىنى ــ ساختىلىق.

توپلىغۇچى : زىلەيخا داۋۇت.

( بۇ ئىككى پارچە ماقالە « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى )

## تىڭشىغۇچنىڭ رولى

ئادەم بەدىنى ماشىنىغا ئوخشايدۇ. بەدەندىكى ھەر قايسى ئەزا ۋە سىستېمىلار ھەرىكەتلىنىش جەريانىدا ھەر خىل ئاۋازلارنى چىقىرىدۇ. بۇ ئاۋازلارنىڭ بەزىلىرىنى قۇلاق بىلەن بىۋاستە ئاڭلىغىلى بولىدۇ، يەنە بەزىلىرىنى بولسا تىڭشىغۇچ ئارقىلىقلا ئاڭلىغىلى بولىدۇ. ئادەم كېسەل بولغان ھامان بۇ ئاۋازلاردا ئازدۇر - كۆپتۇر ئۆزگىرىش بولىدۇ. دوختۇر ئىچكى ئەزالاردىكى ئاۋازلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى تىڭشىغۇچ ئارقىلىق ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاندىن كېسەللىككە دىئاگنوز قويالايدۇ. مەسىلەن، يۈرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ يۈرەك سوقۇشى نورمال بولمىغانلىقتىن، تىڭشىغۇچ بىلەن تىڭشىغاندا ئات چېپىۋاتقاندەك ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. ئۆپكە ياللۇغى بولغان ئادەملەرنىڭ كۆكرەك بوشلۇقىغا سۇيۇقلۇق يىغىلىۋالغان بولسا، ئۇلارنى تىڭشىغۇچ بىلەن تىڭشىغاندا قوي مەرەۋاتقاندەك ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. قالقانسىمان بەزنىڭ خىزمىتى كۈچىيىپ كەتكەن بىمارلارنىڭ كۆكرىكىدىن تاشقىن سۇنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ.

دوختۇر مانا مۇشۇ ئاۋازلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن كېسەلگە دىئاگنوز قويىدۇ. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە تىڭشىغۇچنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ.

4 . تۆۋەندىكى ماقالىلەرنى ئوقۇپ، بۇ ماقالىلەرنىڭ خاراكتېر جەھەتتىن قايسىسىنىڭ شەرھلەش خاراكتېرىدىكى، قايسىسىنىڭ تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى، قايسىسىنىڭ بايانىي ياكى بەدىئىي تۈستىكى ماقالە ئىكەنلىكىنى ئايرىپ بېرىڭ.

## سوغۇقتىن قورقمايدىغان ئەزا

ئادەم بەدىنىدىكى سوغۇقتىن ئەڭ قورقمايدىغان ئەزا كۆز . كۆز قارىچۇقىنىڭ مۇڭگۈز پەردىسىدىكى نېرۋىلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، ئىنتايىن سەزگۈر بولىسىمۇ ، بىراق بۇ نېرۋىلار پەقەت تېگىش سېزىمى بىلەن ئاغرىش سېزىمىنىلا باشقۇرىدۇ . كۆز قارىچۇقىنىڭ ئالدىدىكى مۇڭگۈز پەردىدە قان تومۇر بولمايدۇ . شۇڭا ، ئىسسىقلىقنى تارقىتىشى ئاز ھەم ئاستا بولىدۇ . سىرت قانچىلىك سوغۇق بولۇشتىن قەتئىينەزەر كۆز سوغۇقتىن قورقمايدۇ .

## ئادەمنىڭ ئەبەدىي ئۆزگەرمەس ئارخىپى

قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلار مۇرەككەپ دېلولارنى ئېنىقلاش جەريانىدا ، جىنايەت گۇماندارىنىڭ بەدىنىدىكى ئەبەدىي ئۆزگەرمەس ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ، دېلو سادىر قىلىشتىكى مەقسەت ۋە جەرياننى تەھلىل قىلىپ چىقالايدۇ .

بارماق ئىزى :ئالىملارغا قارىغاندا ، پۈتۈن دۇنيادا يىگىرمە ئادەمنىڭلا بارماق ئىزى يوق بولۇپ ، قالغان بەش مىلياردچە ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس بارماق ئىزى بار ئىكەن . تېرە يېڭىدىن ئۆسسىمۇ ، ئەسلىدىكى سىزىق شەكىللىرى ئەبەدىي ئۆزگەرمەيدىكەن .

لەۋ ئىزى :لەۋ ئىزىمۇ بارماق ئىزىغا ئوخشاشلا رولغا ۋە خاراكتېرگە ئىگە . قارىماققا ، لەۋدىكى سىزىقلار ئىنچىكە ، توملۇق ، ئۇزۇنلۇقتا ئوخشاشتەك كۆرۈنسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە تامامەن ئوخشاش ئەمەس . ئۇ ئېرسىيەتكە باغلىق بولۇپ ، بىر ئادەمنىڭ لەۋ ئىزى يەنە بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ .

چىش ئىزى :چىش ئادەم سۆڭىكىدىنمۇ ئۇزۇن ساقلىنىدۇ . ھەر بىر

ئادەمنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن چىشلىرىنىڭ رەت تەرتىپى ئوخشاش بول-مايدۇ . چىشنىڭ ئەسلى ھالىتىمۇ ئۇزۇن مۇددەت بۇزۇلماي ساقلىنىدۇ . بىرنەرسىنى چىشلىگەندە قالغان ئىزمۇ ئوخشاشمايدۇ .

**كۆز تېگى** :بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ، ئامېرىكىدىكى « كۆزنى پەرقلەندۈرۈش شىركىتى » كۆز تېگىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان بىر خىل ئەسۋاب ياسىغان . بۇ ئەسۋابنىڭ گۇماندارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈ-نۈمى ئەنئەنىۋى بارماق ئىزىغا قاراشقا قارىغاندا تېخىمۇ توغرا ، ياخشى ئىكەن .

**چاچ** :چاچتىكى مىكرو ئېلېمېنتلارنىڭ سانى سۈيدۈك ، قاندىكى-دىن ئون ھەسسە كۆپ بولغاچقا ، چاچتىكى مەلۇم ئېلېمېنتلارنىڭ نىس-بىتى ۋە قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بىر ئادەمنىڭ يېشى ، جىنسى ، مىللىتى ، دۆلەت تەۋەلىكى ، ساغلاملىقى ، ئوزۇقلىنىشى قاتار-لىقلارنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ .

**قان** :ئادەملەرنىڭ قان تىپى خىلمۇخىل بولۇپلا قالماي ، بەلكى مۇ-قىم ، ئۆزگەرمەس بولىدۇ . شۇڭا ، قان تىپىدىن پايدىلىنىپ شەخسلەرنى پەرقلەندۈرۈش ، ئاتا ـ باللارنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ .

## بىلەمسىز

شىمالىي قۇتۇپتىكى چايكا دېگەن قۇش ئۇزۇنغا ئۇچۇپ ساياھەت قىلغۇچى بولۇپ ، بىر يىلدا شىمالدىن جەنۇبقا بېرىپ ـ كېلىش ئۈچۈن ئوتتۇز بەش مىڭ تۆت يۈز كىلومېتىر ئۇچىدۇ .

تۆگىلەرنىڭ بەزىسى قوش ، بەزىسى تاق لوكىلىق بولىدۇ . قوش لوكىلىق تۆگىلەر ئاساسەن ئاسىيا قۇملۇقلىرىدا ياشايدۇ ؛ تاق لوكىلىق تۆگىلەر ئافرىقا ۋە ئەرەب ئەللىرىدە ياشايدۇ .

## گەپ قىلالايدىغان قول

قولىڭىزنى يېرىمراق تۈگۈپ، بىر تەرىپىگە ئادەم چىرايىنى سىزىڭ. ئاندىن باشمالتىقىڭىزنى مىدىرلىتىڭ. شۇندا ئېغىز مىدىرلاپ گەپ قىلىۋاتقاندەك بولىدۇ.

## ئەڭ كىچىك ئات

ئارگېنتىنادىكى كورابادا دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئاتنىڭ ئېگىزلىكى يەتمىش سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى قىرىق كىلوگرامچە كېلىدۇ. ئۇلار ئادەتتە ئىت چوڭلۇقىدا كۆرۈنىدۇ.

## ياستۇق ۋە ئادەم

بىر قانچە ساۋاقداش «دانىشمەن نەسىردىن ئەپەندىم» سەھىپىسىگە خەت يېزىپ، ياستۇقنىڭ قانداق رولى بارلىقىنى سوراپتۇ. قارىماققا، بۇ ناھايىتى ئاددىي سوئال بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە كىشىنى خېلى ئويغا سالىدىكەن.

ياستۇق ئادەمنىڭ سالامەت بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەگەر ئادەم ئۇخلىغاندا بېشىغا ياستۇق قويمىسا، باش يۈرەكتىن پەس بولۇپ قېلىپ، باش قىسمىغا ئېقىپ بارىدىغان قاننىڭ مىقدارى كۆپىيىپ كېتىدۇ ـ دە، باشتىكى قان تومۇرلارغا قان تولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋاقىت ئۇزارغانچە باش قېيىش، باش چىڭقىلىش، قاپاقلار ئىششىش، ياخشى ئۇخلىيالماسلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ.

ياستۇقنى ئېگىز قويۇپ ياتقاندا، كۆكرەك قىسمى سەل كۆتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ بەدەننىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا بارىدىغان قاننىڭ ئايلىنىشى

بىر ئاز ئاستىلاپ، يۈرەكىنىڭ يۆكى يەڭگىللەيدۇ. بېشىغا ياستۇق قويۇپ ئوڭدىسىغا ياتقاندا، ئۆپكە بېسىمىغا ئۇچرىمايدۇ ھەمدە نەپەس ئېلىشقا پايدىلىق. شۇڭا، ئۇخلىغاندا ياستۇقنى ئېگىزمۇ ئەمەس، پەسمۇ ئەمەس نورمال قويۇپ ئۇخلاڭ.

ھۆرمەت بىلەن: بوۋاڭلار نەسىردىن ئەپەندى.

## مەن

مەن ئۇمىد بىلەن يالقۇنلاپ كىشىلەرگە يورۇقلۇق ئاتا قىلالايمەن. مېنىڭ ئاتا - ئانام نۇر ۋە ئىسسىقلىق. ئاكامنىڭ ئىسمى — جىن چىراغ. قەدىمكى زاماندا (يەنى مەن تېخى تۇغۇلمىغاندا) كىشىلەر قۇتىغا ياغ قۇيۇپ، پىلىك چىلاپ، جىن چىراغ ياسىشاتتى. جىن چىراغ كىشىلەرنىڭ تۈندىكى مەشغۇلاتلىرىغا ياردەم بەرگەن. مىلادى 7 — ئەسىردە مەن بارلىققا كەلدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرى كېچىسى تېخىمۇ يورۇقلاشتى. كىشىلەر ئىلگىرىكىدەك قاش قارايغاندىلا يوتقانغا كىرىۋالماي، ئەتىگە قالدۇرغان ئىشلىرىنى كەچتە قىلىدىغان بولدى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئىنسانلارنىڭ پەن — مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قولايلىق پۇرسەت يارىتىپ بەردىم.

مېنىڭ بويۇم پاكارراق، تۇرقۇم تاياققا ئوخشايدۇ. ئىچىمدە ئۇزۇن پىلىك بار، قالغان قىسمىم پارافىت، ياغ، نېفىت قالدۇقى ئارىلاشتۇرۇلغان ئىروچان ماددا بولۇپ، پىلىكنىڭ يېنىپ تۇرۇشىغا ئۇزۇقلۇق رولىنى ئۆتەيدۇ. مەن كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىمەن. يېقىنقى يىللاردىن بېرى كىشىلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە تورتقا سانچىلىدىغان بولدۇم.

سىڭلىم ئېلېكتر چىراغ مەيدانغا كەلگەندىن باشلاپ، كىشىلەر مېنى ئاساسەن ئىشلەتمەيدىغان بولدى. مەن سىڭلىمغا ھەسەت قىلمايمەن. چۈنكى، سىڭلىمنىڭ رولى ناھايىتى زور. شۇنداقتىمۇ كىشىلەر توك يوق كۈنلىرى يەنىلا مېنى ياقىدۇ.

مەن كىشىلەرگە يورۇقلۇق ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئىرىپ ئۈپرايدى-غانلىقىم ئۈچۈن، كىشىلەر مېنى مۇئەللىمگە سىمۋول قىلىدۇ. ھەقىقە-تەنمۇ، مۇئەللىمنىڭ جان پىدالىقى ماڭا ئوخشايدۇ.

ھە راست، تونۇشۇۋالايلى، مېنىڭ ئىسمىم — شام. فامىلەمنى قوشۇپ ئېيتسام — شام چىراغ.

## ئۈرۈمچى ۋاقتى دېگەن نېمە؟

بۇ يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭدا ئۈرۈمچى ۋاقتىنى قوللىنىش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. بۇ زادى قانداق ئىش؟ يەر شارى غەربتىن شەرققە قاراپ ئۆز ئوقىدا توختىماي ئايلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، كۈننىڭ چىقىشىنى غەربكە قارىغاندا شەرقتە بالدۇر كۆرگىلى بو-لىدۇ. مىسال ئۈچۈن 2 - ئاينىڭ 1 - كۈننى ئالايلى: بۇ كۈنى بېيجىڭدا كۈن ئەتىگەن سائەت يەتتىدىن يىگىرمە تۆت مىنۇت ئۆتكەندە چىقىدۇ. ئۈرۈمچىدە بولسا ئىككى سائەت ئۈچ مىنۇتتىن كېيىن يەنى بېيجىڭ ۋاقتى ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن يىگىرمە يەتتە مىنۇت ئۆتكەندە چىقىدۇ. ئې-لىمىزنىڭ يەر مەيدانى كەڭ بولغاچقا، ئىلگىرى بىر تۇتاش بېيجىڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي سەككىزىنچى ۋاقىت رايونىنىڭ ئۆلچىمى (يەنى شەرقىي مېرىدىئان بىر يۈز يىگىرمە گرادۇسلۇق ئۆلچەملىك ۋاقىت) قول-لىنىلغانىدى. مانا بۇ بېيجىڭ ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ. ئۈرۈمچى بولسا شەر-قىي ئالتىنچى ۋاقىت رايونىغا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭدا بېيجىڭ ۋاقتى قوللىنىلسا قىش كۈنلىرى ئەتىگەن سائەت سەككىز - توققۇزلاردىمۇ كۈن چىقمايدۇ: ياز كۈنلىرى بولسا كەچ سائەت ئونلاردىمۇ كۈن پاتمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا يەرلىك خەلق ۋاقىت توغرىسىدا بەزى خاتا چۈشەنچى-لەرگە ئىگە بولىدۇ. ھازىر شىنجاڭ بويىچە ئۈرۈمچى ۋاقتى (شەرقىي ئالتىنچى ۋاقىت رايونى يەنى شەرقىي مېرىدىئان توقسان گرادۇسلۇق ئۆلچەملىك ۋاقىت) قوللىنىلماقتا. بۇ بېيجىڭ ۋاقتىدىن ئىككى سائەت پەرقلىنىدۇ.

## ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئىگىسى كىم ؟

ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئىگىسى ھىندىئانلار .

ئالىملارنىڭ قارىشىچە ، قەدىمكى زاماندا ھىندىئانلار ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىدىن بەيلىڭ بوغىزى ئارقىلىق پەيدىنپەي ئامېرىكىنىڭ كەڭ رايونلىرىغا تارقالغان . 15 ـ ئەسىردە ھىندىئانلارنىڭ نوپۇسى ئون تۆت مىليوندىن قىرىق مىليونغىچە بولغان . ئۇلار قوللانغان تىل ۋە يەرلىك شىۋە تەخمىنەن بىر يۈز يەتمىش خىلدىن ئاشقان .

ھىندىئانلار ئەمگەكچان ۋە پاراسەتلىك مىللەت . ئۇلار ئامېرىكا قىتئەسىنى ئەڭ بۇرۇن ئېچىپ ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان . كۆممىقوناق ، ياڭيۇ ، پەمىدۇر ، ئاپتاپپەرەس . خېنىن دەرىخى ، كاۋا ، خۇاسىڭ ، كوكۇس ، كافى ، كۆك تاماكا قاتارلىق نەچچە ئون خىل زىرائەتنىڭ ھەممىسىنى ھىندىئانلار ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن يېتىشتۈرۈپ ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقاتقان . ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ھىندىئانلار يىگىرمىلىك سىستېمىسىدىكى سانلارنى ھېسابلاشنى كەشىپ قىلغان . ئوبرازلىق يېزىقنى ئىجاد قىلغان .

16 ـ ئەسىردىن باشلاپلا ياۋروپادىكى مۇستەملىكچىلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھىندىئانلارنىڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ئۇلارنى دەھشەتلىك تۈردە ئۆلتۈردى ۋە قۇل قىلدى . مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ ، مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلدى . غەربىي ھىندىستان تاقىم ئاراللىرىدىكى نۇرغۇن ئاراللاردا ھىندىئانلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتتى .

مۇستەملىكچىلەرنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى زوراۋانلىق ھەرىكىتى ھىندىئان خەلقىنىڭ جىددىي قارشىلىقىنى قوزغىدى . نۇرغۇن قەبىلىلەر ھەمىشە دېگۈدەك بىر ئادەم قالغۇچە ئېلىشىپمۇ زادى تەسلىم بولمىدى . باتۇر ھىندىئانلار ئوقيا ۋە نەيزە بىلەن مىلتىق ھەم زەمبىرەكلىك مۇستەملىكچىلەرگە باتۇرانە زەربە بەردى .

هازىر ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھىندىئانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى بو-
لىۋىيە، مىلو، ئېكۋاتور، گۋاتېمالا قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقىلىپ ئول-
تۇراقلاشقان. شىمالىي ئامېرىكىدا ھىندىئانلار چەت رايونلارغا ھەيدىۋې-
تىلگەن. ئارگېنتىنانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرى، ئۇروگۋاي، برازىلىيە-
نىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسىملىرىدا ھىندىئانلار ئىگىلەپ تۇرغان زېمىن
ئازلاپ كەتتى. ھىندىئانلارنىڭ بەزىلىرى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ھېلىمۇ
ساقلاپ كەلمەكتە. بەزىلىرى ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچۈپ كەلگەن باشقا
مىللەتلەرگە ئارىلىشىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردە
دائىم كەمسىتىش ۋە ئېزىلىشكە ئۇچراپ تۇرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇ-
يان، ھىندىئان ئىشچىلار ھەرىكىتى ۋە دېھقانلارنىڭ زېمىنىنى قايتۇرۇۋې-
لىش ھەرىكىتى قانات يايماقتا.

(يۇقىرىدىكى ماقالىلەر «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

5. تۆۋەندىكى ماقالىلەرنى ئوقۇپ، بۇ ماقالىلەر يېزىلىش تەرتىپى
جەھەتتىن ھەربىرى قانداق تەرتىپتە يېزىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

## ئادەمنى ئورۇقلىتىدىغان يېمەكلىكلەر

كىچىك دوستلار، ئېھتىمال سىلەر يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسىدە
ئوزۇقلۇق ماددىسى بولغاچقا ئۇ ئورۇقنى سەمرىتىدۇ، سېمىزنى تېخىمۇ
سەمرىتىدۇ، دېگەن قاراشتا بولۇشۇڭلار مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بىر قىسىم
يېمەكلىكلەر كىشىلەرنىڭ ئورۇقلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، سېمىز
ئادەم بامبۇك نوتىسىنى داۋاملىق ئىستېمال قىلىپ بەرسە ئورۇقلايدۇ.
بامبۇك نوتىسىنىڭ تەركىبىدە ماي ماددىسى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، سۇ ۋە
باشقا ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنى چىقىرىۋەتسەك، قالغان ھەممىسى تالالىق
ماددا (سېللۇلوزا) دىن ئىبارەت. تالالىق ماددىلارنىڭ ماينى شۈمۈرۈۋې-
لىش ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك. ئەگەر سېمىز كىشىلەر بامبۇك نوتىسىنى
داۋاملىق ئىستېمال قىلىپ بەرسە ھەر قېتىملىق تاماقتا ئىستېمال قىلىنغان

ماي ماددىسى بامبۇك نوتىسى تەرىپىدىن شۈمۈرۈۋېلىنىدۇ ـ دە ، تەرەت ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئاشقازان ـ ئۈچەي شىللىق پەردە-لىرىنىڭ ماينى شۈمۈرۈۋېلىشىنى كۈچەيتىپ ، ماينىڭ بەدەندە كۆپىيىپ توپلىنىشىنى ئازايتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بامبۇك نوتىسىنىڭ ماينى شۈمۈرۈۋېلىش خۇسۇسىيىتى بولغانلىقتىن ئوزۇقلۇقنىڭ ئېچىش ، پارچە-لىنىش ، هەزىم بولۇش ، ئاجرىتىپ چىقىرىۋېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ . بۇنىڭ بىلەن بەدەندە ئەسلىدە بار بولغان ماي ماددىسى تەدرىجىي هالدا ئازلايدۇ . شۇڭا ، بامبۇك نوتىسىنى داۋاملىق ئىستېمال قىلىپ بەرسە ، ئۇ قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئورۇقلىتىش رولىنى ئوينايدۇ .

تەكىيە كاۋىنى كۆپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە ئۇ بەدەننى ئورۇقلى-تىدۇ . كۆپ ساندىكى سېمىز كىشىلەرنىڭ بەدىنىدە سۇ مىقدارى كۆپ بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ مۇسكۇللىرى يۇمشاق هەم ئاجىز بولىدۇ . تەكىيە كاۋىسىنىڭ سۈيدۈك هەيدەش رولى روشەن بولغانلىقتىن سېمىز كىشىلەر ئۇنى ئىستېمال قىلسا بەدەندىكى ئارتۇق سۇ ماددىسىنى هەيدەيدۇ ـ دە ، ئورۇقلىتىش رولىنى ئوينايدۇ .

سۈتلۈك چاي ئادەمنى ئورۇقلىتىدۇ . ئالدى بىلەن قاينىتىلغان سۈتكە شېكەر سېلىپ ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن چاي سۈتلەپ قىزىق پېتى ئىچىپ بەرسە ئۇ مەلۇم دەرىجىدە ئورۇقلىتىش رولىنى ئۆتەيدۇ .

ئاچچىقسۇمۇ كىشىنى ئورۇقلىتىدۇ . ئاچچىقسۇ تەركىبىدىكى ئا-مىنو كىسلاتاسى بەدەندىكى ماينى يوقىتىپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە شې-كەر ۋە ئاقسىلنىڭ ماددا ئالمىشىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ . ئەگەر كۈندە ئون بەش ـــ يىگىرمە ئىككى مىللىلىتىر ئاچچىقسۇ ئىستېمال قىلىنىدىغان بولسا ، بىر ئاي ئىچىدە بىر قانچە جىڭ ئورۇقلىغىلى بولىدۇ .

نېلۇپەر ياپرىقى ئارقىلىقمۇ بەدەننى ئورۇقلىتىش مۇمكىن . يەنى نېلۇفەر ياپرىقى سۈزۈك ، پۇراقلىق ، زەهەرسىز بولۇپ ، ئۇنىڭ ماي ماد-دىسىنى ئازايتىش ، ئورۇقلىتىش رولى بار . هازىر ئادەتتىكى جۇڭيى دو-رىخانىلىرىدىن قۇرۇق ياكى هۆل نېلۇپەر ياپرىقى سېتىۋالغىلى بولىدۇ .

قۇرۇتقان نېلۇپەر ياپرىقىدىن ئون بەش گرام ( ھۆل نېلۇپەر ياپرىقى ئوتتۇز گرام ) غا مەلۇم مىقداردا سۇ قوشۇپ قاينىتىپ ئىستېمال قىلىپ بېرىش كېرەك . ئەگەر نېلۇپەر سۈيىنى چاي ئورنىدا ئىستېمال قىلىشنى ئاتمىش كۈن داۋاملاشتۇرغاندا بەدەن ئېغىرلىقىنى بىر يېرىم — ئىككى يېرىم كىلوگرام يېنىكلەتكىلى بولىدۇ . مۇشۇ نىسبەت بويىچە ئىچىشنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرغاندا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ .

## باغراش كۆلى

باغراش كۆلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇلۇق كۆل بولۇپ ، ئۇنىڭ جايلاشقان ئورنى كورلا ۋە قارا شەھەرلەرگە ناھايىتى يېقىن . باغراش كۆلىنىڭ سۇ مەنبەسى ئاساسەن قاراشەھەر دەرياسىدىن كېلىدۇ . ئۇنىڭدىن ئېقىپ چىققان دەريا كۆنچى دەرياسى دېيىلىدۇ . باغراش كۆلىنىڭ شەرقتىن غەربكىچە سوزۇلغان ئۇزۇنلۇقى ئەللىك بەش كىلومېتىر ، كەڭلىكى يىگىرمە بەش كىلومېتىر ، كۆلىمى بىر مىڭ ئون توققۇز كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ، كۆلدىكى زاپاس سۇ مىقدارى توققۇز مىليارد توققۇز يۈز مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ . باغراش كۆلىنىڭ شەرق ، جەنۇب ، شىمال تەرەپلىرىدە يەنە كىچىك كۆللەر ۋە توختام سۇلۇق كۆلچەكلەر بار . باغراش كۆلىدە ۋە ئۇنىڭ ساھىللىرىدا بېلىق ، سۇ بۇلغىنى ، قومۇش قاتارلىق سۇ مەھسۇلاتى ناھايىتى كۆپ . بولۇپمۇ كۆل ئەتراپىدىكى سازلىقلاردا ئېگىزلىكى ئالتە — سەككىز مېتىر كېلىدىغان قومۇشلار ناھايىتى زىچ ئۆسىدۇ . بۇ مەھسۇلاتلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەر ، ناھىيىلەرنى بىناكارلىق ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن ، بەلكى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى زاۋۇت - كارخانىلارنىمۇ خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەيدۇ .

باغراش كۆلىدە دېكابىردىن مارت ئايلىرىغىچە مۇز تۇتىدۇ . بۇ چاغدا مۇزنىڭ قېلىنلىقى سەكسەن سانتىمېتىرغا يېتىدۇ . يانۋار ، فېۋرال ئايلىرىدا مۇز ئۈستىدە ھارۋا - چانىلار قاتنىيالايدۇ ھەمدە شۇ مەزگىل-

لەردە مۇز ئاستىدىن بىلىق تۇتۇش ناھايىتى قولايلىق بولىدۇ . مارت ئاي-
لىرىغا كەلگەندە مۇز ئېرىشكە باشلاپ ، ئاپرېل ئايلىرىغىچە پۈتۈنلەي ئې-
رىپ بولىدۇ . باغراش كۆلىنىڭ ئەڭ تىرەن جايى شەرقىي قىسمىدا بو-
لۇپ ، چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن ئون ئالتە مېتىرغا يېتىدۇ . كۆل يۈزى
دېڭىز يۈزىدىن بىر مىڭ قىرىق سەككىز مېتىر ئېگىز كېلىدۇ .

باغراش كۆلى قوبۇل قىلىدىغان سۇ مىقدارىنىڭ يەتمىش يەتتە
پىرسەنتىنى يەر ئۈستى سۈيى ، ئون پىرسەنتىنى يەر ئاستى سۈيى تەش-
كىل قىلىدۇ . يېغىن مىقدارى بولسا ئاران ئۈچ پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ .
كۆل يۈزىدە ۋە سازلىقلاردا قومۇشلۇقنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى كەڭ بول-
غانلىقتىن ( تەخمىنەن ئۈچ يۈز توقسان ئىككى كۋادرات كىلومېتىر )
كۆل سۈيىنىڭ پارغا ئايلىنىشى نىسبەتەن كۆچلۈك .

باغراش كۆلى يەنە تەبىئىي سۇ ئامبىرى ئورنىدا خىزمەت قىلىدۇ .
قارا شەھەر دەرياسىنىڭ ياز پەسلىدىكى كەلكۈن سۈيى بۇ كۆلگە يىغى-
لىدۇ . بۇنىڭ بىلەن كورلا رايونى كەلكۈن خەۋپىدىن ساقلىنىپ قال-
دۇ . ئۇنىڭدىن باشقا كۆنچى دەرياسىنىڭ سۇ مىقدارىنى تەڭشەشتىمۇ بۇ
كۆل مۇھىم رول ئوينايدۇ . لېكىن ، يەنە شۇنى كۆرسىتىمىز كېرەككى ،
باغراش كۆلى قارا شەھەر ئويمانلىقىنىڭ يەر ئاستى سۇ يۈزىنى يۇقىرى
كۆتۈرۈۋەتكەنلىكتىن ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېقىش شارائىتى ناچارلى-
شىپ ، قارا شەھەر ئويمانلىقىدا تۇپراقنىڭ خېلى يۇقىرى دەرىجىدە شور-
لىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان .

## ئەڭ دەسلەپكى مىكروسكوپ

16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا گوللاندىيىدە جانسېن دېگەن بىر بالا
بولۇپ ، دادىسى كۆزەينەكچى ئىدى ، شۇڭا ئەينەك ئۇنىڭ ئويۇنچۇقى
بولۇپ قالغان . بىر كۈن ئۇ ئوخشاش بولمىغان ئىككى كۆپۈنكى ئەي-
نەكنى جۈپلەپ ، مۇۋاپىق ئارىلىقتا قويغاندا ، كىچىككىنە نەرسىنىڭ بىر-
دىنلا نەچچە ھەسسە چوڭ كۆرۈنىدىغانلىقىنى بايقايدۇ . ئۇ كۈتۈلمىگەن

بۇ بايقاشتىن بەكمۇ خۇشال بولىدۇ ـ دە ، بۇ ئاجايىپ ھادىسىنى دادىسىغا ئېيتىپ بېرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن دادا ـ بالا ئىككىيلەن دەرھال تۇتۇش قىلىپ ، ئېغىزنىڭ دىئامېتىرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى كاناي ياساپ ، ئۇنى چوڭراق كانايىنىڭ ئىچىگە ئەركىن قوزغىلىدىغان ۋە ئىككى ئەينەكنىڭ ئارىلىقىنى تەڭشىگىلى بولىدىغان قىلىپ ئورنىتىدۇ . ئاندىن كېيىن سىرتىغا يەنە بىر چوڭ كانايىنى قاپلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن دۇنيا بويىچە ئەڭ دەسلەپكى مىكروسكوپ بارلىققا كېلىدۇ .

## ھايۋانلار ھەققىدە قىزىقارلىق پاراڭ

كىچىككىنە بىر چۈمۈلە ئۆزىنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىدىن ئەللىك ھەسسە چوڭ نەرسىنى كۆتۈرەلەيدىكەن .

پىلنىڭ خارتومىدا بىر تالمۇ سۆڭەك بولمىغىنى بىلەن مىڭدىن ئارتۇق مۇسكۇل بار ئىكەن .

تىمساھ رەڭ قارىغۇسى .

جەنۇبىي ئامېرىكىدا ياشايدىغان بىر خىل تۆت كۆزلۈك بېلىق بولۇپ ، ئۇ بىر جۈپ كۆزى بىلەن سۇدىكى نەرسىنى كۆرسە ، يەنە بىر جۈپ كۆزى بىلەن سۇ يۈزىدىكى نەرسىلەرنى كۆرىدىكەن .

پىنگۋىننىڭ ئاجايىپ بىر خىل ئىقتىدارى بولۇپ ، ئۇ بولسىمۇ تۇزلۇق سۇنى تاتلىق سۇغا ئايلاندۇرۇش ئىكەن .

بەدەن نىسبىتىنى سېلىشتۇرغاندا مېڭىسى ئەڭ چوڭ ھايۋان — چۈمۈلە ئىكەن .

پاقا كۆزىنى يۇمغاندىلا ئاندىن ئوزۇقلۇقنى يۇتۇۋېتەلەيدىكەن .

نۇرغۇن چاشقانلار بىر يەرگە يىغىلىپ قالسا ، ئۇلارنىڭ قۇيرۇقى دائىم چىگىلىپ قالىدىكەن .

قالقان بېلىق مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى تەسىرىدىن رەڭگىنى ئۆزگەرتەلەيدىكەن .

قاتتىق يامغۇردىن كېيىن سازاڭ يەر يۈزىگە چىقىۋالىدۇ . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ يەر ئاستىدىكى « ئۆيى » نى سۇ بېسىۋالغاچقا تۇنجۇقۇپ قالى-

دىكەن .

دېڭىز شىرنىڭ بۇرۇتى قۇلىقىدىنمۇ سەزگۈر بولۇپ ، نەچچە ئون دېڭىز مىلىدىن يىراق جايلاردىكى ئاۋازنىمۇ پەرق ئېتەلەيدىكەن .

تۆگە تۇزلۇق سۇ ئىچسىمۇ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالايدىكەن .

## 20 - ئەسىردىكى بىر قىسىم كەشپىياتلار

**هاۋا تەڭشىگۈچ** :ئامېرىكىلىق ۋ . كالىر 1911 - يىلى كەشپ قىلغان بولۇپ ، هاۋا ۋە تېمپېراتۇرا تەڭشەشكە ئىشلىتىلگەن .

**ئاپتوموبىل** :20 - ئەسىر باشلىنىش ۋاقتىدىلا پەيدا بولغان .

**ئايروپىلان** :1901 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تۇنجى قېتىم هەرىكەتچان ئايروپىلان كۆكتە ئۇچقان . بۇ ئايروپىلاننىڭ گەۋدە قىسمى هىم ياسالغان . بۇنىڭ ئىچىدە ئايروپىلان خادىمىدىن باشقا يولۇچىلارمۇ ئولتۇرغان . 1933 - يىلى تۇنجى مۇنتىزىم ئاۋىئاتسىيە يولى ئېچىلغان .

**ئېلېكتىر لامپىسى** : گەرچە ئىلگىرى كەشىپ قىلىنغان بولسىمۇ ، ئەمما ئىشلىتىلگەن ۋولفرام سىم 1913 - يىلى ئىشلىتىلىش پاتېنتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىشكە باشلىغان .

**كىنو** : 1895 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى دۇنياغا كەلگەن . تۇنجى رەڭسىز كىنو 1927 - يىلى 10 - ئايدا نيۇ - يورك شەهىرىدە كۆرسىتىلگەن . رەڭلىك كىنونى 1935 - يىلى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئوخشاش بىر ۋاقىتتا كۆرسەتكەن . كەڭ ئېكرانلىق كىنو 1953 - يىلى دۇنياغا كەلگەن .

**فاكس ( فوتو تېلېگراف )** :1902 - يىلى دۇنياغا كەلگەن ، 1926 - يىلى سودا ساهەسىدە ئىشلىتىلگەن .

**رەڭلىك سۈرەت** :ئالدىنقى ئەسىردە رەڭلىك سۈرەتنىڭ پرىنسىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغا كەلگەندىلا تۇنجى تۈركۈمدە رەڭلىك سۈرەت لېنتىسى سېتىلىشقا باشلىغان .

**لازېر نۇرى** :ئۇ ناشقى كېسەللىكلەر ، قېدىرىپ تەكشۈرۈش ، سا-

نائەت ، خەۋەرلىشىش ، ھەربىي ئىشلار قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ . تۇنجى لازېر نۇرى ئەسۋابى 1960 ـ يىلى ياسالغان .

**كىر ئالغۇ** :بۇ 1901 ـ يىلى ياسالغان ، 40 ـ يىللاردا ئومۇملاشقان .

△**مېترو ( يەر ئاستى تۆمۈر يولى)**:1863 ـ يىلى لوندوندا قۇرۇلغان .

**توڭلاتقۇ** : 1913 ـ يىلى ئامېرىكىدا ياسالغان .

**ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى** : 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ، ئەنگلىيىلىكلەر ناتسىستلارنىڭ مەخپىي ئالاقىلىشىش نومۇرىنى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن تەتقىق قىلىپ ياسىغان . بۈگۈنكى كۈندە ئىشلىتىلىۋاتقىنى 1943 ـ يىلى ياسالغان .

**رادار** :1935 ـ يىلى بارلىققا كەلگەن .

**يادرو ئېنېرگىيىسى** :يادرو ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش 1939 ـ يىلى ئەمەلگە ئاشقان .

**ماشىنا ئادەم** :1983 ـ يىلى تۇنجى ماشىنا ئادەم خىزمەت قىلغان . بۇنى فېدېراتىپ گېرمانىيىنىڭ مەلۇم بىر ئاپتوموبىل پايچىك شىركىتى ياسىغان .

**سۇنئىي ھەمراھ** :تۇنجى سۇنئىي ھەمراھنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى 1957 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قويۇپ بەرگەن .

**تېلېۋىزور** :1927 ـ يىلى ئامېرىكىدا ياسالغان .

**سىنئالغۇ**:1956 ـ يىلى بارلىققا كەلگەن . ئەمما ، ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان سىنئالغۇ 70 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە بارلىققا كەلگەن .

## ئەلىشىر نەۋائىي

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ئەلىشىر نەۋائىي 1441 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ھېراتتا باخشى ( كاتىپ ، ئۇستاز ) غىياسىدىن كىچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ، 1501 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ھېراتتا ۋاپات بولغان .

ئەلشىرنىڭ ئائىلىسى مەرىپەت ئەھلى بىلەن يېقىن ئالاقىدار ئىدى. شۇڭا، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئىلىم - مەرىپەتكە، ئەدەبىياتقا قىزغىن بېرىلگەن. كۆپ ئۆتمەي ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ بىلىملىك ئادىمگە ئايلانغان. ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، شېئىرىيەتتە ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى ياراتقان.

ئەلشىر ياشىغان مۇھىت ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ بىلىملىك كىشىسى، ئۇلۇغ شائىر بولۇپ يېتىشىدە چوڭ رول ئوينىغان. ئەلشىرنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ ئەتراپلىق بىلىم ئېلىشى ئۈچۈن تولۇق شەرت - شارائىت يارىتىپ بەرگەن، ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر مۇزىكشۇناسى خوجا يۇسۇپ بۇرھانىددىندىن مۇزىكا ئۆگەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە تارىخ، ئەدەبىيات، ھۆسنىخەت، رەسىم قاتارلىق ساھەلەر بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئەلشىرنىڭ ئاتىسى ئەدەبىياتنى سۆيىدىغان، ئىلىم ئەھلىلىرىنى قەدىرلەيدىغان بىلىملىك شائىر ئىدى. ئۇنىڭ تاغىلىرىمۇ شائىر ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە شائىرلار ۋە ئالىملار توپلىنىپ، مۇشائىرە ۋە مۇنازىرىلەر ئېلىپ باراتتى. بۇ ئەھۋال نەۋائىيدا ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشنى ئۇزلۇكسىز ئۇلغايتتى. ئۇ بەدىئىي ئەسەرلەرنى قىزىقىپ ئوقۇشتىن تاشقىرى ئۆزىمۇ شېئىر يېزىشقا كىرىشىپ، بالىلىق چاغلىرىدىلا شائىرلىقىنىڭ يارقىن ئۇچقۇنلىرىنى چېچىشقا باشلىدى.

ئەلىشىر ئۆز زامانىسىدىكى خۇراسان پادىشاھى ھۇسەيىن بايقارانىڭ ساۋاقدىشى ھەم دوستى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ بىر مەزگىل ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، بىر قاتار ئىلغار، خەلقپەرۋەر تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقنىڭ ۋە نۇرغۇنلىغان مەرىپەت ئەھلىنىڭ قىزغىن ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. بىراق، ھاكىمىيەت بېشىدىكى جاھىل كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئوردىدىن ھەم ھېراتتىنمۇ ھەيدەلگەن. ئەلشىر نەۋائىينىڭ بۇ زىددىيەتلەر ئىچىدە باشتىن كەچۈرگەنلىرى ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىجتىمائىي بىلىم بەرگەن. بۇ بىلىم ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە تېما ۋە مەزمۇن بىلەن

تەمىنلىگەن .

ئەلىشىر نەۋائىي 1483 ـ يىلىدىن 1485 ـ يىلىغىچە « خەمسە » يەنى بەش داستانىنى : « ھەيرەتۇل ئەبرار » ( ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى ) ، « پەرھات ۋە شىرىن » ، « لەيلى ۋە مەجنۇن » ، « سەبئى سەييارە » ( يەتتە سەييار ) ، « سەددى ئىسكەندەر » ( ئىسكەندەر سېپىلى ) نى يازغان . « خەمسە » ئەرەبچە بەش دېگەن سۆز بولۇپ ، 12 ـ ئەسىردىن باشلاپ ، شەرق داستانچىلىقىدا مۇستەقىل بەش داستاندىن ئىبارەت بولغان كىتاب « خەمسە » نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن .

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە : « سىراجىل مۇسلىمىن » ( مۇسۇلمانلار چىرىغى ) ، « لىسانىت تەير » ( قۇشلار تىلى ) ، « مۇھاكىمە تۇل لۇغەتەين » ( تىللار توغرىسىدا مۇھاكىمە ) قاتارلىق بەدىئىي ، ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان . نەۋائىينىڭ لىرىك مىراسى « چاھار دىۋان » ( تۆت توپلام ) دۇر . بۇ توپلامنىڭ ئەسلى نامى « خەزايىنۇل مەئانى » ( مەنالار خەزىنىسى ) بولۇپ ، « غەرايىبۇس سىغەر » ( ياخشىلىق غارايىبلىرى ) ، « ناۋادىرۇش شەباب » ( يىگىتلىك نادىرلىقلىرى ) ، « بەدايىئۇل ۋەسەت » ( ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى ) ، « فەۋائىدۇل كىبار » ( قېرىلىق پايدىلىرى ) دېگەن توپلامنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن « چاھار دىۋان » دەپ ئاتالغان .

نەۋائىي ئادالەتپەرۋەر ، خەلقپەرۋەر شائىر ئىدى . ئۇ زالىملارغا ، خەلققە جاپا سالغۇچىلارغا نەپرەت بىلدۈرەتتى . يالغانچى ، ئىككى يۈزلىمچى ، يۈقىرىغا خۇشامەت قىلىپ ، ئۆزىدىن تۆۋەننى باسىدىغان ، كىشىلەرنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدىغان كىشىلەرنى تەنقىدلەيتتى . شائىرنىڭ :

كۆڭلى كىشى خۇشلۇقىدىن خۇش كېرەك ،
ناخۇش ئەگەر بولسا مۇشەۋۋەش كېرەك .

( كۆڭلۈڭ خەلقنىڭ خۇشاللىقىدىن خۇشال بولسۇن ، خەلق خۇشال بولمىسا ، سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭ بۇزۇلسۇن ) .

ئادەمى ئىر سەنىڭ دىمەگىل ئادەمى ،
ئانىكى يوق ئەل غەمىدىن غەمى .

( ئەگەر سەن ئادەم بولىدىغان بولساڭ ، خەلق غىمىدىن غەم يې-
مىگەن كىشلەرنى ئادەم دىمە . )

دېگەن شېئىرلىرىدا ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك غايىلىرى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ، جاھىللىق ، مۇناپىقلىق ، تەمەخورلۇق قاتارلىق يا-مان ئىللەتلەرنى قاتتىق سۆككەن .

شائىر يەنە :

ئىلىم ، نەۋائىي ، ساڭا مەقسۇد بىل ،
ئەندىكى ئىلىم ئولدى ، ئەمەل ئەيلەگىل .

( نەۋائىي ، بىلىم ئېلىشنى ئۆزۈڭگە مەقسەت بىلگىن ، بىلىم ئىگە-
لىگەن ئىكەنسەن ، ئۇنى ئەمەلدە ئىشلەت . )

دەپ يېزىپ ، بىلىم ئېلىشنى مەقسەت دەپ بىلگەن كىشى ئۆ-
گەنگەن بىلىمنى ئەمەلدە ئىشلىتىشى لازىم ، دەپ تەكىتلەيدۇ .

ئىلىمنى ۋاستەئى جاھ ئېتەر ،
ئۆزىنىيۇ ، خەلقنى گۇمراھ ئېتەر .

( بىلىمنى مەنسەپكە چىقىشنىڭ ۋاستىسى قىلغۇچىلار ، ئۆزىنىمۇ ،
خەلقنىمۇ يولدىن ئازدۇرىدۇ . )

ئالىم ئەگەر جاھ ئۈچۈن بولسا زەلىل ،
ئىلمى ئانىڭ جەھلگە بولغاي دەلىل .

( ئالىم ئەگەر ئۆزىنى مەنسەپ ئۈچۈن خار قىلىدىكەن ، ئۇنىڭ
بىلىمى ئۆز نادانلىقىغا دەلىلدۇر . )

شائىر بۇ شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۆگەنگەن بىلىمنى مەنسەپكە چى-
قىشنىڭ ۋاستىسى دەپ بىلىپ ، جاھىل ، نادان ئەمىر ۋە ئەمەلدارلارغا

تەخسكەشلىك قىلغۇچىلاردىن يىرگىنىدۇ . ئۇلارنى ئىلمى بولغان بىلەن ، ئەمەلىيەتتە ، نادان كىشىلەر دەپ تەنقىدلەيدۇ .

ئوتتۇرا ئاسىيادا ، بولۇپمۇ نەۋائىي ياشىغان زاماندا ئۆز ئانا تىلىنى كەمسىتىدىغان ۋە ئۇنىڭدا گۈزەل بەدىئىي ئەسەرلەر يارىتىش مۇمكىن ئەمەس دەيدىغان روھانىي قاتلام ۋە ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ تەسىرى چوڭ ئىدى . نەۋائىي بولسا ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلەش تەرەپدارى ئىدى . شۇڭا ، نەۋائىي ئۆز ئانا تىلىنىڭ باي ئىكەنلىكىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئىسپاتلاپ « مۇھاكىمە تۇل لۇغەتەين » ( تىللار توغرىسىدا مۇھاكىمە ) ئەسىرىنى يازدى . نەۋائىي بۇ ئەسىرىدە ئۆز ئانا تىلى بىلەن پارس تىلىنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ، ئۆز ئانا تىلىنىڭمۇ باي تىل ئىكەنلىكىنى ، بۇ تىلنىڭ بايلىقلىرىدىن كەڭ پايدىلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ .

بىز ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇساق ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسەن شۇ چاغلاردا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن « چاغاتاي ئەدەبىي تىلى » دا يېزىلغانلىقىنى بىلىۋالايمىز .

نەۋائىي ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا يەنە پارس تىللىرىدىمۇ نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان ، شۇڭا ئۇ « ئىككى تىل ئىگىسى » دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغان . ئەلىشىر ئۆز ئانا تىلىدا يازغان غەزەللىرىگە « نەۋائىي » ( كۈي ، ئاھاڭ دېگەن مەنىدە ) ، پارس تىلىدا يازغان غەزەللىرىگە « فانى » ( ۋاقىتلىق يوقالغۇچى دېگەن مەنىدە ) دەپ تەخەللۇس قويغان .

دېمەك ، ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىن خىلمۇ خىل بولۇش بىلەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ . ئۇنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ۋە باشقا تېمىلارغا دائىر ئەسەرلىرىمۇ ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر . شۇڭا ، بىز ئەلىشىر ناۋائىنى : ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر سەنئەتكار ، دەپ ئاتاشقا ھەقلىقمىز .

نەشرگە تەييارلىغۇچى : نىجات مۇخلىس

## ئائىلىلەردە توك ھاسىل قىلىش

ئابلەت ئەخمەت

سىز قول چىراغنى مەلۇم ۋاقىت ئىشلەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى باتارېيىنىڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى خوراپ قول چىراغ يېقىلماس بولۇپ قالسا، سىز ئۇنىڭ باتارېيىسىنى كېرەكسىز نەرسە قاتارىدا تاشلىۋېتىسىز. بەلكىم سىز بۇ كېرەكسىز باتارېيىلەردىن پايدىلىنىپ يەنە توك ھاسىل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمىسىڭىز كېرەك؟ قېنى ئۆزىڭىز قول سېلىپ سىناپ كۆرۈڭ.

بۇنىڭغا كېتىدىغان تەجرىبە ئەسۋابلىرى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، سىز ئۇنى ئۆيىڭىزنىڭ ئاشخانىسىدىنلا تاپالايسىز.

### 1. ئىشلىتىدىغان ماتېرىياللار

سۇ، تۇز، شۇلتا، 1 ـ نومۇرلۇق كېرەكسىز باتارېيىدىن بىر دانە (چوڭ باتارېيە)، مىنېرال سۇ بوتۇلكىسىدىن ئىككى دانە.

### 2. قۇراشتۇرۇش ئۇسۇلى

1) ئالدى بىلەن 1 ـ نومۇرلۇق كېرەكسىز باتارېيىنىڭ سىرتقى قەغىزىنى سويۇۋېتىپ، باتارېيىنىڭ ئاستىدىن ئىككى تۆشۈك ئېچىپ (مىخ بىلەن تەشسىڭىز بولىدۇ)، باتارېيىنى قۇياش نۇرىغا قاقلاپ ئۇن كۈن قۇرۇتۇڭ.

2) باتارېيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مىس قالپىقىغا بىر تال يۇمشاق (تومۇراق) مىس سىمنى كەپشەرلەپ ئۇنى «+» (مۇسبەت) قۇتۇپ، سىرتقى قېپىغا يەنە شۇنداق مىس سىمنى كەپشەرلەپ ئۇنى «-» (مەنپىي) قۇتۇپ قىلىڭ. ئادەتتە تەجرىبە ئىشلەش جەريانىدا مىس سىمنى كەپشەرلىمەيلا مۇسبەت، مەنپىي قۇتۇپلارغا تەگكۈزسىڭىزمۇ بولىدۇ. لېكىن بۇ ئۇسۇل ئىشلىتىشكە سەل ئەپسىز بولۇپ قالىدۇ.

3 ) ئالـدى بىلەن مىنېرال سۇ بوتۇلكىسىغا ئىككى يۈز ئەللىك گرام سۇ قۇيۇپ ئۇنىڭغا يەتمىش بەش گرام تۇز ، قىرىق بەش گرام شۇلتا سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئېرىتمە تەييارلىۋېلىڭ .

4 ) ئاندىن يەنە بىر مىنېرال سۇ بوتۇلكىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىۋېلىڭ . ئۇنىڭ ئىچىگە باتارېيىنى تىك قىلىپ قويۇڭ ( ئۇنىڭغا سىز تەييارلىۋالغان ئېرىتمىنى قۇيغاندا باتارېيە چۆكىدىغان بولسۇن ) ، باتارېيىنىڭ مىس قالپىقىنى يۇقىرىغا قارىتىپ كېسىۋېلىنغان بوتۇلكىغا سېلىپ ، ئۆزىڭىز تەييارلىۋالغان ئېرىتمىنى باتارېيە چۆككىچە قۇيۇڭ .

ئېرىتمە قۇيۇلغاندىن كېيىن ئېرىتمە باتارېيىنىڭ تۆشۈكى ئارقىلىق ئىچىگە كىرىدۇ ـ دە ، خىمىيىلىك رېئاكسىيە شەكىللەندۇرۇپ ، توك هاسىل قىلىدۇ .

5 ) ئېلېكتر بېسىمىنى توك ئىشلەتكۈچى ئەسۋابقا قاراپ ئۆزگەرتىڭ . ئادەتتىكى ئۇنئالغۇلارغا بىر دانە باتارېيە ، رەڭسىز تېلېۋىزورلارغا ئىككى دانە ، رەڭلىك تېلېۋىزورلارغا ئۈچ دانە باتارېيە ، يورۇتۇش چىراغلىرىغا تۆت دانە باتارېيە ئىشلىتىلىدۇ . باتارېيىلەرنى ئىشلەتكەندە ئۇلارنى رەسىمدىكىدەك ئارقىمۇ ئارقا ئۇلاپ ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىڭ .



6 ) تەگشەيدىغان ئېرىتمىنىڭ مىقدارىنى ئېھتىياجغا قاراپ نىسبەت بويىچە ئاشۇرسىڭىز بولىدۇ . بىر قېتىملىق تەگشەلگەن ئېرىتمىدە توك ئىشلەتكۈچى ئەسۋابنى تۆت يۈز سائەت ئەتراپىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ .

## 3 . دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

1 ) ماتېرىياللارنى كۆرسىتىلگەن نىسبەت بويىچە تەگشىسىڭىز ئاندىن ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيسىز .

2 ) 1 ـ نومۇرلۇق كېرەكسىز باتارېيىنى ئون كۈن ئەتراپىدا كۈن نۇرىدا قۇرۇتۇش كېرەك . سالقىن جايدا قۇرۇتۇلسا ئۈنۈمى بولمايدۇ .

3 ) ئەستايىدىل ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈڭ .

( يۇقىرىدىكى ماقالىلەر « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## 5 . مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىش مەشقى

1 ) بۇ مەشقنى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى

مەزكۇر كىتابنىڭ تۆتىنچى بابىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك ، مۇ- هاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ تۈرلىرى بىر قەدەر كۆپ بو- لۇپ ، سىياسىي ، نەزەرىيىۋى ، ئىلمىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە ئې- لىپ بېرىلغان ، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنگە ئائىت ماقالىلەرنىڭ ھەم- مىسى يەنى ئوبزور ( ئىدىيىۋى ئوبزور ، گېزىت ئوبزورلىرى ، ئەدەبىي ئوبزور ) ، ئىلمىي ، نەزەرىيىۋى ماقالىلەر ( تەكشۈرۈش دوكلاتى ، ئىلمىي دىسسېرتاتسىيىلەر ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيىلىرى ) ۋە باشقا تۈردىكى سىياسىي ، نەزەرىيىۋى ، ئىلمىي مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنغان ئىلمىي تەتقىقات دوكلاتلىرى ، پەن ـ تېخنىكا ماقالىلىرى ۋە مۇھاكىمە خاراكتېرىنى ئالغان نۇتۇق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇھاكىمە خاراكتېر- لىك ماقالە ـ ئەسەرلەر دائىرىسىگە كىرىدۇ . ئادەتتە بىز بۇلار ئىچىدە سەھىپىسى بىرقەدەر قىسقىراقلىرىنى مۇھاكىمە ماقالىسى دەپ ئومۇملاش- تۇرۇپ ئاتاپ قويىمىز .

تۆتىنچى بابتا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن مۇھاكىمە خاراكتېرلىك

ماقالىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك جەمئىيەت ، كىشىلىك تۇرمۇش ، ھايات قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلغان . بۇ ھەقتە مۇئەييەن قاراش ، تەشەببۇس ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيۋى ئوبزور تىپىدىكى ماقا- لىلەردۇر .

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپمۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئەنە شۇ جەمئىيەت ، كىشىلىك تۇرمۇش ، ھايات قانۇنىيەتلىرى جۈملىدىن ھاياتنىڭ مەنىسى ، ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى ھەققىدە بىر قەدەر مۇكەممەل قاراش تۇرغۇزغان بولۇپ ، موشۇ تىپتىكى ماقالىلەرنى يېزىشقا تەشكىللەش ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ، دۇنيا قارىشى ، تەسەۋۋۇرنى ، بىلىم جۇغلانمىسىنى سىناپ كۆرۈشكە ۋە ماھا- رىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەڭ باب كېلىدىغان يېزىقچىلىق مەشقىدۇر .

شۇڭا ، يىللاردىن بىرى ئېلىنىۋاتقان ئوتتۇرا تېخنىكوم تىل ـ ئەدەبىيات ئىمتىھانىدىكى ماقالە يېزىش تەلىپىنىڭ كۆپ قىسمىدا بايان ياكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى يېزىش تەلەپ قىلىنغان بولسا ، ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئىمتىھانىدىكى ماقالە يېزىش تېمىلىرىنىڭ كۆ- پىنچىسىدە مۇھاكىمە ماقالىسى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ كەلدى .

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھازىر يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا ، ئۇلار ئادەتتە بىرقەدەر تەلەپكە يەتكەن بايان ماقالىسى ، چۈشەندۈرۈش ماقالىسى ۋە نەسىر يېزىشتا كۆپ قىسىملىرى قىينالمايدۇ . ئەمما ، مۇھا- كىمە ماقالىلىرىنى خېلى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار كۆڭۈلدىكىدەك يازال- مايدۇ . بۇ يەردىكى سەۋەب ، ئۇلار يېزىۋاتقان شۇ مۇھاكىمە ماقالىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك دېگۈدەك ئابستراكتنى تەپەككۇر ئاساسىي ئورۇندا تۇرغاچقا يەنى بايان قىلىدىغان ئىش ـ ۋەقە ، سۈرەتلەيدىغان پېرسوناژ ، تەسۋىر ( جۈملىدىن دىئالوگ ) ياكى چۈشەندۈرۈلىدىغان كونكرېتنى شەيئى بولمىغاچقا بەزىلىرى بۇ ماقالىسىدە دەيدىغان « گەپ » تاپالمايدۇ . يەنە بەزىلەرنىڭ دەيدىغان « گەپ » لىرى شۇنچە كۆپ بولسىمۇ بۇلار ئىچە- دىن شۇ ماقالىغا كېرەكلىكلىرىنى تاللاش ۋە تولۇقلاش ، تەشكىللەش ، رەتكە تۇرغۇزۇش ۋە شۇ ئاساستا سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويۇشتا قىينال-

غانلىقىدىن بولىدۇ .

شۇڭا ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرىلاپ ئوقۇشىغا ئەگىشىپ مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىقچىلىقىنى تەدرىجىي كۆپەيتىش ، بۇ ھەقتە ئۇزلۇكسىز ئىز-دىنىش ، يېڭى - يېڭى ئۇسۇللارنى ، شەكىللەرنى تېپىپ چىقىش ، ھەر-بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى يازدۇرۇلغاندا چوقۇم كونكرېتنى تەلەپلەر ئاساسىدا يېتەكلەش زۆرۈر .

## 2 ) مەشىق ئىشلەش ئۇسۇللىرى

ھەر قانداق مۇھاكىمە يېزىش مەشىقىگە كىرىشتىن ئاۋۋال ياز-ماقچى بولغان ماقالىنىڭ پىكىر قاتلىمى ھەمدە بۇ ماقالىدە ئالدى بىلەن مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئاندىن دەلىللەش ئېلىپ بېرىش كېرەكمۇ ياكى دەلىللەش ئېلىپ بېرىپ ئاندىن مەركىزىي نۇقتە-ئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەكمۇ ، قايسى خىل دەلىللەش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىش كېرەك ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئەتراپلىق ، تەپسىلىي ئويلىنىپ تىزىس تۈزۈۋېلىش بەكمۇ مۇھىم . سەھىپىسى ئۇزۇن ياكى قىسقا بولسۇن ، بۇ ھەرقانداق تۈردىكى مۇھاكىمە ماقالىلىرىغا ئورتاق بولغان مۇھىم تەلەپتۇر .

مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىش مەشىقلىرىدە مەشىق يېتەكچىلىرى ، ئوقۇغۇچىلارنى بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىشقا يېتەكلىشى ، ئەسلەتمە بې-رىشنى ئىمكانىيەت بولسا شۇ ماقالىنى يېزىشتىكى كونكرېتنى تەرتىپ ، تەلەپ ، قەدەم - باسقۇچلارنى كۆرسىتىپ بېرىشى ، تىل - ئەدەبىيات ئىمتىھانلىرىدىكى مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىش تەلەپلىرىدە بۇ ھەقتە ئىزا-ھات ياكى تەلەپلەر كونكرېتنى بېرىلمىگەن تەقدىردىمۇ ساۋاقداشلار بۇ مەسىلىگە چوقۇم ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى زور .

مەن بۇ يەردە مەزكۇر كىتابنىڭ تۆتىنچى بابىدا كۆرسىتىلگەن توققۇز خىل دەلىللەش ئۇسۇلىدىكى مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى يېزىش مە-شىقى ھەققىدە ئايرىم - ئايرىم توختىلىپ يۇرمەي ، ئاشۇ خىل دەلىللەش ئۇسۇلىدىكى ماقالىلەرگە مەشىقلەرگە ماس كەلگەن باشقا بىر نەچچە خىل

يېزىقچىلىق مەشقى ئۇسۇللىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن .

چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدىن پايدىلىنىپ مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىش مەشقى . بۇ خىل گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان مەلۇم بىر پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسى پاكىت قىلىنىپ ، شۇ ئاساستا دەلىللەش ھەم مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ . مەسىلەن ، يۇقىرىدا « بىرىنىڭ زېمىنىغا سەل قارىماسلىق كېرەك » دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى كىچىككىنە بىر پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسى بېرىلدى ، بۇ ماقالىنىڭ ماۋزۇسى مۇھاكىمە ماقالىلىرىنىڭ ماۋزۇلىرى شەكلىدە قويۇلغان بولسىمۇ ، ئەمما ماقالە تەركىبىدىكى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى چۈشەندۈرۈشنى ئاساس قىلغان . بىز بۇ ماقالىدىكى پاكىتلارنى ئاساس ( يەنى دەلىل ) قىلىپ تۇرۇپ « بىرىنىڭ زېمىنىغا سەل قارىماسلىق كېرەك » دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا ياكى « تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش ھەر بىر كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتى » دېگەنگە ئوخشاش ماۋزۇ ئاستىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ ، مەلۇم كۆز قاراش ، تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەمدە بۇ كۆز قاراشلارنى دەلىللەش ئۈچۈن يۇقىرىدىكى ماقالىدىكى زىيانلىق بولغان ھەم كىشىلەر سەل قارايدىغان بىر تال تاماكا ، پاكىز يۇيۇلمىغان بىر قول ، بىر چىۋىن ، بىر چاشقان ... قاتارلىقلارنىڭ زېمىننى ، بۇ ھەقتىكى سان ـ سىپىرلارنى پاكىت كەلتۈرۈپ تۇرۇپ بىر پارچە ماقالە يېزىپ چىقىش مۇمكىن .

بۇلاردىن باشقا يەنە يۇقىرىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « ئالەم قاتنىشىنىڭ ئاتىسى » ، « سائەت قاچان كەشىپ قىلىنغان » ، « 20 ـ ئەسىردىكى كەشپىياتلار » ... دېگەنگە ئوخشاش ماقالىلەرنى پاكىت كەلتۈرۈپ دەلىللەش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق مەلۇم ماۋزۇ ئاستىدا مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىش مۇمكىن . ئادەتتە بىز كۆرۈپ تۇرغان نۇرغۇن مۇھاكىمە ماقالىلىرىدە سان ـ سىپىرلار ، ستاتىستىكىلىك مەلۇماتلار ، يىلنامىلار پاكىت كەلتۈرۈپ دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغانلىقىغا قاراپ ھەيران قالىمىز . ئەمەلىيەتتە ئاشۇ ماقالىلەرنىڭ مۇئەللىپلىرى ئۆز ماقالىسىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن پىكىرلەرنى قايىل قىلارلىق پاكىتلار ئارقىلىق دەلىللەش ۋە ئىسپاتلاش ئۈچۈن باشقا ماقالە ـ ئەسەرلەرنى كۆرۈش ئارقىلىق ئۆز ماقا-

لىسىغا كېرەكلىك بولغان نۇرغۇن پاكىتلارنى توپلاش ، تاللاش ئېلىپ بارىدۇ . بۇ ھەرگىزمۇ كۆچۈرمىكەشلىك ئەمەس . چۈنكى ، مەلۇم بىر مۇئەللىپ ئۆز ماقالىسىغا كېرەكلىك پاكىتلارنىڭ ھەممىسىنى بىۋاستە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ بولالىشى ، باشقىلارنىڭ تەجرىبىسى ، تەكشۈرۈشلىرى ئارقىلىق توپلانغان ھەم مەتبۇئاتلار ئارقىلىق خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان ئاشۇ پاكىتلاردىن بىلىملەردىن پايدىلانماسلىقى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس .

ئەدەبىي ، بەدىئىي ئەسەرلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ دەلىللەش ئۇسۇلى .

يەنى بايان ، چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى ، مەسەل ، لەتىپە ۋە باشقا تۈرلەردىكى ئەسەرلەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ياكى ئەينەن ئۆزىنى دەلىل ( ئاساس ) قىلىپ ، ئۇنى رېئال تۇرمۇشقا تەدبىقلاپ مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىش ئۇسۇلى . مەزكۇر كىتابنىڭ تۆتىنچى بابىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « دوستلۇق سىناق » ، « چۆچەكلەردىكى ئۈچ ئاچا يول » ، « يېڭى ئەسىر ھارپىسىدىكى ئويلار » ، « غۇرۇر بىباھادۇر » ، « گوگۇلنىڭ ئەسىرىنى كۆيدۈرۈشتىن ئويلىغانلىرىم » ، « روۋىندەك بولايلى » ... قاتارلىق ماقالىلەر دەل مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا يېزىلغان .

بۇلاردىن باشقا يەنى يىللاردىن بىرى ئالىي مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئىمتىھانىدىكى ماقالە يېزىش تېمىلىرىدا ، مەلۇم پارچىلارنى بېرىپ شۇ ئاساستا مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىش تەلەپ قىلىنغان ماقالىلەر دەل مۇشۇ خىلدىكى ماقالىلەر دائىرىسىگە كىرىدۇ .

بۇ خىلدىكى ماقالىلەرنى يېزىش مەشىقى ھەققىدە كونكرېتنى سۆزلەپ ئۆتىدىغان چۈشەنچە يوق . ئەمما ، زۆرۈر ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى ، بۇ خىل ماقالىلەرنى يازغاندا ماقالىنىڭ ئومۇمىي سەھىپىسىدە مۇھاكىمە ئاساسىي ھەم يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك . ئەگەر بۇ ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالسا بۇ ماقالە مۇھاكىمە ماقالىسى بولماي قالىدۇ .

ماقال ـ تەمسىللەر ، ئەقلىيە سۆزلەردىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ مۇ-

ھاكىمە ماقالىسى يېزىش ئۇسۇلى . مەزكۇر كىتابنىڭ تۆتىنچى بابىدا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىش — ئۆگىنىشنىڭ دۈشمىنى » ، « ئۆگىنىشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل — تىرىشچانلىقتۇر » ، « ۋاقىت — ھاياتتۇر » ، « ئەخلاق ھايات ئەڭگۈشتەرى » ... قاتارلىق ماقالىلەردە بۇ خىل ئۇسۇل ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قوللىنىلغان .

ساۋاقداشلار ئادەتتە گېزىت - ژۇرنال ئوقۇغۇندا ، تېلېۋىزور كۆرگەندە ، كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشقاندا ئۆزىگە تەسىر قىلغان سۆز - جۈملىلەر ، ئەقلىيە سۆز ، ماقال - تەمسىللەرنى تاللاپ ئېلىپ خاتىرىگە يېزىپ ماڭسا ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خاتىرە شۇ ساۋاقداشنىڭ ئەڭ قەدىناس مەنىۋى ھەمراھى بولۇپ قالىدۇ . بۇ خىلدىكى مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىشتىن باشقا ئىجادىيەت ئىشلىرىدىمۇ ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدۇ . شۇڭا ، بەزى يېزىقچىلىق مەشىقلىرىدە ، مەشىق يېتەكچىلىرى ، ئوقۇغۇچىلارنى « كىتاب ھەققىدە » ، « بىلىم ھەققىدە » ، « ياشلىق ھەققىدە » ... دېگەنگە ئوخشاش بۆلەكلەر بويىچە ھەر بىرىگە بەشتىن ياكى ئوندىن ماقال - تەمسىل ، ئەقلىيە سۆز توپلاپ كېلىش تاپشۇرۇقى بېرىلسە ( شۇ ماقال - تەمسىل ، ئەقلىيە سۆزلەرنىڭ مۇئەللىپى خەلق ياكى مەلۇم كىشى ئىكەنلىكىنى يالاڭ تىرناق ئىچىگە ئەسكەرتىپ توپلاشنى تەكىتلەش كېرەك ) ، بۇ مەشىق ئېلىپ بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى قەدەمدە بۇلارنىڭ مەلۇم بىر تۈرىدە توپلانغان ئاشۇ ماقال - تەمسىللەر ، ئەقلىيە سۆزلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ ( بۇلارنى ماقالىنىڭ دەلىلى قىلىپ ) مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىش مەشىقىگە ئۇيۇشتۇرۇلسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ ( يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئۈچ خىل ماقالە مەشىقى تۈرىدىكى ئۆرنەكلەر 1 - قىسمىنىڭ تۆتىنچى بابىدا كۆپ بېرىلگەچكە بۇ يەردە ئايرىم ئۆرنەك كۆرسىتىلمىدى )

رەسىمگە قاراپ مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىش ئۇسۇلى .

بۇ خىل ئۇسۇل بايان ، چۈشەندۈرۈش ، مۇھاكىمە ماقالىلىرى ۋە نەسىر يېزىشنىڭ ھەممىسىگە باب كېلىدىغان بىر خىل مەشىق ئۇسۇلى

بولۇپ ، رەسىملەرمۇ ئاشۇ تۈر ۋە ژانىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدا
بېرىلىدۇ . مۇھاكىمە ماقالىلىرى يېزىش ئۈچۈن بېرىلگەن ھەجۋى رە-
سىملەر بولسا مەنزىرە رەسىملىرى ياكى ئىش - ۋەقەلەر سۈرەتلەنگەن ،
ئادەملەرنىڭ ئوبرازى ، خاراكتېرى يارىتىلغان رەسىملەر بولماستىن كۆ-
پىنچە ھاللاردا بۇ رەسىملەردە مەلۇم ئوي - پىكىرنى يەنى مۇھاكىمە قى-
لىنىدىغان مەسىلىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشلا مەقسەت قىلىنىدۇ . مەلۇم
ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇنداق ھەجۋى رەسىملەر 80
- يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىنىڭ ئا-
خىرقى بېتىدە ئىزچىل ئېلان قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ . يېقىنقى مەزگىل-
دىن بېرى باشقا بىر قىسىم گېزىت - ژۇرناللاردىمۇ بۇ خىل رەسىملەر
بېرىلىشكە باشلىدى . شۇڭلاشقا ، ساۋاقداشلار گېزىت - ژۇرنال كۆر-
گەندە بۇ خىلدىكى ھەر بىر پارچە رەسىمدە ئەكس ئەتكەن مەنانى ،
ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئوي - پىكىرنى چۈشىنىشكە ماھىر بولسا ، ئىمتىھان
ۋاقتىدا رەسىمگە قاراپ مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىشقا توغرا كەلگەندىمۇ بې-
رىلگەن رەسىمنى ئەتراپلىق ھەم توغرا چۈشىنىپ ، دەرھال بىر پىكىرگە
كېلىپ ماقالىنى كۆڭۈلدىكىدەك يازالايدۇ . ھەجۋى رەسىمگە قاراپ مۇ-
ھاكىمە ماقالىسى يېزىشتا تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش
زۆرۈر .

بىرىنچىسى ، شۇ رەسىمدە ئاپتور زادى نېمە دېمەكچى ، دېگەن
مەسىلىنى چوقۇم ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر . بۇ مەسىلىگە
جاۋاب تاپالماي تۇرۇپ يېزىلغان ماقالە مەيلى قانچىلىك ماھارەت بىلەن
يېزىلسۇن مەركىزىي نۇقتىئىنەزەردىن يەنى رەسىمگە قاراپ يېزىشنىڭ
تۈپكى تەلىپىدىن يىراقلاپ كېتىدۇ ياكى شۇ تەلەپكە لايىق يېزىلمايدۇ .
ئىمتىھاندا ماقالە يازدۇرۇشتىكى مەقسەتلەرنىڭ بىرىنچىسى شۇ ساۋاقداش-
نىڭ تەپەككۇرىنىڭ ، مەسىلىلەرگە ئىنكاس قايتۇرۇشنىڭ تېز - ئاستى-
لىقى ، كەڭ - تارلىقى ، چوڭقۇر - تېيىزلىقىنى سىناپ كۆرۈش بولغاچ-
قا ، رەسىمگە قاراپ ، شۇ رەسىمدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن تۈپكى ئىدىيىنى
ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىلا ئاندىن كېيىنكى باسقۇچلۇق قەدەمنى توغرا باس-

ــنى بولىدۇ . مىسال ئۈچۈن سىز تۆۋەندىكى رەسىملەرنىڭ ھەربىرىدە زادى قانداق ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەنلىكىنى ، نېمە تەنقىد قىلىنغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈڭ .



1



2



3



4



5

بۇ رەسىملەرنىڭ ھەربىرىدە زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ ، ئادەمنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ . تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقلىرى ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى ساۋاقداشلار بۇنداق رەسىملەردە ئەكس ئەتكەن مەنانى ئادەتتىكى ۋا-قىتلاردىمۇ چۈشەنگەندىلا ئاندىن ئىمتىھان ۋاقتىدا بېرىلگەن مۇشۇنداق رەسىمدىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن مەركىزىي ئىدىيىگە دەرھال توغرا ھۆ-كۈم چىقىرالايدۇ .

ئىككىنچى ، بېرىلگەن رەسىم بىلەن ئۆزىنىڭغا قوشۇپ بېرىلگەن تەلەپنىڭ مەزمۇنىنى بىرلەشتۈرۈپ ماقالىنىڭ ئومۇمىي پىكىر قۇرۇلمىسى ، پىكىر تەرتىپى ھەققىدە ئويلىنىۋېلىش ، ئازراق ئىمكانىيەت بولسا تېزىس تۈزۈۋېلىش كېرەك .

ئۈچىنچى ، ماقالىدىكى مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر رەسىمدىكى نۇقتى-ئىنەزەر بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولغاچقا ، بۇ نۇقتىئىنەزەرنى دەلىللەش ۋاقتىدىمۇ ئاشۇ رەسىمنىڭ مەزمۇنىنى ئاساس قىلىپ ، شۇ دائىرە ئاساسىدا دەلىللەش كېرەك .

يۇقىرىقى تەلەپلەر ئورۇنلانسا ، رەسىمگە قاراپ يېزىلغان مۇھاكىمە ماقالىسى بىر قەدەر كۆڭۈلدىكىدەك چىقىدۇ .

تۆۋەندە بىز رەسىمنىڭ باش تېمىسى ۋە مەزمۇنىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان تۆۋەندىكى ماقالىنى كۆرۈپ باقايلى :

## بىختەرلىك بىرىنچى

تىلىۋالدى ياقۇپ

قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلىش ھەربىر پۇقرانىڭ ئالغلىق ھال-دىكى مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى . قانۇندا شۇنداق بەلگىلەنگەن . مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان بىر قىسىم ئاگ-

سىز كىشىلەر ھامان ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، قائىدىگە خىلاپلىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزى ۋە باشقىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس، تەربىيە كۆرمىگەن. ئۇلار ھە دېگەندىلا بىپەرۋالىق قىلىپ، ئۆزى بىلگەن سەنەمگە ئۇسسۇل ئويناپ، ھەر خىل يامان ئادەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى كۆپ ھاللاردا قائىدە بىلمەسلىكتىن ھەمدە بىلىپ تۇرۇپ، بىخەستەلىك، پوچىلىق قىلىپ، خاتا يول مېڭىشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

قاتناش ھادىسىلىرى بۈگۈنكى دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا ئەڭ ئېغىر تەھدىت سېلىۋاتقان ئەزرائىل بولۇپ قالدى. قاتناش ھادىسىلىرىنى ئازلىتىش ئۈچۈن قاتناش قائىدىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەردىن ئاڭلىق ھالدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە كۈچلۈك مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى بىلەن يول يۈرۈشنى، قاتناش قائىدىسىگە سادىقلىق بىلەن ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك.

قاتناش قائىدىسىدە: بارلىق قاتناش ۋاستىلىرى يول يۈرگەندە بىردەك ئوڭ قولنى بېسىپ يۈرۈشى، موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى شەھەر – يېزا چوڭ يول – كوچىلىرىدا بەلگىلەنگەن سۈرئەت بويىچە يول يۈرۈشى، يول بەلگىلىرى ۋە بەلگە چىراغلىرىغا دىققەت قىلىشى، بەلگىلەنگەن نورمىدىن ئارتۇق يۈك باسماسلىقى لازىم، دەپ بەلگىلەنگەن. موتورسىز قاتناش ۋاستىلىرى موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى يولىغا كىرىۋالماسلىقى، ۋېلىسىپىت يولىدا، پىيادىلەر پىيادىلەر يولىدا مېڭىشى، موتورسىز قاتناش ۋاستىلىرى موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىغا يول بېرىشى، ئۆز ئارا ياندىشىپ ئۆتكەندە بىردەك سول تەرەپتىن ياندىشىپ ئۆتۈشى، ئالدىدىن قاتناش كېلىۋاتقاندا ياندىماسلىقى لازىم؛ چوڭ يول دوقمۇشلىرىدا بەلگە چىرىغىغا قاراش، قىزىل چىراغ يېقىلغاندا توختاش، يېشىل چىراغ يېقىلغاندا مېڭىش، يولنى قالايمىقان كېسىپ ئۆتمەسلىك... دېگەندەك قائىدىلەر بەلگىلەنگەن. بولۇپمۇ ۋېلىسىپىت مىنگەندە كەينىگە ئادەم ئالماسلىق، ماشىنا، تراكتورلارغا ئېسىلىۋالماسلىق، رولنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆز يولىدا توغرا مېڭىش، بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش لازىم،

دەپ بەلگىلەنگەن . بۇ يەردە قاتناش قائىدىسىنىڭ ھەممە مەزمۇنىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز . يولداشلار ، كىچىك دوست ، ئوقۇغۇچى ساۋاقداشلار ، ئەڭ ياخشىسى ، قاتناش قائىدىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ چىقىڭ . شۇ چاغدا شۇنى ھېس قىلالايسىزكى ، قاتناش قائىدىسىنىڭ سىزدىن ۋە باشقا بارلىق كىشىلەردىن كۈتىدىغان تەلىپى : بىخەتەر يول يۈرۈش ، يەنى بىخەتەرلىك بىرىنچى ، دېگەندىن ئىبارەت .

قائىدىلىك يول يۈرۈش — ئاڭلىق مەدەنىيەتلىكنىڭ ئىپادىسى . بىر ئادەم ياكى بىر مىللەتنىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىزلىقى تەربىيە كۆرگەن ياكى كۆرمىگەنلىكى ، مەدەنىيەتلىك ياكى مەدەنىيەتسىزلىكى ، ئۇنىڭ يول يۈرگەندە قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى ، بىخەتەر يول يۈرگەن ياكى يۈرمىگەنلىكى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . ئاڭلىق ، تەربىيە كۆرگەن ، مەدەنىيەتلىك كىشىلەر ھامان بىخەتەرلىك كۆز قارىشى بىلەن شەھەر كوچا ـ يوللىرىدا قاتناش قائىدىسىگە ئەمەل قىلغان ھالدا يول يۈرىدۇ . ئەكسىچە ، ئاڭسىز ، مەدەنىيەتسىز ، قالاق كىشىلەر ھامان ئۆزىنى چاندۇرۇپ ، قائىدىگە خىلاپ ھالدا يول يۈرىدۇ . قاتناش قائىدىسى يالغۇز كىشىلەرنىڭ ئاڭلىقلىق دەرىجىسى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىلا ئەمەس ، يەنە تېخى زېرەك ياكى زېرەك ئەمەسلىكى ، ئەقىللىق ياكى ئەقىلسىزلىقى ، چېچەن ياكى چېچەن ئەمەسلىكى ، ھاماقەت ياكى ھاماقەت ئەمەسلىكىدەك ھەر خىل مىجەز ئالامەتلىرىنىمۇ ئۆزىدە ئىپادىلەپ بېرىدۇ .

يول يۈرگەندە قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلمىسىڭىز يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ . مۇنداق بىر چاتما ھەجۋىي رەسىم بار : رەسىمنىڭ ( 1 ) دە بىر ياش « كۈچۈم بار » دەپ ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە ئايالى ۋە بالىسىنى مىنگەشتۈرۈپ ، ئۇلار بىلەن چاقچاقلىشىپ مېڭىۋاتقانلىقى ؛ ( 2 ) دە « سۈرئىتىم بار » دەپ ، تېز كېتىۋاتقان ماشىنىغا ئېسىلىپ مېڭىۋاتقان ؛ ( 3 ) دە « تېخنىكام بار » دەپ ئىككى قولىنى مەھكەم قوشتۇرۇپ ، رولنى تۇتماي ، گېدەيگەن ھالدا تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن ؛ ( 4 ) دە بولسا ، « ساۋۇقىم بار » دەپ

پۇت ـ قولى ، باش ئېڭەكلىرىنى بېنتلار بىلەن تېڭىپ ، چاقلىرى ماك-
چىيىپ قالغان ۋېلسىپىتنى دولىسىغا ئالغان هالدا دوختۇرخانا دەرۋازىسى-
دىن چىقىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن . دوستلار ، مانا بۇ رەسىم بارلىق قات-
ناش قائىدىسىگە رىئايە قىلمىغۇچىلارنى قاتتىق قامچىلايدۇ . كۆرۈپ تۇ-
رۇپسىلەركى ، بۇ ياش قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلمىغان ، « بىخەتەر-
لىك بىرىنچى » دېگەن بۇ ئۇلۇغ هەقىقەتكە پۈتۈنلەي ئەهمىيەت بەرمى-
گەن . بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى ، ئۇ يەنىلا تەلەيلىك
ئىكەن . هەر هالدا « ساۋۇتىم بار » دەپ هايات قاپتۇ . شۇنىڭغا ئىشە-
نىمەنكى ، ناۋادا سىزمۇ ئاشۇنداق نادانلىق قىلىدىغان بولسىڭىز « ساۋۇتىم
بار » دېيىشكە ئۈلگۈرەلمەي ، ئۇدۇل دوۋزاخقا سەپەر قىلىشىڭىزدىن ئىبا-
رەت ئاقىۋەت ئېهتىماللىقىنى كۆزدىن يىراق دېگىلى بولمايدۇ . مۇنداق ئا-
قىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقماسلىقى ئۈچۈن قاتناش قائىدىسىنى ئىزچىل
ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم .



قاتناش قائىدىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ، كەڭ كۆلەملىك تەشۋىق قىلىش ، ئۆگىنىش ، ئۈلگە ئېلىش ھەمدە يۈكسەك ئاڭلىقلىقا ، مەدەنىيەتلىك ، ئاقىل ۋە چېچەن بولۇشقا ئىنتىلىش روھىغا تايىنىش لازىم . سىزمۇ ھامان ئۆزىڭىز ۋە باشقىلارنىڭ بەختەرلىكى ئۈچۈن قاتناش قائىدىسىنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ ، تەشۋىق قىلىپ ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ، مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ئىچىدە ئاڭلىق ئىنسان ئىكەنلىكىڭىزنى نامايان قىلىپ ، قائىدىلىك يول يۈرۈڭ . قاتناش قائىدىسىگە ھەرقاچان ، ھەر جايدا ئەمەل قىلىڭ ، ئۇنى تەشۋىق قىلىڭ ، شەرەپلىك ئۈلگە يارىتىڭ . قاتناش قائىدىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش يالغۇز قاتناش ساقچىلىرىنىڭلا ۋەزىپىسى ئەمەس ، ئالدى بىلەن مېنىڭ ، سىزنىڭ ۋە بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىمىز .

بۇ ماقالە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى گېزىت ـ ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن « ئۈلگىلىك ماقالىلەر توپلىمى » ناملىق توپلامدىن ئېلىندى . )

مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىش مەشىقىگە ئائىت قوشۇمچە مەشىق ئۇسۇللىرى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت .

# ئۆرنەك ۋە مەشقلەر

1 . تۆۋەندىكى ئۈچ پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسىدىن پايدىلىنىپ پاكىت كۆرسىتىپ دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان بىر پارچە مۇھاكىمە ماقا- لىسى يېزىڭ . بۇ ماقالىنى يېزىشتىكى ئۇسۇل ۋە تەلەپ : ① ماقالىنىڭ پىكىر قاتلاملىرى ئابزاسلار بويىچە ئېنىق ئايرىلسۇن . ② يازماقچى بولغان مۇھاكىمە ماقالىڭىزنىڭ مەركىزىي نۇقتىئىنەزەرى ماقالىنىڭ ماۋزۇسىدا ياكى بىرىنچى ئابزاسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلسۇن . ③ماقالىنى يېزىش جەر- يانىدا پايدىلىنىش ئۈچۈن بېرىلگەن ماقالىلەردىن پايدىلىنىشتا — بۇلار- دىن بىرىنى تاللاپ ئېلىپ پاكىت كەلتۈرۈش ياكى ماقالىڭىزغا زۆرۈر دەپ قارىغان پاكىتلارنى ھەممىسىدىن تاللاپ ئېلىش ۋە ياكى بىر - ئىك- كىسىدىن تاللاپ ئېلىشنى ماقالىڭىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ئۆز خاھىشى- ڭىزغا ئاساسەن بەلگىلىسىڭىز بولىدۇ . ④ماقالىنىڭ يەكۇنى قايىل قىلار- لىق ئوتتۇرىغا قويۇلسۇن .

## بەڭگىلەرگە تەقدىم قىلىنغان بىر يۈرۈش سان - سىپىر

ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئالىمى ر . ت لىۋىنخورت مۇنداق دەيدۇ : تاماكىنىڭ زىيىنى « 20 ـ ئەسىردىكى ، ئىن- سانلارغا بولغا ئەڭ چوڭ ئاپەت » تۆۋەندىكى بىر يۈرۈش ، كىشىنى چۆچۈتكۈدەك سان ـ سىپىرلارنى بەڭگىلەرگە تەقدىم قىلماقچىمىز .

1993 ـ يىلى جۇڭگودىكى بەڭگىلەر ئون يەتتە تىرىليون تال تا- ماكا چەككەن بولۇپ ، ئەگەر ئۇلارنى بىر تال ، بىر تالدىن ئۇلىغاندا تەخمىنەن بىر يۈز قىرىق تۆت مىليون بەش يۈز مىڭ كىلومېتىر كېلە- دىكەن . بۇ ئاي شارىغا ئۈچيۈز يەتمىش ئالتە قېتىم بارغان ئارىلىق بى-

لەن باراۋەر ئىكەن . ئەگەر ئۇنىڭدىكى نىكوتىن تەركىبىنى يىغسا تەخ-
مىنەن سەكسەن بەش تونىا كېلىدىكەن .

كۆنىگە بىر قاپتىن ئوتتۇز يىل تاماكا چەككەندە جەمئىي ئىككى يۈز ئون توققۇز مىڭ تال تاماكا چېكىلىپ ، تەندىكى نىكوتىن مىقدارى جۇغلانمىسىنىڭ ئېغىرلىقى بىر يۈز توققۇز پۈتۈن ئوندىن بەش گرام بو-لىدىكەن . ئۇنىڭ بىلەن ئىككى يۈز يىگىرمە مىڭ چاشقاننى ئۆلتۈرگىلى بولىدىكەن .

بىر تال تاماكا پەيدا قىلالايدىغان ئىس - تۈتەك بەش يۈز مىللى-لىتىر بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى زىيانلىق بىرىكمە ماددىلار تەخمىنەن ئۈچ يۈز خىلغا ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك زەھەرلىك ماددىلار يىگىرمە نەچچە خىلغا ، كۆچلۈك بولغان راك پەيدا قىلغۇچى ماددىلار ئون نەچچە خىلغا يېتىدى-كەن .

تاماكا چېكىدىغانلار بىلەن چەكمەيدىغانلارنىڭ كېسەللىك نىس-بىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا : ئۆپكە راكى 1:36 — 10 ؛ كاناىچە ياللۇغى ، ئۆپكە يەل ئىششىقى 1:20 — 10 ؛ يۈرەك نېرۋا قان تومۇر كېسىلى 1:8 ؛ يۈرەك كېسىلى 1:6 ؛ تاجىسىمان قان تومۇرلۇق راكى 1:4_5 ؛ قىزىلئۆڭ-گەچ راكى 1:4_3 ؛ ئاشقازان 12 بارماق ئۈچەي يارىسى 1:2.8 ، جىگەر قې-تىششى 1:2.2 دوۋساق راكى 1:1.9 ؛ يۈرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسى 1:1.7 ؛ قان تومۇر قېتىششى 1:1.5 بولىدىكەن .

كۈنىگە ئۈچ تال تاماكا چەككەن ، تاماكا چەككىنىگە بىر يىلدىن كۆپرەك بولغان ئەرلەردىكى غەيرىي ئىسپېرما يىگىرمە پىرسەنتتىن ئاشى-دىكەن .

تاماكا چېكىدىغان ئاياللارنىڭ ھامىلدار بولۇش نىسبىتى نورمال ئاياللارغا قارىغاندا ئون — ئون بەش پىرسەنت تۆۋەن بولىدىكەن . غەيرىي تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى ئۈچ يۈز گرام تۆۋەن بولىدىكەن . ھەيز كېسىلىش دەۋرىمۇ بىر - ئۈچ يىل بۇرۇن بولىدىكەن .

كۈنىگە ئوتتۇراھال بىر قاپ تاماكا ئۈچۈن بەش يۈەن چىقىم قى-لىنسا ئېيىغا بىر يۈز ئەللىك يۈەن ، يىلىغا بىر مىڭ سەككىز يۈز يۈەن

چىقىم قىلىنىدىكەن .

## تاماكا چېكىش ۋە ۋاقىت

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، تاماكا چېكىش مەسىلىسى ئامېرىكىدا ھەرقايسى ساھە ئەربابلىرىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى . چۈنكى ، تاماكا چېكىش كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە ، تۇرمۇشىغا ، مۇھىتقا زىيان يەتكۈزۈپ قالماستىن ، تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىگىمۇ تەھدىت پەيدا قىلماقتا . كارخانا باشقۇرۇش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر شىركەت مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : تاماكا چەككۈچىلەر كۆپ ھاللاردا ئىش ۋاقتىنى ئىگىلەپ كېتىدۇ ، ئۇلار بىر كۈن ئىچىدە تاماكا چېكىش ئۈچۈن ئىش ۋاقتىنىڭ ئون پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى سەرپ قىلىدىكەن ، بىر كىشى ھەر كۈنى ئىش ۋاقتىدا يېرىم سائەت تاماكا چېكىدىكەن . ھەپتىسىگە بەش كۈن ئىشلەيدۇ دېگەندە ، بىر كىشى بىر ھەپتىدە ئىككى يېرىم سائەت ئىش ۋاقتىنى ، بىر يىلدا ( ئەللىك ھەپتە ) بىر يۈز يىگىرمە بەش سائەت ئىش ۋاقتىنى تاماكا چېكىشكە سەرپ قىلغان بولىدۇ . بۇنىڭدىن بولىدىغان ئىقتىسادىي زىياننى ئاز دېگىلى بولامدۇ ؟

يۇقىرىقىلار ناھايىتى كەڭ قورساقلىق بىلەن ھېسابلانغان بولۇپ ، ئۇنىڭغا تاماكا قۇتىسى ، سەرەڭگە ئىزدەش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىت كىرگۈزۈلمىگەن .

## تاماكا تاشلىغاندىن كېيىن

ئامېرىكا راك كېسەللىكلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ يېقىنقى تەتقىقات نەتىجىسى تاماكا چەككۈچىلەر تاماكا تاشلىغاندىن كېيىن تېنىدە نۇرغۇنلىغان پايدىلىق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن .

1 . سەككىز سائەت ئىچىدە قاندىكى كاربون چالا ئوكسىدىنىڭ مىقدارى تۆۋەنلەپ نورمال ھالەتكە چۈشىدىكەن . ئوكسىگېننىڭ مىقدارى نورمال ھالەتكىچە كۆپىيىدىكەن .

2 . يىگىرمە تۆت سائەت ئىچىدە يۈرەك كېسەللىنىڭ پەيدا بولۇش پۇرسىتى ئازىيىدىكەن .

3 . قىرىق سەككىز سائەت ئىچىدە نېرۋا ئاخىرقى ئۇچلىرى قايتا ئۆسۈشكە باشلاپ ، پۇراش ، تېتىش سېزىمى كۈچىيىدىكەن .

4 . يەتمىش ئىككى سائەت ئىچىدە تارماق كارناي قايتا سىپازمىلانماي ، نەپەسلىنىش ئەركىنلىشىپ ، ئۆپكىنىڭ سىغىمچانلىقى كۈچىيىدىكەن .

5 . توققۇز ئايدىن كېيىن يۆتىلىش ، بۇرۇن تۆشۈكىگە قان تولۇش ، ھارغىنلىق ، ئاچچىقلىنىش ئالامەتلىرى يېنىكلەيدىكەن . ئۆپكىدە يېڭىدىن تالا تۈكلەر پەيدا بولۇپ ، يۇقۇملىنىش پۇرسىتى ئازلايدىكەن . ئۆپكىنىڭ سۇيۇقلۇقلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى كۈچىيىدىكەن .

6 . بەش يىل ئىچىدە ، تاماكىنى نورمال چېكىدىغانلارنىڭ ئۆپكە راكى بىلەن ئۆلۈش نىسبىتى تۆۋەنلەيدىكەن .

( بۇ ئۈچ پارچە ماقالە « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

2 . تۆۋەندە بېرىلگەن « قۇرسىقىم ئېچىپ كەتتى » ناملىق بايان ماقالىسىدىكى پاكىتلار بىلەن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى تاماق تاللايدىغان ، بۇزۇپ - چاچىدىغان ، ئاتا - ئانىلارنى يالۋۇرتىدىغان ، تەگلىكتە قويىدىغان ئىللەتلەرنى سېلىشتۇرغان ئاساستا « تاماق تاللاش ، ئىسراپ قىلىش ئىللەتلىرىمىزنى تۈگىتەيلى » دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىڭ . ماقالىنى يېزىشتا ئالدى بىلەن بىزنىڭ ياش - ئۆسمۈرلىرىمىز ئارىسىدىكى بىرقىسىم « بەگزادە ، مەلىكىلەر » نىڭ يەپ - ئىچىش ، تاماق تاللاش ، ئىسراپ قىلىش قاتارلىق ئىللەتلىرى تەھلىل قىلىنىپ ئاندىن بۇ بايان ماقالىسىنى پاكىت كەلتۈرۈپ ، ئىككى خىل پاكىتنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش . تەھلىل قىلىش ئاساسىدا يازسىڭىزمۇ ياكى

مەلۇم بىر كۈنى « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىنى ئوقۇۋېتىپ بۇ ماقالىنى ئوقۇغانلىقىڭىز ، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنكى ھېسسىياتىڭىز ، ئوي - خىيا-لىڭىز ، بىزنىڭ بۇگۈنكى تۇرمۇشىمىزدا بالىلىرىغا تاماق يېگۈزەلـمەي جىـلى بولۇۋاتـقان ئاتا - ئانىلار كۆز ئالدىڭىزغا كەلگەنلىكى ... قاتارلىق پاكىتلارنى يېزىپ ئاندىن ئوي - پىكرىنى بارا - بارا چوڭقۇرلاشتۇرۇپ يېزىپ چىقسىڭىزمۇ بولىدۇ . ئىشقىلىپ ، ماقالە پىكىر تەرتىپىدە يېزىلمە-سۇن ، پىكىر قاتلاملىرى ئېنىق ئايرىلىشى ، نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئاساس ، ئىسپاتنىڭ مۇناسىۋىتى ئورگانىك بىرلىككە ئىگە قىلىنىشى شەرت .

## قورسىقىم ئېچىپ كەتتى

ئافرىقا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەردە ئاچارچى-لىق - كىشىلەر ھاياتىغا تەھدىت سېلىۋاتقان ئەڭ زور خەۋپ . 1998 - يىلى ئامېرىكىدا چىقىدىغان « پىياز » دېگەن ژۇرنالغا ئافرىقىدىن كەلگەن ئۆسمۈر زىتمۇ ئاسمانـنىڭ بىر پارچە ئېچـىنىشـلىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى .

ئاھ خۇدا ! قورسىقىم ئېچىپ كەتتى ! ئەگەر تېزرەك بىر نېمە يېمىسەم ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن ... ئاچلىق — ھاياتىمنى يالماپ يۇتـماقتا . ئاجىز ، ۋىجىك تېنىم تېخىمۇ يىگىلەپ بىر تېرە ، بىر ئۇستى-خان بولۇپ قالدىم ، كۈنلىرىم بەدىنىمدىكى سۆڭەكلىرىمنى ساناش بىلەن ئۆتمەكتە .

مەن ئىلگىرى دائىم يۈز نەچچە كىلومېتىر يىراقتىكى قۇم بارخان-لىرىغا بېرىپ يېگۈلۈك ئىزدەپ يۈرەتتىم . ئۇ جايدا قاتتىق سۇسىراپ يېتىپ قالمىسام بىرەر ئۆلۈك قۇشقاچنى تېپىۋالسامۇ تاغدەك خۇش بولۇپ كېتەتتىم .

ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر دانە ئۆلۈك كەسلەنچۈك يېگىنىم ئېسىم-دە . ئۇنىڭغىمۇ توققۇز كۈن بولۇپ قاپتۇ ، ئۇ ئۆلۈك كەسلەنچۈكنىمۇ ئىككىگە بۆلۈپ يېرىمىنى بىچارە ئاكامغا بەردىم ، چۈنكى ئالدىنقى ئېيى

ئاكام ئازراق دەرەخ قوۋزىقى تاپقاندا يېرىمنى ماڭا بەرگەن .

تولىمۇ ئېچىنىشلىقى ، بەدىنىم ئاللىقاچان ئوزۇقلۇقتا ماسلىشالماس بولۇپ قالدى . ئازراق بىر نەرسە يەپ قويسام ، يېگىنىمدىن نەچچە ھەسسە قىينىلىپ كېتىمەن .

باشقىلاردىن ئاڭلىسام يېڭى يىلغا ئاز قاپتىمىش . لېكىن ، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇ كۈنلەرگە ئۇلىشالايدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن . قورسىقىم ئادەم قورققۇدەك دەرىجىدە ئىششىپ كەتتى ، قارىماققا ھامىلىدار ئايالغىلا ئوخشايمەن . تۈنۈگۈن مەن ئاكامغا چاقچاق قىلىپ ، يوغان قورسىقىمنى كۆرسىتىپ : « قورسىقىمدا بالا بار » دېسەم ، ئاكام كۈلمەستىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ يىغلاپ كەتتى .

پۈتۈم ئورۇقلاپ تاياقتەك بولۇپ قالدى . كۆزۈمگۇ ئاللىقاچان بىر نەرسىنى پەرق ئېتىشتىن قالغان ، ئاچلىقنى بېسىش ئۈچۈن ئەتراپىمدىكى نۇرغۇن ئادەملەر لاي ــ لاتقا ۋە تاشلارنىمۇ يېمەكتە .

ئاھ خۇدا ! سەن بىزنى نېمىشقا بۇنداق جازالايسەن ؟...

ئەمدىلىكتە مەندە بىر ئازلا سەزگۈ قالدى . بۇ سېزىم ــ ئاچلىقنىڭ سۆڭەككە قادالغان ئاجايىپ ئاغرىقى .

ئادەمنى كاۋاپ قىلىۋەتكۈدەك قىزىق ئاپتاپتا توڭغاندەك قىلىمەن .

ئۇزاققا قالماي ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن . شۇنداق بولسىمۇ مەيلى ، ئۇ چاغدا بۇ قەدەر ئاچلىقنىمۇ سەزمەيمەن ...

( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

3 . مۇزاكىرە ۋاقتىدا تولۇق 2 ـ يىللىق A سىنىپتىكى ساۋاقداشلاردىن ئاينۇر ، ماھنۇر ، قاسىم ، تۇرغۇنلار پۇل ھەققىدە مۇنازىرىلىشىپ قالدى :

تۇرغۇن :

ــــ كونىلار « تۆگمەن سۇدا چۆرگىلەيدۇ ، جاھان پۇلدا » ، « پۇلۇڭ بولسا جاڭگالدا شورپا ، پۇلۇڭ بولمىسا بازاردا توۋا » دەپ بىكار ئېيتمىغان ھازىر پۇل بولسىلا ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ ، ــــ دېدى .

ئاينۇر :

ــ سېنىڭ دېگىنىڭ خاتا ، پۇل جاھاندىكى بارلىق رەزىللىكلەر-نىڭ مەنبەسى ، بەزى ئادەملەر پۇلنى دەپ ھەرقانداق يامان ئىش قىلىش-تىن ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ، زەھەرلىك چېكىملىك سېتىشتىن ، ۋىجدانى-نى ، غۇرۇرىنى يوقىتىشتىن يانمايدۇ . پۇل بىلەن ھەممە ئىشنى ئەمەس ، بەلكى رەزىل ئىشلارنى كۆپ قىلغىلى بولىدۇ ، ــ دېدى .

قاسىم :

ــ سىلەرنىڭ كۆز قارىشىڭلاردا بىر تەرەپلىمىلىك بار . مېنىڭچە پۇلنى تىللاشمۇ ، ماختاشمۇ توغرا ئەمەس . ئۇ بىر رەڭلىك قەغەز ، پۇلنى يامان ئىشقىمۇ ، ياخشى ئىشقىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ ، شۇنىڭدەك توغرا يول بىلەنمۇ ، بەزىلەر خاتا يول بىلەنمۇ تاپالايدۇ . پۇلنىڭ رەزىللىكىمۇ ، ياخشىلىقىمۇ ئادەملەرگە باغلىق ، ــ دېدى .

ماھىنۇر :

ــ پۇل ئەزەلدىن مەۋجۇت ئەمەس . ئۇ جەمئىيەتتە تەڭ قىممەتتە تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ۋۇجۇدقا كەلگەن . ئۇنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، سودا ـ ئوبوروتىنى تېزلى-تىش ، جەمئىيەتنىڭ ، كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى زەن-جىرسىمان باغلاش ، ماددىي بايلىقنىڭ سىمۋولى ۋە ئۆلچەملىك بەلگىسى بولۇش رولى بار . شۇڭا ، ئۇ بىر خىل سېھرىي كۈچكە ۋە ھەرىكەتلەن-دۈرۈش كۈچىگە ئىگە . بۈگۈنكى كۈندە ھەرقانداق ئادەمدە پۇل بولمىسا بولمايدۇ ، لېكىن پەقەت پۇلغىلا چوقۇنۇش قارىشى توغرا ئەمەس . ئادەم پۇل تېپىش ، بايلىق توپلاشنىلا مەقسەت قىلىپ ياشىسا ئۇ خۇددى گرانـ-تىغا ① ئوخشاپ قالىدۇ . پۇل ئادەمنىڭ ماددىي ، مەنىۋى ھاياتىدىكى مەقسەت ئەمەس ، بەلكى ۋاسىتە . يوللۇق ئاساستا پۇل تېپىش ئۈچۈن تىرىشىش ، ئۇنى جايىدا ئىشلىتىش كېرەك ، ــ دېدى .

قاسىم بىر ژۇرنالدىن مۇنۇ قۇرلارنى ئوقۇدى :

---

① گرانتى ــ فرانسىيىنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى تەنقىي رېئالىزم يازغۇچىسى بالزاكنىڭ « يېۋگېنىي ـ گرانتى » رومانىدىكى ئىنتايىن پىسخىك كاپىتالىست .

پۇلغا ئۆي سېتىۋالغىلى بولىدۇ ، لېكىن ئىللىقلىقنى سېتىۋالغىلى بولماي-
دۇ . پۇلغا ئۇنچە مەرۋايىت سېتىۋالغىلى بولىدۇ ، لېكىن گۈزەللىكنى سې-
تىۋالغىلى بولمايدۇ . پۇلغا دورا سېتىۋالغىلى بولىدۇ ، لېكىن سالامەتلىكنى
سېتىۋالغىلى بولمايدۇ . پۇلغا قەغەز ـ قەلەم سېتىۋالغىلى بولىدۇ ، لېكىن
بەدىئىي تەپەككۇرنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ . پۇلغا كىتاب سېتىۋالغىلى
بولىدۇ . لېكىن ، ئەقىل ـ پاراسەتنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ . پۇلغا خۇ-
شامەتچىلەرنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ ، لېكىن ھۆرمەتنى سېتىۋالغىلى بول-
مايدۇ . پۇلغا شېرىك سېتىۋالغىلى بولىدۇ ، لېكىن دوست سېتىۋالغىلى
بولمايدۇ . پۇلغا ئىتائەت قىلدۇرغانلارنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ ، لېكىن ھە-
قىقىي سادىق كىشىلەرنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ .

قاسىمنىڭ سۆزى تۈگىشىگە ماھىنۇر :

ـــ پۇل بولمىسا سەن ئېيتقان ئاشۇ « سېتىۋالغىلى بولىدۇ » دې-
گەنلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ . شۇڭا ، پۇل بۇگۈنكى
ماددىي تۇرمۇشنىڭ كاپالىتى ، مەنىۋى تۇرمۇشنىڭمۇ ئاساسى . ئەمما ، بىر
ئادەمدە پەقەت پۇللا بولۇپ ، باشقا مەنىۋى بايلىقلار يەنى گۈزەللىك ،
غۇرۇر ، ئىنسانپەرۋەرلىك روھ ۋە باشقا پەزىلەتلەر بولمىسا ئۇنداق ئادەم
يەنىلا نامرات ، گاداي ئادەم ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ئا-
دەممۇ گاداي ئادەم ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئىككىسى بىرلەشكەن ئادەم بۈگۈنكى
ھاياتلىق ئالىمىدىكى ھەقىقىي ئادەمدۇر ، ـــ دېدى .

سىزمۇ بۇ مۇنازىرىگە قوشۇلۇپ « پۇل توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم »
دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىپ بېقىڭ . يې-
زىش جەريانىدا « پۇل بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا » ناملىق
ماقالىنى ئۈرنەك قىلسىڭىز بولىدۇ .

4 . تـۆۋەندە « كىتاب نېمىگە ئەسقاتىدۇ ؟ » ناملىق بىر پارچە
مەسەل بېرىلدى . سىز بۇ مەسەلنى ئوقۇپ ، ئۇنىڭغا ئىلگىرى سۆرۈلگەن
تـۆپـكى ئىدىيىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان بىر ماۋزۇ تاللاپ يازماقچى بول-
غان مۇھاكىمە ماقالىڭىزنىڭ ماۋزۇسى قىلىپ قويۇڭ . ماقالـنى يې-
زىشـتا 1 ـ قىسىم تۆتىنچى بابتا ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن « چۆچەك-

لەردىكى ئۈچ ئاچا يول » قاتارلىق ماقالىلەرنى ئۆرنەك قىلسىڭىز بولىدۇ. يېزىش تەلىپى ئالدىنقى مەشقلەر بىلەن ئوخشاش.

## كىتاب نېمىگە ئەسقاتىدۇ ؟

بىر كۈنى نۇرغۇن ھايۋانلار بىر يەرگە جەم بولۇپ. « كىتاب نېمىگە ئەسقاتىدۇ ؟ » دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپتۇ.

بويى ئېگىز كەلگەن پىل ھەزرەتلىرى سۆز باشلاپ:

— پېقىرغا مەلۇمكى، قەغەز ۋە كىتاب — بامبۇك، دەرەخ پوستى ۋە ئوت - ساماندىن ياسىلىدۇ، لېكىن مەن يېڭى بامبۇك بىلەن يۇمران ئوت - سامانلارنى ياخشى كۆرىمەن. كىشىلەر كىتاب ئىشلەيمىز دەپ، مۇشۇنداق ئوبدان نەرسىلەرنى نېمىشقا ئىتتىقسىز قىلىپ قويىدۇ ؟ كىتابتىكى باسما ھېيىنىڭ پۇرىقى ئىچىمۇ جېنىمغا تېگىدۇ، — دەپتۇ.

كىچىككىنە مىتە قۇرۇت دەرھال بۇ گەپكە قارشى چىقىپ:

— پىل ھەزرەتلىرى، كىتاب - مېنىڭ جېنىم! قارىسىلا، مەن ئۇنى يەيمەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ياتىمەن، ئۇ بولمىسا مەن قانداقمۇ ھايات كەچۈرەلەيمەن ؟ — دەپتۇ.

ھاكاۋۇر خوراز غەزىپىنى باسالماي كاركىراپ سۆزلەپتۇ:

— بەزىلەر، كىتاب - روھىي ئوزۇق دېيىدىكەن، ئۇ ئالدامچىلىق! بىر كۈنى مەن بالىلارنىڭ رەسىملىك كىتابىدىن بىرنى تېپىۋېلىپ كەچكىچە ۋاراقلىسام، ئاشلىق ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بىر تال سامانمۇ يوق ئىكەن!

— كىتاب، ھەقىقەتەن بارلىق بالايىئاپەتلەرنىڭ مەنبەسى، — دەپتۇ چاشقان مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — كىشىلەر ئەدىپىمىزنى بېرىدىغان ئۇسۇل - چارىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى كىتابتىن ئۆگىنىۋالىدۇ.

قارا ئېيىق دولىسىنى سىلىكىپ، خۇشياقمىغان ھالدا:

— بەزىلەر، كىتاب ئوقۇسا ئەقىللىق بولىدۇ، دېيىشىدىكەن، لېكىن بىز ئېيىقلارنىڭ دىيارىدا نادانلىق بىلەن سەممىلىك، دۆتلۈك

بىلەن ئەقىللىق دېگەنلەر بىر مەنىدە ، — دەپتۇ .

هايۋانلار تالىشىپ بىرەر نۇقتىغا كېلەلمەي تۇرغاندا ، قىزىل گالستۇك تاقىغان ، مۇرىسىگە پوپكا ئېسىۋالغان بىر قىزچاق يۈگۈرۈپ كەپتۇ . هايۋانلار تەڭ ۋارقىرىشىپ قىزنى توختىتىپ ، بۇ تالاش - تارتىشنى ئايرىپ قويۇشقا تەكلىپ قىپتۇ .

قىزچاق ئانچە ئويلىنىپ تۇرمايلا :

— ئۆيۈمدە مەن ئوينايدىغان چىرايلىق رىزىنكە توپ بار ، تەمى تاتلىق ئالما بار . لېكىن ، مەن كىتاب ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتسەم ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ ، ئەگەر كىشىلەرنىڭ كۆرۈشىگە كىتاب بولمىسا ، هاياتلىقنىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن ! — دەپتۇ .

قىزچاق شۇنداق دەپلا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ . هايۋانلار بۇ سۆزنىڭ مەنىسىگە چۈشىنەلمەي ، گاڭگىراپ قاپتۇ . ئاخىر بولماي كىتابنىڭ ئۆزىنى جاۋاب بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ .

— مەن قىزچاقنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەيمەن ، — دەپتۇ كىتاب سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ ، — ئەگەر قىزچاقنىڭ پىكرى سىلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولسا ، ئۇنداقتا ئادەملەر بىلەن هايۋانلارنىڭ نېمە پەرقى بولسۇن ؟

( « مەسەللەر خەزىنىسىدىن » ناملىق كىتابتىن ئېلىندى . )

5 . تۆۋەندىكى رەسىمنىڭ مەزمۇنىنى چۆرىدىگەن ئاساستا « ئائىلە مۇھىتىنىڭ پەرزەنتلەرنىڭ پىسخىكىسىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم » دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىڭ . بۇ ماقالىنى يېزىشتا « رەسىمگە قاراپ » يېزىش سەھىپىسىدە سۆزلەنگەن مەزمۇنلار ، دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار ۋە ئۆرنەكتىن پايدىلىنىشىڭىز بولىدۇ .



( بۇ رەسىم « شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

6 . تۆۋەندە بىر تۈركۈم ئەقلىيە سۆزلەر بېرىلدى . سىز بۇ ئەقلىيە سۆزلەردىن ئۆز ماقالىڭىزغا زۆرۈر دەپ قارىغانلىرىڭىزنى نەقىل كەلتۈرۈپ « ئەمگەك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش توغرىسىدا » دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىڭ . ماقالىنى يېزىش جەريانىدا بىرىنچى قىسىم كىتابىنىڭ تۆتىنچى بابىدا بېرىلگەن ، نەقىل كەلتۈرۈپ

دەلىللەش ئاساس قىلىنغان ماقالىلەرنى ئۆرنەك قىلىسىڭىز بولىدۇ. يېزىش تەلەپلىرى ئالدىنقى مەشىقلەر بىلەن ئوخشاش.

## ئەمگەك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش توغرىسىدا

ئەمگەك قىلىش دۇنيادىكى بارچە خۇشاللىق ۋە بارچە كۆڭۈللۈك ئىشلارنىڭ مەنبەسىدۇر.

**— گوركىي**

ئەمگەك قىلىش ئىنسانلار مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئاساسىي ۋاسىتىسى، شۇنداقلا ھەر بىر ئادەمنىڭ بەدەن، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت جەھەتتە كامالەتكە يېتىشىنىڭ مەنبەسىدۇر.

**— ۋۇشىنىسكى**

بارلىق ئاغرىق ـ سىلاقنى ساقايتىشنىڭ ئەڭ ياخشى قىممەتلىك دورىسى ئەمگەك قىلىشتىن ئىبارەت.

**— ئوستىروۋىسكى**

ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كېتىش ئىشلەشتە تەشكىلسىزلىك ۋە تەرتىپسىزلىكنىڭ ئاقىۋىتىدۇر.

**— پاۋلوۋ**

مەشغۇلات تۇرمۇشى ئىنتايىن مۇھىم ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا مەلۇم خىزمەت تۈزۈمى ئورنىتىپ، ۋاقتى ـ قەرەلىدە ئۇخلاپ، تولۇق ئۇخلاش كېرەك. ئۇخلاشنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى خىزمەتنىڭ خاراكتېرى، ئەمگەكنىڭ سىجىللىقى، يېشىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە شەخسنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ بولۇشى كېرەك.

**— ف. ئوگلىروف**

مەشغۇلات تۈزۈمىگە داۋاملىق رىئايە قىلماسلىق، ياخشى تۇرمۇش ئادىتىگە كۆنمەسلىك ئادەمنىڭ بەدىنىگە جەزمەن تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**— ف. ئوگلىروف**

مېنىڭ تۇرمۇشۇم خۇددى سائەتنىڭ زاپچاسلىرىغا ئوخشاش تەر-

تىپ ـ قائىدىلىك ئۆتىدۇ ، مېنىڭ ھاياتىم ئاخىرلاشقاندا بىر جايدا توختاپلا قالىمەندە ، مىدىر ـ سىدىر قىلمايمەن .

**ــ دارۋىن**

بىر كۈن ئەمگەك قىلىش بىر كېچىلىك خاتىرجەم ئۇخلاشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ ؛ بىرئۆمۈر جاپالىق ئىشلەش بەختلىك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە نېسىپ قىلىدۇ .

**ــ دافىنچى**

ھۇرۇن ئادەملەرنىڭ بىرەرسىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ . ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىراشلىق ئىچىدىلا ئۆتكەن كىشىلەردۇر .

**ــ خوپلاند**

ئادەم تۇرمۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە ئەمگەك مەشغۇلاتىدىن ئىبارەت . ئەمگەك بولمىسا نورمال كىشىلىك تۇرمۇش بولمايدۇ .

**ــ روسسو**

ھەتتا سەن بەخت ـ سائادەتنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىگە ئېرىشكەن چېغىڭدىمۇ توختىماي ئەمگەك قىلىپ تۇرۇشۇڭ كېرەككى ، ئىككى قولۇڭنى ھەرىكەتلەندۈرمەي بىكار ئولتۇرماسلىقىڭ كېرەك .

**ــ رۇداكى**

ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز ئۆمۈر بويى ئىناق ئۆتكەن ، زادى سوقۇش ـ ماجىرا قىلىشمىغان . بىز ھەرگىز ھەشەمەتلىك ، كاتتا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ھەۋەس قىلىشمىغان ، ئادەتتە ھەرقانداق كەسكىن بەس ـ مۇنازىرىلەرگە ئارىلىشىپ باقمىغان . بىزنىڭ پۈتۈن ئۆمرىمىز تامامەن ئۆز ئەمگىكىمىزنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن ئۆتكەن .

**ــ برانك ( 114 ياش )**

**ــ دوشالىن ( 103 ياش )**

كەڭ زېمىندا ئەمگەك قىلىش مېنى ئۆمۈر بويى روھلۇق ۋە تېتىك ياشاشقا نېسىپ قىلدى ، ئويلايمەنكى ، بۇمۇ مېنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشۈمدىكى مۇھىم ئاساس ئىكەن .

**ــ پاۋلوۋ**

( « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

7 . تۆۋەندە « دىپلوم » ناملىق بىر پارچە ماقالە ۋە « دىپلوم ئال-غانىدىن كېيىن ... » ، « خوششە ! سەن بولساڭمۇ ھەمراھ » ناملىق ئىككى پارچە ھەجۋىي رەسىم بېرىلدى . سىز بۇلارنىڭ مەزمۇنىنى بىر-لەشتۈرگەن ھەم تېخىمۇ بېيىتقان ئاساستا بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىڭ . ماقالە ماۋزۇسىنى ئۆزىڭىز تاللىسىڭىز بولىدۇ .



## دىپلوم

ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىشنىڭ ئېقىمىغا ئەگىشىپ ، مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان قىزىل تاشلىق دىپلوملار ئالىي مەكتەپ ، رادىئو - تېلېۋى-زىيە داشۆسى ، سىرتتىن ئوقۇش داشۆشى ، ئىشتىن سىرتقى داشۆلىرى-دىن مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولىغا ئۇچۇپ بارماقتا .

قىزىل تاشلىق دىپلوم غايە ئەقىل - پاراسەت ۋە قان - تەرنىڭ بىرىكىشىدىن پۈتكەن كۆۋرۈكتۇر . ئەمما ، بۇ كۆۋرۈكنى نەگە تۇتاش-تۇرۇش كېرەك . ئۇ ئەسلىدە گولدىباخ قىياسىدىن ئىبارەت شاھ تاجى-سىدىكى مەرۋايىتنى ئۈزۈشكە بارىدىغان ئەگرى - بۈگرى چىغىر يول بىلەن تۇتىشىش كېرەك ؛ ئۇ ھاياتلىقنى سۈنئىي يول بىلەن بىرىكتۈرۈش

سارىيىنى ئاچىدىغان خەتەرلىك يول بىلەن تۈتىشىشى كېرەك ؛ قەدىمكى مايا مەدەنىيىتىنى ئىزدەپ تاپىدىغان چەكسىز يول بىلەن تۇتىشىشى كېرەك ؛ ئالەم بوشلۇقىنىڭ مەخپىيىتىنى ئاچىدىغان ئۇزۇن مۇساپىلىق يول بىلەن تۇتىشىشى كېرەك ...

بىراق ، بەزى كىشىلەر ئاشۇ قىزىل تاشلىق دىپلومنى قولىغا ئېلىش بىلەنلا ھەممىنى بىر ياققا تاشلاپ قويۇپ ، ئەمدى مۇرادىمغا يەتتىم دېيىشىدۇ ، دىپلومنى ، ئۆزىنى باشقىلارغا كۆز - كۆز قىلىدىغان ئۆزىنى گۇزەللەشتۈرىدىغان بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ . قىزىل تاشلىق دىپلومغا ئىگە بولۇش ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەس . دىپلوم پەقەت سىزنىڭ ئىگىلىگەن كىتابىي بىلىمىڭىزنىلا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ . دۇنيانى ئۆزگەرتىشتە ئىشلىتىش ئۈچۈن ، يەنە ئەمەلىيەت داۋامىدا پىششىقلاش ، قايتا ئۆگىنىش كېرەك . ( 1 )

( بۇ ماقالە ۋە رەسىم ئايرىم - ئايرىم ھالدا « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## 6 . نەسر يېزىش مەشقى

1 . بۇ مەشقنى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى .

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى « نەسر » ژانىرى — مەزمۇنى ( خاراكتېرى ) ۋە ئومۇمىي سەھىپە جەھەتتىكى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ پەرقلىق بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن لىرىك نەسر ، ئېپىك ( بايانىي ) نەسر ، مۇھاكىمىلىك نەسر ، فېلىيەتون ، ئەيجەش خاتىرە قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ . بۇ تۈرلەر بىر - بىرىگە تەۋە بولمىغان ، تەڭ دەرىجىلىك ئايرىم - ئايرىم تۈرلەر بولۇپ ، بۇلارنىڭ ئىچىدە لىرىك نەسر ، ئېپىك نەسر ، مۇھاكىمىلىك نەسرلەر ، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىگە ئەڭ باب كېلىدىغان تۈرلەردۇر .

« تاپقىنى گۆل كەلتۈرەر ، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز ؛ تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر ، تاپالمىغىنى چۈجە خوراز » دېگەندەك ھەرقانداق بىر پارچە نەسرىنىڭ ئاپتورى ئۆزىنىڭ ھالىغا يارىشا شۇ نەسرىنى بەدىئىيلىك ، ئىدىيىۋى خاھىش ۋە باشقا جەھەتلەردىن ئەڭ نادىر ئۆلمەس ئەسەر قىلىپ يازسىمۇ بولىدۇ . ئاددىي قىلىپ يازسىمۇ بولىدۇ . سەھىپە جەھەتتىن بىر پارچە نەسرىنى بىر ـ ئىككى قۇر قىلىپ يازسىمۇ ، نەچچە يۈز بەت قىلىپ يازسىمۇ بولىدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئەسەر ئىگىسىنىڭ خاھىشىغا ، ماھارىتىگە باغلىق مەسىلە . ئۇ ئوي ـ پىكىرنى قانات يايدۇرۇش جەھەتتىنلا ئەمەس ، قۇرۇلما جەھەتتىنمۇ ئەركىن بولغان ، ئابزاسلار پىكىر بىرلىكى بويىچە ئېنىق ئايرىسىلا يازما ئەدەبىياتنىڭ بەش چوڭ ژانىرلىرى شۇنىڭدەك بايان ، چۈشەندۈرۈش ، مۇھاكىمە ماقالىلىرىنىڭ كونكرېتنى قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە قويۇلىدىغان ئۆلچەم ، بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ . شۇڭلاشقا ، ھازىر باشقا ژانىرلارغا ۋە ماقالىلەرنىڭ تەۋەلىك دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكە بولمايدىغان بۇ « ئەپچىل قورال » تولىمۇ رەڭدارلىشىپ كەتتى .

مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى ئالساق ، ئۇنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقلىرى ، تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان ئوقۇغۇچىلار ئاندىن بىر قەدەر تەلەپكە لايىق يازالايدۇ . نەسرنى بولسا ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن باشلاپ ھەر خىل مەدەنىيەت سەۋىيىسى ، يېزىقچىلىق سەۋىيىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى « ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلىپ » يازسا بولىۋېرىدۇ . شۇڭلاشقا ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەرقايسى يىللىقلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزىتىش ، تەپەككۇر قىلىش ، يېزىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن نەسر يېزىش مەشقىنى ئىزچىل ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ .

2 ) مەشىق ئىشلەش ئۇسۇللىرى

2 ـ قىسىمنىڭ 1 ـ بابىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ھازىر مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان نەسرلەر ـ لىرىك نەسر ، ئېپىك نەسر ،

مۇھاكىملىك نەسر دەپ ئايرىلماي « نەسر » دېگەن ئومۇمىي نام بىلەنلا ئاتىلىۋاتىدۇ . ئاشۇ ئومۇمىي نام بىلەن ئاتالغان نەسرلەرنى ئوقۇپ كۆرسەك ، بەزىلىرى لىرىك نەسر تۈرىگە ، بەزىلىرى ئېپىك نەسر تۈرىگە يەنە بەزىلىرى مۇھاكىملىك نەسر تۈرىگە تەۋە بولۇپ ، ئۇ يەردە كونكرېتتنى ئايرىپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلۇم بىر ئاپتورنىڭ بىر سەرلەۋھە ئاستىدىكى بىر يۈرۈش نەسرلىرى ئېلان قىلىندى دېسەك ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى لىرىك ، بەزىلىرى ئېپىك ( بايانىي ) ، بەزىلىرى مۇھاكىملىك نەسرلەردۇر . ئەمما ، دەرسخانىدا ، يېزىقچىلىق كۇرۇژۇكلىرىدا نەسر يېزىش مەشقى ئېلىپ بارغاندا لىرىك نەسر يېزىش كېرەكمۇ ، ئېپىك ياكى مۇھاكىملىك نەسر يېزىش كېرەكمۇ ۋە ياكى بۇلارنىڭ خالىغان تۈرىدە يېزىش كېرەكمۇ ، بۇلارنى كونكرېت ئوتتۇرىغا قويۇپ يېتەكلەش لازىم . تەلەپلەر ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كونكرېتنى بولۇشى كېرەك . يەنى « ئوڭغا ، سولغا ، ئارقىغا قاراپ بۇرۇل » دېگەن بۇيرۇق بويىچە مەشىقە تەشكىللەپ ئوقۇغۇچىلارنى گاڭگىرىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ، ئىجادىيلىقنى ، سۇبيېكتچانلىقنى ، خاسلىقنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش شەرتى ئاساسىدا كونكرېتنى تەلەپلەر بويىچە يېتەكلەش كېرەك .

ئادەتتە نەسرنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدە يېزىش مەشقى ئېلىپ بارغاندىن باشقا يەنە بۇ مەشقنى تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللاردىن ئېلىپ بېرىش مۇمكىن .

شېئىرنى نەسرگە ئۆزگەرتىپ يېزىش ئۇسۇلى . شېئىرلار مەزمۇنى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا قاراپ ، لىرىك شېئىر ، ئېپىك شېئىر دەپ ئىككى تۈرگە ، قۇرۇلمىسى ۋە شەكلىگە قاراپ ، ۋەزنلىك شېئىر ، ئەركىن شېئىر ، نەسرىي شېئىر دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلىنىدۇ . بۇ تۈرلەرنى كونكرېت ئۆلچەملەر ئاساسىدا يەنىمۇ كونكرېتنى تۈرلەرگە داۋاملىق ئايرىساق ، يەنە بىر مۇنچىلىغان تۈرلەر كېلىپ چىقىدۇ .

شېئىرلار نەسرگە ئۆزگەرتىپ يېزىلسا ، ئۆزگەرتىپ يېزىلغان بۇ نەسر شۇنداق تەبىئىي ، جانلىق چىقىدۇ . مىسال ئۈچۈن ئالساق دۇنيا

ئەدەبىياتىدىكى بۈيۈك نامايەندىلەرنىڭ بىرى بولغان تاگورنىڭ نۇرغۇن-
لىغان نەسرىي شېئىرلىرى بىر تىلدىن يەنە بىر تىلغا ۋاستىلىك تۈردە
كۆپ قېتىم تەرجىمە قىلىنىش جەريانىدا ئەسلى تىلدا ئەكس ئەتكەن
نەسرىي شېئىرلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاساسەن ساقلاپ قالالمىغان بول-
سىمۇ ، ئەمما كارامەت ياخشى نەسرلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقاتمىغان .
بۇنىڭ سەۋەبى — كۈچلۈك ھېسسىيات شېئىرنىڭمۇ ، نەسرنىڭمۇ جېنى
ھېسابلىنىدۇ . يەنى كۈچلۈك ھېسسىيات ۋە تەسەۋۋۇر بولمىسا ئۇ ئەسەر
شېئىرمۇ ھەم نەسرمۇ بولالمايدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن باشقا بەدىئىي ئە-
سەرلەرگە قارىغاندا بۇلارنىڭ تىلى تېخىمۇ تاللانغان بولىدۇ .

شېئىرلارنى نەسرگە ئۆزگەرتىپ يېزىشتا شەكىل جەھەتتىن
نەسرىي شېئىر ، چاچما شېئىر ياكى ۋەزىنلىك شېئىر بولسۇن ، لىرىك
شېئىرلار نەسرگە ئۆزگەرتىپ يېزىلسا بولىدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى ئېپىك
شېئىرلارنىڭ تۈرلىرىدىن بولغان ۋەقەلىك شېئىرلارنى ، باللادىلارنى
نەسرگە ئۆزگەرتىش مۇۋاپىق بولسىمۇ ، ئەمما شېئىرىي مەسەل ، شې-
ئىرىي چۆچەك ، ئېپىك داستان ، شېئىرىي رومان ، شېئىرىي دراما ،
ئېپوس ... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى نەسرگە ئۆزگەرتكىلى بولۇشى نا-
تايىن . ( ئېپىك شېئىرلارنىڭ تۈرلىرى ئۆزگەرتىلسە ، بۇلارنىڭ بەزى-
لىرى ئېپىك نەسر ، بەزىلىرى بايان ماقالىسى بولۇشى مۇمكىن ) .

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا شېئىرىي مەسەل ، شېئىرىي چۆ-
چەك .. دېگەنگە ئوخشاش تۈرلەر يوق ئىدى . ھازىر قەلەم ئىگىلىرىمىز بۇ
تۈرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى . لىرىك شېئىرلارنى نەسرگە ئۆزگەرتىپ
يېزىشتىكى مەقسەت ، بۇ تۈرلەرنى تېخىمۇ كۆپەيتىش ، قالايمىقان قىلىش
ئەمەس ، بەلكى بۇ مەشىق ئارقىلىق بۇ تۈرلەر يېزىقچىلىقى ھەققىدە ئەمە-
لىي چۈشەنچە ، ماھارەت يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت . مەسىلەن ، شەكىل
جەھەتتىن نەسرىي شېئىرلار تۈرىگە تەئەللۇق بولغان بىر لىرىك شېئىر ،
نەسرگە ئۆزگەرتىپ يېزىلسا ، نەسرىي شېئىر بىلەن نەسرنىڭ ئىنچىكە
ھەم نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەر بىلەن بىر تالاي سۆزلەپمۇ چۈشەندۈرۈش
قىيىن بولغان پەرقىنى ، ئوخشاشلىقىنى ئەمەلىي چۈشەنچىگە ئايلاندۇر-

غىلى بولىدۇ . شۇنىڭدەك بەزى نەسرىي شېئىرلار تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن ئەسلى تىلدىكى نەسرىي شېئىرلىق خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ نەسرگە ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى ، دەرسلىك كىتابتا « نەسرىي شېئىر » دەپ ئاتالغان بەزى تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە نەسر ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن لىرىك شېئىرلارنىڭ قەسىدە ، مەرسىيە ، سىياسىي لىرىكا ، ئىنتىم لىرىكا ، مۇھەببەت لىرىكىسى ، تەبىئەت لىرىكىسى ، قوشاق ، ھەجۋى شېئىر ، لىرىك داستان ، لىرىك ساتىرا ... قاتارلىق تۈرلىرى بولۇپ ، نەسرلەر گەرچە قەسىدە خاراكتېرىدىكى نەسرلەر ، مەرسىيە خاراكتېرىدىكى نەسرلەر ، ئىنتىم لىرىكا خاراكتېرىدىكى نەسرلەر ، سىياسىي مۇھاكىمىلىك نەسرلەر ، مۇھەببەت لىرىكىسى خاراكتېرىدىكى نەسرلەر ، تەبىئەت لىرىكىسى خاراكتېرىدىكى نەسرلەر ... دېگەنگە ئوخشاش تۈرلەرگە بۆلۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە بەزى نەسرلەرنىڭ قەسىدە خاراكتېرىنى ئالغانلىقىنى ، بەزىلىرىدە نۇقتىلىق ھالدا تەبىئەت مەنزىرىسى سۈرەتلەنگەنلىكىنى ساۋاقداشلار بۇ مەشىق ئارقىلىق تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشىنەلەيدۇ . نەسر يازغاندا تېما دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيەلەيدۇ . ئەڭ مۇھىمى ئوخشاش بىر ئوي - پىكىرنى شېئىرىي شەكىلدىمۇ ، نەسرىي شەكىلدىمۇ شۇنىڭدەك يەنە باشقا شەكىللەردىمۇ ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئەمەلىي مەشىق ئارقىلىق بىلەلەيدۇ .

شېئىرنى نەسرگە ئۆزگەرتىپ يېزىشتا ئالدى بىلەن ئۆزگەرتمەكچى بولغان شېئىرنى توغرا ، ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش ئاندىن شېئىردىكى پىكىرنى ، ھېچبولمىغاندا ئاشۇ شېئىردىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدىكى ئوبرازلىق تىل ، ھېسسىيات ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقىش كېرەك . شېئىردىكى ئەسلى مەزمۇننى گەۋدىلىك ھەمدە ئاساسىي ئورۇندا قويۇپ ئىپادىلەش شەرتى ئاستىدا ، بەزى مىساللارنى ئۆزگەرتكەندە تولۇقلاش ياكى مۇۋاپىق قىسقارتىش ، زۆرۈر بولغاندا مىسرالارنىڭ پىكىر تەرتىپىنى ئۆزگەرتىش ، شۇ شېئىرغا باب كەلسىمۇ ، ئەمما ئۆزگەرتكەن نەسرنىڭ تىل ئېھتىياجىغا تازا باب كەلمەيدىغان بەزى سۆز - جۈملىلەر ،

بـەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ ئورنىغا باب كېلىدىغانلىرىنى ئېلىش ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ .

ئۆرنەك ئۈچۈن مۇھەممەت رېھىمنىڭ « تىيانشان » ناملىق شېئىرىنى ھەمدە بۇ شېئىرنى نەسرىي شەكىلگە ئەينەن ئۆزگەرتىلگەن « تىيانشان » ناملىق نەسرنى ھەمدە ئىجادىي ھالدا ئۆزگەرتىلگەن « ئەسسالام تەڭرىتاغ » ناملىق نەسرنى كۆرۈپ باقايلى .

## تىيانشان

مۇھەممەت رېھىم

ئاتام ئۆزۈك ، تىيانشان ،
قۇياش قونغان بېشىڭغا .
قەددىڭ ھەيۋەت ، چېچىڭ ئاق ،
مىليون يىل تەڭ يېشىڭغا .

—— ئامانتۇر بايزاكوپ

ئاق خالات يېپىنغان ئاسماننى سۆيگەن ،
ئەي يۈكسەك تىيانشان ، مەغرۇر ئەزىم تاغ !
كىيىسەن قار ـ مۇزدىن بېشىڭغا گۈلتاج ،
باغلايسەن بۇلۇتتىن بېلىڭگە بەلباغ .

بورانلار يەلپۈسە بۇرۇتلىرىڭنى ،
شۇۋىرغان ئوينايدۇ چېچىڭنى تاراپ .
يۇلتۇزلار ھېيىقىپ چىقىشار تۈندە ،
خانتەڭرى تۇرغاچقا غادىيىپ قاراپ .

هەر تاڭدا ئورنىدىن تۇرغاندا قۇياش ،
سەندىن هال سورايدۇ هۆسنىڭنى كۆرۈپ .
تەبىئەت بىر ساڭا ساخاۋەتنى ،
ئايماي تۆككەنمۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ ؟!

ۋادىلار ئويمانلار ، يېشىل بوستانلار ،
سېلىنغان پاياندار ئىككى يېقىڭدا .
سېنىڭدىن بەھرىمەن دەريا ۋە كۆللەر ،
بايلىقىم — خەزىنەم يۈرەك قېتىڭدا .

ئۇزۇندىن ئۇزاققا سوزۇلۇپ ياتقان ،
ئۆلكەمنىڭ مىسالى ئومۇرتقىسى سەن .
ئىدىقۇت ، بەشبالىغ ، بالاساغۇنىنىڭ [1]،
جەڭلەردە ئەسقاتقان دۇبۇلغىسى سەن .

باشئەگىم ئۈستىدە تاھىر ۋە زۆھرە ،
تۇرىدۇ ئۇ گويا ئويغاق قاراۋۇل .
ياتىدۇ قوينىڭدا رابىيە ـ سەئىدىن ،
نۇزۇگۇم ، رىزۋاندەك تالاي قىز ـ ئوغۇل .

تيانشان تارىخىڭ ئۆزۈڭدەك ئۇزۇن ،
ئۆزۈڭدەك ئۇلۇغۋار ، باتۇر ۋە ئۆچمەس .
مەھمۇتنىڭ دىۋانى ، مېڭئۆي سەنئىتى ...
سەن بىلەن دۇنيادا مەشهۇر مۇقەددەس !

تيانشان ، سەن ئۇلۇغ خەلقىمگە سىمۋول ،
هەر سىقىم توپاڭغا قېنىمىز سىڭگەن .
هەر تامچە سۈيۈڭدە مېھرىڭ يالتىرار ،

---

① بالاساغۇن — تيانشان ئېتىكىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر .

ھەر گىياھ بىز ئۈچۈن تۆرەلگەن ـ ئۈنگەن .

تىيانشان ، مەن سىنىڭ كۈرەشچان ئوغلۇڭ ،
سەن مىنىڭ بۆشۈكۈم ، يۇرتۇم ، جەننىتىم .
بەختىيار ئەۋلادمەن سەن بىلەن بىللە ،
سەن بىلەن ياشايدۇ ئىجاد ـ مېھنىتىم .

1981 ـ يىل يانۋار ، ئۈرۈمچى

## تىيانشان

ئېھ ، تىيانشان ، سەن مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان يۈكسەك ئەـ زىم تاغسەن ، زور گەۋدەڭگە ئاق خالات يېپىنغان ، ئېگىز چوققىلىرىڭ ئاسماننى سۆيگەن ، بېشىڭغا قار ـ مۇزلاردىن گۈلتاج كىيگەن ، بېلىڭگە ئاپئاق شـايىدەك بۇلۇتلاردىن بەلۋاغ باغلىغان ئاشۇ قىياپىتىڭ « خانـ تـەڭرى » دېگەن نامىڭغا مۇناسىپ . سەن ئىلاھىي خىسلەتلەرگە باي تاغسەن .

ئېھ ، تىيانشان ، سەن كەڭ ئالەمگە مەغرۇرانە غادىيىپ قاراپ تۇرغىنىڭدا ، بورانلار بۇرۇتلىرىڭنى يەلپۈسە ، شۇئىرغانلار ئاق ئارلىغان چاچلىرىڭنى تاراپ ئوينايدۇ . تۈنلەردە يۇلتۇزلار سىنىڭ شۇ ھەيۋەتلىك قىياپىتىدىن ھېيىقىپ ئەيمىنىپ ، ئۇياتچان قىزلاردەك يۈزلىرىنى قىيا توسۇپ ، كۆزلىرىنى جىمىرلىتىپ چىقىشسا ، شەرق قىزىرىپ ھەر كۈنى قۇياش ئورنىدىن تۇرغاندا سىنىڭ شۇ گۈزەل ھۆسنىڭنى كۆرۈپ ، ئالدى بىلەن سىنىڭدىن « سالام تىيانشان » دەپ ھال سورايدۇ .

ئېھ ، تىيانشان ، تەبىئەت بوۋاي ئۆزىنىڭ بارلىق ساخاۋەتلىرىنى بىر ساڭىلا پەرۋانە كەبى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئايىماي تۆككەنمۇ ؟ مانا ، ئىككى يېقىڭغا سىلىنغان رەڭگا رەڭ گۈللۈك پاياندار كەبى چەكسىزلىككە سوزۇلغان ۋادىلار ، ئويمانلار ، ياپېشىل بوستانلار سىنىڭ ئىسسىقتىن

تەپچىرەپ ئاققۇزغان تەرلىرىڭدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان تەبىئىي ئېقىن ۋە دەريالار ، بۇلاردىن ھاسىل بولغان گۈزەل كۆللەر ... بۇلار سېنىڭ تۈگىمەس بايلىقىڭ ، مېنىڭ تايلاقتەك ياشايدىغان ھاياتلىق بايلىقىم . يەنە يۈرەك قېتىڭدا ساقلىغان ئالتۇن ، كۈمۈش ، نېفىت ، كۆمۈرلەر سېنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان بايلىقىم — خەزىنەم . مانا بۇلار سېنى تەبىئەتنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئەركى ئوغلىغا ئايلاندۇرغان .

ئېھ ، تيانشان ، سېنىڭ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ياتقان ھەيۋەتلىك قامىتىڭ بىلەن گۈزەل ئۆلكەمنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىنىڭ كۈچ - قۇۋۋەت يەتكۈزگۈچىسى — مىسالى ئۇمۇرتقىسىسەن . سەن ئىدىقۇت ، بەشبالىغ ، بالاساغۇننىڭ قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر كەبى جاھانگىر تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئۇرۇش - جەڭلىرىدە جانغا ئەسقاتقان دۇبۇلغىسىسەن . ئېھ ، خانتەڭرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ، يىراقلارغا سوزۇلغان ئاشۇ گەۋدەڭ قانچە ئۇزۇن بولسا ، ئاسمانغا تاقاشقان چوققىلىرىڭ قانچە ھەيۋەت بولسا ، تارىخىڭمۇ ئۆزۈڭدەك ئۇزۇن ، ئۆزۈڭدەكلا ئۇلۇغۋار ، باتۇر ۋە ئۆچمەس . سەن ئۇلۇغ خەلقىمنىڭ سىمۋولىسەن . مانا ، ئوغۇزخان ، ئاپراسىياپ باتۇر تەڭرىقۇت ، سۇتۇق بۇغرا ، ئابدۇرېشىتخانلار ؛ مانا باشئەگىم ئۈستىدە گويا ئويغاق قاراۋۇلدەك تاھىر ۋە زۆھرەلەر تۇرۇپتۇ . مانا كەڭ قوينىڭدا نەفىسە ، رابىيە - سەئىدىن ، نۇزۇگۇم ، سادىر ، رىزۋاندەك تالاي قىز - ئوغۇللىرىڭ يېتىپتۇ . ھەر سىقىم ، ھەر ئۇچۇم توپاڭغا ئۇلارنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرى ، سوۋۇماس قانلىرى سىڭگەن . مانا مەھمۇتنىڭ دىۋانى ، يۈسۈپنىڭ داستانى ، مىڭئۆي سەنئىتى ... دۇنيادا سەن بىلەن مەشھۇر ، سەن بىلەن تونۇلغان ، سەن بىلەن مۇقەددەس !

ئېھ ! تيانشان ، سەن بىزگە تولىمۇ مېھرىبان ئانىسەن . سېنىڭ مېھرىبانلىقىڭ ھەر تامچە سۇلىرىڭدا يالتىرايدۇ ، تاشلىرىڭدا پارقىراپ ئۆز ئەكسىنى كۆرسىتىدۇ . خۇددى قوينىڭدىكى ھەربىر گىياھ ، ھەربىر بۇغا - كالا ، قوي - يىلقىلىرىڭ ، بايلىق - نېمەتلىرىڭ بىز ئۈچۈن تۆرەلگەن ، ئۈنگەندەكلا . سەن مېنىڭ بۆشۈكۈم ، سەن مېنىڭ يۇرتۇم ،

سەن مېنىڭ بەخت جەننىتىمسەن ، سەن مېنىڭ مۇقەددەس ئانامسەن . مەن سېنىڭ كۆرەشچان ئوغلۇڭمەن ، مەن سەن بىلەنلا بەختىيار ئەۋلادمەن . سېنىڭ نېمەتلىرىڭ مەن ئۈچۈن بولغىنىدەك ، مېنىڭ جاپالىق ئىجاد ـ مېھنەتلىرىم سەن ئۈچۈن ، ئۇ پەقەت سەن بىلەنلا ياشايدۇ ھەم ياشنايدۇ .

( بۇ نەسىر ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى گېزىت ـ ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن چىقىرىلغان « ئۆلگىلىك ماقالىلەر توپلىمى » ناملىق مەجمۇئەدىن ئېلىندى . )

## ئەسسالام تەڭرىتاغ

مەخمۇت مۇھەممەت

ئەسسالام ، تەڭرىتاغ ئاتا !

مەن يىراقلاردىن سېنىڭ مەزمۇت ۋە يۈكسەك بەستىڭگە ، بۇلۇتقا تاقاشقان قارلىق چوققىلىرىڭغا قاراپ باللىق قەرزىم ، يىگىتلىك غۇرۇرۇم ۋە قايناق مېھرى ـ مۇھەببىتىم بىلەن ئىككى قولۇمنى كۆكسۈمگە ئېلىپ سالام بېرىۋاتىمەن . شۇ تاپتا قىزىل قانلىرىم تومۇرلىرىدا ئۇچقۇپ ـ ئۇچقۇپ ، قايناۋاتىدۇ . كۆكرىكىم سىقىلىپ يۈرىكىم گويا سىرتقا چىقىپ كەتمەكچىدەك ، ئۆز سىرلىرىنى ساڭا ئىزھار قىلماقچىدەك تىپچەكلەۋاتىدۇ . مۇبادا كۆكرەكنى يارغىلى بولغان بولسا ئىدى ، مەن يۈرىكىمنى ئېلىپ قەھرىمان دانكودەك ئېگىز كۆتۈرسەم ، سەن ئۇنى قۇياشقا ئوخشاش نۇرلۇق كۆزلىرىڭ بىلەن كۆرسەڭ ئىدىڭ . گۈل ھىدى ئارىلاشقان مەيىن شامالدەك يېقىملىق ئاۋازىڭ بىلەن ماڭا تەسەللى بەرسەڭ ئىدىڭ ، مېنىڭ شادلىق كۆز ياشلىرىم ئىلى ۋە تارىم دەرياسىدەك دولقۇنلاپ ئاققان بولماسمىدى !

ئېھ ، تەڭرىتاغ ئاتا !

سەن شۇ تاپتا گويا چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان ، ئاپئاق شايى تون كىيگەن مويسىپىت بوۋايغا ئوخشايسەن . سېنىڭ تۇرقۇڭدىن تالاي ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەنلىكىڭ بىلىنىپ تۇرىدۇ . سېنىڭ مەغرۇر سىيمايىڭ ماڭا يېشىڭنىڭ قانچە ياش ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ تۇ-رۇپتۇ !!!

سېنى ئاتا دېيىش قانچىلىك شەرەپلىك ـ هە ! چۈنكى سېنى چىن قەلبىدىن ئاتا دېيىش هەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولۇپ كەتمەيدۇ . پەقەت ئەجدادىنى بىلگەن ، ئۇنىڭ شۆھرىتىنى سېغىنغان ، ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ يېڭى ئىزلارنى قالدۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان ، ئۆز زېمىنىدىكى مۇ-قەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىش يولىدا ئىزلەنگەن ، ۋەتىنىنى ، خەلقىنى سۆيگەن كىشىلا سېنى يۈكسەك هۆرمەت ۋە چەكسىز ئىپتىخارلىق تۇي-غۇسى بىلەن ئاتا دېيەلەيدۇ . سەن مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان مەردانە يىگىت ـ قىزلارنىڭ ئاتىسى سەن . ئۇلار سېنىڭ كۆركەم سىيمايىڭدىن ئۆرنەك ئالغان ، بۈركۈتتەك قامىتىڭدىن قانات قېقىشنى ئۆگەنگەن ، ئۇلارنىڭ يۈرىكىمۇ گويا ساڭا ئوخشايدۇ .

ئېھ ، تەڭرىتاغ ئاتا !

سەن ئاتا تەبىئەتنىڭ قەھرىمان ئوغلى ، بورانلارغا بوي بەرمەس ، جۇدۇنلارغا باش ئەگمەس جەسۇر پەھلىۋانسەن ! ئاتا تەبىئەت سېنى تۇغقان چېغىدا بەلكى زۇمرەت ساما ، چىلان رەڭ تۇپراق خۇشاللىق ناخشىلىرىنى ياڭراتقان بولغىيتى ! سەن مۇقەددەس زېمىنغا گويا سېھرىي ئارغامچىدەك تارتىلغان چېغىڭدا ، پۈتكۈل كائىنات زىلزىلىگە كەلگەن بولغىيتى . ساڭا تۇنجى قېتىم « تەڭرىتېغى » دەپ ئىسىم قويۇلغاندا ، باغرىڭنى سۆيۈپ ئاققان دەريالىرىڭ ئۇسسۇل ئويناپ كۆكرىكىنى قىر-غاقلارغا ئۇرغان بولغىيتى !

ئېھ ، تەڭرىتاغ ئاتا !

سەن بىزنىڭ شۆھرەتلىك ئاتىمىز ۋە مېھرىبان ئانىمىز بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن بىزگە ئىللىق ئاتا ـ ئانىلىق مېھرىڭنى بېرىپ ، مىليون يىللارنى پاسىبانلىق قىلىپ ئۆتكۈزدۈڭ . سەن ئۆز پۈشتۈڭ بولغان قە-

دىمىكى ئەلنىڭ غەم ـ قايغۇسىنى تولا يەپ ، قۇندۇز چاچلىرىڭ كۈمۈش چاچلارغا ، يۇمران ساقال ـ بۇرۇتلىرىڭ ئەۋرىشىم ، ئۇزۇن ئاقساقال بۇ-رۇتلارغا ئايلاندى . ئەمما ،تەڭرىتاغ ئاتا ، سەن يەنىلا تېتىكسەن ، مەغرۇر ۋە ئويغاقسەن . سېنىڭ قىياپىتىڭ يەنىلا كۆكرەك كېرىپ تۇرغان قەھ-رىمان جەڭچىنىڭ قىياپىتىگە ئوخشايدۇ . سەن ئۆتكۈر كۆزلىرىڭنى يىراقلارغا تىكىپ ئۆز پەرزەنتلىرىڭنىڭ بېشىغا قونغان بەخت ـ سائادەتنى كۆرىسەن . سەزگۈر قۇلاقلىرىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايسەن .

تەڭرىتاغ ئاتا !

« ئوغۇلنىڭ مەردلىكى ئاتىغا تالىق ، قىزنىڭ ئۇزلۇقى ئانىغا تا-لىق » . سېنىڭ پەرزەنتلىرىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھالال ئەمگەك تەرى بىلەن خاسىيەتلىك قۇچىقىڭنى باغۇ بوستانلارغا ئايلاندۇردى . مۇقەددەس گۈل ـ گىياھلىرىڭنى ئەقىل ـ پاراسەت سۈيى بىلەن سۇغاردى . ئۇلار سەندىن مەردلىكنى ، تاغ يۈرەكلىكنى ، ئۆم ـ ئىناقلىقنى ، ئىتتىپاق ئۆ-تۈشنى ، بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇشنى ئۆگەنگەن . شۇڭا ، ئۇلار كۆز ئاچقۇسىز بورانلاردا ، ئاجايىپ دەھشەتلىك ۋە سۈرلۈك جەڭگاھلاردا قەھرىمانلىق ۋە باتۇرلۇقنىڭ پارلاق داستانلىرىنى ياراتتى . ئۇلار سېنىڭ يىمىرىلمەس گەۋدەڭگە ئوخشاش ئۇيۇلتاش ئىدى .

سەن فارابى قالۇنىدىن چىققان مۇقەددەس كۈينى ئاڭلاپ يىراقلارغا مەغرۇر نەزەر تاشلىغانىدىڭ . سەن يۈسۈپنىڭ « قۇتادغۇ » سى بىلەن مەھمۇتنىڭ « دىۋانى » نى كۆرگەندە بەخت كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ ، غۇرۇرلۇق ئىلكىدە كۈلگەنىدىڭ . ئامانىنساخاننىڭ ساتارىدىن چىققان كۈيى سېنى مەنىۋى ھاياتىنىڭ قوينىغا باشلاپ كىرگەنىدى ، لې-كىن ئەسىرلەر قىسمىتى بىلەن تارىم ۋە ئىلى دەريالىرى قان ـ ياشقا تو-لۇپ ئاقتى . بۇ ئاچچىق قان ـ ياشلارغا نۇزۇگۇمنىڭ دەرد ـ ئەلەملىك ، ئەمما ئىسيانكار قوشاقلىرى سىڭىپ كەتكەن . رابىيەنىڭ سارغايغان چېھرى ، يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرى كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى . ئارزۇ ـ ئارمانلىق يۈرەكلەر جاھالەت ئىسكەنجىسى بىلەن ئېزىلدى . سادىرنىڭ مەردانە ناخشىلىرى ياڭراپ ، ئابدۇخالىقنىڭ ئۆتكۈر تىغلىق شەمشىرى

قارا پەردىلەرنى يىرتىپ تاشلاشقا بەل باغلىدى . بىراق ، ئۇ تاڭ ۋىسالىنى
كۆرمەي تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ كېلىشكەن گەۋدىسىنى قارا تۇپراق ئىچىگە
يوشۇردى . لۇتۇننىڭ شېئىرلىرى قارا دەرۋازىلارغا زەمبىرەك بولۇپ ئې-
تىلغاندا ، ھېلىقى جاھالەت قىلىچى ئۇنى قىيما - چىيما قىلىپ تاشلىدى .
تەڭرىتاغ ئاتا ، سەن ھەممىگە گۇۋاھسەن ، سەن ھەممىگە ئادىل باھا-
چىسەن . غەزەپ - نەپرىتىڭ كەلكۈن بولۇپ تاشتى . مۇسىبەت كۆز يې-
شىڭ دەريا - دەريا ئاقتى . ئەمما ، سەن ئاشۇ غەپلەتنى راۋا كۆرمىگەن ،
كۇرەشچان ، ئەزىز باللىرىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدۇڭ . مىليون قۇربانلارنىڭ
قىپقىزىل قېنىدىن رەڭ ئالغان ئالتۇن قۇياش نۇرلىرىنى كۈتۈۋالدىڭ ،
تاڭ شەپىقى سېنىڭ بەختىيار مەڭزىڭدىن سۆيدى ...
تەڭرىتاغ ئاتا ! مەن يىراقلاردىن ساڭا ھۆرمەت بىلەن قاراۋاتى-
مەن . غۇرۇر ئىلكىدە ، بەختىيارلىق تۇيغۇسى ئىلكىدە ئۆتمۈشۈڭنى
ئەسلەپ ، سېنىڭ ئوغلۇڭ بولغانلىقىم ئۈچۈن چەكسىز ئىپتىخارلىنىۋاتى-
مەن . چۈنكى ، سېنىڭ بۇلۇت سۆيگەن چوققىلىرىڭ قەلبىمگە ئىلھام ،
كۈچ - قۇۋۋەت ، غەيرەت ، ئىرادە بېغىشلايدۇ . سەن ماڭا ئادەم بولۇش-
نىڭ يوللىرىنى ئۆگەتتىڭ . يۈرىكىمگە ھەقىقىي ، چىن ئەل - ۋەتەن
سۆيگۈسىنىڭ پارلاق نۇرىنى سەپتىڭ . رەھمەت تەڭرىتاغ ئاتا ، سەن
مىليون يىللار ياشاپ قال !!!
( « تەڭرىتاغ » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

مۇھاكىمە ماقالىسىنى مۇھاكىمىلىك نەسرگە ئۆزگەرتىپ يېزىش
ئۇسۇلى .
كىتابىنىڭ 1 - قىسمىنىڭ بىرىنچى بابىنىڭ 4 - بۆلىكىدە مۇھا-
كىمىلىك نەسر بىلەن مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ
ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى ھەققىدە ئەتراپلىق توختىلىپ ئۆتۈلگەچكە ، بۇ
يەردە يەنە سۆزلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق .
مۇھاكىمە ماقالىسىنى ، مۇھاكىمىلىق نەسرگە ئۆزگەرتىپ يېزىشتا
مۇنداق ئۈچ ئىش بىر تەرەپ قىلىنسا ، ئۆزگەرتىلگەن نەسر كۆڭۈلدى-

كىدەك چىقىدۇ .
بىرىنچىسى ، ئۆزگەرتىلگەن مۇھاكىمىلىك نەسىر تېگى ماھىيە-تىدىن ئالغاندا بەدىئىي ئەسەرلەر تۈرىگە تەۋە ، مۇھاكىمە ماقالىسى بولسا ئەدەبىي ئەسەرلەر تۈرىگە تەۋە ، شۇڭلاشقا مۇھاكىمە ماقالىسى ، مۇھاكى-مىلىك نەسىرگە ئۆزگەرتىلگەندە ئەسلىدىكى ھەقىقىيلىق ، چىنلىقنىڭ ئورنىغا بەدىئىي توقۇلمىنى دەسسىتىشكە بولىدۇ ، مۇھاكىمە ماقالىسىدىكى ئۈچ ئامىلنى گەۋدىلەندۈرۈشكە سادىق بولماي پەقەت مۇھاكىمىلىك خاراكتېرىنى ساقلاپ قالسىلا بولىدۇ . نەچچە ئون بەتلىك بىر پارچە مۇ-ھاكىمە ماقالىسى بىر - ئىككى بەتلىك مۇھاكىمىلىك نەسىرگە ئۆزگەر-تىلسىمۇ ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسىمۇ بولىدۇ . بۇ يەردىكى شەرت پە-قەت مۇھاكىمىلىك خاراكتېرىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت .
ئىككىنچىسى ، مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىدا لو-گىكىلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى ئاساس قىلىنغان بولسا ، ئۆزگەرتىلگەن مۇ-ھاكىمىلىك نەسىردە ئوبرازلىق تەپەككۇر ئاساس قىلىنىپ ، ئەسلىدىكى مۇھاكىمە ماقالىسىدىكى مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر جانلىق ، تەسىرلىك بە-دىئىي يول بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلسە بولىدۇ . ھەرقانداق نەسىر — لوگى-كىلىق تىل ، قايناق ھېسسىيات ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ . مانا بۇ نۇقتا ئۆزگەرتىلگەن مۇھاكىمىلىك نەسىردە چوقۇم گەۋدىلىنىشى كېرەك .
مىسال ئۈچۈن « پۇرسەت ۋە تالانت » ناملىق مۇھاكىمە ماقالىسى بىلەن« پۇرسەت ۋە ئاي نۇرى » ناملىق مۇھاكىمىلىك نەسىرنى سېلىشە-تۇرۇپ كۆرسەكلا ئوخشاش بىر مەركىزىي ئىدىيىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل ئارقىلىق ئىپچىپ بېرىلگەنلىكىنى ، مۇھاكىمە ماقالىسى بىلەن مۇ-ھاكىمىلىك نەسىرنىڭ پەرقىنى چۈشىنەلەيمىز . شۇنىڭدەك قانداق ئۆز-گەرتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلالايمىز .

# پۇرسەت ۋە تالانت

پۇرسەت پەقەت تىرىشچان ۋە چاققان كىشىلەرگىلا مەنسۇپ. تالانت ئىگىسى بولۇشتا غايە، تىرىشچانلىق، ئىرادە ۋە ئۇسۇل تولىمۇ مۇھىم، دەرۋەقە، پۇرسەتمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. كۆڭۈلدىكىدەك پۇرسەت ھەممە كىشىگە ئۇچرىشى مۇمكىن، مۇھىمى ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش ياكى پايدىلىنالماسلىقتا.

فارادېي ( 1791 — 1867، ئەنگلىيىلىك ) دۇنياغا مەشھۇر فىزىكلارنىڭ بىرسى. ئەگەر ئەنگلىيە خان جەمەتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، ئاتاقلىق خىمىك داۋىنىڭ ھىممىتى ۋە ياردىمى بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىلىم - پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقالىشى تەس ئىدى. ئۇنداقتا بۇ ئىككىيلەن قانداقلارچە تونۇشۇپ قالغان؟ ئەسلىدە داۋى ئىلمىي نۇتۇق سۆزلەشكە تولىمۇ خۇشتار ئىدى. فارادېي بولسا نۇتۇق ئاڭلاش جەريانىدا داۋىنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالدى. داۋى ئۇنىڭ قىزغىنلىقىغا ھەيران بولۇپ، دەرھاللا ئۇنى خان جەمەتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەجرىبىخانىسىدا ياردەمچى بولۇپ ئىشلەشكە تونۇشتۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن فارادېي ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتنىڭ يېڭى بىر يولىغا قەدەم قويدى.

دارۋىن ( 1809 — 1882 ) مۇ ناھايىتى چاققان كىشى ئىدى. 1831 - يىلى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ « بېگىل » ناملىق تەكشۈرۈش پاراخوتى يەر شارىنى ئايلىنىش ساياھىتى ئېلىپ بارماقچى بولدى. دارۋىن بۇنىڭ بىئولوگىيە ئۇستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىكەنلىكىنى پەملەپ، ئۆزىنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە بېرىشقا قىزىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما، دادىسى بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. ئاخىر ئۇ تاغىسىنىڭ قوللىشى بىلەن مىڭبىر تەسلىكتە مۇراد - مەقسىتىگە يەتتى. بۇنىڭدىن شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر ئۇ بۇ قېتىمقى پۇر-

سەنتتىن مەھرۇم قالغان بولسا، بەلكىم «تۇرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ئەسەر دۇنياغا كەلمىگەن بولاتتى.

جاھاندىكى تۇرلۇك - تۇمەن ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا ئۆز كۈچىگە تايىنىشنى ئاساس، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىشنى قوشۇمچە قىلىش كېرەك. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش بىلەن پۇرسەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. فارادېينىڭ كەسپىي ئاساسى بولمىغان بولسا، ئۇ دارۋىننىڭ نۇتۇقلىرىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيتتى؛ دارۋىننىڭ پەننىي قابىلىيىتى بولمىغان بولسا ئۇنىڭ تەكشۈرۈشلىرىمۇ قۇرۇق گەپكە ئايلانىغان بولاتتى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆزى تىرىشمىسا، ئالتۇندەك پۇرسەتتىن بەھرىمەن بولغان بىلەنمۇ بەرىبىر بىكار. پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ، «ئۇچمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ تەلەي سىناش تولىمۇ زىيانلىق.

(«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

## پۇرسەت ۋە ئاي نۇرى

جياۋيې

سالقىن بىر ياز كېچىسى، كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان دوستۇم بىلەن بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى كەچۈرمىشلىرىمىز توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، «شور پېشانىلىكىمدىن ھەمىشە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايمەن» دەپ ھال ئېيتتىم.

— پۇرسەت ئىشىكىڭنى بىر قېتىملا چېكىدۇ دەيدىغان گەپ بارغۇ، — دېدى دوستۇم.

— شۇنداق بولسىدى كاشكى، — دېدىم ئاچچىق كۈلۈپ.

— ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ — دېدى دوستۇم يۈزۈمگىلا، — ئەگەر ئۇنىڭ ئىشىكىڭنى چەككەنلىكىنى ئاڭلىمىغان بولساڭ، چوقۇم ئۆزۈڭنىڭ

ئاۋازى بىسىپ كەتكەن گەپ .

دوستۇمنىڭ سۆزىدىن گاڭگىراپ قالدىم ، ئىككىمىز بىر پەس زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇپ كەتتۇق .

— بۈگۈن ئاي نېمىدېگەن چىرايلىق ، — دېدى دوستۇم توساتتىن .

— ئاي چىقىپتىمۇ ؟ — سورىدىم ھەيران بولۇپ .

بىز ئۆيگە كىرىپ كەتكەندە ئاسماندا ئاي يوق ئىدى ، دېرىزە پەردىلىرى مەھكەم تارتىلغان ، ئۆيدە ئېلېكتر چىرىغى يېنىپ تۇراتتى .

ئۇ قايسى ئاينى دەيدىغاندۇ ؟

— قارا ، — دېدى دوستۇم ئىشىكنى كۆرسىتىپ ، ئىشىكنىڭ سول تەرىپىدىكى كىيىم ئاسقۇدىكى كىيىمنىڭ سايىسىگە غۇۋا ئاي نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى . سىنچىلاپ قارىغاندىلا كۆرۈنەتتى .

دوستۇم ئىشىك يېنىغا بېرىپ ، ھېلىقى نۇرغا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن :

— ئۇلار ئىشىك يوچۇقىدىن كىرگەن ، — دېدى ، — چىراغ نۇرى شۇنچە كۈچلۈك تۇرۇقلۇق ، ئاي نۇرى شۇنچە كىچىك يوچۇقتىن ئۆتۈپ ، ئىزلىرىنى قالدۇرۇپتۇ . بىراق ، سەن دىققەت قىلمىساڭ ، ئۇلارنى مەڭگۇ سەزمەيسەن ، مانا بۇ پۇرسەت .

شۇ دەقىقىدە يۈزلىرىم شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى .

راست ، بۇ پۇرسەت ، ئۇ ھەر دائىم ئىشىكىمىزنى چېكىپ تۇرىدۇ ، ئەتراپىمىزدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرىدۇ . ئۇنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلىمىغانلىقىمىز پۇشايمان ئىلكىدىكى نالە - پەريادلىرىمىزنىڭ بەك ئۈنلۈك بولۇپ كەتكەنلىكىدە . ئۇنىڭ سىيماسىنى كۆرمىگەنلىكىمىز ، خۇنۇك كۆزلىرىمىزنى ساختا ۋە ھەشەمەتلىك پەردىلەرنىڭ توسۇۋالغانلىقىدا ، شۇ سەۋەبتىن بىز گاس ، ئەما ھەم كېسەل كىشى بولۇپ قالدۇق .

پۇرسەت پۇت - قوللىرىمىزنى بوشىتىۋالدىغان ، راھەتلىنىپ ياتىدىغان ماموق كۆرپە ئەمەس ، بەلكى بىزنى ھەر ۋاقىت سەگەكلەشتۈرىدىغان ، ھەر دائىم ئالغا بېسىشقا ، بوشاشماي تىرىشىشقا ئۈندەيدىغان

ئۇچلۇق بېگىز . رودېن : « بۇ دۇنيادا گۈزەللىك كەم ئەمەس ، گۈزەل-
لىكنى بايقايدىغان كۆز كەم » دېگەندى . شۇنىڭغا ئوخشاش ،بۇ دۇنيادا
كەم بولۇۋاتقىنى پۇرسەت بولماستىن ، بەلكى پۇرسەتنى بايقايدىغان ۋە
پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيدىغان قەلبنىڭ كەم بولۇۋاتقانلىقىدا . شۇڭا ،
ھەرگىزمۇ تەقدىردىن ئاغرىنمايلى ، ئايدىڭ كېچىلەردە ئىشىك يوچۇقلى-
رىدىن كىرگەن ئاي نۇرلىرىغىمۇ دىققەت قىلايلى .
( « تەرمىلەر » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

رەسىمگە قاراپ نەسىر يېزىش ئۇسۇلى .

يۇقىرىدا شېئىرنى نەسرگە ئۆزگەرتىش مەشقى ھەققىدە سۆز-
لىگەندە ، لىرىك شېئىرلارنىڭ قەسىدە ، مەرسىيە ، سىياسىي لىرىكا ،
ئىنتىم لىرىكا ، مۇھەببەت لىرىكىسى ، تەبىئەت لىرىكىسى ... قاتارلىق
تۈرلىرى بارلىقى ، لىرىك شېئىرلارنىڭ بۇ تۈرلىرىنى نەسرلەرگىمۇ
قىسمەن ھالدا تەدبىقلاشقا بولىدىغانلىقى يەنى بەزى نەسرلەر قەسىدە
خاراكتېرىنى ، بەزىلىرى ئىنتىم لىرىكا خاراكتېرىنى ئالىدىغانلىقى يەنە
بەزىلىرىدە تەبىئەت مەنزىرلىرى نۇقتىلىق سۈرەتلىنىدىغانلىقى سۆزلەپ
ئۆتتۇلدى . ئوقۇغۇچىلار يازغان نەسرلەر بولۇپمۇ لىرىك نەسرلەرنىڭ
تېمىلىرىمۇ مۇشۇ دائىرىدىن يىراقلاپ كەتمەيدۇ . مىسال ئۇچۇن ئال-
ساق ، ئۇلار يازغان « شام » ، « ئانا » ، « ئۇستاز » ، « كىتاب » ...
دېگەنگە ئوخشاش ماۋزۇلاردا يازغان نەسرلىرى قەسىدە خاراكتېرىنى
ئالسا ، « باھار » ، « كۈز » ، « تۇنجى قار » ، « گۈزەل يۇرتۇم » ،
« چېچەك » ... دېگەنگە ئوخشاش ماۋزۇلاردا يازغان نەسرلىرى تەبىئەت
لىرىكىسى خاراكتېرىنى ئالىدۇ .

رەسىمگە قاراپ نەسىر يېزىش بولسا ـ ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى يې-
زىۋاتقان نەسرگە ماس كېلىدىغان ، تەپەككۇرىنى يەنىمۇ ئېچىشقا يار-
دەم بېرىدىغان رەسىملەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ يېزىشنى ياكى ئوقۇتقۇچى
مۇشۇنداق ئۇسۇلدىكى مەشىققە تەشكىللەشنى كۆرسىتىدۇ . ھازىر ئاجا-
يىپ گۈزەل كۆرۈنۈشلەر سۈرەتلەنگەن مەنزىرە رەسىملىرى ، مەنزىرى-

مۇ ، ئادەملەرمۇ گىرەلەشتۇرۇلۇپ سىزىلغان رەسىملەر ، مەلۇم ئادەم-
لەر ، مەلۇم ئىشلار سۈرەتلەنگەن رەسىملەر كېيىنكى ـ ژۇرناللاردىمۇ ،
شىنخۇا كىتابخانىلىرىدىمۇ ھەر دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ . بۇلارنى ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ ئۆ-
زىمۇ زور ماھارەت ھېسابلىنىدۇ . مىسال ئۈچۈن ئالساق ، بىز بىر قېتىم-
لىق يېزىقچىلىق مەشقىدە مەلۇم سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى « مۇقام »
دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا بىر پارچە لىرىك نەسىر يېزىشقا تەشكىللىدۇق دې-
سەك ، بۇ نەسىرنى يېزىشتىكى مەقسەت ـ تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ،
ئۆلگە كۆرسىتىش بىلەن بىللە پەخىرلىك رەسسامىمىز غازى ئەھمەدنىڭ ،
ئوقۇغۇچىلار يازماقچى بولغان مانا مۇشۇ تېمىدا سىزغان رەسىمىنى بۇ
مەشىق جەريانىدا كۆرسەتمىلىك قورال قىلىپ تۇرۇپ يازدۇرساق ، ئو-
قۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى يەنىمۇ ئېچىشقا ، كۆزىتىش ، تەسەۋۋۇر قى-
لىش ، باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە زور دەرىجىدە
پايدىسى بولىدۇ .

بۇ خىل ئۇسۇلدا نەسىر يازدۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى ، مەلۇم جاينىڭ
ئەمەلىي مەنزىرىسى ياكى مەلۇم ئىش ، ئادەمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ياز-
دۇرغاندىنمۇ ياخشى بولىدۇ .

يۇقىرىقىلار نەسىر يېزىش ، يازدۇرۇش جەريانىدا پايدىلىنىش
ئۈچۈن بېرىلگەن قوشۇمچە مەشىق ئۇسۇللىرىدىن ئىبارەت .

# ئۆرنەك ۋە مەشقلەر

1 . تۆۋەندىكى شېئىرنى لىرىك نەسىرگە ئۆزگەرتىپ يېزىڭ . ئۆزگەرتىپ يېزىشتىكى تەلەپ ① ئۆزگەرتىپ يازماقچى بولغان نەسىرنىڭ ۋە ئەسلى شېئىرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان بىر ماۋزۇ تاللاپ قويۇڭ . ② بۇ ئالتە كۇپلېتلىق شېئىرنىڭ ھەر بىر كۇپلېتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كونكرېتنى مەزمۇنغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ يازماقچى بولغان نەسرنىڭ ئومۇمىي پىكىر قۇرۇلمىسىنى ، ئابزاسلىرىنى بەلگىلەپ ئاندىن يېزىشقا كىرىشىڭ . ③ لىرىك ئوبراز « مەن » نىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى سۈرەتلەشكە ئەھمىيەت بېرىڭ . ④ تەسۋىرلەش ، بەدىئىي ۋاستىلەرنى قوللىنىش ، ئوبرازلىق تىل ئىشلىتىش جەھەتتە ئىجادىيلىققا ئەھمىيەت بېرىڭ .

## ئاي نۇرىغا چۆمۈلسە ئەگەر ...

ئەنۋەر ھاشىم

ئايدىڭ كېچە ، كېتىپ بارىمەن
ئۈندەك يۇمشاق توپىلىق يولدا ،
تۈن پەيزىنى سۈرۈپ بارىمەن ،
ئەپچىل ئېغىز گارمۇنۇم قولدا .

سەپ تۈزۈشكەن ئىككى قاسناقتا ،
چال جىگدىلەر ، نوتا تېرەكلەر .
يوپۇرماقلار ياڭراق چاۋاكتا ،
تىمتاسلىقنى كۆي بىلەن بىزەر .

سەھرا ئوغلى ئۇچۇن چوڭ ھوزۇر
ياز تۈنىنىڭ سالقىن ھاۋاسى.
يۈرىكىمدە قوزغايدۇ غۇرۇر،
تومۇزغىنىڭ «چىر - چىر» ساداسى.

سالا - سالا كەتكەن بۇغدايلار
چايقىلىدۇ مەيىن شامالدا.
كۆرۈنمەيدۇ سەل يىراق جايلار،
ئاي بۇلۇتنى قىلغاندا دالدا.

بار نۇرىنى تۆكۈپ يۇلتۇزلار،
ئېھتىرامدا قىلىشار تارتۇق.
گۈزەللىكتىن مەست بولۇپ دىللار،
راھەتلىنىپ چىقىدۇ ھاردۇق.

بىرەر جەننەت ھۆسنىنى تۈگەل،
تۈندە ماڭا بۇ سۆيۈملۈك يەر.
كۆرۈنەر ئۇ نەقەدەر گۈزەل
ئاي نۇرىغا چۆمۈلسە ئەگەر.

(«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

2. تۆۋەندىكى «قەدىر - قىممەت» ناملىق بۆلەكلەر بويىچە دەلىللەنگەن مۇھاكىمە ماقالىسىنى مۇھاكىمىلىك نەسرگە ئۆزگەرتىپ يېزىڭ. ئۆزگەرتىپ يېزىشتىكى ئۇسۇل ۋە تەلەپ: ① ماۋزۇ ئەينەن ساقلاپ قېلىنسۇن. ② ئۆزگەرتىپ يېزىش جەريانىدا كىتابنىڭ 2 - قىسمىنىڭ 1 - بابىنىڭ 4 - بۆلىكىدە ئۆرنەك ئۈچۈن بېرىلگەن «تەلەي قەلبىڭدە»، «دانا بىلەن نادان»، «تولۇن ئاي بىلەن سۆھبەت»، «تاللاش»، «شادلىق» ... قاتارلىق نەسرلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئوي - پىكىرنى ئوبرازلىق ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆرنەك قىلىشىڭىز بو-

لىدۇ . ③ ئۆزگەرتىش جەريانىدا زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارىسىڭىز خىيال ، فانتازىيە ، ھېكايە سۆزلەش ، بايان قىلىش ، سوئال - جاۋابلىق مۇنا-زىرە ... قاتارلىقلارنىڭ خالىغانلىرىدىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ . ④ ئۆز-گەرتىلگەن مۇھاكىمىلىك نەسرنىڭ سۆز - جۈملىلىرى ئوبرازلىق ، لى-رىك ھېسسىيات قويۇق بولسۇن .

## قەدىر - قىممەت

ئەگەر ھاياتلىق دەرەخ بولسا ، قەدىر - قىممەت ئۇنىڭ يىلتىزى ؛ ئەگەر ھاياتلىق سۇ بولسا ، قەدىر- قىممەت ئۇنىڭ ئېقىنى ؛ ئەگەر ھايات-لىق ئوت بولسا ، قەدىر - قىممەت ئۇنىڭ يېقىلغۇسى ؛ ئەگەر ھاياتلىق قارچىغا بولسا ، قەدىر - قىممەت ئۇنىڭ قانىتى .

ھەقىقىي قەدىر - قىممەت ھاياتلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ . ئۇ ئادەم-نىڭ كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن ، ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش سۈپىتىنىمۇ نامايان قىلىدۇ .

مەيلى باي ئادەم بولسۇن ، مەيلى ئادەتتىكى ئادەم بولسۇن ، ھەم-مىسىنىڭ ئوخشاشلا قەدىر - قىممىتى بولىدۇ . بايلىقنىلا ئۆلچەم قىلىدىغان بايلارنىڭ قەدىر - قىممىتى بولسا پۇل بىلەن ئېرىشكەن ساختا قەدىر - قىممەت بولۇپ ، ھامان كۆنلەرنىڭ بىرىدە گۇمران بولىدۇ . ئۇلار ھەقى-قىي قىياپىتىنى تونۇپ يەتكەندە ، ئىززەت - ئابرۇيىمۇ تۆكۈلۈپ بولغان بولىدۇ .

قەدىر - قىممەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ، ئادەمدە يۈكسەكلىك بولۇشى كېرەك . چۈنكى ، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئالىيجانابلىق قەدىر - قىممەت مۇقەددىمىسىدۇر .

قەدىر - قىممىتىنى يوقاتقان ئادەم روھى جەھەتتىن چۈشكۈن-لەشكەن ئادەمدۇر . ئۇلار باشقىلارنىڭ پائال ئالغا ئىلگىرىلىشىنى كۆرەل-مەيدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ . قەدىر - قىممىتىنى يوقىتىشىنىڭ ئۆزى سەرگەردانلىقنىڭ بېشارىتى . چۈشكۈنلۈك بولسا

قەدىر - قىممەتنى دەپسەندە قىلىدىغان گۆر . ئۇ ئىرادىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ . بەزىلەر ئۆزى خالىغان هالدا قەدىر - قىممىتىدىن ۋاز كېچىدۇ . بۇنداقلار ۋۇجۇدىنى قۇلچىلىق ئىدىيىسى چىرماپ كەتكەن ئادەملەردۇر .

ئەگەر ، هوقۇقنىڭ ، پۇلنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ ، روهىي يېتەكچىنى ئۆزگەرتىۋەتكەندە ، قەدىر - قىممەت ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ . بۇ چاغدا كىشىلىك قەدىر - قىممەتنىڭ رولى يوقاپ ، روهنى زىننەتلەيدىغان قۇرۇق رەڭدار قەغەزگىلا ئايلىنىپ قالىدۇ .

( « شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

3 . تۆۋەندە ئىككى پارچە رەسىم بېرىلدى . سىز بۇ رەسىملەرگە قاراپ مۇنۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ . ① سىزنىڭچە بۇ رەسىملەرنىڭ مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈرگەن هەم ئۆزىڭىزنىڭ لىرىك هېسسىياتىڭىزنى ، تەسەۋۋۇر ، خىياللىرىڭىزنى ، ئوي - پىكرىڭىزنى ئىپادىلىگەن ئاساستا هەر بىر رەسىمگە بىر پارچىدىن نەسىر يېزىپ چىقىشقا بولامدۇ ، يوق ؟ ② ئەگەر نەسىر يېزىپ چىقىشقا مۇمكىن بولسا هەربىر رەسىمنىڭ مەزمۇنىنى ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان نەسىر تۈرلىرىدىن قايسى تۈرنى تاللاش مۇۋاپىق ؟ ③ بىرىنچى پارچە رەسىمگە قاراپ يازغان نەسىردە بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ تۈرلىرىدىن قايسى بەدىئىي ۋاستە كۆپ قوللىنىلسا مۇمكىن ، ئىككىنچىسىدىچۇ ؟

ئەگەر بۇ رەسىملەرنىڭ مەزمۇنىنى ، ئېستېتىك قىممىتىنى يورۇتقان ئاساستا نەسىر يېزىشقا قۇربىم يېتىدۇ دەپ قارىسىڭىز ، يۇقىرىدىكى ئۈچ مەسىلىگە ئۆزىڭىز قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بەرگەندىن كېيىن يازماقچى بولغان نەسىرنىڭ پىكىر قۇرۇلمىسى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ ، قەغەز يۈزىدە ياكى كاللىڭىزدا تىزىس تۈزۈۋالغاندىن كېيىن ئىككى پارچە نەسىر يېزىڭ .





## 7 . ھەرقايسى ژانىرلارغا باب كېلىدىغان يەنە بىر قىسىم مەشىقلەر

يۇقىرىدا بايان ، چۈشەندۈرۈش ، مۇھاكىمە ماقالىلىرى ھەمدە نەسىر يېزىقچىلىقى ھەققىدە بىر قىسىم قوشۇمچە مەشىق ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلدى ۋە ئۈرنەك ، مەشىقلەر بېرىلدى . تۆۋەندە بۇ تۆت چوڭ تۈرگە ھەمدە باشقا بىر قىسىم تۈرلەرگىمۇ باب كېلىدىغان بىر نەچچە خىل مەشىق ئۇسۇللىرى ھەققىدە چۈشەنچە ۋە مەشىقلەر بېرىلىدۇ . خەلقىمىز ئارىسىدا : « كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق » دېگەن تەمسىل بار . تۆۋەندە بېرىلگەن بۇ چۈشەنچىلەر ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ تەپەككۇر قىلىش ، كۆزىتىش ، يېزىش ماھارىتىنىڭ يەنىمۇ ئۆسۈشىگە ، يەنىمۇ كەڭلىككە ، چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولۇشىغا ياردىمى بولار دېگەن ئۈمىدتىمەن .

تولۇقلاپ يېزىش مەشىقى . بۇ خىل مەشىق ، ماھارەت سىناش ئۈچۈن مەلۇم جايلىرى كەم ھالدا بېرىلگەن ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ كەم جايلىرىغا كېرەكلىك بولغان سۆز ياكى جۈملە ۋە ياكى ئابزاسلارنى چوڭقۇر ئويلىنىش ئارقىلىق دەل ، مۇۋاپىق ھالدا تولۇقلاپ يېزىشنى كۆرسىتىدۇ . بۇ خىل مەشىق ئارقىلىق شۇ مەشىقنى ئىشلىگۈچىلەرنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ، تەپەككۇر قىلىش ، ئىنكاس قايتۇرۇش تېزلىكىنى ، ئەقىل - پاراسىتىنى سىناپ كۆرگىلى بولىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ماقالە - ئەسەر يازغاندا ھالقىلىق سۆز ، جۈملەلەرنى ئابزاسلارنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ يېزىش ماھارىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ .

بۇ خىل مەشىق تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە ئېلىپ بېرىلىدۇ .

① ئەسەرنىڭ باش قىسمىنى تولۇقلاپ يېزىش : بۇ مەشىقتە ، باشتىكى بىر ياكى بىر نەچچە ئابزاس ياكى كۇپلېتلىرى ئېلىۋېتىلگەن خالىغان ژانىر تۈرىدىكى بىر پارچە ئەسەر سىنىپ ، كۇرۇۋۇك ئىچىدە ئوقۇلىدۇ . ئوقۇغۇچىلار ئاڭلاپ يازىدۇ . يازدۇرۇلغاندا تېكىست ئىچىدىكى بارلىق بەلگىلەر ، ئابزاس ، كۇپلېتقا ئايرىلىشلار تولۇق ئەسكەرتىپ ياز-

دۇرۇلىدۇ . ئوقۇغۇچىلار بۇ ئەسەرنى مەشىق دەپتىرىگە يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ باش قىسمىنى تولۇقلاپ يېزىشقا تەشكىللىنىدۇ .

② ئەسەرنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى تولۇقلاپ ، ئۇلاپ يېزىش : بۇ مەشىقتە ئوتتۇرىدىكى بىر ياكى بىر نەچچە ئابزاس ۋە ياكى كۇپلېتلىرى ئېلىۋېتىلگەن خالىغان ژانىر تۈردىكى بىر پارچە ئەسەر سىنىپ ، كۇ-رۇژۇك ئىچىدە ئوقۇپ بېرىپ يازدۇرۇلىدۇ ، مەشىققە تەشكىللىنىدۇ . ما-قالە - ئەسەرنى ئاڭلاپ يازدۇرۇش ، مەشىققە تەشكىللەش يۇقىرىدىكى مەشىق ئۇسۇلىغا ئوخشاش ئېلىپ بېرىلىدۇ .

③ ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى تولۇقلاپ يېزىش : بۇنىڭدا ئا-خىرىدىكى بىر ياكى بىر نەچچە ئابزاس ۋە ياكى كۇپلېتلىرى ئېلىۋېتىل-گەن خالىغان ژانىر تۈردىكى بىر پارچە ئەسەر يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بو-يىچە مەشىققە تەشكىللىنىدۇ .

④ بىر پارچە ئەسەرنىڭ ھەرقايسى ئابزاسلىرىدىكى كەم سۆز - جۈملىلەرنى تولۇقلاپ يېزىش : بۇ مەشىقتە ھەرقايسى كۇپلېت ياكى ھەرقايسى ئابزاسلاردىكى ھالقىلىق بىر نەچچە سۆز - جۈملە ئېلىۋېتىلگەن ئەسەر يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە ئوقۇپ بېرىپ مەشىققە تەشكىللىنىدۇ .

# ئۆرنەك ۋە مەشقلەر ( 1 )

تـۆۋەندە « شەخسنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە مەسئۇلىيىتى » دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ ئاخىرقى بىر ئابـزاسى بېرىلدى . سىز بۇ ئابزاسنى ئوقۇپ كۆرۈپ بۇ ماقالىنىڭ بېشـدىكى ئابزاسلارنى تولۇقلاپ يېزىڭ .

كونىلاردا : « بىر تۈپ دەرەخ ئورمان بولماس » دېگەن تەمسىل بار . توغرا ، بىر تۈپ دەرەخنى ئەلۋەتتە ئورمان دېگىلى بولمايدۇ . ئۇ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ . لېكىن ، ئورمان ئاشـۇ بىر تۈپ ، بىر تۈپ دەرەختىن ھاسىل بولىدۇ . ئەگەر بۇ ئورمانـدىكى دەرەخلەر بىر تۈپ ، بىر تۈپتىن قۇرۇپ كەتسە ئورمانمۇ مەۋجۇت بـولمايدۇ . ھەربىر شەخسنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ، قەدىر ـ قىممىتى ، كىشىلىك ھايات دۇنياسىغا قوشقان تۆھپىسىمۇ ئەنە شۇنداق بولىدۇ . ئەگەر ئاشۇ « ئورمان » نى تەشكىل قىلىدىغان ھەربىر شەخسنىڭ ئۆزى يـاشاۋاتقان جەمئىيەتكە نىسبەتەن مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بولمىسا ، كۆز ئالدىدىكى مەسىلىلەرگە « مەن بىرلا ئادەمغۇ » دېگەن پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلسا ، بۇنداق ئادەملەر ئاشۇ « ئورمان » دىكى بىر تۈپ ، بىر تۈپتىن قۇرۇپ كەتكەن دەرەخكە ئوخشاپ قالىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ .

2 . تـۆۋەندە بىر پارچە بايان ماقالىسىنىڭ بېشىدىكى بىر ئابزاسى ۋە ئاخىرقى بىر ئابزاسى بېرىلدى . سىز بۇلارنى ئوقۇپ كۆرۈپ ، ئوتتۇرىدىكى مەزمۇننى تولۇقلاپ يېزىڭ . تولۇقلاپ يازغىنىڭىز بېرىلگەن باش ۋە ئاخـىرقى ئابزاس بىلەن باغلانغان بولسۇن ، بايانىڭ ئامىللىرى گەۋدىلەندۈرۈلسۇن ، ماقالىغا مۇۋاپىق ماۋزۇ قويۇلسۇن .

سائەتنىڭ قاتتىق جىرىڭلىشى مېنى ئويغىتىۋەتتى . سائەتكە قا-

رىسام سائەت ئىستىرىلكىسى يەتتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ . مەكتەپكە با-رىدىغانغا يەنە يېرىم سائەت ۋاقىت بار ئىكەن ئەمەسمۇ . شۇنىڭ بىلەن ئېرىنچەكلىك قىلىپ ياستۇققا بېشىمنى قويۇپ يەنە ئۇخلاپ قاپتىمەن . بىر چاغدا ئانامنىڭ :

— قىزىم ، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ، مەكتەپكە بارىدىغان ۋاقىت توشتى ، — دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا سا-ئەت سەككىزگە داڭ ئۇردى .

شۇ قېتىملىق ئاچچىق ساۋاقتىن كېيىن مەن ئاخشىمى دەرس تەكرارلايدىغان ، تاپشۇرۇق ئىشلەيدىغان ، ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ بولۇپلا بالدۇر ئۇخلاپ ، ئەتىسى سەھەر تۇرىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈردۈم .

3 . تۆۋەندە « بىزمۇ كەشپىياتچى بولالايمىز » ناملىق بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ باشتىكى ئابزاسلىرى بېرىلدى . سىز بۇ ئابزاسلارنى ئوقۇپ كۆرۈپ كېيىنكى ئابزاسلارنى تولۇقلاپ يېزىڭ ۋە ما-قالىنىڭ خۇلاسىسىنى چىقىرىڭ .

قەدىرلىك دوست ، بىز كۈندىلىك تۇرمۇش ، ئۆگىنىش ، خىز-مەتلەردە پايدىلىنىۋاتقان نەرسە - كېرەك ، مەۋقۇلاتلارنىڭ ھەممىسى تەبىئەت دۇنياسىدا ئەزەلدىن بار بولغان ئەمەس ، بەلكى ئىنسانلار كەش-پىياتىنىڭ نەتىجىسىدۇر . ئەتراپىڭىزغا قاراپ بېقىڭ . سىز سانايمۇ تۈ-گىتەلمەيدىغان بۇ كەشپىياتلار نېمىدېگەن كۆپ - ھە ؟ بۇ تۈرلۈك - تۈمەن كەشپىياتلارغا قاراپ ، مەنمۇ نېمە ئۈچۈن ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان بىرەر نەرسە كەشىپ قىلالمايدىغاندىمەن ؟ بۇنداق كەشپىياتلارنى يارىتالايدىغانلار قانداق ئادەملەردۇ ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ قالىدىغانسىز .

بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي . ئۇ بولسىمۇ كۆزىتىش ، بايقاش ، جاپالىق ئەجىر قىلىش ۋە سىناق قىلىشتىن ئىبارەت . 20 - ئەسىردىكى ئىنسانلار تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئون چوڭ كەشپىياتنىڭ بى-رىنچىسىنى بەلكىم سىز تېلېۋىزور ياكى ئالەم كېمىسى ، سۇنئىي ھەمراھ ياكى ئاپتوموبىل ياكى بولمىسا كومپيۇتېر بولسا كېرەك ، دەپ قارىشىڭىز

مۇمكىن . دەرۋەقە سىزنىڭ قارىشىڭىزدىكىدەك بۇلارمۇ چوڭ كەشپى- ياتلاردۇر . بۇلاردىن باشقا يەنە ئەڭ چوڭ كەشپىيات بۇلار بولماستىن ، بەلكى بىز تۇرمۇشىمىزدا نەزىرىمىزگىمۇ ئېلىپ قويمايدىغان سېرىتمىدىن ئىبارەت . بۇ جاۋابتىن سىز ھەرقانداق كەشپىياتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە كۆزنىتىش ، بايقاش ، جاپالىق ئەجىر قىلىش ۋە سىناق قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغايسىز .

مىسال ئۈچۈن يەنە بىز كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىۋاتقان بول- ساقمۇ دىققەت قىلمايدىغان ، ئاددىي ، ئەمما پۈتكۈل ئىنسانلار ئۆز پائالى- يەتلىرىدە پايدىلىنىۋاتقان كەشپىياتلاردىن مىسال ئېلىپ باقايلى :

ئەينى يىللىرى ، ئامېرىكىدىن ياۋروپاغا مال يۆتكىگەندە پاراخوت سەپىرىدە چاقماق قەنت نەملىشىپ زور قىسمى كاردىن چىقىپ كەتكەن . ئامېرىكىلىق بىر ياش مال قاچىلانغان يەشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئۇ- دۇل قىلىپ بىر تۆشۈك تېشىشنى كەشىپ قىلغان . بۇ تۆشۈكتىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا ، چاقماق قەنت نەملىشىپ بۇزۇلۇپ كەت- مەيدىغان بولغان . ھېلىقى ياش بۇ كەشپىياتى ئارقىلىق بىر مىليون دوللارغا ئېرىشكەن .

ئامېرىكىلىق جوسىف دېگەن پادىچى بالا قوي بېقىۋاتقاندا ، قويلارنىڭ ھېچقانداق گۈللۈكنى بۆسۈپ ئۆتۈپ زىرائەتلىككە كىرىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ، ھەمىشە ئايلىنىپ ئۆتىدىغانلىقىنى ، بۇنىڭ سەۋەبى- نىڭ قوينىڭ گۈلنىڭ تىكىنىدىن قورققانلىقىدىن بولغانلىقىنى بايقاپ ، تىكەنلىك سىمنى كەشىپ قىلغان . كېيىن ئۇ باشقىلار بىلەن شېرىكلى- شىپ مەخسۇس تىكەنلىك سىم ئىشلەيدىغان زاۋۇت قۇرغان ، كېيىن بۇنى ھەربىي ساھەگىچە كېڭەيتكەن . ئۇ بۇ ئارقىلىق شۇنچىلىك بېيىپ كەتكەنكى ، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئون بىر بوغالتىر بىر يىلغا يېقىن ۋا- قىت سەرپ قىلىپ ئاران ھېسابلاپ چىقالىغان .

ئامېرىكىلىق نامرات رەسسام لىپمان قېرىنداشنىڭ ئۇستىگە ئۆ- چۈرگۈچنى چاتسا يېزىش ـ ئۆچۈرۈشكە قولايلىق بولىدىغانلىقىنى باي- قاپ ، ئۆچۈرگۈچلۈك قېرىنداشنى كەشىپ قىلىپ ، پاتېنت ھوقۇقىغا ئې-

رىشكەن ، كېيىن ئۇ بۇ پاتېنتنى « RABAR » ( رابار ) قېرىنداش يا-
ساش شىركىتىگە بەش يۈز ئەللىك مىڭ دوللارغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ ، قال-
تىس بېيىپ كەتكەن .

ياپونىيىلىك بىر كىشى ئۆستىگە ھەر خىل ئۇچۇر ۋە ساۋاتلار بېسىلغان تازىلىق قەغىزىنى ئىجاد قىلغان . بۇ خىل تازىلىق قەغىزى ئىستېمالچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپ كۆپلەپ ئىشلەپ چىقىرىلغان . ئامېرىكىلىق مارىك تىۋىن دېگەن بىر كىشى بەلتاسمىنى كەشىپ قىلغان ، بۇ ئامېرىكا تارىخىدىكى يىگىرمە بەش داڭلىق پاتېنتنىڭ بىرى بولۇپ قالغان .

بۇلارنى قويۇپ تۇرۇپ ، ئۆز ئەتراپىمىزدا يېقىنقى يىللاردىن بىرى يېتىشىپ چىققان كەشپىياتچىلاردىن مىسال ئالساق ، تۇرپان شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مۇھەممەت تۆمۈرنىڭ كەشپىياتى « گاز ئوچاقتىن گاز قېچىشنى ئاپتوماتىك كونترول قىلىش بىخەتەرلىك قۇرۇلمىسى » دۆلەت پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىپلا قالماي ، ھازىرقى زامان يېڭى پەن - تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ سىلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىدە « ئالتۇن » مۇكاپاتقا ئېرىشكەن . يەنە ئۇ كەشىپ قىلغان « پاراۋايلارنىڭ ئاپتوماتىك گاز چىقىرىش قۇرۇلمى-
سى » بىلەن پۇتنى ئاغرىتمايدىغان « قوش پاشنىلىق ئايالچە ئاياغ » مۇ دۆلەت پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن .

قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزىلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ گۈزەل سەن-
ئەت ئوقۇتقۇچىسى يىگىرمە بىر ياشلىق ئابدۇخەبەر ئابدۇسەمەتنىڭ ، ھەركىم ئۆز خالىغان رەقەمنى نومۇر قىلىۋالسا بولىۋېرىدىغان مەخپىي نومۇرلۇق ۋېلسىپىت ، ئۇزارتقىلى ھەم قىسقارتىپ يىغىپ قويغىلى بولىدى-
غان چېلەك ، يورۇقلۇقنى ئۇچ خىل ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان ئۆمرى ئۇ-
زۇن لامپۇچكا ، كۆپ ئىقتىدارلىق پاترون قاتارلىق تۆت خىل كەشپىياتى يېقىندا دۆلەت پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن .

رايونىمىز نەۋەسىدىن بۇنداق مىساللاردىن نەچچە ئوننى كەلتۈ-
رۈش مۇمكىن . بۇ كەشپىياتچىلار ئىچىدە ياشانغانلارمۇ ، ئوتتۇرا ياش-

لىقلارمۇ، ئۆسمۈرلەرمۇ، مەدەنىيەت، تېخنىكا سەۋىيىسى يۇقىرىلارمۇ، تۆۋەنلەرمۇ بار.

4. تۆۋەندىكى ماقالىنىڭ ھەرقايسى ئابزاسلىرىدىكى بىر قىسىم ھالقىلىق سۆزلەرنىڭ ئورنىغا كۆپ چېكىت بېرىلدى. سىز ماقالىنى ئوقۇپ، كۆپ چېكىت ئورنىغا دەل كېلىدىغان سۆزلەرنى تاللاپ يېزىڭ.

## مىخ

بىر بالىنىڭ ... ناھايىتى يامان ئىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا بىر قاپ مىخ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— سەن ھەر قېتىم ئاچچىقلانغىنىڭدا رىشاتكىغا بىر تال مىخ قاققىن، — دەپتۇ.

بىرىنچى كۈنى بالا ... 37 تال مىخ قېقىپتۇ. كېيىنچە مىخ قاقىدىغان ... بارا ـ بارا ئازىيىپتۇ. بالا ... ئاچچىقىنى كونترول قىلىشنىڭ رىشاتكىغا مىخ قېقىشتىن ئاسان ئىكەنلىكىنى ... ئۇ بۇنى دادىسىغا ئېيتقاندا دادىسى بۇ نۆۋەت بالىنى ئاچچىقلانمايدىغان كۈنى بىر تال مىخ ... بۇيرۇپتۇ.

كۈنلەر ... ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى بالا دادىسىغا ... مىخنى سۇغۇرۇپ بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. دادىسى بالىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ رىشاتكىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ بالىسىغا:

— ياخشى ئورۇنداپسەن. .. رىشاتكىدىكى تۆشۈككە قاراپ باققىن، ئۇ ئەمدى ... ئوخشىمايدۇ. سەن ئاچچىقلىنىپ ... ئۇنىڭدا مۇشۇنداق ... بىرى قالىدۇ. ئەگەردە سەن بىر كىشىگە پىچاق سېلىپ تارتىۋالساڭ، مەيلى قانچە ... ئەپۇ سورىساڭمۇ ئۇنىڭدا ... جاراھەت ئىزى قالىدۇ. تىل جەھەتتىكى ئازار بېرىش ... جەھەتتىن ئازابلىغانغا ئوخشاش ... ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دوستلىرىڭ ... قىممەتلىك. ئۇلار سېنى خۇشال قىلىدۇ. سېنى ... قازىنىشىڭغا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

ئۇلار سىنىڭ ... سۆزلىرىڭنى ئاڭلايدۇ . سىنى تەرىپلەيدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار يەنە دائىم كۆڭۈل دەرۋازىسىنى ساڭا ... ئاچىدۇ ، — دەپتۇ .

دوستۇم ، دوستلۇقنى قەدىرلەپ ، دوستلىرىڭىزغا ئاقلانە مۇئامىلە قىلىڭ . بۇ ھېكايىنى ... دوستلىرىڭىزغا سۆزلەپ بېرىڭ .

ئەسەر ژانىرى ۋە تۈرلىرىنى ئايرىغۇزۇش مەشقى : بۇ خىل مەشقنى ئېلىپ بېرىشتا ماۋزۇلىرى ياكى باش تېمىسى ئوخشاش ئەمما ژانىرى ياكى كونكرېتنى تۈرلىرى ئوخشاش بولمىغان بىر نەچچە پارچە ئەسەر توپلىنىپ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇپ چىقىشقا تەشكىللىنىدۇ ياكى ئوقۇپ بېرىلىدۇ . ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەر بىر پارچە ئەسەرنىڭ ژانىرى ياكى تۈرلىرىنى ئايرىشقا تەشكىللىنىدۇ .

بۇ خىل مەشقنىڭ مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك ئەھمىيىتى بار .

بىرىنچىسى ، ئوقۇغۇچىلار بۇ مەشىق ئارقىلىق ئوخشاش بىر باش تېمىنى ، ئوخشاش بىر مەقسەتنى ئوخشاش بولمىغان ماتېرىيال ، شەكىل ئارقىلىق ئىپچىپ بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى ، بىر پارچە ئەسەر يېزىشتا ماتېرىيال تاللاش ۋە بۇ تاللىغان ماتېرىيالنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسى ، بۇغداي ئۇنىدىن ئىبارەت بىر ئاساسىي ماتېرىيالدىن تەمى ، رەڭگى ئوخشاش بولمىغان يەتمىش ئىككى خىل تاماق راسلىغىلى بولىدىغانغا ئوخشاش بىر ماھارەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرغىلى بولىدۇ .

ئىككىنچىسى ، ماقالە ـ ئەسەر ئوقۇغاندا ، ئوقۇغان شۇ ئەسىرىنىڭ ژانىرى ۋە تۈرىگە باھا بېرەلەيدىغان ، ئىجادىيەتكە كىرىشكەندە ئوي ـ پىكىرنى ئەڭ ياخشى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان شەكىلنى ، تۈرنى تاللىيالايدىغان ماھارەتكە ئاساس سالغىلى بولىدۇ .

ئۈچىنچىدىن : بۇ مەشىق ئارقىلىق ژانىر ۋە تۈرلەر ھەققىدىكى بىر تالاي نەزەرىيىلەرنى سۆزلىمەي تۇرۇپمۇ ئوقۇغۇچىلاردا ئەمەلىي چۈشەنچە ھازىرلىغىلى ، تەپەككۇرنى يەنىمۇ ئاچقىلى ، كېڭەيتكىلى بولىدۇ . يەنىمۇ چوڭقۇرلىغاندا ، سىلىشتۇرما ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشەندۇرگىلى بولىدۇ .

مەزمۇنى ئوخشاش ، ئەمما شەكلى ھەر خىل ماقالە ـ ئەسەرلەرنى

گېزىت ـ ژۇرناللاردىن ھەر دائىم دېگۈدەك ئۇچراتقىلى بولىدۇ . بىر ئاز ۋاقىت ئاجرىتىلسىلا بۇنداق ماقالە ـ ئەسەرلەردىن نەچچە پارچە توپلاپ چىققىلى بولىدۇ .

# ئۆرنەك ۋە مەشقلەر ( 2 )

تۆۋەندە كىتاب ھەققىدە يېزىلغان ، قۇرۇلمىسى ، ژانىر تۈرلىرى پەرقلىق بولغان سەككىز پارچە ئەسەر بېرىلدى . ئوقۇپ كۆرۈپ ئۇلار-نىڭ ژانىرى ۋە تۈرلىرىنى ئايرىڭ .

## تىرىك كىتاب

ئىلىن ( سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى )

دۇنيادىكى تۇنجى كىتاب زادى قانداقتۇ ؟ مەتبەدە بېسىلغانمىدۇ ياكى قولدا كۆچۈرۈلگەنمىدۇ . قەغەزنى ماتېرىيال قىلغانمىدۇ ياكى باشقا بىرنەرسىدە ياساپ چىقىلغانمىدۇ . ناۋادا ، ھازىر ئاشۇنداق بىر كىتاب بار بولسا ئۇنى قايسى كۇتۇپخانىدىن تېپىش مۇمكىن ؟

دۇنيادىكى تۇنجى كىتاب ھازىرقى كىتابلارغا تۈپتىن ئوخشى-مايتتى . ئۇنىڭ پۇت - قولى بار ئىدى . گەپ قىلالايتتى ، ناخشىمۇ ئېيت-الايتتى . ئۇنداقتا بۇ تىرىك كىتاب زادى نېمە ؟ ئۇ بولسىمۇ ئادەم . ئەينى چاغلاردا يېزىق تېخى مەيدانغا كەلمىگەچكە ، كىتاب ، قەغەز ، سىياھ دې-گەندەك نەرسىلەر يوق ئىدى . ئۇ چاغلاردا ئىنسانلار ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان ھېكايە ، قانۇن ۋە ئېتىقادلىرىنى خاتىرىسىدە ساقلىغىنىغا ئاساسەن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تارقىتاتتى .

ئادەم ئۆلۈپ كەتسىمۇ ھېكايە يوقىلىپ كەتمەيتتى . ئاتىدىن با-لىغا ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تارقىلاتتى . لېكىن ، قۇلاقتىن قۇلاققا يېتىش جەريانىدا ، تارىخمۇ ئاللىقانداق ئۆزگىرىپ قالاتتى ، بىر قىسىملىرى ئۇن-

تۆلۈپ كېتىلگەن بولسا ، بىر قىسمىلىرى ئۈيدۈرۈلۈپ چىقىرىلاتتى .

هازىر ، چەت يېزا ـ قىشلاقلاردىكى بوۋاي ـ مومايلارنىڭ ئاغزىدىن بەزىبىر ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ قالىمىز . بۇ ھېكايىلەرنى ھازىرقى كىتابلار-دىن ئىزدەپمۇ تاپالمايمىز . بۇ ھېكايىلەر ئادەتتە رىۋايەت ياكى چۆچەك دەپ ئاتىلىدۇ .

بۇرۇنقى زامانلاردا يۇنانلىقلاردا مۇنداق بىر ئادەت بار ئىدى . ئۇلار « ئىلىيادا » بىلەن « ئودىسسا » داستانىنى ئاھاڭغا قېتىپ ئېيتاتتى ، بىر قانچە ئەسىردىن كېيىن كىشىلەر بۇ ھېكايىلەرنى يېزىقتا ئالدى . بۇ داستانلارنى ئېيتقۇچىلار « ئاد » دەپ ئاتىلاتتى . ئۇلار زىياپەتلەردە ئەزىز مېھمان قاتارىدىن ئورۇن ئالاتتى .

ئادىنىڭ ناخشىسى تولىمۇ يېقىملىق ، لېكىن كىتابتەك قولايلىق ئەمەس . چۈنكى ، ھازىر ئازراقلا پۇل خەجلىسەڭ « ئىلىيادا » ناملىق كى-تابتىن بىرنى سېتىۋالالايمىز . ئۇ يەنە تېخى بىزدىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايدۇ ( كىتابنى دېمەكچى . ئا ) ، يېمەيدۇ ، ئىچمەيدۇ ، ئاغرىپ قال-مايدۇ ، ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالمايدۇ .

مۇشۇلارنى يېزىۋېتىپ مۇنداق بىر ھېكايە يادىمغا كېلىپ قالدى : بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ، رىمدا ئىتايرىس ئىسىملىك ناھايىتىمۇ پۇلدار بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن . ئۇ ھەر كۈنلۈك تامىقىغا ئۈچ يۈز مېھمان تەكلىپ قىلىپ كاتتا نازۇ نېمەتلەر بىلەن كۈتۈۋالىدىكەن . ئۇ چاغلاردا داستى-خان مول بولغاندىن سىرت ، مېھمانلار يەنە ناھايىتى پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن پاراڭلىشىدىكەن .

لېكىن ، ئىتايرىس بىلىمسىز ، قارا قورساق ئادەم بولغاچقا ، كىتاب-نىمۇ يېرىم ـ ياتا ئوقۇيالايدىكەن . شۇڭا ، مېھمانلىرى ھە دېسىلا ئۇنى ئاستىرتتىن مەسخىرە قىلىشىدىكەن . بەزىدە زورىغا بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىستۇرۇپ قويۇپمۇ ، مېھمانلىرىنىڭ كۈلكىسىگە قالغان چاغلىرى بولغاچقا ، كېيىنچە سورۇنلاردا گەپ قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ .

بۇنىڭدىن ئۇ تولىمۇ بىئارام بوپتۇ . لېكىن ، تەبىئىتىدىن ھورۇن بولغاچقا ، كىتاب ئوقۇپ بىلىمىنى ئۆستۈرۈشنى خالىماپتۇ . يەنە كېلىپ

ئۇ ئەزەلدىن تىرىشىپ ئۆگەنمەيدىكەن . ئېتايرېس بۇ ئىش ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرۇپ ، ئاخىر بىر ئامال تېپىپتۇ . ئۇ خوجىدارىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، قۇللىرى ئارىسىدىن زېرەك ، تەربىيە كۆرگەن ئىككى يۈز قۇلنى تاللاتقۇزۇپتۇ ۋە « ئېلىيادا » ، « ئودېسسا » دېگەن كىتابلاردىن ھەربىرىگە بىردىن تەقسىم قىلىپ بېرىپ ، پىششىق يادلاپ چىقىشنى تاپشۇرۇپتۇ .

شۇنىڭ بىلەن ئۇ زىياپەتلەردە مېھمانلىرى بىلەن پاراڭلاشقان چاغدا ، خوجىدارىغا قول ئىشارىسى قىلىۋەتسىلا ، قۇللىرى كىرىپ ئارقىسىغا قاتار تىزىلىدىكەن . ئېتايرىېس قايسى كىتابنىڭ قايسى بابىنى سۆزلىمەكچى بولسا ، قۇللىرىدىن بىرسى ئالدىغا چىقىپ ، شۇ بابنى زىر - زەۋەرلىرىگىچە توپتوغرا يادلاپ بېرىدىكەن . بۇ قۇللارنىڭ ئىسمى تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن كىتابلارنىڭ نامىغا ئاساسەن قويۇلغان بولۇپ ، بىرسى ، ئودېسسا دەپ ئاتالسا ، يەنە بىرسى ئېلىيادا ، ئاينايد ... دەپ ئاتىلىدىكەن .

ئېتايرىئېس بۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن بوپتۇ . لېكىن ، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئىش يۇمۇرغا ئايلىنىپ ، شەھەر خەلقىنىڭ ئېغىزىغا چىقىپ قاپتۇ .

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ساھىبخانا بىلەن مېھمانلار ئەدەبىياتقا دائىر پاراڭغا چۈشۈپتۇ . ئۇياقتىن - بۇياقتىن سۆزلىشىپ ، پاراڭ ئاخىر قەدىمدە ئۆتكەن بىر شەخسكە كۆچۈپتۇ . ئېتايرىېس خوجىدارىغا قول ئىشارىسى قىلىۋېتىپ :

— « ئېلىيادا » داستانىنىڭ بىرىنچى بابىدا مۇنداق دېيىلگەن ... — دېيىشىگە ، قورقىنىدىن ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن خوجىدار يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تىترەك ئاۋازدا :

— كەچۈرىسىز ، بېگىم ، بۈگۈن ئېلىيادانىڭ ئاشقازان كېسىلى قوزغىلىپ قالدى ، — دەپتۇ .

بۇ ئەلۋەتتە چاقچاق پاراڭ ئەمەس ، ئىنسانلارنىڭ تىرىك كىتابتىن پايدىلىنىپ كېلىۋاتقىنىغا ئىككى مىڭ يىل بولغان ئەمەسمۇ . بۈگۈنكى كۈندە ، ماگدامدا بىر كۈتۈپخانا تۇرۇقلۇق ، كىشلەر يەنىلا تىرىك كىتابتىن پايدىلىنىۋاتىدۇ ، چۈنكى ، ھەرقانداق بىلىمنى كىتاب يۈ-

زىدىن ئۆگىنىۋالغىلى بولسا ، كىشىلەرنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىنىڭ ، ئو-
قۇتقۇچىنىڭ دەرس سۆزلەپ بېرىشىنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ بىز كىتابتىن
سوئال سورىيالمايمىز . لېكىن ، ئوقۇتقۇچىدىن نېمىنى سورىساق ئۇ شۇ-
نىڭغا جاۋاب بېرىدۇ . ئۇنىڭدىن نەچچە رەت سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ
قىلسىڭىز ، ئۇ ئېرىنمەستىن شۇنچە رەت سۆزلەپ بېرىدۇ .

تىرىك كىتابتىن سىرت ، يەنە تىرىك گېزىتلەرمۇ بولسا ، مەتبە-
ئەدە بېسىلغان گېزىتلەرگە قارىغاندا نەقەدەر قىزىقارلىق ، ئەھمىيەتلىك
بولغان بولاتتى ــ ھە ! تىياتىرخانىدا دراما كۆرۈش ، ئۇنى كىتابتا ئوقۇ-
غاندىن كۆپ كۆڭۈللۈك ، ئەلۋەتتە .

(« تەرمىلەر » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى .)

## كىتاب

ئەخمەت ساتتار

« كىتاب ئالدىنقىلاردىن كېيىنكىلەرگە قالغان ۋەسىيەت ،
سەكرات ئۈستىدە ياتقان قېرىنىڭ تۇرمۇشقا ئەمدىلا
قەدەم قويغان ياشقا قىلغان سەمىمىي نەسىھىتى ،
قايتىپ دەم ئالىدىغان قاراۋۇلنىڭ ئۆز ئىزىغا
كەلگەن قاراۋۇلغا بەرگەن بۇيرۇقى ! »

ــ گېرتسىن

كىتاب مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن ، سېنى سۆيىمەن ، ھەر دائىم
سېنى قولۇمغا ئالغىنىمدا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم چەكسىز سۆيۈنۈشكە ۋە خۇ-
شاللىققا تولۇپ كېتىدۇ . سېنى قولۇمغا ئېلىپ ۋاراقلىرىڭنى ئېچىپ ، ئال-
تۇن قۇرلىرىڭغا كۆز تاشلىغىنىمدا تەپەككۇر قۇشلىرىم قانات قېقىپ ،
پۈتۈن ئالەمنى كېزىدۇ ، دىلىم يورۇپ كېتىدۇ .

كىتاب ، گەرچە سەن ئاددىيدەك كۆرۈنسەڭمۇ ، سېنىڭ قەدرىڭنى

بىلگۈچىلەر سېنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدۇ ، ئەزىزلەيدۇ ، سۆيىدۇ . سەن ئىنسانلارغا مەنىۋى ۋە ماددىي بايلىق يارىتىپ بېرىشتە ھېسابسىز تۆھپە قوشتۇڭ ۋە قوشۇۋاتىسەن .

كىتاب مەن سېنى پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان رەڭگارەڭ گۈللەرگە ئوخشاتقۇم كېلىدۇ . مەن خۇددى ھەسەل ھەرىسىدەك شۇ گۈللەرگە قو- نۇپ بىلىم ھەسلى يىغىمەن ، بۇ يولدا ھېرىپ - چارچاشنى قورقماي- مەن .

مەن سېنى ئالىيجاناب ، ئېسىل پەزىلەت ئىگىلىرىگە ئوخشىتىمەن ، چۈنكى بۇنداق كىشىلەر بارلىقىنى ئىنسانلارنىڭ ئازادلىقى ۋە بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئاتىغان ، سەن ئەنە شۇنداق خىسلەتنى ئۆزۈڭدە مۇ- جەسسەملەشتۈرگەن .

مەن سېنى شوتىغا ئوخشىتاي ، چۈنكى سەن ئىنسانلارنىڭ تەبى- ئەتنى بويسۇندۇرۇش يولىدا ئىلىم - پەننىڭ يۇقىرى چوققىسىغا چىقىش- تىكى بىردىنبىر شوتا بولالايسەن .

مەن سېنى « دۇربۇن » دەيمەن ! دۇربۇن بىر جۈپ ئاددىي كۆز بىلەن بىر قانچە كىلومېتىر ئارىلىقتىكى نەرسىلەرنى كۆرەلىسە ، سەن ئارقىلىق نەچچە مىڭ يىللىق تارىخنى ، ئەجدادلارنىڭ ئۇلۇغ كەشپىيات- لىرىنى ، ئالىملارنى ۋە ئۇلار ياراتقان ھەقىقەتلەرنى ھەم ئۇلۇغ مۆجىز- لەرنى ... تۈگەل كۆرەلەيدۇ .

سېنىڭ ياراتقان ئەقىل ئىگىلىرىگە بارىكاللا ! مەن ۋەتىنىمنى زا- مانىۋىلاشتۇرۇش كۈرىشىدە سېنىڭدەك « شوتا » دا مەزمۇت قەدەم ئې- لىپ ، يېقىن كەلگۈسىدە ئىلىم - پەننىڭ يۇقىرى چوققىسىغا چىقىش ئۈچۈن تىرىشىمەن .

( بۇ نەسىر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى گېزىت - ژۇرنال تەھرىر بۆ- لۈمى تۈزگەن « ئۆلگىلىك ماقالىلەر توپلىمى » ناملىق مەجمۇئەدىن ئېلىندى . )

# كىتاب بىباھا مەسلىھەتلەر خەزىنىسىدۇر

سىمىيۇل · سىمەرىس

ياخشى كىتاب ئەڭ ياخشى دوستقا ئوخشايدۇ، ئۇ كىشىگە مەنىۋى ئوزۇق بېرىدىغان مەڭگۈلۈك ھەمراھدۇر. ئۇ بىزنىڭ بېشىمىزغا كۈن چۈشۈپ، قىيىن ئەھۋالدا قالغان چاغلىرىمىزدىمۇ بىزنى تاشلىۋەتمەيدۇ. ئۇ ياش چاغلىرىمىزدا مىجەز - خۇلقىمىزنى يېتىلدۈرۈپ، بىلىمىمىزنى ئاشۇرسا، ياشانغان ۋاقتىمىزدا بىزگە تەسەللى ۋە ئىلھام بېرىدۇ.

خۇددى بەزى چاغلاردا ئىككى ئادەم ئوخشاش بىر ئادەمگە چۈقۇنغانلىقى ئۈچۈن ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالغىنىدەك، كىشىلەر كۆپ ھاللاردا ئوخشاش بىر كىتابنى ياخشى كۆرگىنى ئۈچۈنمۇ يېقىن سىرداشلاردىن بولۇپ قالىدۇ.

ياخشى كىتابتا ئىنساننىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى پىكرىنىڭ جەۋھەرلىرى ساقلانغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەڭ ياخشى كىتاب — بىباھا مەسلىھەتچىلەر خەزىنىسىدۇر. ئەگەر، بىز ئۇنىڭ بىلەن دىلىمىزنى نەقىشلەيدىغان بولساق، ئۇ بىزنىڭ سادىق ھەمراھىمىز بولۇپ قالىدۇ ۋە بىزنى مەڭگۈ ئالغا يېتەكلەيدۇ.

كىتاب - ئىنسانلار جاپالىق مېھنىتىنىڭ ئەڭ ئۇزاق ۋاقىتقىچە ساقلىنىپ تۇرالايدىغان مەھسۇلى. ھەشەمەتلىك ئوردا - سارايلار ھامان غۇلاپ چۈشىدۇ ۋە چىرىيدۇ. لېكىن، كىتاب مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ. ئۇلۇغ ئىدىيىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ۋاقىت ئانچە مۇھىم ئەمەس، نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى دانىشمەنلەر كاللىسىدا تۇنجى قېتىم زاھىر بولغان ئۇلۇغ ئىدىيىلەر بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز قىممىتى بىلەن ساقلىنىپ تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ كىتاب بەتلىرىگە پۈتۈلگەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئىدىيىلىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. ۋاقىتنىڭ

بىردىنبىر رولى يارامسىز نەرسىلەرنى شاللاپ چىقىرىشتىن ئىبارەت . چۈنكى ، ھەقىقىي نادىر ئەسەرلەر ئەبەدىئىي ئۆلمەيدۇ .

كىتاب بىزنى ئەڭ مۇنەۋۋەر كىشىلەرنىڭ سېپىگە باشلاپ كىرىپ ، تارىختىكى ئۇلۇغ پېشۋالارنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئالغۇزىدۇ . ھېسسىياتىمىزنى ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى بىلەن قوشۇۋېتىدۇ . ئۇلارنىڭ تەسىراتى بىزنىڭ تەسىراتىمىزغا ئايلىنىدۇ . بىز خۇددى ئاپتور تەسۋىرلىگەن كىشىلىك ھايات سەھنىسىدە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سەھنىگە چىققاندەك ھېس قىلىمىز .

كىشىلىك دۇنياسىدىمۇ كاتتا زاتلار ، مەشھۇر شەخسلەر مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ ، ئۇلارنىڭ روھى كىتابلارغا پۈتۈلۈپ ، پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارايدۇ . شۇڭلاشقا ، بىز ئۆمۈرۋايەت تارىختىكى ئۇلۇغ ، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىمىز . چۈنكى ، قانچە ئەسىرلەر ئىلگىرى ياشىغان ئالەمگە مەشھۇر تالانت ئىگىلىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئوخشاشلا ئەينى ۋاقىتتىكىدەك قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلماقتا .

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئەخمەت ھوشۇر
( « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## ئىنسانىيەت ۋە كىتاب

غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ليۇ شياڭ مۇنداق دېگەن : « ياشلىقتا ئۆگەنگەن بىلىم يېڭى كۆتۈرۈلگەن قۇياشقا ئوخشايدۇ ؛ ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە ئۆگەنگەن بىلىم چۈش ۋاقتىدىكى ئاپتاپقا ئوخشايدۇ ؛ ياشانغاندا ئۆگەنگەن بىلىم شامنىڭ يورۇقىغا ئوخشايدۇ . »

كىتاب ئوقۇش ئىنسانىيەتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى پائالىيىتى بولۇپ ، بۇنى ھاياتلىق مۇساپىسىنىڭ ھەمراھى دېيىشكە بولىدۇ . شۇڭا ، كىتاب ئوقۇغاندا ياخشى كىتابنى ئوقۇش ، كىتابنى ياخشى ئوقۇش كېرەك .

ئۆسمۈر چېغىدا كىتاب ئوقۇسا ، ئىلىم ئۆگىنىپ ، ئەقىل ـ پاراسىتى ئېشىپ ، ئۆمۈر بويى پايدىسىنى كۆرىدۇ .

چوڭ بولغاندا كىتاب ئوقۇسا ، تونۇشى ئۆسۈپ ، تېز يېتىلىپ ، تېخىمۇ ئەقىللىق بولىدۇ .

قېرىغاندا كىتاب ئوقۇسا ، خۇش كەيىپ ، تەمكىن بولۇپ ، ئۆمۈر ئۇزىرايدۇ . ئوقۇغانىنىڭ ھوزۇرىنى كۆرىدۇ . بۇ ھوزۇر چەكسىزدۇر .

مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا كىتاب ئوقۇسا ، مەغرۇرلۇق ـ ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ ، تېخىمۇ يۈكسىلىدۇ .

مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا كىتاب ئوقۇسا ، مەيۈسلەنمەستىن ، بېلىنى قايتا باغلاپ ، قەيەردە يىقىلسا شۇ يەردىن دەس تۇرىدۇ .

بىكار ۋاقىتلىرىدا كىتاب ئوقۇسا ، ئادەتتىكى چاغلاردا « كۈجە كۆيدۇرگەن » دەك بولىدۇ ـ دە ، جان تۇمشۇقىدا كەلگەندە « ئايەت ئوقۇش » نىڭ ھاجىتى قالمايدۇ . بىلىم ئىشلىتىدىغان چاغدا ، كىتابنى ئاز ئوقۇغانلىقتىن ھەسرەتلەنمەيدۇ .

ئالدىراش چاغلىرىدا كىتاب ئوقۇسا ، ھەر ۋاقىت « قۇۋۋەت تولۇقلاپ » باشتىن ـ ئاخىر روھلۇق تۇرالايدۇ .

مۇھەببەت ئوڭۇشسىزلىقىغا ئۇچرىغاندا كىتاب ئوقۇسا ، « جانىجان سۆيگىنىم » ئەسلى كىتابتا ئىكەن دېگەن ھېسقا كېلىدۇ .

يوقسىزلىقتىن روھى چۈشكەندە كىتاب ئوقۇسا ، « ئالتۇن ئۆي ئەسلىدە كىتابتا ئىكەن » دېگەن تونۇشقا كېلىدۇ .

كىتاب ئوقۇش ئىنسانىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئەگكۈشتەرى ، كىشىلىك تۇرمۇش سەپىرىنىڭ ئېسىل ھەمراھى .

رەتلىگۈچى : ھەجەر راخمان

( « شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى » دىن ئېلىندى . )

## كىتابنىڭ قەدرى

يىلىن ( روسىيە )

كىتابنىڭ قەدرى كۆپ ھاللاردا ئادەملەرنىڭ، مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ قەدرى بىلەن بىللە ئۆزگىرىدۇ. كىتاب دېگەن بۇ نەرسە ئۆتمۈش تارىخنى خاتىرىلەپ، ھەرقايسى پەنلەرگە ئائىت بىلىملەرنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماستىن، كىتابنىڭ ئۆزىمۇ ئۇرۇش ۋە ئىنقىلابقا قاتنىشىدۇ. بەزى چاغلاردا بىر كىتاب بىر پادىشاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلىيالايدۇ. ئۇرۇش مەزگىلىدە، مەيلى غالىب كەلگۈچى تەرەپ بولسۇن، مەيلى مەغلۇپ بولغۇچى تەرەپ بولسۇن، ھەر ئىككى تەرەپتىن كىتابلارمۇ ئوخشاشلا جەڭگە قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كىتابنىڭ قايسى پارتىيە، قايسى تەرەپتە تۇرغانلىقىنى كۆپ ھاللاردا بىر قاراش بىلەنلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

## كىتابنىڭ سېھرىي كۈچى

بولخىس ( ئارگېنتىنا )

بىرەر قەدىمىي كىتابنى كۆرگىنىمىزدە، كىتاب بولۇپ شەكىللەنگەندىن تارتىپ باشتىن كەچۈرگەن بارلىق ئاي - يىللارنى كۆرگەندەك، ئۆزىمىزنىمۇ كۆرگەندەك بولىمىز. شۇڭلاشقا، كىتابقا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈشىمىز كېرەك، گەرچە بەزى كىتابتا بىرمۇنچە خاتالىق بولسىمۇ، يازغۇچىنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلۇپ كېتىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرەلمىسەكمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان مەلۇم مۇقەددەس نەرسىنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالالايمىز. بىز كىتابقا خۇرا-

پىلارچە ئىشىنىپ كەتمىسەكمۇ ، ئەمما كىتابتىن ھەقىقەتەنمۇ بەختكە ئې-
رىشىشنى ، ئەقىل ـ پاراسەتكە ئېرىشىشنى تولىمۇ خالايمىز .
( « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## بىر يىل تېلېۋىزور كۆرمىگەن بالىلار

1996 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 1997 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە ، كانادانىڭ يېڭى سكوتىيە شەھىرىدىكى توققۇز ياشلىق تايلور بىلەن ئۇنىڭ يەتتە ياشلىق ئىنىسى ستىۋېن قەتئىي تېلېۋىزور كۆرمەسلىككە ئىرادە باغلاپ ، پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب ئوقۇغان ۋە ئاخىر ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان . بۇ بىر يىل جەريانىدا ئۇلار يۈز پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ئوقۇپ ، تاپشۇرۇقلىرىنى ياخشى ئورۇنداپ ، ئىككىلىسى سىنىپتىكى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ قالغان .
تايلور :
— ھەممىسى بىزنى قىلالمايدۇ دېيىشتى ، بۇ گەپ بىزنىڭ ئىرا-دىمىزنى چېڭىتىشىمىزغا تۈرتكە بولدى ، دەيدۇ . ستىۋېنمۇ ئۇلاپلا مۇنداق دەيدۇ :
— شۇ گەپلەردىن كېيىن بىز قەتئىي ھالدا ، قېنى بىز تىرىشىپ باقايلى ، دېدۇق .
بۇ بىر جۈپ ئوغۇلنىڭ دادىسى دانىئىل پەخىرلەنگەن ھالدا :
— مەن ئۇلارنى دەم ئېلىش كۈنلىرىنى تېلېۋىزورسىز ئۆتكۈزەل-مەيدۇ ، دەپ ئويلىغانىدىم . ئەمەلىيەتتە مەن خاتا ئويلىغانىكەنمەن ، — دەيدۇ . ئۇ رازىمەنلىك بىلەن غالىبىيەتچىلەرگە بەش يۈز دوللاردىن مۇ-كاپات بېرىدۇ .
تېلېۋىزور كۆرمەيمۇ ئۆتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ستىۋېن بىلەن تايلور كىنو كۆرۈش ۋە ئېكرانلىق ئويۇنچۇق ئويناشنىمۇ توختاتقان . ستىۋېن :

— ئىكرانلىق ئويۇنچۇق ئويناشنى تاشلاش راستتىنلا بەك ئازاب-لىق ئىكەن ، — دەيدۇ .
ئۇلارنىڭ بۇ ئىرادىگە كېلىشىگە ئاتا - ئانىسى ئېيتىپ بەرگەن بىر ئوغۇلنىڭ بىر يىل تېلېۋىزور كۆرمەي ئاتا - ئانىسىدىن بەش يۈز دوللار پۇل ئۇتۇۋالغانلىق ھەققىدىكى « ھېكايە » سەۋەب بولغان .
ئۇلارنىڭ ئانىسى كىلەيا :
ئۇلارنىڭ ھەر شەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن تېلېۋىزور كۆرىدى-غان ئادىتى بار ئىدى . ھەر كۈنى ئاخشىمى ۋە ئەتىگەندە بىر سائەت تې-لېۋىزور كۆرەتتى ، — دەيدۇ .
بۇ ئىش باشلىنىپ ئىككى ئايغىچە ئۇلار ۋاقىتنى ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزگەن ، كېيىنچە كۆنۈپ كەتكەن .
ستىۋېن بەش يۈز دوللار مۇكاپاتىغا دادىسى بىلەن تورونتوغا بې-رىپ كالتەك توپ مۇسابىقىسى كۆرگىلى بارماقچى . تايلور چەۋگەن توپ پالىقى ، پەلىيى ۋە بىر قىسىم ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق سېتىۋالماقچىكەن .
( « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

## كىتاب ئوقۇشتىن كەلگەن ئامەت

ئامېرىكا ستامفورت ئۇنىۋېرستېتى بىئولوگىيە فاكۇلتېتى 3 - يىل-لىق ئوقۇغۇچىسى كارىل نېسىن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارى-لىقتا نەچچە مىليون دوللارلىق مىراسنىڭ ۋارىسىغا ئايلىنىپ ، پۈتۈن ئا-مېرىكىنى زىلزىلىگە سېلىۋېتىدۇ .
نېسىن 1993 - يىل يانۋارنىڭ مەلۇم بىر كۈنى مەكتەپ كۇتۇپخا-نىسا ئىككى سائەت كىتاب كۆرگەندىن كېيىن قولىدىكى بۇ كۆپ قېتىم كۆرۈپ بولغان « ئىرسىيەت گېنىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشىگە دائىر تەتقىقات » ناملىق كىتابنى ئوقۇپ ئورنىدىن تۇرىدۇ ، لېكىن قانداقتۇر غەلىتە بىر سېزىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرمايدۇ - دە ، يەنە ھېلىقى

كىتابنى قولىغا ئېلىپ قايتىدىن كۆرۈشكە باشلايدۇ . تەخمىنەن قىرىق مىنۇتلاردىن كېيىن ئۇ كىتابنىڭ يەتمىش ئۈچ يېرىدىكى رەقەمنىڭ توق-قۇزىدا بىلىنەر - بىلىنمەس سىياھ ئىزى بارلىقىنى بايقاپ قالىدۇ . ئەگەر سىنچىلاپ قارىمىغاندا ، بۇ سىياھ ئىزىنى ھەرگىز بايقىغىلى بولمايتتى . نېسىن توققۇز يەردىكى رەقەملەرنى كىتابتىكى رېتى بويىچە بىرلەشتۈرۈپ كۆرگەندە ، 741250921 دېگەن سان كېلىپ چىقىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار دەپ قاراپ ، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە دوستلىرىغا خەت يېزىپ ، ئۇلارنى ئۆز جايلىرىدىكى كۇتۇپخانىلاردىن بۇ كىتابنى ئىزدەپ بېقىشقا ھەممە ئۆزى كۆرسەتكەن بەت تەرتىپى بويىچە ئۆزىنىڭ قولىدىكى كىتابتىكىگە ئوخشاش ئىزنىڭ بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە سەپەرۋەر قىلىدۇ . بىر ئايدىن كېيىن ئۇلاردىن خەۋەر كې-لىشكە باشلايدۇ . دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يىگىرمە نەچچە كۇ-تۇپخانىنىڭ پەقەت ئۈچىدىنلا بۇ كىتاب تېپىلىدۇ . ئەڭ مۇھىمى ، كىتاب-تىكى بەلگە ئوخشاش بولۇپ چىقىدۇ . نېسىن يەنە كىتابنى نەشر قىلىپ بېسىشتا مەسىلە بار - يوقلۇقىنى ئېنىقلاپ چىقىشنى مۇتەخەسسىسلەرگە ئىلتىماس قىلىدۇ . مۇتەخەسسىسلەر تەكشۈرۈپ باشقا مەسىلە يوقلۇقىنى بېكىتىدۇ ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بۇنىڭ قول بىلەن قەلەم ئارقىلىق سېلىن-غان بەلگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . نېسىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، بۇ كىتابنى روستۇن نەشرىياتى 1928 - يىلى نەشر قىلغانلىقىنى ، ئاپتور-نىڭ ۋىسكونسىن ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى دىمەيىن پېيىر دېگەن كىشى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ . مەزكۇر كىتاب نەشر قىلىنغاندا پروفېسسور پېيىر ئاتمىش بىر ياشتا ئىكەن . ئۈچ يىلدىن كېيىن كېسەل بىلەن ۋاپات بولغانىكەن . نېسىن يەنە بۇ كىتابنىڭ بىر قېتىملا نەشر قى-لىنغانلىقىنى ، تىراژىنىڭ تۆت يۈز يىگىرمە پارچە ئىكەنلىكىنى ، كۇتۇپ-خانىلاردا بۈگۈنگىچە ئاران ئون نەچچە پارچىسىلا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان-لىقىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ . ئۇ يەنە بۇ نومۇرنىڭ مىلۋئوكى شەھىرىدىكى دورانس بانكىسىنىڭ يەر ئاستى بىخەتەر ئامبىرىدىكى 1450 - نومۇرلۇق بىخەتەر ئىشكابىنىڭ بىر مەخپىي شىفىرى ئىكەنلىكىنى ئاخىر ئېنىقلاپ

چىقىدۇ. دېگەندەك، بۇ بىخەتەر ئامباردىن پروفېسسور پېيېرنىڭ ئىسمى چىقىپ قالىدۇ. باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، پروفېسسور پېيېرنىڭ نامىدىكى بىخەتەرلىك ساندۇقى تېپىلىدۇ ۋە ھېلىقى نومۇر ئارقىلىق بۇ ساندۇق ئاسانلا ئېچىلىدۇ. كىشىنىڭ ھەيران قالدۇرىدىغىنى، ئۇنىڭدىن كۆك يىپەك رەختكە ئورالغان بىر پارچە خەت چىقىدۇ. ئۇ بىر بەتلىك بۇ خەتتە پروفېسسور پېيېرنىڭ غېرىبلىقتا ئۆتكەن ئۆمرى قايغۇ ـ ھەسرەتلىك سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن تونۇشتۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئۇ بۇ كىتابنى نەشر قىلدۇرۇشتا يولۇققان قىيىنچىلىق ۋە مۇشكۈلاتلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان. كىشىلەرنىڭ ۋە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۇ كىتابقا سوغۇق مۇئامىلە قىلغانلىقى ھەم تىراژىنىڭ تولىمۇ ئازلىقى ئۇنى بەكمۇ مەيۈسلەندۈرگەن. شۇڭا، ئاشۇ كىتابنىڭ توققۇز يېرىدىكى سانىنىڭ ئاستىغا ئۆزى موي قەلەم بىلەن بەلگە سېلىپ قويۇش قارارىغا كەلگەن. بۇ سانلار بىرلەشتۈرۈلسە، ئاشۇ بىخەتەرلىك ساندۇقىنىڭ مەخپىي شىفرى چىقىدىغانلىقىنى ئۇ ئۆزى ئويلاشتۇرغان، خەتتە ئەگەر مۇشۇ كىتابنى ياقتۇرۇپ ئوقۇغۇچىلار بۇ مەخپىي شىفرنى بايقىسا، ئۆزىنىڭ مۇشۇ بانكىغا ئامانەت قويغان ئۈچيۈز ئاتمىش ئۈچ مىڭ تۆت يۈز دوللار پۇلىنى شۇ كىشىگە مىراس قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ھەمدە خەتنىڭ ئاخىرىغا ئىمزاسىنى قويۇپ، «1930 ـ يىل 2 ـ ئاپرېل» دەپ چېسلا سالغان. خەتنىڭ ئىچىدە يەنە بانكىدىن پۇل ئېلىش تالونى، باشقا مۇناسىۋەتلىك ئىسپاتلارنىڭ ھەممىسى تولۇق ئىكەن. ئامېرىكىنىڭ ئالاقىدار قانۇنى بويىچە بۇ پۇل ھازىر 2 مىليون 740 مىڭ دوللار بولىدىكەن.

(«تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

كىتابتىن ئىبارەت، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بىلىم خەزىنىسىنىڭ قىممىتىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن تۇرۇپ يورۇتۇپ بەرگەن بۇ يەتتە پارچە ماقالە ۋە نەسىر، ژانىر جەھەتتىن يازما ئەدەبىياتنىڭ ئالتە چوڭ ژانىرىنىڭ بىرى بولغان «نەسرىي ئەسەرلەر» ژانىرىغا تەۋە بو-

لىدۇ . بۇلاردىن « كىتاب » ناملىق نەسىر بولسا نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ
بەدىئىي ئەسەرلەر تارمىقىغا ؛ باشقىلىرى ئەدەبىي ئەسەرلەر تارمىقىغا تەۋە
بولىدۇ . بۇلارنى كونكرېتنى تۈرگە ئايرىغاندا :

①« تىرىك كىتاب » ناملىق ماقالە بولسا ، « ھېكايە سۆزلەش » سوئال ـ جاۋاب ، شەرھلەش ، بايان شەكلى قوللىنىلغان ، ۋاقىت تەر- تىپى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن بەدىئىي تۈستىكى چۈشەندۈرۈش ماقالى- سىدۇر .

②« كىتاب » ناملىق نەسىر بولسا ، كىتابنىڭ قىممىتى مەدھى- يىلەنگەن لىرىك نەسىردۇر .

③ « كىتاب بىباھا مەسلىھەتلەر خەزىنىسىدۇر » ناملىق ماقالە بولسا مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ماۋزۇدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، ئاندىن بۆ- لەكلەرگە بۆلۈپ دەللەش ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمە ماقالىسىدۇر .

④ « ئىنسانىيەت ۋە كىتاب » ناملىق ماقالە بولسا ، مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر باشتا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئاندىن سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسى- ۋىتى بويىچە دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمە ماقالىسىدۇر .

⑤« كىتابنىڭ تەقدىرى » ناملىق ماقالە بولسا ، مەركىزىي نۇق- تىئىنەزەر ماۋزۇدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ، پاكىت كۆرسىتىپ دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمە ماقالىسىدۇر .

⑥« كىتابنىڭ سېھرىي كۈچى » ناملىق ماقالە بولسا ، مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر ماۋزۇدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ، ئاپتورنىڭ بۇ مەسىلە ھەق- قىدىكى قارىشى ئۈچ نۇقتا ( ئۈچ پىكىر قاتلىمى ) بويىچە دەلىللەنگەن مۇھاكىمە ماقالىسىدۇر .

⑦« بىر يىل تېلېۋىزور كۆرمىگەن باللار » ، « كىتاب ئوقۇش- تىن كەلگەن ئامەت » ناملىق ماقالىلەر بولسا ، خەۋەر ئۇچېرىكى تىپى- دىكى ، ۋەقەلىك ئۇچېرك تۈرىدىكى بايان ماقالىلىرىدۇر .

تەقلىد قىلىپ يېزىش مەشقى : بۇ خىل مەشىق ئۇسۇلى ئىدى- يىۋى مەزمۇنى ساغلام ، بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى ، قۇرۇلمىسى كۆركۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ، تەپەككۇ-

رىنى ئېچىشىغا ياردىمى بولىدىغان ئەسەرلەرنى تاللاپ، ئۇنىڭدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆرنەك قىلىپ تۇرۇپ، ئاشۇ ئەسەردىن ھەممە جەھەتتىن كەم قالمىغۇدەك ھەتتا ئېشىپ چۈشكۈدەك دەرىجىدىكى ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، بىزدە تەقلىدچىلىكنى يامان، ناچار ئادەت، دەپ قارايدىغان بىر تەرەپلىمە قاراش بار. ئەگەر ئۆلۈك ھالدا تەقلىد قىلىش بولسا، ئالدىنقىلار، باشقىلار ئېيتىپ بولغان پىكىرنى يەنە چايناپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ باشقا بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلسا بۇ ھەقىقەتەن شۇنداق بولىدۇ. شۇڭا، تەقلىد قىلىپ يازدۇرۇلغاندا ئىجادىي ھالدا تەقلىد قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ھازىر چەت ئەللەردىكى بەزى مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس يېزىقچىلىق ماھارىتىنى ئۆگىتىدىغان كەسىپلىرىدە، شۇ مەشىق ئۆگىتىدىغان ۋاقىتنى بىر نەچچە بۆلەككە بۆلۈپ، ھەربىر بۆلەكتە بىر مەشھۇر قەلەم ئىگىسىنىڭ ئەڭ نادىر دەپ قارالغان ئەسەرلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇشقا تەشكىللەيدىكەن. ئاندىن بۇ قەلەم ئىگىسىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتى، ئەسەرلىرى، ئۇسلۇبى ھەققىدە مۇنازىرىگە ئۇيۇشتۇرۇپ، مەلۇم بىر پارچە ئەسىرىگە تەقلىد قىلىپ ئەسەر يېزىشقا تەشكىللەيدىكەن. بۇ تاماملانغاندىن كېيىن يەنە بىرىگە ئۆتىدىكەن.

چىن گەپنى قىلغاندا، قايسى بىر قەلەم ئىگىسى ئۆزى ئۇلۇغلايدىغان يەنە بىر قەلەم ئۇسلۇبى ياكى مەلۇم ئەسىرىنىڭ ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتىگە ياكى ھېچبولمىغاندا مەلۇم بىرەر پارچە ئەسىرىنى يېزىشىغا تەسىر قىلمىغان دەپ ئېيتالايدۇ؟ نەۋائىي، گيوتى، پۇشكىن، لۇشۈن ... قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە قەلەم ئىگىلىرىمۇ، بەزى مەشھۇر ئەسەرلەرنى يېزىشتا باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئىجادىي ھالدا تەقلىد قىلغانلىقىغا ئائىت تارىخىي مەلۇماتلارنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى يازمىلىرىنى بۇ يەردە پاكىت كەلتۈرمىسەكمۇ بولار.

## ئۆرنەك ۋە مەشىقلەر ( 3 )

تۆۋەندىكى ئەسەرلەرنىڭ پىكىر قۇرۇلمىسىغا تەقلىد قىلىپ مەز-
مۇنى ئىجادىي ئاساستا مەشىق ئەسەر يېزىپ كۆرۈڭ . يازماقچى بولغان
ئەسىرىڭىزنىڭ مەزمۇنى چوقۇم ئىجادىي بولسۇن ، ئۆزىڭىز بىلىدىغان
ئىشلار ، چىن ھېسسىياتىڭىز ئاساسىدا يېزىلسۇن .

### قۇياش ، ئاي ۋە مەن

( لىرىك نەسىر )

ئابدۇللا ئېلى ئارمانى

سېھرىي نۇرلىرى زېمىننى يورۇتۇپ تۇرغان قۇياش ، يۇلتۇزلار
گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ تۇرغان ئاي - مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان
ئىككى نەرسەمدۇر .

ھەر قېتىم ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى يېشىل چۆپلۈكتە قۇياش نۇر-
لىرىنىڭ جىلۋىسىنى كۆرگەندە ، ئۇپۇقتا تۇتاشقان رەڭدار جىبەكلەردە
يېلىنجاۋاتقان ھارارەتلەرگە نەزەر سالغىنىمدا ، كېچە قوينىنى سۈتتەك
يورۇتۇپ تۇرغان تولۇن ئاي ئىللىق نۇرلىرى بىلەن تەبىئەت چاچلىرىنى
سىيلاشلىرىدىن چەكسىز سۆيۈنۈش ھېس قىلغىنىمدا ساقاللىرى ئاقار-
غان ، بەللىرى مۈكچەيگەن دادام ۋە كۆزلىرى خىرەلىشىپ ، يۈزلىرىنى
قورۇق قاپلىغان مېھرىبان ئانام خىيال ئېكرانىمدا جۇلالىنىدۇ .

قۇياشتىكى يۈكسەكلىك ، ئايدىكى نەپىسلىك خىيالىمنى دادام ،
ئانامنىڭ قانلىرى تەپچىپ تۇرغان ، ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان قىران
چاغلىرىغا باشلايدۇ ، تامچە سۇدىكى قۇياش ئەكسى جاپاكەش دادامنىڭ

يارقىن سىماسى سۈپىتىدە مېنى پارلاقلىققا ئۈندىسە ، كېچىدىكى تىمتاس نۇرلار كۆيۈمچان ئانامنىڭ بىپايان مېھرىدەك قەلبىمنى پاكلايدۇ .

ھېلىمۇ قۇياش بىلەن ئاي مېنى يورۇتماقتا ، ئىجاد سەيلىسىگە يېتەكلىمەكتە .

## جىگدە مۇھەببىتى

( لىرىك نەسر )

ئابدۇرېھىمجان يۈسۈپ

سەھرادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەچكىمۇ ، يۇرتىمىزنىڭ شور ۋە قۇمساڭغۇ تۇپرىقىدا يىلتىز تارتقان ، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان جىگدە دەرەخلىرى باللىق ئەسلىمىلىرىمدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى .

ئۆسۈملۈكلەر ئىچىدە ھەربىر ئادەمنىڭ مېھرى مەلۇم بىر خىل دەرەخكە چۈشۈپ قالامدۇ ، ئەيتاۋۇر ساۋاقداشلىرىمنىڭ بەزىلىرى شىمالنىڭ قىش - ياز كۆكىرىپ تۇرىدىغان قارىغايلىرىنى ياخشى كۆرىمەن دېسە ، بەزىلىرى ئالما ، ئانار دېگەندەك مەلۇم بىر مېۋە دەرىخىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى ،ھەتتا بەزىلىرى كۆرۈپ ، تۇتۇپمۇ باقمىغان چەت ئەلنىڭ نامەلۇم بىر دەرىخىنى تىلغا ئالدىيۇ ، مېنىڭ جىگدە دەرىخىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى .

جىگدە دەرىخى مەن ئەڭ سۆيىدىغان ، ئەڭ چۈشىنىدىغان دەرەخ . ئۇ شىمالنىڭ قارىغايلىرىدەك يىل بويى ياشىرىپ تۇرمايدۇ . سۇۋادان تېرەكتەك قامەتلىكمۇ ئەمەس ، ئالما - ئانارلاردەك يوغان - يوغان مېۋىسىمۇ يوق . ئۇنى ياكى ئاۋات شەھەر ، باغچىلارغا تىكىشكىمۇ بولمايدۇ .

ئەمما ، مەن ئۇنىڭ سۇ - تۇپراق تاللىماي ھەممە يەردە كۆكلەپ ، قەد كۆتۈرىدىغانلىقىنى سۆيىمەن . كىچىك - ئۇششاق مېۋىلىرىنىڭ قۇۋۋەتلىك ، لەززەتلىك تەمىنى سۆيىمەن . مۇبادا باللىقىم بىر بەت ئاق

قەغەز بولغان بولسا، مەن ئۇنىڭغا يوغان قىلىپ دوڭغاق جىگدە دەرەخـ
لىرىنى سىزغان بولاتتىم.
جىگدە دەرەخلىرى مېنىڭ مۆكۈشمەك ئوينايدىغان ئۇۋۇلىرىم
ئىدى. مېنى تاپالماي تىت ـ تىت يۈرگەن دوستلىرىمغا قاراپ، قويۇق
جىگدە يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا كۈلۈپ تاشلايتتى.
كۆپكۆك جىگدىلەرنى يانچۇقلىرىمىز، دوپپىلىرىمىزغا تولدۇرۇپ
ئۆيگە قايتاتتۇق. كۆك جىگدىلەر ئوچاقتا كۆمۈلسە قىزغۇچ رەڭگە كىـ
رىپ پىشاتتى. بىز ئۇنى مەززە قىلىپ يېيىشەتتۇق.
جىگدە پىشقان چاغلاردا، ئۇزۇن خادىلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ
جىگدە قاقاتتۇق. قەلەمتىراچلار بىلەن قوۋزاق باسقان غوللىرىدىن يېلىم
كولايتتۇق.
ئانام جىگدە مېۋىسىدىن لەززەتلىك تائاملارنى ئېتىپ بېرەتتى.
دادام راھەتلەنگەن ھالدا: «جىگدە مېۋىسى ماغدۇرسىزلىق ۋە بۆرەك
كېسەللىگە پايدىلىق ... نۇرغۇن يېمەكلىكلەر، دورىلار مۇشۇ مېۋىدىن
ياسىلىۋاتامدۇ؟» دەيتتى.
جىگدە دەرىخى ئالما، نەشپۈتلەر قاتارىدا باغلارغا تىكىلمەيدۇ،
ئەمما ئۇنىڭ تىكەنلىك بىر خىلى ئوغرى ـ يالغانلاردىن مۇھاپىزەت ئۇ-
چۇن شورا ـ چىتلاقلارغا تىكىلىدۇ. ئۇ يەنە يۇرتىمىزدا ئېتىز بېشىدىكى
ئورمان بەلۋاغلىرى، ئېرىق ـ زەيكەشلەردە ئۆستۈرۈلۈپ، يەرنىڭ ئاچـ
چىقى، ھۆللۈكىنى تەڭشەپ، ئېرىلغۇ يەرلەرنى مۇنبەتلەشتۈرىدۇ.
ئۇ يىلتىزى قۇرۇپ يىقىلغان ھالەتتە، ئانىلىرىمىزنىڭ تونۇر ۋە
ئوچاقلىرىدا كۆيىدۇ.
ئېپارخان جىگدىنى «مېۋىسى ئالتۇن، يوپۇرمىقى كۈمۈش» دەپ
سۈپەتلىگەن. مەن جىگدە دەرىخىنى باتۇر، مېھنەتكەش، سەنئەتكار
خەلقىمنى سۆيگەندەك سۆيىمەن ...

# مېنىڭ گۆدەك چاغلىرىم

## ( پېرسوناژ ئوچېركى تىپىدىكى بايان ماقالىسى )

ماھىرە مۆمىن

سىلەرگە دېسەم ، مەن كىچىكىمدە ھازىرقىدىنمۇ سەت ئەكەنمەن . بۇنى ماڭا چوڭ ئاپام بىلەن ئاپام دەپ بەرگەن . چوڭ ئاپام ھازىرمۇ پات ـ پات : « كىچىككىڭدە سەن بەك سەت ئىدىڭ .سەندە قاش ، كىرپىك دېگەن نەرسە يوق ئىدى ، بەئەينى ئاسلاننىڭ ئۆزى ئىدىڭ . ھازىر خېلى رەڭ تۇزەپ قالدىڭ جۇمۇ » دەپ قويىدۇ . چوڭ ئاپامنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بەزىدە كۈلۈپ كېتىمەن ، يەنە بەزىدە بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەيمۇ قالىمەن .

كىچىكىمدە غەلىتە بىر مىجەزىم بار ئىدى ، يېڭى ئاياغ كىيسەملا يەرگە دەسسىگىلى ئۇنىمايتتىم . ئاپام كۆتۈرۈپ يەرگە چۈشۈرۈپ قويسىمۇ ، يەنە ئورۇندۇق ئۈستىگە چىقىۋالاتتىم . ئەگەر تالاغا چىقىش توغرا كەلسە ، ناھايىتى ئاۋايلاپ دەسسەيتتىم . بىراق ، بۇمۇ ئۇزاققا بارمايتتى . بىر ـ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنلا ئايىغىمنىڭ ئۇچى تېشىلىپ كېتەتتى . چۈنكى ، مەن ئىشىك تېپىش ماھىرى ئىدىم .

مېنىڭ بەش يېرىم ياش ۋاقتىلىرىم ئىدى . ئۇ ياز كۈنلىرى بولغاچقا ، مەن كۈندە چېچىمنى ئوبدان ھۆلدەپ تاراپ بوغۇيتتىم ، ئاندىن قىزىل ھېلھەلە ياغلىقنى گۈل قىلىپ چىگىۋالاتتىم . بىر كۈنى بۇرنۇم تۇيۇقسىز قاناپ كەتتى . مەن قاننى كۆرۈپ قورققىنىمدىن يىغلاپ كەتتىم . ئەتىسى بۇرنۇم يەنە قانىدى . مەن يەنە يىغلىدىم . بۇ چاغدا ئاپام : « قىزىل ياغلىقنى كەچكىچە بېشىڭىزغا چىگىۋالسىڭىز ، بۇرنىڭىز يەنە قانايدۇ » دېدى . مەن راست ئوخشايدۇ دەپ قىزىل ياغلىقنى ئېلىۋەتتىم ،

راستتىنلا ئەتىسىدىن باشلاپ بۇرنۇم قانىمىدى . شۇ چاغدا ئاپامنىڭ بۇ
گېپىگە قاتتىق ئىشەنگەنىدىم ، هازىر ئويلىسام ، بۇ مېنىڭ گۆدەكلىكىم
ئىكەن .

مەن باللىقىمنى هەر ۋاقىت سېغىنىمەن . بولۇپمۇ ئەتىگەن ئور-
نۇمدىن تۇرغاندا ، كىچىكىمدە ئاپام ئۇخلىۋېلىڭ دېسە ، ئويۇنغا ئال-
دىراپ ، تاڭ سەهەردە ئويغىنىۋالاتتىم . هازىر ئەتىگىنى مەكتەپكە بېرىڭ
دەپ ئويغاتسا ، كۆزۈمنى بىر ئېچىپ ، بىر يۇمۇپ ئورنۇمدىن ئاران تۇ-
رىمەن .

( يۇقىرىدىكى ماقالە ، نەسىرلەر « تارىم غۇنچىلىرى » ژۇرنىلىدىن ئې-
لىندى . )

## ماڭا رىقابەتچى كېرەك

( بايان قىلىش ئارقىلىق دەلىللەش ئېلىپ بېرىلغان
ئىدىيىۋى ئوبزور تىپىدىكى مۇهاكىمە ماقالىسى )

لوشى

ماڭا دوستمۇ كېرەك ، ئەمما رىقابەتچىمۇ كېرەك . مەن رېئاللىقتىن
ئۆزۈمنى قاچۇرۇشنى ، ئازابلىنىۋېتىپمۇ ئۆزىنى ئەتەي بەخىرامان تۇتىدى-
غان بىكارچىلاردىن بولۇشنى خالىمايمەن . چۈنكى ، سەن رېئاللىقتا يۈز-
لىنىدىكەنسەن ، جاهانكەشتىلەرگە ئوخشاش ئەتراپىڭدىكىلەر بىلەن
بەسلەشمەكتىن باشقا يولۇڭ يوق ، ئۇلۇغ جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان
خىيالپەرەس ناۋادا مەزمۇت دەسسەپ تىك تۇرماقچى بولىدىكەن ، ئۆز
ئەتراپىدىكى هەممە نەرسىگە ، هەممە ئىشقا دىققەت قىلىشى ، رىقابەتلى-
شىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك .

قوشنىمىزنىڭ ئىككى ئوغلى چەت ئەللىك مەبلەغ سالغان مەلۇم
بىر كارخانىغا خىزمەت ئۈچۈن بېرىپ ، بارلىق رىقابەتچىلىرىنى يېڭىپ

چىقىپتۇ . ئەمما ، ئۇيلىمىغان يەردىن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سىناقتا قىيىن بىر مەسىلىگە دۇچ كېلىپتۇ :

— ئاكا - ئۇكا ئىككىڭلاردىن بىرىڭلارنىلا ئالىمىز ، سىلەرچە قانداق قىلساق بولار ؟

— ئۇنداق بولسا ، مەن ئىنىمغا ئۆتۈنۈپ بېرەي ، — دەپتۇ ئاكىسى .

— بولمايدۇ ، — دەپتۇ ئىنىسى ئاكىسىنىڭ پىكرىنى رەت قىلىپ ، — ئىككىمىز بەسلىشىپ كۆرۈپ ، نەتىجىگە قاراپ بىر نېمە دەيلى . ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ ئاكىسىنىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ قويۇپتۇ .

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە شىركەت خوجايىنى چاۋاك چالغانچە ئىچكىرى بۆلۈمدىن چىقىپ كېلىپتۇ ۋە خۇشاللىق بىلەن :

— بىز ئىنى بولغۇچىنى قوبۇل قىلماقچى بولدۇق . چۈنكى ، ئۇ رىقابەتتىن قاچمايدىكەن .

بۇ ئىش ماڭا 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بولۇپ ئۆتكەن بىر تارىخىي ۋەقەنى ئەسلەتتى .

جون كىننېدى بىر دانە قەھرىمانلىق ئوردېنى ۋە يەنە بىر دېڭىز ئارمىيىسى ئوردېنىغا ئېرىشىدۇ . ئۇنىڭ ئاكىسى يوھۇۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يىغلاپ كېتىدۇ . بۇ ھەرگىز ئىنىسىغا بولغان مېھىر - مۇھەببەتتىن ئەمەس ، بەلكى ئۆزىنىڭ شۇ كەمگىچە بىرەرمۇ ئوردېنغا ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىكەن . ئۇ ئىنىسىنىڭ بۇ « نەتىجە » سىدىن ئىلھاملىنىپ ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېڭى بىر جەڭ ۋەزىپىسىنى ئىلتىماس قىلىدۇ . ئۇ بۇ ئارقىلىق ئىنىسىغا ئۆزىنىڭمۇ بىر ئەزىمەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغانىكەن . ئەمما ، بۇ قەھرىمان جەڭگە ئاتلانغانچە قايتىپ كېلەلمەيدۇ . ئۇلار ئاكا - ئۇكا جەمئىي ئۈچ ئوغۇل بولۇپ ، كىچىككىدىنلا ئاتىسىنىڭ رىقابەت ئېڭى بىلەن تەربىيىلىشىدە ئۆسۈپ يېتىلگەچكە ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئەتراپىدىكىلەر بىلەن رىقابەتلەشكەندىلا ئۆزۈپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقانىكەن .

دەرۋەقە « تەقدىر - قىسمەت » دەيدىغان بىر نەرسە بولۇپ ،

تەقدىر پېشانىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ، تەلەي دېگەننى ئادەملەر ئۆزلىرى يارىتىدۇ . ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئادەم ھەم باتۇرلۇق بىلەن جەڭ ئېلان قىلالايدىغان ، ھەم باشقىلار ئېلان قىلغان جەڭگە چىقالايدىغان بولۇشى لازىم . بۇ ، ئۇنىڭدا ھەممىنى بېسىپ چۈشۈشكە ئىنتىلىدىغان قىممەتلىك روھ ۋە رىقابەتچىسى بىلەن ئېلىشىپ كۆرۈشكە بەل باغلىيالايدىغان جاسارەت بولۇشى كېرەك دېگەنلىك . چۈنكى ، ئىلگىرىلەشلا ئاداققي مەقسەت ھېسابلىنىدۇ .

دوستلىرىمىز بىزگە نېمە ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرەلىسىمۇ ، رىقابەتچىلىرىمىز بىزلەرگە نېمە ئىشلارنى قىلىشىمىز لازىملىقىنى ئۆگىتىدۇ . شۇڭا ، بەزىلەر « سېنىڭ بىرەر رىقابەتچىڭمۇ بولمىسا ، بۇ بەخت ـ سائادەتنىڭ سېنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى » دەپ توغرا ئېيتقان . ھەقىقىي دېگىزچى مەنزىرە تاماشا قىلىپ ھۇزۇرلانغۇچى ئەمەس ، بەلكى بوران ـ چاپقۇننىڭ مەركىزىدۇر . شۇنىڭغا ئوخشاشلا بىر باتۇر ئەزىمەتنىڭ بارلىق ئادەمنى خۇشال قىلماقچى بولۇشى بىر خىل ئورۇنسىز ئاۋارىچىلىك ، چۈنكى ئۇ مەيلى قايسى تەرەپكە يۈزلەنگەن بولسىمۇ ، دۇنيانىڭ يەنە بىر يېرىمىغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغان بولىدۇ . دۇنياغا ئەتراپىڭدىكىلەرگە خۇشامەتگۈيلۇق قىلغىنىڭدىن كۆرە ، ئۆزۈڭنى قوراللاندۇرۇپ پىششىقلىۋالغىنىڭ ، ئۆزۈڭنى رېئاللىقتىن ئېلىپ قاچقاندىن كۆرە ، كىشىلىك تۇرمۇشقا توغرا يۈزلەنگىنىڭ ، ھاقارەت ـ خورلۇققا باش ئېگىپ تۇرغىنىڭدىن كۆرە ، بېشىڭنى تىك تۇتۇپ ، مەيدەڭنى كېرىپ يۈرگىنىڭ ... تۈزۈك .

( « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىدىن ئېلىندى . )

# تۈنجى ئىش ھەققى

( باللار ھېكايىسى )

مارك ھېگىر ( ئامېرىكا )

ئون تۆت ياش چاغلىرىم ئىدى ، مەن دائىم ئانامغا ياردەملىشىپ پوشىنىك ئەپەندىنىڭ سېتىپ بېرىشى ئۈچۈن ، سېرىق ماي ، تۇخۇم ۋە چۈجىلەرنى ئۇنىڭ دۇكىنىغا ئاپىرىپ بېرەتتىم . ئۇ يەردىن شېكەر ، تۇز ، ئۇن دېگەندەك نەرسىلەرنى ئەكېلەتتۇق . ھەر قېتىم دۇكاندىن قايتار ۋاقتىمىزدا ئانام بىلەن ئىككىمىز ، ئەينەكلىك جازا ئالدىغا بېرىپ ، بىز تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ، ئەمما سېتىۋېلىشقا قۇدرىتىمىز يەتمەيدىغان ئىككى نەرسىگە ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇرۇپ قالاتتۇق .

مەنە يەتتە سوملۇق ئوۋ مىلتىقىدىن بىرنى ئېلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم ، شۇڭا دائىم دۇكاندا مىلتىقنى قولۇمغا ئېلىپ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىگە قاراپ ، نىشانغا ئېلىپ باقاتتىم . مەن مىلتىققا مانا شۇنداق مەستانە بولۇپ ، ئۇنى سىلاپ قاراپ تۇرغان ۋاقتىمدا ، ئاناممۇ ماڭا ئوخشاشلا قىممىتى يەتتە سوملۇق بىر توپلەينى كىيىپ كۆرۈپ ئۇنىڭغا مەسلىكى كەلگەن ھالدا قاراپ تۇراتتى .

ئانام مېنىڭ ئاشۇ ئوۋ مىلتىقنى ئېلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىغانلىقىمنى بىلەتتى . ئانام ماڭا ھېچنېمە دېمىگەن بولسىمۇ ، مەن مىلتىقنىڭ تۇز ، شېكەر ، ئۇنلارغا ئوخشاش سېتىۋالمىسا بولمايدىغان زۆرۈر ئىستېمال بۇيۇمى ئەمەسلىكىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتىم .

شۇ يىلدىكى يازلىق تەتىلدە ، خورناك ئەپەندى مېنى ئۆزىگە ياردەملىشىپ قۇدۇقنىڭ لېيىنى تارتىشىپ بېرىشكە ياللىدى . ئانام مېنىڭ ئۇ يەردە ئىشلەپ تاپىدىغان بۇ تۇنجى ئىش ھەققىمنى قانداق خەجلىمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمنى سوراپ باقمىدى . مەن ئانامنىڭ بۇنى سوراپ قېلىشىدىن تولىمۇ ئەنسىرىدىم . شۇڭا ، تازا باش قاتۇرۇپ ، ھەرخىل باھانە ـ

سەۋەبلەرنى توقۇپ چىقىپ :

— سا دائىم چۈجىلەرنى ئېلىپ قاچىدۇ ، ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ ئالتاغىل مىياۋلايدىغان ئوغرى مۈشۈكمۇ ناھايىتى يامان . شۇڭا ، ئۆيمىزدە بىر ئوۋ مىلتىقى بولمىسا بولمايدىكەن ، — دەپ ئەسكەرتىپ قويدۇم .

مەن خورناك ئەپەندىگە قۇدۇق بېشىدىكى چىغىرىقنى ئايلاندۇرۇپ بەردىم . ھەر قېتىم لىپمۇلىق لاي قاچىلانغان چېلەكنى ئۈستىگە تارتىپ چىقارغان ۋاقتىمدا ، مىلتىق ئېلىشنى ئويلاپ كېتەتتىم . خورناك ئەپەندى قۇدۇقنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ لايىنى چېلەككە ئۇسۇپ ، ئۇنى چىغىرىق ئارغامچىسىغا چىگىپ بېرەتتى . مەن ئۇنى ئۈستىدە تۇرۇپ تارتىۋالاتتىم . ئاندىن لايىنى تۆكۈۋېتەتتىم .

مۇشۇ تەرىقىدە يەتتە كۈن ئىشلىدىم . قوللىرىم قاپىرىپ كەتتى . قولۇمدىكى قاپارتقۇلارنىڭ يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىشىدىن يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كېتەتتىم . شۇنىڭ بىلەن كۆزۈمنى ئېچىپ يېتىپ ، ئۆزۈمنىڭ دالادا چېپىپ ئويناپ يۈرگەنلىكىمنى ، ئۈركۈپ ئۇچقان قۇشلارنىڭ قاناتلىرىدىن ئاجراپ كەتكەن پەيلەرنىڭ يەرگە لەيلەپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى ياكى بولمىسا ئۆزۈمنىڭ بىر تۈپ ياڭاق دەرىخى تۈۋىدە سەيلە قىلىپ يۈرگەنلىكىمنى ، دەرەخ ئۈستىدە بولسا تىيىننىڭ ئۇ شاختىن بۇ شاخقا سەكرەپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم .

مۇشۇنداق ئىشلەپ يەتتە كۈن بولغاندا قۇدۇقتىن سۇ چىقتى . خورناك ئەپەندى ماڭا :

— ئەتە كەلمىسەڭمۇ بولىدۇ ، قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم يالغۇزمۇ قىلالايمەن ، — دېدى . ئاندىن كۈنلۈكۈمگە بىر سومدىن ھېسابلاپ يەتتە سوم ئىش ھەققى بەردى . مەن پۇلنى ئالدىم - دە ، پوشنىك ئەپەندىنىڭ مىلىچ ماللار دۇكىنىغا بېرىپ ھېلىقى ئوۋ مىلتىقىنى سېتىۋالدىم .

مىلتىقنى ئېلىپ دۇكاندىن چىقىپلا ئۇدۇل ئۆيگە چاپتىم . ئىچىمدە ، ئانام بۇ تاپتا دالان ئۆيدە ئولتۇرۇپ مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتۈۋاتقان بولىسىدى ، مېنىڭ بۇ تۇرقۇم ئۇنىڭغا ئامېرىكىنىڭ غەربىنى ئېچىشقا

ماڭغان ئەينى ۋاقىتتىكى چەۋەندازلارنى ئەسلەتسە ئىدى، دەپ ئويلىدىم.

بىراق، ئانامنىڭ دۇكاندا توپلەينى كىيىپ كۆرۈپ باققاندىكى ھېلىقى ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىشى بىلەنلا، ئۆزۈمدىكى بايىقى مەغرۇر شادلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئەگەر ئانام ئاشۇ توپلەينى سېتىۋالالىغان بولسا نېمىدېگەن پەيزى بولاتتى ـ ھە! دەپ ئويلاپ قالدىم.

مەن ھويلىمىزدىكى ئات ـ ئۇلاق ئېغىلىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئانامغا بۇنداق مىلتىق ئاسقان ھالەتتە كۆرۈنسەم بولماس دەپ ئويلاپ، توختاپ قالدىم ۋە شۇئان ئېغىل ئىشىكىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئويلىنىشقا باشلىدىم. ئاخىر مىلتىقنى ئېغىلدىكى قۇرۇق ئوت ـ چۆپ دۆۋىسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئانام قاچان ئاياغ سېتىۋالغاندا ئاندىن مىلتىقنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمەكچى بولدۇم. ئۇ چاغدا ئانام بىلەن ئىككىمىز تەڭ خۇشال بولىمىز ـ دە!

ئانامغا قۇدۇقنى قېزىپ بولغانلىقىمىزنى ئېيتمىدىم. ئۇمۇ مەندىن ئىشنىڭ تۈگىگەن ـ تۈگىمىگەنلىكىنى سورىمىدى. پەقەت ماڭا:

— ئالىك، ئەتە شەنبە، خورناك ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە ئىشلىگىلى بارغىنىڭدا ئايىغىمنى ۋېنتولىنور ئەپەندىگە يامىتىشقا بېرىپ قوي، ياماپ بولۇشى بىلەنلا ئالغاچ كەل، يەكشەنبە كۈنى كىيىمەن، — دېدى.

مەن يەنىلا ئانامغا ئۇ يەردىكى ئىشنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئېيتمىدىم. ئانامنىڭ ئايىغىنى يامىتىپ كېلەي، لېكىن بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتماسلىقىم كېرەك، ئانام بىر پارچە گېزىتكە ئاياغنى ئوراپ، يېنىدىن بىرسوم يىگىرمە بەش تىيىن پۇلنى ئېلىپ ماڭا بەردى.

ئاياغنى ئېلىپ ۋېنتولىنور ئەپەندىنىڭكىگە باردىم. ئۇ ئاياغقا قاراپ بېشىنى چايقىغىنىچە:

— بۇ ئاياغنىڭ يامىغۇچىلىكى قالماپتۇ. چەمى بەك نېپىزلەپ كېتىپتۇ، مىق قاققىلى بولمىغۇدەك، — دېدى ـ دە، ئاياغنى ماڭا قايتۇرۇپ بەردى. مەن ئاياغنى ئېلىپ دۇكاندىن قايتىپ چىقتىم. ئەمما، ئاياغنى قانداق قىلسام بولار دەپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. بۇ ۋاقىتتا مەن ئاياغقا قاراپ ئانامنىڭ پۇتىنىڭ شەكلىنى كۆرگەندەك بولدۇم. بىر پېيى-

نىڭ باشلىقى يىرتىلىپ كەتكەنىدى . ئانامنىڭ شۇ پاي ئاياغنى كىيگەن پۇتىدا قاداق بارلىقىنى بىلەتتىم . ئاياغنىڭ يۈزىنى گۈللۈكلەردىكى قارامتۇل توپىنىڭ توزاڭلىرى قاپلىغانىدى ، چەمگە چارۋا قىرمىسىدىكى سېغىز لايلارنىڭ چاپلىشىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم . مەن گويا ئانامنىڭ بۇ ئاياغنى كىيىپ خىش پارچىلىرىنى دەسسەپ ماڭغاندىكى « غاچ ـ غۇچ » قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم . مانا مۇشۇ بىر جۈپ ئاياغ ئانامنىڭ پۇتىنى ئاسراپ كەلگەن . ئەگەر مەن بۇ ئاياغنى مۇشۇ پېتىلا ياندۇرۇپ ئاپارسام ئانام سىرتقا چىقسا نېمە كىيىدۇ ؟ مەن ئاياغنى گېزىت بىلەن قايتىدىن ئوراپ ، ئۆيگە قاراپ ماڭدىم . مەن ئەمدى نېمە قىلىشنى ئويلاپ قويغانىدىم . ھويلىمىزدىكى ئېغىلغا كىردىم ـ دە ، ئاياغنى قۇرۇق ئوت ـ چۆپ دۆۋىسىگە يوشۇرۇپ قويۇپ ، ئۇۋ مىلتىقىنى ئالدىم . ئاندىن يۇ- گۇرگەن پېتىم پوشنىك ئەپەندىنىڭ مىلىچ ماللار دۇكىنىغا كەلدىم .

مىلتىقنى كۆتۈرۈپ دۇكانغا كىرىپ كەلگىنىمدە ، پوشنىك ئە- پەندى ئىنتايىن تەئەججۈپلىنىپ :

ـــ مىلتىقنىڭ بىرەر چاتىقى بارمىكەن ، قوزام ؟ ـــ دېدى .

ـــ ياق ئەپەندىم ، ھېچقانداق چاتىقى يوق ، بۇ مىلتىقنى مەن ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتىم، ئەمما ئانامنىڭ ئايىغى يىرتىلىپ جۇلۇغى چىقىپ كەتتى . ۋېنتولىنور ئەپەندى ئۇنى يامغىلى بولمايدۇ دەيدۇ . ئۆ- زىڭىزمۇ بىلىسىز ، ئانامۇ بۇ بىر جۈپ ئاياغنى بىر نەچچە قېتىم كىيىپ كۆرۈپ باققانىدىغۇ ، بۇ مىلتىقنى ئاشۇ ئاياغقا ئالماشتۇرۇپ بەرسىڭىز بولامدۇ ؟

پوشنىك ئەپەندى كۈلۈپ كېتىپ :

ـــ ئەلۋەتتە بولىدۇ ، ـــ دېدى ۋە قولىنى سوزۇپلا ئاياغ كورۇپ- كىسىنى ئالدى . ئۇنىڭدا ئانام بىر نەچچە قېتىم كىيىپ كۆرۈپ باققان ھېلىقى توپلەي بار ئىدى . مەن ، ئۇنىڭ ئاياغ كورۇپكىسىنى دۇكاننىڭ نامى يېزىلغان بولاش قەغەزگە ئوراپ بېرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈ- تۈپ تۇردۇم .

مەن يەنە يۈگۈرگەنچە ئۆيگە كەلدىم ۋە ئۇدۇل ئېغىلغا كىرىپ ،

ئوت ـ چۆپ دۆۋىسىدىن گېزىتقا ئورالغان ھېلىقى يىرتىق ئاياغنى ئالدىم . ئاندىن ئىڭشىكىنىمچە تال ـ سۆگەتلەر ئارىسىغا كىرىپ تۇرۇۋالدىم . ئانام دالان ئۆيدىن ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتكەن چاغدىن پايدىلىنىپ ، سۆگەتلەر ئارىسىدىن چىقتىم ـ دە ، قىزغۇچ قەغەز بولاقنى ئىشىك ئارقىسىغا تىقىپ قويدۇم . ئاندىن ئىشىك ئالدىدىكى پېشايۋاننىڭ ياغىچىغا چىقىپ ئىككى پۇتۇمنى پۇلاڭلىتىپ ئولتۇردۇم . ئانام ئۆيدىن چىققاندا مەن :

ــ ئانا ، ۋېنتولىنور ئەپەندى ئاياغنى يامىغىلى بولمايدۇ ، چەمى نېپىزلەپ مىق قاققۇچىلىقى قالماپتۇ دەيدۇ ، ــ دېدىم ـ دە ، ئاياغنىڭ ۋېنتولىنور ئەپەندى ماڭا كۆرسەتكەن يەرلىرىنى ئانامغا كۆرسەتتىم .

ئانام بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى ، پەقەت قولى بىلەن قۇلىقىنىڭ ئارقىسىدىكى ئەمدى ئاقىرىشقا باشلىغان چاچلىرىنى كەينىگە تاراپ قويدى . مەن ئانامنىڭ چىرايىدا ئۈمىدسىزلىك ئىپادىلىرىنىڭ ئەكس ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، پەقەتلا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدىم ، دەرھال ئىشىك ئارقىسىدىن قىزغۇچ بولاقنى ئېلىپ :

ــ خوراناك ئەپەندى ئىش ھەققىمنى بەرگەنتى ، ــ مەن سەل دۇدۇقلاۋراق سۆزلىدىم ، ــ مەن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ قۇدۇغىنىڭ لېيىنى تارتىشىپ بەرگەن ، مەن يەنە سەن ئالماقچى بولغان ئاياغنى سېتىۋالدىم ...

ــ بىراق ، بۇ سېنىڭ تۇنجى تاپقان پۇلۇڭ تۇرسا ! ... ــ ئانام شۇ گەپنى قىلدىيۇ ، لېكىن ئاغزىغا باشقا گەپ كەلمەي تۇرۇپ قالدى .

شۇ يىلى كۈزدە ، ئوۋ ئوۋلاش مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە ، مەن بىر ئامال قىلىپ ھېلىقى مىلتىقنى سېتىۋالدىم . ئۇ يېڭى ئوۋ مىلتىقىنى ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكى ئۈستىدىكى جازا ئىچىگە قويۇپ قويدۇق . مەن مۈرەمگە يېڭى ئوۋ مىلتىقىنى ئېسىپ ، كەڭ دالا ۋە ئورمانلارنى كېزىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا مېنى قانچىلىك خۇشال بولمىدى دەيسىز ؟!

مەن ھازىرمۇ ، يەتتە سومغا سېتىۋالغان ، ئاللىبۇرۇن كونىراپ كەتكەن ئاشۇ ئوۋ مىلتىقىنى ساقلاپ كەلمەكتىمەن . ئانامۇ مەن ئىشلەپ

تاپقان تۇنجى پۇلغا سېتىۋالغان ھازىر كونىراپ يىرتىلىپ كەتكەن ھې-
لىقى ئاياغنىمۇ ھېلىھەم ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ ئاياغنى ۋېنتولىنور ئەپەندى ئەمدى يامغىلى بولمايدۇ دېگەند-
ە، ئانام ئۇنى تاشلىۋەتمىدى، ئەكسىچە ئۆيدىكى كىيىم - كېچەك ئىش-
كاۋىغا سېلىپ قويدى. ئۇ ماڭا بۇ ئاياغنى نېمە ئۈچۈن ساقلاپ قويغانلى-
قىنى ئەسلا ئېيتمىدى. مەنمۇ ئۇنىڭدىن سوراپ باقمىدىم. ماڭا پەقەت
ئۇنىڭ بۇ بىر جۈپ ئاياغنى ساقلاپ قويغانلىقىنىلا بىلىش كۇپايە، ئۇ-
نىڭ يەنە نېمە ئۈچۈنلىكىنى سوراش ھاجەتسىز ئىدى.

(«دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.)

يۇقىرىدىكى مەشىق ئۇسۇللىرىدىن باشقا يەنە قىسقارتىپ يېزىش،
كېڭەيتىپ يېزىش، كۆرگەن، ئاڭلىغان ماقالە - ئەسەر، ھېكايە - چۆ-
چەك، كىنو تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ مەزمۇنىنى قايتا يېزىش، قىسقا
پارچىلارنى يېزىش... قاتارلىق مەشىق ئۇسۇللىرىمۇ بار.

قوشۇمچە

# ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئىمتىھان سوئاللىرىدىكى ماقالە ـ نەسر يېزىش تېمىلىرى ۋە تەلەپلەر

( 1978 ـ يىلدىن 1999 ـ يىلغىچە )

1978 ـ يىل

**سۈرئەت مەسلىسى ــ سىياسىي مەسلە**

**( مىللىي ، خەنزۇچە ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن بىردەك ئىشلىتىلگەن )**

تەلەپ : 1 ) بېرىلگەن ماقالىنى قىسقارتىپ يېزىش ، ماقالىنىڭ خاراكتېرى مۇھاكىمە ماقالىسى بولىدۇ .

2 ) ماتېرىيال ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ توغرا بولغان سۈرئەت ۋە سىياسىنىڭ سۈرئەتكە كۆرسىتىدىغان ئىجابىي تەسىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم .

3 ) ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا بولۇشى ، مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلۈشى كېرەك .

1979 ـ يىل

## گۈزەل ئورمانلىق

( لىرىك نەسىر )

تەلەپ : 1 ) بۇ تەبىئەت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش ئاساس قىلىنغان لىرىك نەسىر بولغاچقا ، لىرىك نەسىرگە خاس ئالاھىدىلىك گەۋدىلىنىشى لازىم .

2 ) مەركىزىي ئىدىيىنى ئېنىق ، بەدىئىيلىكى يۇقىرى ، ئابزاسلىرى مۇۋاپىق بولۇشى ، ئومۇمىي مەزمۇندا بىر پۈتۈنلۈكنى ساقلىشى لازىم .

3 ) جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى راۋان ، ئىملاسى توغرا بولۇش لازىم . تىنىش بەلگىلىرىنى ئۆز جايىغا قويۇش لازىم .

1980 ـ يىل

## يامغۇردىن كېيىن

( لىرىك نەسىر )

تەبىئەت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش ئاساس قىلىندۇ .

تەلەپ : 1 ) مەركىزىي ئىدىيىسى توغرا ، ئېنىق ، بەدىئىيلىكى يۇقىرى ، ئابزاسلارغا بۆلۈنۈشى مۇۋاپىق بولۇشى ، ئومۇمىي مەزمۇندا بىر پۈتۈنلۈك بولۇشى لازىم .

2 ) جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى راۋان ، ئىملاسى توغرا ، خەت چىرايلىق بولۇشى ، تىنىش بەلگىلىرى ئۆز جايىغا مۇۋاپىق قويۇلۇشى كېرەك .

1981 ـ يىل

« قۇياش ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەندە » دېگەن ماۋزۇدا تەبىئەت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش ئاساس قىلىنغان بىر لىرىكىلىق نەسر يېزىڭ.
تەلەپ 1 ) ماقالىدە كۈن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن چاغدىكى تەبىئەت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش ئاساس قىلىنىشى، لىرىكىلىق ھېسسىيات كۈچلۈك، مەزمۇن ئېنىق، باش تېما گەۋدىلىك ئىپادىلىنىشى لازىم.
2 ) ماقالىنىڭ قۇرۇلۇشى پۇختا، بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈشى مۇۋاپىق، باش ـ ئاخىرى ماسلاشقان، ھەجىمى ئىخچام بولۇشى لازىم.

1982 ـ يىل

تۆۋەندىكى شېئىرنى بىر پارچە نەسرگە ئايلاندۇرۇڭ.
تەلەپ : 1 ) ماقالە 1 ـ شەخس تىلى ( « مەن » ) بىلەن يېزىلسۇن.
2 ) ئالدى بىلەن كىتابخانىنىڭ كۆرۈنۈشى، كىتابخانىغا كىرگەن بوۋاينىڭ سىرتقى قىياپىتىنى مۇۋاپىق تەسۋىرلەپ، ئاندىن شۇ مەزمۇننى بايان شەكلىدە يېزىڭ، يېزىش جەريانىدا شېئىردىكى ئاساسىي ئىدىيىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا، كومپوزىتسىيىنى ئۆزگەرتىشكە، ۋەقەلىكنى مۇۋاپىق ھالدا تولۇقلاپ كېڭەيتىشكە بولىدۇ.

## كىتابخانا ئىچىدە

كىرىپ كەلدى بىر بوۋاي كىتابخانىغا،
كەپ توختىدى بىردىنلا پۇكەي يېنىغا.
دېدى كىتاب ساتقۇچىغا مۇراجىئەت قىلىپ :
ــ شېئىر توپلام، ھېكايە كىتاب كېرەكتى ماڭا.
ساتقۇچىمۇ ئەجەبلەندى، تۇرمىدى ئويلاپ.
ھايالسىزلا ئېلىپ بەردى ئىككى كىتابنى.
كۈلدى بوۋاي جىلۋە قىلىپ خۇش تەبەسسۇم،

قىزىقىپ بىردىن بۇ بوۋايغا سورىدىم مەن :
ـــ سالام بوۋا ! كىتابلارنى ئوقۇيالامسىز ؟
ـــ ياق ، ئوغلۇم ، ئۆتمۈشتىن مەن قالغان ساۋاتسىز ،
بىر بالام بار ، ئوقۇشتا ئەلا ، باھاسىز .
ئوقۇپ بېرەر ئېرىنمەي ماڭا شۇ بالام ،
زېھنىم بىلەن ئاڭلايمەن ، تاپىمەن دەرمان .
دەپ يېنىشلاپ كۈلدى ـ دە ، خوشلاشتى بوۋاي
شۇ كۈلكىدىن تىزدىم مىسرا ئېلىپ ئىلھام .

1983 ـ يىل

تۆۋەندىكى ماۋزۇ ئاستىدا بىر پارچە نەسرىي ( ئىپىك ياكى لىرىك ) ماقالە يېزىڭ .

## مېنىڭ ئانام

ماقالىنىڭ شەرتى ۋە تەلىپى :

1 ) ماقالە ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنى نۇقتىلىق ئىپادىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ . ئالدى بىلەن ئانىنىڭ پورتېرتى ( تاشقى كۆرۈنۈشى ) ، پىسخىكىلىق ھالىتى ( مىجەز ـ خۇلقى ) ، كىشىلەرگە بولغان مۇئامىلىسى ... تەپسىلىي ، ئىنچىكە تەسۋىرلىنىش لازىم . ئاندىن ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ھېسسىياتلىق ، ئوبرازلىق يېزىلىشى لازىم . ماقالە يېزىش جەريانىدا بايان ، تەسۋىر ، دىئالوگ ، لىرىكا ، مۇھاكىملەردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ .

2 ) كۆرسىتىلگەن ماۋزۇدىن باشقا ماۋزۇدا ئەسەر يېزىپ بېرىلسە نومۇر بېرىلمەيدۇ .

1984 ـ يىل

« شام » دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە لىرىك ياكى ئېپىك نەسرىي ماقالە يې-
زىڭ .

تەلەپ : 1 ) شامنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى رولى ۋە ئۆزىڭىزنىڭ قاراڭغۇدا شامنى ياندۇرۇپ ، ئۇنىڭ يورۇقىدا مۇزاكىرە قىلىۋاتقان ئەھۋالنى ئىنچىكە بايان قىلىڭ . شامنىڭ يېنىپ تۈگىگەندىن كېيىن ئۆ-زىڭىزنىڭ قەلبىدە پەيدا بولغان كۈچلۈك ھېسسىياتنى مول تەسەۋۋۇر بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ، ئېنىق كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ .

2 ) ماقالىدە ئەسەرلەردىكى ھەر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ( با-يان ، لىرىكا ، تەسۋىر ، مۇھاكىمە ... ) دىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ .

3 ) ماقالىنىڭ قۇرۇلۇشى پۇختا ، ئابزاس بۆلەكلىرى ئېنىق ، سۆز ـ جۈملىلىرى راۋان ، باش ـ ئاخىر ماسلاشقان بولۇشى ئىستىلىس-تىكىلىق ۋاستىلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىلغان بولۇشى لازىم .

4 ) ئەگەر شېئىر ، سەھنە ئەسەرلىرى يېزىلسا بىردەك قوبۇل قى-لىنمايدۇ .

1985 ـ يىل

بېرىلگەن ماۋزۇدا تۆۋەندىكى سۆز ۋە جۈملىلەرنى كىرىشتۈرۈپ بىر پارچە لىرىك نەسىر يېزىڭ .

يامغۇر ياپراقلارغا كۆمۈش ئۈنچىلەرنى تاقىدى ؛ دەريا ، قىيا ، تا-ش ، كۆرۈنۈشتە بەك كىچىك ، بىراق ، موھتاج ، بىلىم « ئا » ۋە « ب » نى ئۆگىنىشتىن باشلىنىدۇ ، ھەسەن ـ ھۈسەن .

## بىر تامچە سۇ

1986 ـ يىل

« بىخ » دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ماقالە يېزىڭ .

تەلەپ : 1 ) ماقالىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ئېنىق ، بەدىئىيلىكى يۇقىرى ، تىلى راۋان ، چۈشىنىشلىك بولۇشى ، سۆزلەر توغرا ئىشلىتى-

لىشى لازىم .
2 ) سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ ئىملاسى توغرا بولۇشى ، تىنىش بەلگىلىرى دەل جايىغا قويۇلۇشى كېرەك .
1987 ـ يىل

تۆۋەندە بېرىلگەن ماۋزۇ بويىچە بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسىنى يېزىڭ .

## بىلىم كۈچ

تەلەپ : 1 ) ماقالىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ئېنىق ، بەدىئىيلىكى يۇقىرى ، تىلى راۋان ، چۈشىنىشلىك بولۇشى ، سۆزلەر توغرا ئىشلىتىلىشى لازىم .
2 ) سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ ئىملاسى توغرا بولۇشى ، تىنىش بەلگىلىرى دەل جايىغا ئىشلىتىلىشى لازىم .
1988 ـ يىل

ماۋزۇسىنى ئۆزىڭىز قويۇپ ، ئۆزىڭىز كۆرگەن ، قاتناشقان چوڭراق بىر پائالىيەت ھەققىدە خەۋەر ماقالىسى ( بايان خاراكتېرىدىكى ماقالە ) يېزىڭ . بايان قىلىنىۋاتقان پائالىيەتنىڭ جەريانى تەپسىلىي ۋە قىزىقارلىق بولسۇن . بايان ئامىللىرىنىڭ تولۇق ئىپادىلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىڭ . ماقالە كەم بولغاندا بىر بەت بولۇشى ، جۈملىلىرى راۋان ، ئىملاسى توغرا ، خەتلىرى چىرايلىق بولۇشى كېرەك .
1989 ـ يىل

« سان ۋە سۈپەت ئۆزگىرىشىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە » دېگەن تېمىدا بىر پارچە ئىلمىي مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىڭ .
تەلەپ : 1 ) ماقالىدە شەيئىلەردىكى سان بىلەن سۈپەت ئۆزگىـ

رىشىنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتى ئىلمىي يۇسۇندا مۇھاكىمە قىلىنىپ ، تۇرمۇش دېتاللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى ، پىكىر مەنتىقىلىقتا ئىگە قىلىنىشى لازىم .

2 ) ماقالىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى مۇھاكىمىچانلىقتا ئىگە بولۇشى ، دەلىللى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم .

3 ) ماقالىنىڭ تىلى راۋان ، ئىملاسى توغرا ، خېتى چىرايلىق بولۇشى كېرەك .

1990 ـ يىل

« ئەمگەك شەرەپلىك » دېگەن تېمىدا بىر پارچە لىرىك نەسىر يېزىڭ .

تەلەپ : 1 ) نەسىرنىڭ مەزمۇنى ئېنىق ، قۇرۇلمىسى ئىخچام ، بولۇشى كېرەك .

2 ) تىلى گۈزەل ھەم ئوبرازلىق بولۇشى ، لىرىكا ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك . ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش ، ماقالىنىڭ تەسىرلىك چىقىشى تەلەپ قىلىنىدۇ .

3) ماقالە چۈشىنىشلىك ، ئىملاسى توغرا ، تىنىش بەلگىلىرى جايىدا قويۇلۇشى ھەم خېتى رەتلىك ، ھەم كۆركەم بولۇشى كېرەك .

1991 ـ يىل

بەزى كىشىلەر « قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقىدۇ » دېگەن كۆز قاراشنى توغرا دەپ قارايدۇ ، لېكىن بەزىلەر « بۇ كۆز قاراش بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە » دەپ قارايدۇ . سىز مۇشۇ ئىككى كۆز قاراشنىڭ خالىغان بىرىنى توغرا دەپ ئېلىپ ، مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىڭ .

تەلەپ : 1 ) ماقالىنىڭ كۆز قارىشى ( نۇقتىئىنەزىرى ) ئېنىق قويۇلۇپ ، بەلگىلىك دەلىل ( پاكىت ) لەر بىلەن ئىسپاتلانغان بولۇشى كېرەك .

2 ) تىلى بىرقەدەر مۇكەممەل ، جۈملىلىرى راۋان بولۇشى كېرەك .

3 ) ئابزاسلارغا بۆلۈنۈشى ئېنىق ۋە رەتلىك بولۇشى ، شۇنىڭدەك ماقالە ھەجىمى بىر بەتتىن كەم بولماسلىقى كېرەك .

1992 ـ يىل

## ئەخلاق ئادەم زىننىتى

( مۇھاكىمە ماقالىسى )

ماقالە يېزىشقا قويۇلىدىغان تەلەپلەر :

1 ) ماقالە يېزىشتىن ئاۋۋال بېرىلگەن ماقالىگە قاراپ ، قانداق ژانىردىكى ماقالە يېزىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىش بىلەن بىللە ، قويۇلغان تەلەپ ،ۋاقىت ، ماقالىنىڭ ھەجىمى قاتارلىقلارنى بەلگىلىۋېلىش لازىم .

2 ) ماقالىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېمىغا دائىر ماقال ـ تەمسىللەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ، باش ـ ئاخىرىنىڭ ماسلىشىشىغا دىققەت قىلىش لازىم .

3 ) ماقالە تېمىدىن يىراقلاپ كەتمەسلىكى ، ماۋزۇدىن ئايرىلىپ قالماسلىقى لازىم .

4 ) ماقالىنىڭ ھەجىمى بىر ۋاراق ( ئىككى بەت ) تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى ، كەم بولماسلىقى ، خېتى چىرايلىق ، ئىملاسى توغرا ۋە ئۆچۈرۈلمەسلىكى لازىم .

1993 ـ يىل

باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مېۋىلىك باغلارنى ئارىلاپ ، تۆكۈلۈۋاتقان چېچەك بەرگىلىرىگە قاراپ :

— ئەي چېچەكلەر ، نېمىشقا بۇنچە ئالدىراپ تۆكۈلدىڭلار ؟ — دەپ سورىدىم .

چېچەكلەر ماڭا :

— شېرىن مېۋىلەرنى يېگەن چېغىڭدا بۇ سوئالىڭغا جاۋاب تاپىسەن ، — دەپ جاۋاب بەردى .

كۆز كەلگەندە مېڭىگە تولغان باغلارنى كۆرۈپ ، چېچەكلەرنىڭ قىسقا ، لېكىن مەنىلىك ھاياتىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم .

يۇقىرىدىكى ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ بىر پارچە لىرىك نەسر يېزىڭ .

تەلەپ : 1 ) ماقالە ماۋزۇسىنى مەزمۇنىغا ماس قىلىپ ئۆزىڭىز قويۇڭ .

2 ) مەنزىرىنىڭ گۈزەل تەسۋىرىنى ، لىرىك ھېسسىياتىنى كۆر- كەم سۆز - جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەڭ .

3 ) ماقالىڭىزدە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر مەزمۇن بولسۇن .

4 ) ماقالە ھەجمىنىڭ مۇۋاپىق ، جۈملىلەرنىڭ راۋان ، سۆزلىرى- نىڭ توغرا ، خەتلىرىنىڭ چىرايلىق بولۇشىغا دىققەت قىلىڭ .

1994 – يىل

## ۋاقىت — ھايات

( مۇھاكىمە ماقالىسى )

تەلەپ : 1 ) مۇھاكىمە نۇقتىسى ، مۇھاكىمە ئاساسى ۋە دەلىللەش تولۇق بولۇش ، نۇقتىئىنەزەر توغرا ، روشەن ، ۋاقىت بىلەن ھاياتنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى ئىلمىي يۇسۇندا مۇلاھىزە قىلىنىپ ئىسپاتلانغان بولۇش .

2 ) پىكىر مەنتىقلىككە ئىگە بولۇش ، تىلى جانلىق ، راۋان ، چۈشىنىشلىك بولۇش ، مۇۋاپىق ماقال - تەمسىل ياكى ئەقلىيە سۆزلەر قوللىنىلغان بولۇش .

3 ) ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇكەممەل ، ئابزاسلارغا بۆلۈنۈشى ئې- نىق ، باش - ئاخىرى ماسلاشقان بولۇش .

4 ) ئىملاسى توغرا ، چىرايلىق بولۇش ، ھەجمى ئىككى بەت ئەتراپىدا بولۇش لازىم .

1995 – يىل

# ئۇ ۋە كىتاب

( بايان ماقالىسى )

تەلەپ : 1 ) بالىلىق چېغىدىنىلا كىتاب ئوقۇشقا خۇشتار بولغان يا كىتابتىن ھۈنەر ـ بىلىم ئۆگەنگەن ، ياكى كىتابنى قەدىرلەپ ئاسرىغان بىر ئادەمنىڭ ئۆلگىلىك ئىش ئىزلىرىنى بايان قىلىڭ .

2 ) ماقالىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىڭىزنىڭ تەسىراتى ۋە ئىرادىڭىزنى قىسقىچە يېزىشىڭىز لازىم .

3 ) ماقالىنىڭ ھەجمى يېرىم بەتتىن كەم بولمىسۇن .

4 ) ماقالىدە ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى ۋە يەرنىڭ نامىنى يېزىشقا قەتئىي بولمايدۇ . « ئۇ » ياكى « ×× » دەپلا يازسىڭىز بولىدۇ . خىلاپلىق قىلىنسا نومۇر بېرىلمەيدۇ .

2 ـ مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىڭ .

« قۇشلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بەرگەن باھاسى » نى ئوقۇپ ، ئۇنىڭدىن بىر ياكى بىر نەچچىنى تاللىۋېلىپ ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىڭ .

قۇشقاچ دەپتۇ : سوغۇقتىن قورقۇپ قارلىغاچ ، راھەت ئىزدەپ يۈرىدۇ ؛ قارلىغاچ دەپتۇ : ياسانچۇق توز ماختىنىپ ، قۇيرۇق يېيىپ تۇرىدۇ ؛ توز دەپتۇ : ماكان تۇتماي بۆدۈنە ۋىتىلداق دەر ، ئۆتەر ياز ، بۆدۈنە دەپتۇ : خۇشامەتچى سېغىزخان ، شەخسىيەتچى جاھانساز ، سېغىزخان دەپتۇ : شۇنىچە ئېگىز ئۇچسىمۇ پاقا ئالالماس سار ئىكەن ، سار دەپتۇ . تۇتامى يوق قۇشقاچنىڭ قىلغان سۆزى جا ئىكەن .

تەلەپ : 1 ) ماقالە ماۋزۇسىنى ئۆزىڭىز قويۇڭ . قويۇلغان ماۋزۇ مۇھاكىمە تىپىسىدا بولسۇن .

2 ) ماقالىڭىز قۇشلارنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ چۈشەندۈرۈشلا بولۇپ قالمىسۇن .

3 ) ماقالە ھەجمى بىر بەتتىن كەم بولمىسۇن .

1996 ـ يىل

« خاتا كېسىۋەتتىڭلار » دېگەن ھەجۋى رەسىمنى تەپسىلىي كۆ-
زىتىپ ، تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى ئورۇنداڭ .

1 ـ ھەجۋى رەسىمنى چۈشەندۈرۈش

تەلەپ 1 ) رەسىمدە نېمىنى كۆرگەن بولسىڭىز شۇنى تولۇق ، ئەينەن يېزىڭ .

2 ) يازغىنىڭىز ، رەسىم مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىش ياكى ھېكايە قىلىپ بېرىش بولۇپ قالمىسۇن .

3 ) يازغىنىڭىز ئەڭ كۆپ بولغاندا سەككىز جۈملىدىن ئېشىپ كەتمىسۇن .

ھەجۋى رەسىم ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى تەلەپ بويىچە چۈشەندۈ-
رۈلۈش ئۆرنىكى .



« ئالتە بارماق شەكىل تۈزەش ئوپېراتسىيىسى » تېمىسىدا بىر پارچە ھەجۋى رەسىم بار . پۈتكۈل رەسىم يۈزىدە بىر ئوڭ قوللا بار ، بىراق ئاشۇ دائىم ئىشلىتىلىدىغان باش بارماق يوق ، غەيرىي بىر قور-
قۇنچلۇق يارىغا ئايلاندۇرۇلغان . بۇ ۋە ئاشۇ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئار-
تۇقچە ، ئىشلىتىلمەيدىغان ، چىمەلتەك كۈچلۈك سېلىشتۇرما قىلىنغان .

يەنە بىر پارچە ھەجۋى رەسىمدە ، ھازىرلا پۇتىنى كېسىۋەتكەن بىمار كارىۋاتتا ياتقان . ئۇنىڭ سول قولىدا « سول پۇتى كېسىلىدۇ » دېگەن دىئاگنوز كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ . ئوڭ قولى تىت-
رەۋاتقان ، كېسەل بولغان سول پۇتى ئۈستىگە قويۇلغان . دوختۇرغا

قاراپ ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئىڭراۋاتقان ، ئۇنىڭ ساغلام بولغان ئوڭ پۇتى كېسىپ تاشلانغان . ئەپسۇسكى ، ئاۋۇ دوختۇر بىردىنلا كۆرەڭلەگەندەك ، ئۇ بىر تەرەپتىن قولىنى سۈرتسە ، بىر تەرەپتىن ئوپېراتسىيەنىڭ مۇۋەپپەقىيەتتىنى كۆز ـ كۆز قىلماقچى بولغاندەك بىلىنەتتى . بىر تەرەپتە ئوپېراتسىيە دوكلاتى يېزىۋاتقان سېسترا بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەيران قالغانلىقى ئىپادىلىنەتتى . رەسىمنىڭ ئوڭ تەرەپ تۆۋەن بۇرجىكىدە مۇنۇ سۆزلەر بار ئىدى : « خاتا كېسىۋېتىلدى . »

2 ـ ھەجۋى رەسىم ھەققىدە مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىش

تەلەپ : 1 ) رەسىمدە قايسى خىل ئىللەت ھەجۋى قىلىنغانلىقى بۇ خىل ئىللەتنىڭ ئۆگىنىش ، خىزمەتتىكى ئىپادىلىرى ۋە ئۇلاردىن كېلىپ چىققىدىغان ئاقىۋەتلەر ھەققىدىكى كۆز قارىشىڭىزنى رەسىمدىن ئالغان تەسىراتىڭىزغا بىرلەشتۈرۈپ يېزىڭ .

2 ) نۇقتىئىنەزىرىڭىز ئېنىق ، ئاساسىڭىز تولۇق ، ئىسپاتلاش ئۇسۇلىڭىز مۇۋاپىق بولسۇن .

3 ) ماقالىنىڭ ھەجمى بىر يېرىم بەتتىن ( ئوتتۇز جۈملىدىن ) كەم بولمىسۇن . ئىملايىڭىز توغرا ، خېتىڭىز چىرايلىق بولسۇن .

ھەجۋى رەسىمنى كۆرۈپ ئويلىغانلىرىم .

1997 ـ يىل

بېرىلگەن ئۈچ پارچە ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ ، ئىككى خىل يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنداڭ .

ماتېرىيال I ئەنۋەر ئىككى پۇتى پالەچ بولۇپ قالغان ساۋاقدىشى باتۇرنى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 ـ يىللىقىدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىغىچە بولغان ئالتە يىل جەريانىدا ھەر كۈنى ئارىلىقى بىر كىلومېتىردەك كېلىدىغان مەكتەپكە يۈدۈپ ئاپىرىپ ـ ئەكەلدى .

ماتېرىيال II مەلۇم بىر ژۇرنال « سىز ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ قايسى خىل پەزىلىتىنى ياخشى كۆرىسىز ؟ » دېگەن تېمىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان . نەتىجىدە ھەر خىل جاۋابلار ئىچىدە « باشقىلارغا ياردەم

بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان پەزىلىتىنى ياخشى كۆرىمەن » دېگەن جاۋابنىڭ سانى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان .

ماتېرىيال Ⅲ مەلۇم بىر ئورگان بىر قىسىم ياشلار ئارىسىدا « باشقىلارنىڭ ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز ؟ » دېگەن تېمىدا ئىسمىنى يازغۇزماي راي سىناش ئېلىپ بارغان . نەتىجىدە بىرمۇنچە ئادەم : « كۆرمەسكە سېلىپ كېتىپ قالاتتىم » دەپ جاۋاب بەرگەن .

1 ـ « ماتېرىيال I » دىن پايدىلىنىپ ، ساۋاقدىشىنى يۆدۈپ مەكتەپكە كېتىۋاتقان بىر كۆرۈنۈشنى تەسۋىرلەڭ .

تەلەپ : ① پېرسوناژنىڭ ئىدىيىۋى پەزىلىتىنى ۋە « ماتېرىيال I » دە سۆزلەنگەن شارائىتنى چۈشىنىپ ، ئەنۋەرنىڭ ساۋاقدىشىنى يۆدۈپ كېتىۋاتقان كۆررۈنۈشنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ يېزىڭ . قىلغان تەسەۋۋۇرىڭىز ئەقىلغا مۇۋاپىق بولسۇن .

② ئەنۋەرنى نۇقتىلىق هالدا يېزىڭ . قايسىلا شەخس تىلىدا يازسىڭىز بولىۋېرىدۇ .

③ هەرىكەت تەسۋىرىنى نۇقتىلىق هالدا يېزىڭ . باشقا ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلانسىڭىزمۇ بولىدۇ .

④ يازغىنىڭىز يېرىم بەتتىن كەم بولمىسۇن .

⑤ ماتېرىيالدا بېرىلگەن ئادەم ئىسمىدىن باشقا ئادەم ئىسمىنى ۋە ئورۇن ناملىرىنى يېزىشقا بولمايدۇ .

2 ـ « ماتېرىيال Ⅱ » ، « ماتېرىيال Ⅲ » لەردىكى نۇقتىئىنەزەرلەردىن بىرنى تاللاپ ، مۇۋاپىق ماۋزۇ قويۇپ ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ مۇهاكىمە ماقالىسى يېزىڭ .

ئەسكەرتىش : ①« ماتېرىيال Ⅱ » بىلەن « ماتېرىيال Ⅲ » نى بىرلەشتۈرۈپ پىكىر يۈرگۈزۈڭ . « ماتېرىيال I » دىن پايدىلانسىڭىزمۇ بولىدۇ . ② ماقالىنىڭ هەجمى بىر يېرىم بەتتىن كەم بولمىسۇن .

1998 ـ يىل

تـۆۋەندە بېرىلگەن ھەر ئىككى ماقالىدە ئادەم ۋە يەر ئىسمىنى يېزىشقا قەتئىي بولمايدۇ .

1 ـ تولۇقلاپ يېزىڭ .

ئاپـام بىر پاي ئايىغىمنىلا يۇيۇپتۇ . مەن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ، بىر پاي ئايىغىمنىڭ پاك ـ پاكىز يۇيۇلۇپ ، ئاپتاپقا يېيىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم . قارىغاندا ئاپام يەنە بىر پاي ئايىغىمنى يۇماپتۇ .

مەن پاك ـ پاكىزە يۇيۇلغان بىر جۈپ ئايىغىمنى كىيىپ مەكتەپكە مېڭىپ كەتتىم .

تـەلەپ : ① بېرىلگەن باش ۋە ئاخىرقى قىسمىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئوتتۇرىدىكى مەزمۇننى تولۇقلاپ يېزىڭ .

②تولۇقلاپ يازغىنىڭىز بېرىلگەن باش ۋە ئاخىرنى قىسىم بىلەن باغلانغان بولۇشى كېرەك .

③بوش قالغان ئارىلىقنى تولۇق تولدۇرۇپ يېزىڭ .

2 . تۆۋەندە بايان قىلىنغان ماتېرىيالغا ئاساسەن بىر پارچە ماقالە يېزىڭ .

ماتېرىيال : ھازىرقى شارائىتتا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىرادە جەھەتتىكى پەرقى ناھايىتى چوڭ . بەزىلەرنىڭ ئىرادىسى پولاتتەك مۇستەھكەم ، بەزىلەرنىڭ ئىرادىسى ئۇششۇك تەگكەن يوپۇرماقتەك ئاجىز ، سىزنىڭ ئىرادىڭىز قانداق ؟

تۆۋەندە بېرىلگەن ئىككى ماۋزۇدىن ئۆز ئەھۋالىڭىزغا ماس كېلىدىغان بىرىنى تاللاپ ، ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ ئىرادىسى توغرۇلۇق بىر پارچە ماقالە يېزىڭ .

تەلەپ : ①بىر ماۋزۇنى تاللىۋالغاندىن كېيىن تاللىمىغان ماۋزۇنى سىزىپ تاشلاڭ . ھەر ئىككى ماۋزۇنى سىزىپ تاشلاپ ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان باشقا بىر ماۋزۇنى قويۇپ يازسىڭىزمۇ بولىدۇ .

② ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى : بايان ، تەسۋىر ، لىرىكا ، چۈشەندۈرۈشلەردىن بىر ياكى بىر نەچچىسىدىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ .

③ماقالىنى شېئىر ، ھېكايە ، دراما ژانىرلىرى بىلەن يېزىشقا بولمايدۇ .

④ماقالىنىڭ ھەجمى بىر يېرىم بەتتىن كەم بولمىسۇن .

قەيسەرلىك مەن ئىنتىلىدىغان ئىسىل پەزىلەت .

1999 ـ يىل

تۆۋەندە تولۇق يېزىلمىغان خەت ـ چەكنىڭ شەكلى بېرىلدى ، بۇ خەت ـ چەكنى ئوقۇپ :

( 1 ) نومۇر قويۇلغان بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ :

①____________________

②____________________

③____________________

يەرنى كۆتۈرە بەرگۈچى تەرەپ بىلەن يەرنى كۆتۈرە ئالغۇچى تەرەپنىڭ قانۇنىي ھوقۇقلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، مەز ④ __________ تۈزۈلدى .

1 . يېڭى يەر يېزىسىنىڭ غەربىدىكى ئىھاتە ئورمان بىلەن قورشالغان ئون مو تېرىلغۇ يەر ئاقنىياز توختىنىڭ پايدىلىنىشىغا كۆتۈرە بېرىلدى .

2 . پايدىلىنىش مۇددىتى ئوتتۇز يىل بولىدۇ . پەۋقۇلئاددە ئۆزگىرىش بولسا ، ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ .

3 . كۆتۈرە ئالغان بىر مەزگىل ئىچىدە ئاقنىياز توختى تۆلەشكە تېگىشلىك ھەقلەرنى ۋاقتىدا تاپشۇرىدۇ . يېزىلىق ھۆكۈمەت ئاقنىياز توختىنى ھەر خىل دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرى بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولىدۇ .

4 . ئەگەر يېزىلىق ھۆكۈمەت يەرلەرنى بىر تۇتاش تېرىشنى ئورۇنلاشتۇرسا ، ئاقنىياز توختى شەرتسىز قوبۇل قىلىدۇ . بىر تۇتاش تېرىش ئورۇنلاشتۇرمىغاندا ئاقنىياز توختى ئۆز ئېھتىياجى بويىچە زىرائەت تېرىشقا ھوقۇقلۇق .

5 . ئاقىنىياز توختىنىڭ كۆتۈرە ئالغان يەرلەرنى قانۇنلۇق ھالدا ئىشلىتىش ھوقۇقىنى يېزىلىق ھۆكۈمەت قوغدايدۇ . ئاقىنىياز توختىنىڭ كۆتۈرە ئالغان يەرلەرنى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىسىز سېتىشىغا ، تۇرالغۇ جاي ئۈچۈن ئىشلىتىشىگە بولمايدۇ .

مەزكۇر ⑤ ______ ئۈچ نۇسخا بېرىلدى . ئىككى تەرەپ بىر نۇسخىدىن ئالدى . بىر نۇسخىسى يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىگە بېرىلدى .

______⑥

______⑦

______⑧

______⑨

( 2 ) بۇ خەت ــ چەكتە مۇشۇ خىلدىكى خەت ــ چەكلەرنىڭ قا-ئىدە ــ پرىنسىپلىرىغا خىلاپ ھالدا قوللىنىلغان سۆزلەر بار . شۇ سۆز-لەرنى ھەم ئۇلارنىڭ ئورنىغا قويۇشقا تېگىشلىك سۆزلەرنى تۆۋەندىكى بوش ئورۇنغا يېزىڭ .

خاتا قوللانغان سۆزلەر : ______

______

ئورنىغا قويۇشقا تېگىشلىك سۆزلەر : ______

يېزىقچىلىق تەلىپىنى ئورۇنداڭ :

ماتېرىيال : ئادەم ئەزالىرىنى كۆچۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ يۇكسە-لىشىگە ئەگىشىپ ، ئالىملار مېڭىدىكى خاتىرىنى كۆچۈرگىلى بولامدۇ ؟ دېگەن تېمىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان . چەت ئەل گېزىتلىرىنىڭ خەۋە-رىگە قارىغاندا ، ئالىملار ئۈششاق ھايۋانلارنىڭ مېڭىسىدىكى خاتىرىنى كۆچۈرۈش جەھەتتە نەتىجە قازانغان . ئۇلار : « مېڭىگە يېتىپ بارغان ئۈچۈرلار ھەر خىل شەرتلىك بەلگىگە ئايلىنىپ ، مېڭىدىكى بىر خىل خىمىيىۋى ماددىنىڭ ئىچىدە خاتىرە بولۇپ ساقلىنىدۇ . ئەگەر بۇ خىمى-يىۋى ماددىنى باشقا مېڭىگە يۆتكىسە ، ئۇنىڭدىكى خاتىرىمۇ بىللە يۆتكە-

لىدۇ » دەپ قارىماقتا . بىزگە مەلۇمكى ئىنسان مېڭىسىدىكى خاتىرىنى كۆچۈرۈش هايۋان مېڭىسىدىكى خاتىرىنى كۆچۈرۈشكە قارىغاندا پەۋقۇلئاددە مۇرەككەپ بىر ئىش ، بەلكىم بۇ ئىش مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشماس . شۇقداقتىمۇ بەزى ئالىملار بۇ ئىشنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ ، دېگەن كۆز قاراشتا چىڭ تۇرماقتا . مۇبادا بىرەر ئادەمنىڭ مېڭىسىدىكى خاتىرىنى باشقا بىر مېڭىگە كۆچۈرسە قانداق بولۇپ كېتەر ؟ قانداق ئاجايىپ ئىشلار يۈز بېرەر ؟

تەلەپ : « ئەگەر ئادەم مېڭىسىدىكى خاتىرىنى كۆچۈرگىلى بولسا » دېگەن مەزمۇننى چۆرىدىگەن هالدا بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ .

ئەسكەرتىش :

①يېزىش جەريانىدا دادىللىق بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرۈڭ . ماتېرىيالدىكى مەزمۇندىن چەتلەپ كەتمىسىڭىزلا بولىدۇ . قانداق بىر تۇرغۇدا تۇرۇپ يېزىشنى هەمدە قانداق بىر ژانىردا يېزىشنى ئۆزىڭىز تاللاڭ . مەسىلەن ، مۇهاكىمە ، پىكىر بايان قىلىش ، فانتازىيىلىك هېكايە ، نەسىر ... ئومۇمەن شېئىردىن باشقا هەرقانداق ژانىردا يازسىڭىز بولىۋېرىدۇ .

②مۇۋاپىق بىر ماۋزۇنى ئۆزىڭىز قويۇڭ .

③ئەسەرنىڭ هەجمى ئىككى بەتتىن كەم بولمىسۇن .

④خېتىڭىز چىرايلىق ، ئىملايىڭىز توغرا بولسۇن .

| ئالغان نومۇرى | | 1 - دەرىجە | 2 - دەرىجە | 3 - دەرىجە | 4 - دەرىجە |
|---|---|---|---|---|---|
| | مەزمۇنغا | 10 — 13 | 9 — 6 | 5 — 2 | 1 — 0 |
| | | | | | |
| تەكشۈرگۈچى | ئىپادىلەپ بېرىشكە | 19 — 15 | 14 — 10 | 9 — 5 | 4 — 0 |
| | | | | | |
| | خېتىگە | 3 | 2 | 1 | 0 |
| | | | | | |

ISBN 7-228-06025-3

9 787228 060252 >

ISBN 7-228-06025-3/I.2205
(民文)总价:30.00元 单价:15.00元